# دەۋر ۋە بىز

«ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە–2024» ماقالىلەر توپلىمى



ئۇيغۇر پروجېكت فوندى

دەۋر ۋە بىز

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى

## ئۇيغۇر پروجېكت فوندى ھەققىدە

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (ئۇ پ ف) 2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئامېرىكىدا تىزىملىتىلىپ قۇرۇلغان بىر ئاپاۋەتسىز تەشكىلات بولۇپ، ئۇ قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇرلۇقنىڭ باشقا ئېلېمېنتلىرىنى چەت ئەلدە ساقلاپ قېلىش، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى كۈچلەندۈرۈش، ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇمنى دۇنياغا ئاڭلىتىشقا پايدىلىق بولغان ھەر خىل پروجېكتلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىرغىچە قىلغان ۋە داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مۇھىم تۈرلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: «ئۇيغۇرلار» ئايلىق تور ژۇرنىلى ۋە «ئۇيغۇر ئاخبارات مەركىزى»نىڭ ھەپتىلىك ۋىدىيو پروگراممىلىرىنى چىقاردى. ئىنگلىزچە ئاخبارات تور بېتى ۋە قىز - يىگىتلەرنىڭ جورا تېپىشىغا ياردەم قىلىدىغان تور بېتى قاتارلىقلارنى ماڭدۇردى. ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىدىغان ئەپ ياساتتى. 2017 - يىلىدىن بۇرۇن ۋەتەندە مەۋجۇت بولغان بىر قىسىم تور بەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. «شىنجاڭ»دىكى خىتاي كومپارتىيە كاتتىباشلىرى، دوختۇرخانىلار ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك شىركەتلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى توپلاپ، ئىنگلىزچە ۋە خىتايچە ئېلان قىلدى. «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» ۋە «100 يىللىق مارافون» دېگەن كىتابلارنى ئىنگلىزچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ باستۇردى. ئۇيغۇر ئەدلىيە ئارخىپ ئامبىرى بىلەن بىرلىشىپ، چەت ئەلدە ساقلىنىۋاتقان 5000 ئۇيغۇرچە كىتابنى PDF ھۆججىتىگە ئايلاندۇرۇپ، بىر تور كۈتۈپخانىسى قۇرۇپ چىقىش تۈرىگە ئىقتىسادىي ياردەم قىلدى. 1990 - يىللاردا ۋەتەندە نەشر قىلىنغان 60 مىڭ سۆزلۈك «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى تور لۇغىتىگە ئايلاندۇرۇش تۈرى ۋە «مىڭ سائەتلىك ئۇيغۇرچە ئوچۇق ئاۋاز ئامبىرى» تۈرىگە ئىقتىسادىي ياردەم قىلدى. «21 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توختات» دېگەن ئىنگلىزچە كىتابنى ئامازوندا نەشر قىلدۇردى. ئۇنى ۋە «رىم ئەھدىنامىسى» دېگەن كىتابلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلكىتاب شەكلىدە تارقاتتى. «لاگېرلارغا ئائىت 100 ئىسپات» (ئىنگلىزچە)، «مەھبۇس روھلار» (ئۇيغۇرچە، تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە)، «قۇمۇل ئىنقىلابىدىن كوممۇنىست چىن ئىستېلاسىغا قەدەر شەرقىي تۈركىستان»، «مۇز تۇتقان دەريا»، «ئۇيغۇر چاپايوپ كىم»، «ۋەتەنگە ۋىزام يوق»، «دونكىخوت ۋە سانچۇپانزا ئۇيغۇرلار»، «5 - فېۋرال ئارخىپلىرى»، «گۈلبوستان ئانا تىل كىتابلىرى»، «ئۇنتۇلماس مېلودىيەلەر»، «ئېلىپبە»، «ئۇيغۇر بۇلاق»، «بۈگۈننىڭ تارىخى»، «دۇنيانىڭ كىندىكى»، «ئۇيغۇرلۇق دەرسى»، «ئەسما بالىلار كىتابلىرى»، «ئۇيغۇرچە مۇزىكا نوتىلىرى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ نەشر قىلدۇرۇش ۋە باشقا خىراجەتلىرىنى چىقىرىپ بەردى. ئۇيغۇرىيار فوندىنىڭ «ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى مۇكاپات پۇلى»، «سەرخىللار مائارىپى»، ھىرا ئۇيغۇر تىلى مەكتىپى ۋە يەسلىسى ۋە شادلان ئۇيغۇر يەسلىسى قاتارلىقلارغا ئىقتىسادىي ياردەم قىلدى. «ئۇيغۇر سوتى» قاتارلىق ئۇيغۇر سىياسىي دەۋاسىغا ئائىت پروجېكتلەرنىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ كەلدى. نەتىجىدە ھازىر چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا پۇل ئىئانە قىلىش مىللەتكە تۆھپە قوشۇشتىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك تاللاشلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

# دەۋر ۋە بىز

«ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە – 2024» ماقالىلەر توپلىمى

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى

# دەۋر ۋە بىز

«ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە – 2024» ماقالىلەر توپلىمى

**چىقارغۇچى ئورۇن:**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

**ماقالىلەرنى تەكشۈرۈپ باھالىغۇچى ۋە بېكىتكۈچىلەر:**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى بىلەن مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىدىن يەتتە نەپەر زىيالىي

**ئىقتىسادتا ياردەملەشكۈچى ئورۇنلار:**
ئامېرىكا شىمالىي كالىفورنىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر فوندى (شىمالىي كالىفورنىيە، ئامېرىكا)، تەۋەككۈل ئىسكەندەر (گېرمانىيە)

**تەھرىرلەر:**
ئابدۇرېشىت نىياز، پىداكار، تەلئەت قادىر، جۈرئەت نىزامىدىن، روشەن خەمىت، ئۆمەر ئىمىن

**مەسئۇل مۇھەررىر:**
مۇھەممەد ئىبراھىم بىلەن پىداكار

**مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى:**
شەبنەم ھاشىم

**مەسئۇل كوررېكتور ۋە بەتلىگۈچى:**
پىداكار، ئەركىن سىدىق، بەكتۇر

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
2024 - يىلى 9 - ئاي تۇنجى نەشرى

ISBN: 978-1-959397-63-2

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى تارقاتتى
ئېلخەت ئادرېسى: Contact@UyghursFoundation.Org
تور ئادرېسى: UyghursFoundation.Org, www.UyghurInfo.Org

# The Uyghurs and Today

"Twenty Lectures in Istanbul–2024" Article Collection

**Published by**

Uyghur Projects Foundation

**Members of Review/Selection Group:**

Seven People from UPF and Torchlight Uyghur Group

**Financially Helped By:**

Uyghur Cultural Advancement Assoc. (Nor-Cal, USA) and Uyghur Foundation (Nor-Cal, USA), and Tewekkul Iskender (Germany)

**Editors:**

Abdurishit Niyaz, Pidakar, Tel'et Qadir, Jür'et Nizamidin, Roshen Hemit and Ömer Imin

**Chief Editor:**

Mohammed Ibrahim and Pidakar

**Cover Designer:**

Shebnem Hashim

**Book Designers:**

Pidakar, Erkin Sidick, Bektur

**Publisher:**

Taklimakan Uyghur Publishing Company (Türkiye)

**ISBN**: 978-1-959397-63-2

This edition first published 2024

Copyright © 2024 Uyghur Projects Foundation

Website: https://uyghursfoundation.org, https://www.uyghurinfo.org

# بېغىشلىما

بۇ كىتابنى، 1949 - يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلىۋالغان خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتىگە باش ئەگمەي ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ قۇربان بولغان، خىتاي زۇلمى سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلغان، ھەمدە ھازىر ۋەتەننى ۋە مىللەتنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلى، مەدەنىيىتى ۋە كىملىكىنى دىياسپورادا ساقلاپ قېلىش يولىدا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق ۋەتەنداشلارغا بېغىشلايمىز.

**ئۇيغۇر پروجېكت فوندى ۋە مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى**

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە................................................................................................................A

ئامېرىكا دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى، كۆچىيىشى، تەسىرى ۋە قائىدىلىرى................ دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىر 1

ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش.............................سەلىمە ئا. كامال 15

پەرزەنتلەرگە نېمىلەرنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك؟ ..................................... دەريا قىزى گۈلىس 27

مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ مەنتىقلىق يولى ........................................ مەمتىمىن ھەزرەت 33

ئات ئۈستى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ تارىخى، بۈگۈنى ۋە «سارغايدى» توغرىسىدا ............ سەلىمە ئا. كامال 39

نۆۋەتتىكى مۇھىم دەۋا........................................................................................جەۋلان 55

دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش پۇرسەتلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش ......... دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىر 61

تاتلىق تاشمەت كەچۈرمىشلىرىدىن ئۆمەر بەكئالى سەرگۈزەشتلىرىگىچە ........................ ئالماس ھاجى 87

خەلقئارالىق ئالىي كېڭەشنى قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ ....................................... ئالماس ھاجى 93

ئويلاش، تەپەككۇردىكى تەشۋىقات كۈچى ............................................ ماخمۇت توختى ھاجىم 97

خىتايچە ئاپتونومىيە، بىگىتۋەن (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيەسى) ۋە خىتاي سىياسىي كۆچمەنلىرى........................................................ ئۆمەرجان مەخسۇت 105

ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ۋە ئۇنى قوزغىتىش توغرىسىدا مۇلاھىزە....................... مەمەت ئىمىن دوختۇر 115

رەقەملىك ئاكتىۋىزمدا رەقەملىك سۇپىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ...................... مۇھەممەت ئابدۇمجىت 123

بىز نەدە ئىدۇق، نەگە كېلىپ قالدۇق، نېمە قىلىشىمىز كېرەك ........................... مۇھەممەد يۈسۈپ 155

ۋەتەنپەرۋەرلىك – ئادىمىيلىكنىڭ نامايەندىسىدۇر .................................. مۇھەممەد يۈسۈپ 163

ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ناملىق كىتاب ھەققىدە....................... ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن 167

مىللەتنىڭ تەقدىرىدە «ئۇيغۇر» كەلىمىسىنىڭ كۈچى ..................................... گۈلشەن ئابدۇقادىر (سەھەر) 179

تارىخنىڭ ساۋاقلىرى.......................................................................... ئەركىن سىدىق 185

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىش يوللىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى ............... دوكتور گۈلمىرە بەرداش 209

بىيولوگىيە ساھەسىدىكى بىر جۈپ ئالىملار ............................................ سەلىمە ئا. كامال 229

چىڭ سۇلالىسى خان سارىيىدىكى تۇتقۇن – ئىپارخان .................................... سەلىمە ئا. كامال 243

سۆزنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ ئاۋامغا بولغان تەسىرى ................................ ئابدۇرېشىت نىياز 261

خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئوبراز باشقۇرۇشنىڭ رولى ۋە يولى .................................. مەمەتتوختى ئاتاۋۇللا 267

ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى ..... مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى 283

سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە تەتقىقات ...................................... ئىرپان ئىدرىس 293

1990 – 2000 - يىللار مەزگىلىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ رېئال نوپۇسىدىكى ئۆلۈم نىسبەتلىرىنىڭ ھەققىي ئەھۋالى ........................................................................................ دىلشات بارىشچى 307

«كۆچ - كۆچ» فىلىملىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار ........................................................ ئالماس ھاجى 331

ئىلھام توختى ۋە ئۇنىڭ كۈرەش يولى ھەققىدە ............................................................ ئەنۋەر جان 335

نۆۋەتتىكى ئىس - تۈتەكسىز ئۇرۇش: ئۆزەك ئۇرۇشى ............................... ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرېشىت 343

تەبىئەتنىڭ كۈچى – ئەتىر يېغى توغرىسىدا دەسلەپكى تونۇشۇش ............................ گۈلنار مەمتىمىن 353

جەمئىيەتشۇناسلىقتا مېتودنىڭ رولىدىن ئىككى مىسال ........................................ كۇرشات ئوغلى 363

كىيىم - كېچەكنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ............... ئېرپان ئىدرىس 377

ھاياتىم ۋە ئويلىغانلىرىم ......................................................................... ماخمۇت توختى ئەمىن 383

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خاتا ئىشلىتىلىۋاتقان كەلىمىلەر ........................... گۈلشەن ئابدۇقادىر (سەھەر) 393

ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان رەقەملىك ئېزىش ..................................................... قەيسەر سېيىت 407

«بوۋاقلار قەبرىستانلىقى» ۋە «پىلانلىق تۇغۇت» ........................................ جۈرئەت نىزامىدىن 413

مۇھاجىرەتتە ئېلىپ بېرىلغان شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ................ ئابدۇلجېلىل تۇران 419

ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى ........................................................................ رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشغەرىي 423

# مۇقەددىمە

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) دا جازا لاگېرلىرىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» يۈرگۈزۈۋاتقىنىغا سەككىز يىل بولاي دەپ قالدى. بۇ قاباھەتلىك سەككىز يىلدىن بۇيان، خەلقىمىز دۇنيا ئاللىقاچان «قايتا تەكرارلانمايدۇ» دەپ خىتاب قىلغان «يەھۇدىي ئىرقىي قىرغىنچىلىقى»نىڭ دەل ئۆزىنى ۋە بەزى نۇقتىلاردا ئۇنىڭدىنمۇ ۋەھشىي ھالىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى مىليونلاپ لاگېرلارغا سولاپ، بىر تەرەپتىن، يىگىتلىرىمىزنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، قىزلىرىمىزنى كىيىملىرىدىن ئايرىپ ئوپچە باسقۇنچىلىق قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاشۇ يىگىتلەردىن سۇغۇرۇۋېلىنغان ئىچكى ئەزالاردا ياشانغان خىتايلارغا ئورگان كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خورلانغان، دەپسەندە قىلىنغان قىزلىرىمىزنىڭ كىيىملىرىنى ياش خىتاي قىز - يىگىتلىرىگە كىيگۈزۈپ، كوچىلاردا ئۇسسۇلغا سالماقتا.

ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرى، بىر ياقتىن، لاگېرلاردا ئانا تىل ۋە مەدەنىيىتى بىلەن تەڭ يوقىتىلسا؛ يەنە بىر ياقتىن، گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىمىز، ئۇيغۇرغا خاس مۇقام - ئەلنەغمە مەشرەپلىرىمىز خىتايلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ، ئوچۇق - ئاشكارا تالان - تاراج قىلىنىۋاتىدۇ. قانداقتۇر ئۇيغۇر ئۇسسۇل كىيىملىرىنى كىيىشكەن، لەرزان ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى بۇزۇپ ئوينايدىغان خىتاي ئەر - ئايال ئۇسسۇلچىلىرى پەيدا بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرى، ئار - نومۇسى ۋە غۇرۇرىغا چاقچاق قىلىپ ئويناشقا باشلىدى. مەسچىتلەر تاقالدى. روزا تۇتۇش، ئۆيىدىن بىر دانە جايناماز ياكى قۇرئان كەرىم چىقىپ قېلىش قاتارلىق ئىشلار ئۇيغۇرلارنى ئۆلۈمگە باشلاپ بارىدىغان بىر ئىشقا ئايلاندى.

نۆۋەتتە، يۈز تونۇش تېخنىكىسى ۋە باشقا ئىلغار تېخنىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق

ئۇيغۇرلارنى 24 سائەت نازارەت قىلىپ تۇرۇش نورمال ئەھۋالغا ئايلاندى. خىتاي مىللىتىدىن بولغان ئاتالمىش «قوشماق تۇغقانلار» ھەر بىر ئائىلىگە يەرلەشتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي - پىكىر، چۈشەنچىلىرىمۇ نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپ، ئۇيغۇرلار روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆزىگە تەۋە بىر غېرىچمۇ ئەركىنلىك ياكى بوشلۇققا ئىگە بولمىغان غەلىتە ئىنسانلارغا ئايلاندۇرۇلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ناشتىلىقى، چۈشلۈك تامىقى ۋە كەچلىك ئۇيقۇلىرىدىن تارتىپ ھەممە نەرسىسى، ئاشۇ «قوشماق تۇغقان»لىرى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىپ تۇردى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سەرخىل زىيالىيلىرى، باي سودىگەرلىرى، يازغۇچى - قەلەمكەشلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى، ھۆكۈمەت كادىرلىرى تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا تاشلاندى. مەيلى ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ۋە ياكى ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، تارىخنىڭ رەھىمسىز قىزىل چېرىغىغا كېلىپ توختاپ قالدى.

ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار قانچە يىللاپ ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇرۇق - تۇغقان، ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرى بىلەن ئالاقە قىلالمايدىغان، ھەتتا تېلېفونىدىمۇ سۆزلىشەلمەيدىغان ئەھۋالغا مۇپتىلا بولدى. دۇنيا ئاللىقاچان ئىلغار ئىنتېرنېت ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلار دەۋرىگە كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار خۇددى دۇنيانىڭ ئۆگەي بالىسىدەك بۇ خىل ئىلغار تېخنىكىلارنى ئىشلىتەلمەسلىكى سەۋەبىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئىبارەت بىر زالىم دىكتاتور تەرىپىدىن داۋاملىق جازالىنىپ تۇردى. پەقەتلا چەت ئەلدىكى تۇغقانلىرى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى چەكلىگەن ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈنلا تۈرمىلەرگە تاشلانغان ياكى ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى ئېلىش ئىنتايىن قىيىن بىر مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. ئىستاتىستىكىلىق پەرەزلەرگە ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن جازا لاگېرلىرىغا تاشلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 5 - 6 مىليوندىن ئاشقانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

بىز نېمە ئۈچۈن بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ھازىر مۇپتىلا بولدۇق؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى بولسا، خىتاي رەئىسى جاللات شى جىنپىڭنىڭ «بىر يول، بىر بەلباغ» ئىستراتېگىيەسى ياكى چۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

جاللات شى جىنپىڭ دۇنيا مىقياسىدا يولغا قويۇۋاتقان «بىر يول، بىر بەلباغ قۇرۇلۇشى» دۇنيا ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 26 پىرسەنتىنى قاپلايدىغان بولۇپ، دۇنيادىكى 65 دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچ دېڭىز، ئىككى قۇرۇقلۇق يولى، بەش يۆنىلىش بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول، پورت، تۆمۈر يول ۋە ئايرودۇرۇم ئارقىلىق بىۋاستە بېيجىڭغا تۇتىشىدۇ. جاللات شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان «بىر يول، بىر بەلباغ» چۈشى 7.6 مىليارد دۇنيا نوپۇسىنىڭ، 4.5 مىليارد قىسمىنى قاپلايدىغان بولۇپ، جەمئىي 305 مىليارد دوللار خەجلىنىشى پىلانلانماقتا.

60 مىليارد دوللار مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ياسىلىۋاتقان خىتاي - پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى، شىنجاڭدىن باشلىنىپ قەشقەرنى بىۋاستە ھىندى ئوكيانىنىڭ گىرۋىكىدىكى گۋادار پورتىغا تۇتاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، خىتاي ماللىرى بۇ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ھىندى ئوكيانىغا ۋە ھىندى ئوكيان ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىغا

بىمالال يۈتكىلىدۇ. بۇ رايونلار تېررورلۇق ۋەقەلىرى ئەڭ كۆپ يۈز بېرىدىغان، مۇسۇلمان ۋە تۈرك دۆلەتلىرى ئاساسلىق جايلاشقان جۇغراپىيەلىك ئورۇن بولغاندىن باشقا، خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان، شى جىنپىڭ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتقان زامانىۋى يىپەك يولىنىڭ يۈرىكىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ زېمىن خىتايغا مۇستەملىكە قىلىنغان 80 يىلدىن بۇيان، مۇستەقىللىق ئوتلىرى قىلچە ئۆچۈپ قالمىغان بىر دەتالاشتىكى رايوندۇر.

خىتاي مەنبەلىرىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندا 11 مىليون ئۇيغۇر ياشايدۇ. جالالات شى جىنپىڭ «بىر يول، بىر بەلباغ» چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇ يولدا پۈتلىكاشاڭ بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان ۋە ھەرقاچان مۇستەقىللىق روھى يالقۇنجاپ تۇرىدىغان «ئۇيغۇر» دېگەن بىر مىللەتنى بۇ زېمىندىن سۈپۈرۈپ تاشلىشى كېرەك بولماقتا. مانا بۇ، 21 - ئەسىردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا قاباھەتلىك قىسمەتلەرنىڭ كېلىشىدىكى، خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قىرغىنچىلىققا ئۇچرىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر.

خىتاي - قازاقىستان قورغاس قۇرۇقلۇق بازىسى، شى جىنپىڭنىڭ «بىر يول، بىر بەلباغ چۈشى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى، خىتاينى دۇنياغا تۇتاشتۇرىدىغان يەنە بىر گۆھەر يول بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قازاقىستان – خىتاينىڭ رۇسىيەدىن قالسا ئىككىنچى چوڭ مەبلەغ سالغۇچىسى بولۇپ، خىتاي جۇغراپىيەلىك كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئىككىنچى ئۆتكۈشمە كۆۋرۈكىدۇر. قازاقىستان يەنە خىتاينىڭ ئېچىرقاپ كەتكەن ئېنېرگىيە ئېھتىياجىنى قامدايدىغان داشقازاندۇر. خىتاي ۋەتىنىمىزدىكى قورغاس ئېغىزى ئارقىلىق، تۆمۈر يول بىلەن قازاقىستانغا ۋە دۇنياغا ئۆتەلەيدۇ.

بىر قانچە يىل ئاۋۋال، خىتاي قازاقىستاننىڭ كانچىلىق، نېفىت ۋە يېزا ئىگىلىكىگە 30 مىليارد دوللار مەبلەغ سالدى. خىتاي، قورغاس ئېغىزى قۇرۇقلۇق بازىسى ئارقىلىق 50 مىليون توننا مەھسۇلاتنى دۇنياغا توشۇيدۇ. خىتاي، قورغاس قۇرۇقلۇق بازىسىغا 600 مىليون دوللار مەبلەغ سالغان بولغاچقا، بۇ يوللار ئەلۋەتتە خىتاي ئۈچۈن بىخەتەر ۋە پۈتلىكاشاڭسىز بولۇشى كېرەك. بېشىمىزغا كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنە شۇنداق خىتاي ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئىستراتېگىيەلىك بىر تۈگۈننىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى بولغانلىقىمىزدىندۇر.

ئۇندىن باشقا، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئېلىپ بېرىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى شۇكى، بۇ گۆھەر زېمىننىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقىدىن ئىبارەتتۇر. شەرقىي تۈركىستاندىكى نېفىت مىقدارى پۈتۈن خىتاي ئومۇمىي نېفىت مىقدارىنىڭ 30 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي تەبىئىي گاز مىقدارى پۈتۈن خىتاي تەبىئىي گاز مىقدارىنىڭ 34 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈزۈم تالالىق پاختىسى دۇنيا بويىچە داڭلىق بولۇپ، پۈتۈن خىتاي پاختا مەھسۇلاتىنىڭ 87 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىزىل مۇچى، خىتاي قىزىل مۇچ مەھسۇلاتىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىزىلچىسى پۈتۈن خىتاي قىزىلچىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىلانلىرى ۋە مېۋىلىرى دۇنيا بويىچە ئەڭ تاتلىق مېۋىلەر ھېسابلىنىدۇ. تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، قۇمۇلنىڭ قوغۇنى، ئاقسۇنىڭ ئالمىسى، كورلىنىڭ نەشپۈتى، خوتەن ياڭىقى ۋە چوڭ چىلىنى داڭلىقتۇر.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ پەمىدۇر قىيامى پۈتۈن خىتاي ئومۇمىي پەمىدۇر قىيامىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى تۆت پەمىدۇر قىيامىنىڭ بىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ

ھېسابلىنىدۇ. كۆمۈر مەھسۇلاتلىرى پۈتۈن خىتاي ئومۇمىي كۆمۈر مىقدارىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئەلۋەتتە، جالالات شى جىنپىڭ ئۈچۈن بۇنداق گۆھەر زېمىننىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى – ئۇيغۇرلار مەڭگۈ مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك.

ئۇنداقتا، دۇنياغا تەھدىت بولۇۋاتقان ۋە دۇنيانى قورقۇتۇۋاتقان خىتايدىن ئىبارەت بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ ئالدىدا، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇرلار قانداق قىلىشىمىز ۋە نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلارغا «بىز كىم ۋە نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟» دېگەن سوئاللار ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىش سۈپىتى ھازىرلاپ بەردى. قولىڭىزدىكى «دەۋر ۋە بىز» ناملىق بۇ كىتاب، بۇ ھەقتىكى ئويلىنىش ۋە تەپەككۇرلارنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.

«نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟» بىز چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار مىللىتىمىزنىڭ سىياسىي تەقدىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان زىيالىيلار بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بۇ سوئال ئالدىدا ئۆز - ئۆزىمىزنى سوراققا تارتىشىمىز لازىم. پەيلاسوپ سوقرات: «سوراققا تارتىلمىغان ھايات ياشاشقا ئەرزىمەيدۇ» دەيدۇ. بىز «نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟» دېگەن ۋىجدان سورىقى ئالدىدا تېپىرلىماقتىمىز. بىز بىر ئىشلارنى قىلىۋاتقان بولساقمۇ، ئەمما بۇ ئىشلار ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە يەتمەيۋاتىدۇ. بىز دۇنياغا ۋەتىنىمىزدە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»نىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، يەنە «نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟» دېگەن سوئال ئۈستىدە ئويلاشقۇچە بولغان ئارىلىقتا، ھەش - پەش دېگۈچە خىتاينىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» سەككىزىنچى يىلىغا قەدەم قويدى.

بىز بۇ سەككىز يىلدا ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلىدۇق، ئويلىنىش ئىچىدە بىلدۇق، تەجرىبىلەر توپلىدۇق ۋە چۈشەندۇق. بىز نامايىش قىلىپ، بىزنىڭ دۇنياغا تونۇلۇش ئاممىۋى ئاساسىمىزنىڭ پەلەستىنلىكلەرنىڭكىدىن كۆپ ئارقىدا ئىكەنلىكىنى تونۇپ كەتتۇق. مۇسۇلمان دۇنياسى، تۈرك دۇنياسى، ھەمكارلىق ۋە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق، مىللىي مەنپەئەت قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر ئالدىدىكى دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئىچكى يۈزى ۋە ماھىيىتىنى تونۇپ يەتتۇق.

خىتاي دۇنياغا يۈزلەنگەن، «يۇمشاق سىڭىپ كىرىش ئىستراتېگىيەسى» ئارقىلىق دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقىنىغا 40 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولۇپ قالدى. خىتاي بۇ «يۇمشاق سىڭىپ كىرىش ئىستراتېگىيەسى»گە يىلىغا مىليارد دوللارلاپ مەبلەغ سالدى، دوللارنى دۇنيا كوچىلىرىغا پايانداز قىلىپ چاچتى. خىتاينىڭ دۇنياغا «يۇمشاق سىڭىپ كىرىش»تىن ئىبارەت دۇنيانى ئالداش ئىستراتېگىيەسىنىڭ تىپىك ۋەكىل خاراكتېرلىك تۈرلىرىنىڭ بىرى، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە يولغا قويغان كوڭزى ئىنستىتۇتلىرىدۇر. ئۇندىن باشقا، خىتاي يەنە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى ئارقىدا قالغان 3 - دۇنيا دۆلەتلىرىگە بىر تەرەپتىن مەبلەغ سېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن قەرز پۇل تارقىتىش يولى بىلەن سىڭىپ كىرمەكتە ۋە تەسىر كۆرسەتمەكتە. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنيانىڭ خىتاينى ۋە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى چۈشىنىشى ۋە بىلىشىمۇ تەسكە توختىماقتا.

«يۈز يىللىق مارافون: خىتاينىڭ ئامېرىكىنىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشتىكى مەخپىي ئىستراتېگىيەسى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مايكىل پىلىزبېرى (Michael Pillsbury)،

ئامېرىكىنىڭ خىتايىنى چۈشىنىش جەھەتتە خاتالاشقانلىقىنى كىتابىدا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ كىتابىدا ئامېرىكىنىڭ، بىرىنچىدىن، «مۇناسىۋەت – مۇتلەق ھەمكارلىقنى روياپقا چىقىرىدۇ» دەپ قاراپ خاتالاشقانلىقىنى؛ ئىككىنچىدىن، «خىتاي دېموكراتىيەلىشىش يولىدا كېتىۋاتىدۇ» دەپ خاتالاشقانلىقىنى؛ ئۈچىنچىدىن، «خىتاي ئاجىز ئەگەشكۈچى» دەپ قاراپ خاتالاشقانلىقىنى؛ تۆتىنچىدىن، «خىتاي بىزگە ئوخشاش بولماقچى ياكى خىتاي بىزگە ئوخشاش» دەپ قاراپ خاتالاشقانلىقىنى؛ بەشىنچىدىن، «خىتاينىڭ قاتتىق قوللىرىنى ئاجىز» دەپ قاراپ خاتالاشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك خۇلاسىلەرنىڭ ھەممىسى دۇنيانىڭ خىتاينىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى چۈشىنىش جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى چۈشەندۈرۈش جەھەتتە پەلەستىنلىكلەردەك تەلەيلىك ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

ئۆزىنىڭ 20 يىللىق پىسخىكىلىق ئانالىز تەتقىقاتى بىلەن، مەدەنىيەت - كۈلتۈر تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشتا داڭ چىقارغان ناسان لېيتىس خىتاي ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سۇنزىدىن ماۋ زىدوڭغىچە بولغان ئىستراتېگىيە ئەدەبىياتىدا، ئالداش باشقا نۇرغۇنلىغان ھەربىي تەلىماتلاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ تەكىتلىنىدۇ». خىتايلارنىڭ ئالدامچىلىق ھۈنىرى، بىراۋنىڭ ئۆز پىلانىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداشقا مايىل بولۇشىدىن بەكرەك، دۈشمەننى ئالداش ئارقىلىق ئۇنى ناباب ھەرىكەت قىلدۇرۇشقا مايىلدۇر. باشقا مەدەنىيەتلەردە بولۇپمۇ غەرب مەدەنىيىتىدە، ئالداش ئاساسلىقى ئۆز كۈچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى زەربە بېرىش كۈچىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. خىتايلارغا نىسبەتەن ھەيران قالدۇرۇش ۋە ئالداش بەكلا مۇھىم بولغانلىقتىن، ئۇلار ئىشلىرىنى يوشۇرۇن بېجىرىشكە ۋە ھوقۇقدارلىرىنىڭ كۆندىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارىلىماسلىققا مايىل كېلىدۇ.

بۇ، ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان بىلىپ بولغان، ئەمما دۇنيا ئەمدى ھېس قىلىۋاتقان ۋە بىلىۋاتقان ھەقىقەتلەر بولۇپ، خىتاي مانا مۇشۇنداق «ئالدامچىلىق ھىيلە - مىكىرلىرى» ئارقىلىق دۇنيانى ئالداپ، ئاخىرىدا پۈتۈن دۇنيانى بېسىۋېلىشقا ئۇرۇنماقتا.

بىز ئەلۋەتتە «نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ مىللىتىمىزنى قانداق قىلغاندا قۇتۇلدۇرالايمىز؟» دېگەن سوئال ئاستىدا تېپىرلاۋاتقان ۋاقتىمىزدا، بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرغان نۇرغۇنلىغان دۆلەت ئەربابلىرىغا، پارلامېنت ئەزالىرىغا، مەشھۇر شەخسلەرگە، ئاخبارات ۋاسىتىلىرىگە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز. بۇ سەككىز يىللىق ئېغىر كۈنلەردە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى»، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»، «ماگنىسكى قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلارنى ماقۇللاپ يولغا قويغاندىن باشقا، يېقىندا يەنە خىتايدىن كىرىدىغان ماللارغا نىسبەتەن تاموژنا بېجىنى ئاشۇرغانلىقىنى، خىتاينىڭ بىگىتۋەن، يەنى «ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئەترىتى»دىن كېلىدىغان پاختا ۋە پاختا مەھسۇلاتلىرىنى ئامېرىكىغا كىرگۈزمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. كانادا ھۆكۈمىتى يەنە 10 مىڭ ئۇيغۇرنى كاناداغا يەرلەشتۈرۈشنى مەركەز قىلغان قانۇن ماقۇللىدى. نيۇ يورك ۋاقتى گېزىتى، زىمىستان تورى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ۋە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىدا تۇرۇش يولىنى تاللىغان مۇخبىرلار، «شىنجاڭ ساقچى ھۆججەتلىرى»، «قاراقاش ھۆججەتلىرى» قاتارلىق خىتاينىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىنى ئاشكارىلاپ ۋە خىتاي جازا لاگېرلىرى ھەققىدە خەۋەرلەر ئىشلەپ،

دۇنيادا تەسىر پەيدا قىلدى. بىز بۇ ھەققانىيەت ۋە ئادالەت ئىگىلىرىگە، دۆلەت ۋە ئورگانلارغا ئالاھىدە رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز.

ئۇنداقتا، دۇنيا تەرىپىدىن دۇنيانىڭ پىلان سىرتىدىكى بالىسىدەك ناخۇش مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقان، دۇنيا ئۆتتۈشمە يولىنىڭ قىزىل چىرىغىدا يېشىل چىراغنىڭ يېنىشىنى، دۇنيا ئادالىتىدىن ئۈمىد بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار، يەنە قانچىلىك ۋاقىت بۇ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» بىلەن قارشىلىشىدۇ؟

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ۋە جازا لاگېرلىرى» مەڭگۈلۈكمۇ؟ ھەرگىز مەڭگۈلۈك ئەمەس! ھەر بىر تۈن قاراڭغۇلۇقىنىڭ كۆتۈرۈلىدىغان سەھەر قۇياشى باردۇر. خىتاي ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشتۇرالماسلىقى مۇمكىن، ھەمدە جازا لاگېرلىرىنى يېقىن مەزگىل ئىچىدە تاقاشقا مەجبۇر بولۇشى مۇمكىن! چۈنكى، تارىختىن بۇيان، رەزىللىكنى پەردازلاش ۋە يېپىش ئۇزۇن مەزگىللىك بولمىغان. ئەمما، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى پىكىر، ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەرنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئايىغى چىقمايدىغان ئىچكى پىكىر - ئىدىيە، چۈشەنچىلەر قۇيۇنى چىقىرىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنى مەڭگۈ بۇ خىل ئىچكى زىددىيەتلەردىن قۇتۇلالمايدىغان ۋەزىيەتكە مۇپتىلا قىلىپ قويۇشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن.

ئامېرىكىلىق دىپلومات يازغۇچى مايكىل پىلىزبېرى ئۆزىنىڭ «يۈز يىللىق مارافون: خىتاينىڭ ئامېرىكىنىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشتىكى مەخپىي ئىستراتېگىيەسى» ناملىق كىتابىدا، خىتاينىڭ قەدىمكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ھازىرقى دەۋردىكى دۆلەت ۋە ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇۋاتقانلىقى، مەخسۇس ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى ھىيلە - نەيرەڭلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ماقالىلەر يېزىش ئۈچۈن، خىتاي ھەربىي ئەمەلدارلىرىدىن تەشكىللەنگەن تەتقىقات گۇرۇپپىلىرى، كۇتۇپخانىلار قۇرۇلغانلىقى ۋە بۇ تەتقىقاتتا خىتاينىڭ ئالاھىدە مەبلەغ ئاجراتقانلىقىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىن خىتايغا مىراس قالغان بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ يادروسى – مەغلۇپ بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، قارشى تەرەپتىن قانلىق قىساس ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى بىلەن مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى بىرلىشىپ نەشر قىلدۇرۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مەزكۇر «دەۋر ۋە بىز: ‹ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە – 2024› ماقالىلەر توپلىمى»، خىتاينىڭ ئالدىمىزدا يۈز بېرىدىغان ئېغىر مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، بىزنىڭ پىكىر، ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلىرىمىزنى پارام - پارچە قىلىپ، بىز ئۇيغۇرلارنى ئايىغى چىقماس پىكىر، ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ قاينىمىغا غەرق قىلىۋېتىش ھىيلە - نەيرىڭىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانماقتا. چۈنكى، خىتاي بىلىدۇكى، بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئۇنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكىر، ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلىرى – بىرلىشىش، كۈچ ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئەگەر بىز ئىلغار پىكىر، ئىلغار ئىدىيە ۋە ئىلغار چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالمىساق، ئىلغار ھەرىكەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى قوراللىرىمىزنى دۈشمەنگە ئەمەس، ئۆزىمىزگە قارىتىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. يېزىش ۋە ئاشكارىلاش – قورالسىزلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورالىدۇر.

مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسى ماقالە ئاپتورلىرىنىڭ ئۆزلىرىگىلا مەنسۇپ بولۇپ، بۇلار «ئۇيغۇر پروجېكت فوندى»

ياكى «مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى»غا ۋەكىللىك قىلمايدۇ.

مەزكۇر كىتابتىكى ماقالىلەرنىڭ تەرتىپى مەلۇم ئۆلچەملەر ئاساسىدا بېكىتىلگەن مۇھىملىق دەرىجىسى ياكى كەسپىي ساھە بويىچە بېكىتىلگەن بولماستىن، بەلكى بىزگە ماقالە يېتىپ كەلگەن ۋاقىت بويىچە بېكىتىلدى. ئىستانبۇلدا 9 - ئاينىڭ 21 - ۋە 22 - كۈنلىرى بېرىلىدىغان لېكسىيەنىڭ تەرتىپىمۇ ھەم شۇنداق بېكىتىلدى.

بىز بۇ قېتىم ئۆتكۈزمەكچى بولغان «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە – 2024» پائالىيىتى ۋە مەزكۇر كىتابنىڭ روياپقا چىقىشىدا، ئۇيغۇر پروجېكت فوندى ۋە مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىدىكى يەتتە نەپەر سەپدىشىمىز بىزگە كەلگەن ماقالىلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى، 35 پارچىدەك ماقالە ۋە 20 پارچىدەك سىيرىلما ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈپ، بەزىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، باھالاپ تەستىقلاشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئابدۇرېشىت نىياز، جۈرئەت نىزامىدىن، ئۆمەر ئىمىن، پىداكار، روشەن خەمىت ۋە تەلئەت قادىردىن ئىبارەت ئالتە نەپەر قېرىندىشىمىز ماقالىلەرنىڭ تەھرىرلىك ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشايدىغان 30 دىن كۆپ قېرىندىشىمىز 35 پارچە ماقالە يېزىپ تەييارلىدى. 20 نەپەر قېرىندىشىمىز ئۆز چىقىمى بىلەن «ئىستانبۇلدىكى 20 لېكسىيە» پائالىيىتىگە قاتناشماقچى. ئامېرىكىنىڭ شىمالىي كالىفورنىيە رايونىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى بىلەن ئۇيغۇر فوندى مەزكۇر كىتاب ۋە «ئىستانبۇلدىكى 20 لېكسىيە» پائالىيىتى ئۈچۈن ئىقتىسادىي خىراجەتنىڭ بىر قىسمىنى چىقىرىپ بەردى. ئۇيغۇر پروجېكت فوندى، مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى، ئۇيغۇر ئاخبارات مەركىزىدىكى قېرىنداشلار ھەمدە ئىستانبۇلدىكى باشقا بىر قىسىم دوستلار مەزكۇر كىتاب ۋە لېكسىيە ئىشلىرىدا بىزگە ناھايىتى قىممەتلىك ياردەم قولىلىرىنى سۇندى. بىز بۇ يەردە يۇقىرىدىكى بارلىق قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز!

ھۆرمەت بىلەن:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى ۋە مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى

2024 - يىلى 9 - ئاي

1

# ئامېرىكا دوللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، كۆچىيىشى، تەسىرى ۋە قائىدىلىرى

دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىر

2023 - يىلى 11 - ئاي

**بىرىنچى، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى**

دوللارنىڭ پۇل سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىشى ئامېرىكا تارىخىدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جەريان بولۇپ، چوڭ ۋەقەلەرنى، قارارلارنى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆۋەندىكىسى ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكى ھەققىدىكى قىسقىچە باياندۇر:

**1) مۇستەملىكە پۇلى:** ئامېرىكا دوللىرى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكە قىلىنغان زېمىنلاردا ھەر خىل شەكىلدىكى پۇللار ئىشلىتىلەتتى، بۇلار چەت ئەلنىڭ تەڭگە پۇللىرى، مالغا مال ئالماشتۇرۇش سىستېمىلىرى، شۇنداقلا مۇستەملىكە ھۆكۈمەتلىرى ۋە بانكىلار تارقاتقان قەغەز پۇل قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ پۇللار سىجىل ئىشلىتىلمەيتتى ھەم بىردەكلىككە ئىگە ئەمەس ئىدى.

**2) چوڭ قۇرۇلتاي مەجلىسى (Continental Congress):** ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، چوڭ قۇرۇلتاي مەجلىسى قۇرۇلتاي پۇلى تارقاتتى. بۇ تۇنجى قېتىم ئامېرىكا پۇلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇنۇشى ئىدى، ئەمما ھەددىدىن زىيادە كۆپ بېسىلغانلىقى سەۋەبلىك، ئېغىر پۇل پاخاللىقى كۆرۈلدى.

**3) 1792 - يىلىدىكى قۇيما پۇل قانۇنى:** بۈگۈن بىزگە تونۇشلۇق بولغان ئامېرىكا دوللىرى 1792 - يىلىدىكى «قۇيما پۇل قانۇنى» غا ئاساسەن بارلىققا كەلگەن. بۇ قانۇنغا بىنائەن، ئامېرىكا «پۇل قۇيۇش زاۋۇتى» (US Mint) قۇرۇلدى ھەمدە ئامېرىكا دوللىرى دۆلەتنىڭ ئۆلچەملىك پۇل بىرلىكى سۈپىتىدە رەسمىي قوبۇل قىلىندى. بۇ قانۇن يەنە ئونلۇق پۇل سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، دوللار، سېنت ۋە ئون تىيىنلىق تەڭگە پۇل (dime) قاتارلىق تەڭگە پۇللارنى يولغا قويدى.

**4) «قوش مېتال ئۆلچىمى» (ئالتۇن ۋە كۈمۈش قوش ئۆلچەم) سىستېمىسى (Bimetallism) ۋە ئالتۇن ئۆلچىمى سىستېمىسى (Gold Standard):** ئامېرىكا دوللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۇ ئالتۇن ۋە كۈمۈش تەرىپىدىن ئورتاق قوللانغان (backed) بولۇپ، بۇ «قوش مېتال ئۆلچىمى» دەپ ئاتىلىدىغان سىستېما ئىدى. ئامېرىكا ئاخىرىدا ئالتۇن ئۆلچىمى سىستېمىسىنى قوللاندى. بۇ سىستېمىدا دوللارنىڭ قىممىتى مۇئەييەن مىقداردىكى ئالتۇنغا باغلىناتتى. بۇ مەزكۇر پۇلنىڭ مۇقىملىششىغا تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا سودىغا ئىلھام بەردى.

**5) «يېشىل دۈمبىلىك پۇل» (Greenback) ۋە ئىچكى ئۇرۇش:** ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «يېشىل دۈمبىلىك پۇل» تارقاتتى، بۇ ئارقا تەرىپى يېشىل بولغان قەغەز پۇللار ئىدى. بۇ ئالتۇن ئۆلچىمى سىستېمىسىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلغانلىقتىن دېرەك بەردى. ئۇرۇشتىن كېيىن، ئامېرىكا تەدرىجىي ھالدا ئالتۇن ئۆلچىمى سىستېمىسىغا قايتىپ كەلدى.

**6) فېدېراتسىيە زاپىسى سىستېمىسى:** 1913 - يىلى، «فېدېراتسىيە زاپىسى قانۇنى» ئامېرىكىنىڭ مەركىزىي بانكا سىستېمىسى بولغان «فېدېراتسىيە زاپىسى سىستېمىسى»نى قۇردى. «ئامېرىكا فېدېراتسىيە زاپىسى» ئامېرىكا دوللىرىنى تارقىتىش ۋە تەڭشەش، باھانىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ھەمدە پۇل تەمىناتىنى كونترول قىلىشقا مەسئۇل ئاپپارات ئىدى.

**7) قانۇنىي پۇلغا (Fiat Currency) ئۆتۈش:** 1971 - يىلى، ئامېرىكا پرېزىدېنتى رىچارد نىكسوننىڭ ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ئالتۇنغا تېگىشلىشىنى توختىتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشى بىلەن، ئامېرىكا ئالتۇن ئۆلچىمى سىستېمىسىنى رەسمىي ئاخىرلاشتۇردى. بۇ قارار ئامېرىكا دوللىرىنى قانۇنىي پۇلغا ئايلاندۇردى، بۇ ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتىنىڭ ئالتۇن ياكى كۈمۈش قاتارلىق ماددىي تاۋارلارغا باغلانمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

**8) زامانىۋى ئامېرىكا دوللىرى:** بۈگۈنكى كۈندە، ئامېرىكا دوللىرى دۇنيادىكى ئاساسلىق زاپاس پۇل بولۇپ، خەلقئارا سودا ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ. ئۇ تەڭگە (سېنت ۋە دوللار) ۋە قەغەز پۇل (فېدېراتسىيە زاپىسى خاتىرىسى) قاتارلىق شەكىللەردە، كۆپ خىل قىممەتتە تارقىتىلىدۇ. ئامېرىكا پۇلىنىڭ لايىھەسىدە تارىخىي شەخسلەر، سىمۋوللۇق ئىمارەتلەر ۋە باشقا سىمۋوللۇق بەلگىلەر بار.

ئامېرىكا دوللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە تارىخىي تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ «يەر شارىۋى پۇل» لۇق ئورنى خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ۋە سودىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ ئېتىراپ قىلىنغان ۋە تەسىرى كۈچلۈك پۇللارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى.

## ئىككىنچى، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كۈچى

ئامېرىكا دوللىرى ئادەتتە دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم زاپاس پۇل دەپ قارىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ كۈچى دۇنيا ئىقتىسادى ۋە پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە قاتتىق كۈچلۈك بولۇپ كەلگەن بولۇپ تۈرۈۋاتقان مۇنازىرە تېمىسىدۇر. دوللارنىڭ كۈچى مۇنداق بىر قانچە ئامىلدىن مەنبەلەنگەن:

**1) ئىقتىسادىي كۆلەم ۋە مۇقىملىق:** ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇقىم ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئىقتىسادىنىڭ ئېششى مۇقىم، كەسىپلىرى كۆپ خىل ۋە ئەمگەك كۈچى بازىرى كۈچلۈكتۇر. بۇ ئامىللار ئامېرىكا دوللىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە قىممىتىگە بولغان ئىشەنچنى ئاشۇرغان.

**2) پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ چوڭقۇر يىلتىزغا ئىگە ئىكەنلىكى:** ئامېرىكىنىڭ نيۇ يورك ئاكسىيە بېرژىسى (NYSE)، ناسداك (Nasdaq) ۋە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ زايوم بازىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تەرەققىي قىلغان پۇل مۇئامىلە بازىرى بار. بۇ بازارلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ھەرىكەتچانلىقى ئۇلارنى يەر شارى مىقياسىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈچۈن جەزبىدارلاشتۇرۇپ، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ زورايتقان.

**3) زاپاس پۇللۇق ئورنى:** دۇنيادىكى ئاساسلىق زاپاس پۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئامېرىكا دوللىرى خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە يادرولۇق ئورۇنغا ئىگە. دۇنيا مىقياسىدىكى مەركىزىي بانكىلار تاشقى پېرېۋوت زاپىسى سۈپىتىدە زور مىقداردا ئامېرىكا دوللىرىنى ساقلايدۇ. بۇ ھالەت ئامېرىكا دوللىرىغا بولغان ئېھتىياج ۋە ئىشەنچنى ئاشۇرغان.

**4) نېفىت - دوللار سىستېمىسى:** دۇنيا مىقياسىدا نېفىت ۋە باشقا تاۋارلارنىڭ سودىسىدا ئامېرىكا دوللىرى ئىشلىتىلىدۇ. نېفىت - دوللار سىستېمىسى دەپ ئاتالغان بۇ ئادەت نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ زۆرۈر خەلقئارالىق سودىلارنى قىلالىشى ئۈچۈن چوقۇم ئامېرىكا دوللىرى ساقلىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كۈچى يەر شارى ئېنېرگىيە بازىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

**5) «بىخەتەر پاناھگاھ»لىق ئورنى:** يەرشارىۋى ئىقتىسادىي ئېنىقسىزلىق ياكى جۇغراپىيەۋى سىياسىي داۋالغۇش مەزگىللىرىدە، مەبلەغ سالغۇچىلار دائىم ئامېرىكا دوللىرى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمەت زايومى سېتىۋېلىپ، بۇلارنى بىخەتەر مۈلۈك دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئېھتىياجنىڭ ئېششى دوللارنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

**6) پۇل سىياستى:** ئامېرىكا «فېدېراتسىيە زاپىسى»، يەنى ئامېرىكىنىڭ مەركىزىي بانكىسى ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كۈچىنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. «فېدېراتسىيە زاپىسى» ئۆسۈم نىسبىتىنى تەڭشەش، پۇل سىياستىنى يولغا قويۇش ۋە پۇل پاخاللىقنى باشقۇرۇش ئارقىلىق، دوللارنىڭ باشقا پۇللارغا بولغان قىممىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**7) يەرشارىۋى سودا:** ئامېرىكا دوللىرى خەلقئارا سودىدا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق پۇلدۇر. نۇرغۇن دۆلەتلەر ئامېرىكا دوللىرى ئارقىلىق سودا قىلىشقا مايىل بولۇپ، بۇ دوللارنى ئاساسلىق ئالماشتۇرۇش ۋاستىسىگە ئايلاندۇرغان. دوللارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى خەلقئارا سودىنى ئاددىيلاشتۇرىدۇ ۋە داۋاملىق كۈچەيتىدۇ.

**8) سىياسىي مۇقىملىق:** ئامېرىكىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن

بىلەن ئىدارە قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئامېرىكا دوللىرىنىڭ يەر شارىۋى سودىدىكى بىخەتەر ۋە ئىشەنچلىك پۇللۇق ئورنىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

**9) ئىجادچانلىق ۋە تېخنىكا:** ئامېرىكا تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە رەقەملىك ئىقتىسادتىكى باشلامچىدۇر. ئۇنىڭ بۇ خىل ئورنى پۇل مۇئامىلە تېخنىكىسى ۋە رەقەملىك پۇل تۆلەش سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ رەقەملىك دەۋردىكى رولىنى كۈچەيتتى.

ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كۈچى نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەرنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە خىرىسلارنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. دوللارنىڭ زىيادە كۈچلۈك بولۇشى ئامېرىكىنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ تەننەرخىنى ئاشۇرۇپ، سودا تەڭپۇڭلۇقىغا ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، پۇلنىڭ داۋالغۇشى خەلقئارا سودا دىنامىكىسىغىمۇ (dynamic) ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ مۇئەييەن ئەھۋالدىكى قىلمىش ياكى ئۆزگىرىش تەرزى، «ئوكسفورد يۇقىرى باسقۇچلۇق ئىنگلىز تىلى لۇغىتى» نىڭ 8 - نەشرىدىن، ت) تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كۈچى ئىقتىسادىي، پۇل مۇئامىلە، جۇغراپىيەۋى سىياسىي ۋە تارىخىي ئامىللارنىڭ بىرىكمە نەتىجىسىدۇر. ئۇنىڭ دۇنيادىكى غوللۇق زاپاس پۇللۇق ئورنى ۋە يەرشارى پۇل مۇئامىلىسىدىكى ئاچقۇچلۇق رولى ئۇنىڭ خەلقئارا پۇل سىستېمىسىدىكى سىجىل كۈچىنى ۋە مۇھىملىقىنى مۇستەھكەملەيدۇ.

### ئۈچىنچى، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ دۇنياغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

ئامېرىكا دوللىرى ئادەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ئاساسلىق زاپاس پۇل دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى ئامېرىكا چېگراسىدىن ھالقىپ كەتكەن. ئامېرىكا دوللىرىنىڭ دۇنياغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى كۆپ تەرەپلىك ۋە چوڭقۇر بولۇپ، خەلقئارالىق ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە، سودا ۋە جۇغراپىيەۋى سىياسەت (Geopolitics)، (جۇغراپىيەۋى سىياسەت جۇغراپىيەلىك ئامىللارنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىكى ھوقۇق مۇناسىۋىتىگە (power relationships) كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تەھلىل قىلىدىغان پەندۇر. «geopolitics» ئۇقۇمى تۇنجى قېتىم 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا شۋېتسىيەلىك سىياسەت تەتقىقاتچىسى رۇدولف كژېلېن (Rudolf Kjellén) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى (1918 – 1939) ئارىلىقىدا ياۋروپادا ئومۇملاشقان بولۇپ، كېيىنچە دۇنيا مىقياسىدا ئىشلىتىلگەن. بۈگۈنكى كۈندە، جۇغراپىيەۋى سىياسەت «خەلقئارا سىياسەت» نىڭ نىسبەتەن يېقىن مەنىداش سۆزى سۈپىتىدە كەڭ دائىرىدە قوللىنىلماقتا، «بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسى»، ت) قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. تۆۋەندىكىلەر ئامېرىكا دوللىرىنىڭ دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىشتىكى بىر قانچە مۇھىم ئۇسۇلىدۇر:

**1) يەرشارىۋى زاپاس پۇل:**

**پۇل زاپىسى:** دۇنيادىكى مەركىزىي بانكىلار ۋە ھۆكۈمەتلەر زور مىقداردا ئامېرىكا دوللىرى ساقلايدۇ. بۇ زاپاس پۇللار شۇ دۆلەتنىڭ پۇلىنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلقئارا سودىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىقتىسادىي كرىزىسقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

پۇل مۇئامىلە مۇقىملىقى: دوللار ئۆزىنىڭ يەرشارىۋى زاپاس پۇللۇق ئورنى سەۋەبلىك ئېنىقسىز ۋاقىتلاردا مۇراجىئەت قىلىنىدىغان بىخەتەر پاناھگاھ دەپ قارالغاچقا، يەر شارىۋى پۇل مۇئامىلە مۇقىملىقىغا تۈرتكە بولىدۇ.

**2) خەلقئارا سودا:**

**سودىدا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق پۇل:** ئامېرىكا دوللىرى خەلقئارا سودىدا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق پۇلدۇر. نۇرغۇن دۆلەتلەر سودىنى ئامېرىكا دوللىرى ئارقىلىق قىلىشقا مايىل بولغاچقا، بۇ ئامېرىكا دوللىرىنى ئاساسلىق ئالماشتۇرۇش ۋاستىسىگە ئايلاندۇرغان.

**تاۋار باھاسى:** نېفىت، ئالتۇن ۋە ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق نۇرغۇن تاۋارلارغا ئامېرىكا دوللىرى بويىچە باھا قويۇلىدۇ ھەمدە ئامېرىكا دوللىرىدا سېتىلىدۇ. مەزكۇر ئادەت يەر شارىۋى تاۋار بازىرىغا ۋە باھاسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**3) پۇل مۇئامىلە بازىرى:**

**يەرشارى پۇل مۇئامىلە مەركىزى:** ئامېرىكادا ۋال كوچىسى ۋە نيۇ يورك ئاكسىيە بېرژىسى قاتارلىق دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ۋە تەسىردار پۇل مۇئامىلە بازارلىرى بار. بۇ بازارلار يەر شارى مىقياسىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىلىپ، يەر شارىۋى پۇل مۇئامىلە ئەندىزىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**يەرشارىۋى مەبلەغ سېلىش:** ھۆكۈمەت زايومى ۋە پاي چېكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئامېرىكىنىڭ پۇل مۇئامىلە مۈلكى دۇنيا مىقياسىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىدىغان بولۇپ، بۇ مەزكۇر نەرسىلەرنى يەر شارىۋى مەبلەغ سېلىش ساھەسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلاندۇرغان.

**4) جۇغراپىيەۋى سىياسي تەسىرى:**

**پۇل مۇئامىلە كۈچى:** دوللارنىڭ يەرشارىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئامېرىكىنىڭ يەرشارى مىقياسىدىكى پۇل مۇئامىلە ۋە ئىقتىسادىي نوپۇزىنى كېڭەيتتى. بۇ نوپۇزنى دىپلوماتىك ۋە جۇغراپىيەۋى سىياسىي مەقسەتلەردە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**جازا ۋە سودا:** ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا بولغان كونتروللۇقىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەت ياكى ئورۇنلارغا جازا يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ خەلقئارا سودا ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىش ئىقتىدارىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**5) پېرېۋوت نىسبىتىگە بولغان تەسىرى:**

**پېرېۋوت نىسبىتى دىنامىكىسى:** ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتىدىكى داۋالغۇش يەر شارى مىقياسىدىكى پېرېۋوت نىسبەتلىرىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتىدىكى ئۆزگىرىش بىر دۆلەتنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت رىقابەت كۈچىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

**6) ئىقتىسادىي مۇقىملىق:**

**دوللار ئاتامانلىقى:** دوللارنىڭ ئاساسلىق زاپاس پۇللۇق ئورنى ئامېرىكىغا ئىقتىسادىي

مۇقىملىقنى ساقلاش مەجبۇرىيىتىنى يۈكلەيدۇ. بۇ مەجبۇرىيەت دائىم ئامېرىكىنىڭ پۇل سىياسىتى ۋە مالىيە قارارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**7) پۇل مۇئامىلە كىرىزىسى:**

**يەرشارىۋى يامراش:** ئامېرىكىنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، 2008 - يىلىدىكى پۇل مۇئامىلە كىرىزىسىگە ئوخشاش ۋەقەلەر دۇنيا مىقياسىدا داۋالغۇش پەيدا قىلىپ، يەر شارى ئىقتىسادىنى مۇقىمسىزلاشتۇرۇشى مۇمكىن.

**8) تېخنىكىلىق ئىلگىرىلەش:**

**رەقەملىك پۇل:** رەقەملىك پۇلنىڭ (ئامېرىكا دوللىرىغا باغلانغان مۇقىم پۇللارمۇ (stable coins) شۇنىڭ ئىچىدە) تەرەققىياتى ئامېرىكا دوللىرىنىڭ رەقەملىك ئىقتىسادتىكى تەسىرى ۋە نوپۇزىنى تېخىمۇ زورايتالايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ دۇنياغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ناھايىتى كەڭ ۋە كۆپ تەرەپلىكتۇر. ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئاساسلىق زاپاس پۇللۇق ئورنى، خەلقئارا سودا ۋە پۇل مۇئامىلىدىكى رولى ھەمدە يەر شارى پۇل مۇئامىلە بازىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۇنى دۇنيا ئىقتىسادىي سىستېمىسىدىكى ئاچقۇچلۇق ئاملىغا ئايلاندۇرغان. ئامېرىكىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا قاراتقان سىياسەتلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى دۇنيا ئىقتىسادىغا ۋە يەرشارىۋى جۇغراپىيەۋى سىياسىي دىنامىكىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**تۆتىنچى، ئامېرىكا دوللىرى خەلقئارا پۇل پەرقىنى قانداق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟**

ئامېرىكا دوللىرى خەلقئارا پۇل دۇنياسىدا ئۆزگىچە ۋە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە. ئۇنىڭ خەلقئارالىق پۇل سۈپىتىدە يۈكسىلىشى خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ۋە سودىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. تۆۋەندە ئامېرىكا دوللىرىنىڭ خەلقئارا پۇل پەرقىنى قانداق شەكىللەندۈرىدىغانلىقى تەپسىلىي تەھلىل قىلىندى:

**1) ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ئاساسلىق زاپاس پۇللۇق ئورنى:**

**برېتون ئورمىنى كېلىشىمى:** ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، برېتون ئورمىنى كېلىشىمى ئارقىلىق دوللارنىڭ دۇنيادىكى ئاساسلىق زاپاس پۇللۇق ئورنى بېكىتىلدى. مەزكۇر سىستېمىغا ئاساسەن، نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۆز پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىنى ئامېرىكا دوللىرىغا باغلىدى، ئامېرىكا دوللىرى بولسا ئالتۇنغا باغلاندى. بۇ ئامېرىكا دوللىرىنى يەر شارى پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە تەڭداشسىز ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

**2) پېرېۋوت نىسبىتى سىستېمىسى:**

**دوللارلىشىش (Dollarization):** بەزى دۆلەتلەر، بولۇپمۇ لاتىن ئامېرىكىسى ۋە كارىب دېڭىزى دۆلەتلىرى ئامېرىكا دوللىرىنى دۆلەت پۇلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇ ھادىسە «دوللارلىشىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قارار ئادەتتە مۇقىملىق ۋە دۇنيا بازىرىغا كىرىش ئارزۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە چىقىرىلىدۇ، ئەمما ئامېرىكا ئىقتىسادى داۋالغۇسا، بۇ (ئاشۇ دۆلەتلەردە) ئىقتىسادىي خىرىس كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

**3) ئامېرىكا دوللىرىنى مەركەز قىلغان پۇل مۇئامىلە بازىرى:**

**خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە مەركىزى:** نيۇ - يورك، لوندون قاتارلىق ئاساسلىق خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە مەركەزلىرىدە، ئامېرىكا دوللىرى پۇل مۇئامىلە سودىسىدىكى ئاساسلىق پۇل سوپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. پۇل مۇئامىلە كۆچىنىڭ ئامېرىكا دوللىرى بازىرىغا مەركەزلىشىشى ئامېرىكا دوللىرىنى مەركەز قىلغان ئۆزگىچە يەرشارىۋى پۇل مۇئامىلە قۇرۇلمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

**4) باھا ۋە سودا:**

**تاۋار باھاسى:** نېفىت، ئالتۇن، دانلىق زىرائەت قاتارلىق نۇرغۇن تاۋارلارغا ئامېرىكا دوللىرى بويىچە باھا قويۇلىدۇ ۋە ئامېرىكا دوللىرىدا سېتىلىدۇ. بۇ خىل باھا قويۇش ئادىتى خەلقئارا تاۋار بازىرى ۋە سودا دىنامىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سودا كېلىشىملىرى: ئىككى تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك سودا كېلىشىملىرىدە ئامېرىكا دوللىرى ھەمىشە سودىنى راسچوت قىلىشتىكى پۇل سوپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل مايىللىق پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ داۋالغۇشىنى ۋە سودا تەۋەككۈلچىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

**5) پۇل زاپىسى:**

**تاشقى پېرېۋوت زاپىسى:** دۇنيا مىقياسىدىكى مەركىزىي بانكىلار زور مىقداردا ئامېرىكا دوللىرى زاپىسى ساقلايدۇ. بۇ زاپاس پۇللار ئىقتىسادىي مۇقىمسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە پېرېۋوت نىسبىتىنى باشقۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى دوللار زاپىسىنىڭ كۆلىمى پەرقلىق بولغاچقا، نەتىجىدە خەلقئارا پۇل پەرقى كېلىپ چىقىدۇ.

**6) پېرېۋوت نىسبىتىگە بولغان تەسىرى:**

**پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ داۋالغۇشى:** ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتىنىڭ داۋالغۇشى باشقا پۇللار ئارىسىدىكى پېرېۋوت نىسبىتىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، كۈچلۈك ئامېرىكا دوللىرى باشقا پۇللارنى بىر قەدەر ئاجىزلاشتۇرۇپ، سودا تەۋەككۈلچىلىكى ۋە ئېكسپورت رىقابەت كۈچىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**7) مالىيەۋى ھۆكۈمرانلىق:**

**يەرشارىۋى پۇل مۇئامىلە تەسىرى:** ۋال كوچىسى ۋە نيۇ - يورك ئاكسىيە بېرژىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئامېرىكا پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ كۈچى ۋە چوڭقۇرلۇقى خەلقئارا مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىلىدۇ. بانكا ۋە مەبلەغ سېلىش شىركەتلىرىگە ئوخشاش ئامېرىكا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى دۇنيا مىقياسىدا تىجارەت قىلىدۇ ۋە خەلقئارا پۇل پەرقىگە ھەسسە قوشىدۇ.

**8) جۇغراپىيەۋى سىياسىي تەسىرى:**

**ئامېرىكىنىڭ پۇل سىياسىتى:** «فېدېراتسىيە زاپىسى»نىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ۋە پۇل سىياسىتى توغرىسىدىكى قارارلىرى يەر شارى خاراكتېرلىك تەسىر پەيدا قىلالايدۇ. بۇ قارارلار ئامېرىكا دوللىرىغىلا ئەمەس، بەلكى يەر شارى كاپىتال ئوبوروتىغا ۋە پۇل مۇئامىلە مۇقىملىقىغا تەسىر

كۆرسىتىدۇ.

**9) رەقەملىك پۇلنىڭ تەرەققىياتى:**

**رەقەملىك دوللار:** رەقەملىك پۇللارنىڭ بارلىققا كېلىشى (ئامېرىكا دوللىرىغا باغلانغان مۇقىم پۇللارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) خەلقئارا پۇل ئەندىزىسىگە يېڭى دىنامىكا ئېلىپ كەلدى، بۇ ئەنئەنىۋى قانۇنىي پۇللار بىلەن رەقەملىك مۈلۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەكنى مۇجمەللەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.

خۇلاسىلىگەندە، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ خەلقئارالىق ھۆكۈمران پۇل سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈشى يەرشارى پۇل مۇئامىلىسىدە ۋە سودىسىدا زور پەرق پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئاساسلىق زاپاس پۇللۇق ئورنى، پېرېۋوت نىسبىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە بازىرىدىكى مەركەزلىك ئورنى خەلقئارا پۇل سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇ دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ۋە جۇغراپىيەۋى سىياسىي دىنامىكىسىغا داۋاملىق تەسىر كۆرسەتمەكتە.

**بەشىنچى، دۇنيا پۇل ئوبوروتى بەلگىلىمىلىرى**

دۇنيا پۇل ئوبوروتى بەلگىلىمىلىرى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار، ھۆكۈمەتلەر ۋە مەركىزىي بانكىلار يەرشارى مىقياسىدىكى پۇللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئالمىشىشىنى نازارەت قىلىش ھەمدە باشقۇرۇش ئۈچۈن بېكىتكەن قائىدە، سىياسەت ۋە مېخانىزملارنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيا پۇل ئوبوروتى بەلگىلىمىلىرى پۇل مۇئامىلە مۇقىملىقىنى ساقلاش، خەلقئارا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم. تۆۋەندىكىلەر دۇنيا مىقياسىدىكى پۇل ئوبوروتى بەلگىلىمىلىرىنىڭ بىر قانچە مۇھىم تەرەپلىرىدۇر:

**1) خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى (IMF):** خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى دۇنيانىڭ پۇل ئوبوروتىنى تەڭشەشتە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئۇ ئەزا دۆلەتلەرنىڭ پېرېۋوت نىسبىتى سىستېمىسىنى نازارەت قىلىدۇ، كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلۇقى مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن دۆلەتلەرگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدۇ ۋە پېرېۋوت نىسبىتىنى باشقۇرۇشقا سىياسەت جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىدۇ. خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ مۇددىئاسى پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە خەلقئارا سودىغا قولايلىق يارىتىشتۇر.

**2) پېرېۋوت نىسبىتى سىستېمىلىرى:** ئوخشىمىغان دۆلەتلەر مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتى سىستېمىسى، تۇراقسىز پېرېۋوت نىسبىتى سىستېمىسى ياكى باشقۇرۇلىدىغان پېرېۋوت نىسبىتى سىستېمىسى دېگەندەك ئوخشىمىغان پېرېۋوت نىسبىتى سىستېمىلىرىنى قوللىنىدۇ. نازارەت قىلىش ئادەتتە پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، پۇلنىڭ تويۇقسىز، ۋەيران قىلغۇچ تەرزدە داۋالغۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. مەركىزىي بانكىلار زۆرۈر تېپىلغاندا پېرېۋوت نىسبىتىگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن پۇل بازىرىغا مۇداخىلە قىلىدۇ.

**3) كاپىتال كونترولى:** بەزى دۆلەتلەر ئۆز ئىقتىسادىغا كىرىپ چىقىۋاتقان مەبلەغنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كاپىتالنى كونترول قىلىدۇ. بۇ كونترول تەدبىرلىرى چەت ئەل مەبلىغىگە چەك قويۇش، چەت ئەلگە يۆتكىگىلى بولىدىغان پۇلنىڭ سوممىسىغا چەك قويۇش ۋە تاشقى پېرېۋوت سودىسىغا باج قويۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كاپىتال كونترولى پۇل مۇئامىلە مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە ھايانكەشلىك خاراكتېرىدىكى كاپىتال ئوبوروتىنى

كونترول قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**4) پۇل چېتىقى (Currency Pegs):** بەزى دۆلەتلەر پۇلىنى تېخىمۇ كۈچلۈك چەت ئەل پۇلىغا كۆپىنچە ھاللاردا ئامېرىكا دوللىرى ياكى ياۋروغا باغلايدۇ. پېرېۋوت نىسبىتىدىكى بۇ خىل چېتىش پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ تار دائىرىدە مۇقىم تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەركىزىي بانكىلار ئۆز پۇلىنىڭ چېتىلغان پۇل بىلەن بولغان پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن چېتىلغان پۇل زاپىسىنى ساقلايدۇ.

**5) خەلقئارا كېلىشىملەر:** دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك كېلىشىملەر پۇل ئوبوروتىنى تەڭشەيدۇ. مەسىلەن، «شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا كېلىشىمى» (NAFTA) ۋە «چوڭ قۇرۇقلۇق ئەركىن سودا كېلىشىمى» (CFTA) قاتارلىق كېلىشىملەردە پۇل ئالماشتۇرۇش ۋە سودا نىزامىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بار.

**6) «پۇل يۇيۇشقا قارشى تۇرۇش» (AML) ۋە «خېرىدارنى بىلىش» (KYC) بەلگىلىمىلىرى:** نۇرغۇن دۆلەتلەر قانۇنسىز پۇل مۇئامىلە پائالىيەتلىرىگە ۋە تېررورلۇققا چېتىشلىق مەبلەغ يۆتكەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، «پۇل يۇيۇشقا قارشى تۇرۇش» ۋە «خېرىدارنى بىلىش» بەلگىلىمىلىرىنى يولغا قويغان. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن خېرىدارلارنىڭ كىملىكىنى تەكشۈرۈپ، گۇمانلىق سودىلارنى ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بەلگىلىمىلەر قانۇنسىز مەبلەغنىڭ دۇنيا مىقياسىدا ئېقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**7) تاشقى پېرېۋوت زاپىسى:** مەركىزىي بانكىلار ئۆز پۇلىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە خەلقئارالىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، تاشقى پېرېۋوت زاپىسى ساقلايدۇ. بۇ زاپاس پۇللار ئۇلارنىڭ شۇ دۆلەتنىڭ پۇلىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا ۋە تاشقى چىقىم تەلىپىگە يېتىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن نازارەت قىلىنىدۇ.

**8) خەلقئارا سودا كېلىشىملىرى:** دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ (WTO) كېلىشىملىرىگە ئوخشاش سودا كېلىشىملىرىمۇ دۇنيا پۇل ئوبوروتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ كېلىشىملەر سودا تاموژنا بېجى، پۇل سىياسىتىمالى ۋە تالاش - تارتىشلارنى تۈگىتىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يەر شارى سودىسىدىكى پۇل ئوبوروتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

دۇنيا پۇل ئوبوروتىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ دۆلەتلەر، خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە مەركىزىي بانكىلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، پۇللارنىڭ چېگرا ھالقىغان ھالدا راۋان ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى، شۇ ئارقىلىق سودا ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە كىرىزىسىنىڭ خەۋپىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**قوشۇمچىلار**

**قايسى دۆلەتلەرنىڭ پۇللىرى ئامېرىكا دوللىرىغا باغلانغان؟**

نۇرغۇن دۆلەتلەر پۇللىرىنى ئامېرىكا دوللىرىغا باغلىغان ياكى ئامېرىكا دوللىرى بىلەن مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتى كېلىشىمى تۈزۈشكەن. بۇ ئۇلارنىڭ پۇلىنىڭ قىممىتىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا بىۋاسىتە باغلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ - دە، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتىدىكى

داۋالغۇش بۇ پۇللارنىڭ قىممىتىدە مۇناسىپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. تۆۋەندىكىلەر پۇللىرى ئامېرىكا دوللىرىغا باغلانغان ياكى ئامېرىكا دوللىرىغا قارىتا مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتىنى ساقلايدىغان دۆلەتلەرنىڭ بىر قانچە مىسالىدۇر:

**سەئۇدى ئەرەبىستان (سەئۇدى ئەرەبىستان ريالى - SAR):** سەئۇدى ئەرەبىستان ريالى «3.75 سەئۇدى ريالى = 1 ئامېرىكا دوللىرى» لىق مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتىدە ئامېرىكا دوللىرىغا باغلانغان.

**ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى (ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى دىرھەمى - AED):** ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى دىرھەمى «3.67 ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى دىرھەمى = 1 ئامېرىكا دوللىرى» لىق مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتىدە ئامېرىكا دوللىرىغا باغلانغان.

**خوڭكوڭ (خوڭكوڭ دوللىرى - HKD):** خوڭكوڭ ئۆز پۇلى بولغان خوڭكوڭ دوللىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، بۇ پۇل «7.8 خوڭكوڭ دوللىرى = 1 ئامېرىكا دوللىرى» لىق مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتىدە ئامېرىكا دوللىرىغا باغلانغان.

**بەھرەيىن (بەھرەيىن دىنارى – BHD):** بەھرەيىن دىنارى «0.376 بەھرەيىن دىنارى = 1 ئامېرىكا دوللىرى» لىق مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتىدە ئامېرىكا دوللىرىغا باغلانغان.

**ئىيوردانىيە (ئىيوردانىيە دىنارى - JOD):** ئىيوردانىيە دىنارى «0.71 ئىيوردانىيە دىنارى = 1 ئامېرىكا دوللىرى» لىق مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتىدە ئامېرىكا دوللىرىغا باغلانغان.

**ئومان (ئومان ريالى - OMR):** ئومان ريالى «0.384 ئومان ريالى = 1 ئامېرىكا دوللىرى» لىق مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتىدە ئامېرىكا دوللىرىغا باغلانغان.

**لىۋان (لىۋان فوندستېرلىڭى - LBP):** لىۋاننىڭ مۇرەككەپ پېرېۋوت نىسبىتى سىستېمىسى بار بولسىمۇ، ئەمما لىۋان فوندستېرلىڭى ئەمەلىيەتتە «1500 لىۋان فوندستېرلىڭى = 1 ئامېرىكا دوللىرى» لىق مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتىدە ئامېرىكا دوللىرىغا باغلانغان.

**بېلىز (بېلىز دوللىرى - BZD):** بېلىز دوللىرى «2 بېلىز دوللىرى = 1 ئامېرىكا دوللىرى» لىق مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتىدە ئامېرىكا دوللىرىغا باغلانغان.

**شەرقىي كارىب پۇل ئىتتىپاقى:** شەرقىي كارىب دېڭىزىدىكى ئانتىگۇئا ۋە باربۇدا، دومىنىكا، گىرېنادا ۋە سايىنت لۇسىيا قاتارلىق بىر قانچە دۆلەت ئۆز پۇللىرىنى «2.70 شەرقىي كارىب دوللىرى = 1 ئامېرىكا دوللىرى» لىق مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتىدە ئامېرىكا دوللىرىغا باغلىغان.

**ئارۇبا (ئارۇبا فلورىنى - AWG):** ئارۇبا فلورىنى «1.79 ئارۇبا فلورىنى = 1 ئامېرىكا دوللىرى» لىق مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتىدە ئامېرىكا دوللىرىغا باغلانغان.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ دۆلەتلەر ئۆز پۇللىرىنى ئامېرىكا دوللىرىغا باغلىغان بولسىمۇ، ئۇلار قوللانغان مېخانىزم ۋە كېلىشىملەر پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. بۇ دۆلەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ قاتتىق مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتى بار، يەنە بەزىلىرى پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ بەلگىلەنگەن دائىرىدە چەكلىك تەۋرىنىشىگە يول قويىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا دوللىرىغا باغلىنىش قارارى سودا مۇناسىۋىتى ۋە ئىقتىسادىي مۇقىملىق قاتارلىق ئامىللارنىڭ تۈرتكىسىدە چىقىرىلىدۇ.

**ختاي پۇلى ئامېرىكا دوللىرىغا باغلانغانمۇ؟**

ختاي خەلق پۇلى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق بىرلىكى بولغان يۈەن (CNY) ئەنئەنىۋى مەنىدىكى مۇقىم پېرېۋوت نىسبىتىدە ئامېرىكا دوللىرى ياكى باشقا ھېچقانداق چەت ئەل پۇلىغا بىۋاستە باغلانمىغان. ئەكسىچە، ختاي باشقۇرۇلىدىغان تۇراقسىز پېرېۋوت نىسبىتى سىستېمىسىنى ئىشلىتىدىغان بولۇپ، بۇ ئادەتتە «باشقۇرۇلىدىغان چېتىق» (managed peg) ياكى «دۆغ تۇراقسىزلىق» (dirty float – بۇ خىل ئەھۋالدا، بىر دۆلەتنىڭ پۇلىنىڭ قىممىتىنىڭ باشقا پۇللارغا ئىنكاسەن ئۆزگىرىشىگە يول قويۇلىدۇ، لېكىن شۇ دۆلەتنىڭ مەركىزىي بانكىسى ياكى پۇلنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل دائىرىلىرى گاھىدا مەزكۇر دۆلەتنىڭ پۇلىنىڭ قىممىتىنى مۇئەييەن دائىرىدە كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مۇداخىلە قىلىدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر دۆلەتنىڭ پۇلىنىڭ قىممىتى تامامەن بازار كۈچلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان سىستېما «سۈزۈك تۇراقسىزلىق» (pure float) دەپ ئاتىلىدۇ، ت) دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ سىستېمىغا ئاساسەن، ختاينىڭ مەركىزىي بانكىسى بولمىش «ختاي خەلق بانكىسى» تاشقى پېرېۋوت بازىرىغا مۇداخىلە قىلىپ، خەلق پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىگە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ختاي خەلق بانكىسى ختاي خەلق پۇلىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار ئاساسلىق پۇللار بىلەن بولغان ئېلىم - سېتىمىدىكى كۆرسەتكۈچ نىسبەت سۈپىتىدە «مەركىزىي تەكشە باھا نىسبىتى» (central parity rate) دەپ ئاتىلىدىغان كۈندىلىك پايدىلانما پېرېۋوت نىسبىتىنى بېكىتىدۇ.

**ختاي خەلق پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ باشقۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار:**

- **پۇل سېۋىتى:** ئامېرىكا دوللىرى ختاينىڭ پېرېۋوت نىسبىتى سىياسىتىدە مۇھىم رول ئوينىسىمۇ، ختاي خەلق پۇلى نوقۇل ھالدا ئامېرىكا دوللىرىغا باغلانغان ئەمەس. ئۇ بىر سېۋەت پۇلغا نىسبەتلەشتۈرۈلۈپ باشقۇرۇلىدىغان بولۇپ، بۇ ئامېرىكا دوللىرىغا بولغان تايىنىشنى ئازايتىشنى مەقسەت قىلغان.
- **باشقۇرۇلىدىغان دائىرە:** ختاي خەلق بانكىسى ختاي خەلق پۇلىنىڭ مەركىزىي تەكشە باھا نىسبىتىدىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولغان مەلۇم دائىرىدە تەۋرىنىشىگە يول قويىدۇ. مەزكۇر كۈندىلىك سودا دائىرىسىنىڭ كۆلىمى ختاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن قەرەللىك ھالدا تەڭشىلىدۇ.
- **مەركىزىي تەكشە باھا نىسبىتى:** مەركىزىي تەكشە باھا نىسبىتى بازار ئەھۋالى، تەمىنات ۋە ئېھتىياج، سېۋەتتىكى كۆرسەتكۈچ پۇللارنىڭ پېرېۋوت نىسبىتى قاتارلىق ھەر خىل ئامىللارغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ.
- **مۇداخىلە:** ختاي خەلق بانكىسى رۇخسەت قىلىنغان سودا دائىرىسى ئىچىدە مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن ختاي خەلق پۇلىنى سېتىۋېلىش ياكى سېتىش ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت بازىرىغا پات - پات مۇداخىلە قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل مۇداخىلە دائىم پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ جىددىي داۋالغۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.
- **تەدرىجىي ئەركىنلەشتۈرۈش:** ختاي يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتى سىياسىتىنى تەدرىجىي ئەركىنلەشتۈرۈپ، خەلق پۇلىنىڭ قىممىتىنىڭ بارغانسېرى بازار تەرىپىدىن بەلگىلىنىشىگە يول قويىدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا ختاي پۇلىنىڭ قىممىتىنى مۇئەييەن

دەرىجىدە باشقۇرۇش مەقسىتىدە، ئۆز پۇلىغا نىسبەتەن راۋۇس كونتروللۇقنى ساقلاپ كەلمەكتە.

يېقىنقى يىللاردا، خىتاي ئۆز پۇلىنىڭ خەلقئارا سودا ۋە پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشىگە يول قويۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ خەلقئارالىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭدىن باشقا، خىتاي دائىرىلىرى يەنە خوڭكوڭ قاتارلىق جايلاردا خىتاي پۇلى سودا بازارلىرىنى تەسىس قىلدى.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆز پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىنى كونترول قىلسىمۇ، باشقۇرۇش ئۇسۇلى قاتتىق بېكىتىلگەن پېرېۋوت نىسبىتىدىن بىر سېۋەت پۇلنى كۆرسەتكۈچ قىلىدىغان جانلىق تۇراقسىز پېرېۋوت نىسبىتى سىستېمىسىغا تەرەققىي قىلدى.

**ئامېرىكا «فېدېراتسىيە زاپىسى» ھەققىدە چۈشەنچە:**

«فېدېراتسىيە زاپىسى» ئامېرىكىنىڭ مەركىزىي بانكا سىستېمىسىدۇر. ئۇ 1913 - يىلى «فېدېراتسىيە زاپىسى قانۇنى» نىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن قۇرۇلغان. فېدېراتسىيە زاپىسى ھۆكۈمەت ئىچىدە مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئاممىۋى ۋە خۇسۇسىي ئامىللارنىڭ بىرىكمىسىدۇر.

**فېدېراتسىيە زاپىسىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيەلىرى:**

1) **مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيەسى:** فېدېراتسىيە زاپىسى ئامېرىكىنىڭ مەركىزىي بانكىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۇل سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئەڭ زور چەكتە خىزمەت پۇرسىتى يارىتىش، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆسۈم نىسبىتىنى تەڭشەشكە مەسئۇل.

2) **پۇل سىياسىتى:** «فېدېراتسىيە زاپىسى» ئۆز نىشانلىرىغا يېتىش ئۈچۈن پۇل بىلەن تەمىنلەش ۋە ئىناۋەتلىك قەرز شارائىتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئوچۇق بازار مەشغۇلاتلىرى، ئېتىبار نىسبىتى ۋە ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتى (Reserve requirement) قاتارلىق قوراللارنى ئىشلىتىپ، ئىقتىسادتىكى پۇل بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى كونترول قىلىدۇ.

3) **بانكىلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش:** فېدېراتسىيە زاپىسى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بانكا ۋە باشقا پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ. ئۇ بانكا كەسپىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قائىدە - تۈزۈم ئورنىتىدۇ.

4) **پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەتلىرى:** فېدېراتسىيە زاپىسى بانكا ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى ھەر خىل پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ پۇل تۆلەش، پۇل ۋە تەڭگە تارقىتىش ھەمدە پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5) **رايونلۇق قۇرۇلما:** فېدېراتسىيە زاپىسى سىستېمىسى تارقاقلاشتۇرۇلغان ۋە ئون ئىككى رايونلۇق بانكىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ بانكىلارنىڭ ھەربىرى ئامېرىكىنىڭ مەلۇم جۇغراپىيەلىك رايونى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. بۇ رايونلۇق بانكىلار ۋاشىنگتوندىكى باشقۇرۇش ھەيئىتى بىلەن بىرلىكتە فېدېراتسىيە زاپىسى سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

6) **باشقۇرۇش ھەيئىتى:** باشقۇرۇش ھەيئىتى فېدېراتسىيە زاپىسى سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورگىنىدۇر. ئۇ ئامېرىكا پرېزىدېنتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ۋە كېڭەش پالاتاسى

تەرىپىدىن تەستىقلانغان يەتتە ئەزادىن تەركىب تاپقان. ھەيئەتنىڭ مۇدىرىيەت رەئىسى فېدېراتسىيە زاپىسنىڭ باشلىقى دەپ قارىلىدۇ ھەمدە ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە پۇل سىياسىتى توغرىسىدا پارلامېنتتا قەرەللىك گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

7) **فېدېراتسىيە ئوچۇق بازار كومىتېتى (FOMC):** بۇ كومىتېت ئامېرىكىنىڭ پۇل سىياسىتىنى تۈزۈشكە مەسئۇل. مەزكۇر كومىتېت (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان) باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىنى ۋە بىر قىسىم رايونلۇق فېدېراتسىيە زاپىسى بانكىلىرىنىڭ رەئىسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فېدېراتسىيە ئوچۇق بازار كومىتېتى قەرەللىك يىغىن ئېچىپ، ئىقتىسادىي شارائىتنى باھالايدۇ ھەمدە ئۆسۈم نىسبىتى ۋە باشقا پۇل سىياسىتى قوراللىرى ھەققىدە قارار چىقىرىدۇ.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، فېدېراتسىيە زاپىسى ئامېرىكا پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئۈنۈمىنى ساقلاش ھەمدە پۇل سىياسىتى قارارى ئارقىلىق ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئېپادىسىگە تەسىر كۆرسىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى ھەققىدە چۈشەنچە:**

خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى (IMF) 1944 - يىلى قۇرۇلغان، باش ئىشتابى ۋاشىنگتونغا جايلاشقان خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە ئورگىنىدۇر. ئۇ خەلقئارا پۇل ھەمكارلىقى، پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ مۇقىملىقى، سودا تەڭپۇڭلۇقى ۋە پۇل مۇئامىلە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان. خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئەزا دۆلەتلەرگە سىياسەت مەسلىھەتچىلىكى، ئىقتىسادىي ياردەم ۋە تېخنىكا ياردىمى بېرىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلۇقى ۋە باشقا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىدۇ.

خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيەلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) **ئەزالىق ئۈلۈشى:** خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر 190 دىن ئاشىدىغان بولۇپ، ھەر بىر ئەزا دۆلەت ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۆلىمىگە ئاساسەن بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىق ئۈلۈشىگە ئىگە بولىدۇ. ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ ئورگان ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بېلەت تاشلاش ھوقۇقى ۋە نوپۇزى بار.

2) **ئىقتىسادىي ياردەم:** خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيەلىرىنىڭ بىرى، كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلۇقى مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن ئەزا دۆلەتلەرگە ۋاقىتلىق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشتۇر. بۇ خىل ياردەمگە دائىم قەرز ئالغۇچى دۆلەتتىن ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ۋە سىياسەتنى تەڭشەپ، ئىقتىسادىي مۇقىملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان شەرتلەر ياندىشىپ بولىدۇ.

3) **نازارەت قىلىش:** خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى «نازارەت قىلىش» دەپ ئاتىلىدىغان جەريان ئارقىلىق دۇنيا ئىقتىسادىنى ۋە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىنى نازارەت قىلىدۇ. ئۇ ئىقتىسادىي تەھلىل ۋە سىياسەت تەۋسىيەلىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئېھتىماللىي پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ھەل قىلىدۇ.

4) **ئىقتىدار تەرەققىياتى:** خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئىقتىسادىي سىياسەت تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى تېخنىكىلىق ياردەم ۋە تەربىيەلىنىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ مالىيە سىياسىتى، پۇل سىياسىتى ۋە مالىيەنى

تەڭشەش قاتارلىق ساھەلەردىكى ياردەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5) **تەتقىقات ۋە سانلىق مەلۇمات:** خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى ئىقتىسادىي تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە ئەزا دۆلەتلەر ۋە ئاممىنى ئىقتىسادىي سانلىق مەلۇمات ۋە تەھلىل بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ «دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ كېلەچىكى» ۋە «يەر شارى پۇل مۇئامىلە مۇقىملىقى دوكلاتى» قاتارلىق دوكلاتلارنى ئېلان قىلىدۇ.

6) **نورما ۋە بېلەت تاشلاش ھوقۇقى:** ئەزا دۆلەتلەر نورما سىستېمىسى ئارقىلىق خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنى مالىيە مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. نورما بىر دۆلەتنىڭ خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىغا بېرىدىغان مالىيەۋى ۋەدىسىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بېلەت تاشلاش ھوقۇقى ۋە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ بايلىقىغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىنى بەلگىلەيدۇ.

7) **باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى:** خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنى ئەزا دۆلەتلەر باشقۇرىدۇ، قارارلارنى باشقۇرۇش ھەيئىتى ۋە ئىجرائىيە ھەيئىتى چىقىرىدۇ. باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى ئادەتتە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىرىدىن تاللاپ تەيىنلىنىدۇ ۋە ئورگاننىڭ كۈندىلىك خىزمىتىنى نازارەت قىلىدۇ.

خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە پۇل مۇئامىلە ئېھتىياجى بولغان دۆلەتلەرنى قوللاش ئارقىلىق خەلقئارا پۇل سىستېمىسىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ سىياسىتى ۋە مۇداخىلىسى بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ياردەم پىروگراممىسىغا قوشۇۋالغان شەرتلىرى گاھىدا تالاش - تارتىش ۋە تەنقىدلەرگە سەۋەب بولدى.

2

# ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى ئۇستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

سەلىمە ئا. كامال

*سۆز ئۆچەر، پۈتۈك قالار!*

*— ئۇيغۇر خەلق ماقالى*

بۇرۇنقى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئۆز دەۋرىدە تۇرپاندا سوغدى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، سانسكرىت، پارس، تاڭغۇت يېزىقلىرى بىلەن بۇددا، مانى، نېستورىئان دىنلىرىغا ئائىت كىتابلارنى تاش مەتبەئەدە نەشر قىلالىغان. بۇ ئۆز زامانىسىدە كەم كۆرۈلگەن يېڭىلىق بولغان.

*— ۋ. رادلوف*

*«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2001 - يىللىق 5 - سان 70 - بەت.*

**ئۇيغۇرلاردا «ئىپتىدائىي نەشرىيات» — تاش پۈتۈكلەر**

يۇقىرىدىكى ئاتالار سۆزىدىن قارىغاندا، نەشرىياتچىلىق تارىخىمىزنى زامانىۋى نەشرىياتچىلىق ئومۇملاشقان 20 - ئەسىردىن ئەمەس، قەدىمىي بالبال تاشلارغا ئويۇلغان

تەۋەررۇك پۈتۈكلەردىن باشلىساقمۇ خاتا ئەمەس. بۇنداق دېسەم، بالبال تاشلارغا ئويۇلغان پۈتۈكلەرنى كۆپەيتىپ تارقاتقىلى بولمايدۇ، نەشرىياتچىلىق دېگەن بىر جۈملە سۆزنى مىڭغا كۆپەيتىپ تارقاتقىلى بولىدىغان زامانىۋى كەسىپ، دېيىلىشى مۇمكىن.

توغرا، ئەينى دەۋرلەردە كۆپەيتىپ تارقاتقىلى بولمايتتى. بۇنداق تېخنىكا يوق ئىدى. ئەمما، بىزگىچە ئەينى مەزمۇنى بىلەن يېتىپ كەلدى، تارقىلىۋاتىدۇ، قەدىرلىنىۋاتىدۇ، تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇھىم تېمىسى بولۇۋاتىدۇ.

بالبال تاشقا «يەردىن ئۈندۈق، كۆكتىن تامدۇق» دەپ ئويمىغان بولسا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمىي، جاسارەتلىك تارىخىدىن خەۋەرسىز قالاتتۇق. ئۈرۈمچىدە 2001 - يىلى قىرائەتخانا ئاچقان غېنى سەمەت «مەڭگۈ تاش قىرائەتخانىسى» دەپ نام قويغان. ئۇدۇل تامغا «يەردىن ئۈندۈق، كۆكتىن تامدۇق»نى ھۆسنخەتلىك يازغۇزۇپ، رامكىلاپ ئاسقان ئىدى. تاشقا ئويۇلغان شۇ پۈتۈك بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن بولسا، «مەڭگۈ تاش قىرائەتخانىسى»نىڭ نامىمۇ، بۇ نامنى ئىسپاتلاپ تۇرغان ھۆسنخەتلىك رامكىمۇ بولمايتتى.



«مەڭگۈ تاش قىرائەتخانىسى»نىڭ قۇرغۇچىسى غېنى سەمەت «مەدەنىيەت بوستانى» پىروگراممىسىدا.

«مەڭگۈ تاش قىرائەتخانىسى» ئېچىلىپ ئىككى يىل ئۆتكەندە مەن زىيارەت قىلغان ئىدىم. ياش ئۈچ قىزنى ماڭا تونۇشتۇرۇشتى. ئۇلار ئۈنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن. قىرائەتخانا ئېچىلغاندىن بۇيان ساۋاتسىز قالغان 300 بالىنى كوچىلاردا، يامالىق تېغىدا (قىزىلتاغقا يېقىن كەمبەغەللەر مەھەللىسى)، پويىز ئىستانسىسىدا، قاتناش مەيدانلىرىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن يېرىدىن يىغقان. ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، ھەپتىدە ئۈچ كۈن «مەڭگۈ تاش قىرائەتخانىسى»دا نۆۋەتلىشىپ دەرس ئۆتكەن. بەزىلىرىگە كونا - يېڭى كىيىم، بەزىلىرىگە تاماق بېرىپ، ھەممىسىنىڭ ساۋاتىنى چىقارغان. مەن پىداكار ئىستۇدېنت قىزدىن سورىدىم:

– ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. سان بەك كۆپقۇ؟ ئۆزۈڭلار ئوقۇپ ھەم بالىلارنى ئوقۇتۇپ قانداق ئۈلگۈردۈڭلار؟

– يەردىن ئۈندۈق، كۆكتىن تامدۇق! – دەپ جاۋاب بەردى ئۇ خۇشاللىق بىلەن.

ئاددىي كىيىنگەن ئىستۇدېنت قىزنىڭ سوئالىمغا جاۋاب قايتۇرغان چاغدىكى چاقناپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن تامدىكى ئاشۇ خۇشخەتلىك رامكىنى ئىشارە قىلىشى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا [1].

2001 - يىل 10 - ئاي. مەن غېنى سەمەتنىڭ تەكلىپى بىلەن «تەرەققىيات ئىلمىي سورۇنلاردا ئىپادە كۆرسەتسۇن» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىگەندىن كېيىن، ياشلار بىلەن ئەركىن سۆھبەتتە بولدۇق.



*سۈرەتتە: (سولدىن) غېنى سەمەت، ئىستۇدېنت ھاۋاگۇل ئوسمان، مەن ۋە ئىستۇدېنت ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم.*

بالىبال تاشلارغا ئويۇلغان، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن پۈتۈكلەرنىڭ 21 - ئەسىرگىچە يوقالماسلىقى، ياشلارنىڭ قىبلىنەماسىغا ئايلىنىشىغا ئاساسەن ئۇنى «ئۇيغۇرتاش ئويما نەشرىياتچىلىقى» دەپ ئاتىساقچۇ؟

يەنە بىر مىسال، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا «شىنە - ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى» بولۇپ، ئۇيغۇرلار دەۋرىگە مەنسۇپ ئەڭ چوڭ تاش پۈتۈكلەردىن بىرىدۇر. ( «سېلېنگا مەڭگۈ تېشى» ياكى «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ) ئۇ، مەركىزىي ئاسىيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئۇيغۇر قاغانلىقى (744 – 840) نىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى – ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ قەبرە تېشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەڭگۈ تاشتىكى بايانلارنىڭ يىل دەۋرى 20 يىل بولۇپ، ئەل ئەتمىش قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان 747 – 759 - يىللارغا مەنسۇپ ۋەقەلەر ئەڭ تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن [2].

ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان قەبرە تېشىدا: «... ئون بىرى... سانجىدىم. ئۆز خەلقىم ئارىسىغا قايتىپ كەلدىم. ئىرلون ۋە تالاقمىندا قوغلاپ يېتىشىۋالدىم... بەش يۈز كىشىلىك تولۇق قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەر شىددەت بىلەن كەلدى. شۇ چاغدا تەڭرى ۋە يەر دىبەك - قۇللىرىمنى ساقلىدى... ئۇ يەردە سانچىدىم... ئۇ يەردە خەلق ماڭا بويسۇندى... » دەپ پۈتۈلگەن.

كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى (قەبرە تېشى) دىكى پۈتۈكلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا ئۇيغۇن كېلىشى كىشىنى بەك ئەپسۇسلاندۇرىدۇ: «تابغاچ (خىتاي) لارنىڭ سۆزى تاتلىق، يىپەكلىرى يۇمشاق ئىكەن. تاتلىق سۆز، يۇمشاق يىپەكلىرى بىلەن ئالداپ، ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرنى يېقىنلاشتۇرىدىكەن. ئاندىن يامان زەھەر تارقىتىدىكەن. ئالىم - باتۇرلارنى يوقىتىدىكەن... ئۇلارنىڭ خەلقىغە، بالىسىغا، ئەۋلادىغا رەھىم قىلمايدىكەن. تاتلىق سۆز، يۇمشاق يىپەككە

ئالدىنىپ، نۇرغۇن تۈرك ئۆلدى... »

مانا شۇنداق تاش ئويمىلىرىمىز خېلى كۆپ. بۇ يەردە ئىككىنىلا مىسال قىلدىم ھەمدە بۇنىڭغا «ئىپتىدائىي نەشرىيات» دەپ ئات قويدۇم.

### «قولىيازما نەشرىياتى»

قەغەزنىڭ كەشپ قىلىنىشى دۇنيانىڭ، شۇنداقلا ئۇيغۇرنىڭ نەشرىياتچىلىقىغا بۇرۇلۇش كەلتۈردى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «مايتىرى سىمىت» ... قاتارلىق قولدا كۆچۈرۈلۈپ تارقالغان ئەسەرلەرنى نەشرىيات تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەسىرلەر داۋامىدا مەشھۇر ئەسەرلەر، ھۆججەتلەرنى قولدا كۆچۈرۈپ تارقىتىش، ساقلاش ئومۇملاشتى. 19 - ئەسىردە غۇلجا شەھرىدە ياشىغان رېئالىست شائىر، تارىخچى موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ (نازىمى) نىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن»، «چاڭمۇزا يۇسۇپخان»، «نازۇگۇم» قاتارلىق داستانلىرى ۋە 1850 - يىلى 27 يېشىدا تاماملىغان «غەزەلىيات»نىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلىشىمۇ ئاشۇ «قولىيازما نەشرىياتى»نىڭ تۆھپىسىدۇر. قىسقىچە بايان: بىلال نازىمى «غەزەلىيات»نىڭ قولىيازمىسىنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلىگەن. ئاندىن ئۇنى يېشىل تاۋار جىلتىغا سېلىپ، مەشۇقى ساھىبجامالغا تەقدىم قىلغان. ساھىبجامال ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ھاشىر مەخسۇم ساقلىغان. «غەزەلىيات»نىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ يۈرگەن ئىلىدىكى مەرىپەتپەرۋەر زات ئابدۇمۇتائالى كامال خەلپەم 1935 - يىلى بۇ قىممەتلىك قولىيازمىنى سوراپ ئالغان. ھاشىر مەخسۇم ۋاپات بولۇپ، ئەسەر ئوغلى ئابدۇمىجىتقا مىراس بولۇپ قالغان. ئابدۇمۇتائالى كامال خەلپەم «غەزەلىيات»نى شاگىرتى تېيىپزات خەلپەتكە كۆچۈرگۈزۈۋېلىپ، ئەسلىي قولىيازمىنى ئابدۇمىجىتكە قايتۇرۇپ بەرگەن. ئابدۇمىجىت 1940 - يىلى قازاقىستانغا كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، پەقەت ئابدۇمۇتائالى كامال خەلپەمنىڭ قولىدىكى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىلا ساقلىنىپ، بىلال نازىمنىڭ قولىيازمىسى يوقاپ كەتكەن. ئەگەر قولىيازما كۆچۈرۈلۈپ ساقلانمىغان بولسا، بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن بولاتتى.



ھۆسەيىنبەگ يۇنۇسوۋ

«غەزەلىيات»نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىدا 136 غەزەل، 4 مۇخەممەس، 3 مۇسەددەس، 2 مۇستەھزاد ھەم نازىمنىڭ تەرجىمىھالىمۇ بار[3]. بۇ «قولىيازما نەشرىياتى»نىڭ نامايەندىلىرىدىن پەقەت بىرى. كۆچۈرۈپ ساقلانغان، تارقىتىلغان مىراس ئەسەرلەر يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا كۆپ.

تۆۋەندە مەن ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان، مەدەنىيەت ئەربابى، مائارىپچىمىز ھەققىدە ئۇچۇر يەتكۈزمەكچىمەن.

## نەشرىياتچى، مەدەنىيەت - مائارىپ تۆھپىكارى — ھۆسەيىنبەگ يۈنۈسوۋ

20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مىللەتنىڭ مەرىپەت ئىشقىنى ئويغىتىشتا مائارىپ بىلەن تەڭ قولللىنىلىشى زۆرۈر بولغان ئامىل – نەشرىيات مەتبەئە تېخنىكىسى ئىكەنلىكىنى تونۇغان، بۇ يولدا ئۈنتۈلماس ئەمگەك سىڭدۈرگەن، جەدىدىزىم ھەرىكىتىنىڭ جەڭچىلىرىدىن بىرى ھۆسەيىنبەگ يۈنۈسوۋ ئىدى[4].

ھۆسەيىنبەگ 1890 - يىلى غۇلجا شەھىرى سۇدەرۋازا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ تۆت ياشقا كىرگەندە ئاتىسى نورۇزبەگ ۋاپات بولغان. ئانىسى ئاپپاق ئايىم ئوغلىنى ئېلىپ ياركەنتتىكى تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا كەتكەن. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ياركەنتتىكى تاتار مەكتەپتە، كېيىن ئالمۇتادىكى رۇس مەكتەپتە ئوقۇغان.

ھۆسەيىنبەگ تاتارىستاندا نەشر قىلىنىۋاتقان «تەرجۇمەن»، «شۇرا» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردىن تۈركىي مىللەتلەر تارىخى، دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈش، يېڭىچە مائارىپتا پەن بىلىملىرىنى كۆچەيتىش توغرىسىدىكى ماقالىلەرنى ئوقۇغاندا خەتلەرنىڭ ئېنىق، رەتلىك ئىكەنلىكى ئۇنى ئويلاندۇرغان. 1910 - يىلىغا كەلگەندە مەكتەپتىن ۋە كىتاب - ژۇرناللاردىن توپلىغان بىلىملىرىنى ئىشلىتىش پۇرسىتىنى ئۆزى ياراتقان. ئۇ 21 ياشقا كىرگەندە «كۆك كۆيىنەكلىكلەر» سەنئەت كۇرۇژۇكىنى قۇرۇپ، تۇنجى قېتىم ئىلى خەلقىنىڭ كىلاسسىك ناخشىلىرىنى رەتلىگەن. شۇ يىلى كاتتا باي ۋېلىباي يولداشوفنىڭ كەنجى ئوغلى جالام



*غۇلجا شەھىرىدىكى تۇنجى مەتبەئە ئىشچىلىرى خاتىرىسى (1930 - يىل)*

يولداشوف بىلەن بىرلىكتە بىر قىسىم ئۇيغۇر سەنئەتكارلارنى موسكۋاغا ئاپارغان ۋە بىر ئاي تىرىشىپ، ئاخىرى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ تۇنجى پاتېفون پىلاستىنكىسىنى ئىشلىگەن. پاتېفون ھازىر مودىدىن قالدى. ئەمما، بىر ئەسىر ئىلگىرى خوجا - ئىشانلارغا ئەگىشىپ،

خۇراپاتلىقتا پاتقان خەلقىمىز ئۈچۈن چوڭ مۆجىزە بولغان ئىدى.

سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ، باستۇرۇش، زالىملىق كۈچەيگەن 1918 - يىلىدا تۇغۇلغان يۇرتى ئىلىغا قايتقان. ئۇ قورۇق قول قايتمىغان. بىر مەتبەئە ماشىنىسى، ھەرپ قۇيۇش ماشىنىسى ۋە بىرنەچچە خىل تىلنىڭ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىلىدا مىخ مەتبەئە بارلىققا كەلگەن. 1919 - يىلى «ھۆرسۆز» گېزىتىنى كۆرە ناھىيەسىدە نەشر قىلىپ، ئۆزى مەسئۇل مۇھەررىر بولغان. گېزىتتە مەدەنىيەت - مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش، خەلقئارا خەۋەرلەر، ئۆلكە ۋە يەرلىك خەۋەرلەر، ھەتتا، دېھقان - چارۋىچىلىق، سانائەت خەۋەرلىرى بېرىلگەن. ئەمما، ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالمىغان. ياڭ زېڭشىن «چەنتۇنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپى راۋاجلانسا، ھاكىمىيەت ئېگىلى قوزغىلىدۇ» دەپ ئەندىشىدە بولغاچ، گېزىتخانىنى قاتتىق نازارەتكە ئالغان. 1920 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەشردىن توختاتقان. ئۇ مەتبەئە ئەسلىھەلىرىنى غۇلجا شەھىرى بوستان كلوپ (ھازىرقى ئىسمى لوجۇ كلوپ) نىڭ يېنىدىكى قورۇغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەكتەپلەر ئۈچۈن ئوقۇشلۇق، ئەدەپ - ئەخلاق، دىن مەزمۇنىدىكى كىتابلارنى نەشر قىلغان. شۇ يىلى 9 - ئايدا ئابدۇمۇتائالى كامال خەلپەم ھەزرەت يازغان «ئىلىم - ھال2» كىتابىنىڭ قولىيازمىسىنى رەسمىي مىخ مەتبەئەدە نەشر قىلغان. ئىلى خەلقى شۇنىڭدىن كېيىن «ھۆسەيىنبەگ مەتبەئەسى» دەپ ئاتىغان [5].

ھۆسەيىنبەگ 1921 - يەتتىسۇدىكى جەدىدىزىمچى، تارىخچى، يازغۇچى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى) غا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ يېڭى ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش ئارزۇسىنى ئېيتقان. نەزەرخوجا «ئوماق بىلەن ئامراق» ناملىق ئەسىرىنى، بىر قىسىم ماقالە، شېئىرلىرىنى ئەۋەتكەن. بۇ ئۈچ كىتابنى نەشر قىلىپ تارقاتقان. 1924 - يىلى ئالمۇتادىكى «بىرىنچى چامدام» نەشرىياتى بۇ ئەسەرلەرنى ھۆسەيىنبەگ نەشرىياتىدا بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن ئىككىنچى قېتىم نەشر قىلغان. ھۆسەيىنبەگ يېڭىچە مەكتەپلەرنى قوللاشتا سۈپەتلىك دەرسلىكلەرنى نەشر قىلىپلا قالماستىن، مەكتەپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاتلانغان. ئۇن يىلدا «ئۈمىد مەكتەپ»نى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى ئۈلگە مەكتەپكە ئايلاندۇرغان.

ھۆسەيىنبەگ يۇنۇسوۋ تازا قىران يېشىدا، يەنى، 1935 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان بىر يىغىنغا قاتنىشىپ قايتىشىدا ماشىنا ھادىسىدە قازا قىلغان (دەۋرداشلىرى بۇنى سۈيىقەست، دەپ قارىغان. لېكىن ئىسپاتلاشقا ئامال قىلالمىغان.)

ھۆسەيىنبەگ قازا قىلىپ، بىر ئايدىن كېيىن ئايالى زۆھرە خانىم بىلەن ھىلالدىن، ۋاققاس ھاجىملار بىرلىشىپ «ھۆسەيىن يۇنۇسوۋ مەتبەئەچىلىك پايچىلار شىركىتى»نى قۇرغان ۋە مەنسۇر ئەپەندى، مەشۇر روزىيوفلار تۈزگەن «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ پروگرامما (قوللانما)» سىدىن 10 مىڭ نۇسخا، «ئېلىپبە»دىن 100 مىڭ نۇسخا نەشر قىلغان.

«ھۆسەيىنبەگ مەتبەئەسى» 1937 - يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن پېچەتلەنگەن، بارلىق ئەسلىھەلىرى مۇسادىرە قىلىنغان.

«ھۆسەيىنبەگ مەتبەئەسى» — ئاز كەم 20 يىلدا يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇش ۋە كۈچەيتىشكە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بېسىش - تارقىتىشقا، ئاياللار ئازادلىقىنى تەشۋىق قىلىشقا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەتبەئە قوشۇننى تەربىيەلەش - يېتىشتۈرۈشكە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئەينى دەۋردىكى بازىس ئورگاندۇر.

## قەشقەردە مەتبەئە ۋە نەشرىياتچىلىق (1933 – 1946)

قەشقەر مەتبەئەچىلىكى 20 - ئەسىر كىرگەندىلا باشلانغان بولۇپ، ئۈچ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

**1. تاش مەتبەئە:** بۇ، ئابدۇقادىر داموللام دوستلىرىنىڭ ياردىمىدە چەت ئەلدىن سېتىۋالغان باسما ماشىنىسى. ھەدىسلەر، دىنىي تەشۋىقات ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنى بېسىپ تارقاتقان. ئابدۇقادىر داموللام سۇيىقەستتە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن توختىغان.

**2. مىللىي مىخ مەتبەئە:** بۇ، مۇھەممەت ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، ھەرپلەر كەسمە شەكىلدە ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان. بۇ مەتبەئە «ھەپتىيەك»نى بېسىپ، تالىپلارغا تارقاتقان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «زۆرۈر ئەقىدىلەر» قاتارلىق ئۈچ دىنىي تەلىملەر كىتابىنى باسقان.

**3. قوغۇشۇن مەتبەئە:** تۇنجى قېتىم 1905 - يىلدىن كېيىن شىۋېت مىسسىيونېرلىرى ياۋروپادىن كەلتۈرگەن ئىدى. ئىككىنچى قېتىم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرگەن. باسمىدا بېسىلغان تۇنجى «ئەركىن ھايات» گېزىتى 1933 - يىلى تارقىتىلدى [6].

### ئۈرۈمچى باسما زاۋۇتى

شىڭ شىسەي 1936 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 5 مىليون رۇبلى ئېلىپ، نەشرىيات ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلغان. تۇنجى تۈركۈمدە ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە قوغۇشۇن، مىس ھەرپلەر، نابور تىزىش كاسسىلىرى قاتارلىق بىرقەدەر ئىلغار بولغان نەشرىيات ماتېرىياللىرىنى چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلتۈرگەن. بىر يىلدىن كېيىن، چوڭ تىپلىق سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى، بەت قاتلاش (قۇرۇتۇش)، بەت يۇيۇش، رەڭ ئايرىش، پۈتۈن تاۋاقلىق قەغەز كېسىش - تۈپلەش ماشىنىسى، مۇقاۋا، قەغەز پىرېسلاش ماشىنىسى... قاتارلىق نەشرىيات ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلىغان. باسما - نەشرىيات زاۋۇتىنىڭ كۆلىمى 24 مىڭ 500 كىۋادرات مېتىر بولۇپ، سوۋېت تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئىۋانوف قاتارلىق 13 ئىنژېنېرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىش باشلىغان. تىل - يېزىق، ساغلاملىق ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن تۇنجى 100 نەپەر ئىشچىنى قوبۇل قىلغان. نامى «شىنجاڭ باسما زاۋۇتى» ئاتالغان.

ھەر خىل سىياسىي ۋەزىيەتلەردە بوران - چاپقۇنلارغا دۇچ كەلگەن بۇ زاۋۇت، 1953 - يىلى ئاساسلىقى كىتاب - ژۇرنال نەشر قىلىدىغان نەشرىيات - باسما ئورگىنى بولغان. شۇ يىل ئاخىرىدىن باشلاپ «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»غا قوشۇۋېتىلگەن. 2010 - يىلغىچە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تىبەت - خىتاي تىل - يېزىقلىرىدا كىتاب - ژۇرنال نەشر قىلغان [7].

### ئالتاي نەشرىيات ئىدارىسى

مەمتىمىن بۇغرا، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىنلەرمۇ نەشرىياتچىلىقنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاقارتىش، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشتە مۇھىم كۈنتەرتىپكە قويغان. يەنى، 1945 - يىلى 5 - ئايدا «ئالتاي نەشرىيات ئىدارىسى»نى قۇرغان. ئەيسا بەگ – مۇدىر؛ ئىبراھىم مۇتىئى، سالىس – مۇئاۋىن مۇدىر؛ مەمتىمىن بۇغرا – باش مۇھەررىر؛ پولات قادىرى – مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولغان. ھەيئەتلەر 80 دىن ئاشقان.

بۇ ئىجتىمائىي تەشكىلات بولۇپ، «ئالتاي نەشرىياتى نىزامنامىسى»نى تۈزگەن ۋە تەستىق ئالغان. 1946 - يىلى ئاۋغۇستتا «ئالتاي ژۇرنىلى»نىڭ 1 - سانىنى نەشر قىلغان. رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى نەشرىياتقا كۆڭۈل بۆلگەن، غەمخورلۇق قىلغان. نەشرىياتمۇ جۇمھۇرىيەت ئۆچۈن تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى بېسىپ تارقاتقان. «ئالتاي نەشرىياتى» 1947 - يىلى يازدا «ئەرك گېزىتى»، «ئالتاي مەجمۇئەسى»نى نەشر قىلىپ، ئۈرۈمچى، جەنۇب - شىمال رايونلىرىمىزغا، ھىندىستان، پاكىستان، تۈركىيەدىكى يۇرتداشلارغا يوللاپ تۇرغان.

1947 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «تارىخ تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى»نى تەسىس قىلىپ، «تارىخ - جۇغراپىيە تەتقىقاتى» ۋە «تىل ئەدەبىيات تەتقىقاتى» دەپ ئىككىگە ئايرىغان. بۇ ئىلمىي جەمئىيەتكە: مەسئۇت سابىرى، مەمتىمىن ھەزرەت، ئەيسابەگ – باشلىق؛ ئىبراھىم مۇتىئى، چىڭگىزخان داموللام – مۇئاۋىن باشلىق بولغان. ھەربىر گۇرۇپپىدا 15 ئادەم بولغان. ئابلىز مەخسۇم، ئەسئەدۇللا داموللامىلار قاتناشقان. جەمئىيەت دەرنەك كونفېرىنسىيەسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

دەرنەك – سۆھبەت، دوكلات (كونفېرىنسىيە) مەنىسىدە بولۇپ، بۇ ئىسمنى ئىبراھىم مۇتىئى تەقدىم ۋە تەشەببۇس قىلغان. ئىلمىي دوكلات سورۇنىدا يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇلغان. مەسىلەن، مەمتىمىن ھەزرەت «ئاتوم بومبىسى ۋە ئاتوم ئېنېرگىيەسى» تېمىسىدا، بۇرھان ئەپەندى «سىبىرىيەدىكى تۈركلەر» تېمىسىدا، ئىبراھىم مۇتىئى «ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى»، مەسئۇت سابىرى «ئالتاي نامى» توغرىسىدا دوكلات بەرگەن. ئالتاي – «ئالتە ئاي» ئەمەس، «ئۇزاق» دېگەنلىكتۇر، دېگەننى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋەتەنىنىڭ يەر - جاي ناملىرى ئۈستىدە مۇنازىرە باشلىغان ئىدى.

دەرنەك شېئىر مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزگەن. ئالدىنقى ئۈچىنچى ئورۇننى ئالغۇچىلارغا ئالتۇن مېدال، شۋېيتسارىيە سائىتى، پاركېر قەلەم (ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن) تەقدىم قىلغان. (بۇ مۇكاپات بۇيۇملىرى سەنمنجۇيى ياشلار ئۆمىكىدىن قېپقالغان بولۇپ، ئەيسابەگ دەرنەككە ئىشلەتكەن. )

گومىنداڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تىنچلىق بىتىم ئىمزالىغاندىن كېيىن، نۇرغۇن زىيالىيلار «ئالتاي نەشرىياتى»دىن چەتنەپ، جۇمھۇرىيىتىمىز تەرەپكە ئۆتكەن. «ئالتاي نەشرىيات ئىدارىسى»دا ئىبراھىم مۇتىئى، پولات قادىرى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابلا نامان، خېۋىر تۆمۈر ھەممىدە بىر قىسىم ياشلار، سودا - سانائەتچىلەر قالغان.

دەرنەكنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتى 1948 - يىلى بولۇپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئاجىزلاشقان. «ئالتاي نەشرىياتى» 1949 - يىلى 9 ئاينىڭ 9 - كۈنى تاقىۋېتىلگەن.

### ئالتاي «خانتەڭرى نەشرىياتى»

ئالتايدىكى يەنە بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىي ياشلار 1946 يىلى «خانتەڭرى نەشرىياتى»نى قۇرغان. ئىبراھىم تۇردى – مۇدىر؛ سالىس – مۇئاۋىن مۇدىر؛ ئابلىمىت مەخسۇتوۋ، نۇر سادىروۋ، ھېمىت سۇلتان - مۇھەررىر بولغان.

بۇ ژۇرنال تارقىتىلغاندىن كېيىن، تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولغان. بولۇپمۇ، ياشلارنى جەلپ قىلىشتا بوشلۇق تولدۇرۇلغان. بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئىلى تەرەپتىن كەلگەن ياش

زىيالىيلار ئىلىغا قايتىپ كەتكەن. «خانتەڭرى نەشرىياتى»مۇ غۇلجىغا كۆچكەن.

بۇ يەردە پاسسىپ نەشرىياتچى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن قىسقا ئۇچۇر بېرەي:

قۇربان قوداي 1948 - يىلى «يالقۇن» گېزىتىنى نەشر قىلىشقا باشلىغان. ئاساسىي ماقالىلىرى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»گە قارشى مەزمۇندا ئىدى. ئۇ ئەسلىدە «ئالتاي نەشرىياتى»غا كىرگەن. ئەمما، «ئىلى ئىنقىلابى»غا قارشى تۇرۇش، زەربە بېرىشنى تەكىتلىگەن. پىكرى قوبۇل بولمىغاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا «يالقۇن»گېزىتىنى نەشر قىلىشقا باشلىغان.

قۇربان قوداي – خوتەن كېرىيەلىك. ھىندىستاندا، ئەرەب ئەللىرىدە بولغان، تۈركىيەدە ئوقۇغان. 1946 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. ئوردۇ، ئەرەب، تۈرك تىللىرىغا پىششىق ئىدى. قۇربان قوداي ئەيسا يۈسۈپلەر بىلەن ھىندىستان چېگراسىغىچە قېچىپ بارغان. ئەمما، چېگرادىن ئۆتمەي، قايتىپ كەلگەن. 1951 - يىلى، خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئۇنى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن [8].

**«خەلق مائارىپ نەشرىياتى»**

«خەلق مائارىپ نەشرىياتى» 1956 - يىلى 8 ئاينىڭ 26 - كۈنى قۇرۇلغان. ئىككى يىلدىن كېيىن 1962 - يىلى «خەلق نەشرىياتى»غا دەرسلىك بۆلۈمى قىلىپ قوشۇۋېتىلگەن. ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىككە بولغان جىددىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، 1973 - يىل ئاخىرىدا «مائارىپ نەشرىياتى» ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

نەشرىياتقا بولغان ئېھتىياج بۇنىڭ بىلەن تەلتۆكۈس ھەل بولمىدى. ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇرچە دەرسلىكلەر، پايدىلىنىش قوللانمىلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇ يىللاردا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ مۇدىرى ھاكىم جاپپارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1986 - يىلى « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى» قۇرۇلدى. كەسپىي خادىملارنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 1989 - يىلى «مائارىپ نەشرىياتى»نىڭ ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك تۈزۈش بۆلۈمى «ئۇنىۋېرسىتېت نەشرىياتى» غا قوشۇۋېتىلدى [9].

بۇ نەشرىيات مۇھىم دەرسلىكلەر، ئىلمىي قوللانما ۋە ماقالىلەرنى، كىتابلارنى نەشر قىلىشتا ئۈلگە بولدى.

× × ×

مەن بۇ ماقالەمدە ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى نەشرىيات تارىخىدىن قىسقا ئۇچۇرلارنى يوللىدىم. 1980 - يىلدىن باشلاپ، بۇ ساھەدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ھەممىمىز ياخشى بىلىمىز. ئەمما، بۈگۈنكى كۈنلەردە ۋەتەندە مەخسۇس ئۇيغۇر نەشرىياتى يوق. ژۇرناللىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى تاقالدى. ساقلانغانلىرى ئەبجەشلەشتۈرۈلدى. مائارىپ نەشرىياتى ئۇيغۇرچە دەرسلىك تۈزۈشتە كوزىر نەشرىيات بولغان ئىدى. باشلامچى زىيالىيلىرىمىزنىڭ ھەممىسى يوقىتىلدى...

## ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىمىز چەت ئەلدە داۋاملاشماقتا

چەت ئەلدە مۇنتىزىم ئۇيغۇر نەشرىياتىنى قۇرۇش، بۈگۈنكى ھالغا كەلتۈرۈش نۇرغۇن ئەقلىي، ئىقتىسادىي بەدەل تەلەپ قىلىدۇ. «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى»نىڭ قۇرغۇچىسى ئابدۇجېلىل تۇران ئەپەندى ھالقىلىق بىر نۇقتىدا ئەجدادلار ئىزىنى باستى. تارىخىي تۆھپىسى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ!

× × ×

يۇقىرىدا ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىق تارىخىدىكى تولۇق بولمىغان پاكىتلارنى كۆردۇق. ئالىملىرىمىز ۋە ياشلار ئىزدەنسە بۇ ھەقتە ئېچىلمىغان پاكىتلار تېخى كۆپ. نەشرىياتچىلىق ۋە تارىخىي يازما ئورگىناللىرىمىزنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدۇر.

«بىر مىللەتنى يوقىتاي دېسەڭ، ئاۋۋال ئۇنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى يوقات». بۇ، مۇستەبىت ھاكىملارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان قوللىنىپ كەلگەن رەزىل تاكتىكىسى. بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەردىن بىرى دەل كىتاب كۆيدۈرۈش بولغان.

1. ئەرەب قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ئەمىر قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم سەمەرقەنتكە بېسىپ كىرگەندە قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بارلىق كىتابلارنى كۆيدۈرگەن.

2. پانتېكىن گەنجۇدىكى يېڭى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قاغانى ئىدى (849 ــ 857)، ھۆكۈمەت تەرەپ خادىملىرى مانى دىنى كىتابلىرىنى كۆيدۈرگەن، سىزما رەسىملەرنى يىرتىۋەتكەن، چېقىۋەتكەن.

3. نايمان شاھزادىسى كۈچلۈكخان ئىككى قېتىم كىتاب كۆيدۈرگەن. كۈتۈپخانىلىرىمىزنى ۋەيران قىلغان.

4. ئاپاق خوجا ــ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا ئەشەددىي زىيان سالغان «مەدەنىيەت قاراقچىسى»دۇر. ئۇ 15 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە 150 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن. قۇرئان بىلەن ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق كىتاب، قولىيازمىلارنى كۆيدۈرۈپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە چېكىندۈرگەن.

5. شېڭ شىسەي 1933 - يىلى قۇمۇل - تۇرپاندىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا كەلگەندە، ئاۋۋال «قۇمۇل ۋاڭلىقى ئوردا كۈتۈپخانىسى» ۋە «لۈكچۈن خانلىق مەدرىسە»دىكى بارلىق كىتابلارنى كۆيدۈرگەن. تاشاخۇنۇم ئاتا - ئانىسىدىن قالغان 36 تەكچە كىتابنى ساقلىغان ئىدى. 1927 - يىلى ئاتۇش ۋاق - ۋاق بىلەن قەشقەردىكى كۈتۈپخانا، رەسەتخانىلارغا تام ئىشكاپى ئورنىتىپ ئېتىۋەتكەن. ئەمما، 1934 - يىلى شېڭ شىسەي بۇ كىتابلارنىمۇ يوقىتىۋەتكەن (كۆيدۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن) [10].

6. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدا كۆيدۈرۈلگەن كىتابلار نەچچە قەۋەتلىك بىنادەك دۆۋىلەنگەن. (كوناشەھەر ناھىيە زەمىن يېزىسىدىكى مۇھەممەت بوۋا ئەسلىمىسى)

7. ئەھمەتخان ئىبراھىم (1883 - يىلى جىنىڭ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان) نىڭ 3000 كىتابى كۆيدۈرۈلگەن [11].

### نەشرىياتىمىز ۋە ئىلمىي كىتاب بايلىقلىرىمىزنىڭ بۈگۈندىن ئاچچىق خەۋەر

بۈگۈنكى كۈنىمىزدە نەشرىياتچىلىقىمىز تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇلدا يوقىتىلماقتا.

مەن بىر تونۇشۇمدىن:

– غېنى سەمەت تىنچلىقمۇ؟ ئۇنىڭ «مەڭگۈتاش قىرائەتخانىسى»چۇ؟ – دەپ سورىدىم.

– غېنى سەمەتنى تىنىۋەتتى، – جاۋاب بەرگۈچى ھۆڭرەپ يىغلىدى. بەزلەشكىمۇ پېتىنالمىدىم.

مەن يەنە بىر تونۇشۇمدىن سورىدىم:

– ئالىي مەكتەپلەردىكى كىتابخانىلار ۋە «شىنخۇا كىتابخانىسى»چۇ؟

– ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى يوغان ماشىنىدا توغراپ، ئاندىن ئېلىپ كەتتى.

ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى راسا گۈللەنگەندىن بۇيان، مىڭلارچە ئەدەبىي ئەسەرلەر، مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان يۇقىرى سەۋىيەدىكى قىممەتلىك دەرسلىكلەر، ھەممە شەھەرلەردە نەشر قىلىنغان ئەدەبىي، ئىلىم - پەن، تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئائىت ژۇرناللار... خەلقىمىزنى ئاڭ جەھەتتىن تەربىيەلەشتە كۈچلۈك يېتەكچى بولغان ئىدى. ھازىر ھەممىسى يوقىتىلدى. چەت ئەللەردە قولىمىزدىكى بارلىق ماتېرىياللارنى توپلاش، ساقلاش بىزگە قالدى. ئۆتمۈش مەڭگۈ جىم تۇرىدۇ. بىز ئەمدى قانداق قىلىپ، ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىمىزنى تىرىلدۈرەلەيمىز؟

ئەگەر شۇنداق بىر پىلان تۈزۈلسە، مەن قولۇمدىكى بارلىق كىتاب - ژۇرناللارنى تەقدىم قىلىمەن.

### ئىزاھاتلار:


[1] سەلىمە .ئا. كامال: «غېرىب شىۋاقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل نەشرى، 283 - بەت.

[2] ئابلەت كامالوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ‹شىنە - ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى›»، «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى خەۋەرلىرى، 1994 - يىل 6 - سان.

[3] «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئىچكى ماتېرىيال)، ئىلى باسما زاۋۇتى ئەدىھەم ئابدۇمىجىت 118 - ، 119 - بەتلەر.

[4] ئابدۇۋەلى مۇقىيت: «مەدەنىيەت ئەربابى ھۆسەيىنبەگ يۇنۇسوۋ»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2014 - يىللىق 3 - سان.

[5] «'ئىلى گېزىتى' نىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مۇساپىسى»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1995 - يىللىق 2 - سان.

[6] مۇھەممەد ئىمىن قۇربانى: «قەشقەرنىڭ 1933 - يىلدىن 1946 - يىلغىچە بولغان مەتبەئەچىلىكى ۋە نەشرىياتچىلىقى»، «شاھىتلار نەزىرىدىكى تارىخ» (ئۈچىنچى توم)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2014 - يىل نەشرى، 459 - بەت.

[7] «شىنجاڭ باسما زاۋۇتى»نىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزۈلگەن ئىچكى ماتېرىيال (خىتايچە)، 1984 - يىل.

[8] «تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى.

[9] «تۆھپىكار مائارىپچى ئاپتور: ئابدۇسالام توختى»، «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» (13)، 276 - بەت.

[10] «يېڭى تاڭنامە» 287 – جىلد، 1 – 4 - بەتلەر. ئا. گ. مالياۋكىن «(IX ~ XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» 194 - بەت. نېۋوسىبىرسىك 28 - بەت (رۇسچە بۇ نۇسخىدىن ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان. )

[11] بۇ پاكىتلارنى يورۇتۇشتا، ئىمىن تاجى تۇرگۇن، تۇتىگۇل تۇرسۇن بىرلىكتە يازغان «مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى پاجىئە – كىتاب كۆيدۈرۈش»تىن پايدىلىنىلدى.

*بۇ ماقالىنى ئابدۇرېشىت نىياز تەھرىرلىدى.*

3

# پەرزەنتلەرگە نېملەرنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك؟

– كىملىكىمىزنى ساقلاپ قېلىشنىڭ يوللىرى

دەريا قىزى گۈلىس

بۈگۈنكى دۇنيا – يالغان ئەركىنلىككە تولغان، يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا خىرىسلار گالدىن بوغۇۋاتقان، جان - جەھلىمىز بىلەن جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە هايات قېلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان دۇنيادۇر.

شۇڭا هاياتىمىز، ئەڭ مۇھىمى، كىملىكىمىز خىرىسقا ئۇچراۋاتقان بۈگۈنكىدەك هايات - ماماتلىق ۋاقىتلاردا، كىملىكىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ كەلگۈسىمىزنىڭ ئۈمىدى بولغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تەربىيەسى ئۈچۈن ئۇلارغا نېملەرنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك؟ بۇ جەھەتتە مەن توختىماي ئىزدىنىپ، بۇ يولدا تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى تىزىپ چىقتىم. بۇ ئارقىلىق بىز ئاتا - ئانا بولغۇچىلار كىملىكىمىزنى ساقلاپ قېلىش يولىدا ئۈمىدىمىزنى يوقاتماي، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئانا تىلىمىزغا، ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزگە ۋە ئۆزگىچە مەدەنىيىتىمىزگە ۋارىسلىق قىلىشىغا شارائىت هازىرلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى قىلىش بەكمۇ مۇھىمدۇر.

1. پەرزەنتلەرگە سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىزنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

ئەلۋەتتە، تىل – بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى ئەقەللىي بىر شەرتتۇر. بىزنىڭ تىلىمىز بىزنىڭ كىملىكىمىزدۇر. شۇڭا ئانا تىلىمىزنى پەرزەنتلەرگە چوقۇم ئۆگىتىشىمىز ھەمدە دۇنياغا كەڭ تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە پەرزەنتلىرىمىزگە ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلاردىن

بۇرۇن چوقۇم قەغەز نۇسخىسىدىكى كىتابلارنى تونۇشتۇرۇشىمىز ھەمدە قولنى ئىشلىتىپ، قەلەم بىلەن قەغەزلەرگە خەت يېزىشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ كۆزنى ئاسراش، قولنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلىتىش ۋە ئېلېكتىرونلۇق ئەسۋابلارغا كۆنۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ياردىمى بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، بۇ ئارقىلىق ئانا تىلىمىزنى سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىمىزگە كىچىكىدىن باشلاپ سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزغا ۋارىسلىق قىلىشىغا شارائىت يارىتىشىمىز كېرەك.

2. پەرزەنتلەرگە مېھىر - مۇھەببەتنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

مېھىر - مۇھەببەت نەپرەتنى يوقىتىپ، خاپىلىقنى ئازايتىدۇ، ئىختىلاپنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئائىلە مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرۇپ، قېرىنداشلىق مېھرىنى مۇستەھكەملەپ، ئۆز-ئارا ئالاقىنى كۈچەيتىدۇ. بۇ ئارقىلىق پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ قالايمىقان تەرەپلىرى تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

3. پەرزەنتلەرگە ئاتا - ئانىنى سۆيۈشنى، ھۆرمەتلەشنى، ئاسراشنى ۋە ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

بۇ ھەرگىزمۇ «مەن باققاندىن كېيىن مېنى بېقىشى كېرەك» دېگەنلىك ئەمەس. بىز پەرزەنتلەرنى ياخشى بېقىپ، ئۇلگە بولۇپ، ئۇلارغا بىزنى سۆيۈشنى، ئاسراشنى ۋە ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆگەتسەك، ئۇلارمۇ باللىرىغا ئۆگىتىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن سۆيۈملۈك باللىرىمىزنىڭ كەلگۈسىدە يالغۇز تاشلىنىپ قالماي، پەرزەنتلىرى تەرىپىدىن ياخشى بېقىلىشىغا، ئاسرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ ھەمدە بۇ گۈزەل ئەخلاق ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قېلىپ، مىللىتىمىزگە چوڭقۇر سىڭىدۇ.

4. پەرزەنتلەرگە ئائىلىنىڭ ھەقىقىيلىكى ۋە مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈپ، ئائىلىسىگە سادىق بولۇشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

كىشىلەرگە بىردىنبىر ھەقىقىي ئەسقاتىدىغىنى ۋە يار - يۆلەك بولىدىغىنى پەقەت ۋە پەقەتلا ئائىلە. يېقىن دوست - يارەنلەرمۇ مەۋجۇت، ئەلۋەتتە! ئەمما ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ھەرقانداق يېقىن، سادىق دوستمۇ ۋاقتى كەلسە ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى تاللايدۇ. بۇنى چوقۇم پەرزەنتلەرگە بىلدۈرۈشىمىز، ئائىلىنى ئالدىنقى قاتارغا قويۇشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئائىلە مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرغىلى، مېھىر - مۇھەببەتنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

5. پەرزەنتلەرگە ئىسلام دىنىمىزنى تونۇتۇپ ۋە ئۆگىتىپ، ئېتىقادلىق بولۇشنى، ھالال ۋە ھارامنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاق جەھەتتىكى، پاكىز ھالال يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى، ئېسىل ئۆرپ - ئادەت جەھەتتىكى، ئېتىقاد ۋە باشقا نۇرغۇن جەھەتلەردىكى ئېسىللىكى بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ ئومۇملاشقان دىنلارنىڭ بىرى بولۇشى ھەممىيلەنگە مەلۇم. شۇڭا دىنىمىزنى پەرزەنتلەرگە كىچىكىدىن باشلاپ ئۆگىتىش ئۇلارنى جەمئىيەتنىڭ ناچار ئېقىمىغا كىرىشىدىن ساقلاپ، سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىمىزنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى، ئۆزىگە ياكى ئۆزگىگە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلانغىلى، شۇنداقلا كىملىكىمىزنى ساقلاپ قېلىشتا مۇھىم ياردىمى بولىدۇ.

6. پەرزەنتلەرگە ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز ۋە قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنى ئۆگىتىشىمىز

كېرەك.

بۇ ئارقىلىق پەرزەنتلىرىمىزنى مەنىۋى جەھەتتىن پەردازلاپ ۋە قوراللاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلۇقىمىزنىڭ نامايەندىسى بولغان ئېسىل ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلىنىپ قېلىشىغا، ئېسىل ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ چوڭقۇر سىڭىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، كىملىكىمىزنىڭ ساقلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

7. پەرزەنتلەرگە ئۆزىنى سۆيۈشنى، ھۆرمەتلەشنى ۋە ئاسراشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

ئۆزىنى سۆيگەندىلا باشقىلارنى سۆيەلەيدۇ. ئۆزىنى ھۆرمەتلىگەندە باشقىلارنى ھۆرمەتلىيەلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۆزىنى ئاسراشنى بىلىدۇ، ھەمدە بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزئارا ھۆرمەت شەكىللىنىدۇ.

8. پەرزەنتلەرگە ئۆزىنى مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قوغداشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

ئەپسۇسلىنارلىقى، جەمئىيەتنىڭ قالايمىقان تەرەپلىرى، خەتەرلىك ۋە ناچار ئادەملەر، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن خىرىسلار ھەممە يەردە بار. شۇڭا چوقۇم پەرزەنتلەرگە ھەر زامان ھوشيار بولۇشنى، خەۋپ - خەتەر، خىرىس ۋە ناچار ئادەملەرنى بايقاش ۋە پەرقلەندۈرۈشنى، قاتتىق دىققەت قىلىشنى، شۇنداقلا بالايىئاپەت ياكى خەتەرلەردىن قانداق قۇتۇلۇشنى، ئالاھىدە ياكى خەتەرلىك ئەھۋاللاردا قانداق ئىنكاستا بولۇشنى، ھەر تۈرلۈك قېچىش يوللىرىنى چوقۇم ئۆگىتىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم بىر مىسال، ئەگەر پەرزەنتلەر خەتەرنىڭ ئىچىدە قالسا، چوقۇم خەلقئارالىق ياردەم سوراش سىگنالىنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

بىخەتەرلىك – مەڭگۈ بىرىنچى. ئەگەر شارائىت يار بەرسە، بۇ جەھەتتە قىز - ئوغۇل دېمەي، قورال ئىشلىتىش بىلىملىرى، ئوۋچىلىق بىلىملىرى ۋە ھەر تۈرلۈك ئۆزىنى قوغداش بىلىملىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنىمۇ ئۆگىتىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى، بۇلار خەتەرلەردە ۋە قىيىنچىلىقلاردا ئەسقاتىدىغان مەزمۇنلارنىڭ بىرى. ئەمما بۇ سىزنىڭ ئەركىنلىكىڭىز، مەن سىزنىڭ ھېچقانداق ھەرىكىتىڭىزگە مەسئۇل ئەمەس.

9. پەرزەنتلەرگە ساغلام ۋە ھالال يېمەكلىكلەرنى تاللاپ، پاكىز تەييارلاپ ئىستېمال قىلىشنى، ئۆزلۈكسىز چېنىقىپ تۇرۇشنى، ساغلام تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

سالامەتلىك ھەممىدىن مۇھىم، بۇنىڭدا ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغىنى يېمەك - ئىچمەك، ئەلۋەتتە. شۇڭا بىز پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن باشلاپ، پاكىز، ھالال ۋە ساغلام يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشىمىز، بازارلاردىكى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنى، كەمپۈت، پېچىنە، ماروژنى قاتارلىق شېكەرگە تولغان ناچار ۋە زەھەرلىك يېمەكلىكلەرنى، يالغان سۈتلەر، يالغان مېۋە شەربەتلىرى ۋە ئېنېرگىيە ئىچىملىكلىرى قاتارلىق زىيانلىق يېمەك - ئىچمەكلەرنى پەرزەنتلەرگە تونۇشتۇرماسلىقىمىز كېرەك ھەمدە بازاردىن يېمەك - ئىچمەك سېتىۋالغاندا چوقۇم تەركىبىدە نېمە بارلىقىنى ئوقۇپ بىلىشىمىز ھەمدە پەرزەنتلەرنىڭمۇ مەھسۇلات سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن چوقۇم تەركىبىنى ئوقۇپ، نېمە بارلىقىنى بىلىشنى تەكىتلىشىمىز كېرەك. پەرزەنتلىرىمىزنى ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇپ چوڭ قىلساق، شۇنداقلا ساغلام ئوزۇقلىنىش ۋە داۋاملىق چېنىقىپ تۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرسەك، ئۇلار ساغلام يېتىلىپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە پايدىلىق.

10. ھاياتنىڭ قىسقا، دىدارنىڭ غەنىيمەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، دۇنياغا بىرلا قېتىم

كېلىدىغان بۇ قىسقىغىنە ھاياتنى قەدىرلەشنى، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەر بىلەن ئىزدىشىپ تۇرۇشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

ھاياتىمىز ناھايىتى قىسقا بولۇپ، ئۆتۈپ كەتكەن بوگۈن ھەرگىزمۇ قايتىپ كەلمەيدۇ. پەرزەنتلىرىمىزگە ھاياتنى قەدىرلەشنى ئۆگەتسەك، ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ھەمدە قەدىرلەيدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ.

11. ئاق كۆڭۈل، سەمىمي، ئەمما ئەقىللىق بولۇشنى ۋە قولىدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

ئاق كۆڭۈللۈك يۈرەكنى ياشنىتىدۇ، ئەمما زىيادە ئاق كۆڭۈللۈك ساددىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا چوقۇم ئەقىللىق بولۇشنى، راست - يالغاننى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئويلىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك. شۇنداقلا قولىدىن كەلمىسە، ياردەم قىلىشتا ئۆزىنى زورلىماي، چوقۇم ئۆزىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى، قاتتىق دىققەت قىلىشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك. بۇ ئارقىلىق سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، «ياردەم قىلدىم» دەپ ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇپ قېلىشنىڭ، ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئالدىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

12. باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندە، سەمىمي مىننەتدار بولۇشنى ۋە ئېرىشكەن ياردەملەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

بۇ ئارقىلىق ياردەملەر ئۆزئارا قايتۇرۇش شەكلىدە بولۇپ، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىگە ياردىمى بولۇپلا قالماي، مىننەتدارلىق تۇيغۇسى كۆڭلىگە داۋا بولالايدۇ.

13. كەمتەر بولۇپ، باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

كەمتەرلىك باشقىلاردا ئېسىل ئوبرازنى تۇرغۇزالايدۇ. پەرزەنتلىرىمىز كەمتەر بولۇپ يېتىلسە، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىگە ناھايىتى زور ياردىمى بولىدۇ.

14. پەرزەنتلەر دۇنيانىڭ قەيىرىدە تۇغۇلغان بولسۇن، ئۇلارغا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىنى ئۇنتۇماسلىقنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

ئەگەر پەرزەنتلەر باشقا يەردە تۇغۇلغان بولسا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەمدە ئەجدادلىرىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ۋە كىملىكىنى چوقۇم تونۇشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئازابلىق بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىنتايىن ھەم مۇھىم پەخىرلىك تەربىيەدۇر.

15. قەيسەر، مەردانە بولۇپ، مۇشكۈلاتلارغا باش ئەگمەسلىكنى، ئۈمىدىنى ھەرگىز يوقاتماسلىقنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

بۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ قىيىنچىلىققا باش ئەگمەي، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ياردىمى بولىدۇ.

16. توختىماي يېڭى بىلىم - ئۇچۇرلار بىلەن ئۆزىنى يۇختىلاپ مېڭىشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

جەمئىيەت ئۆزگىرىپ، پەن - تېخنىكىلار يېڭىلىنىپ، دۇنيا مەڭگۇ تەرەققىي قىلىپ ماڭىدۇ. ئارقىدا قالماسلىق ئۈچۈن، چوقۇم پەرزەنتلىرىمىزگە ئۆزىنى توختىماي يۇختىلاپ تۇرۇشنى دەۋەت قىلىشىمىز كېرەك.

17. تىرىشىپ ئىشلەپ، كەلگۈسىنى يارىتىش بىلەن بىرگە، ھالال ئەمگىكىدىن ھوزۇرلىنىشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

جاپا تارتىش دۇنيادىكى ئەڭ پۈتمەس شەرەپتۇر. پەرزەنتلىرىمىزگە چوقۇم ھالال ئەمگىكىدىن ھوزۇرلىنىشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك. بۇ ھوزۇر داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشتە، جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ھالقىلىق ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

18. مالىيە باشقۇرۇشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

پەرزەنتلىرىمىزگە چوقۇم بەلگىلىك پۇل يىغىپ ساقلاشنى ئۆگىتىپلا قالماي، ئۆي ياكى چارۋا قاتارلىق مال - مۈلۈكلەرنى سېتىۋېلىشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك. ئاسان ئوغرىلىنىپ كەتمەيدىغان، بانكىلار تۈگەشسە تەسىرى بولمايدىغان ھەمدە بەكرەك ئەسقاتىدىغىنى مۈلۈكلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا بەلگىلىك مەبلەغ سېلىشنىمۇ ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

19. ھەر ۋاقىت ئالاقىدە بولۇش ئۈچۈن، پەرزەنتلىرىمىزگە يانفون بەرسەك بولىدۇ، ئەمما ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئالاقىلىشىش، كۆڭۈل ئېچىش دېتاللىرىنى بەك بالدۇر تونۇشتۇرماسلىقىمىز كېرەك. ئۇلارنى باشقىلاردىن بىلىپ قالسا، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى بىخەتەرلىكى ئۈچۈن چوقۇم نېمىلىكىنى بىلىشىمىز، تەكشۈرۈشىمىز ۋە چەكلىشىمىز كېرەك.

20. پەرزەنتلىرىمىزگە ئۆيدە ئارتۇق يېمەك - ئىچمەكلەرنى ساقلاشنى، بىخەتەرلىك ۋە ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇملىرىنى تەييارلاپ ساقلاشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك. بۇلار ئالاھىدە ئەھۋاللاردا، بالايىئاپەت ۋە ياكى قىيىنچىلىقلاردا ھاياتنى ساقلاپ قېلىشتا ئەسقاتىدۇ.

21. پەرزەنتلىرىمىزگە چوقۇم قانۇن - تۈزۈملەرنى ئۆگىتىشىمىز، قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى ئۆگىتىشىمىز ۋە قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك. بۇ ئارقىلىق پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ناتونۇشلار ياكى قانۇن تەرەپدارلىرى ئالدىدا تەمتىرەپ قالماي، ئۆزىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداشتا زور ياردىمى بولىدۇ.

22. ئاتا - ئانىمىزدىن ئۆگەنگەنلىرىمىزنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئېسىل نەرسىلىرىمىز ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قېلىپ، ئۇيغۇرلۇقىمىز ساقلىنىپ ماڭىدۇ.

ئەلۋەتتە، پەرزەنتلىرىمىزگە مەكتەپلەردە ئۆتۈلمەيدىغان يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى ۋە باشقا نۇرغۇن ئېسىل مەزمۇنلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، بىز ئاتا - ئانا بولغۇچىلارمۇ ئۆزىمىزنى چوقۇم پۇختىلاپ تۇرۇشىمىز كېرەك. بىلىم ھەرگىزمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

سۆيۈملۈك خەلقىم، باش ئەگمەيلى، ۋاز كەچمەيلى! نەپەسلا بولىدىكەن، ئۈمىدنىڭمۇ بارلىقىغا ئىشىنەيلى! ئۆزىمىزگە ئىشىنەيلى، پەرزەنتلىرىمىزگە ئىشىنەيلى! چىداملىق بىلەن ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويماي، ئەكسىچە ياخشى ئاسراپ، بارلىقىمىزنى ئۇيغۇرلۇقىمىزنىڭ ئۈمىدى بولغان پەرزەنتلەرگە بېغىشلايلى، توختاپ قالمايلى! بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىزنى، كىملىكىمىزنى ساقلاپ قېلىشتىكى ئىزچىللىقىمىزنى ۋە تىز پۈكمەس روھىمىزنى كۆرگەن سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىمىز بىزدىن ئۆرنەك ئالىدۇ، مىللىي كىملىكىمىزگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇرلۇقىمىز

ساقلىنىپ ماڭىدۇ. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بىز ۋاز كەچمىسەكلا، جىسمىمىز ئۆلسە ئۆلىدۇكى، روھىمىز ھەرگىز يوقالمايدۇ!

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

4

# مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ مەنتىقىلىق يولى

مەمتىمىن ھەزرەت

دۇنيا ئۇرۇش تارىخى تەتقىقاتچىلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ يەتتە مىڭ يىللىق ئۇرۇش تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ھەر 100 يىلنىڭ 87 يىلى ئۇرۇش ئىچىدە ئۆتكەن. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بولۇپمۇ 1980 - ، 1990 - يىللاردىن كېيىن دۆلەتلەر ئارا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولمىغان بولسىمۇ، ئەركىنلىككە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان يەرلىك مىللەتلەر بىلەن ئۇلارنى ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇتۇپ تۇرغان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە ئازىيىپ دولقۇنسىمان داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

ئازادلىققا ئېرىشىش يولىدا كۈرەش قىلغان ۋە قىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ تاللىغان كۈرەش شەكلى، سىياسىي ئىدېئولوگىيەسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەركىنلىك كۈرىشى يولىدا غەلىبىگە ئېرىشكەن مىللەتلەر بار، مەغلۇپ بولغان مىللەتلەر بار، كۈرەشلىرىنى داۋام قىلىۋاتقان مىللەتلەر بار. بۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، تېخى گۆدەكلىك دەۋرىدە ئىلگىرىلەۋاتقان، تېخىچە ئۆز ۋەتىنىدە قوراللىق كۈرەش قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ توغرا يولدا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، دەپ ئويلايمەن.

## مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىللار

### 1. مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن مىللەتلەر

بوسنىيە ۋە كوسوۋو تۆلىگەن بەدەللىرىگە يارىشا مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. بۇنىڭ سەۋەبى، NATO ھەربىي قىسىملىرىنىڭ بۇ مىللەتلەرنى سېرب قەتلىئامىدىن قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇشقا

قاتنىشىپ سېرىبىيەنى تىنچلىق كېلىشىمگە ئىمزا قويغۇزغانلىقىدىن بولدى.

بۇ يەردە ئىراق كۇردلىرىنىڭ 100 يىلدىن ئارتۇق كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە ئېرىشكەن غەلىبىلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ دىققەت قىلىشىغا تېگىشلىك مۇھىم تەجرىبە.

ئىراق كۇردىستانى گەرچە بوگۇن (تۈركىيەنىڭ قارشى چىقىشى تۈپەيلى) مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بىر دۆلەتتە بولغان دۆلەت تەۋەلىكى ۋە دۆلەت تەشكىلاتى مەۋجۇت. ئىراق كۇردىستانىنىڭ مىللىي پۇلى بار، ئارمىيەسى بار، دۆلەت بايرىقى، دۆلەت شېئىرى بار، دۆلەت چېگراسىدا تاموژنا بار، دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى بار، كۇردىستانىنىڭ مەركىزى ئەربىل ئىككىنچى دۇبەي دېگەن نامغا ئىگە. بۇ ئىنتايىن گۈللەنگەن بىر شەھەردۇر.

كۇردلار بۇ غەلىبىگە قانداق ئېرىشتى؟ ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن يولغا بىر نەزەر سېلىشنىڭ پايدىسى باردۇر.

موللا مۇستافا بارزانىنىڭ ھاياتى ئەڭ ياخشى بىر ئۆرنەكتۇر. مۇستافا بارزانى 1903 - يىلى ئىراق كۇردىستانىنىڭ بارزانىيە يېزىسىدا تۇغۇلغان. بارزانى ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەندە، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن دىيارباكىرغا سۈرگۈن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. دادىسى، بوۋىسى ۋە چوڭ ئاكىسى ئابدۇسالام كېيىنچە ئوسمانلى دائىرىلىرى تەرىپىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن قوزغىلاڭلار سەۋەبىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ جازا ئەمەلىيلەشمىگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ 1919 - يىلى ئەنگلىيە ئىشغالچىلىرىغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقان. 1932 - يىلدىن باشلاپ كۇردلارنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ، كۆپ قېتىم ئىسيان چىقاردى. 1945 - يىلى ئىنگلىز مۇستەملىكىسىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك بىر ئىسياندا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئىراننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشغالىيىتى قىسمىغا قېچىپ كېلىپ، بىر مەزگىل پاناھلاندى.

1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 – كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن ئىران چېگراسى ئىچىدە كۇرد ماخاباد جۇمھۇرىيىتى (Republic of Mahabad) قۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. دەرھال ماخاباد جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، چوڭ گېنېراللىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ماخاباد جۇمھۇرىيىتى ئىران ئارمىيەسى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلگەنىدە (1946 - يىلى 12 - ئايدا) ئىراندىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، تۈركىيە - ئىران چېگراسى ئارقىلىق تەخمىنەن 500 دەك قوراللىق كىشى بىلەن بىرلىكتە موسكۋاغا كەلدى. موسكۋا ھەربىي ئاكادېمىيەسىدە يەتتە يىل ئوقۇپ گېنېراللىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 1946 - يىلى مۇستەقىل كۇرد جۇمھۇرىيىتىدە تۇغۇلغان ئوغلى مەسئۇت بارزانىمۇ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى موسكۋادا رۇسچە ئوقۇدى. ئۇ بۇ يەردە تۇرغان مەزگىلدە موسكۋادا ئوقۇغان.

كۇردىستاندىكى موللىلار مۇستافا بارزانىغا «قىزىل موللا» دەپ لەقەم قويىدى ۋە خەلقنى بۇ قىزىل موللىغا ئەگەشمەسلىككە چاقىردى.

ئىراقتا 1958 - يىلى گېنېرال ئابدۇلكەرىم كاسىم، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. خرۇشېۋ ھۆكۈمىتى، ئىراق ھۆكۈمىتى بىلەن كۇردلارنى ياراشتۇرۇپ قويىدى. گېنېرال مۇستافا بارزانى باغداتقا قايتتى ۋە مىنىستىر بولدى.

1961 - يىلى كۇردىستاندا ئىراق ئارمىيەسىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك ئىسيان قوزغىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئىراق ئارمىيەسىنى بۇ رايوندىن قوغلاپ چىقىرىپ، «پەشمەرگە» ئىسمىدىكى

كۇرد مىللىي ئارمىيەسىنى قۇردى.

1967 - يىلىدىكى ئەرەب - ئىسرائىل ئۇرۇشىدا ئىسرائىل غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، مۇستافا بارزانى ئىسرائىلىيەنى زىيارەت قىلدى ۋە غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى. مۇسۇلمان كۇردلارنىڭ، مۇسۇلمان ئەرەب زۇلمىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ياردەم ئىستىدى. (ئۇ چاغدا بىر نەچچە مىڭ كۇرد يەھۇدىي ئىسرائىلغا كۆچۈپ بولغان ئىدى. بۈگۈن ئىسرائىلىيەدە 40 مىڭدىن ئارتۇق كۇرد يەھۇدىي ياشايدۇ). ئىسرائىلىيە بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئەرەب دۆلەتلىرىدىن غەنىيمەت ئالغان بارلىق قورال - ياراغلارنى مۇستافا بارزانىغا ھەدىيە قىلىپ بېرىۋەتتى. ئىراق كۈتلىرى تارىختا كۆرۈپ باقمىغان زامانىۋى تانكا، قورال - ياراقلارغا ئېرىشتى.

1970 - يىللاردىن كېيىن ئىراق بىلەن ئىستراتېگىيەلىك دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالىغان موسكۋا، بارزانىغا بولغان ياردىمىنى تامامەن توختاتتى.

مۇستافا بارزانى، ئامېرىكىدىكى يەھۇدىي لوبىسىنىڭ قوللىشى بىلەن ۋاشىنگتونغا بېرىپ، ئامېرىكا دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ياردەم ئىستىدى. ئامېرىكا بولسا ئۇ زامانقى قەدىناس دوستى ئىران ئارقىلىق ئىراق كۇردلىرىغا قورال - ياراغدىن باشلاپ ھەر خىل ياردەملەرنى ئۈزلۈكسىز بېرىپ تۇردى.

مۇستافا بارزانى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا داۋالىنىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا كەتتى ۋە 1979 - يىلى 75 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ قەبرىسى ۋاشىنگتوندا.

ئىراقنىڭ 1990 - يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كۇۋەيتنى ئىشغال قىلىشى بىلەن باشلانغان كىرىزىس نەتىجىسىدە، 37 دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنگلىيە، فرانسىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، سۈرىيە ۋە مىسىر قاتارلىق ئىتتىپاقداش كۈچلەر باشچىلىقىدىكى ئىراققا قارشى ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلدى. ئامېرىكا دەرھال كۇرد رايونىنى ھىمايىسى ئاستىغا ئالدى. ئىراق كۇردىستان ھاۋا رايونىنى ئۇچۇش مەنئى قىلىنغان رايون دەپ ئېلان قىلدى. بۇ رايونغا يېقىنلاشقان ئىراق ئايروپىلانلىرى ئامېرىكا تەرىپىدىن ئېتىپ چۈشۈرۈلدى.

2003 - يىلى 20 - مارت كۈنى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق ئىتتىپاقداشلار ئارمىيەسى ئىككىنچى قېتىم ئىراققا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئىراق ئارمىيەسىنى تارقىتىۋەتتى. سادامنى تۇتۇپ كۇرد سوتىغا تاپشۇرۇپ بەردى. سادام ھۈسەيىننى كۇرد سوتچى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. بۇ ئارىدا ئامېرىكا، ئىراق كۇردلىرىنىڭ ئارمىيەسى بولغان «پەشمەرگە»لەرنى مۇنتىزىم ئارمىيە قىلىپ تەربىيەلەپ بەردى. ئىراق كۇردلىرى دۆلەت سىستېمىسىنى قۇرۇۋالدى. ئەربىلگە تۇنجى كونسۇل ئاچقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى خىتاي بولدى. خىتاي مەسئۇت بارزانى، جەلال تالابانىلارنى بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىپ، ئاستىغا قىزىل گىلەم سېلىپ كۈتۈۋالدى. 2010 - يىلىغا قەدەر خىتاينىڭ ئىراق كۇرد رايونىنىڭ پەقەتلا نېفىتى ئۈچۈن سالغان مەبلىغى 2 مىليارد دوللاردىن ئاشىدۇ.

ئىراق كۇردلىرىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشىدە مۇنۇلار مۇھىم رول ئوينىدى: 1) مىللىي مەنپەئەتكە قايسى يول پايدىلىق بولسا، ئۇ يولنى تاللاشتىن ۋاز كەچمىدى؛ 2) ئەڭ مۇھىم ئامىل، ئىراقنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيەسىگە قارشى ئامېرىكىنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيەسىنىڭ جەڭگە ئاتلىنىشى ۋە ئىراق ئارمىيەسىنى تامامەن تارمار قىلىشى بولدى.

ئىراق كۇردلىرى ئەركىنلىك ئۈچۈن 100 يىلدىن ئارتۇق قان تۆكتى، ئەمما تەلتۆكۈس

غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى. ئامېرىكىنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيەسى ئىراققا كىرمىسە ئىدى، كۇردلار بۈگۈنكى ئەركىنلىككە ئېرىشەلمىگەن ۋە ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمىغان بولاتتى. ئامېرىكىنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىراق كۇردلىرى ئاخىرى مىللىي ھۆرىيىتىگە ئېرىشتى.

ئىراق كۇردلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدۇر، يەنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ياردىمىدىن ئەپچىل پايدىلىنىشتىن ئىبارەت دىپلوماتىك ئۇستىلىققا ئىگە بولغانلىقىدۇر.

## 2. ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەپمۇ ئاخىرى مەغلۇپ بولغان مىللەتلەر

بۇ خىلدىكى بىر قانچە مىللەتنىڭ تەقدىرىنى تەتقىق قىلدىم. بۇ يەردە بىرلا مىللەتنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىمەن.

سىرىلانكىدىكى تامىل مىللىتىنىڭ يولباشچىلىرى تامىل مىللىتىنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن 1976 - يىلى «تامىل ئازادلىق يولۋاسلىرى» ئىسمىدا بىر تەشكىلات قۇردى. ئۇلارنىڭ قىزىل بايرىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يولۋاسنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن. 21 مىليون نوپۇسلۇق سىرىلانكا دۆلىتىدە 3 مىليون ئەتراپىدا تامىل مىللىتى ياشايدىغان بولۇپ، تامىللار سىرىلانكىنىڭ ئىككىنچى چوڭ مىللىتى ھېسابلىناتتى. «تامىل يولۋاسلىرى» سىياسىي ۋە دېموكراتىك كۈرەشتىن بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، 1983 - يىلى قوراللىق كۈرەشنى باشلىدى. تامىل پارتىزانلىرى بالىچاقا، چارۋا - ماللىرىنى بىللە ئېلىپ مېڭىپ ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇپ، ئازادلىق ھەرىكىتىگە قارشى ھۆكۈمەتكە خىزمەت قىلغان، ياكى تامىل پارتىزانلىرىغا ياردەم قىلمىغان تامىللارنى قاتتىق جازالاپ كەلگەچكە، تەشكىلات كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى. ئۆسمۈرلەرنى قوراللاندۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خاراكتېردىكى ھۇجۇملار تامىل پارتىزانلىرىنىڭ ئىجادى ئىدى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئائىلە، بالىچاقىلىرىنى بىللە سۆرەپ يۈرۈش ئۇسۇلىنى «ئىراق - شام ئىسلام دۆلىتى» تامىللاردىن ئۆگەنگەن ئىدى). ھىندىستاندا 62 مىليون تامىل مىللىتى بار بولۇپ، تامىل پارتىزانلىرى ھىندىستان ۋە ياۋروپادىكى تامىللاردىن ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى ياردەمگە ئېرىشىپ تۇردى. «تامىل يولۋاسلىرى» ھىندىستان، ئامېرىكا، ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرىپىدىن «تېررورىست تەشكىلات» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. 40 يىللىق كۈرەش جەريانىدا سىرىلانكىدا 40 مىڭدىن ئارتۇق پۇقرا ئۆلدى.

2009 - يىلى سىرىلانكا دۆلەت ئارمىيەسى بىر چوڭ ئەسكىريي ھەرىكەت بىلەن تامىل پارتىزانلىرىنى قىرىپ تاشلىدى. 2009 - يىلى 5 - ئايدا تامىل يولۋاسلىرىنىڭ لىدېرى ۋە باش قوماندانى ۋەلۇپىللاي پرابھاكاران (Velupillai Prabhakaran) ئۆلتۈرۈلدى. ھايات قالغان پارتىزانلار تۈرمىلەرگە قامالدى. ھازىر سىرىلانكىدا «تامىل يولۋاسلىرى» دەيدىغان بىر تەشكىلات يوق. ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ تۈپ سەۋەبى، خەلقئارادا ئۆزلىرىنى قوللايدىغان كۈچلەرنى ئىزدەشكە ئېتىبار بەرمىگەنلىكى، دېموكراتىك غەرب دۆلەتلىرىگىمۇ دۈشمەن كۆز بىلەن قارىغانلىقىدىدۇر.

ئاجىز كۈچ، كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا دۈشمەننىڭ كۈچلۈك دۈشمىنى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك ئەڭ زور سىياسىي كورلۇقتۇر.

## 3. غەلىبە قىلىشى ئىمكانسىز، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ يوقلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئازادلىق ھەرىكەتلىرى

«ئىراق - شام ئىسلام دۆلىتى» (ISIS) تەشكىلاتى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا ئىراقلىق سۈننى ئەرەبلەر، ھاكىمىيەت بېشىدىكى شىئە ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچراۋاتاتتى. 2008 - يىلىدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇساپىرلار كومىتېتىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، سۈرىيەدە «1 مىليون 852 مىڭ 300 نەپەر ئىلتىجا قىلغۇچىلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ 1 مىليون 300 مىڭ نەپىرى ئىراقتىن قېچىپ كەلگەن ئىلتىجا قىلغۇچىلار ئىدى. 600 مىڭ نەپىرى پەلەستىنلىكلەر ئىدى». سۈرىيەدە سۈننى مۇسۇلمانلار 60% نى ئىگىلىسىمۇ، تارىختىن بېرى 13% نوپۇسقا ئىگە شىئەلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى، كەمسىتىلەتتى ۋە زۇلۇم كۆرەتتى. ئەسلىدە «ئىراق - شام ئىسلام دۆلىتى» ئىراق ۋە سۈرىيەدىكى سۈننى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەركىن - ئازادە ياشاش غايىسى بىلەن قۇرۇلغان تەشكىلات ئىدى.

ISIS دەسلەپ ئوتتۇرىغا چىققاندا، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، قاتار قاتارلىق سۈننى باي دۆلەتلەر قوللىدى ۋە ماددىي ياردەملەردە بولدى. تۈركىيەمۇ ئەسەد ھۆكۈمىتىگە قارشى قەتئىي پوزىتسىيە بىلدۈردى. ISIS تېز سۈرئەت بىلەن ئىراق ۋە سۈرىيەنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنلىرىنى ئىگىلىدى. ISIS بىردىنلا ئەسىر ئېلىۋالغان گۇناھسىز ياۋروپا پۇقرالىرىنىڭ بېشىنى كېسىپ، بۇ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ ۋىدىيولىرىنى خەلقئالەمگە يايدى. پۈتۈن «كاپىرلار دۇنياسى»غا ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

ئىسرائىلىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى ئېھۇد ئولمېرت مۇنداق دېگەن: «بەششار ئەسەد بىز بىلەن بىللە بولۇش تەكلىپىمىزنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن سۈرىيەنى ئىچكى ئۇرۇشقا باشلىدۇق. سۈرىيەدىكى بارلىق تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى ئەسەدكە قارشى تەشكىللەندى، بەزى دۆلەتلەر بۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش دەپ قارىماقتا. »(مىللىيەت گېزىتى، 2023 - يىلى 17 - ئۆكتەبىر). دېمەك، ISIS تەشكىلاتىنىڭ ئىچىگە ئىسرائىل جاسۇسلارنى كىرگۈزۈۋەتكەن بولۇپ، بۇ جاسۇسلار قارار قىلغۇچى رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئورۇن ئالغان. خىتاي ۋە رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ بۇ پىلانغا ماسلىشىپ مۇسۇلمانلارنىڭ سۈرىيەگە بېرىشىنى رىغبەتلەندۈرگەن ۋە ئورۇنلاشتۇرغان. ISIS نىڭ سۈننى ئەرەبلەرنىڭ خاتىرجەم ياششى ئۈچۈن دۆلەت قۇرۇش پىلانى ئۆزگىرىپ، غەرب دۆلەتلىرىگە قارشى «جىھاد»قا ئايلانغان. ISIS نىڭ ئاقىۋىتىنى ھەممىمىز بىلىمىز. بۈگۈن ISIS نىڭ سۈرىيەدە، ياكى ئىراقتا ھېچقانداق بازىسى يوق. پەقەتلا سۈرىيەدىكى ھول ئەسىرلەر لاگېرىدا 65 مىڭ تۇل ئايال ۋە يېتىم باللار بار. ئۇلار ISIS جىھادچىلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى. سۈرىيە ۋە ئىراقتىكى لاگېرلاردا 100 مىڭدىن ئارتۇق يېتىم بالا ۋە تۇل ئاياللار دوزاخ ئازابىنى تارتىۋاتىدۇ. بۇ لاگېرلاردا 400 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر تۇل ئايال، 1200دىن ئارتۇق يېتىم ئۇيغۇر بالا بار.

«ئىراق - شام ئىسلام دۆلىتى» تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە زورىيىشىدا خىتاينىڭ بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھەسسىسى بار. 2016 - يىلى يازغان تۈركچە بىر ماقالەمدە بۇ توغرۇلۇق پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. خىتاي، تانكىغا قارشى مۇرىگە قويۇپ ئاتىدىغان راكېتالارنى

كۆپ مىقداردا پاكىستان ۋە كامبودژاغا ساتقان بولۇپ، پاكىستان بىلەن كامبودژا بۇ راكېتالارنى نېفىت قارشىلىقىدا ISIS قا ساتقان. بىر قانچە يىل داۋام قىلغان بۇ قورال سودىسى، 2016 - يىلى خىتاينىڭ چەت ئەلدە بىر قورال - ياراغ كۆرگەزمىسىدە دىققەت تارتقان ئىدى. خىتايلار بۇ كۆرگەزمىدە «سۈرىيە ئارمىيەسىنىڭ 400 دىن ئارتۇق تانكىسىنىڭ يېرىمى بۇ راكېتا بىلەن ئۇرۇپ پاچاقلاندى» دەپ تونۇشتۇرۇشى نەتىجىسىدە غەرب مېدىياسىنىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋە بۇ خىتاي راكېتالىرىنىڭ قانداق يول بىلەن ISIS نىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكى ئېنىقلانغان ئىدى.

**خۇلاسە**

1. رادىكال شوئارلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، «دۇنيانى فەتھ قىلىش»تىن ئىبارەت مەنتىقسىز غايە بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ھەرقانداق رادىكال تەشكىلاتلار يوق بولدى ۋە يوق بولۇشقا مەھكۇم.

2. مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنى «دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلىش» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش، ئۆزىنى يوق قىلىش يولىغا قارىغۇلارچە مېڭىش دېمەكتۇر.

3. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنى «خىتايغا ئوخشاشلا كاپىر ۋە دۈشمەن» دەپ ھەرىكەت قىلىش ياكى شۇنداق دېگۈچىلەرنىڭ تۇزاقلىرىغا چۈشۈپ قېلىش، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى يوقىتىشتا خىتايغا ئاشكارا ماسلىشىش دېمەكتۇر.

شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ مەنتىقلىق يولىنى تاللاشتا يۇقىرىقى پاكىتلار پايدىلىق دەپ قارايمەن.

2024 - يىلى 1 - ئاي

*بۇ ماقالىنى ئۆمەر ئىمىن تەھرىرلىدى.*

5

# ئات ئۈستى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ تارىخى، بۈگۈنى ۋە «سارغايدى» توغرىسىدا

سەلىمە ئا. كامال

ئەجدادلىرىمىز مەركىزىي ئاسىيادا، يەنى شەرقتە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى، غەربتە ئېرتىش دەريا ۋادىسى، تاشقى موڭغۇلىيە ئەتراپلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆچمەن تۇرمۇشتا ياشىغان. (ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئاپتور ئېيتقاندەك كۆچمەن تۇرمۇشتا ياشىغان بولسا، يەنە بىر قىسمى تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىلىرىدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ئېكىنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىدى. – مۇھەررىردىن) ئۇلاردا ھاياتلىق ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاشقا ئېھتىياج تۇغۇلغان بولسا، ياشاش ئۈچۈن ئىگىلىگەن زېمىنلىرىنى قوغداشقا ئېھتىياجلىق ئىدى. تۇرمۇش بىلەن ئۇرۇش بىر گەۋدىلەشكەن زامانلار ئۇيغۇرلارغا جەسۇر، قارام، جەڭگىۋار پىسخىكا ئاتا قىلغان. «ئۇلار ئافراسىياپنى ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك قاغانى دەپ بىلەتتى. ئافراسىياپنىڭ قاپلاندەك كۈچلۈك، قاپلاندەك جەسۇر مەنىسىدىكى ‹ئالىپ ئەرتۇڭا› دېگەن نامى بولۇپ، تېگىنى رىۋايەتتىكى بۇ شەخسكە باغلاپ، ئۆزلىرىنى شۇ ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارايتتى» [1]. ئۇلار جەڭگىۋارلىقنى نامايان قىلىدىغان ئۇرۇشتىمۇ، تىنچلىقتىمۇ ئاتتىن ئايرىلالمايتتى. ئات – ئىرادە چېنىقتۇرۇش، ئۇرۇش ماھارىتىنى پىششىقلاشتا قانات بولۇپ قالماي، سەپەردە، تاغ - دەريالاردىن ئېشىشتا، كېچىشتە قاتناش قورالى ئىدى. ئات ئەرنىڭ قانىتىلا ئەمەس، ئەلنىڭمۇ قانىتى بولغان قەدىمدە، ئۇيغۇرلاردىكى ئات ئۈستى مەدەنىيىتى چەت ئەللەرگىمۇ تارقالغان ئىدى. بۇ ھەقتە سۈي سۇلالىسى (581 – 618) نىڭ داڭلىق خىتاي شائىرى يۈەن جىن «نەمۇنىلىك نەغمىلەر» دېگەن شېئىرىدا:

*ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ - زىنىنەت، تىل ئۆگىنىش،*
*بولدى بەس - بەسلىك بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.*

دەپ يېزىپ ئۇيغۇرچە ئات مىنىش ماھارىتىنىڭ چەت ئەللەردىمۇ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغانلىقىدىن ئۇچۇر بەرگەن.

ئەجدادلىرىمىز ياۋا ئات كۆندۈرۈشتىمۇ ئەڭ ئاۋۋال باشلىغان قوۋملاردىن بولۇپ، ئاتلىرى تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاشقاندا، ئات سودىسى قىلىشقان. بۇ ھەقتە تاڭ سۇلالىسى (618 – 907) نىڭ خىتاي شائىرى بەي جۈيى «چوغاي يولى» ناملىق شېئىرىدا:

*چوغاي يولى، چوغاي   يولى ئۇزۇن يوللار،*
*قارا دۆڭنىڭ سۈيى ئەلۋەك، بۇلاق قاينايدۇ.*
*ئۇيغۇر ئەھلى ئات ساتقىلى كەلسە ھەر دائىم،*
*بۇ يوللارنىڭ بويلىرىدا گىياھ قالمايدۇ.*

دەپ يازغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئات ئۈستى مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مىللىي تۈسى قويۇق، ماھىرلارنىڭ بەدەن ساپاسىغا، ئاتنىڭ سۈرتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرى بولغان. ئۇلار ھايۋان ۋە ئادەملەر بىلەن ئېلىشىدىغان ئوۋ ۋە جەڭ مەيدانىدىكى ماھارىتىنى تىنىچ كۈنلەردىمۇ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، تەنتەربىيە مەدەنىيىتىنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى – مۇسابىقىلىشىش مەيدانلىرىنى بەرپا قىلىشقان. بولۇپمۇ ئات ئۈستى تەنھەرىكەت مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى ئەركەكلەر ئۈچۈن قان تۆكمەيمۇ كۈچ سىنايدىغان بىر تۈر بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ مىراسلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ، مەزمۇنى، قائىدىلىرى جەھەتتىن مۇكەممەللىشىپ، تۈرى جەھەتتىن كۆپەيدى ۋە تېخىمۇ ئىلمىيلاشتى. بەزىلىرى بولسا چەۋگەن تۈرىدەك دۇنياۋى تەنتەربىيە تۈرىگە ئايلاندى.

ئەجدادلىرىمىز «تەنتەربىيە ئادەمنى چارچاتمايدۇ. بەلكى، كۈچلەندۈرىدۇ» دەپ قارايتتى. شۇڭا، قەدىمىي تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ قىيىنلىق، خەتەرلىك، جەڭگىۋارلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. يەنى، ئاتنى ۋاستە قىلغان تەنتەربىيە تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، ئوۋچىلىق، ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىش، ئات چاپتۇرۇپ ئوقيا ئېتىش، ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش، ئات يورغىلىتىش، دەغنەك (چەۋگەن). باشقا خەتەرلىك تۈرلەردىن: سارغايدى (چاقپەلەك)، دارۋازلىق... قاتارلىقلار. تۆۋەندە نۇقتىلىق بىرنەچچە تۈر ئۈستىدە توختىلىمىز.

**1. ئات بەيگىسى:** هونلار، كۆكتۈركلەر، ئۇيغۇرلار ئۇزۇن مەزگىل ئات ئۈستىدە ياشىغاچقا، ئات چاپتۇرۇش، چەۋەندازلىق ھەرىكەتلىرىنى ئىختىرا قىلغان ۋە ئات بەيگىسىنى تەنتەربىيە مەدەنىيىتىگە ئايلاندۇرغان. ماقالىنىڭ كىرىش قىسمىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئەجدادلىرىمىز ئات

بەيگىسىنىڭ مىڭ يىل ئىلگىرىلا تەنتەربىيە مەدەنىيىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن مەلۇم. ئاپتور مەھمۇد قەشقەرى بۇ ئەسىرىدە قەدىمي تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن 38 خىلىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. ئات بەيگىسى ئۈستىدە توختىلىپ، ئات بەيگىسىدە مەيدانىنىڭ چېتىگە تارتىلىدىغان ئارغامچىنىڭ «تالاس» دەپ ئاتالغانلىقى [2]؛ ئات بەيگىسى «يارىش» دېيىلىدىغانلىقى؛ ئۈزۈپ چىققان ئاتنىڭ «يۈگرۈك ئات» دېيىلىدىغانلىقى؛ بەيگە مۇساپىسى «بىر چېپىم يەر» ياكى «بىر يارىشىم يەر» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى خاتىرىلىگەن [3]. بەيگە ئۈچۈن مەخسۇس يېتىشتۈرگەن سورتلۇق ئاتلارنى تاللاپ بەيگىگە سالغانلىقى توغرىسىدا: «ئارقۇن - ئارغۇن - شالغۇت ئات. ياۋا ئايغىر بىلەن ئۆيدە بېقىلغان بايتالدىن تۇغۇلغان ئات. بەيگىدە مۇشۇنداق ئاتلار ئۇتۇپ چىقىدۇ» [4] دەپ يازغان. بەيگىنى ئادەتتە يۇرت چوڭلىرى ئۈستىگە ئالىدىغان بولۇپ، كىچىك كۆلەمدىكى بەيگىلەرگە 10 ئات، چوڭ كۆلەملىكلىرىگە 100 - 300 گىچە ئات سېلىنغان. ئۇتۇپ چىققان چەۋەندازغا مال مۇكاپات بېرىش، پوتا باغلاش بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈلگەن بولسا، بەزى يۇرتلاردا چەۋەندازغا گۈزەل قىزلارنى نىكاھلاپ، باتۇرلارغا ئەلنىڭ قايىللىقىنى بىلدۈرىدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان.

ئات بەيگىسى قەدىمدىن تارتىپ كۆڭۈل ئېچىش تۈرىدىكى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى بولغان. ئۇنىڭ شەكلى ئىككى خىل: بىرى، ئۈزۈن مۇساپىلىك ئات بەيگىسى. تىنچ كۈنلەردە، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال مەۋسۇمىدا، نورۇزدا ۋە كەچكۈزدىكى ھاۋا سالقىنلىغان كۈنلەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا چوقۇم يۈگرۈك، بويى ئېگىز، قاۋۇل ئاتلار تاللىنىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئات يورغىلىتىش بەيگىسى. بۇ بۈگۈنكى ئاتنى ئۇسسۇل ئوينىتىش شەكلىدىكى يورغىلىتىش خەلقئارا تۈرىگە يېقىنلىشىدۇ. بۇ خىلى قىشتا مۇز ئۈستىدە باشقا پەسىللەردە تۈز يولدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدا يورغىلاش سۈپىتى ياكى سىلىقلىقى، تېزلىكى قاتارلىقلار ئۆلچەم قىلىنىدۇ. بۇ خىل بەيگە تۈرى ئات ئۈستى تەنتەربىيە مەدەنىيىتىگە گۈزەل سەنئەت مەدەنىيىتىنى يۇغۇرۇۋەتكەن بولۇپ، چەۋەندازلار بەيگە ئېتىنى كۆڭۈل قويۇپ زىننەتلەيدۇ. ئېگەر - يۈپۈقىنى، قۇشقۇن ۋە بوجىسىنى رەڭدار قىلىپ جابدۇيدۇ. بويىنغا 20 - 30 مىس ياكى تۈچ قوڭغۇراق ئاسىدۇ. مۇسابىقە داۋامىدا رىتىملىق قەدەمگە تەڭكەش بولۇپ جاراڭلىغان قوڭغۇراق ئاۋازى مۇسابىقە كەيپىياتىنى كۆتۈرىدۇ. ئاتنى زىننەتلەش، بويىنغا قوڭغۇراق ئېسىش – ھازىرمۇ ئىلى دەريا ۋادىسىدا ساقلانغان. بولۇپمۇ، شەھەر ياقىلىرىدا، يېزا يوللىرىدا قاتنايدىغان ترانسپورت خادىكلىرىغا قوشۇلغان ئاتلارنىڭ رىتىملىق يورغىسىنى قوڭغۇراقلىرىنىڭ ساداسىدىن يىراقلاردىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئات يورغىلىتىش قەدىمدە پايانسىز دالالاردىكى تۈزلەڭلەردە ئۆتكۈزۈلەتتى. يورغا ئۇسلۇبىغا قاراپ يۇمشاق يورغا، قوي يورغا، ئۈچ ئاياق يورغا، چاچما يورغا، تۆگە يورغا... قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ماھىرلار ئۆز ئۇسلۇبى بويىچە بەيگىگە چۈشۈشكەن. ئات يورغىلىتىش تۈرىگە ئاياللارمۇ قاتنىشالىغان.



ئات بەيگىسى ھازىرمۇ دىيارىمىزدا داۋام ئەتمەكتە. بەلكى، ھەرقايسى رايونلاردا بىرلىككە كەلگەن قائىدىلىرى بىلەن نورۇز، مەشرەپ قاتارلىق سورۇنلارنىڭ بىر مەزمۇنى بولماقتا. بەزى ئاتىلار ئوغۇللىرىنىڭ سۈننەت تويىدا ئالاھىدە جابدۇلغان ئاتقا ئوغۇلنى مىندۈرۈپ، ئەلنى تويغا چىللاشقا ئەۋەتىش، سۈننەت تويىدا، قىز - يىگىتلەر تويىدا ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىششتەك ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادلارنىڭ ئات ئۈستى تەنتەربىيە مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشى ئۈچۈن ئۈلگە كۆرسەتمەكتە. ئەل ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى ئات ئۈستى تەنتەربىيەسىگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ يۇقىرىقىدەك ئامال - چارىلىرى، نەتىجىلىرى بىلەن چاقماق چاققاندەك زىلزىلە پەيدا قىلغانمۇ بولدى. ئات ئۈستى تەنتەربىيەسى خەلقئارالىق، سىستېمىلاشقان تەنتەربىيە مۇسابىقە تۈرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر قىزى پەرىدە ئابدۇراخمان 1993 - يىلى خىتاينىڭ 7 - نۆۋەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنىڭ ئات بەيگىسى تۈرىدە قوش ئالتۇن مېدال ئالغان بولسا، 1995 - يىلى خىتاي بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 160 نومۇر ئېلىپ، ئاتنى ئۇسسۇل قەدىمىدە يورغىلىتىش بەيگىسىدە رېكورت بۇزغان. شۇنىڭدىن كېيىن «ئارغىماقلىق پەرىشتە»[5] دېگەن نامى بىلەن 1998 - يىلى باڭكوكتا ئۆتكۈزۈلگەن ئات بەيگىسى مۇسابىقىسىدە تۇنجى بولۇپ «ئاسىيا چەۋەندازلىرى» رەت قاتارىغا كىرەلىگەن ئۇيغۇر ماھىر بولۇپ قالدى.








شۇ قېتىم ئۇنىڭ مەشقاۋۇلسىز ماھىر ئىكەنلىكىنى بىلگەن فىرانسىيەلىك مەشقاۋۇل تەئەججۇپلەنگەن ھالدا: «خەلقئارالىق ئات بەيگىسى مۇسابىقىسىگە مەشقاۋۇلسىز قاتناشقان چەۋەندازنى تۇنجى كۆرۈشۈم» دېگەن ۋە قايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا فىرانسىيەدە تەربىيەلىنىش چاقىرىقنامىسى ئەۋەتكەن. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئىقتىساد ھەل بولمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن خەلقئارالىق بەيگىلەردە بىرەر ئۇيغۇرنىڭ جىسمى كۆرۈنمىدى. ئەمما، شۇنىڭدىن تەسكىن تاپمىزكى، بەيگىچىلىرىمىز چېكىنگىنى بىلەن تارىختا ئۇچقۇرلۇقى بىلەن داڭ چىقارغان ئىلى ۋە قاراشەھەرنىڭ ئاتلىرى ھامان بىر كۈنى ئۆز ئىگىلىرىنى تاپىدۇ ۋە ئىسىملىرىنى خەلقئارا ئات بەيگىسى مۇسابىقىلىرىنىڭ مۇكاپات سۇپىسىغا يازىدۇ.

2. **ئوغلاق تارتىشىش:** بۇ پەقەت تۈركىي مىللەتلەرگىلا خاس بىر خىل ئات ئۈستى تەنتەربىيە تۈرى. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز... قاتارلىق مىللەتلەردە ئومۇملاشقان (ئوغلاق تارتىشىش يەنە «بۇزكاشى» دېگەن نامدا تاجىكىستان ۋە ئافغانىستاندىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان – مۇھەررىردىن). بۇ تەنتەربىيە پائالىيىتى كەڭرى دالادا ئۆتكۈزۈلىدۇ. 40 ئاتلىقنىڭ قاتنىشىشى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئېغىرلىقى 6 – 10 كىلوگىراملىق ئوغلاق بوغۇزلىنىپ، ئىچى تازىلىنىدۇ. ئاندىن توپنىڭ ئوتتۇرىغا تاشلىنىدۇ. يەردىن تۇنجى بولۇپ ئوغلاقنى ئالالىغان كىشىدىن باشقىلار تارتىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. ئوغلاق تارتىشىش داۋامىدا باشقىلارنى قامچىلاش، ئاتنى ئۈركۈتۈش، ئادەمنى يىقىتىشلار قائىدىگە خىلاپ ھېسابلىنىدۇ.





ئوغلاقنى تارتقۇزۇپ قويمىغان كىشى ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئوغلاقنى ئۆزى خالىغان بىرەرسىنىڭ ھويلىسىغا تاشلايدۇ. شۇ ئۆينىڭ ئىگىسى كېلەر نۆۋەتلىك ئوغلاق تارتىشىش پائالىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا ئاخىرقى قائىدە سەل ئۆزگەرتىلدى. يەنى ئەڭ ئاخىرىدا بەلگىلەنگەن مەيداننىڭ ئوتتۇرىغا ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە يۇمىلاق تور ئېسىلىدۇ. ئۇتقۇچى ئوغلاقنى شۇ تورنىڭ ئىچىگە ئېتىپ چۈشۈرۈشى كېرەك. شۇ چاغدىلا تولۇق ئۇتقان بولىدۇ. دېمەك، ئوغلاق تارتىشىش – تەنتەربىيەلىك خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن تولۇقلىنىش، مۇكەممەللىشىشكە يۈزلەنمەكتە.

**3. ئات چاپتۇرۇپ ئوقيا ئېتىش:** بۇ تۈر ئۇيغۇرلاردىكى ئەڭ قەدىمىي ئات ئۈستى تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن بىرىدۇر. ئەسكەرنىڭ باتۇرلۇقى، مەرگەنلىكى، چەۋەندازلىقى بىلىنىدىغان بۇ قىممەتلىك مىراس ھەققىدە ئىشەنچلىك يازما مەلۇماتنى يەنىلا مەھمۇد قەشقەرى قالدۇرغان: «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر تۇپرىقىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، خاقان ئۇنىڭغا قارشى 4000 يىگىت ئەۋەتىدۇ. ئۇلار بېشىغا ئېگىز قالپاق كىيگەن بولۇپ، پەرلىرى لاچىنىدەك ئىدى. ئۇلار ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئاتارئىدى. بۇنىڭغا زۇلقەرنەيىن تەئەججۈپلەندى...» [6]. بۇ ھەقتە ئۇ يەنە: «ئۇيغۇر – زۇلقەرنەيىن تۈرك شاھى بىلەن سۈلھى قىلغاندىكى بەش شەھەرلىك ۋىلايەتنىڭ نامى» دەپ يازغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئات ئۈستىدە ئوق ئېتىشقا ماھىر بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ئوۋچىلىققا مۇناسىۋەتلىك. ئوۋچىلىق – ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ئوزۇق - تۈلۈك ئېھتىياجىنى قامداش ۋاستىسىلا ئەمەس، تىنچ كۈنلەردە قوشۇننى ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇشنىڭ بىر ئۇسۇلى بولغانىدى. مىلادىيە 981 - يىلى سوڭ خانلىقىدىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا كەلگەن ئەلچى ۋاڭ يەندى: «ئۇيغۇرلار ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر» دەپ يازغان.[7] ئەجدادلىرىمىز ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، ئوقيا بىلەن ئوۋ قىلغاندىن باشقا، قولغا ئۆگىتىلگەن يىرتقۇچ قۇشلار بىلەنمۇ ئوۋ قىلاتتى. «ھونلار، كۆكتۈركلەر، ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىقتىن ئۇرۇش تەييارلىقىنىڭ مەشىقى، ئوزۇق - تۈلۈك مەنبەسىنى تولۇقلاش داۋامىدىكى بىر خىل تەنتەربىيە سۈپىتىدە پايدىلانغان» [8].

يا بىلەن ئوقيا – ئەجدادلىرىمىز كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتتىن شەھەرلىشىشكە ئۆتكەندىن كېيىن بۇ قوراللارنى ئىشلىتىش ماھارىتى ئات ئۈستى تەنتەربىيەسى تۈرى سۈپىتىدە داۋاملاشمىغان بولسىمۇ، ئەمما چاقپەلەك (سارغايدى) تەنتەربىيە ئويۇنىدا ئىزنالىرىنى ھېلىھەم

كۆرۈش مۇمكىن. يەنى چاقپەلەكنىڭ ئارغامچىسىغا تايىنىپ ھاۋادا «ئۇچۇۋاتقان» ماھىرلار خۇددى ئات ئۈستىدە نىشانغا ئوق ئېتىۋاتقان مەرگەنلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ (چاقپەلەك، يەنى سارغايدى تەنتەربىيە تۈرى ئۈستىدە ئايرىم توختىلىمىز).

**4. چەۋگەن، يەنى دەغنەك تەنتەربىيەسى:** ئات ئۈستىدە ئوينىلىدىغان تەنھەرىكەت تۈرى بولۇپ، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر ئىجادىيىتى. خەلقئارادا «پولو» (Polo) دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ ئويۇننىڭ ئىسمى تىبەتچە «توپ» مەنىسىدە. ئەسلىي نامى «چەۋگەن، چوۋگان، چوگەن، چەۋگان، باندال، تەپۈك، دەغنەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ [9]. ئۇ ئاتلىق ماھىرنىڭ ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا، ئاتقا قويۇلىدىغان تەلەپ بەيگە ئاتلىرىدىن ئاز - تولا پەرقلىنىدۇ: يەنى دىقماق، قاۋۇل ئاتلارنىڭ تاللىنىدىغانلىقىنى؛ نۇقتىدىن تېز چىقىپ، توپقا يېتىشكەندە جىددىي توختايدىغان، تەنھەرىكەتچى بىلەن ھەرىكەتتە ماسلىشالايدىغان ئىقتىدارى مەشىقتە يېتىلدۈرۈلۈشى لازىمدۇر. بۇ خىل تەنتەربىيە تۈرىنىڭ بىزگە مەنسۇپلۇقىنى مۇنۇ پاكىتتىن بىلىمىز:

1970 - يىلى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن مىلادى 5 - ، 7 - ئەسىرگە تەۋە دەغنەك توپ ماھىرىنىڭ رەڭلىك ھەيكىلىنى تاپتى. ھەيكەلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 37 سانتىمېتىر بولۇپ، ئاق ئاتنىڭ ئۈستىدە شاپ بۇرۇتلۇق، دوپپىلىق، قىسقا چاپانلىق، ئۆتۈك كىيگەن، ئوڭ قولىدا چەۋگەن تايىقىنى كۆتۈرۈپ، پۈتۈن دىققىتى يەردىكى توپقا مەركەزلەشتۈرگەن چەۋگەن ماھىرىنىڭ كۆرۈنۈشى ئىپادىلەنگەن. ھەيكەلنىڭ ياسالغان ۋاقتى قاڭقىل خانلىقى (457 — 546) دەۋرىدە ياكى قاڭقىل خانلىقىنى قۇرغان ئۇيغۇرلار كۆكتۈركلەرگە قوشۇۋېلىنغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ چەۋگەن تەنتەربىيەسىنىڭ داۋام قىلغانلىقىنىڭ ۋە تەرەققىي قىلىپ مۇسابىقىلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىنىڭ پاكىتى بولۇپ تۇرماقتا.




يەنە بىرى، كۆكئارت ئېگىزلىكىگە جايلاشقان تاشقورغان بازىرىنىڭ شىمالىغا بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا قەدىمكى دەغنەك توپ مۇسابىقە مەيدانىنىڭ خارابىسى بايقالغان. مەيدانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 150 مېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر كېلىدۇ. مەيدانىنىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىزلىتىلگەن بولۇپ، كۆرۈرمەنلەرگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن ئالاھىدە لايىھەلەنگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

بىز ئارقىمىزغا مىڭ يىل يېنىپ، چەۋگەنگە مۇناسىۋەتلىك يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ بېيىتىغا قاراپ باقايلى:

*يا چەۋگەن، يا ئوۋ، يا يۇرت كۆرگەلى،*
*ئاتلانسا گەر بەگ سەپەر قىلغالى.* [10]

ۋە يەنە:

*ئۇ بىلسۇن چەۋگەننى، ئاتار بولسۇن ئوق،*
*يەنە قۇشچى ۋە ئوۋدا تەڭدىشى يوق.* [11]

دەپ يېزىپ، شۇ زاماننىڭ يىگىتلەرگە چەۋگەن ئويناش، ئوقيا ئېتىش، ئوۋ ئوۋلاشنى بىلىش شەرتىنى قويىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرسە؛ مەھمۇد قەشقەرى «ئۆملەشۇ» دېگەن سۆزگە، «ئۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىشتان تىكىپ (يەنى دوغا تىكىپ دېمەكچى) چەۋگەن ئوينىدى» دەپ ئىزاھات بەرگەن [12]. بۇنىڭدىن چەۋگەن ئويۇنىنىڭ ماددىي بۇيۇملارنى تىكىپ ئويناش دەرىجىسىگىچە يەتكەنلىكىنى، بايلار پۇل - مال تىكىپ بەسلىشىدىغان؛ پۇقرالار مادارىغا يارىشا بەسلىشىدىغان دەرىجىدە قىزغىنلىق كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىمىز.

13 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى لۇتفى لىرىك ھېسسىياتىنى:

*ئەي، چېچى چەۋگەن گۈزەل يار،*
*بېشىمنى كېسىپ توپ قىل.*
*مېنى سەرگەردان قىلماي،*
*يېنىڭدىكى كىشىلەرنىڭ ئايىغىغا تاشلا!* [13]

دەپ ئىزھار قىلىدۇ.

چەۋگەن – ئەسكەرلەرگە ئات ئۈستىدىكى جەڭ ماھارىتىنى ئۆگىتىدىغان ھەربىي دەرسلىك ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن تەنتەربىيە مىراسلىرىدۇر. ئۇ يەنە يىگىتلىكنىڭ مۇھىم شەرتى بولغان ۋە ئەدەبىياتتىمۇ گۈزەل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. يۇقىرىدىكى ئىككى مىسالدىن، چەۋگەن، يەنى دەغنەك تەنتەربىيەسىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياشلارنىڭ يۈرەكلىك، سەزگۈر، چەبدەس بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان ھەم ھەربىي، ھەم تەنتەربىيە ساھەسىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپلا قالماي، يازما ئەدەبىياتتىمۇ سىمۋول سۈپىتىدە ئىشلىتىلىش دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىدىن چەۋگەن تەنتەربىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ جىسمانىيۋىيتىدىلا ئەمەس، روھىيىتىدىمۇ ئورۇن ئالغانلىقىنى، تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغانلىقىنى، تەنتەربىيە مەدەنىيىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنداقلا يەنە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاتقا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئاخىرى تەنتەربىيە مەدەنىيىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن قىممەتلىك يەنە بىر تەنتەربىيە تۈرىنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىغا تەقدىم

قىلغانلىقىنىمۇ بىلىۋالالايمىز.

«ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقى دەۋرىدە ئات توپى، يەنى دەغنەك (چەۋگەن) تەنتەربىيەسى تاڭ سۇلالىسىگە تارقالغان. كېيىنكى گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە قىتان، سۇڭ، جىن، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرىگە تارقالغان» [14]، «بابۇر شاھ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھىندىستانغا ئېلىپ بارغان تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن بىرى ئىدى» [15].

چەۋگەن تەنتەربىيەسىنىڭ غەرب دۆلەتلىرىگە تارقىلىشى توغرىسىدا تەتقىقاتچى رىچارد «پولو» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «پولو يەنى چەۋگەن – مەركىزىي ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن. مىلادى 6 - ئەسىردە ئىراندا تۇنجى قېتىم ئاقسۆڭەكلەر، خان جەمەتىدىكىلەر ئوينىغان. ئاندىن كېيىن ئەرەبىستانغا، تىبەتكە، خىتايغا، ياپونىيەگە كىرگەن. ھىندىستانغا مۇسۇلمانلار تارقاتقان... ياۋروپادا تۇنجى قېتىم 1859 - يىلى ئەنگلىيەدىكى چايزارلىق خوجايىنلىرى بىرلىشىپ، ‹پولو كۇلۇبى›نى قۇرۇپ تۇنجى قېتىم ئوينىغان» [16].









مەركىزىي ئاسىيا – جۇغراپىيەۋى نام. ئۇ يەردە ياشىغان ۋە ياشاۋاتقان ئىنسانلار توپى كىملەر ئىدى؟ مۇنۇ پاكىتلارغا قارايلى: «ئۇيغۇرلار – مەركىزىي ئاسىيادا ياشاپ كەلگەن، نەچچە مىڭ يىللىق يازما تارىخقا ئىگە قەدىمكى مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى... ئۇيغۇرلار مانا شۇ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي دەۋرلەردە مەركىزىي ئاسىيادا قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچ بولۇپ، مول مەھسۇلاتلىق مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتقان» [17] ۋە يەنە: «قەتئىي كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى – ئوتتۇرا ئاسىيادۇر» [18]. بۇ مەنبەلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى – مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭرى زېمىنلار ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىدۇر. دېمەك، چەۋگەننىڭ تۇرەلگەن يېرى مەركىزىي ئاسىيا. مەركىزىي ئاسىيادىكى ئىنسانلار توپى – قەدىمكى ئۇيغۇرلار دېيەلەيمىز. ئۇنداقتا چەۋگەن تەنتەربىيەسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قانداق؟



چەۋگەن (دەغنەك) ئويۇنى: چەۋگەن – چەۋەندازلارنىڭ يەردىكى توپنى توسۇش، توختىتىش، ئۇرۇش، قاڭقىتىش ئۈچۈن مەخسۇس ياغاچتىن ياسالغان، ئۇچى ئەگرى، ئۇزۇن

ساپلىق ئەسۋابدۇر. تۈركچىدە «دەغنەك»، پارسچىدا «چەۋگەن» دەپ ئاتالغان. بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپادا «Polo» دەپ ئاتالماقتا. بەزى مەنبەلەردە، چەۋگەن ئاتالغۇسى ئۇيغۇرچىدىكى «چەۋىق»، يەنى «چىۋىق» دېگەن ئىسىمغا «گەن» قوشۇمچىسىنى قوشۇشتىن، يەنى «چەۋىق + گەن = چەۋىقگەن» ئاتالغۇسى ياسالغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان [19].

دەغنەك توپى – تۇلۇمچىلاپ سويۇلغان قوزا تېرىسىگە پۈۋلەپ يەل قاچىلاپ ياسالغان توپ؛ بىر پارچە تېرىنىڭ ئىچىگە يۇمشاق نەرسىلەرنى، يەنى يۇڭ، رەختلەرنى تىقىپ، يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈپ ياسالغان توپ؛ هايۋانلار يۇڭىنى چىڭ پوملاقلاپ ياسالغان توپ؛ هەر خىل يىپلارنى يۇمىلاق شەكىلدە چىڭ ئوراپ ياسالغان توپ. (بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، مۇشۇنداق ئۇسۇلدا توپ ياساش ئۇيغۇرلاردا 1950 - يىللارغىچە داۋاملاشقان ئىدى.)

يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلدا چەۋگەن تەنتەربىيەسىنىڭ لازىملىقلىرىنى تەييارلىۋالغاندىن كېيىن، ئىككى كىشى بايراق تۇتۇپ، «تالاس» (مەيدان چېگراسى) نىڭ ئىككى بېشىدا نازارەتچىلىك قىلىدۇ. مەيداننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىگە كۈن ۋە ئاي شەكىللىك بايراقچىلار قادىلىپ، ناغرا - سۇناي ساداسى بىلەن دەغنەك توپى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئويۇننىڭ باشلىنىش مۇراسىمى ئۈستىدە مەهمۇد قەشقىرى تېخىمۇ ئېنىق مەلۇماتلار قالدۇرغان: «ئادەم توپنى ئارا بىلەن ئۇردى. بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىر ئويۇنى. ئويۇنغا قاتناشقۇچىلاردىن بىرى ئويۇننى باشلاپ بېرىشنى خالىسا، توپنى ئارا بىلەن ئۇرىدۇ. توپنى كىم قاتتىق ئۇرالىسا، شۇ كىشى ئويۇننى باشلىغۇچى بولىدۇ» [20].

چەۋگەن توپ ئىزنالىرى كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ بېيىتلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 15 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان كلاسسىك شائىر ئەتائىي:

*گويەدەك بولدى ئەتائىي هەر تەرەپ سەركەشتە هەم،*
*ئول سەنەملەر شەهسۇۋارى ئەزىم چەۋگەن قىلغالى.*

يەنى: ئۇ گۈزەللەر چەۋەندازىنىڭ چەۋگەن ئوينىشى ئۈچۈن، ئەتائىي توپقا ئوخشاش هەر تەرەپتە ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولدى، دەپ يازسا؛ «ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىگە ئىشلەنگەن رەسىملەر» ناملىق قىستۇرما سۈرەتلەر توپلىمىغا چەۋگەن تەنتەربىيە كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلەنگەن، 15 - ئەسىردە سىزىلغان بەش پارچە رەسىم كىرگۈزۈلگەن.

يۇقىرىدىكى پاكىتلار بىزگە، چەۋگەن توپ تەنتەربىيەسىنىڭ ئىستىخىيەلىك هالدىكى بىرنەچچە كىشىنىڭ، بىكارچى باللارنىڭ كوچا ئويۇنى ئەمەس، بەلكى رەسمىي قائىدە - تۈزۈملەرگە، خېلى سىستېملاشقان ئىلمىيلىككە ئىگە بىر مەدەنىيەت هادىسىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان بۇ ئويۇن بىزدە، ئاخىرقى قېتىم 1910 - يىلى ئۈچتۇرپان ناهىيەسىنىڭ ئاچاتاغ يېزىسى جايتاغ (جايتاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كەنتىدە نورۇز بايرىمىدا ئوينالغانلىقى مەلۇم [21]. يەنە بىرى: رەسمىي تەنهەرىكەت مۇسابىقىسى خاتىرىسى بولۇپ، 1959 - يىلى 10 - سېنتەبىردە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ

كۆكخوت شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خىتاي 1 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ چەۋگەن توپ مۇسابىقىسىگە ئۇيغۇر، قازاق تۈركلىرىدىن تەشكىللەنگەن چەۋگەن كوماندىسى قاتنىشقان ۋە مىس مېدالغا ئېرىشكەن. مانا بۇ ئىككى قېتىملىق خاتىرە، مەركىزىي ئاسىيادىكى چەۋگەن توپ ئىجادچىلىرى ئەۋلادىنىڭ رەسمىي ۋە مەھەللىۋى چەۋگەن مۇسابىقىلىرىدە ئات تۇياقلىرىدىن قويۇن چىقارغان ئەڭ ئاخىرقى خاتىرىسى بولۇپ قالدى.

5. **سارغايدى – چاقپەلەك ئويۇنى:** خەتەرلىك دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان بۇ تەنتەربىيە مىراسىمىز گەرچە ئات ئۈستىدىكى تەنتەربىيە تۈرى بولمىسىمۇ، ئەمما، ھېچقانداق قوغدىنىش تەدبىرى ئىشلەتمىگەن ھالدا ئېگىز بوشلۇقتا ئورۇندىلىشى بىلەن، ھاۋادا گۈلەڭگۈچتە ئۇچۇۋېتىپ، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى تەقلىدىي ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتەلەيدىغانلىقى بىلەن، قەدىمىيلىكى بىلەن، باشقا مىللەتلەردە تېپىلماسلىقى بىلەن بۇ يەردە تەرىپلىنىشكە تېگىشلىك. بولۇپمۇ، ئات ئۈستىدە «ئوقيانى ئالدىغا قانداق ئاتسا، ئارقىسىغىمۇ شۇنداق ئاتالايدىغان» ئوقياچىلار قىياپىتىنىڭ تېز ئايلىنىۋاتقان، تېز كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاقپەلەكتە گۈلەڭگۈچكە ئېسىلىپ ياكى دەسسەپ تۇرغان تەنھەرىكەتچىنىڭ مۇھىم ماھارىتى سۈپىتىدە ئەينەن ئىپادىلىنىشى – ئەجدادلار ۋۇجۇدىدىكى باتۇرلۇق ۋە جاسارەتنىڭ ئەۋلادلار قېنىدا ھېلىمۇ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنىڭ بىر بېشارىتىدۇر.

سارغايدى ئويۇنى قاچان بارلىققا كەلگەن؟ بۇ ھەقتە ئەڭ ئىشەنچلىك يازما مىراسلاردىن ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ( 973 – 1048) «جەمشىد شاھ مۇشۇ كۈنى ئۆزى ياسىغان ھارۋىغا چىقتى. جىنلار ۋە شەيتانلار ئۇنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ، بىر كۈندە داماۋەنە تېغىدىن بابىلەگە ئېلىپ باردىلەر. ئادەملەر شۇ ئاجايىپ ۋاقەنى كۆرگەچ، شۇ كۈننى بايرام قىلدىلەر ۋە جەمشىدنىڭ ھارۋىدا ئۇچۇشىغا تەقلىد قىلىپ، ئارغامچىدا ئۇچتىلەر... » [22] دېگەن رىۋايەتلەر ۋە يەنە: «شاھزادە يۈسۈپ ئەھمەد بۇغراخان بىلەن كېلىشەلمەي، يۇرتنى تاشلاپ، باشقا يۇرتقا كەتكەن. ئۇ ھەمرالىرى بىلەن يېڭى يۇرتتا چاقپەلەك باغلاپ، ناغرا - سۇناي چېلىپ، ھەشەمەتلىك مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن» [23] دېگەندەك مۇھىم يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن، سارغايدى تەنھەرىكەت ئويۇنىنى مىلادى 10 - ئەسىرلەردىن خېلى بۇرۇن بارلىققا كەلگەن دەپ پەرەز قىلالايمىز.

سارغايدى تەنھەرىكىتى شۇ ئۇزاق زامانلاردا نورۇز بايرىمىدا، توي - تۆكۈنلەردە ھەپتىلەپ ئوينالغان.

سارغايدى، قۇرۇلمىسى جەھەتتىن گېئومېترىيەلىك قانۇنلارغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغانلىقى بىلەن قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىنى ئىپادىلەپ، كىشىنى قايىل قىلىدۇ. بۈگۈنگىچە داۋاملىشىۋاتقان چاقپەلەك – سارغايدى ئىككى خىل شەكىلدە ئوينىلىدۇ:

بىرىنچى خىلى، كەڭرى مەيداننىڭ ئوتتۇرىغا 20 مېتىر ئېگىزلىكتە يوغان تۈۋرۈك (خادا) ئورنىتىلىدۇ. تۈۋرۈكنىڭ بېشىغا يوغان بىر چاق كىيدۈرۈلىدۇ (كۆتەك ھارۋىنىڭ چاقىغا ئوخشاش). ئاندىن ئوتتۇرىدىكى مەزمۇت تۈۋرۈكنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە 8 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا توغرا ياغاچ ئورنىتىلىدۇ. ئۈستىدىكى چاقپەلەككە ئوخشاش ئۆلچەمدە ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، ئىككى ياكى تۆت ئىلەڭگۈچ ئورنىتىلىدۇ. ھەربىر ئىلەڭگۈچكە بىردىن ئادەم جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن

كېيىن، تۆۋرۈكنىڭ تۆۋىگە ئورنىتىلغان توغرا ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئوخشاش نىسبەتتە ئادەم ئىگىلەيدۇ ۋە ئاستا - ئاستا ئوڭ يۆنىلىشتە ئايلاندۇرىدۇ. تۆۋرۈكنىڭ ئۇچىدىكى چاقپەلەك ئايلانغانسېرى، ئىلەڭگۈچلەر ئادەملەرنى ئېلىپ، هاۋاغا كۆتۈرۈلىدۇ. چاقپەلەكنىڭ سۈرئىتى ئاشقانسېرى ئىلەڭگۈچتىكى ئادەملەر شۇنچە ئېگىزگە كۆتۈرۈلىدۇ. پىرقىراش سۈرئىتىمۇ مۇناسىپ تېزلىشىدۇ. ئىلەڭگۈچتىكىلەر ئەگەر بەرداشلىق بېرەلمىسە، ئالماشسىمۇ بولىدۇ؛ ئىككىنچى خىلى، تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇنراق بولغان بىر خىل چاقپەلەك ئويۇنى بولۇپ، قەشقەر تەرەپلەردە چاقپەلەكنىڭ تۈزۈلۈشى، تەرتىپى هازىرمۇ شۇنداق داۋاملاشماقتا. يەنى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا 8 - 10 مېتىر ئېگىزلىكتە تۆۋرۈك مۇستەھكەم ئورنىتىلىدۇ. ئۇچىغا هارۋا چاقى (هازىر شارەكلىك چاق ئورنىتىلىدۇ)، چاقنىڭ ئۈستىگە « + » شەكىللىك ياغاچ چېك باستۇرۇلۇپ ئورنىتىلىدۇ. چاق چەمبىرىكىگە تەڭ نىسبەتتە ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، تۆت تۆمۈر هالقا ۋە هالقىلارغا ئىلەڭگۈچنىڭ ئارغامچىسى ساڭگىلىتىلىپ ئورنىتىلىدۇ. ئارغامچىلار 80 - 100كىلوگىراملىق كۈچكە بەرداشلىق بېرەلىشى كېرەك. ئارغامچا خادا ياغاچتىن 30 - 50 سانتىمېتىرغىچە قىسقا بولىدۇ. تۆۋەنگە ساڭگىلىتىلغان قىسمىغا ئادەمنىڭ يوتىسى پاتقۇدەك كىرمەك سېلىنغان بولىدۇ. ماهىرلار بىر پۇتىنى كىرمەككە ئۆتكۈزۈپ، ئارغامچىغا ئېسىلىدۇ. قولىدا ئارغامچىنى چىڭ قاماللايدۇ. تۆۋەندىكى توغرا ياغاچ ئوڭ نىسبەتتە ئايلاندۇرۇلۇپ، ماهىرلار «ئۇچۇش»نى باشلايدۇ. بۇ تۈردە بىر قېتىمدا ئۇچىدىغان ماهىرلار سانى تۆتتىن ئاشماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ تەكىتلەيمەنكى، قەدىمكى چاقپەلەكنىڭ گېئومېترىيەلىك ئىسخېمىسى ئىنچىكە تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.






پىرقىراش تېزلەشكەنسېرى، پەسكە توپلاشقان سازەندىلەر نەغمە - ناۋانى قىزىتىدۇ. ئىلەڭگۈچتىكى يىگىت - قىزلار ئۇقيا ئېتىش، ئات چاپتۇرۇش تەقلىدىي هەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. پەستىكىلەر ئۇلارنىڭ يۇقىرى هاۋا بوشلۇقىدا نەپەسى قىسىلىپ، چىرايلىرىنىڭ سارغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە سېلىپ «سارغايدى، سارغايدى» دەپ ۋارقىرىشىدۇ. بۇ تەنھەرىكەت ئويۇنىنىڭ ئىككىنچى «سارغايدى» نامىمۇ شۇ سەۋەبتىن. چاقپەلەك ئۆرلىگەنسېرى، ماهىرلار گاھ ئىلەڭگۈچنىڭ ئارغامچىسىغا ئېسىلىپ، گاھ قولىنى قويۇۋېتىپ، پۇتىدا تانىغا ئېسىلىپ مۇئەللەقتە گويا «ئۇچىدۇ». بۇ ئويۇننى كۆرۈۋاتقىنىڭىزدا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ خاراكتېرىدىكى قورقۇمسىزلىق، قاراملىق، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشتەك قەيسەرانە روهنىڭ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايسىز. قۇدرەتلىك هاياتىي كۈچكە ئىگە بۇ تەنھەرىكەت مەدەنىيىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى بوران - چاپقۇنلاردىن، يىقىلىش، قوپۇشلاردىن، يەنە يىقىلىش، يەنە قوپۇشتەك تارىخىي تەكرارلانمىلاردىن كېيىنمۇ

ئۆزلۈكىنى ساقلىيالىشىدىكى ئامىللاردىن، تىل - يېزىق، دىن، مول مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ئامىللىرىنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىرى ھېسابلىنىدۇ. تا بۈگۈنكى كۈنگىچە قەدىمكىلەرنىڭ ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش ماھارىتىگە تەقلىد قىلىنغان ھەرىكەتنى ئاسماندا – بوشلۇقتا تۇرۇپمۇ قىز - ئوغۇللارنىڭ مۇكەممەل ئورۇندىيالىشى – پەقەت بىر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشلا ئەمەس، شانلىق تارىخنى ياراتقان ئەجدادلارنى ئەسلەش، ئەۋلادلارغا تەسىرلىك ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تارىخىدىن دەرس ئۆتتۈۋاتقاندەك تەسىر بېرىدۇ.




مەكىت، شاھيار (جانلىق تىلدا شايار)، قەشقەر... قاتارلىق جەنۇبىي رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار مەيلى قايسى دەۋردە، قانداق تۇسالغۇلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۇرسەت تېپىلسىلا دار تىكىپ، چاق باغلاپ، مۇزىكا ياڭرىتىپ، بىرنەچچە كۈنلەر داۋام ئېتىدىغان چاقپەلەك ئويۇنىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بولۇپمۇ، مەكىت خەلقىنىڭ بۇ قەدىمىي تۈرنى ئاسراش، داۋاملاشتۇرۇش، مەزمۇن جەھەتتىن تولۇقلاش جەھەتتىكى تۆھپىسى ئالاھىدە. ئۇنىدىن باشقا، ئاقسۇ ئاۋات ناھىيەسى ئىگەچى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە «چاقپەلەك – سارغايدى ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەش بازىسى» قۇردى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويماقچىمىزكى، ھازىر دۇنيادىكى سۈنئىي باغچىلاردا، غەرب دۆلەتلىرىدە بەزى ئائىلىلەرنىڭ شەخسى تۇرالغۇلىرىدا بەس - بەستە قۇرۇلۇۋاتقان، چوڭلار ھەم بالىلارغا قەيسەر روھ ئۆگىتىدىغان، ھەم شادلىق بېغىشلاۋاتقان «Swing ride»نىڭ ئاساسىي شەكلى، قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى چاقپەلەك – سارغايدىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى بىلەن دىققەتنى قوزغايدۇ. 1908 - يىلى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە ئىشتاتىدا تۇنجى بولۇپ بۇ خىل ئويۇن ئوينالغان. 1972 - يىلى گېرمانىيەلىك زىئېرېر لايىھەلىگەن، فرانز ياسىغان شەكىلدىكىسى دۇنياغا كەلگەن. ئىككىيلەن 1974 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن تۇنجى ھەرىكەتچان شەكىلدىكىسىدىن 150 نى ياساپ ساتقان. ئۈستىنى باۋارىيە نەقىشچىلىكى پاسونىدا نەقىشلىگەن. ئېگىزلىكى 11.9 مېتىر، تېزلىكى 30 كىلومېتىر/ سائەت بولغان. ئىككى موتور ئۈستىگە، ئىككىسى ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 21 – ئەسىر كىرگەندىن كېيىن زىئېرېر (ئەسلىي لايىھەلىگۈچى گېرمانىيەلىك) لايىھەسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. ئادەم سىغىمىنى 24، 32، 40، 48، ھەتتا 64 ئادەم بىرلا قېتىمدا ئۇچالايدىغان قىلىپ لايىھەلىگەن [24]. شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلار دوراپ نەچچە خىلىنى ياسىغان.









ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلاردىكى چاقپەلەك ئويۇنى ياغاچ خادا تىكىشتىن تارتىپ، زامانىۋى قوغدىنىش ئەسلىھەلىرى بولمىغان ئىپتىدائىي قىياپىتىنى ساقلىغان هالدا ئارغامچىغا ئېسىلىپ، ئاسماندا پەرۋاز قىلىشى بىلەن تولىمۇ قىممەتلىك. كىشىلەر پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، مۇستەهكەم قوغدىنىش ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلغان، بىر قېتىمدا 20 دىن ئارتۇق ئادەم بىراقلا ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ، سارغايدىنىڭ تۈۋرۈك بېشىغا ئورنىتىلغان هارۋا چاقىغا ئوخشاش دۆگىلەك شەكىلدىكى ئاپتوماتىك هەرىكەتلىنىدىغان چاقتا ئېسىلغان زەنجىرلەر (سارغايدىدىكى ئارغامچىلاردەك) گە باغلانغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇۋېلىپ، بىخەتەرلىك تاسمىسىنى چىڭ باغلاپ، هاۋادا پىرقىراشقا باشلىغاندا، سارغايدى ئويۇنىنى كۆرگەن هەرقانداق كىشى چوقۇم ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجادكارلىقىغا، باي ئەقىل - پاراسىتىنى، هاياتنى قىزغىن سۆيۈش بىلەن تەڭلا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش روهىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، دۇنيادىكى ئىنسانلار بىلەن بولغان ئورتاقلىقىنىڭ تەنتەربىيە مەدەنىيىتىدە ناهايىتى بالدۇر ئايان بولغانلىقىنى، بۇ ئورتاقلىقنىڭ هېلىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى ئىقرار قىلماي قالمايدۇ. شۇ چاغدا تەكلىماكانغا باغرىنى يېقىپ، ئەجىر - مېهنەت بىلەن ئەسىرلەرنى ئۆتكۈزگەن بۇ خەلقنىڭ تەنتەربىيە مىراسى چەۋگەندىن بۈگۈنكى پولو (Polo)، سارغايدىدىن بۈگۈنكى Swing ride رويابقا چىققانمىدۇ دېگەن سوئالنى ئىختىيارسىز سورىماي تۇرالمايدۇ.

**ئىزاهاتلار:**

[1] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىل نەشرى، 164 - بەت.

[2] مەهمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە، 474 - بەت.

[3] مەهمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە، 146 - بەت؛ 3 - توم 60 - ، 62 - ، 72 - بەتلەر.

[4] يۇقىرىقى كىتاب، 1 - توم، 151 - بەت.

[5] سەلىمە ئا. كامال: «غېرىب شىۋاقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىل نەشرى، 187 - بەت.

[6] ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىل نەشرى ، 335 - بەت.

[7] «خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 743 - بەت.

[8] يۈسۈپجان ياسىن: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تەنتەربىيە»، بوزتاغ تورى، 2013 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.

[9] نىزامەتتىن كىرشان: «پولو»، «تۈرك ئىسپورت جەمئىيىتى ژۇرنىلى»، 1937 - يىل 73 - سان، 6 - ، 7 - بەتلەر.

[10] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 549 - مىسرا.

[11] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 516 - مىسرا.

[12] مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە، 142 - بەت.

[13] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، لۇتفى شىئىرىدىن.

[14] خ. ن. يوللۇغ تېكىن: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى تەنتەربىيە تارىخىدا چەۋگەن (دەغنەك) توپ تەنھەرىكىتى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 - يىل 1 - سان، 38 - بەت.

[15] يۈسۈپجان ياسىن: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تەنتەربىيە»، «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيەسى ژۇرنىلى»دىن مىسرانىم تورى 2012.1.27.

[16] Richard. C. Latham, Britannca.com

[17] تۇرغۇن ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 - يىل، كىرىش سۆز، 1 - بەت.

[18] تۇرغۇن ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 - يىل 4 - بەت.

[19] خ. ن يوللۇغ تېكىن: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىدا چەۋگەن (دەغنەك) توپ تەنھەرىكىتى»، «ئاقسۇ مائارىپ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2012 - يىل 12 - سان.

[20] مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 242 - بەت.

[21] خ. ن يوللۇغ تېكىن: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىدا چەۋگەن (دەغنەك) توپ تەنھەرىكىتى»، «ئاقسۇ مائارىپ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2012 - يىل 12 - سان.

[22] «قەدىمىي خەلقتىن قالغان يادىكارلىقلار»، ئەبۇرەيھان بىرۇنى (1048 - 953)؛ ئابدۇكېرىم راھمان: «نەۋرۇز توغرىسىدا چۈشەنچە»دىن.

[23] ئابدۇكېرىم راھمان: «تەبىئەت بايرىمى نورۇز»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1996 - يىل 1 - ، 2 - قوشما سانى.

[24] https://en.wikipedia.org/wiki/Swing_ride

*بۇ ماقالىنى ئابدۇرېشىت نىياز تەھرىرلىدى.*

6

# نۆۋەتتىكى مۇھىم دەۋا

جەۋلان ج.

1. مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، دىنىي باستۇرۇش، قۇل ئەمگەك قاتارلىقلار پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زور ئۆزگىرىش قوزغاۋاتقان زوراۋانلىق بولغاچقا، ئۇنى يېپىق شەكىلدە ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ زوراۋانلىقلار يەتتە يىلدىن بۇيان نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق دۇنياغا ئاشكارىلاندى ھەمدە داۋاملىق ئاشكارىلىنىۋاتىدۇ. خىتايلارمۇ ھەر خىل تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى قوللىنىپ، ئېكسكۇرسىيە مەسچىتلىرىنى، ئېكسكۇرسىيە بازارلىرىنى ياساپ چىقتى. ئاتالمىش «ئەمەلدارلار، زىيالىيلار، دىنىي زاتلار، ھەممىدە كۆلەملەشكەن ئەدەبىي - سەنئەت قوشۇنى» ۋە كېرەك ۋاقىتتا دەرھال ئوتتۇرىدا پەيدا بولالايدىغان ئارتىس «پۇقرالار» قوشۇنى قاتارلىق ھەر ساھەدىكى ئېكسكۇرسىيە ئادەملىرىنى ياساپ چىقىپ خەلقئارانى ئالداۋاتىدۇ. ۋەتەندىكى ساياھەت نۇقتىلىرىنى ياخشى ياساپ قويغانلىقى ئۈچۈن چەت ئەللىكلەرمۇ «ۋەزىيەت ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ» دەيدۇ، بېرىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ «ۋەزىيەت ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ» دەيدۇ. بۇلارنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئويناپ - كۈلۈشۈپ، خۇشاللىقلىرىنى ئىزھار قىلغان تەشۋىقاتلىرى بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ، بىر تۈركۈم ئىنسانلارنىڭ دەۋادىن قېچىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. نۆۋەتتە ۋەتەندىكى ۋەزىيەتنىڭ ياخشى بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئۆلچىمىمۇ مۇنازىرە قوزغاۋاتىدۇ. ئەسلىدە تۈرمە ۋە لاگېرلاردا قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئادەملىرىمىز، قۇل ئىشچىلار ۋە مىليون پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئەركىنلىككە چىقىشى، ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى «ۋەزىيەتنىڭ ياخشى» بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى بولۇشى لازىم ئىدى. لېكىن ئۇنداق بولمايۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىرغىچە دۇنيا جامائىتىگە بىرەر تۈرمە ياكى جازا لاگېرىنى كۆرسەتكىنى يوق. گەرچە قەھرىمان لاگېر شاھىتلىرى خىتاينىڭ لاگېرلاردىكى زوراۋانلىقلىرىنى

پاش قىلىپ، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرى، ئۇيغۇر سوتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) گىچە ئېتىراپ قىلىشىدا ھالقىلىق رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بەش مىليون مەھبۇسنىڭ يەتتە يىلدىن بۇيان ئۇچراۋاتقان دوزاخ ئازابىنىڭ پەقەت ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. ھازىرقى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، لاگېردىن بىرلەپ - ئىككىلەپ بوشىتىلغانلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاۋاتىمىز، بىز مۇشۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرساق بولمايدۇ. ئەگەر ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇقۇمىنىڭ يادروسىغا بولغان چۈشەنچە ئېنىق بولمىسا، دەۋانىڭ نىشانى كۆچۈپ يۈرىدىغان، ئاساسىي زىددىيەت قايرىلىپ قالىدىغان ياكى ھەممىگە تەڭ ئېسىلىپ، دۈشمەننىڭ ئەجەللىك يېرىنى تاپالمايدىغان ۋەزىيەت كېلىپ چىقىدۇ. تۇتقۇنلارنى قۇتۇلدۇرۇشتا خەلقئارالىق ئىستراتېگىيەلەرگە سەگەك بولۇپ، ماس قەدەمدىكى ھەرىكەت پىلانىمىز بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىنى ھازىرغىچە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە توققۇز دۆلەت پارلامېنتى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلدى، 2021 - يىلى لوندوندا ئېچىلغان خەلقئارالىق ئۇيغۇر سوتىمۇ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ ھۆكۈم چىقاردى، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىقىنىڭ 2022 - يىل 8 - ئايدا ئېلان قىلغان دوكلاتىدا خىتايدىن «تۇتقۇنلارنى شەرتسىز قويۇپ بېرىش» تەلەپ قىلىندى. 2021 - يىل 5 - ئايدا ھۆرمەتلىك ماركو رۇبىيو ئەپەندىنىڭ ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىغا سۇنغان قانۇن لايىھەسىدە «ئۇيغۇر تۇتقۇنلىرىنى قويۇپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيەسىنى بەلگىلەش» دېگەن تەكلىپ بار. بۇ دوكلات ئېلان قىلىنىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تۇتقۇن قىلىنغان ۋە ئىز - دېرەكسىز يوقىتىۋېتىلگەنلەرنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەسىلىنى 2022 - يىلى 11 - ئايدا كانادا ۋەكىلى 50 لىك دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ب د ت نىڭ 2024 - يىلى 1 - ئايدا ئېچىلغان «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزدىن كەچۈرۈش» يىغىنىدا ئامېرىكا ۋەكىلى خىتايغا قويغان 8 تۈرلۈك تەلەپلىرىدە «تۇتقۇنلار» نى شەرتسىز قويۇپ بېرىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى. ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان سىياسىيونلارمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلە خەلقئارادا ئاستا بولسىمۇ تەرەققىي قىلىپ مۇشۇ دەرىجىگە كەلدى. خەلقئارادا بولۇۋاتقان بۇ تەرەققىياتلار دەۋايىمىزنى يېڭى بىر سەۋىيەگە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزغا تۈرتكە بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئوچۇق بېشارەتلەر بېرىلىۋاتسىمۇ، يول كۆرسىتىلىۋاتسىمۇ، يەنىلا كاللىمىز سەگەكلەشمىسە، دەۋادا قانداق يېڭىلىق بولىدۇ؟ دەۋانى قانداق يەنىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرەلەيمىز؟ ئۆتكەن يەتتە يىلدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى پەقەتلا دەۋايىمىزنى كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ قوللاشقا ئىگە قىلىش ۋە دەۋانى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن سېلىنغان ئۇل دېسەك بولىدۇ. ئۆتكەنكى خىزمەتلەرنى يەكۈنلەپ ئالدىمىزدىكى خىزمەتلەرنى پىلانلاشتا ئاساسىي كۈچىمىزنى ئۆتكەنكى خىزمەتلەرنى يەنە تەكرارلاشقا قاراتماي، يېڭىچە تەسەۋۋۇرغا ئىگە، قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولغان دەۋا يوللىرىنى پىلانلىشىمىز، ئېلىنىۋاتقان قانۇنلارنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈش يوللىرىنى ئىزدىشىمىز لازىم.

بىز، «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەن قانداق ئۇقۇم؟ ئۇنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى نېمە؟ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»تا ئالدى بىلەن نېمىنى ھەل قىلىش كېرەك؟ دېگەن بۇ نۇقتىلارنى

قايتا ئويلىنىپ باقايلى: «ئىرق» دېگەن پەقەتلا ئادەملەرگە قارىتىلغان ئۇقۇم بولۇپ، ئەجدادلىرى بىر، قانداشلىقى، سىرتقى قىياپىتى، تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، تىلى، ياشىغان تۇپراقلىرى، ئېتىقادى ئاساسەن ئوخشاش بولغان ئىنسانلار توپىدىن ئىبارەت. ھازىر بىز ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دىنىسىزلاشتۇرۇش، ئىسلامنى خىتايلاشتۇرۇش، مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى، مەجبۇرىي ئەمگەك دېگەندەك كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇملار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئېڭىمىزدا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئۇقۇمى سۇيۇقلانغىلى تۇردى. يۇقىرىقى ئۇقۇملار ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ھايات - ماماتلىق مەسىلىسى ئەمەس. ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش دېگەندە يۇقىرىقى كەڭ دائىرىدىكى مەسىلىلەرنىلا تەكىتلەپ قاتمال ۋەزىيەت شەكىللىنىۋاتىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تۇرمە ۋە لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ تەقدىرىگە ئاستا - ئاستا كۆنۈكۈپ قالغاندەكمۇ قىلىمىز، ئادەمنى قۇتقۇزۇش مەسىلىسى مۇھىم نۇقتا بولالمايۋاتىدۇ. تۇرمە ۋە لاگېرلاردا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار قېرىنداشلىرىمىز ئۇلارنىڭ رەسىملىرىنى كۆتۈرۈپ قار - مۇز دېمەي ئايلاپ - يىللاپ نامايىش قىلدى. بۇلارغا ھېسداشلىق قىلساقمۇ ئادەم قۇتقۇزۇش مەسىلىسىنى تەشكىلاتلىرىمىز مۇھىم كۈنتەرتىپكە ئەكېلەلمىدۇق. 2021 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئۇيغۇر سوتىدا لاگېر شاھىتلىرىدىن سورالغان سوئاللاردىمۇ ئاساسەن لاگېردىكى قىيىن - قىستاقلار، ھەر خىل زوراۋانلىقلار ئاساسلىق تېما بولدى. دېمەك، سوتنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» ھۆكمىمۇ ئادەم ئاملىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ چىقىرىلدى. دەۋا ئۇنىۋېرسال بولدى، لېكىن مۇھىم نۇقتىسى بولدى. ئەگەر مەسىلىنىڭ يادروسىغا چۈشەنچە ئېنىق بولمىسا، دەۋانىڭ نىشانى كۆچۈپ يۈرىدىغان، ئاساسىي زىددىيەت قايرىلىپ قالىدىغان ياكى ھەممىگە تەڭ ئېسىلىپ، دۈشمەننىڭ ئەجەللىك يېرىنى تاپالمايدىغان ۋەزىيەت كېلىپ چىقىدۇ. خىتاي تۈرمىلىرىدە، لاگېرلاردا قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان تۇتقۇنلارنىڭ شەرتسىز قويۇپ بېرىلىشىنى، خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئېلىپ كېتىلىپ قۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان مىليون خەلقىمىزنى يۇرت - ماكانلىرىغا قايتۇرۇپ ئائىلىسى بىلەن جەم قىلىشنى تەلەپ قىلىش دەۋايىمىزنىڭ يادروسى بولۇشى لازىم. بىز ھازىر تۈرمە ۋە لاگېرلاردا زادى قانچىلىك ئادەم بار، ئۇلاردىن ئۆلتۈرۈلگەنلىرى قانچە؟ ھازىر ھاياتلىرى قانچە؟ سانىنى بىلمەيمىز. پەقەت ئۇلار ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىلا بۇ جىنايەتلەرنىڭ ھەقىقىي كۆلىمىنى ۋە كەلتۈرگەن زىيىنى توغرۇلۇق مەلۇماتقا ئېرىشەلەيمىز، خىتايدىن بۇ ئىشلارنىڭ ھېسابىنى سورىيالايمىز. تۇتقۇنلارنى قۇتۇلدۇرۇش، مەيلى ئۇرۇش ۋاقتى بولسۇن ياكى ھازىرقى ۋاقىتتا بولسۇن، ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز بولۇشى لازىم. ئاران ئون نەچچە مىليون ئادىمى بار مىللەتتە نەدىمۇ نەچچە مىليون تېرروررچى بولسۇن؟ ئەگەر بۇنداق كۆپ تېرروررچى بولسا خىتايلار شۇنداق خاتىرجەم ياشىيالامتى؟ شۇنداق يۈرەكلىك زورلۇق - زومبۇلۇق قىلالامتى؟ بۇ تەلەپ ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ بولۇپ، خەلقئارادىمۇ تېز قوبۇل قىلىنىدۇ. تۈرمە ۋە لاگېرلاردىكى 3 مىليوندىن 5 مىليونغىچە بولغان قېرىنداشلىرىمىز ئاساسەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار بولۇپ، خىتاي بۇلارنى چوڭ تەھدىت دەپ تونۇيدۇ. بەلكىم بۇ قېرىنداشلىرىمىزنى خىتايلار روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن مەجرۇھ قىلىپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەيلى نېمە بولسۇن، ئۇلار بىزنىڭ قان - قېرىنداشلىرىمىز. ئۇلارنىڭ ئۈن - تىنسىز يوقاپ كېتىشىگە سۈكۈت قىلماسلىقىمىز لازىم.

2. ئۇيغۇرلار خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى تۈرمىلەرگە مەخپىي يۆتكەلگەن، كىمنىڭ قەيەردىكى

قايىسى تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى خىتاي ھۆكۈمىتىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۆلۈكىمۇ ئۆيى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭلاشقا، ھەر تۈرلۈك زىيانكەشلىكلەر سەۋەبىدىن ئىز - دېرەكسىز يوق قىلىۋېتىلىشكە تولۇق شارائىت يارىتىلغان. ئۇلار ئۆن - تىنسىز ھالدا ئىسقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ھەرگىزمۇ باشقا دەۋالار بىلەن تەڭ دەرىجىگە قويۇپ ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بىزنىڭ يوللىغان دوكلاتلىرىمىزدا ۋە تەلەپلىرىمىزدە، تۇتقۇنلارنى شەرتسىز قويۇپ بېرىش تەلىپىمىز ئاساسلىق ئورۇن ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا، تۇتقۇنلارنى شەرتسىز قويۇپ بېرىش مەسىلىسى خۇددى قول ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنىدەك قانۇن بولۇپ، خىتاينىڭ ئالدىغا رەسمىي دىپلوماتىيەلىك تەلەپتە قويۇلسا ۋە ئېغىر جازا تەدبىرلىرى يولغا قويۇلسا، دەۋايىمىز ئالدىغا زور بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن بولاتتى. بەزىلەر بۇنداق قانۇن چىقسىمۇ خىتاي ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايدۇ دەيدۇ. ھازىرنىلا ئويلىماي سەل يىراقنى ئويلايلى. ھەر قانداق ئىشنىڭ سورىقى بولغان بىلەن بولمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئوخشىمايدۇ. سورىقى بولغاندىلا خىتايغىمۇ بەلگىلىك بېسىم پەيدا قىلغىلى، خەلقئارانىمۇ ئەمەلىي ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى تۈرمىلەرگە ئېلىپ كېتىلگەن تۇتقۇنلار توغرۇلۇق ئايرىم ۋىجدانسىز خۇمسىلار: «ئۇلارنى بەرىبىر قۇتقۇلدۇرغىلى بولمايدۇ، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىپىسى پۇرسەت كەلگۈچە ئۆزىنى ساقلاش» دېگەندەك ئىنسانىيلىقتىن ياتلاشقان گەپلەرنى دەپ يۈردى. يەنە بەزىلەر: «ئۇلار تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن تەقدىردىمۇ بەرىبىر نازارەت ئاستىدا ياشايدۇ» دەيدۇ. ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھاياتىغا بۇنداق مۇئامىلە قىلمايلى. بۇ، ئۇنداق كەتسە كېتىۋەرسۇن دەيدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى نەچچە مىليون ئىنسانىنىڭ ھاياتى مەسىلىسىدۇر. بۇنداق رەزىل ئىدىيەنى بازارغا سېلىش ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىغىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتقان بارلىق خەلقىمىزگە قىلىنغان كەچۈرگۈسىز خىيانەتتۇر. ئادەم قۇتقۇزۇش مەسىلىسى مۇستەقىللىق يولىمىزدىكى مۇھىم بىر قەدەمدۇر. بىز مۇستەقىللىق يولىدا مۇشۇنداق قەدەملەرنى باسماي تۇرۇپ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز. مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، ھېچكىم بىزنى زورلىمايدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىمىزنىڭ تىرىشىشىمىزغا، بەدەل تۆلىشىمىزگە باغلىق. ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى چەكلەش، مىليون ئىنسانىنى قۇتۇلدۇرۇش خەلقئارانىڭ ئىشى، بولۇپمۇ بۇنداق بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ب د ت دەك قانۇنلۇق تەشكىلاتنىڭ بۇرچى ئىدى. ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى ب د ت نىڭ بۇنداق بىر جاسارىتى يوق، زەئىپ تەشكىلات بولۇپ قالدى.

3. «ھازىرقى ۋاقىتتا تۈرمە ۋە لاگېردىكى تۇتقۇنلارنى قويۇۋېتىشنىلا تەلەپ قىلىش توغرا ئەمەس، تۇتقۇنلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە بىر قاتار تۆلەملىرىنى بىر تۇتاش تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك»، «بۇ تەلەپنى ئايرىم تىلغا ئالمىساقمۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش تەلىپىمىز تۇتقۇنلار مەسىلىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن خاتا كۆز قاراشلارمۇ بار ئىكەن. مۇشۇنداق گەپلەرنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار ئاڭلىسا سىلەرنى كەچۈرەرمۇ؟ ئۇلار ئۈچۈن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ھاياتى ھەممىدىن مۇھىم. ھېچكىم قويۇپ بەرسەڭ مال - مۈلكى ۋە تۆلەملىرى بىلەن قويۇپ بەر، بولمىسا يېتىۋەرسۇن دېمەيدۇ. ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش تەلىپىمىز ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دەپ، ھەممە دەۋانى يۆگەپ بىر خالتىغا تىقىپ قويساق بولامدۇ؟ دۇنيا دەيدىغان گەپنى دەۋاتىدۇ، ئەمدى گەپ ئۆزىمىزدە قالدى. تۇتقۇنلار مەسىلىسىدە ھازىرچە ھەرگىز ھەر خىل تۆلەملەرنى ئالدىنقى شەرت قىلماسلىق كېرەك. خىتايدىن ھېساب ئالىدىغان

ئىشلار ئىنتايىن كۆپ: تۈرمىدە، لاگېردا ۋە قامالدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قان قەرزىدىن ھېساب سورىلىشى لازىم؛ ئۇن - تۈنسىز غايىب قىلىۋېتىلگەنلەرنىڭ ھېسابى سورىلىشى لازىم؛ تۈرمە، لاگېر، ۋە قۇل ئىشچىلارنىڭ جەمئىي سانى ۋە ئۇلار تارتقان خورلۇقلارنىڭ ھېسابى سورىلىشى لازىم؛ ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلگەن بىر مىليون نارەسىدە بالىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانا قېرىنداشلىرىنىڭ تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن كېلىپ چىققان پسىخىك كېسەللىك ئاقىۋەتلىرىدىن ھېساب سورىلىشى لازىم؛ خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئېلىپ كېتىلگەن، سېتىۋېتىلگەن نارەسىدىلىرىمىزنىڭ ھېسابى ئېلىنىشى كېرەك؛ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى ۋەيران بولدى، ئائىلىلەر ۋەيران بولدى. بۇلارنىڭ ھېسابى سورىلىشى لازىم؛ يۇقىرىقى جىنايەتلەرنى پىلانلىغان، قوللىغان، ئاكتىپ ئىجرا قىلغان يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە بولغان خىتايلار جازاسىنى تارتىشى كېرەك. ياشلىرىمىزنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ئوغرىلىغانلار، ساتقانلار، پىلانلىغانلار ۋە ئالۋاستى دوختۇرلار جازاسىنى تارتىشى كېرەك. ياشلىرىمىزنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدىن مەنپەئەتلەنگەنلەر، ھالال ئەزا سودىسىدا مەنپەئەتلەنگەنلەر ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىغا تۆلەم تۆلىشى لازىم. خىتايدىن ھېسابى ئېلىنىدىغان ئىشلارنىڭمۇ ئىلگىرى - كېيىنلىكى بولىدۇ، جىددىيلىك دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. بەزى مۇھىم ئىشلارنىڭ ۋاقتى ئۆتسە ئۆمۈرلۈك ۋىجدان ئازابىدا قالىمىز، خەلقنىڭ نەپرىتىدە قالىمىز. بۇ قېتىمقى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ كۆلىمى، ۋەھشىيلىك دەرىجىسى، داۋاملىشىش ۋاقتى (قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ بىلمەيمىز) ئەڭ ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. بۇ جىنايەتلەرگە باش پىلانلىغۇچى شى جىنپىڭدىن باشلاپ، خىتاينىڭ پۈتۈن ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدىن تارتىپ، تۈرمە ۋە لاگېرلاردىكى گۇندىپايلارغىچە جاۋابكار بولۇشى كېرەك.

خىتاي ھۆكۈمىتى تۇتقۇنلارغا ھەر خىل سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي «گۇناھ» ئارتقان بولسىمۇ، قېرىنداشلىرىمىزدىن گۇمان قىلماسلىقىمىز لازىم. مەن «گۇناھسىز تۇتقۇنلارنى قويۇپ بېرىش»نى تەلەپ قىلىش دېگەن سۆزدىكى «گۇناھسىز» دېگەن سۆزگىمۇ قارشى. چۈنكى، تۇتقۇنلارنىڭ ۋە قۇللارنىڭ ھەممىسى گۇناھسىز. بۇنى دۇنياغا ئوچۇق جاكارلاپ، خىتايغا يوچۇق قالدۇرماسلىقىمىز لازىم. تۇتقۇنلارنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشىنى ساقلىماسلىقىمىز لازىم. ئۇلارنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشىنى كۈتۈش ئۇلارغا ئارتىلغان تۆھمەتلەرنى ئۈنسىز ئېتىراپ قىلغانغا باراۋەر بولىدۇ.

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

7

# دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش پۈرسەتلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش

دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىر

ئۇيغۇر شەخسلىرى ۋە جامائەتچىلىكىنىڭ تارىخىي ۋەتىنى (يەنى شەرقىي تۈركىستان)نىڭ سىرتىدىكى رايونلارغا كۆچۈشى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئۇيغۇر دىياسپوراسى پۇل مۇئامىلە تەرەققىياتىغا ئۆزگىرىشچان ۋە مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈش ئاتا قىلىدۇ. تارىختىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، كۆپلىگەن دۆلەتتە مەھەللىلەرنى شەكىللەندۈرمەكتە. بۇ تارقاقلىشىش ئىقتىسادىي پۈرسەت، سىياسىي خىرىس ۋە كۈلتۈرەل جەھەتتە ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار قاتارلىق ھەر خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي ۋە كۈلتۈرەل بايلىقى بىزنىڭ ئۆزگىچە تىلىمىز، ئەنئەنىمىز ۋە مىراسلىرىمىزدا نامايان بولىدۇ. ھالبۇكى، دىياسپورا تەجرىبىسى ئۆزگە خاس بىر قاتار رىقابەت ۋە پۈرسەتلەرنى (بولۇپمۇ پۇل مۇئامىلە تەرەققىياتى جەھەتتە) ئېلىپ كەلدى. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشنى چۈشىنىش ئۇيغۇر شەخسلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش پۈرسىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشى ۋە ئۆزى جايلاشقان يېڭى دۆلەتتە كارخانا قۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ

كۆچ ۋە ئارزۇنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم.

دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مالىيەۋى پۇرسەتلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ ئۇيغۇرلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلەندۈرۈش، مەھەللىۋى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كۈلتۈرەل كىملىكنى قوغداش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە. ئىگىلىك تىكلەش ئۇيغۇرلارنى ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، يەنە ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ تېخىمۇ كەڭ ئىقتىسادىي ئەندىزىسىگە تۆھپە قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئىگىلىك تىكلەش ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىدە ئۆز كۈچىگە تايىنىش ۋە ماسلىشىشچانلىقنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم يولىغا ئايلاندى. شەخسلەر سودا پۇرسىتىنى قوغلىشىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە كۈلتۈرەل مىراسلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەم باشقا ئۇيغۇرلار بىلەن، ھەم يەرلىكلەر بىلەن ماسلاشقان ھالدا ئىگىلىك تىكلىيەلەيدۇ. بۇ خىل ئىككى تەرەپلىمىلىك ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپلا قالماي، كۈلتۈر ئالماشتۇرۇشنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوخشىمىغان جەمئىيەتلەردىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنى چۈشىنىش ۋە زوقلىنىش دەرىجىسىنى ئاشۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش پۇرسىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشى تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە. ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ يەرلىك ئىقتىسادقا تۆھپە قوشۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ھەقدارغا ئايلىنىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت كۈلتۈرلەر ئارا دىيالوگنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، قېلىپلاشقان كۆز قاراشلارنى يىمىرىپ، ئۇيغۇر دىياسپوراسىغا بولغان چۈشىنىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل پۇل مۇئامىلە پۇرسىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش نوقۇل ئىقتىسادىي تىرىشچانلىق بولماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇر دىياسپوراسى بىلەن ئۇلار ھازىر يېڭى يۇرتىمىز دەپ ئاتايدىغان كۆپ خىل جەمئىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇقىنا ئېرىشىش، كۈلتۈر ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك باغلىنىشنىڭ يولىدۇر. بۇ خىل نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق، بۇ ماقالىنىڭ كېيىنكى بۆلۈملىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە كۈلتۈرەل مىراسلىرىدىن ۋە باشقا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دىياسپورا جامائەتچىلىكىدىن ئۆگىنىلگەن تەجرىبە - ساۋاقلاردىن ئىلھام ئېلىنغان ھالدا، ئۇيغۇرلار بۇ پۇرسەتلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قولغا كەلتۈرەلەيدىغان كونكرېت يول ۋە ئىستراتېگىيەلەر چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

## 1. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىقتىسادىي پۇرسەت

چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار تۇرۇۋاتقان پۇل مۇئامىلە مۇھىتى شەخسلەرنى كۆپ خىل ئىزدىنىش يوللىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىگە يول ئاچتى. مەيلى ئەنئەنىۋى خىزمەت پۇرسىتى ئىزدەش ياكى ئىگىلىك تىكلەش بولسۇن، مەۋجۇت تالالاش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى پۇل مۇئامىلە جەھەتتىكى گۈللىنىشنىڭ خاسلاشتۇرۇلغان ئۇسۇلى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ يوللارنى تونۇش ۋە چۈشىنىش ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە مۇقىم ۋە گۈللەنگەن پۇل مۇئامىلە ئاساسى بەرپا قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

### A. بايلىق توپلاش ئىستراتېگىيەسى ۋە ئېھتىمالىي كىرىم مەنبەلىرى

بايلىق توپلاش ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش، ئېھتىياتچان مالىيە باشقۇرۇش ۋە ئوخشىمىغان كىرىم ئېقىملىرىنى بايقاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ جەھەتلىك سەپەردۇر. ئۇيغۇرلار گۇرۇپپىلاپ مەبلەغ سېلىش، ئۆي مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ۋە ئىگىلىك تىكلەش قاتارلىق كۆپ خىل بايلىق جۇغلاش ئىستراتېگىيەلىرى ئۈستىدە ئىزدەنسە بولىدۇ. ئىستراتېگىيەلىك مالىيە پىلانى تۈزۈش ئىقتىسادىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۇزۇن مۇددەتلىك گۈللىنىشكە زېمىن ھازىرلايدۇ.

ئىگىلىك تىكلەش بايلىق توپلاشنىڭ مۇھىم يولى سۈپىتىدە مۇستەقىل كىرىم يارىتىش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە. ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتى، قىزىقىشى ۋە كۈلتۈرەل مىراسلىرىغا ماس كېلىدىغان ئىگىلىك تىكلىسە بولىدۇ. بۇ مەخسۇس قاراتمىلىق بازارنى نىشانلىغان كىچىك كارخانا بولسىمۇ ياكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئىقتىسادقا ھەسسە قوشالايدىغان، كۆلىمىنى زورايتقىلى بولىدىغان كارخانا بولسىمۇ بولىدۇ. شەكىللەندۈرۈشتىن ئۈمىد بار بولغان كىرىم مەنبەسىنى بايقاش بايلىق توپلاشتىكى ھالقىلىق تەرەپ بولۇپ، بازار ئېھتىياجىنى ۋە پۇرسەتنى ئىنچىكە چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تۆۋەندىكىلەر بىر قانچە خىل بايلىق ئېچىش ئىستراتېگىيەسى ۋە ئېھتىمالىي كىرىم مەنبەلىرىدۇر:

**(ساغلام تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەرنىڭ) پاي چېكىگە ياكى ئۆز-ئارا مەبلەغ سېلىش:**

ئېھتىمالىي كىرىم مەنبەسى: پاي دارامىتى، يەنى پاي باھاسىنىڭ ئۆسۈشىدىن ئېرىشىلگەن كاپىتال. ئۆز-ئارا مەبلەغ سېلىشتىن قولغا كەلتۈرۈلگەن پايدا، پۇل مۇئامىلە قۇراللىرىنى سېتىشتىن قىلىنغان پايدا.

**ئۆي - مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ۋە ئېچىش:**

ئېھتىمالىي كىرىم مەنبەسى: مۈلۈك ئىجارە كىرىمى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مۈلۈك قىممىتىنىڭ ئېشىشى. مۈلۈك ئېچىش تۈرلىرىنىڭ پايدىسى ۋە تاماملانغان تۈرلەرنىڭ ئىجارە كىرىمى.

**ئىگىلىك تىكلەش:**

ئېھتىمالىي كىرىم مەنبەسى: تىجارەتتىن قىلىنىدىغان پايدا.

**قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش:**

ئېھتىمالىي كىرىم مەنبەسى: قوشۇمچە تىجارەتلەردىن قىلىنىدىغان كىرىم.

**مائارىپقا مەبلەغ سېلىش:**

ئېھتىمالىي كىرىم مەنبەسى: مائارىپ ۋە ماھارەت يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئاشىدىغان تاپاۋەت قىلىش يوشۇرۇن كۈچى.

**پاسسىپ كىرىم ئېقىمى:**

ئېھتىماللىي كىرىم ئېقىمى: نەشىر ھەققى ياكى ئىجازەتنامە قاتارلىق پاسسىپ كىرىم ئېقىملىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش.

**ياشانغاندا كۆتۈنۈش پۇلى:**

ئېھتىماللىي كىرىم مەنبەسى: 401 (IRA ،k) ياكى باشقا كۆتۈنۈش پىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پېنسىيە پۇلىدىن قىلىنىدىغان كىرىم.

**ئەقلىي مۈلۈك يارىتىش ۋە سېتىش:**

ئېھتىماللىي كىرىم مەنبەسى: كىتاب، پاتېنت، يۇمشاق دېتال ياكى باشقا ئەقلىي مۈلۈكلەرنى سېتىشتىن قىلىنىدىغان پايدا.

**شىفىرلىق پۇللارغا (Cryptocurrency) مەبلەغ سېلىش:**

ئېھتىماللىي كىرىم مەنبەسى: شىفىرلىق پۇللارنىڭ قىممىتىنىڭ ئېشىشى قاتارلىقلاردىن ئېرىشىلىدىغان كاپىتال.

**ئالاھىدە ئىجازەتنامە:**

ئېھتىماللىي كىرىم مەنبەسى: ئالاھىدە ئىجازەتلىك تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن كېلىدىغان پايدا.

**مەسلىھەتچىلىك ۋە ئەركىن كەسىپ:**

يوشۇرۇن كىرىم مەنبەسى: مەلۇم كەسىپتە مەسلىھەت بېرىش ياكى ئىختىيارىي مۇلازىمەتتىن قىلىنىدىغان كىرىم.

**تور دەرسلىكى ۋە ئېلېكترونلۇق ئۆگىنىش:**

ئېھتىماللىي كىرىم مەنبەسى: تور دەرسلىكى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىنى سېتىش ئارقىلىق كىرىم قىلىش.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ ئىستراتېگىيەلەرنىڭ ئۈنۈمى يەككە ئەھۋالغا،

خەتەرگە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىغا ۋە بازار شارائىتىغا ئاساسەن پەرقلىنىشى مۇمكىن. ئىستراتېگىيەنى كۆپ خىللاشتۇرۇش كۆپىنچە ھاللاردا خەتەرنى تىزگىنلەش ۋە ئومۇمىي بايلىق توپلاش ئەھۋالىنى ياخشىلاشتىكى ئاقىلانە ئۇسۇلدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، كەسپىي مالىيە خادىملىرىدىن مەسلىھەت سوراش شەخسىي مالىيە نىشانى ۋە ئەھۋالىغا ئاساسەن خاسلاشتۇرۇلغان يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ.

## B. مائارىپ ۋە ماھارەت تەرەققىياتىنىڭ مالىيە ئىستىقبالىنى ياخشىلاشتىكى رولى

مائارىپ ۋە ماھارەت تەرەققىياتى چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مالىيە ئىستىقبالىنى ياخشىلاشنىڭ ئۇل تېشىدۇر. مائارىپقا مەبلەغ سېلىش تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرستى بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، يەنە شەخسلەرنى سودىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىلىم ۋە تەجرىبە بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۆزى يەرلەشكەن دۆلەتنىڭ تىلىنى پۇختا ئىگىلەش، شۇنداقلا كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك ماھارەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرستىنى ئاشۇرۇپ، سودا مۇھىتىغا ئۇيغۇنلۇك ئىشتىراك قىلىشقا قولايلىق يارىتىدۇ.

تېز ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيا ئىقتىسادىدا، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ۋە ماھارەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئالاھىدە مۇھىم. ئۇيغۇرلار مائارىپ پۇرستى، كەسپىي مەشىق ۋە كەسپىي تەرەققىيات پىروگراممىلىرىدىن پايدىلىنىپ، كەسىپ يۆزلىنىشىگە ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدۇ. شەخسلەر مۇناسىۋەتلىك ماھارەتلەرنى پۇختىلاش ئارقىلىق، ھەر ساھەگە قىممەتلىك تۆھپە قوشالايدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئىستىقبالىنى ياخشىلىيالايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار پايدىلىنالايدىغان پۇل مۇئامىلە يوللىرى ئەنئەنىۋى ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن ئىگىلىك تىكلەشكىچە بولغان بىر قاتار پۇرسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بايلىق توپلاش ئىستراتېگىيەسى ئىنچىكە پىلانلاش ۋە كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەقەززا قىلىدىغان بولۇپ، مائارىپ ۋە ماھارەت يېتىلدۈرۈش بۇ يوللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ماقالىنىڭ قالغان قىسمى ئىگىلىك تىكلەشنىڭ ئىنچىكە نۇقتىلىرىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ، بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دىياسپورالاردىن ئۆرنەك ئالىدۇ ھەمدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزگىچە كۇلتۇرەل ئارقا كۆرۈنۈشىنى نەزەردە تۇتىدۇ.

# 2. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىكى كارخانىچىلىق روھى

## ئىگىلىك تىكلەش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى رىقابەت ۋە پۇرسەتلەر

### A. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كارخانىچىلىق روھى ھەققىدە مۇلاھىزە

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىگىلىك تىكلەش روھى ماسلىشىشچانلىق، ئىجادچانلىق ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارزۇسىنىڭ نامايەندىسىدۇر. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار كۇلتۇرەل مىراسلارنىڭ، ماسلىشىشچانلىقنىڭ ۋە ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقنى

قوغلىشىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىگىلىك تىكلەشكە قارىتا كۆرۈنەرلىك مايىللىقنى نامايان قىلدى. بۇ بۆلۈمدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىگىلىك تىكلەش مۇھىتى ئۈستىدە ئىزدىنىلىپ، بۇ روھقا ھەسسە قوشىدىغان ئامىللار يورۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ سودا پائالىيىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. مەن ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون رايونىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت، قۇرۇلۇش، ئىشكاپ ياساش، توپ سېتىش سودىسى، رەقەملىك سېتىش، گۈل دۇكىنى، توي تەشكىللەش ۋە بېزەش، ماشىنا ئىجارە بېرىش، ماشىنا رېمونت قىلىش، قاتناش مۇلازىمىتى، نەقلىيات (نەقلىيات — ئادەم، يۈك قاتارلىقلارنى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەش ئىشى، « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دىن. شەرقىي تۈركىستان خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىشىنىڭ ئالدىدا ۋە يېڭى بېسىۋېلىنغان چاغلاردا بۇ سۆز خېلى كەڭ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كېيىن «قاتناش نازارىتى» دەپ ئاتالغان ئورۇن ئەسلىدە «نەقلىيات نازارىتى» دەپ ئاتالغان، ت) شىركىتى، Airbnb ئىجارىچىلىقى قاتارلىق كۆپ خىل سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

**B. مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ مەخسۇس مىسال تەتقىقاتى**

ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ مىساللىرىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىش تولىمۇ مۇھىم. بۇ مىساللار ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ يېمەكلىك، پارچە سېتىش، تېخنىكا ۋە كۈلتۈرنى قوغداش قاتارلىق ساھەلەردە ئېلىپ بارغان تۈرلۈك ئىگىلىك تىكلەش ئۇرۇنۇشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. بىز بۇ كارخانىلارنىڭ ھېكايىلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ غەلىبىسىگە تۈرتكە بولغان ئىستراتېگىيەلەرنى، ئۇلار يەڭگەن خىرىسلارنى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇللىرىنى بايقىيالايمىز. بۇ يەردە بىز نەزىرىمىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى، نوقۇل ھالدا يېمەك - ئىچمەك ماكانى بولۇپلا قالماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كۈلتۈرەل ئۇلىنىشى رولىنى ئويناپ، ئۇيغۇر تائاملىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تونۇشتۇرىدىغان بىر ئاشخانىغا ئاغدۇرىمىز. يەنە بىر مىسال تەتقىقاتىدا، بىز ئۇيغۇر كارخانىچىلار قۇرغان تېخنىكا كارخانىسىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ خىرىسقا ماھىرلىق بىلەن تاقابىل تۇرغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ رىقابەت كۈچلۈك بولغان يۇقىرى تېخنىكا ساھەسىدە ئۆزىگە تۇشلۇق ئورۇن تېپىش ئۈچۈن ئۆزگىچە نۇقتىئىنەزەرلەردىن قايسى تەرزدە ئىستراتېگىيەلىك پايدىلانغانلىقىنى يورۇتۇشقا تىرىشتۇق. بۇ قالتىس تىرىشچانلىقلار ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن بۇ ئىككى مىسال تەتقىقاتىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

**1 - مىسال: مىم غىزالىرى (Mim's Food) – ئامېرىكا ۋىرجىنىيە ئىشتاتىنىڭ فەيرفەكس شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئاشخانىسى**

**تونۇشتۇرۇش:**

مەخسۇس ئۇيغۇر تائاملىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان «مىم غىزالىرى» ۋىرجىنىيە ئىشتاتىنىڭ فەيرفەكس شەھرىدىكى لەززەتلىك تائام جەمگاھىدۇر. ئۇلارنىڭ تور بېتىدە كۆرسىتىلگەندەك، بۇ كارخانىنىڭ ئارقىسىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ تاماق ئېتىشكە بولغان چوڭقۇر شەخسىي رىشتە ھەمدە «تاماق ئېتىش – تاماق شەجەرىسىگە ئەگىشىشتىن ھالقىغان پائالىيەتتۇر» دېگەن چۈشەنچىدۇر. بۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنى تاماق ئېتىشنى بىر خىل سەنئەت، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل سەنئەتتە، قىزغىنلىق بىلەن ئىشتىياق بىرلىشىپ، ئۆزگىچە تەم ھاسىل قىلىدۇ، بۇ گويا سەنئەتكارنىڭ گۈزەل ۋە ئۇنتۇلغۇسىز بىر پەيتنى بارلىققا كەلتۈرگىنىگە ئوخشايدۇ.

**ئارقا كۆرۈنۈش:**

2019 - يىلى فارۇق بىلەن نايىمەدىن ئىبارەت جۇشقۇن ياشلار تەرىپىدىن ئېچىلغان «مىم غىزالىرى» بۇ سەپەرنى باشلىغاندا، خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىنىڭ يەر شارى مىقياسىدا يامراپ كېتىشىنى پەملىمىگەنىدى. نايىمەنىڭ تاماق ئېتىشكە ئامراقلىقى، شۇنداقلا ئۇيغۇر تائاملىرىنى ۋە كۇلتۇرىنى فەيرفەكس ناھىيەسىدىكى كۆپ خىل مەھەللىلەرگە تونۇشتۇرۇش جەھەتتىكى بۈرچ تۇيغۇسى بۇ ئاشخانىنى ئېچىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىدى.

**نىشان:**

«مىم غىزالىرى» نىڭ «ئۇيغۇر تائاملىرى ئارقىلىق يەرلىك ئاھالىلەرنى ئۇيغۇر خەلقى ۋە كۇلتۇرى بىلەن تونۇشتۇرۇش» تىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانى بار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ نىشانى ئۆزلىرىنىڭ مالىيە ئەھۋالىنى ياخشىلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار بەش يىل ئىچىدە سېتىش سوممىسىنى 1 مىليون دوللارغا يەتكۈزۈشنى كۆزلىگەن.

**خىرىسلار:**

كوئىتولمىگەن خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسى زور خىرىس پەيدا قىلىپ، داڭلىق رېستورانلارنىڭمۇ بىر مەھەل تاقىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى. بۇنىڭدىن سىرت، يەرلىك ئاھالىلەر ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ تاماقلىرىنى تونۇۋەك بىلمىگەچكە، «مىم غىزالىرى» كۈچلۈك بازار ئېچىش ئېھتىياجىغا دۇچ كەلدى. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىستراتېگىيەلىرى ھەر خىل ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەمبەھىرلىگەنلەرنى مۇكاپاتلاش ۋە خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا تايىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇنىڭدىن سىرت، مەشغۇلاتتىكى خىرىس تەربىيەلەنگەن ئاشپەز ۋە خىزمەتچىلەرنى تېپىش قىيىنچىلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

**ئىستراتېگىيە:**

«مىم غىزالىرى» خىرىسلارنى يېڭىش ئۈچۈن مۇنداق بىر ئىستراتېگىيەلىك ئۇسۇلنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ رېستورانغا مۇۋاپىق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىش، 6 - 8 ئايلىق ئاشپەز

تەربىيەلەش پىروگراممىسىنى يولغا قويۇش ۋە رەقەملىك بازارچىلىقنىڭ كۆچىدىن پايدىلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. فارۇقنىڭ تېخنىكا ساھەسىدىكى ئالاھىدىلىكى ۋە پىششىق كومپيۇتېر ماھارىتى تەشۋىقاتتا رەقەملىك سۇپىلاردىن پايدىلىنىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى.

**ئۇتۇقلار:**

نۆۋەتتە «مىم غىزالىرى» فەيرفەكس رايونىدىكى ئەڭ ئاۋات ئاشخانىغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ياخشى تەربىيەلەنگەن ئاشپەز ۋە خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەت فەيرفەكس ناھىيەسىنىڭ بايلار رايونىدىكى مۈلۈك ئىگىلىرىنى ئازادە تۇرمۇش بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، يەنە جەمئىيەتتىكى باشقا كىشىلەرنىمۇ خىزمەت پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. «مىم غىزالىرى» قىزغىنلىق، ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش ۋە ئاشپەزلىك ماھارىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىش ئارقىلىق ماسلىششچانلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

## 2 - مىسال: ئامېرىكا ۋىرجىنىيە ئىشتاتى شانتىلى شەھىرىدىكى «تېخنىكا ھالقىسى» (TechCircle) مائارىپ مەركىزى

**ئارقا كۆرۈنۈشى:**

«تېخنىكا ھالقىسى» 2019 - يىلى شەپقەت ۋە ئىرپان تەرىپىدىن قۇرۇلغان تېخنىكىۋى مائارىپ مەركىزىدۇر. ئەسلىدە باشقا بىر تېخنىكا شىركىتىدە يىلىغا 100 مىڭ دوللار كىرىم قىلىۋاتقان بۇ بىر جۈپ ياش ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش ھەمدە IT ئارقا كۆرۈنۈشى بولمىغان كىشىلەرنىمۇ ئاشۇنداق پۇرسەت بىلەن تەمىنلەشنى كۆزلىگەنىدى.

**بۇرچ ۋە نىشان:**

«تېخنىكا ھالقىسى» نىڭ غايىسى ھەممە ئادەمنى ئۆز ئارزۇسىدىكى خىزمەتنى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، تېخنىكا ساھەسىدە ئىككىنچى پۇرسەتنى ئىزدەۋاتقانلار ئۈچۈن «ئۈمىد چىرىغى» بولۇشتۇر. ئۇلارنىڭ نىشانى ماھارەت پەرقىنى كىچىكلىتىش، پەن - تېخنىكا مائارىپىنى ئاممىباپلاشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر ۋە باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىستراتېگىيەلىك تۈتۈم:**

«تېخنىكا ھالقىسى» ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، كۆپ جەھەتلىك ئىستراتېگىيەنى قوللانغان. ئۇلار يەرلىك ئوقۇغۇچىلارنى كىچىك سىنىپلاردىكى يۈزتۇرانە دەرسلەر بىلەن، يىراقتىكى ئوقۇغۇچىلارنى بولسا بىرگە بىر يېتەكچىلىك ۋە تور دەرسلىكى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شەپقەت بىلەن ئىرپان كەسپىي مەسلىھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش، تەرجىمھال تەييارلاشقا ياردەملىشىش ۋە داۋاملىق ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇ ساھەنىڭ رىتىمغا يېتىشىپ مېڭىشقا كاپالەتلىك قىلدى.

**خىرىسلار ۋە ئىستراتېگىيەلەر:**

ئۆزگىرىشچان تېخنىكا ساھەسىدە مەشغۇلات قىلىۋاتقان «تېخنىكا ھالقىسى» ساھەنىڭ ئۆزگىرىش رىتىمغا يېتىشىش ۋە كۆپ خىل تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىش جەھەتتە خىرىسلارغا دۇچ كەلدى. ئۇلار ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ۋە ئۇنۇملۇك سېتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدى. ئۇلار داۋاملىق تۈردە سۈپەتلىك مائارىپ، سىغدۇرۇشچانلىق ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى قىلماقتا.

**ئۇتۇقلار:**

يېقىنقى بەش يىلدا، «تېخنىكا ھالقىسى» 400 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەربىيەلەپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتىنى توقسان پىرسەنتكە يەتكۈزدى. بۇ مەركەزدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مائاشى 120 مىڭ دوللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى تەربىيەلىنىش ھەققى 9000 دوللار بويىچە ھېسابلىغاندا، مەبلەغنىڭ پايدا بېرىش نىسبىتى 1233 پىرسەنتتۇر. ئىككى يىلدا بىر مىليون دوللارلىق كىرىم نىشانىغا يەتكەن «تېخنىكا ھالقىسى» مەركىزىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 2024 - يىلىنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئېيىدا يىگىرمىدىن ئارتۇق خىزمەت تەكلىپى تاپشۇرۇۋالدى.

**تەسىرى ۋە سىجىللىق:**

«تېخنىكا ھالقىسى» نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى قۇرغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھمىيەتلىك خىزمەت تېپىشىغا ياردەم بېرىشتىكى ھالقىلىق كۆچكە ئايلاندى. ماركا قىممىتى شىددەت بىلەن ئېشىپ، «تېخنىكا ھالقىسى» نى تېخنىكا مائارىپى ساھەسىدىكى داڭلىق نامغا ئايلاندۇردى. ئۇلار مەزكۇر ساھەدىكى خىرىسلارغا قارىماستىن، يەنىلا كېيىنكى ئەۋلاد تېخنىكا كەسپىي خادىملىرىنى مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

**خۇلاسە:**

«تېخنىكا ھالقىسى» قولايلىق تېخنىكا مائارىپىنىڭ ئۆزگەرتكۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. بۇ مەركەز ئىستراتېگىيەلىك پىلانلار، مۇنەۋۋەر بولۇشقا بەل باغلاش ۋە دىققەتنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مالىيەۋى نىشانىنى ئېشىپ ئاشۇرۇپلا قالماي، تېخنىكا كەسپىنىڭ كەلگۈسىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ

كىچىككىنە ئايلاندى. بۇ مەخسۇس مىسال تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، «تېخنىكا ھالقىسى»نىڭ تېخنىكا مائارىپىنى ئامىبابلاشتۇرۇش ئورۇنۇشى بۇ مەركەزنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىمۇ زەنجىرسىمان تەسىر پەيدا قىلىپ، بۇ مەركەزنى تېخنىكا مائارىپىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇردى.

### C. ئېگىلىك تىكلەش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى خىرىس ۋە پۇرسەتلەر

گەرچە ئېگىلىك تىكلەش سەپىرى كىشىگە ئۈمىد بېغىشلىسىمۇ، ئەمما يەنىلا خىرىسلاردىن خالىي ئەمەس. ئۇيغۇرلار چەت ئەلدە ئېگىلىك تىكلەش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشتا ھەم ئۇنىۋېرسال، ھەم كۇلتۇرەل توسالغۇلارغا دۇچ كەلمەكتە. بۇ خىرىسلار ناتونۇش نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مۇھىتىغا ماسلىشىش، مالىيە بايلىقىغا ئېرىشىش ۋە سودا پائالىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان كۇلتۇرەل ئادەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىل توسالغۇسى ۋە كۇلتۇر پەرقى تېخىمۇ كۆپ توسالغۇلارنى پەيدا قىلالايدىغان بولغاچقا، ئالاقىلىشىش ۋە ئىجتىمائىي باردى - كەلدىلەر ئۈچۈن ئىنچىكە تەدبىر قوللىنىش زۆرۈر.

ھالبۇكى، بۇ خىرىسلار ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە ماسلىشىش پۇرسەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇتۇقلۇق ئۇيغۇر كارخانىچىلار ھەمىشە قىيىنچىلىق ئالدىدا ئۆزىنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى نامايان قىلىپ، خىرىسلاردىن ئۆگىنىش تەجرىبىسى ۋە يېڭىلىق يارىتىش پۇرسىتى سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ قوللىشى ۋە مۇناسىۋەت تورى توساقلارنى يېڭىش، يېتەكچىلىك، ھەمكارلىق ۋە ئورتاق بايلىق بىلەن تەمىنلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ ئالدىدىكى پۇرسەت ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەتتىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كۇلتۇر ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەڭ جەمئىيەتنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ھەمكارلىق پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق، ئۇتۇقلۇق كارخانىلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپلا قالماي، ئۆز كۇلتۇرىنىڭ ۋەكىلىگە ئايلىنالايدۇ ھەمدە ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دىياسپورا جەمئىيىتىنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرالايدۇ.

كېيىنكى بۆلۈملەردە، ئۇيغۇر دىياسپوراسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېگىلىك تىكلەش تەجرىبىلىرىدىن ئالالايدىغان ساۋاقلارنى مۇلاھىزە قىلىمىز، شۇنداقلا كارخانا قۇرۇش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش جەھەتتىكى خىرىسلارنى يېڭىش ئىستراتېگىيەلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىمىز.

## 3. يەھۇدىي دىياسپوراسىدىن ئېلىنىدىغان ساۋاقلار

### A. يەھۇدىي دىياسپوراسى قوللانغان مالىيە ئىستراتېگىيەسى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەھلىل

يەھۇدىي دىياسپوراسى قوللانغان پۇل مۇئامىلە ئىستراتېگىيەسىنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيىتىگە ھەسسە قوشقان پرىنسىپ ۋە ئەمەلىيەتنىڭ

كۆپ خىللىقى نامايان بولىدۇ. دۇنيا مىقياسىدىكى يەھۇدىي دىياسپوراسى ئۇزۇن تارىختا ئىگە ئىگىلىك تىكلەش مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە، كۈچلۈك مائارىپ سىستېمىسىغا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانغا ئەھمىيەت بېرىدىغان كۈلتۈرگە ئىگە. بۇ بۆلۈم يەھۇدىي دىياسپوراسىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىستراتېگىيەسىنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇيغۇر دىياسپوراسىنى قىممەتلىك چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## B. ئىگىلىك تىكلەش، مائارىپ ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانلاشتىكى مۇھىم ساۋاقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش

ئىگىلىك تىكلەش: يەھۇدىي دىياسپوراسى كۈچلۈك ئىگىلىك تىكلەش روھىغا ئىگە بولۇپ، بۇ خىل روھ ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ساھەلەردىكى ئۇتۇقلۇق كارخانىلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. بازار پۇرسىتىنى بايقاش، ھېسابلانغان خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تەجرىبە - ساۋاقلار ئۇيغۇر كارخانىچىلارنى تەرەققىيات پىلانى بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلارغا قارىتىلغان مەخسۇس مىسال تەتقىقاتى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كۆپ خىل يولىنى كۆرسىتىپ، ماسلىشىشچانلىق ۋە بازار دىنامىكىسىنى ئېنىق چۈشىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

مائارىپ: مائارىپ ئەزەلدىن ئىلمىي ئەۋزەللىك ۋە ماھارەت يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان يەھۇدىي كۈلتۈرىنىڭ ئۇل تاشلىرىدىن بىرىدۇر. يەھۇدىي دىياسپوراسى ئۆگىنىشنى مۇھىم بىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ مائارىپ سەۋىيەسىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولغان. ئۇيغۇرلار بۇ خىل مەرىپەتپەرۋەرلىكتىن ئىلھام ئېلىپ، بىلىمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئىگىلىك تىكلەش جەھەتتىكى تۈرتكىلىك رولىنى چۈشىنەلەيدۇ. مائارىپقا مەبلەغ سېلىش شەخسىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى بولۇپلا قالماي، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ كاتالىزاتورلۇق رول ئوينايدۇ.

ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانلاش: يەھۇدىي دىياسپوراسى ئۆزلىرىنىڭ ئىنچىكە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانلاش ئادىتى بىلەن داڭلىق بولۇپ، بۇ پىلانلار پۇل مۇئامىلە مۇقىملىقى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئەۋلادلار ئارا بايلىق باشقۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېلەچەككە يۈزلەنگەن تەپەككۇر ئەندىزىسى ۋە ئىستراتېگىيەلىك مالىيە پىلانلاش ئادىتى يېتىلدۈرۈش، شۇنداقلا مەھەللە ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش سىجىل مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا تۆھپە قوشىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، سىجىل گۈللىنىشكە ئاساس سالالايدۇ ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك پۇل مۇئامىلە ئىستراتېگىيەسىنىڭ مۇرەككەپ تەرەپلىرىنى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

## C. بۇ ساۋاقلارنىڭ ئۇيغۇر دىياسپوراسىغا تەتبىقلىنىشچانلىقى

يەھۇدىي دىياسپوراسىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىستراتېگىيەسىدىن ئېلىنغان تەجرىبە - ساۋاقلار ئۇيغۇر دىياسپوراسى ئۈچۈن مۇھىم قوللىنىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، پۇرسەت تېپىش ۋە

خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە تەپسىلىي پىلان بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىگىلىك تىكلەش روھى ئۇيغۇرلارنى ئۆزگىچە سودا پۇرسىتىنى بايقاشقا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرەلەيدۇ. مائارىپنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش شەخسنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىلىم ۋە ماھارەت قوغلىشىش بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنى ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرغا، شۇنداقلا كۈلتۈرلەرنى قوغدايدىغان ۋە ئىقتىسادنىڭ سىجىللىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان ئاپپاراتلارنى قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. شەخسلەر بۇ ساۋاقلارنى ئۇيغۇر دىياسپوراسىنىڭ ئۆزگىچە كۈلتۈرەل مۇھىتىغا تەتبىقلاش ئارقىلىق، ئۆز مەھەللىسىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ، ھەم يەرلىك خەلقلەرنىڭ كۈلتۈرىگە ماس كېلىدىغان كارخانا ۋە ئورگانلارنى قۇرالايدۇ.

كېيىنكى بۆلۈملەردە، ئۇيغۇر دىياسپوراسىنىڭ بۇ ساۋاقلارنى قانداق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا تەتبىقلىيالايدىغانلىقى، شۇنداقلا داۋاملاشتۇرۇشچان ئىگىلىك تىكلەش، مائارىپنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىياتىنىڭ يول خەرىتىسىنى تۈزۈپ چىقالايدىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىمىز.

## 4. كۈلتۈرەل سەزگۈرلۈك ۋە سودا مۇۋەپپەقىيىتى

### A. سودا كارخانىلىرىدىكى كۈلتۈرەل ئاڭنىڭ مۇھىملىقى

كۈلتۈرەل ئاڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك سودا كارخانىلىرىنى قۇرۇشنىڭ ئۇل - ئاساسىدۇر، بولۇپمۇ كۆپ خىل كۈلتۈر مۇھىتىغا ئىگە جەمئىيەتلەردە تېخىمۇ شۇنداق. ئۇيغۇر دىياسپوراسىغا نىسبەتەن، كۈلتۈرەل پەرقلەرنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەنلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر ئەنئەنىسى ۋە يەرلىك كۈلتۈر بىلەن چوڭقۇر ماسلاشقان كارخانا قۇرۇشتا كاتالىزاتورلۇق رول ئوينىيالايدۇ. بۇ بۆلۈمدە كۈلتۈرەل ئاڭنىڭ سودا ئىستراتېگىيەسى ۋە سەمەرىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىكى ھالقىلىق رولى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

### B. ھەم ئۇيغۇر كۈلتۈرىگە، ھەم يەرلىك كۈلتۈرگە ماس كېلىدىغان خاس مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەتنى روياپقا چىقىرىش ئىستراتېگىيەلىرى

توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان يەر شارى بازىرىدا، كۈلتۈرەل كۆپ خىللىققا توغرا مۇئامىلە قىلغان شىركەتلەر كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز ساھەسىنىڭ سەركىسىگە ئايلىنالايدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەتنى ئىستراتېگىيەلىك خاسلاشتۇرۇش ھەم ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىلەن، ھەم تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك يەرلىك خەلق بىلەن ئالاقە ئورنىتىشتىكى كۈچلۈك قورالدۇر. بۇ نىشانلانغان ھەر ئىككى توپتىكىلەرنىڭ (يەنى ئۇيغۇرلار بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ) مايىللىقى، قىممەت قاراشلىرى ۋە ئەنئەنىسىنى ئىنچىكە چۈشىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

كۇلتۇر ئامىللىرىنى ئۆزگىگە مۇجەسسەملەش: شىركەتلەر ئۇيغۇر كۇلتۇر ئېلېمېنتلىرىنى ئۆز مەھسۇلاتلىرى ياكى مۇلازىمىتىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆزگىچە قىممەت قاراش تەشەببۇسى ھاسىل قىلالايدۇ. بۇ خىل ئامىللار كەڭ خېرىدارلار توپىنىڭ ئېرىشىشىگە قولايلىق ھەمدە ئۇلارغا قارىتا جەلپكار بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر كىملىكىنى نامايان قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئېستېتىكا، تىل ياكى سىمۋوللارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

يەرلىكلەرنىڭ دىتىغا ماسلىشىش: شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەتنى يەرلىكلەرنىڭ دىتىغا ماسلاشتۇرۇش ئۇنىڭ تېخىمۇ كەڭ بازاردىكى قوللىنىشچانلىقىغا ۋە قوبۇل قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ يەرلىكلەرنىڭ دىتىغا ماس كېلىدىغان تەم، سۇنۇش (presentation) ئۇسۇلى ياكى سېتىش ئىستراتېگىيەسىنى شەرت قىلىشى مۇمكىن.

كۇلتۇرلەر ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش: شىركەتلەر يەرلىك ئاھالىلەرگە ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق كۇلتۇرلەر ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. بۇ كۇلتۇرەل ئالىيشىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، شىركەتنى توپلار ئارا كۆۋرۈكلۈك سۈپىتىدىكى ئىجابىي ئوبرازغا ئىگە قىلىدۇ.

### C. كۇلتۇرەل كىملىك بىلەن سودا مۇۋەپپەقىيىتىنى بىر - بىرىگە باغلاش

كۇلتۇرەل كىملىك بىلەن سودا مۇۋەپپەقىيىتىنى بىر - بىرىگە باغلاش مەھسۇلاتنى خېرىدارلارغا ماسلاشتۇرۇشتىنلا ئىبارەت بولماستىن، ئۇ يەنە كارخانا بىلەن ئۇ مۇلازىمەت قىلىدىغان جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر باغلىنىش بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل ھەمسىلەنگەن ئۇنۇمنى قولغا كەلتۈرۈش ئىستراتېگىيەلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ئىجتىمائىي ئىشتىراك: ھەم ئۇيغۇرلار، ھەم يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن پائال باردى - كەلدى قىلىش سىغدۇرۇشچانلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. بۇ مەھەللە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش، يەرلىك تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىش ۋە ھەر ئىككى كۇلتۇرگە ئاكتىپ تۆھپە قوشىدىغان پىلانلارنى قوللاشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

ھېكايە سۆزلەش ۋە ماركا يارىتىش: شىركەتنىڭ كۇلتۇرەل كىملىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھېكايىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئىستېمالچىلار بىلەن شەخسىي سەۋىيەدە ئورتاقلىق ھاسىل قىلالايدۇ. ئۈنۈملۈك ھېكايە سۆزلەش ۋە ماركا يارىتىش شىركەتنىڭ بىسىپ ئۆتكەن مۇساپىلىرىنى، قىممەت قاراشلىرىنى ۋە كۇلتۇرەل ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خېرىدارلار بىلەن كۈچلۈك باغلىنىش ھاسىل قىلالايدۇ.

ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق: كارخانىلار ھەم ئۇيغۇرلارغا، ھەم يەرلىك جەمئىيەتكە نەپ يەتكۈزىدىغان دەۋلار بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش ئارقىلىق ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتكە بولغان ساداقىتىنى نامايان قىلالايدۇ. بۇ تېخىمۇ كەڭ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىپلا قالماي، شىركەتنىڭ ئىناۋىتىنىمۇ ئۆستۈرىدۇ.

ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، كۇلتۇرەل ئاڭ بىلەن سودا مۇۋەپپەقىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەتدارلىق مۇناسىۋىتى كۇلتۇرەل كىملىكنى قوغداش بىلەن بازارنىڭ ئۆزگىرىشچان

تەلىپىگە ماسلىشىش ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك تەڭپۇڭلۇقنى تېپىشقا باغلىق. بۇ ماقالىنىڭ قالغان قىسمى ئۇيغۇر كارخانىلىرى كۈلتۈرەل ئاڭنى ئۆزلىرىنىڭ سودا پائالىيەتلىرىگە ئۇنۇملۇك سىڭدۇرۇش ئۇچۇن قوللىنالايدىغان ئەمەلىي مىسال ۋە ئىستراتېگىيەلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئوخشىمىغان خېرىدارلارغا ماس كېلىدىغان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## 5. مۇناسىۋەت تورى ۋە ئىجتىمائىي ئىشتىراك

### A. مۇناسىۋەت تورىنىڭ سودا تەرەققىياتىدىكى رولى

مۇناسىۋەت تورى سودىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى ھالقىلىق ئامىل بولۇپ، پۇرسەت، ھەمكارلىق ۋە قوللاشقا ئېرىشىش ۋاستىسىدۇر. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر كارخانىچىلارغا نىسبەتەن، كۈچلۈك مۇناسىۋەت تورى بەرپا قىلىش ئۇلارنىڭ شىركىتىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە. بۇ بۆلۈم مۇناسىۋەت تورىنىڭ سودا تەرەققىياتىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان رولىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر دىياسپوراسى ۋە كەڭ جەمئىيەت ئىچىدىكى باغلىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

### B. ئۇيغۇر دىياسپوراسىدا ۋە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە باغلىنىش ھاسىل قىلىش

مەھەللە ئىچىدە مۇناسىۋەت تورى بەرپا قىلىش: ئۇيغۇر دىياسپوراسىنىڭ ئىچىدە باغلىنىش ھاسىل قىلىش ئىلھامبەخش سودا مۇھىتى يارىتىشنىڭ ئاساسىدۇر. مەھەللە ئىچىدىكى مۇناسىۋەت تورى ئورتاق تەجرىبە، يېتەكلەش پۇرسىتى ۋە بولغۇسى ھەمكارلاشقۇچىلارنى تېپىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە خاس بولغان پائالىيەتلەر، يىغىلىشلار ۋە تور سۇپىلىرى بۇ باغلىنىشنى ھاسىل قىلىشتىكى قىممەتلىك بوشلۇقتۇر.

دىياسپورادىكى بايلىقلاردىن پايدىلىنىش: ئۇيغۇر كارخانىچىلار دىياسپورادىكى كۆپ خىل ماھارەت ۋە تەجرىبىلەردىن پايدىلانسا بولىدۇ. مۇناسىۋەت تورى بىلىم، ئىدىيە ۋە ئەڭ ياخشى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپ، شەخسلەر ئۆز كارخانىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئورتاق تۆھپە قوشالايدىغان ھەمكارلىششچان ئېكولوگىيە سىستېمىسى بەرپا قىلالايدۇ.

كۈلتۈرەل پاسىللاردىن ھالقىغان باغلىنىش: مەھەللە ئىچىدىكى مۇناسىۋەت تورى ئىنتايىن مۇھىم بولسىمۇ، كۈلتۈرەل پاسىللاردىن ھالقىغان ئۇلىنىش بەرپا قىلىش سودا پۇرسىتىنىڭ ئۇپۇقنى كېڭەيتىدۇ. ئوخشىمىغان ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە كىشىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىش تەپەككۇرنى كۆپ خىللاشتۇرۇپ، بازار دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ ھەمدە كۈلتۈرەل توساقلاردىن ھالقىغان ھەمكارلىقنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

### C. قوللاشقا ۋە ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، تېخىمۇ كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن ھەمكارلىشىش

يەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە تەشكىلاتلار: يەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە تەشكىلاتلارغا پائال قاتنىشىش تېخىمۇ كەڭ سودا ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشكە

پايدىلىق. ئۇيغۇر كارخانىچىلار يەرلىك سودا ئادىتى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش چۈشەنچىسى ۋە بولغۇسى ھەمكارلىق پۇرسەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىشتىن نەپ ئالالايدۇ. بۇ تەشكىلاتلارغا تۆھپە قوشۇش ئۇيغۇر كارخانىلىرىنى يەرلىك ئىقتىسادىي ئەندىزىگە قىممەتلىك تۆھپە قوشقۇچىغا ئايلاندۇرالايدۇ.

ئىجتىمائىي ئىشتىراك پىلانلىرى: پىلانلار ۋە پائالىيەتلەر ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن باردى - كەلدى قىلىش يەرلىك جەمئىيەتكە سىڭىش ئىستىكىنى نامايان قىلىدۇ. كۈلتۈرەل ئالماشتۇرۇشقا قاتنىشىش، مەھەللە پائالىيەتلىرىگە ياردەم بېرىش ياكى كەڭ جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە ماس كېلىدىغان تۈرلەردە ھەمكارلىشىش ئىناۋەت ۋە ئاكتىپ مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ.

پايدا كۆزلىمەيدىغان تەشكىلاتلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىش: پايدا كۆزلىمەيدىغان تەشكىلاتلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئىجتىمائىي ئىشتىراك ۋە جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان يول بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇيغۇر كارخانىلىرى ئاممىۋى ئوبرازنى ياخشىلاش ۋە ئەھمىيەتلىك مۇناسىۋەتلەرنى بەرپا قىلىش بىلەن بىللە، ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئاكتىپ تۆھپە قوشىدىغان پىلانلاردا باشقىلار بىلەن ھەمكارلاشسا بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مۇناسىۋەت تورىنىڭ سودا تەرەققىياتىدىكى رولى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئۇ كەڭ جەمئىيەت بىلەن ئاكتىپ باردى - كەلدى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر دىياسپوراسى ئىچىدە كۈچلۈك قوللاش سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار مۇناسىۋەت بەرپا قىلىش ئارقىلىق، مول بايلىق، يېتەكچىلىك ۋە ھەمكارلىق پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، بۇ يەككە شىركەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ياردەم بېرىپلا قالماي، يەنە شۇلار پائالىيەت قىلىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ كۈلتۈرەل قۇرۇلمىسىنىمۇ بېيىتىدۇ. كېيىنكى بۆلەكلەر ئۈنۈملۈك مۇناسىۋەت تورى بەرپا قىلىش ۋە ئىجتىمائىي ئىشتىراكقا ئالاقىدار ئەمەلىي ئىستراتېگىيەلەرنى چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىگىلىك تىكلىمەكچى ۋە كارخانىسىنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولغان ئۇيغۇر كارخانىچىلارنى يول خەرىتىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 6. مالىيە پىلانى ۋە باشقۇرۇش

### A. مالىيەۋى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەتراپلىق سودا پىلانى تۈزۈش

ئەتراپلىق سودا پىلانى پۇل مۇئامىلە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئۇل تېشى بولۇپ، ئىگىلىك تىكلەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇرەككەپ جەريانلىرىدا ئۇيغۇر كارخانىچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان يول خەرىتىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ بۆلۈم ئىنچىكە پىلانلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، پۇختا سودا پىلانى تۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان مۇھىم ئامىللارنى قىسقىچە بايان قىلىدۇ.

بازار تەھلىلى ۋە پۇرسەتنى بايقاش: بازار ئەھۋالىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش تولىمۇ مۇھىم. ئۇيغۇر كارخانىچىلار پۇرسەتنى بايقاش، رىقابەت ئەھۋالىنى باھالاش ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بازارنى تەھلىل قىلىشى كېرەك. بۇ چۈشەنچە ئىستراتېگىيەلىك

قارارلارنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ، سودىنىڭ بازار ئېھتىياجى بىلەن ماسلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

**ئېنىق سودا نىشانى ۋە ئىستراتېگىيەسى:** نىشاننى يېتەكچى قىلغان سودا تەرەققىياتىدا ئېنىق بېكىتىلگەن نىشان ۋە ئىستراتېگىيەلەر ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئۆزلىرىنىڭ قىسقا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشانىنى بېكىتىپ، ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ۋە تاكتىكىلىرىنى تەپسىلىي تىزىمغا تۇرغۇزۇشى كېرەك. بۇ يۆنىلىش كۆرسەتكۈچىلا قالماي، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇۋەپپەقىيەتنى ئۆلچەشنىڭ ئاساسىدۇر.

**مالىيە مۆلچەرى ۋە خەۋپنى ئازايتىش:** مالىيە مۆلچەرى سىزنى شىركەتنىڭ مۆلچەرلەنگەن كىرىمى، چىقىمى ۋە پايدا نىسبىتى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار خەۋپنى ئازايتىش ئىستراتېگىيەسىنى قوللىنىپ، خىرىسنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، جىددىي تاقابىل تۇرۇش پىلانى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. بۇ خىل يىراقنى كۆرەرلىك كارخانىنىڭ كۈتۈلمىگەن ئەھۋالغا ماسلىشىش كۈچىنى ئاشۇرالايدۇ.

### B. ئۇيغۇر ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرگە قويۇلىدىغان قانۇنىي تەلەپلەر، بېرىلىدىغان ئىجازەتنامىلەر ۋە گۇۋاھنامىلەر

چەت ئەلدە ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولغان ئۇيغۇر كارخانىچىلارغا نىسبەتەن، قانۇنىي مۇھىتنى ياخشى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا لايىقىدا تەييارلىق كۆرۈش تولىمۇ مۇھىم. يەرلىكنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىش، زۆرۈر ئىجازەتنامىلەرنى ۋە گۇۋاھنامىلەرنى ئېلىش قانۇنىي مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر.

يەرلىك سودا نىزاملىرىنى چۈشىنىش: ئۇيغۇر كارخانىچىلار رايونلۇق سودا قانۇنلىرى، باج تەلەپلىرى ۋە مۇئەييەن كەسپكە ئالاقىدار خاس بەلگىلىمە قاتارلىق يەرلىك سودا بەلگىلىمىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشى كېرەك. بۇ چۈشىنىش كارخانىنىڭ قانۇن دائىرىسىدە تىجارەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئىجازەتنامە ۋە گۇۋاھنامىلەرنى ئېلىش: سودىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن، ئۇيغۇر كارخانىچىلار كونكرېت ئىجازەتنامە ۋە گۇۋاھنامىلەرگە ئېھتىياجلىق بولۇشى مۇمكىن. بۇ ساغلاملىق ئىجازەتنامىسى، يېمەكلىك گۇۋاھنامىسى ياكى كەسپىي ئىسپات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. بۇ گۇۋاھنامىلەرنى ئېلىش كارخانىنى قانۇنىيلاشتۇرۇش ۋە قانۇنىي ئاۋارىچىلىكلەردىن ساقلىنىشتا ئىنتايىن مۇھىم.

قانۇنىي قۇرۇلما ۋە توختامنامە: شىركەتكە ـــ مەيلى شېرىكسىز كارخانا، شېرىك كارخانا ياكى شىركەت بولسۇن ـــ ماس كېلىدىغان قانۇنىي قۇرۇلمىنى تاللاش (ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك) مەسئۇلىيەتكە، باجغا ۋە مەشغۇلات جانلىقلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئېنىق ۋە ئەتراپلىق توختامنامە تۈزۈش كارخانا ۋە ئالاقىدار مەنپەئەتدارلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ.

### C. مالىيە باشقۇرۇش ئىستراتېگىيەلىرى ۋە خامچوتنىڭ ئەھمىيىتى

ساغلام مالىيە باشقۇرۇش ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ سىجىللىقى ۋە يۈكسىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم. خامچوت تۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈنۈملۈك مالىيە باشقۇرۇش ئىستراتېگىيەلىرىنى يولغا قويۇش مالىيە مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ھەسسە قوشىدۇ.

مەشغۇلات ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خامچوت تۈزۈش: تەپسىلىي خامچوت تۈزۈش بايلىقلارنى ئۈنۈملۈك تەقسىملەپ، مالىيەۋى بېسىمنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مەشغۇلات ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئاقىلانە مالىيە قارارلىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۆز كىرىمى، چىقىمى ۋە مۆلچەردىكى نەق پۇل ئوبوروتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تىزىمغا تۇرغۇزۇشى كېرەك.

نەق پۇل ئوبوروتىنى باشقۇرۇش: نەق پۇل ئوبوروتىنى باشقۇرۇش كۈندىلىك مەشغۇلاتتا ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇر كارخانىچىلار تالون چىقىرىش ئادىتى، پۇل تۆلەش شەرتلىرى ۋە زاپاس مال باشقۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان نەق پۇل ئوبوروتىنى ئەلالاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەلىرىنى يولغا قويۇشى كېرەك. بۇ كارخانىنىڭ ئىلكىدە يېتەرلىك مەبلەغ ساقلىشىغا ھەمدە تەرەققىيات پۇرسىتىنى چىڭ تۇتالىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ.

مەبلەغ سېلىش ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدىنى تەھلىل قىلىش: بولغۇسى مەبلەغ سېلىش قىلمىشلىرىنى باھالاش ۋە مەبلەغ سېلىشتىن كېلىدىغان پايدىنى تەھلىل قىلىش (ROI) مالىيە قارارىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار پىلانلارنىڭ تەننەرخ - ئۈنۈم نىسبىتىنى باھالىشى، خەۋپ بىلەن بولغۇسى پايدىنى دەڭسەپ كۆرۈشى، مالىيە بايلىقنى ئېھتىيات بىلەن تەقسىم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئەتراپلىق سودا پىلانى تۈزۈش، قانۇنىي تەلەپلەرنى چۈشىنىش ۋە ئۈنۈملۈك مالىيە باشقۇرۇش ئىستراتېگىيەلىرىنى يولغا قويۇش ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ مالىيە مۇۋەپپەقىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسىملاردۇر. كېيىنكى بۆلۈملەردە سودا پىلانى، قانۇنغا رىئايە قىلىش ۋە مالىيە باشقۇرۇش جەھەتلەردىكى ئەمەلىي ئۇسۇللار چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىنىپ، چەت ئەلدە ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە سىجىل تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەمەلىي چۈشەنچىلەر بېرىلىدۇ.

## 7. تېخنىكىنى قوبۇل قىلىش ۋە تېخنىكىۋى ماسلىششچانلىق

### A. تېخنىكىنى قوبۇل قىلىپ، سودىنىڭ ئېششىنى ئىلگىرى سۈرۈش

تېخنىكىلارنى قوبۇل قىلىش نوقۇل بىر تاللاشلا ئەمەس، ئۇ دىياسپورادىكى تىجارىتىنىڭ سىجىل ئېشىشىنى كۆزلەيدىغان ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئۈچۈن ئۇللۇق ئىستراتېگىيەدۇر. بۇ بۆلۈمدە تېخنىكىنىڭ ئۆزگەرتكۈچ كۈچ ئىكەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئۇنى تىجارەت مەشغۇلاتلىرىغا ئۈنۈملۈك سىڭدۈرۈش جەھەتتە نەزەردە تۇتۇشقا تېگىشلىك مۇھىم ئامىللار قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

رەقەملىك مەۋجۇتلۇق ۋە توردىكى كۆرۈنۈشچانلىق: كۈچلۈك رەقەملىك مەۋجۇتلۇقنى بەرپا قىلىش تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئاساسىدۇر. ئۇيغۇر كارخانىچىلار كەسپىي

تور بېكەتلەرگە مەبلەغ سېلىشى، ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدىن پايدىلىنىپ، توردىكى كۆرۈنۈشچانلىقنى ئەلالاشتۇرۇشى كېرەك. ياخشى لايىھەلەنگەن تور مەۋجۇتلۇقى ماركىنىڭ داڭقىنى ئاشۇرۇپ، ئىشەنچ تۇرغۇزالايدۇ ۋە ھەرىكەتچان سېتىش قورالى بولالايدۇ.

ئېلېكترونلۇق تىجارەت ۋە رەقەملىك سودا - سېتىق: ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىلىرىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى يوچۇقسىز سودىنى (seamless transaction) ئاسانلاشتۇرىدۇ ۋە بازارنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار تور بازىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بىخەتەر پۇل تۆلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ رەقەملىك مال سېتىۋېلىش سەرگۈزەشتىسىنى ئەلالاشتۇرالايدۇ. بۇ تىجارەتنى قولايلاشتۇرۇپلا قالماي، تىجارەتنى كېڭەيتىشكىمۇ ئىمكانىيەت يارىتىدۇ.

سانلىق مەلۇمات تەھلىلى ۋە سودا ئىستىخباراتى: سانلىق مەلۇمات تەھلىلىنىڭ كۈچىدىن پايدىلانغاندا، ئىستېمالچىلارنىڭ قىلمىشى، بازار يۈزلىنىشى ۋە مەشغۇلات ئۈنۈمدارلىقى ھەققىدە قىممەتلىك چۈشەنچىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار تەھلىل قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاقىلانە قارار چىقىرالايدۇ، سېتىش ئىستراتېگىيەسىنى خاسلاشتۇرالايدۇ ۋە سودا ئۇسۇلىنى ئەمەلىي ۋاقىتتىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن تەڭشىيەلەيدۇ.

**B. بازار ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ساقلاش**

ئۆزگىرىشچان سودا مۇھىتىدا، ماسلىششچانلىق ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى مۇھىم ئامىلدۇر. ئۇيغۇر كارخانىچىلار چوقۇم ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان تەپەككۇر ئەندىزىسىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك، بۇ ئۇلارنى بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە چاققانلىق بىلەن ماسلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ۋە ماھارەت يېتىلدۈرۈش: كەسىپ يۈزلىنىشىگە ماسلىشىش ۋە يېڭى ماھارەت ئىگىلەش ماسلىشىش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى، مۇناسىۋەتلىك سۆھبەت يىغىنلىرىغا قاتنىشىشى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدىغان ۋە بازاردىكى رىقابەت كۈچىنى ساقلاپ قالالايدىغان تەربىيەلەش پروگراممىلىرىنى ئىزدىشى كېرەك.

بازار تەتقىقاتى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ قايتما ئىنكاسى: قەرەللىك بازار تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش ۋە خېرىدارلارنىڭ تەكلىپ - پىكىرلىرىگە ئاكتىپلىق بىلەن قۇلاق سېلىش ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مايىللىقىنى ۋە بازار دىنامىكىسىنى چۈشىنىشىگە شارائىت ھازىرلايدۇ. بۇ تەكرارلىنىش جەريانى مەھسۇلات تەمىناتى، سېتىش ئىستراتېگىيەسى ۋە ئومۇمىي سودا مېتودىنى ۋاقتىدا تەڭشەشكە ئىمكانىيەت يارىتىدۇ.

سودا ئەندىزىسىنىڭ جانلىقلىقى: ماسلىششچان بولۇش زۆرۈر تېپىلغاندا سودا ئەندىزىسىنى قايتا باھالاش ۋە تەڭشەشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئۆزلىرىنى بازار شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بەرداشلىق بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدىغان جانلىق سودا قۇرۇلمىسى، كۆپ خىل كىرىم ئېقىمى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ئۈستىدە ئىزدەنسە بولىدۇ.

### C. مۇناسىۋەت تورى بەرپا قىلىش ۋە سودا پائالىيەتلىرى ئۈچۈن تور بايلىقى ۋە سۇپىلىرىدىن پايدىلىنىش

رەقەملىك دەۋر نۇرغۇنلىغان تور بايلىقلىرى ۋە سۇپىلىرى بىلەن تەمىنلىدى، بۇ ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ مۇناسىۋەت تورى بەرپا قىلىش تىرىشچانلىقىغا ۋە تىجارەت پائالىيەتلىرىگە زور دەرىجىدە ھەسسە قوشالايدۇ.

مەۋھۇم مۇناسىۋەت تورى ئورنىتىش پائالىيەتلىرى ۋە سۇپىلىرى: مەۋھۇم مۇناسىۋەت تورى ئورنىتىش پائالىيەتلىرىگە، تور مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا ۋە تور مۇنبەرلىرىگە قاتنىشىش ئۇيغۇر دىياسپوراسىنىڭ ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى ئالاقىلەرنى قولايلاشتۇرىدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار رەقەملىك سۇپىلاردىن پايدىلىنىپ ئوخشىمىغان ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە شەخسلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتالايدۇ، ئۇلاردىن مەسلىھەت ئالالايدۇ ۋە ھەمكارلىق پۇرسىتى ئۈستىدە ئىزدىنەلەيدۇ.

تورنى ئاساس قىلغان مەشغۇلات قوراللىرى: تورنى ئاساس قىلغان قوراللاردىن پايدىلىنىش ئېرىشىش ئىمكانىيىتىنى، ھەمكارلىقنى ۋە سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىكىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق سودا مەشغۇلاتىنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار تۈر باشقۇرۇش قوراللىرى، خەۋەرلىشىش سۇپىلىرى ۋە توردا ساقلاش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، خىزمەت ئېقىمىنىڭ ئۈنۈمىنى ئەلالاشتۇرالايدۇ، بولۇپمۇ يىراق مۇساپىلىك خىزمەت قىلىدىغان ياكى خادىملىرى تارقاق جايلاردا خىزمەت قىلىدىغان كارخانىلاردا تېخىمۇ شۇنداق.

ئېلېكترونلۇق سېتىش ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى ئالاقىلەر: ئېلېكترونلۇق سېتىشنىڭ ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈنۈملۈك ئالاقە ۋە سېتىشتا ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇر كارخانىچىلار نىشانلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇ تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، خېرىدارلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتالايدۇ، شۇنداقلا تور ئېلانىدىن پايدىلىنىپ، ماركا تەسىرىنى كېڭەيتىپ، دۇنيا مىقياسىدا خېرىدار تاپالايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تېخنىكىنى قوبۇل قىلىش، ماسلىشىشچانلىقنى يېتىلدۈرۈش ۋە تور بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئۈچۈن ئالدىن كۆرەر ئىستراتېگىيەنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمىلىرىدۇر. كېيىنكى بۆلۈملەردە تېخنىكا ئارقىلىق سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بازار ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش، شۇنداقلا مۇناسىۋەت تورى ۋە مەشغۇلاتلار ئۈچۈن تور بايلىقىنى ئەلالاشتۇرۇشتىكى ئەمەلىي قوللىنىشچان چارىلەر ۋە ئەڭ ياخشى تەجرىبىلەر چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

## 8. كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە خەۋپىنى ئازايتىش

### A. سودىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەلىرى

ئىستراتېگىيەلىك كۆپ خىللىشىش ماسلىشىشچانلىق ۋە سىجىل ئېشىشنى كۆزلەيدىغان ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئۈچۈن كۈچلۈك چارىدۇر. بۇ بۆلۈمدە سودىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشىشتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلەر ئۈستىدە ئىزدىنىلىدۇ.

بازار تەھلىلى ۋە ئېستېمالچىلارنى چۈشىنىش: بازارنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ۋە ئېستېمالچىلارنىڭ قىلمىشلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆپ خىللىششىنىڭ ئاساسىدۇر. ئۇيغۇر كارخانىچىلار يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان يۈزلىنىشنى بايقاپ، بازاردىكى بوشلۇقنى مۆلچەرلەپ، ئېستېمالچىلارنىڭ مايىللىقى ھەققىدە چۈشەنچە توپلىشى كېرەك. بۇ ئۇچۇرلار مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتنى كېڭەيتىش ياكى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك قارارلارنىڭ ئاساسىدۇر.

تولۇقلىغۇچى (Complementary) مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەتنى بازارغا سېلىش: ئۇيغۇر كارخانىچىلار مەۋجۇت ئەۋزەللىكلەرنى ئاساس قىلىپ، تولۇقلىغۇچى مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەتنى بازارغا سېلىش ئۈستىدە ئىزدەنسە بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا مەۋجۇت خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن پايدىلىنىپلا قالماي، يەنە ئاشۇ كارخانىنىڭ ئوخشاش نىشانلىق بازاردىكى سودا ئۈلۈشىنى كېڭەيتىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش ياكى بىر يۈرۈش ئورالغان يېمەكلىكلەرنى بازارغا سېلىش ئارقىلىق كۆپ خىللاشسا بولىدۇ.

ئىستراتېگىيەلىك شېرىكچىلىك ۋە ھەمكارلىق: باشقا كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ياكى ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق شەكىللەندۈرۈش كۆپ خىللىششىنىڭ يېڭى يولىنى ئاچالايدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار تەجرىبە ۋە بايلىقلارنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى بازارغا كىرەلەيدۇ ياكى بىرلەشمە مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. ئىستراتېگىيەلىك ئىتتىپاقداشلىق تەڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش سۈپىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**B. تەۋەككۈلچىلىق ۋە سودا بىرىكمىسى (business portfolio) ئارقىلىق خەۋپنى ئازايتىش**

خەۋپنى ئازايتىش سودىنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەقەللىي تەلەپتۇر. ئۇيغۇر كارخانىچىلار تەۋەككۈلچىلىقتا سودا بىرىكمىسىنى ساقلاپ، ئېنىقسىزلىق ۋە بازارنىڭ داۋالغۇشىدىن ساقلىنىش ئارقىلىق خەۋپنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىزگىنلىيەلەيدۇ.

كەسىپ ياكى ساھە ھالقىپ كۆپ خىللىشىش: سودا بىرىكمىسىنى تەۋەككۈلچىلىقتا ساقلاش كەسىپ ياكى ساھە ھالقىغان كۆپ خىللىششىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئوخشىمىغان كەسىپلەردە ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى ۋە بازار پۇرسىتىگە ماس كېلىدىغان ئىگىلىك تىكلەشنى ئويلاشسا بولىدۇ. بۇ خىل كۆپ خىللىشىش شۇ ساھەگە خاس خەۋپلەرنىڭ ۋە ئىقتىسادىي چېكىنىشنىڭ زەربىسىگە ئۇچراش ئېھتىماللىقىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

جۇغراپىيەلىك كۆپ خىللىشىش: پائالىيەتلەرنى جۇغراپىيە جەھەتتە كېڭەيتىش خەۋپنى تۆۋەنلىتىش ئىستراتېگىيەسى بولالايدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئوخشىمىغان رايون ياكى دۆلەتلەردە پۇرسەت ئىزدەپ، يەككە بازارغا بولغان تايىنىشنى ئازايتالايدۇ. بۇ مېتود يەرلىك ئىقتىسادىي خىرىسلارغا ياكى جۇغراپىيەۋى سىياسەت ئېنىقسىزلىقلىرىغا قارشى ماسلىششچانلىقنى ئاشۇرىدۇ.

خەتەرگە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ۋە مەبلەغ سېلىشتىن كېلىدىغان پايدىنى باھالاش: قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان خەۋپ دەرىجىسىنى چۈشىنىش ۋە يوشۇرۇن مەبلەغ سېلىشتىن كېلىدىغان بولغۇسى پايدىنى باھالاش ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇر كارخانىچىلار

مەبلەغ بىرىكمىسىدىكى ھەر بىر سودا تەركىبىنىڭ خەۋپ - پايدا نىسبىتىنى باھالاپ، مەبلەغ بىرىكمىسىنىڭ شىركەتنىڭ خەتەرگە بەرداشلىق بىرىش ئىقتىدارى ۋە ئومۇمىي سودا نىشانى بىلەن تەڭپۇڭ ۋە ماس بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**C. مۇۋەپپەقىيەتلەردىنمۇ، ئوڭۇشسىزلىقلاردىنمۇ ساۋاق ئېلىش**

ئۆگىنىش داۋاملىشىدىغان جەرياندۇر. ئۇيغۇر كارخانىچىلار ھەم مۇۋەپپەقىيەتلەردىن، ھەم ئوڭۇشسىزلىقلاردىن قىممەتلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ، كەلگۈسىدە قارار چىقىرىشتا شۇ چۈشەنچىلەردىن پايدىلىنالايدۇ ۋە سودىدىكى ئومۇمىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرەلەيدۇ.

دوكلات ئېلىش ۋە ئىجرائاتتىن كېيىنكى باھالاش: ئېغىر سودا مەھسۇلاتى ياكى ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئەتراپلىق دوكلات بېرىش يىغىنى ۋە ئىجرائاتتىن كېيىنكى باھالاش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. نەتىجىنى تەھلىل قىلىش، نېمىنىڭ كارغا كېلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش ۋە ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك ساھەلەرنى چۈشىنىش داۋاملىشىدىغان ئۆگىنىش دەۋرىيلىكىگە تۆھپە قوشىدۇ.

ئىجادچانلىق كۇلتۇرى يېتىلدۈرۈش: ئېغىلىق يارىتىشقا ھېرىس ۋە مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئالىدىغان كۇلتۇر بەرپا قىلىش ماسلىشىشچانلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئۆز خىزمەتچىلىرىنى ئوڭۇشسىزلىقنى تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەشنىڭ پۇرسىتى دەپ قارايدىغان تەپەككۇرنى يېتىلدۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرسا بولىدۇ. بۇ خىل مېتود كارخانىلارنى ئۆزگىرىشچان ئەھۋالغا ماسلىشالايدىغان ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېغىلىق يارىتىدىغان قىلىدۇ.

مەسلىھەت ۋە كەسىپ چۈشەنچىسى ئىزدەش: يېتەكچىلەر ۋە كەسپىي مۇتەخەسسىسلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىش سىرتقى نۇقتىئىنەزەر ۋە قىممەتلىك يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار باشقىلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن نەپ ئالالايدۇ ھەمدە رىقابەتنى يېڭىش ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىش ھەققىدە چۈشەنچىگە ئېرىشەلەيدۇ. يېتەكچى - ئوگەنگۈچىلىك مۇناسىۋىتى داۋاملىق ئۆگىنىش ۋە ئىلگىرىلەشكە پايدىلىق مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، كۆپ خىللاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەلىرى، تەڭپۇڭ مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق خەتەرنى ئازايتىش، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ساۋاق ئېلىش ئىنتىلىشى دىياسپورادىكى ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى ۋە ماسلىشىشچانلىقىغا ھەسسە قوشىدۇ. كېيىنكى بابلاردا بۇ ئىستراتېگىيەلەرنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلۈپ، ئۆزگىرىشچان سودا مۇھىتىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر كارخانىچىلارغا ئەمەلىي چۈشەنچە بېرىلىدۇ.

## 9. ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە كەلگۈسىگە نەزەر

**A. كارخانىلاردا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق پىلانلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش**

ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق پىلانلىرىنى سودا ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ ئۆزلىرى پائالىيەت قىلىۋاتقان يەرلىك ۋە خەلقئارالىق جەمئىيەتلەرگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىشىدىكى كۈچلۈك ۋاستىدۇر. بۇ بۆلۈم ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىپ، ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىققا قانداق تۆھپە قوشىدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىشتىراك ۋە قوللاش: ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان، مائارىپقا ھەسسە قوشىدىغان ياكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى ياخشىلايدىغان پىلانلار ئارقىلىق يەرلىك جەمئىيەت بىلەن ئاكتىپ باردى - كەلدى قىلالايدۇ ۋە ئۇنى قوللىيالايدۇ. بۇ مەھەللە پائالىيەتلىرىگە ياردەم بېرىش، يەرلىكتىكى پايدا كۆزلىمەيدىغان تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىش ياكى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

داۋاملاشتۇرۇشچان ۋە ئەخلاقلىق سودا مېتودى: داۋاملاشتۇرۇشچان ۋە ئەخلاقلىق سودا مېتودىغا ھېرىسمەن بولۇش مۇھىتقا ۋە جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق ئىستىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇيغۇر كارخانىلىرى مۇھىت ئاسراش پىلانلىرى، ئەخلاققا ئۇيغۇن مال سېتىۋېلىش ۋە مۇھىت ئاسراش ئېڭىغا ئىگە سودا پائالىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يەر شارى مىقياسىدىكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك سىجىل تەرەققىيات تىرىشچانلىقىغا تۆھپە قوشالايدۇ.

كۆپ خىللىق ۋە سىغدۇرۇشچانلىق: كۆپ خىللىق ۋە سىغدۇرۇشچانلىقنى قەدىرلەيدىغان خىزمەتگاھ كۈلتۈرىنى يېتىلدۈرۈش ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ مۇھىم تەرىپىدۇر. ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئۆز شىركەتلىرىدە كۆپ خىللىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئوخشىمىغان كۆز قاراش، ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان مۇھىت يارىتالايدۇ.

### B. ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ كەڭ جەمئىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى

ئۇيغۇر كارخانىلىرى كەڭ جەمئىيەتتە ئاكتىپ ئۆزگىرىشكە تۈرتكە بولۇش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ تەسىرى ئىقتىسادىي تۆھپىلەر بىلەنلا چەكلەنمەستىن، كۈلتۈرەل چۈشىنىش، ئىجتىمائىي ئىشتىراك ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

كۈلتۈرەل ئالماشتۇرۇش ۋە چۈشىنىش: ئۇيغۇر كارخانىلىرى كۈلتۈرەل ئالماشتۇرۇش ۋە چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ كارخانىلار مەھسۇلاتتا، مۇلازىمەتتە ۋە ئۆزئارا تەسىرلىشىش جەريانىدا ئۇيغۇر مىراسلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق، تېخىمۇ كەڭ جەمئىيەتنىڭ كۈلتۈرەل كۆپ خىللىقىغا تېخىمۇ بەك ھەسسە قوشىدۇ.

ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسەتلىرى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى: ئۇيغۇر كارخانىلىرى ئىش ئورنى يارىتىش ۋە يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىغا تۆھپە قوشۇش ئارقىلىق، ئۆزلىرى مۇلازىمەت قىلىدىغان جەمئىيەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئىقتىسادىي تەسىر ھەرقايسى ساھەلەرگە كېڭىيىپ، بىۋاستە سودا تىجارىتىدىن ھالقىپ ئېشىش ۋە گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

مەھەللە قۇرۇش ۋە ھەمكارلىق: مەھەللە قۇرۇش پىروگراممىلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىش ۋە باشقا كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئىتتىپاقلىق ئېڭىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. ئۇيغۇر كارخانىچىلار

ئۆز شىركەتلىرىنى كۈلتۈرلەر ئارا ھەمكارلىق سەھنىسى قىلىپ، كىشىلەرنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئىجتىمائىي رىشتىنى كۈچەيتەلەيدۇ.

**C. كەلگۈسىگە نەزەر: دىياسپورادىكى ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ ئىستىقبالى ۋە دۇچ كەلگەن خىرىسلىرى**

ئۇيغۇر كارخانىچىلار يەر شارى دىياسپوراسىدا ئۆز يولىنى پىلانلاش جەريانىدا، ھەم ئىستىقباللىق كېلەچەك، ھەم ئىستراتېگىيەلىك يىراقنى كۆرەرلىك ۋە ماسلىشىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان خىرىسلار ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىرلاندى.

**ئىستىقبال:** يەر شارى بازىرىغا كىرىش: يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشچانلىقى ئۇيغۇر كارخانىلىرىنى كۆپ خىل بازارلارغا كىرىش جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىستراتېگىيەلىك كېڭىيىش ۋە خەلقئارا ھەمكارلىق يېڭى ئېشىش پۇرسەتلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ.

**تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش:** تېخنىكا تەرەققىياتىنى قوبۇل قىلىش ئۇيغۇر كارخانىچىلارنى يېڭىلىق يارىتىشتا ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالغۇزالايدۇ. ئېلېكترونلۇق سودىدىن رەقەملىك سېتىشقىچە، تېخنىكا تېخىمۇ كەڭ خېرىدارلارغا ئېرىشىش ۋە مەشغۇلات ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش يوللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**خىرىسلار:** كۈلتۈرەل سەزگۈرلۈك: ئوخشىمىغان بازارلاردىكى سەزگۈر كۈلتۈرەل مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قىيىن ئىشتۇر. ئۇيغۇر كارخانىچىلار يەر شارى مىقياسىدا كېڭىيىشتىن ئىلگىرى، ئۇقۇشماسلىقتىن ساقلىنىش ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك سىڭىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يەرلىك كۈلتۈر پەرقىنى چۈشىنىشى كېرەك.

**جۇغراپىيەۋى سىياسىي ئامىللار:** جۇغراپىيەۋى سىياسىي دىنامىكا ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت مۇھىتىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. جۇغراپىيەۋى سىياسىي ئۆزگىرىشنى چۈشىنىش ۋە ئىستراتېگىيەنى شۇنىڭغا ئاساسەن تەڭشەش ئۇزۇن مۇددەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

**بايلىقلارغا ئېرىشىش پۇرسىتى:** پۇل مۇئامىلە بايلىقىغا، يېتەكچىلىككە ۋە مۇناسىۋەت تورى بەرپا قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتى ئوخشىمىغان رايونلاردا ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. ئۇيغۇر كارخانىچىلار تەرەققىياتىنىڭ ئېشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇناسىۋەت تورىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىزدىشى ۋە بەرپا قىلىشى كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق پىلانلىرىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى، ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ جەمئىيەتكە كۆرسەتىدىغان تەسىرى، ئىستىقبال ۋە خىرىسقا بولغان مۆلچەر ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئامىللاردۇر. تۆۋەندىكى بۆلەكلەردە ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ بۇ دىنامىكىلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، دۇنيا مىقياسىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، قوللىنىشچان ئىستراتېگىيەلەر ۋە ئەمەلىي كۆز قاراشلار مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

## 10. خۇلاسە

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، دۇنيا دىياسپوراسىدىكى ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ پۇل مۇئامىلە تەرەققىياتى ۋە سودا ئىستىقبالى ئۈستىدىكى بۇ ئىزدىنىش نۇرغۇن پۇرسەت، خىرىس ۋە ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىدىن ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئامىللارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. كارخانىچىلىق، كۈلتۈرەل ئاڭ، تېخنىكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي ئىشتىراك قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەرگە چوڭقۇرلاپ كىرىش ئارقىلىق، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىگىلىك تىكلىمەكچى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولغان ئۇيغۇرلارنى قوللىنىشچان چۈشەنچە بىلەن تەمىنلەيدىغان ئومۇميۈزلۈك رامكا بارلىققا كېلىدۇ.

### A. مۇھىم بايقاشلارنى ۋە چۈشەنچىلەرنى خۇلاسىلەش

بىز بۇ ماقالىدە دىياسپورادىكى ئۇيغۇر كارخانىچىلار قوللىنالايدىغان ھەر خىل يوللار ئۈستىدە تەپسىلىي مۇھاكىمە يۈرگۈزدۇق. كۈلتۈرەل ئاڭنىڭ مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتنى خاسلاشتۇرۇشتىكى ئەھمىيىتىدىن تارتىپ، ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ، ھەم يەرلىك خەلقلەرنىڭ كۈلتۈرىگە ماسلىشىش، كۆپ خىل سودا بىرىكمىسى ئارقىلىق خەتەرنى ئازايتىش ئىستراتېگىيەسىگىچە، ھەر بىر بۆلۈم ئىگىلىك تىكلەش مۇۋەپپەقىيىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشىدۇ.

يەھۇدىي دىياسپوراسى قوللانغان مالىيە ئىستراتېگىيەسىنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئىگىلىك تىكلەش، مائارىپ ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلاننى قىممەتلىك ساۋاقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ساۋاقلارنىڭ ئۇيغۇر دىياسپوراسىغا تەتبىقلىنىشچانلىقى كۈلتۈرلەر ئارا ئۆگىنىش ۋە ماسلىشىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى گەۋدىلەندۈردى. مەخسۇس مىسال تەتقىقاتى ئارقىلىق ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىدىكى ئىگىلىك تىكلەش روھى ئۈستىدە ئىزدىنىش مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي مىساللىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كارخانىچىلىق روھىدا بار بولغان ئەسلىگە كېلىش كۈچى، ئىجادچانلىق ۋە ماسلىششچانلىقنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچان پىلانلارنى تەكتلەش ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەتنىلا ئەمەس، ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنىمۇ كۆزلەيدىغان روھنى نامايان قىلدى. ئۇيغۇر كارخانىلىرى يەرلىك جەمئىيەت بىلەن پائال باردى - كەلدى قىلسا ۋە ئۇنى قوللىسا، تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تۆھپىكارلىرىغا ئايلىنىپ، كۈلتۈرەل چۈشىنىش ۋە ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇشچانلىقنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ.

### B. ئۇيغۇر دىياسپوراسىنىڭ مالىيە تەرەققىياتى ۋە سودا مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈش

بۇ ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلار «ئۇيغۇر دىياسپوراسىدىكى كۈچلۈك ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە سىجىل سودا مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى» دىن ئىبارەت كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان تېمىغا مەركەزلەشكەن. ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئۆزلىرىنىڭ كۈلتۈرەل

مىراسلىرى، ماسلىششىچانلىقى ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىگىلىك تىكلەش روھىدىن مەنبەلەنگەن ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە. ئۇيغۇرلار بۇ سۈپەتلەرنى جارى قىلدۇرۇش ھەمدە يەھۇدىي دىياسپوراسى قاتارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك دىياسپورا جامائەتلىرىدىن ئىلھام ئېلىش ئارقىلىق، ئىقتىسادنىڭ سىجىل گۈللىنىشىگە يول ئاچالايدۇ.

تېخنىكىنىڭ بىر گەۋدىلىششى ئۆزگەرتكۈچ كۈچ (transformative force) بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر كارخانىلىرىنى يەر شارى مىقياسىدا خېرىدار تېپىش، مەشغۇلات ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، ئۆزگىرىشچان بازاردا رىقابەت كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇيغۇر دىياسپوراسىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى مۇناسىۋەت تورىنىڭ مۇھىملىقى ئىجتىمائىي ھەمكارلىق، يېتەكچىلىك ۋە ئورتاق بايلىقنىڭ سودىنىڭ ئېششىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى قىممىتىنى گەۋدىلەندۈردى.

**C. سىجىل ئىزدىنىش ۋە ئىجتىمائىي ھەمكارلىققا ئىلھام بېرىش**

ئۇيغۇر كارخانىچىلار بۇ ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پۇرسەت ۋە خىرىسلارنى باشتىن كەچۈرگەندە، سەپەر ئاخىرلاشقان بولماستىن، داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىش، ماسلىشىش ۋە ھەمكارلىق ئۈستىدىكى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە ئايلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىشى، تېخنىكا تەرەققىياتىنى قوبۇل قىلىشى، شۇنداقلا ئۆز كۈلتۈرىنىڭ ئىچى - سىرتىدا مۇناسىۋەت بەرپا قىلىشى زۆرۈر.

ئىجتىمائىي ھەمكارلىق دىياسپورادىكى كارخانىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ئاساسىدۇر. ئۇيغۇر كارخانىچىلار يەرلىك ۋە دۇنياۋى جەمئىيەتلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىش ئارقىلىق، ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ كۆپ خىللىقىغا ۋە ھاياتىي كۈچىگە ھەسسە قوشۇپلا قالماستىن، ئۆزلىرىنى تېخىمۇ كەڭ ئىقتىسادىي ۋە كۈلتۈرەل مۇھىتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مەنپەئەتدارىغا ئايلاندۇرىدۇ.

**D. خاتىمە: ھەرىكەت چاقىرىقى**

بۇ ماقالە ئۇيغۇر كارخانىچىلارنى دىياسپورادىكى سانسىزلىغان پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇيغۇر كارخانىلىرى كۈلتۈرەل ئاڭ، تېخنىكىنىڭ بىر گەۋدىلىششى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئىجتىمائىي ھەمكارلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇستەھكەم ئاساسقا تايىنىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي مەنزىرىنى بېيىتىشقا مۇھىم تۆھپە قوشالايدۇ.

ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ دىياسپورادا مۇۋەپپەقىيەتلىك يوللارنى ئېچىش يوشۇرۇن كۈچى شەخسلەرنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئىسپاتى بولۇپلا قالماي، يەنە كۈلتۈرەل ماسلىششىچانلىق ۋە ئوخشىمىغان شارائىتلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا بولغان ئىشراپتۇر. كەلگۈسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ ھېكايىسى ئۈمىد، ماسلىششىچانلىق ۋە پىداكارلىققا تولغان، پۈل مۇئامىلە تەرەققىياتى ۋە كۈلتۈرنى قوغداش ئۆزئارا ياندىشىپ كېلىدىغان كېلەچەكنى بەرپا قىلىش ھېكايىسىدۇر.

8

# تاتلىق تاشمەت كەچۈرمىشلىرىدىن ئۆمەر بەكئالى سەرگۈزەشتىلىرىگىچە

ئالماس ھاجى

بارلىقىنى ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بېغىشلىغان قورقماس جەڭچى تاتلىق تاشمەتنىڭ كەچۈرمىشلىرى پىدائىيلار ئېكرانىدا بېرىلگەن پېشقەدەم ئىنقىلابچى شەۋكەت ئەپەندىنىڭ بايانلىرى ئارقىلىق جامائەتكە ئايان بولدى.

تاتلىق تاشمەت 1968 - يىللىرى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن «يېڭىسار تېتىر ئىنقىلابى»نىڭ غوللۇق كۈرەشچىلىرىدىن بىرى ئىدى. تاتلىق تاشمەت كېكەچلەپ سۆزلەيدىغان، دەلدۈشتەك ماڭىدىغان جىسمانىي كەمتۈكلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئىنقىلاب ئىشلىرىنىڭ بىخەتەر، ئۈنۈملۈك بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرگەن پىداكار ئىنقىلابچى ئىدى. يېڭىسار تېتىر ئىنقىلابى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلۇپ، قوزغىلاڭچىلار ۋە قوللىغۇچىلار ئومۇمىيۈزلۈك تۇتقۇن قىلىنغاندا تاتلىق تاشمەتمۇ قولغا ئېلىنغان ئىدى. ئۈزۈلمەس سوئال - سوراقلار، دەھشەتلىك قىيىن - قىستاقلار ئۇنى باش ئەگدۈرەلمىدى. قىيناشتىن نەپ ئالالمىغان خىتايلار ئاخىرى ئۇنى 15 يىللىق تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى.

تاتلىق تاشمەت 15 يىللىق تۈرمە ھاياتىدا كۆرمىگەن خورلۇقنى كۆرۈپ، ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دۈشمەنگە تىز پۈكمىدى. ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى، مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىسىدىن يانمىدى.

ئەمدىلا 28 - 29 ياشلىق قىران يىگىت ۋاقتىلىرىدا تۇتقۇن قىلىنغان تاتلىق تاشمەت

15 يىللىق ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۈرمە جازاسىنى تۈگىتىپ چىققىنىدا بوۋايغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. تاتلىق تاشمەت تۈرمىدىن چىقىپ سەپداشلىرىنى تاپالمىدى. ئۇنىڭ سەپداشلىرى خىتايلار تەرىپىدىن باستۇرۇلغان، سولانغان، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن يوق قىلىنغان ئىدى. ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئۇنىڭغا باشقىچە كۆز بىلەن قاراشتى. بۇ ئادەملەر ئارىسىدا ئۇ ئۆز ئورنىنى تاپالمىدى. ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، ئۇنى ئارىغا ئالىدىغانلارنى تاپالمىدى. تاتلىق تاشمەت تۈرمۈشتا مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن ئىلاجسىزلىق، موھتاجلىق ئىچىدە قالدى. ئۇ، ئۆز خەلقىم دەپ سەدىپارە بولغان ئادەملەر ئۇنى تونۇمىغان ئىدى. ئۇ ئۆز يۇرتىدا خار ۋە سەرسان بولدى. بۇ ھەم ئۇنىڭ ۋە باشقىلارنىڭمۇ بېشىغا كەلگەن ئوخشاش قىسمەت ئىدى.

«ئېھ، ئاللاھ! بۇ ئادەملەرنىڭ ئىمان - ئېتىقادىنى كۆچەيتكىن، ئۇلارغا ئەقىل بەرگىن، پاراسەت بەرگىن، ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى، غۇرۇرىنى ئويغاتقىن. مېنىڭ خەلقىمنى كۆزى كۆرمەس، قۇلىقى ئاڭلىماس، ھەق - ناھەقنى بىلەلمەس قىلىپ قويمىغىن!» دەپ ئاللاھقا نىدا قىلدى تاتلىق تاشمەت.

1987 - يىلى، ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋات رەستىسى بولغان دۆڭكۆۋرۈكتە مىغ - مىغ ئادەملەر يۈرۈشەتتى. تاتلىق تاشمەت دۆڭكۆۋرۈكنىڭ بىر بۇلۇڭىدا توپلىشىپ ئولتۇرغان دېۋانىلەر ئارىسىغا كېلىپ قوشۇلدى. شۇ ئەسنادا بازار كېزىپ يۈرگەن بىر كىشىنىڭ كۆزى دېۋانىلەر توپىغا چۈشتى - دە، ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ كۆككە قاراپ قوللىرىنى ئاچتى ۋە ئاللاھقا نىدا قىلدى...

– ئاھ، خۇدا! ئۇ تاتلىق تاشمەتقۇ! ۋاي مېنىڭ قېرىندىشىم، نەھالىڭ بۇ؟!

رەتلىك كىينگەن، سۆلەتلىك بىر يىگىت ئاھ ئۇرۇپ كېلىپ، دېۋانىلەر ئارىسىدا قول ئېچىپ ئولتۇرغان تاتلىق تاشمەتنى قۇچاقلىۋالدى. يىگىت ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورايتتى. ئۇنىڭ ئېچىنىش ۋە ئەلەم بىلەن تامچىغان كۆز ياشلىرى، بۇ زالىم ۋە باغرى تاش دۇنياغا بولغان غەزەپ نەپرەتتە بوغۇلغان ئاۋازلىرى ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى. ئادەملەر: «ماۋۇ دېۋانە بۇ يىگىتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنى ئوخشايدۇ؟» دەپ قالغان ئىدى. ياق! ئۇنداق ئەمەس، بۇ يىگىت ئەسلى تاتلىق تاشمەت بىلەن بىللە ئۆلۈمدىن قورقماي مىللەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن، ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغان ئىنقىلابى سەپدىشى، دۈشمەن تۈرمىسىدە جازانى تەڭ تارتقان تۈرمىدىشى، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسىنىڭ غوللۇق ئەزاسى شاۋكەت ئېلى ئىدى...

مەن تاتلىق تاشمەتنىڭ ھېكايىسىنى داۋام ئەتتۈرەلمىدىم، تاتلىق تاشمەت بىلەن شاۋكەت ئېلىنىڭ كېيىنكى ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى يازالمىدىم. كانىيىمغا قاپلاشقان بىر ئاچچىق تەم كۆز ياشلىرىمغا ئارىلىشىپمۇ چىقىپ كېتەلمىدى. بۇ ئاچچىق تەم يۈرەككە ئۆتكەن ئىدى. كاللامدىكى ئېغىر سوئاللارغا جاۋاب تاپالماي قىينالدىم...

تارىختا مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىمىز، قوراللىق قوزغىلاڭلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان خائىنلارنىڭ ساتقۇنلۇقى بىلەن پاش بولۇپ قالدى ۋە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە قانلىق باستۇرۇلدى. بىز بۇ نۇقتىغا قانچىلىك

دىققەت قىلالىدۇق؟ ئىنقىلابتا پىداكارلىق كۆرسىتىپ بەدەل تۆلىگەنلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىندى؟ ئۇلار نېمىشقا تاتلىق تاشمەتكە ئوخشاش يېتىمسىرەپ قالدى؟ نېمىشقا ئۇلار موھتاج بولغاندا، قىينالغان چاغدا ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانغا ئادەم چىقمىدى؟ ھازىرچۇ؟

كۆز ئالدىمىدىن ئۆمەر بەكئالىنىڭ يازمىلىرىدىن مەلۇم بولغان ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئۆتۈشكە باشلىدى: خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ جازا لاگېرىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ئۆمەر بەكئالى خىتاينىڭ تەھدىتلىرىدىن، ئۆزگە، ئائىلىسىگە، ئاتا - ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىغا كېلىدىغان خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ پۈتۈن دۇنياغا خىتاي ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىدىكى ۋەھشىيانە قىيىن - قىستاق ۋە پاجىئەلىك ئۆلۈم بىلەن تولغان ئىنسانىيەتكە قارشى دەھشەتلىك جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى تاشقى دۇنياغا ئاڭلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنى بولغان قازاقىستانغا پاتمىدى. مال - مۈلۈكلىرىدىن ساتىدىغانلىرىنى سېتىپ، باللىرىغا بىر مەزگىللىك خىراجەت غەملەپ بېرىپ، بىر دوستىنىڭ ياردىمىدە جان قاچۇرۇپ تۈركىيەگە كېلىۋالدى.

تۈركىيەدىكى قېرىنداشلار ئۇنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. قېرىنداشلىق مېھرى نېمىدېگەن ئۇلۇغ - ھە! قىسىنچىلىقتىن سۇغۇرۇلۇپ كەلگەن ئۆمەر بەكئالىنىڭ قەلبى ئىللىپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. كۆنلەر ناھايىتى ئالدىراش، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئۆتۈۋاتاتتى. گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنلىرى، مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىش، سىنئالغۇلۇق تېلېۋىزىيە سۆھبەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۇزۇلمەي بولۇپ تۇردى. ئادەملەر ئۆمەر بەكئالىنىڭ باتۇرلۇقى، پىداكارلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىشاتتى. ئۇنىڭ جازا لاگېرىدىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ بەرگەن گۇۋاھلىقىنى يۈرەكلىرى ئېچىشىپ، كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇرۇپ ئاڭلايتتى.

ئۆمەر بەكئالى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ جازا لاگېرلىرىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا پاش قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ پىداكارلىقىنى خەلقىمىز ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئۆزىنىڭ، ئائىلىسىنىڭ، ئاتا - ئانىسى ۋە پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشلىرىنىڭ خېيىم - خەتەرگە ئۇچرىشىدىن قورقماي دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، جازا لاگېرلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى پاش قىلىپ، ئۇ يەردە بولۇۋاتقان جىنايى قىلمىشلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىش ھەقىقەتەن بىر باتۇرلۇق ئىدى. ئەپسۇس! بۇ باتۇرنىڭ شۇ جەرياندىكى چىقىم - راسخوتلىرىغا، ئائىلە تەمىناتىنىڭ قەيەردىن تەمىن ئېتىلىشىگە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئېتىبارسىز قارىغان ياكى بىر - بىرىگە ئىتتىرىشىپ ئىگىسىز قالدۇرغان ئىدى. بەزى ۋاقىتلاردا نامسىز ھالدا ياردەم قولىنى سوزغانلارنىڭ ياردىمى، ھالقىلىق چاغدا يۆلەك بولغان «ئۇيغۇريار فوندى»غا ئوخشاش تەشكىلاتلارنىڭ ياردىمى بىر مەزگىللىك ئارام بولغان بولسىمۇ، مۇقىم كۈن تەرتىپتە بولمىغاچقا كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن تۇرمۇشتىكى بۇ موھتاجلىق يەنىلا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتاتتى.

كۈندىن - كۈنگە تۇرمۇش مۇشەققىتى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆمەر بەكئالى چاقىرغان يىغىلىشلاردىن قالمىدى. مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. خەلقئارا ئاخباراتلاردا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. ئۇنىڭ بوش ۋاقتى يوق ئىدى. لېكىن كۈنسېرى يانچۇق

قۇرۇقدىلىشقا باشلىدى. ئۇنى ماختاشلار، «قەھرىمان» دەپ بېرىلگەن شان - شەرەپلەر ئۇنى پەخىرلەندۈرگەن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ قازىنىنى قايىنتالمىدى. زەي پۇراپ تۇرغان پادىۋال ئۆينىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى يوقسۇللۇق شاماللىرىدا ھۇۋلاشقا باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ھاياتى ۋە ئائىلىسىگە بولغان تەھدىتلەر، ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلىدى. گويا تاتلىق تاشمەتنىڭ پاجىئەسى تەكرارلىنىۋاتقاندەك ئىدى. ئۆمەر بەكئالىمۇ بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىلاجسىز بۇ جايدىن يۆتكىلىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ بېشىغا يەنە سورۇقچىلىق چۈشكەن ئىدى.

ئەجەبا، ئۆمەر بەكئالى پىداكارلىق قىلىۋاتقاندا: «ئۇنىڭ ئىش ئورنى بولمىسا، چىقىم - راسخوتلىرىنى، ئائىلىسىنىڭ تەمىناتىنى نەدىن قاپلايدۇ؟» دەپ ئويلاشتۇقمۇ؟ موھتاجلار سېپىدە تۇرۇپ خەير - ساخاۋەت ئېلىشقا ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ شەرتى توشمايتتى. بۇنداق مەبلەغ قەھرىمانلارغا ئىشلىتىلسە بولمايتتى. پىداكارلار، قەھرىمانلار مەخسۇس خەير - ساخاۋەت ئورۇنلىرى تارقىتىدىغان تەمىناتلاردىن بەھرىمەن بولسا قانداق بولىدۇ؟ بۇمۇ بىر قاملاشمىغان ئىش بولىدۇ - دە! ئۇنىڭ ھەممە يېرى ساق تۇرسا، ئىشلەپ بالىلىرىنى باقسۇن - دە!

لېكىن، ئۆمەربەكئالىنىڭ ئىش تېپىپ ئىشلەپ، بالىلىرىنى بېقىشقا قۇربى يەتكەن بىلەن ئۇنىڭ ۋاقتى چىقمىغان ئىدى. ئۇ گۇۋاھلىق بەرمىسە، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلاتمىسا قانداق بولىدۇ؟ ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مۇھىممۇ ياكى ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ؟ قايسى مۇھىم؟ ئۇنىڭغا ھەر ئىككىسى مۇھىم ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ۋەتەن دېسە، كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدىغىنى – ئاتا - ئانىسى، ئايالى، بالىلىرى، قېرىنداشلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان، يۇرتداشلىرى، تۇغۇلغان ماكانى كېلىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ - كىچىك ۋەتىنى ئەمەسمىدى؟ لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنىڭ كىچىك ۋەتىنىگە ئېشىنالمىغان ئىدى. ياكى ئۇنى خاتىرجەم قىلغۇدەك بىرەر ئورۇنلاشتۇرۇشلار بولمىغان ئىدى.

ئۆمەر بەكئالىنىڭ رەسىمگە قارىدىم، ئۇنىڭ مەڭزىدە توختاپ قالغان بىر تامچە ياش گويا يۈرىكىمگە سىرغىپ چۈشۈپ، ۋىجدانىمغا سوئال قويغاندەك بولدى: زەي پۇراپ تۇرغان پادىۋال ئۆيدە قورقۇمسىراپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان بالىلىرىغا قاراپ ئۆمەر بەكئالىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولدى. ئۇنىڭ يەلكىسىنى موھتاجلىقنىڭ رەھىمسىز قوللىرى باسقان ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئېيتىپ بولمايدىغان بىر خىل خورسىنىش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. مەن ۋىجدان سورىقى ئالدىدا تۇراتتىم: خوش، ئۆمەر بەكئالى تۈگۈلۈپ ئولتۇرغاندا سىز نېمىش قىلىۋاتقان بولغىيدىڭىز؟ چاينى قېنىق دەملەپ قويۇپ، ساپادا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان بولغىيمىدىڭىز؟! ئۆمەر بەكئالىنىڭ يانچۇقىدا پۇلىنىڭ تايىنى يوق، سېلىنغان غورىگىل داستىخىنىغا بالىلىرى تارتىنىپ تۇرۇپ قول ئۇزاتقاندا بولسا، سىز: «ئەجەب ئوخشاپتۇ» دەپ ئوخشىغان ياغلىق پولۇنى يەپ ئولتۇرغان بولغىيمىدىڭىز، تەخسىر؟!

بىر يەرلىرىم جىغىلداپ كەتتى، ۋىجدان ئازابى كانىيىمنى بوغقان ئىدى. كەچۈر قېرىندىشىم، ماڭا ئوخشاش شەخسىيەتچىلىك پاتقىقىغا پاتقان، غەم يېمەس، يارىماس قېرىندىشىڭنى كەچۈرگىن! سەن كەچۈرەرسەنمۇ؟ سىلەرگە ئوخشاش پىداكارلار بەدەل تۆلەۋاتقاندا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ كارى بولمىغان، بىپەرۋالىق بىلەن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان ماڭا ئوخشاشلارغا نېمە دېگۈلۈك؟ بىزدە بۇ ھالغا تېخى تەبىر يوق ياكى تۈزىتىدىغان تەدبىرمۇ يوق، بەزىدە تېخى كېرىلىپ ئولتۇرۇپ تۆرنى ئىگىلەيمىز، ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس!

لەنەتلـەر بولسـۇن!

بىـز نۇرغـۇن ئىشـلاردا سـەۋەبنى تېشـتىن ئىـزدەپ، ئۆزىمىزنـى بەزلەشـكە كۆنـۈپ قالـدۇق. ھەربىكـەت قىلىمىـز، ھەربىكىتىمىـزدە بەربىكـەت يـوق، بىـز كۆتكەنـدەك نەتىجـە يـوق. دۇئـا قىلىمىـز، دۇئالىرىمىـز ئىجابـەت بولمايـدۇ. بىـز ئاغرىنىمىـز، بـۇ ئاغرىنىـش يۈرەكلىرىمىزنـى پۇچىلاپ تاشـلايدۇ. لېكىـن بىـز يەنىـلا ئاغرىنىمىـز، پەقـەت ئۆزىمىزدىـن ئەمـەس!

شـۇ ئاغرىقـلار ئىچىـدە ۋىجدانىـم نۇرغـۇن سـوراقلارغا دۇچ كەلـدى. كـۆز ئالدىمـدا تاتلىـق تاشـمەت، ئۆمـەر بەكئالـى، سـايراگۈل، زۇمـرەت داۋۇت، مېھرىگـۈل تۇرسـۇن، گۈلباھـار جېلىلـوۋا، گۈلباھـار خاتىپھاجـى، قەلبىنـۇر سـىدىق، گۈلزىـرە، تۇرسـۇنئاي، غەيرەتلـەر سـوئال نەزىـرى بىلـەن مـاڭا قـاراپ تۇرغانـدەك ئىـدى. بـۇ سـوئاللارنى چۈشـەنگەندەك بولـدۇم. قـۇلاق تۈۋۈمـدە بىـر كۈچلـۈك خىتـاب ياڭرىغانـدەك بولـدى: ﴿**ھەرقانـداق بىـر قـەۋم ئۆزىنىـڭ ئەھۋالىنـى ئۆزگەرتمىگۈچـە، ئالـلاھ ئۇلارنىـڭ ئەھۋالىنـى ئۆزگەرتمەيـدۇ**﴾ (رەئـد سۈرىسـى، 11 - ئايـەت)

بـۇ ئايەتتىـن ۋە بىزنىـڭ رېئاللىقىمىزدىـن شـۇنى چۈشـەندىمكى، خاتالىقنـى ئۆزىتىـش ئۈچـۈن، يەنـە قايتـا سـادىر قىلماسـلىق ئۈچـۈن، مۇسـتەقىللىق كۈرىشـىمىزنىڭ سـاغلام تەرەققىياتـى ۋە غەلبىسـى ئۈچـۈن بىـز ئالـدى بىلـەن ئۆزىمىزنـى ئىسـلاھ قىلىشـىمىز كېـرەك ئىكـەن. دېمـەك، ئۆزىمىزنـى ئىسـلاھ قىلىـپ، ئىللەتلىرىمىزنـى تۈزەتمىگۈچـە بىزنىـڭ ئەھۋالىمىـز ئۆزگەرمەيـدۇ. شـۇڭا، بىـز ئىشـنى ئۆزىمىزنـى ئىسـلاھ قىلىشـتىن باشلىشـىمىز لازىـم. سـىزچە قانـداق؟

*بۇ ماقالىنى ئۆمەر ئىمىن تەھرىرلىدى.*

٩

# خەلقئارالىق ئالىي كېڭەشنى قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ

(ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستان ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىغا)

ئالماس ھاجى

**مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇش سەۋەبلىرى:**

1. مەلۇمكى، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋەزىيىتى كۈندىن - كۈنگە يامانلاشماقتا. خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلمى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئايلاندى. خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق قېرىنداشلىرىمىزنى جازا لاگېرلىرىغا، تۈرمىلەرگە سولاپ زىيانكەشلىك قىلماقتا ۋە ئۆلتۈرمەكتە. بولۇپمۇ، مىللىتىمىزنىڭ ھەر ساھەدە كۆزگە كۆرۈنگەن سەرخىللىرى تۇتقۇن قىلىنىپ، كۆزدىن يوقىتىلماقتا، مىللىتىمىزنىڭ ئومۇرتقىسى ئېزىپ تاشلانماقتا. دىنىمىزنى، تىلىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى چەكلەش، يوقىتىش، خىتايلاشتۇرۇش قەدىمىنى كۈندىن - كۈنگە تېزلەتمەكتە. نۆۋەتتە مىللىتىمىز ھايات - ماماتقا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. بۇ ھال، بىزدىن ئۆزئارا ئىتتىپاق بولۇشنى، تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ھەمكارلىشىپ خەلقئارالىق بىرلىك سەپ تۈزۈشنى، جىددىي پەيتلەردە باش قوشۇپ، پۇختا تۈزۈلگەن پىلان بىلەن بىر بىرىگە ماسلاشقان ھالدا تەڭ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلماقتا.

2. مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىكى شارائىت ۋە ئىمكانىيەت ئاساسىدا ئىش ئېلىپ بارماقتا. گەرچە بەزى تەشكىلاتلار رايون خاراكتېرلىك بىرلىك سەپ ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، زۆرۈر تېپىلغان جىددىي پەيتلەردە، دۆلەتلەر ئارا بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى ۋە ئۇنىڭ ئىجراسى، خۇلاسە

كونتروللۇقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خەلقئارا سەھنىدە قەدەملىرىمىز بىردەك بولمايۋاتىدۇ، ئاۋازىمىز تەسىر كۆرسەتكىنىدەك كۈچلۈك چىقمايۋاتىدۇ، جىددىي پەيتلەردە بىر - بىرىگە ئاۋاز قوشمايۋاتىدۇ. بۇنداق بولغاندا پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز، بىر قېتىملىق پۇرسەتنىڭ قولدىن كېتىشى، دەۋا ئىشىمىزنى قانچە ئون يىل ئارقىغا سۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. تارىخىي ساۋاقلار بۇنى ئىسپاتلىدى. نۇرغۇن جەھەتلەردە ئاجىزلىقىمىز بىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز خەلقئارانىڭ ياردىمىگە ۋە قوللىشىغا ئېھتىياجلىق. بۇ مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە پۇرسەتنى بىلىش ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىش - بىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم مەسىلە. بەزىدە ئاجىزلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۈچلۈكلەردىن غالىپ كېلىدۇ. ھازىر كۆز ئالدىمىزدىكى مۇھىم مەسىلە دۇنيا خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن خەلقئارالىق دىپلوماتىك بېسىم، جازالاش ۋە چەكلەش تەدبىرلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خىتاينى جازا لاگېرلىرىنى تاقاشقا مەجبۇرلاش. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە پۇختا تەييارلانغان ئىستراتېگىيەلىك پىلان ۋە ھالقىلىق مەزگىللەرگە توغرىلانغان دۇنيا خاراكتېرلىك ھەرىكەت پىلانى ۋە ئۇنىڭ ئىجراسى، خۇلاسىسى بولۇش لازىم. بىر قانچە تەشكىلاتلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ ئىشلارنى قىلىش قىيىنغا توختايدۇ. شۇڭا، تەشكىلاتلار يۆنىلىشى بىردەك تۇرۇپ، ئايرىم كۆز قاراشتىكى پەرقلەر تۈپەيلى بىر يەرگە كېلەلمەيدىغان، بىر - بىرىگە زەربە بېرىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرگە چەك قويۇش لازىم. «بىردىنبىر نوپۇزلۇق ئورگان»، «مەركىزىي تەشكىلات»، «دۇنيا خاراكتېرلىك تەشكىلات» دېگەندەك ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كۆز قاراشلارنى تاشلاپ، ھەممە تەشكىلاتلار ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان ھالدا، ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى قىلدۇرالايدىغان، پاراللېل يوللار بىلەن ئورتاق نىشانغا ماڭالايدىغان بىرلىك سەپ تۈزۈپ، ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلىشالايدىغان، ئۆز ئەھۋالىمىزغا ماس كېلىدىغان يېڭى بىر سىستېما ھاسىل قىلىشىمىز لازىم، ۋە بۇ ئارقىلىق كۆپ خىللىققا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئوخشىمىغان كۆز قاراشتىكىلەرگىمۇ ئورۇن بېرىدىغان ئادالەت ۋە باراۋەرلىك پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، چېچىلاڭغۇ، تارقاق، زىددىيەتلىك ھالەتكە خاتىمە بېرىش زۆرۈر. دېمەك، ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتى بىلەن بىزنىڭ ھالىمىز، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىدىن، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلاشقان ئاساستا دۇنياۋى بىرلىك سەپ تۈزۈشنى تەلەپ قىلماقتا.

3. قارشىمىزدىكى دۈشمەن بىزدىن ھەر جەھەتتىن كۈچلۈك، رەھىمسىزلىكتە چېكىدىن ئاشقان، ھىيلىگەرلىك ۋە نەيرەڭۋازلىقتا ئۇچىغا چىققان، ناھايىتى پۇختا پىلانلار بىلەن ئىش قىلىدىغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە. يىللاردىن بېرى كۆزىمىزنى قېقىپ، قېقىپ بولۇپ ئازراق دەم بېرىپ، ياخشىچاق بولۇپ كەلدى. شۇڭا ئارىمىزدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر: «بۇ دولقۇن ئۆتۈپ كەتسە، ۋەزىيەت ياخشى بولۇپ قالىدۇ» دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى ۋە بۇنىڭغا كۆنۈپ قالدى. بىراق، خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتى ناھايىتى پۇختا تۈزۈلگەن ئۇزۇن يىللىق پىلانلار ئاساسىدا يولغا قويۇلغان، ئۇنىڭ ياۋۇز تەبىئىتى، مۇستەملىكە سىياسىتى ئۆزگەرمەستۇر. مەقسىتى: شەرقىي تۈركىستاننى مەڭگۈلۈككە ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش، بۇ زېمىندىن بىزنى يوقىتىشتۇر. بىز بۇ كۈچلۈك، ھىيلىگەر دۈشمەننى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى رەزىل مەقسىتىنى توغرا تونۇشىمىز بىلەن بىرگە، ئۆزىمىزنى ھەم توغرا تونۇشىمىز لازىم. بىز مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار تارقاق، زىددىيەتلىك، تايانچىسىز، ھىمايىسىز ۋە جامائەتسىز، تەشكىلچانلىقىمىز ئاجىز ھالەتتە ئوخشىمىغان شارائىتتا تۇرۇۋاتىمىز. بۇنداق

ئاجىز ھالەتتە تۇرۇپ كۈچلۈك دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن، خەلقئارادا دۈشمىنىمىزگە بېسىم ۋە كۈچ ئىشلىتەلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچلەرنىڭ بىزنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھال بىزدىن دۇنياۋى خاراكتېرلىك قوللاشقا ئېرىشىش ئۈچۈن، دۇنياۋى خاراكتېرلىك بىرلىك سەپ تۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

دېمەك، ۋەتەننىڭ خەۋپلىك ۋەزىيىتى، تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ تارقاق ھالىتى، ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئاجىزلىقلىرىمىز، بىزدىن ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، مۇستەقىللىق كۈرىشىمىز يېڭى بۇرۇلۇش، يېڭى يۈكسىلىشنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدىغان يېڭى سىستېما بارلىققا كەلتۈرۈشنى، دۇنياۋى خاراكتېرلىك مۇكەممەل قۇرۇلما يېتەكچىلىكىدە كۈرەش قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا.

شۇڭلاشقا، تەشكىلاتلىرىمىز ھازىرقى يەككە گەۋدىلىنىش ۋە ھەركىم ئۆزى بىلگەننى قىلىشتەك ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان، دۇنيا ۋەزىيىتىگە ماسلاشقان ھالدا، ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان بىر يېڭى سىستېما – شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خەلقئارالىق ئالىي كېڭىشى (قىسقارتىپ «شەرقىي تۈركىستان ئالىي كېڭىشى»، ش ت ئا، SHTA) سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش زۆرۈر. بۇنداق ئادالەت ۋە باراۋەرلىك ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىرلىشىش، كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن يېڭى ھاياتى كۈچنى جارى قىلدۇرۇپ، ئومۇم ئېتىراپ قىلغان يېڭى قۇرۇلمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ۋەزىيىتىمىزدە يېڭى بۇرۇلۇش، يېڭى يۈكسىلىش بارلىققا كېلىدۇ.

## ئۇنداقتا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خەلقئارالىق ئالىي كېڭىشىنى قايسى خىل ئۇسۇلدا تەسىس قىلىش كېرەك؟

1. بۇ ئىشنى قوللايدىغان تەشكىلاتلار، شەخسلەر بۇ ھەقتىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، كۈچلۈك جامائەت پىكرى ھازىرلاش، بۇ ھەقتىكى ئىجابىي پىكىرلەرنى توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

2. ئالدى بىلەن ھەرقايسى دۆلەتلەردە تۇرۇۋاتقان تەشكىلاتلاردىن ئۈچتىن بەشكىچە تەشكىلاتتىن تەركىب تاپقان تەييارلىق كومىتېتىنى قۇرۇپ، كېڭەش ئېچىلىشتىن بۇرۇن زۆرۈر بولغان تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلەش لازىم. كېڭەشكە قاتنىشىدىغان نامزاتلار ئالدىن كۆرسىتىلگەندىن كېيىن نامزاتلارنىڭ سالاھىيتى قاتتىق تەكشۈرۈلۈپ بېكىتىلىش لازىم. ئوخشىمىغان كۆز قاراشتىكىلەرگە چەك قويماسلىق، بىرمۇ خائىن، جاسۇسلارنىڭ كىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش زۆرۈر.

3. تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ پۈتكەندىن كېيىن، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ يېتەكچىلىرى، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان كۆزگە كۆرۈنگەن ئۆلىمالار، زىيالىيلار، مۇستەقىل پائالىيەتچىلەرنىڭ سايلام بىلەن كۆرسىتىلگەن ۋەكىللىرى قاتناشقان ھالدا يىغىن چاقىرىش ۋە بۇ يىغىندا كېڭەشكەن ھالدا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خەلقئارالىق ئالىي كېڭىشىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنى تەسىس قىلىش؛ ئالىي كېڭەشنىڭ نىزامنامىسىنى ماقۇللاش، شۇ ئاساستا تەشكىلى پرىنسىپى، خىزمەت تەرتىپى، قائىدە -

تۈزۈملىرىنى بەلگىلەش؛ ئالىي كېڭەش تەشكىلى ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش ۋە تەستىقلاش.

4. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ خەلقئارالىق ئىستراتېگىيەلىك كۈرەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش، ياكى تۈزۈلگەن پىلان بولسا مۇھاكىمە قىلىپ تەستىقلاش.

5. ئالىي كېڭەشكە قاتناشقان تەشكىلاتلارنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن تۈزگەن خىزمەت پىلانلىرىغا ھۆرمەت قىلغان ھالدا نۆۋەتتىكى خىزمەت پىلانلىرىنى تۈزۈش ۋە خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەش، تەقسىم قىلىش؛ ئىجرائىيە باسقۇچلىرى، خۇلاسە كونتروللۇقىنى تىكلەش.

6. يەنە باشقا مۇھىم نۇقتىلار...

يۇقىرىدا شەخسى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، قېرىنداشلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى، خاتالىرىنى تۈزىتىپ، كەم تەرەپلىرىنى تولۇقلىشىنى، بىر - بىرىگە يەتكۈزۈپ كەڭ دائىرىدە جامائەت پىكرى توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىنى؛ شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا ئېلىپ، كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن: ئالماس ھاجى

2019 - يىلى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

*بۇ ماقالىنى روشەن خەمىت تەھرىرلىدى.*

# ئويلاش، تەپەككۇردىكى تەشۋىقات كۈچى

ماخمۇت توختى هاجىم

2024 - يىلى 1 - مارت

ئەسسالامۇئەلەيكۇم قىممەتلىك يۇرتداشلار!

تەشۋىقات - تەرغىبات، يېزىقچىلىق، مەدەنىيەت ئەسەرلىرى قالدۇرۇش ئىشلىرى، ئىجتىمائىي، تەبىئىي دۇنيا ۋە ئىنسان هاياتىدا ئىككى خىل كۈچ سېلىشتۇرما دوست - دۈشمەن رىقابىتىدە ناهايىتى مۇهىم رول ئوينىغانلىقىنى 80 يىللىق هاياتىمدا كۆرۈپ يەتتىم. بۇ سەۋەبتىن، ياشىنىپ قالغانلىقىمغا قارىماي ئازراق بولسىمۇ خاتىرە قالدۇرۇپ قوياي دەپ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ يېزىۋاتىمەن. قۇرئان كەرىمنىڭ تاها سۈرىسى 24 — 35 - ئايەتلىرىدە تەشۋىقات مىساللىرى بار. يەنى:

**﴿پىرئەۋنگە بارغىن، ئۇ هەقىقەتەن هەددىدىن ئاشتى. مۇسا ئېيتتى: ‹رەببىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن (يەنى ئىمان بىلەن ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن). مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن. تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن. ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم هارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن. ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن. مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن. بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز. ساڭا كۆپ زىكرى ئېيتقايمىز. سەن هەقىقەتەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن›﴾.**

كىتابخۇمارلارغا، ئەۋلادلىرىمغا، ئەتراپىمدىكىلەرگە، قۇلاق سالغۇچىلارغا ۋەز - نەسىهەت بولۇپ قالغۇسى. مەن خىتاي كوممۇنىست ئىشغالچىلىرىنىڭ، ئۇلارغا هەمتاۋاق بولغان غالچىلىرىنىڭ، هەممىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دىيارىنى ئىشغال قىلىۋېلىشتا ماددىي كۈچ ئەمەس، بەلكى مەنىۋى، روهىي، تەشۋىقات - تەرغىباتنىڭ كۈچى بىلەن ئىگىلەپ هۆكۈم سۈرگەنلىكىنى، ئىگىدارچىلىق قىلغانلىقىنى كۆردۈم. شۇڭا، ئۆزۈم كۆرگەن ۋە ئويلىغانلىرىم

ھەققىدە توختىلىمەن.

خىتاي كوممۇنىست ئىشغالچىلىرى 1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستان دىيارىغا كىرگەندە تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ كۈچىدىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلاندى. ئۇلار تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە «بىز يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن خەلقچىل تۈزۈم بويىچە خەلق رايىنى ئاساس قىلىمىز، سىلەرنىڭ ھۆكۈمەت قۇرۇشۇڭلارغا، ھۆكۈمەتنى تەرتىپكە سېلىشىڭلارغا ياردەم بېرىمىز. ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىڭلارغا ياردەم بېرىپ، يول قۇرۇلۇش، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ماددىي كۈچىمىز بىلەن ياردەم قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ئۈچ - بەش يىلدا قايتىپ كېتىمىز» دېگەندەك ۋەدىلەرنى تەرغىب قىلىپ ھەممە يەردە داۋراڭ سالدى. ھەممە يەردە «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» ناخشىسىنى ئوقۇدى. يەنى، «ئۆتنە ئالساق قايتۇرىمىز، بۇزۇپ قويساق تۆلەيمىز» دېگەن مەزمۇندىكى ناخشا - قوشاقلارنى ئوقۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە كېمەيتىش، تەركىب ئايرىش (يەنى خەلقنى پومېشچىك، باي، ھاللىق، ئوتتۇرا ھال، كەمبەغەل دەپ سىنىپلارغا ئايرىش)، گۇرۇپپا، كوپېراتسىيە، كوممۇنا، ھەمكارلىق سەرمايە (گوڭسى خېيىڭ)، ئومۇمىي خەلقچىللىق، ئېچىلىپ سايراش، مىللەتچى، ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى (شېجياۋ)، رېۋىنىزم (شۈيجىڭ جۇيى)، چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر، مەدەنىيەت ئىنقىلابى، ئىسلاھات ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى قاتارلىق بىر قاتار ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنى قوزغىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەشۋىق - تەرغىباتنىڭ كۈچى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئارقىلىق ھىيلىگەر خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستان دىيارىنى مۇستەملىكە قىلىپ كەلدى، كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرىنى ئازراق بولسىمۇ سۆزلەپ، يېزىپ ئۆتەي.

خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئېغىزىدىكى «شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلدۇق» ئىبارىسى، ماھىيەتتە شەرقىي تۈركىستاننى ھىيلە - نەيرەڭ، ساختا تەشۋىقات بىلەن ئىگىلىۋالدۇق دېگەنلىك، خالاس. 1950 - يىللىرى باشلانغان شىمالىي كورىيە - ئامېرىكا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئەھۋالنى ئېيتىپ ئۆتسەك، بۇ تەشۋىقات ساھەسىدىكى تامامەن يالغانچىلىق، پىسخىكىلىق، خەلقنى قايمۇقتۇرۇش ئۇرۇشى دېسەك بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىدىم. بۇ مەزگىلدە، ئالقانچىلىك رەسىملىك كىتاب بار بولۇپ، لى سىنمان (Syngman Rhee) گۇرۇھى بىلەن بولغان ئۇرۇشنى تەسۋىرلەش، ئۇرۇشتا ئامېرىكىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى مۇبالىغلەشتۈرۈپ شىمالىي كورىيە تەرەپنىڭ غەلىبىسىنى كۆپتۈرۈش، بىر بالىنىڭ ئەسكەر بولىمەن دەپ تىزىمغا ئالدۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن رەسىم، جاسارەتلەندۈرىدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان سۆزلەرنى كۆرگەن، ئوقۇغان ئىدۇق. بۇلار خۇددى ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. رەسىملەردە ئۆسمۈر بالا قاۋۇل قىلىپ سىزىلغان بولۇپ، كوماندىرنىڭ ئىلھامبەخش سۆزلىرى، قارشى تەرەپ دۈشمەننىڭ مەغلۇپ بولۇپ قاچقان رەسىملىرىنى ئېغىزىمىزدىن چۈشۈرمەي، بىر - بىرىمىزگە سۆزلەپ تەشۋىق قىلىشنى، ھېكايە قىلىپ سۆزلەشنى مۇئەللىملەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى، مەھەللىدىكى چوڭلارغىمۇ تەشۋىق قىلغىنى ئېسىمدە. ئۇ چاغلاردا، رەسىملىك كىتاب يېڭىلىق ھېسابلىناتتى.

خىتاي كوممۇنىست ئالدامچىلىرى بۇ ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىدىلا شەرقىي تۈركىستاندا خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، پرولېتارىيات - كەمبەغەللەرنى ئىشقا سېلىپ، ئاۋامغا ئۇرۇشنىڭ زىيىنى، ئېلىپ كېلىدىغان خانىۋەيرانچىلىقىنى، ياردەم قىلىش ھەققىدە كۆپ

تەشۋىق - تەرغىبات ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. دۇنيا ۋەزىيىتىدە ئامېرىكىنى جاھانگىر، زومىگەر، ئىشغالچى قىلىپ كۆرسەتتى، ئاڭلاتتى. يېقىنقى زامانلاردىكى قەشقەر ۋەزىيىتى تارىخىدا، ھۆكۈمەتسىزلىك، ھاكىمىيەت كۆپ ئالمىشىشى، قالايمىقان ئۇرۇشلاردىن زېرىككەن خەلق دەرھال ئۇرۇش توختىتىش ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشۇپ ياردەم قىلدى. ئىقتىساد، ئۆي - جاي، مال - مۈلۈك، ئالتۇن - كۈمۈش سەرپ قىلىپ زايوم (دۆلەت قەرز چېكى) سېتىۋالدى ھەمدە ماددىي بۇيۇملارنى ياردەم قىلدى. ھەر خىل ئۇيۇشمىلارنى تەسىس قىلىپ، شىمالى كورىيەگە ياردەم قىلىش قىلىش ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى. بۇ قىزغىنلىقتا ئۆي - جايلىرىنى ئاتىغانلارنى كۆردۈم. دادام ئۆي، كالا - چارۋىلارنى سېتىپ زايوم سېتىۋېلىپ ياردەم قىلدى. ئەتىگەن - ئاخشاملاردا مەجلىس - يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇرۇش ئېلىپ كېلىدىغان خانىۋەيرانچىلىقنى سۆزلەيدىغان ئاكتىپلارنى تەشكىللەپ، مەھەللىمۇمەھەللە، كوچا - كوي، شەھەر، مەسچىتلەردە تەشۋىقات خىزمەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ھەتتا قەھرىمانلاردىن ھال - ئەھۋال سوراش ئۆمەكلىرى تەشكىللەپ، ماددىي ئىقتىساد بىلەن سەنئەتچى، تەشۋىقاتچى تەشكىللەپ تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئادەم ماڭدۇرۇپ، «شىنجاڭ» نامىدا ئالدىنقى سەپكە — چاۋشيەنگە ئەۋەتىلدى. خەۋەرلەر ئۇزۇندىن ئۇزۇن تەشۋىق قىلىندى. مەكتەپ، مەدرىسە، ياشلار ئۇيۇشمىسى، پۈتۈن خەلق ئېغىزىدا ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن بىر سەپتىكى «ئۇرۇشخۇمار» دۆلەتلەرگە قارشى نامايىش قىلىش، ئۇرۇش توختىتىش، ياردەم قىلىش ھەرىكەتلىرى كەڭتاشا باشلىنىپ كەتتى. مەن بۇ بىر قېتىملىق تەشۋىقات ئۇرۇشىنى كۆردۈم ۋە شاھىت بولدۇم.

ئۇ چاغلاردا كىنو، رادىيو، ئەقلىي تېلېفون تەشۋىقاتلىرى كەم بولۇپ، يوق دېيەرلىك ئىدى. تەشۋىق - تەرغىباتلار پەقەتلا ئاغزاكى ۋەز، مەدداھ سورۇنلىرى، كوچا - دوقمۇش پاراڭلىرى، چايخانا، مەشرەپ، باراۋەت، زاراخەتمە، نەزىر - چىراغ، مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدا كۆپ ئېلىپ بېرىلاتتى. تاشقى خەۋەرلەردىن بولسا تىجارەتچى سودىگەرلەر، ئاز ساندىكى گېزىت - ژۇرنال، سالام خەت، سودا كارۋان سارايلىرى، تەكيەخانا، دەڭ، لەڭگەردىكى كىشىلەرنىڭ ئاغزى، رىۋايەتلىرى ئارقىلىق خەۋەردار بولاتتۇق.

شۇ كۈنلەردە، يەنى 1950 - يىللىرى بولسا كېرەك، ئاكام رەھمەتلىك شەھەردىكى چايخانا پاراڭلىرىغا داخىل بولۇپ قاپتۇ. چايخانىدا بولغان سۆھبەتتىن «ھازىرقى ھۆكۈمەت ئالمىشىدىغان ئوخشايدۇ، ئالماشقان ھۆكۈمەت سوۋېت رۇسىيەنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭىمىش، رۇس تەرەپلەردە كولخوز دېگەن بىر نېمە قۇرۇلۇپتۇ. ھەممە نەرسە ئومۇمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىمىش. ماركس، لېنىن، ستالىننىڭ تۇتقان يولىمىش، پرولېتارىيات دېگەن كەمبەغەل، ئىشچى خەلق ھوقۇق تۇتارمىش. كىشىلەرنى خەلق، ئائىللەرنى تەركىب دېگەنگە ئايرىپ، باي - كەمبەغەل، ئوتتۇرا، قۇلاق، پرولېتارىيات دېگەن نام بىلەن سىنىپقا ئايرىپ، پرولېتارىيات باشقۇرارمىش. پۈتۈن ئىقتىسادنى يىغىۋېلىپ، يەر - زېمىن بايلىقتىن تارتىپ ئائىلە ئىقتىسادىغىچە كولخوز دېگەن ئومۇمىي تەشكىلات باشقۇرۇپ، ھەممە ئادەم ئەر - ئايال ئوپچە ئىش ئېلىپ بارارمىش» دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. دادام: «تاشقىرىنىڭ گېپىگە تازا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، بالام. بىز ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى، سەن بارىدىغان يېرىڭگە بار، ئىشىڭنى قىل» دېدى. ئاكام مەسلىھەت كۆرسىتىپ: «بىز ئىقتىسادنى يىغىشتۇرۇۋالساق، بۇ گەپ - سۆزلەردىن قارىغاندا رەستە كۆتۈرىدۇ. يەر، چارۋا، ياغاچ - تاشلاردىن سېتىپ پۇل قىلىپ قويساق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن دادام ئاچچىقلىنىپ خاپا بولۇپ: «يەر، ئورمان دېگەننى

ساتامدىغان، پۈتۈن ھاياتلىق يەرگە باغلىق، ئۇچار قۇشلارمۇ يەرگە قاراپ ئۇچىدۇ. نېمەڭگە نېمە يەتمەي يەر ساتىمىز؟! يەر دېگەن بايلىق، ئالتۇن قوزۇق. ئېشىنساق يەر ئالىمەن دەپ يۈرىمەن. نەدىكى گەپنى توشۇپ چىقتىڭ. پۇل لازىم بولسا، ھەقىقىي ئېھتىياجىڭ بولسا كېۋەز سات، پاقلانلارنى سات. نېمەڭگە خىراجەت قىلىسەن، ھەممە نەرسە ئۆيدە يېتىپ ئاشقۇدەك تۇرسا. بارغان يېرىڭگە بېرىپ، مەشرەپ، باراۋەتلەردە ئويناپ يۈرىسەن، يەنە نېمىگە پۇل لازىم بولىدۇ؟» دەپ كايىدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ توغرىدىكى دەتالاش بىر مەزگىل، بىرقانچە ئاي داۋام قىلدى. دادام ئالدىراش، ئىككى ئوغلىغا ئىككى يەردە ئۆي - جاي، ئىمارەت، باغ قىلىمەن دەپ ياغاچ كېسىپ، خىش قۇيدۇرۇپ، يەر ئايرىپ پىلانلاپ يۈردى. ئاكا بەزىدە ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇ ئويۇن - تاماشىغا ئامراق بولغاچقا، كۆپرەك شەھەردە، مەشرەپلەردە، ئوغلاق تارتقان، ئات چاپتۇرغان يەرلەردە ئات ئوينىتىپ يۈردى. مەن بىر تەرەپتىن ئوقۇش بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئائىلىنىڭ چارۋا بېقىش ئىشلىرىغا قارىشىپ يۈردۈم. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى ئاكام بۇ ئىقتىساد، يەر - زېمىن خىتايغا نېسىپ بولىدىغان ئوخشايدۇ، دادامغا سات دېسەم ئۇنىمىدى دەپ، ئاللاھقا ئامانەت دېگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. دادام: «نېسىپ بولسا پەقەت مېنىڭلا نېسىپ بولامدۇ، كۆپچىلىككە نېمە بولسا ماڭىمۇ شۇ. ‹ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە› دەپتىكەن، خەلققە نېمە بولسا ماڭىمۇ شۇ بولىدۇ. ئەل ئاققان ئېرىقتا ئاقماق لازىم. تارىختىن بۇيان يەر ساتمىغان، مۇمكىن بولسا يەر ئالغان. يەر بىلەن ئەر كۆكىرەر دەپتىكەن» دەپ يەرنى سېتىشقا ئۇنىمىدى. ئالتە ئايدىن كېيىن ئاكامنىڭ خەۋىرى غۇلجىدىن كەلدى. دادام ھەسرەت چېكىپ، «باللىرىڭ قىينىلىپ قالدى، قايتىپ كەل» دەپ قايتىپ كېلىشكە مەجبۇرلىدى. ئاكام رەھمەتلىك ئۈچ يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلدى.

1952 - يىللىرى بولسا كېرەك، ئاكام قايتىپ كېلىپ ھەممەيلەن جەم بولدۇق. يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە كېمەيتىش، تەركىب ئايرىش ھەرىكىتى ئاخىرلىشىپ، بىز ھاللىق دېھقان سىنىپى قاتارىدا باھالاندۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى جايدىكى ئۆي - مۈلۈك، باغلىرىمىزنى تارتىۋالدى. كوپىراتسىيەلىشىش يولىغا قاراپ ماڭدۇق. تەشۋىقاتلار كۆپەيدى. دېگەندەك تەشۋىقات ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. تەشۋىق، خەۋەرلەرگە ئاساسەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلارمۇ بولدى. يەنى، بەزىلەر يەر - زېمىن سېتىپ، ئىقتىساد يىغىپ باشقا شەھەر، يۇرتلارغا چىقىپ كەتتى، بۇنىڭغا شاھىت بولدۇق. تەشۋىقاتنىڭ كۈچى شۇ قەدەر بولدىكى، خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلاندى. يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەپ ئۈچ خىلغا ئايرىپ، پۈتۈن ۋەخپە يەرلەرنى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىغا ئالدى. كەمبەغەل، ساۋاتسىزلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، «سىلەر فېئودال كۈچلەرنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىدىڭلار. بىز سىلەرگە يەر تەقسىم قىلىپ بېرىمىز، يەر تەڭشەيمىز» دېدى. بايلارغا: «سىلەر كەمبەغەللەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتىڭلار، مانا ئەمدى بىز سىلەرنىڭ ئورنۇڭلاردا، بىز بېرىمىز، يۆلەڭلار يېنىكلىدى» دەپ يۇمشاق سۆز قىلىپ، زاكات، سەدىقە، پىتىر، كەمبەغەللەرنى يوقلاش ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى دەپ، خەلقنى ئالدام خالتىغا چۈشۈردى. خىتاي ھۆكۈمىتى «ھارۋىدا توشقان تۇتىدۇ، پاقىنى ئىسسىق سۇدا پۇشۇرىدۇ» دېگەن مانا شۇ دېدى بەزىلەر.

ئەقىل - تەپەككۇر قىلغانلار بۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىر بالاسى بار. «ئوچ بولدى تۈلكە، ئاكاڭ

يېسە ناشتا، بىر بالاسى بولمىسا قۇيرۇق تۇرامدۇ تاشتا» دەپ قوشاق توقۇشتى. كېيىن شۇنداق دېگەنلەرگە ئېچىلىپ سايراشتا زەربە بەردى.

خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋە غالچىلىرى تەشۋىقات، تەرغىباتنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ، كوپىراتىپلارنى مۇسابىقىگە تەشكىللەپ، كۆپچىلىك ئىشلەشنىڭ پايدىلىرىنى، بىرلىشىشتىن مەھسۇلات ئاشقانلىقىنىڭ پايدىسىنى كۆز - كۆز قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ يېتىشمەسلىكىنى ھەل قىلغانلىقىنى، بىرلىكتە ئىشلىگەندە غەلىبە بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلدى. ئەمەلىيەت بىلەن ھېسابلاشماي، مەھسۇلات ئاشتى دەپ كۆككە كۆتۈردى.

بىلگەنلەر، ئەقلىي تەپەككۇر قىلغانلار «جان كەتتى، ئىش كەلدى»، «چىقىمغا لايىق كىرىم يوق»، «سۈنىڭ سۇغا كەتتى، قالدى قېتىقنىڭ بەس يولى» دېگەن بولدى. ئويۇن يوق، باردى - كەلدى يوق، ھېيت - بايرام ئاز، مەشرەپ يوق، خۇشاللىق يوق، ئىشلەش بار، خەلق قانداق راھەتتە بولسۇن دېيىشىپ مەزەممەت، شاڭخۇ قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، روھىي چۈشكۈنلۈك بولۇپ خەلقنى پادا شەكىلدە باشقۇرۇش داۋام قىلىپ، 1957 - يىللىرى ئالىي كوپىراتىپتىن، 1958 - يىلى كوممۇنا (گۇڭشې) دېگەنگە ئۆزگىرىپ ئومۇملىشىپ، ھەتتا يېمەك - ئىچمەك، ئاشخانا بىر يەردىن باشقۇرۇلۇپ ھەممە نەرسە ناچارلىشىپ، خەلق ۋەيرانچىلىققا ماڭدى.

«ھەر كۈنى ئىسسىق نان يەيسىلەر، ئوخشاش تاماق ئومۇملىشىدۇ، باي - كەمبەغەل پەرقى تۈگەيدۇ. كوممۇنىزمغا يېتىمىز» دېگەن تەشۋىق ئۆزىنى كۆرسىتىپ، ئاخىرىدا ئاچارچىلىق خەلقنى ۋەيرانچىلىققا ئېلىپ باردى. بۇ بىر ئەمەلىيەت. 1958 - يىلى باشلانغان چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، خەلق ئىگىلىكىگە، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان يېزا ئىگىلىكىگە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى. پۈتۈن خەلققە تەشۋىق قىلىپ، پولات - تۆمۈر ئېرىتىش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىدىكى پۈتۈن ئورمان - دەرەخلەرنى كۆيدۈرۈپ، تۆمۈر تاۋلاش سىياسەت تەشۋىقاتى خەلقنىڭ ئائىلىسىدىكى سەرەمجانلىرىدىن تۆمۈر - تەرسەك ئېتى بار بارلىق قازان - قومۇچ، كەكە - پالتا، كەتمەنلىرىنى يىغىپ، مەجبۇرلاش ئاساسىدا ئېرىتىپ، ۋەزىپە بەلگىلەپ مەجبۇرلاپ، ھەتتاكى تۆت زىيانداشنى يوقىتىش تەشۋىقاتىنى تەرغىب قىلىپ، ئۇچار قاناتلىق قۇش قانات، جانىۋار - ھايۋانلارغىمۇ ئارام بەرمەي ئۇلارنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھۆكۈمەت، خەلق كۆپ زەرەر تارتتى. ئاچارچىلىقتا مەملىكەت بويىچە 45 مىليوندىن ئارتۇق، ھەتتا 80 مىليون كىشى ئۆلدى دەپ ئاڭلىدۇق، بىلگۈچى ئاللاھ.

مۇشۇنداق شارائىتتا، خىتاي كوممۇنىست ئىشغالچى ھۆكۈمىتى دەرھال ئۆزىنى تۈزىگەن كىشى بولۇپ، ئىككى قەدەم ئالدىغا، بىر قەدەم ئارقىغا دەسسەش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، گۇڭسەنپېڭ خاتا بولدى دېگەن سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ، قايتا رۇس ئالدامچىلىرى بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ھېسابىدا، بىر قازان - چۆگۈنگە 1 يۈەن، كەكە - پالتىلىرىغا 0.50 يۈەن، ۋەيران بولغان پالاس - كىگىزلەرگە 1 يۈەندىن ئارتۇق پۇل قايتۇرغان بولدى. دېمەك، خىتاي كوممۇنىست ئىشغالچىلىرى تەشۋىقات، خەۋەر كۈچى، يالغانچىلىق بىلەن دىيارىمىزنى باشقۇرۇپ كەلدى. پىسخىكىلىق تەشۋىق - تەرغىباتنىڭ رولى چوڭ بولدى.

شۇنىڭ بىلەن، خىتاي كوممۇنىستلىرى سوتسىيالىستىك تەربىيە (يەنى شېجياۋ) خىزمىتىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، «بىر يىلدىن كېيىن تەرەققىياتىدا شەخس بىلەن كوللېكتىپنىڭ تۇتقان يولى چوڭ پەرقلىق بولىدۇ. شەخسىي ئىگىلىك تەرەققىياتى كاپىتالىزمغا ئېلىپ بارىدۇ. سوتسىيالىزم،

كوممۇنىزم، ماركس، لېنىن، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسىگە خىلاپ دېگەن، بۇرژۇئازىيەنى تىرىلدۈرىدۇ. كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنى تارتىپ چىقىرىش كېرەك» دېگەن تەشۋىقات بىلەن لىيۇ شاۋچى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆز قاراشلارنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا ھوقۇق تارتىۋېلىش سىياسىتى بىلەن جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، خەلقنى گاڭگىرىتىپ، سۈنئى لېپىتىپ بېلىق تۇتۇش تەشۋىقاتىنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن، مەدەنىيەت ئىنقىلابى، خەلق ئېغىزىدا مەينەت ئىنقىلاب قوزغالدى. يېتىلمىگەن ئوقۇغۇچىلار، ياشلار قوزغىلىپ ئىدىيە قالايمىقانلاشتۇرىدىغان كۆز قاراش بىلەن قوغدىغۇچى ۋە قارشى تۇرغۇچى دېگەنناملار بىلەن قىزىل قوغدىغۇچى (خۇڭ ۋېيبىڭ) تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، مەملىكەت بويىچە زور ئىنقىلاب قوزغالدى. بۇلارنىڭ زىيىنى ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابى ھەرىكەتلىرى 10 يىل داۋاملىشىپ، ئاخىرى ماۋ زېدۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئاخىرلاشتى. بۇ دەۋردە چوڭ ئۇرۇپ چېقىش، زىيان، ۋەيرانچىلىق يەنىلا خەلققە بولدى. خەلق كۆپ قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئاخىرى دېڭ شياۋپىڭ خاتانى تۈزىتىش، ھۆددىگەرلىك، شەخسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ ۋەزىيەتنى نورماللاشتۇردى. بۇ ئاساسىي جەھەتتىن تەشۋىق - تەرغىبات، پىكىر، تەلەپ، تەپەككۇر، ئەقلىنىڭ كۈچى دەپ ئويلىدىم.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشىدا، كۆڭگىزى - مېڭىزنى پىپەن قىلىش، كوننى بۇزۇش، كونا قالدۇق ئىدىيەنى سۈپۈرۈپ تاشلاش دېگەن سەپسەتە، پىسخولوگىيەلىك تەشۋىقات بىلەن خەلقنى بىخۇدلاشتۇردى. ھازىرچۇ؟ يەنىلا غەرب ئەللىرىدە كۆڭگىزى ئىنستىتۇتلىرىنى ئېچىپ، كۆڭگىزى تەلىماتىنى تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ. بۇنى ئويلىغىنىمىزدا، ھەقىقەتەن تەشۋىق - تەرغىباتنىڭ كۈچىنى ئىدراك قىلىپ يېتەلەيمىز، ئەلۋەتتە. خىتاي كوممۇنىست ئىشغالچىلىرى ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە، يەنى خىتايچە سوتسىيالىزم كۆز قارىشىنى دۇنيا سىياسەت ساھەسىدىكى ئېقىم، تەشۋىقات كۆز قارىشىنى بېسىپ چۈشۈش نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە كۈچەۋاتىدۇ. يەنى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ، بار كۈچى بىلەن تەشۋىقاتنى كۈچەيتىۋاتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا كۈرەشكە تارتقان كۆڭگىزى ئىدىيەسىنى تىرىلدۈرۈپ دەسمايە قىلىپ، تەشۋىقات ئارقىلىق دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئالداۋاتىدۇ، تەشۋىقات كۈچىدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. لېكىن قارشى تەرەپ، يەنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرىمۇ بوش كەلمەي ئۆزلىرىنىڭ تەشۋىقات، مېدىيا كۈچىدىن زور دەرىجىدە پايدىلىنىپ خىتاي ئىقتىسادىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، خىتاينىڭ تەرەققىياتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامىتىدە چېكىنىش كۆرۈلدى. نۇرغۇن زاۋۇت، فابرىكىلار ۋەيران بولدى. غەرب ئەللىرى خىتايغا سالغان مەبلەغلىرىنى قايتۇرۇپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. مانا بۇ، قورال - ياراغ ئارقىلىق ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپمۇ تەشۋىقات ئارقىلىق خىتاي ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتىش، زەربە بېرىش دېگەنلىكتۇر.

بۈگۈنكى كۈندە، ئۆتمۈشتىمۇ ئۇرۇشنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ بولۇپ كەلگەن. بەزىلەر، يەنى ئەركىن سىدىق ئۇكىمىز «بىز خىتاي بىلەن ئىنتېرنېت تور ئۇرۇشى، مەدەنىيەت ئۇرۇشى، تەشۋىقات ئۇرۇشىغا كىردۇق» دەۋاتىدۇ. مەن ئەركىن سىدىق ئىنىمىزنىڭ پىسخىكا ئۇرۇشى توغرىسىدا مىسال بىلەن يازغان ماقالىسىنى ئوقۇدۇم. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭغا رەھمىتىمنى بىلدۈرۈۋالاي. ماشائاللاھ، قەلەم قۇۋۋىتىگە، زېھنىگە ئاللاھ نۇسرەت ئاتا قىلغاي، ئىنشائاللاھ.

**﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنىي (يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ مەنىيسى)دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق﴾** (ئىنسان سۈرىسى 2 - ئايەت).

بىز ئۇيغۇر - شەرقىي تۈركىستان خەلقى تەشۋىقات، يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا ئېتىبار بەردۇق ياكى بەرمىدۇق دېيىشكە بولىدۇ. تاكى 1980 - يىلىدىن بۇرۇنقى مەن كۆرگەن 1950 - يىللاردىكى ئاخبارات، يېزىقچىلىق ئىشلىرىنى دېسەم، بىز خېلىلا تۆۋەن ئورۇندا تۇرىمىز. 1970 - يىللارغا قەدەر ئوقۇغۇدەك تۈزۈك رومان يوق بولۇپ، غەربىي تۈركىستان ئارقىلىق كىرگەن «پولات قانداق تاۋلاندى»، (ئابدۇللا قادىر توقايوفنىڭ بولسا كېرەك) «بوتا كۆز»، «مېھراپتىن چايان» دېگەندەك رومانلارنى، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى، كىنو فاتىفون، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ۋاسىلىسا (پاقاچوكان)، تىرناتىس (ئون ئۈچ قەھرىمان)، ئالدار كوسا، چاپايوپ دېگەندەك كىنولار، كېيىنچە ئۆزبېكىستان بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىگەن كىنولاردىن «بوستانلىقتا تەنتەنە»، «ئىككى ئەۋلاد» دېگەندەكلەر بار ئىدى.

دېمەك، تەشۋىق - تەرغىبات، ۋەز ئىشلىرىغا، يېزىقچىلىق، مەتبۇئات، خەۋەر، ئاخبارات ئىشلىرىغا ئېتىبار بەرمىسەك، مۇشۇنداق دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالىمىز. بۇ ئىشلاردىن ساۋاق ئېلىش كېرەك. ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ، تەپەككۇر قىلىشىمىز لازىم.

غەلىبە ئالدىمىزدا، ئىنشائاللاھ.

*بۇ ماقالىنى تەلئەت قادىر تەھرىرلىدى.*

# خىتايچە ئاپتونومىيە، بىڭتۇەن (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيەسى) ۋە خىتاي سىياسىي كۆچمەنلىرى

ئۆمەرجان مەخسۇت

1991 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ تىنچ ئۇسۇلدا مۇستەقىللىقا ئېرىششى بىلەن، بىر قىسىم ئۇيغۇرلاردىمۇ مۇستەقىللىق بىزگىمۇ تىنچلىق بىلەن نېسىپ بولۇپ قالامدىكىن دېگەن تېما پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۆپ تىلغا ئېلىنىپ ۋە ھەر خىل ئەندىزىلەر مەيدانغا چىقىپ، مەلۇم مۇنازىرىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. ھازىر بولسا تەرەققىي قىلىپ شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى، ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىش مۇمكىن ئەمەسلىكى، شۇڭلاشقا چېكىدىن ئاشقان شوئارلار تۇۋلانسا پەلەستىندەك كۈنگە قالىدىغانلىقىمىزنى، ھەتتا خىتايلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە بەك رادىكال سىياسەت تەشۋىق قىلىنسا چوڭ دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بىڭتۇەنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا گەپلەرمۇ مەيدانغا چىقىۋاتىدۇ. بۇنداق تەشۋىقاتلارنى ئاڭلىمىغانغا سېلىش، سۈكۈت قىلىش مۇشۇنداق خاتا پىكىرلەرنىڭ يامرىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭغا يول قويۇلماسلىقى كېرەك.

شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي نوپۇسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقىمۇ، بىڭتۇەننىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىمۇ ھەقىقەت. بىزنىڭ نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزدىمۇ بۇ

ئەندىشە مەۋجۇت. مېنىڭچە، بۇنداق ئىدىيەلەرنىڭ يوشۇرۇن بىخلانغىنىدىن ئالدىمىزغا قويۇلغىنى ياخشى بولدى، دەپ ئويلايمەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ئورنى ۋە «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيەسى» بىلەن «خىتاي سىياسىي كۆچمەنلىرى»نىڭ سىياسىي ئورنى، ئۇلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشى، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى خەلقئارالاشتۇرۇشتا بىز چوقۇم دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. تۆۋەندە، بۇنداق خاتا پىكىر ۋە قىياسلارغا قارشى مەن دەسلەپكى ئىزدىنىشىم بويىچە كۆز قاراشلىرىمنى يازدىم، لېكىن بۇ مەسىلىلەر تېخىمۇ كۆپ ۋەتەنداشلارنىڭ ئىزدىنىشىنى، تېخىمۇ كۆپ پاكىتلارنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز قىلالايدىغان ئىشلارنى كېيىنكىلەرگە تاشلاپ قويماي، قولىمىزدىن كەلگىنىچە قىلغاچ تۇرايلى.

## 1. خىتايچە ئاپتونومىيە

خىتاي كوممۇنىستلىرى 1946 - يىلدىكى 7 - قۇرۇلتىيىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا فېدېراتسىيە هوقۇقى بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغانىدى. 1955 - يىلى چىڭداۋ يىغىنىدا تالاش - تارتىش ئىچىدە «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇشقا ئاران قوشۇلدى، خىتايلار «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن بۇ تۈزۈمدىنمۇ ئەزەلدىن رازى بولغان ئەمەس. خىتاي باش مىنىستىرى جوۋ ئېنلەي 1956 - يىللا: «هازىرچە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دېگەن قالپاقنى كىيدۈردۇق، بۇ رايونلارنىڭ مىللىي تەركىبلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۇ ئەهۋال ئۆزگىرىدۇ» دېگەن ئىدى. 1979 - يىلى سەيپىدىن ئەزىزى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغاندا، دېڭ شياۋپىڭ: «ماۋجۇشى بەك دانا، يىراقنى كۆرىدۇ، ئۇ جۇڭگودا فېدېراتسىيە تۈزۈمى ئورناتمىدى» دېگەن ئىدى. خىتايلار «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» قۇرۇش بىلەن بىرگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇيغۇر نوپۇسى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان 60% تۇپرىقىدا ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناهىيە دېگەندەك سىياسىي رايونلارنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ هوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇردى. ئۇيغۇر بىلەن باشقا يەرلىك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەنپەئەت زىددىيىتى پەيدا قىلىپ، خىتايلار ئوتتۇرىدا «ئادىل قازى» بولۇۋېلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىپ كەلدى. خىتاينىڭ مەقسىتى، باشقا مىللەتلەرگە ھېسداشلىق قىلغان بولۇپ، بۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلارنى يېتىم قالدۇرۇش، ئاجىزلىتىش ئىدى. خىتايلار قۇرۇپ بەرگەن بۇ سىياسىي رايونلار گەرچە «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» تەركىبىدە بولسىمۇ، لېكىن بۇ رايونلارنىڭ بىرىنچى قول پارتىيە سېكرېتارى بولغان خىتايلار مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيەگە ۋاكالىتەن هوقۇق يۈرگۈزىدۇ، «ئاپتونوم ئوبلاست» قۇرغان مىللەتتىن بولغان «ئوبلاست» باشلىقى بىر قورچاق ئەمەلدار بولۇپ، ئۇ ئىدىيەدە ۋە خىزمەتلىرىدە پارتىيە رەهبەرلىكىگە شەرتسىز بويسۇنۇشى لازىم. بۇ «ئاپتونومىيەلىك» هۆكۈمەتلەردە ئورۇنلارچە مۇئاۋىنلارنىڭ ئىچىگە بىر - ئىككى ئۇيغۇرنى قوشۇپ قويىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ئىككى مىللەتنىڭ قوش بېسىمىدا هېچقانداق ئەمەلىي هوقۇقسىز مۇهىتتا ئىشلەيدۇ. ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون»دا يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە بولغان هوقۇق ئورۇنلىرىدا پارتكوم، پارتىيە گۇرۇپپىسى، پارتىيە باش ياچېيكىسى دېگەن ئاپپاراتلار قۇرۇلغان ھەمدە مەمۇرىي ئاپپاراتلاردا بار فۇنكسىيەلەر مەركەزدىن تارتىپ يېزىلىق پارتكوملارغىچە مەۋجۇت بولۇپ، مەمۇرىي ئورگانلار بارلىق خىزمەتلىرىنى مۇشۇ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزىدۇ. پارتىيە تەشكىلاتلارنىڭ

سېكرېتارلىرى رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى بولۇپ، تەۋەسىدىكى كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. خەلق قۇرۇلتىيى دېگەنلىرى بىر شەكىل بولۇپ، پارتكومنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىشلا ۋەزىپىسى بار. سېكرېتار بولغان خىتاي ئەمەلدار ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان مەمۇرىي رايوندىن چوقۇم بىر دەرىجە يۇقىرى ھوقۇقتا بولۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە بولىدۇ. مەسىلەن، ناھىيەنىڭ سېكرېتارلىرى چوقۇم ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ياكى ھەيئەت ئەزاسى، ئەڭ بولمىغاندا شۇ ۋىلايەتنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىنى بولىدۇ. ۋىلايەت سېكرېتارلىرى ۋە «ئاپتونوم رايون»نىڭ مۇھىم ئورگانلىرىنىڭ سېكرېتارلىرى، شۇنداقلا «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون»نىڭ سېكرېتارىمۇ ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان خىزمىتىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئەمەلدە بولۇپ، ھەقىقىي زوراۋانلارغا ئايلانغان. پارتىيە ھەر دەرىجىلىك سېكرېتارلىرىنى بىۋاستە ئۆزلىرى تەيىنلەيدۇ. بۇ سېكرېتارلار ھەر دەرىجىلىك ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىرىنى، مەسىلەن، ئاپتونوم رايون رەئىسى، ئوبلاست باشلىقى، ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى ۋە ناھىيەنىڭ ھاكىمى، يېزا باشلىقى دېگەندەكلەرنىڭ نامزاتلىرىنى ئالدى بىلەن پارتكوم سېكرېتارى قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى پارتكومغا يوللايدۇ ۋە يۇقىرىنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن ئاتالمىش «خەلق قۇرۇلتىيى»دا ئازراق يالغان رەسمىيەتلىرىنى قىلىپ قويىدۇ. دېمەك، مەيلى «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» بولسۇن، «ئاپتونوم ئوبلاست» بولسۇن، مۇتلەق پارتىيەنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولىدۇ. كەلگۈسىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا «فېدېراتسىيە ئىتتىپاقى» ياكى «فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتى» قۇرىمىز دېيىش ئىنتايىن نادانلارچە پىكىر قىلىش بولۇپ، «فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتى» قۇرىمىز دېگۈچىلەرگە ئايان بولسۇنكى، ئەگەر شەرقىي تۈركىستاندا «ئاپتونوم ئوبلاست»، «فېدېراتسىيە» دېگەندەك سىياسىي رايونلار قۇرۇلۇپ ھەر مىللەتكە بۆلۈپ بېرىلسە، بۇ رايونلاردىكى نوپۇسى 5% تىن 20% كىچە بولغان ئاپتونومىيە يۈرگۈزگۈچى مىللەتلەر مەڭگۈلۈك خوجايىنلارغا ئايلىنىپ، نوپۇسى 80% تىن 95% كىچە بولغان باشقا ئاھالىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. بۇ رايونلاردا سايلام ئۆتكۈزۈلسىمۇ، باشقا مىللەتتىن نامزات كۆرسىتىشكە بولمايدۇ. دېمەك، زور كۆپچىلىك خەلق ئۈچۈن بۇنداق سايلامنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق بولۇپ، ئادالەتسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، سىياسىي ئىمتىيازلار ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەر سەۋەبى بىلەن تىنچلىق ئۈزۈلۈپ بارمايدۇ. پەقەت قانۇنلۇق «شەرقىي تۈركىستان پۇقراسى» شەكىللەنگەندىلا، مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان كىشىلەر دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق رەھبەرلىك ئورنىغا چىققاندىلا، جەمئىيەت تىنچلىنىدۇ. ئاپتونومىيە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە بولسۇن ياكى يېقىندىن مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە بولسۇن، دۆلەتچىلىك ئېڭىدا پۇقراۋى سالاھىيەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ (قوشنىمىز قازاقىستاندا ھازىر 14 ئوبلاست مەۋجۇت بولسىمۇ، ھەممىسى مەمۇرىي رايونلار). ئۇلار كوممۇنىستىك ئەندىزىلەرنى بىكار قىلدى، بۇنداق ساختا ئەندىزىلەرنىڭ شاكىلى پەقەت رۇسىيە بىلەن خىتايدىلا قالدى. شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىدا بۇ ئەندىزىلەر بويىچە باش قاتۇرۇپ پىكىر قىلمايلى. بىزنىڭ 1 - ۋە 2 - جۇمھۇرىيەتلىرىمىزمۇ ھېچكىمگە ئاپتونومىيە ياكى فېدېراتسىيە ۋەدە قىلماپتىكەن، ئۇلار پەقەتلا شەرقىي تۈركىستان پۇقرالىرىغا مۇستەقىللىق ۋە ئەركىن - باراۋەرلىكنى ئەقىدە قىلغانىكەن.

ئەڭ مۇھىم مەسىلە، ئوتتۇرا ئاسىيا چۆشىنى ئازراق كۆرگىنىمىز ياخشى. ئۇلارغا بىر كېچىدە كېلىپ قالغان ئامەت ھەممە كىشىگە كېلىۋەرمەيدۇ. خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان زېمىنىدا ئىنتايىن چوڭ پەرق بار. مۇستەملىكە رايونلىرىدا رۇسلارنىڭ نوپۇسى ئەزەلدىن يەرلىك مىللەتلەر بىلەن تەڭلىشىپ باققان ئەمەس، ئۇزۇن يىللىق قاتمال سىياسەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادى جىددىي چېكىنىپ ھالسىراپ قالغان ئىدى، رۇسلارنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى ئاستىلاپ، رۇس بولمىغان مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى تېز كۆپىيىۋاتقان ئىدى، يات مىللەتلەر يۇك بولۇپ قالدى. لېكىن خىتاي ئۇخشىمايدۇ، خىتاي ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ. ئېنېرگىيە، كان بايلىقلىرى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر، ئورمان بايلىقلىرى قاتارلىق ھەر جەھەتتىن شەرقىي تۈركىستاندىن چوڭ پايدا ئېلىپ بېقىنىپ قالدى، خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى بىر قانچە ئۆلكىلىرىدىن باشقىلىرى ئىنتايىن قىيىن ھالەتتە. شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىش ئۇلارنى ۋەيران قىلىدۇ، خىتاينىڭ ئۆز ئىچىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشى زور مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستان يەنە خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ كۆچمەن يۆتكەش رايونى بولۇپ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە سىبىرىيە ئۇلارنىڭ جىنايەتچىلەرنى سۈرگۈن قىلىدىغان رايونى ئىدى، خىتاي بولسا يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننى شۇنداق رايون قىلىپ كەلدى، ئەڭ چوڭ تۈرمىلەر تارىمدا ئىدى. 2009 - يىلدىكى «ئۈرۈمچى چوڭ قەتلىئامى»دىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان 20 خىتاي ئۆلكىسىنىڭ بىۋاسىتە مونوپول قىلىشىغا بۆلۈپ بېرىلدى. خىتاينىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەمەلدارلىرى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىن ئورۇن ئىگىلىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، پەقەت يەرلەرنى ئىگىلەپ ئۆي سېلىپ، ئۆز ئۆلكىلىرىدىكى ئەڭ نامرات خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈش؛ يەنە بىر ۋەزىپىسى، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلارنى مونوپول قىلىشتىن ئىبارەت بولۇۋاتىدۇ. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، شى جىنپىڭنىڭ 2020 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خىتايىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانىغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ كەڭ تۇپرىقى ھەممە خىتاي ئۆلكىلىرىنىڭ نامرات - گادايلىرىنى يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرىدىغان زېمىنغا ئايلىنىپ قالدى. شۇڭلاشقا، «خىتايلار بىر كېچىدىلا شەرقىي تۈركىستاندىن ۋاز كېچەمدىكىن» دېگەن خام خىيالنى كاللىدىن قەتئىي چىقىرىپ تاشلاش لازىم. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى قان تۆكۈلمەي ھەل بولمايدۇ. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلساق، ھەممە ئىش دېگىنىمىزدەك بولىدۇ؛ ئۇرۇشتا يېڭىلسەك، ھەممىدىن قۇرۇق قالىمىز. مەن ئافغانلارغا قايىل بولدۇم، ئۇلار دۇنيانىڭ 1 - ۋە 2 - ھەربىي كۈچى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىنى، ئاندىن ئامېرىكىنى سۆھبەت ئۈستىلىگە ئەكېلەلىدى، خىتايمۇ ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىش ئۈچۈن تىپىرلاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ كەمبەغەل دۆلەت بولۇشى ئۇلارنى ھالسىرىتىپ قويمىدى، ئۇلار چوڭ شەھەرلەرگە كىرىۋالمىدى، يېزىلارنى، تاغ ئۆڭكۈرلىرىنى ماكان تۇتتى، ھەر قانداق قۇربان بېرىشكە چىداپ كۈرەش ئىرادىسىدىن يانمىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار نەچچە ئون يىل غەلىبە قىلمىغۇچە كۈرەشنى توختاتمىدى. مىللەتتە قەيسەر روھ بولغاندىلا، تاياقنى يەپ تۇرسىمۇ تەسلىم بولمىساڭلا كۈچلۈك دۈشمەنىنىمۇ يەڭگىلى بولىدىكەن. ئۆزۈڭ كۈرەشتىن ۋاز كەچمىسەڭلا سىرتتىن ياردەم ھامىنى ئۆزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىكەن. مىللەتتە قۇربان بېرىش روھى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلىش روھى يېتىلسە، ئاندىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىكەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى پەقەت كۆز ئالدىدىكى نەپنى دەپ كەلگەن خىتايلار قارىماققا كۈچلۈك كۆرۈنگىنى بىلەن، ھۆكۈمىتىنى نەس باسسا بارار يېرى

سامانلىق بولىدۇ، خالاس.

## 2. بىڭتۇەننىڭ قۇرۇلمىسى ۋە فۇنكسىيەسى

پۈتۈن خىتاي مەملىكەتتىكى كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندە گومىنداڭدىن تەسلىم بولغان مىليوندىن كۆپ ئەسىرلەر، گومىنداڭدىن يۈز ئۆرۈپ «ھەقىقەتكە قايتقان» بىر نەچچە يۈز مىڭ ئەسكەرلەر بار ئىدى. كوممۇنىستلارنىڭ ئۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن مەجبۇرىي ھەربىي سەپكە قوشۇۋالغان سۈپەتسىز ئەسكەرلىرىمۇ كۆپ ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ھاكىمىيەتكە يۈك بولىدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۈچ يىل داۋاملاشقان كورىيە ئۇرۇشىدا توپ يېمى قىلىپ تۈگەتتى، قالغانلىرىنى خىتاي مەملىكەتتى بويىچە 15 ئۆلكىدە «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى تەركىبىدە قۇرۇلۇش ئارمىيەسى» (جەمئىي 12 ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيەسى، 3 ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسى) قۇرۇپ يىغىشتۇردى. بىڭتۇەننىڭ تەركىبىدە يەنە كەسىپ ئالماشقان ھەربىيلەر ۋە يارىدار بولغان ھەربىيلەر، شەھەرلەردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى، كونا تۈزۈمدە تەربىيە ئالغانلار، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرى بولۇپ، 1971 - يىلغىچە بۇ بىڭتۇەنلەرنىڭ ئادەم سانى 242 تۈمەنگە يەتكەن، يالغۇز «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيەسى»نىڭ ئادەم سانىلا 2 مىليونغا يېتىپ، بىڭتۇەنلەرنىڭ «چوڭ ئاكا»لىق ئورنىغا چىققان ئىدى. بىڭتۇەندىن ئىبارەت بۇ قانۇنسىز ئۆسمىنى، 1974 - ، 1975 - يىللىرى خىتاي ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي باشقۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلار تۇرۇشلۇق ئۆلكىلەرنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى»مۇ 1975 - يىلى 2 - ئايدا ئەمەلدىن قالغان ئىدى، لېكىن 1976 - يىلى ھەربىي - سىياسىي ئۆزگىرىش بىلەن تەختكە چىققان كونا ھەربىيلەر مەملىكەت بويىچە پەقەتلا شەرقىي تۈركىستاندىكى بىڭتۇەننىلا 1981 - يىلى 12 - ئايدا يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ چاغدا خەلقئارانى ئالداش ئۈچۈن «خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى» دېگەننى ئاتىماي، «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيەسى» دەپ ئاتىدى، لېكىن بىڭتۇەننىڭ «قوراللىق قوشۇن»لۇق خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمىدى.

شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان بىڭتۇەن تەركىبى ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەن 2 - ۋە 6 - كورپۇس ئارمىيەسىنىڭ كۆپ قىسمى، 1950 - يىلى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن مىللىي ئارمىيە 5 - كورپۇسىنىڭ كۆپ قىسمى، بۇرھان شەھىدى ۋە تاۋ سىيۆلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە كوممۇنىستلار تەرەپكە ئۆتكەن گومىنداڭ قوشۇنى، شەرقىي شىمالدا ئەسىرگە چۈشكەن 100 مىڭ كىشىلىك گومىنداڭ قوشۇنى، خىتاينىڭ شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرىدىن شاللاپ چىقىرىۋېتىلگەن تەركىبى يۇقىرى ياشلار ۋە كونا ئەسكەرلەرگە خوتۇن قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەرنىڭ پاھىشىخانىلىرىدىن يىغىپ كەلگەن جالاپلار ۋە ساختا تەشۋىقات بىلەن ئالداپ ئەكەلگەن قىزلاردىن (ئەڭ كىچىكلىرى 13 ياش) قۇراشتۇرۇلغان ئىدى. كۆپ ساندا تۈرمە ۋە «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدان»لىرىمۇ قوشۇلدى. بۇ تۈرمە ۋە مەيدانلارغا خىتاي ئۆلكىلىرىدىن جىنايەتچىلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي يۆتكەپ ئەكەلدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى بىڭتۇەن، خىتاي بېسىۋالغان زېمىنلار ئىچىدە ئەڭ ئالدىدا، يەنى

1954 - يىلى قۇرۇلغان ئىدى، سەۋەبى 1950 - يىلى خىتاي ئارمىيەسى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەن بولسىمۇ، يەرلىك كۆچلەردىن، يەرلىك مىللەتتىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى نامدا خىتاي قوشۇنىغا قوشۇلغان بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلاردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلدى، بولۇپمۇ 1951 - يىل 2 - ئايدىكى «51 چىلەر يىغىنى»دىن خىتاي ھۆكۈمىتى قاتتىق چۆچۈدى. خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇرەككەپ ۋەزىيىتىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن كۆپلەپ ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا ھاجەتمەن بولدى. شۇڭلاشقا ئارمىيە ئىشتاتىدا بولغان، ئۇرۇشمۇ قىلالايدىغان، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ جېنىنىمۇ باقالايدىغان ئارمىيەگە ھاجىتى چۈشتى، بۇنداق ئارمىيەنى بۇرۇن يەنئەندىمۇ قۇرۇپ ئەپيۈن تېرىپ ئەپيۈن سودىسى قىلغان ئىدى.

### 2.1 بىڭتۇەن بىر قانۇنسىز تەشكىلات

بىڭتۇەن ئەسلىدىنلا بىر قانۇنسىز تەشكىلات. ئۇنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى: «شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش ۋە ئىچكى مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش»تىن ئىبارەت. دېمەك، بىڭتۇەن «ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتىكى پولات قورغان» بولدى. بىڭتۇەن قۇرۇلغاندىن تارتىپ خىتاي ئارمىيەسىنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسى ۋە تۈزۈمىنى ساقلاپ قالدى، ھازىرغىچە مەركىزىي فۇنكسىيەسىدە ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ. خىتاي مەركىزىنىڭ ھەر قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئېلان قىلغان ئاخباراتلىرى ۋە ھۆججەتلىرىدە، ھەر نۆۋەتلىك رەئىسلىرىنىڭ يوليورۇقلىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەر نۆۋەتلىك يىغىن ئاخباراتلىرى، ئىچكى ھۆججەتلىرى، گېزىت - ژۇرناللاردىكى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدا بۇ تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئەھمىيىتى، ۋەزىپىسى ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى كۆرسەتكەن خىزمەت نەتىجىلىرىدە، بىڭتۇەننىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە ئۆتكۈزگەن جىنايى پاكىتلىرى تولۇپ تۇرۇپتۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بىڭتۇەننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۆرسەتكۈچلىرى ئارقىلىق گەپ ساتسىمۇ، لېكىن ئەسلىي ماھىيىتىنى ئىنكار قىلىۋېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق بىر جىنايى تەشكىلات خەلقىمىز تەرىپىدىن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ.

بىڭتۇەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت بولۇپ بولدى. قارىماققا ئاپتونوم رايون بىڭتۇەننىمۇ باشقۇرىدىغاندەك كۆرۈنۈش بار، ئەمەلىيەتتە بىڭتۇەننىڭ مەمۇرىي دەرىجىسى ئۆلكە دەرىجىلىك بولۇپ، «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون»نىڭ ھەر نۆۋەتلىك بىرىنچى سېكرېتارى مۇئاۋىن دۆلەت دەرىجىلىك باشلىق «خىتاي سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى» بولغاچقا، ئاپتونوم رايوندا پەقەت مۇشۇ بىر مۇئاۋىن دۆلەت رەھبىرى دەرىجىلىك سېكرېتاردىن باشقا، «ئاپتونوم رايون»نىڭ قورچاق رەئىسىنىڭمۇ بىڭتۇەننىڭ خىزمىتىگە قول تىقىش ھوقۇقى يوق. ئەمەلىيەتتە، بىڭتۇەن خېلى بۇرۇنلا «ئاپتونوم رايون»نىڭ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ئىگىلەپ بولغان ئىدى. جاللات ۋاڭ لېچۈەن «ئاپتونوم رايون»غا بىرىنچى سېكرېتار بولغاندا، «يەرلىككە ياردەم بېرىش» دېگەن نام بىلەن 1991 - يىلدىن كېيىن بىڭتۇەندىن بىراقلا 500 كادىرنى ۋە مىڭلىغان ھەربىي سەپتىن ئالماشقان خىتايلارنى ئۇزۇلدۇرمەي يەرلىككە يۆتكەپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، يېزا - كەنتلەرگىچە پارتكوم، ياچېيكىلارنىڭ بىرىنچى قول سېكرېتارلىقنى بىڭتۇەننىڭ خىتايلىرىغا ئېلىپ بەرگەن ئىدى. مەمۇرىي ئورگانلاردىكى ۋالىي، ھاكىم ۋە يېزا باشلىقى دېگەنلەرنى

ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، مۇئاۋىنلىرى ۋە مۇھىم بۆلۈم باشلىقلىقىغا كۆپلەپ بىڭتۇەنلىكلەرنى سەپلەپ پۈتۈن ئەمەلىي ھوقۇقلارنى بىڭتۇەنلىكلەرنىڭ قولىغا تاپشۇردى. بۇ خىتايلار ئۆزلىرى يەرلىكتە ئىشلىسىمۇ تىزگىنى يەنىلا بىڭتۇەننىڭ قولىدا بولدى. ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئاللىقاچان شەكىلگە ئايلاندى. بۇندىن بۇرۇن، بىڭتۇەننىڭ قانۇنسىز ھالدا تېز كېڭىيىپ يەر، سۇ ۋە بايلىقلارنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىشىغا قارشى يەرلىك بىلەن بىڭتۇەن ئوتتۇرىسىدا ماجىرا بولۇپ تۇراتتى. يەرلىكنىڭ ھوقۇقى بىڭتۇەنگە ئۆتكەندىن كېيىن ھەممە ئىش بىڭتۇەننىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ مەنپەئەتى دەپسەندە قىلىندى. بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بەزى يېزا – كەنتلەردە سۇ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن تېرىقچىلىق قىلىش مۇمكىن بولماي قالدى، باغلاردىكى مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ قۇرۇپ كەتتى. نۇرغۇن ئۇيغۇرلار جان بېقىش ئۈچۈن ماكانلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ ئىقتىسادىمۇ بىڭتۇەن بىلەن مەركەز كارخانىلىرىنىڭ قىسمىقىدا جان تالىشىۋاتىدۇ.

ئايرىم چەت ئەللىك تەھلىلچىلەر بىڭتۇەننى «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلىشتىكى قورالى، ئۇ بىر سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچ» دەپ ئىنتايىن توغرا تەبىر بەرگەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىڭتۇەننىڭ ئىقتىسادىنى جېنىنىڭ بارىچە يۆلىشىدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى بىڭتۇەنگە تۇتقۇزۇپ، «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نى بارغانسېرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ ئۆزلۈكىدىن يوق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى سېپى ئۆزىدىن خىتاي ئۆلكىسى قىلىشتىن ئىبارەت.

## 3. سىياسىي كۆچمەنلەر (سىياسىي ئاققۇنلار)

### 3.1 بىڭتۇەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

بىز شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى دەۋا قىلغاندا خىتاي مۇستەملىكىچىلىكى بىلەن خىتاي سىياسىي كۆچمەنلىرى دېگەن ئۇقۇمنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئۇقۇملار بىر - بىرىنى تولۇقلاپ كۈچلەندۈرىدۇ، چۈنكى سىياسىي كۆچمەننىڭ ئاساسى مۇستەملىكىچىلىك سىياسەتتۇر، مۇستەملىكىچىلىك بولمىسا سىياسىي كۆچمەنمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ، سىياسىي كۆچمەنلەر خىتاي مۇستەملىكىچىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر بىز خىتاي سىياسىي كۆچمەنلىرىنىمۇ شەرقىي تۈركىستان پۇقراسى دەپ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇشقا باش قاتۇرغىلى تۇرساق، تەسلىمچىلىك يولىنى تاللىغان بولىمىز. بىڭتۇەن بىلەن قانۇنسىز خىتاي سىياسىي كۆچمەنلىرىنىڭ قالايمىقانچىلىق چىقارماسلىقى ئۈچۈن چارە - تەدبىر ئىزدەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتىمەن دېيىش ئىنتايىن نادانلىق بولىدۇ. دەۋاگەر بوش بولسا قازى مۇتتەھەم بولىدۇ. «دۈشمەننى كۆپەيتىۋالمىز، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى مۇرەككەپلىشىپ بىز پايدىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز» دېگۈچىلەر خىتاينىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيۇۋاتقانلار ياكى سىياسىي ماڭقۇرتلاردۇر. خىتاي سىياسىي كۆچمەنلىرى زوراۋان ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقتىن تىنچ يول ئارقىلىق ئۇيغۇرلار بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇپ ياشاشنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. پەقەت بىز مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە بولساقلا ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن، بۇنى بىزنىڭ 2 - جۇمھۇرىيىتىمىز ۋە ياقۇپبەگ

ھاكىمىيىتى ئىسپاتلىغان. دۇنيادا كۆچمەنلەر كۆندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇ كۆچمەنلەر: سىياسىي پاناھلىق تىلىگەنلەر، پۇل ياكى تېخنىكا كۆتۈرۈپ كېلىپ كۆچمەن بولغانلار، ئۇرۇش ئاپەتلىرى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق سەۋەبىدىن ھەر خىل يوللار بىلەن قاچاق بولۇپ كۆچمەن بولغانلار قاتارلىقلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن بىز دەۋاتقان «سىياسىي كۆچمەنلەر» مۇستەملىكچىلىك سىياسەتنىڭ مەھسۇلى ۋە ئىجراچىلىرى، ئۇلار زوراۋانلار، سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئەگەر خەلقئارانىڭ بېسىمى بىلەن چوڭ ۋەزىيەتتە خىتايغا پايدىسىز ئامىللار كۆپەيسە، خىتاي ھۆكۈمىتى بىڭتۇەننى پۇقراۋى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى دەپ دەۋا قىلىشى مۇمكىن. لېكىن 1954 - يىلى بىڭتۇەن قۇرۇلغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان ئەمەلىيەت خىتاي ھۆكۈمىتى تېنىۋالمايدىغان جىنايى پاكىتلار بىلەن تولغان. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىڭتۇەننىڭ پاختا مەھسۇلاتلىرىدا قۇللۇق خاراكتېرىنى ئالغان مەجبۇرىي ئەمگەك بار دەپ بىڭتۇەنگە جازالاش تەدبىرىنى يولغا قويدى. قۇللۇق ئەمگەك بولغان ئىكەن، بۇنى يولغا قويىدىغان قۇللۇق سىياسەت بولىدۇ؛ قۇل بولغان ئىكەن، قۇلدارمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ قۇلدارلار نەق قۇللار ئەمگىكىدىن نەپ ئېلىۋاتقان يۇقىرى - تۆۋەندىكى خىتاي سىياسىي كۆچمەنلەردۇر.

### 3.2 بىڭتۇەن قۇرۇلغاندىن ھازىرغىچە كۆلەملەشكەن خىتاي

بىڭتۇەن سىياسىي كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ سىناق ئورنى ۋە كۈچلۈك ئىجراچىلىق رولىنى ئويناپ كەلدى. بىڭتۇەننىڭ ئۆزىلا سىياسىي كۆچمەنلەرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، قۇرۇلغاندىن تارتىپلا شەرقىي تۈركىستانغا سىياسىي كۆچمەن يۆتكەشنى باشلىغان ئىدى. 1962 - يىلدىكى ئىلى - چۆچەك ۋەقەسىدىن بىڭتۇەن ئوبدان پايدىلاندى، ئۈچ يىل ئىچىدە دەرھاللا بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، ۋۇخەن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىن 400 مىڭدىن ئارتۇق خىتاينى «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» نامىدا يۆتكەپ كېلىپ، ئىلى، بورتالا، چۆچەك، ئالتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان چېگرا بويلىرىدىن يەرلىك مىللەتلەرنى ھەيدەپ چىقىرىپ، خىتاي سىياسىي كۆچمەنلىرى ئۈچۈن يېڭىدىن 38 دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ، خىتاي سىياسىي كۆچمەنلىرىنى يەرلىك مىللەتلەر بەھرىمەن بولالمايدىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىمتىيازلار بىلەن كۆچۈرۈپ كەلدى. بىڭتۇەننىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەيدانلىرى ئورۇنلاشتۇرغان ئادەم سانىغا قاراپ دۆلەتتىن قوشۇمچە ياردەم ئالالايدۇ. ياردەمنىڭ ئۆلچىمى ئورۇنلاشقان رايونغا قاراپ بولىدۇ. خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا قاراپ تۆت دەرىجىگە بۆلگەن. 1990 - يىللاردا ئالتاي رايونىغا ئورۇنلاشقان ھەر بىر خىتاي ئۈچۈن مەركەز مالىيەسىدىن 40 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇش پۇلى ئاجرىتقانىكەن، ئورۇنلاشتۇرغان ئادەم قانچە كۆپ بولسا پۇلمۇ كۆپ بولىدىكەن، شۇڭلاشقا تۆۋەننىڭ ئاكتىپچانلىقىمۇ يۇقىرى بولغان. بۇ سىياسىي كۆچمەنلەر كەلگەندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە ماسلىشىپ مۇقىملىقنى ساقلىغۇچى مۇھىم كۈچ بولغان. يەرلىك مىللەتلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش، بويسۇندۇرۇش، خىتاي ئۈچۈن زېمىننى قولدا تۇتۇپ تۇرۇش، ۋاقتى كەلگەندە زاپاس ھەربىي كۈچ بولۇپ يەرلىكلەرنى رەھىمسىز باستۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ كەلدى. بىڭتۇەنگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىتايلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەر يىلى ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان خىتايلار بولۇپ، بىۋاستە جەڭگە كىرەلەيدۇ. بۇلار «خەلق ئەسكەرلىرى» نامىدىكى قوراللىق ئەترەتلەرگە تەشكىللەنگەن. خىتاي

ھۆكۈمىتىنىڭ مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى جازا لاگېرى، تۈرمىلەرگە قاماپ، خىتاي ئۆلكىلىرىگە قۇل ئىشچى قىلىپ سېتىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى، تېرىلغۇ يەر، مال - چارۋا، باغ - ۋارانلىرىنى سىياسىي كۆچمەنلىرىگە ھەقسىز تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان بۇلاڭچىلىق سىياسەتلىرى بىلەن، سىياسىي كۆچمەنلەر قانۇنسىز نەپ ئېلىپ باي بولدى، خىتايلارنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار قۇربان قىلىندى. بۇ ئىشلار سىياسىي كۆچمەنلەرگە ئىنتايىن ئايدىڭ. ئۇيغۇرلار بىر كۈن مەۋجۇت ئىكەن، ئۇلارمۇ بىر كۈن ئۆزلىرىنى خاتىرجەم ھېس قىلالمايدۇ، ئۇيغۇرلارنى قانۇنسىز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن، دەپ تونۇيدۇ. بۇنداق سىياسىي كۆچمەنلەرنى قانداقمۇ قانۇنلۇق پۇقرا دېگىلى بولىدۇ؟! بۇ مەسىلىدە ھەرگىز مۇجمەل كۆز قاراشتا بولساق بولمايدۇ.

ئاخىرىدا، ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىغا، پائالىيەتچىلىرىمىزگە دەيدىغان تەكلىپىم، «خىتاي كۆچمەنلىرى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا «خىتاي سىياسىي كۆچمەنلىرى» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتەيلى. «سىياسىي كۆچمەن» ئاتالغۇسى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ، خىتايلارنىڭ ئاساسسىز دەۋالىرىنى رەت قىلالايدۇ. «بىڭتۇەن» دېگەن ئاتالغۇنى ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆججەتلىرىدە 70 يىلدىن بۇيان «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسى» دەپ تەرجىمە قىلىپ كەلدى. مۇجمەللىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چەت ئەلدىكى مۇھاجىرلىرىمىزمۇ تەرجىمىدە بىرلىككە كېلىشى كېرەك. بۇنى ئىشلەپچىقىرىش دىۋىزىيەسى دېيىش خاتا، چۈنكى بىڭتۇەندە ھازىر 14 دىۋىزىيە بار.

*بۇ ماقالىنى جۈرئەت نىزامىدىن تەھرىرلىدى.*

12

# ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ۋە ئۇنى قوزغىتىش تورغۇسىدا مۇلاھىزە

مەمەت ئىمىن دوختۇر

(ئامېرىكا نيۇ يورك شەھىرىدىكى كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي مەركىزىنىڭ تېببىي پەنلەر تەتقىقاتچىسى)

**قىسقىچە مەزمۇنى**

*ئىنسان دۇنياغا كەلگەندىن تارتىپ تاكى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر، ياشاش ۋە ھەر خىل مەقسەت، نىشانلارغا يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئاساسى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ، ئىنسانلار مەجبۇرلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئېھتىياجى بولمىسا ھەرىكەت قىلمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىنى ئاكتىپ ھەرىكەتلىنىش ۋە پاسسىپ ھەرىكەتلىنىش دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. ئاكتىپ ھەرىكەتلىنىش دېگەندە، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئۆز مەقسەت - مۇددىئاسىغا يېتىش ۋە ئۆز قىممىتىنى يارىتىش ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كېلىش بولۇپ، ئۇ ھەرىكەتلىنىشنىڭ ئىچكى ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. پاسسىپ ھەرىكەتلىنىش دېگەندە، ئۇ باشقىلار ياكى تاشقى كۈچنىڭ تەسىرىدىن ھەرىكەتكە كېلىشنى كۆزدە تۇتىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىدىكى تاشقى ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنى ئىجابىي ياكى ئاكتىپ ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە سەلبىي ياكى نېگاتىپ ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتە قايسى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش، پەرقلىق جەمئىيەت ۋە تۈزۈلمىدە پەرقلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئاساسى، ئىجتىمائىي ئورنى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، دۇنيا قارىشى، ئېتىقادى*

*ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈشنىڭ مەقسەت، مۇددىئاسى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ.*

ئىنسان دۇنياغا كەلگەندىن تارتىپ تاكى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر، ياشاش ۋە ھەر خىل مەقسەت، نىشانلارغا يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. بەزىلەرنىڭ مەقسەت، نىشانلىرى يۈكسەك ۋە ئۇلۇغۋار بولىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىدۇ، تىرىشىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ مەقسەت، نىشانى ناھايىتى ئاددىي ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك بولىدۇ، ئۇلار پەقەت قورساق تويسا، ھاياتى داۋام ئەتسە، قانائەت قىلىدۇ ۋە پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا ھېچنېمىگە ئىنتىلمەيدۇ، ھاياتىنى ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنداقتا ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىگە سەۋەب بولغان ئامىللار نېمە؟ نېمە ئۈچۈن بەزىلەر ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىدۇ، تىرىشىدۇ؟ يەنە بەزىلەر ئاسانلا قانائەت قىلىدۇ، تىرىشمايدۇ؟ ئۇنداقتا ئۇلارنى قانداق قوزغىتىش ياكى كۈچەيتىش مۇمكىن؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا سەۋەب بولغان ئامىللار بىلەن تونۇشۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى دېگەندە، ئۇ ئاساسلىقى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى داۋام قىلىش، شۇنداقلا مەلۇم مەقسەت، نىشانلارغا يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، ئۇنى قوزغىتىش دېگەندە، ئاساسلىقى ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يوشۇرۇن كۈچىنى قوزغاپ، ئىنسانلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە تالانتىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، كۆزلىگەن مەقسەت، نىشانلىرىغا يېتىشكە ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا تۈرتكە بولۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ياكى كۈچتۇر. ماسلوۋ ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى تۆۋەندىكىدەك بەش خىل ئېھتىياجغا ئايرىغان ئىدى: ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجى – فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەڭ ئىپتىدائىي ئېھتىياجىدۇر. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھايات ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۇخلاش، ئىسسىنىش قاتارلىق ئېھتىياجلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئېھتىياجى – بىخەتەرلىك ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق، مۇقىملىق ۋە سالامەتلىك ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۈچىنچى ئېھتىياجى – سۆيگۈ ۋە تەۋەلىك ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇش، سۆيگۈ - مۇھەببەت، دوستلۇق ۋە ئىجتىمائىي تەۋەلىك ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تۆتىنچى ئېھتىياجى – ھۆرمەت ۋە شەرەپ ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىناۋەت، شان - شۆھرەت، مەرتىۋە ۋە ئابرۇي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بەشىنچى ئېھتىياجى ياكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي ئېھتىياجى بولسا، ئۆز - ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز قىممىتىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە يارىتىش ئېھتىياجى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئېھتىياجى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ھەممە ئىنسانلاردا ئوخشاش بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئېھتىياجى روھىي ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ئوخشىمىغان ئىنسانلاردا پەرقلىق بولىدۇ. يەنى بەزى ئىنسانلارنىڭ

روھىي ئېھتىياجى كۆچلۈك بولىدۇ، يەنە بەزى ئىنسانلارنىڭ روھىي ئېھتىياجى بولسا ئۇنداق كۆچلۈك بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ بەشىنچى ئېھتىياجى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ھەممە ئىنسانلاردا ئورتاق بولمايدۇ. بۇ خىل ئېھتىياجى بار ئىنسانلارنىڭ سانى نىسبەتەن ئاز بولۇپ، ئۇلار ئۆزى تەۋە بولغان مىللەت ۋە جەمئىيەتكە ئالاھىدە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مەشھۇر شەخسلەر مۇشۇ تۈردىكى ئېھتىياجى كۆچلۈك ئىنسانلار ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجىنىڭ كونكرېت ئۆلچىمى ياكى چېكى بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجى ئوخشىمىغان ئىنسانلاردا، ئوخشىمىغان شارائىتتا، ئوخشىمىغان دەۋر ۋە ئوخشىمىغان رايونلاردا ناھايىتى زور پەرقلىق بولىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي ۋە روھىي ئېھتىياجى ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئاساسلىق سەۋەب ياكى كۈچ بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. يەنى ئىنسانلارنىڭ بۇ ئىككى خىل ئېھتىياجى قانچە قانغانسېرى، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ياكى ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىنەلىشىگە تۈرتكە بولغان كۈچ شۇنچە ئاجىزلاپ ماڭىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇ ئىككى خىل ئېھتىياجى مەھرۇم قىلىنغانسېرى ياكى قانمىغانسېرى، ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن ھەرىكەتلىنىش شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ئېھتىياجى بولغان ئۆز - ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجى دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىشىگە تۈرتكە بولغان ئەڭ كۈچلۈك سەۋەب ياكى كۈچ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. يەنى، ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجى قانچە قانغانسېرى، ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن ھەرىكەتلىنىش شۇنچە كۈچىيىپ ماڭىدۇ. ئۇ ئېھتىياجىنىڭ چېكى بولمايدۇ، ئۇ ئېھتىياج سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ھەرىكەتلىنىش ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بارىدۇ. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجى ئىنكار قىلىنغاندا ياكى ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجى ۋەيران قىلىنغاندا، ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن ھەرىكەتلىنىش پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجى نىسبەتەن مۇقىم بولغاچقا، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان ھەرىكەتلىنىشمۇ نىسبەتەن مۇقىم بولۇپ، ئوخشىمىغان ئىنسانلار ئارىسىدا، ئوخشىمىغان دەۋر ۋە ئوخشىمىغان تۈزۈلمە ئاستىدا كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ روھىي ئېھتىياجى، بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي ئېھتىياجى بولغان ئۆز - ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجى نىسبەتەن ئۆزگىرىشچان ۋە ئوخشىمىغان ئىنسانلاردا، ئوخشىمىغان دەۋردە پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان ھەرىكەتلىنىشمۇ ئوخشىمىغان ئىنسانلار ئارىسىدا، ئوخشىمىغان دەۋر ۋە ئوخشىمىغان شارائىت ئاستىدا پەرقلىق بولىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىنسانلارغا نىسبەتەن، «ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىش» ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك روھىي ئېھتىياج بولۇپ، ئۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىنى ئاكتىپ ھەرىكەتلىنىش ۋە پاسسىپ ھەرىكەتلىنىش دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. ئاكتىپ ھەرىكەتلىنىش دېگەندە، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئۆز مەقسەت - مۇددىئاسىغا يېتىش ۋە ئۆز قىممىتىنى يارىتىش ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كېلىشىنى كۆزدە تۇتىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىدىكى ئىچكى ئامىل ھېسابلىنىدۇ. پاسسىپ ھەرىكەتلىنىش دېگەندە، ئۇ ئىنسانلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈشىنى ياكى ھەرىكەتكە كېلىشكە مەجبۇرلىنىشىنى كۆزدە

تۇتىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىدىكى تاشقى ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بەزى ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئاساسەن ئىچكى ئامىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاكتىپ جەريان بولسا، يەنە بەزى ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى تاشقى ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك پاسسىپ جەرياندۇر. ئەمما، كۆپىنچە ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئىچكى ۋە تاشقى ئامىلنىڭ ئورتاق رول ئوينىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنى ئىجابىي ياكى ئاكتىپ ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە سەلبىي ياكى نېگاتىپ ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. ئىنسانلارنى ئىجابىي ياكى ئاكتىپ ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش دېگەندە، ئۇ ئاساسلىقى باشقىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، پەخىرلەندۈرۈش، ئۈمىدلەندۈرۈش، ئىلھام بېرىش، مۇكاپاتلاش ۋە تەقدىرلەش قاتارلىق ئىجابىي ياكى ئاكتىپ ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ. مەسىلەن، «ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشسەڭ، مۇكاپات ئالىسەن. تىرىشسىپ ياخشى ئوقۇساڭ، كەلگۈسىدە يارامىلىق ياكى مەشھۇر ئادەم بولىسەن» دېگەندەك. بۇ ئۇسۇلنىڭ كەمچىلىكى، مۇكاپات ۋە رىغبەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىنسانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى يېتەرلىك تەكىتلىمەسلىكتۇر. نەتىجىدە بەزى ئىنسانلارنىڭ مىننەتدارلىق تۇيغۇسى تۆۋەنلەش، تەكلىپ ۋە تەنقىد قوبۇل قىلالماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىنسانلارنى سەلبىي ياكى نېگاتىپ ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش دېگەندە، ئۇ ئاساسلىقى باشقىلارنى قامچىلاش، غۇرۇرىنى سۇندۇرۇش، ئىنكار قىلىش، قورقۇتۇش، تەھدىت سېلىش، جازالاش قاتارلىق سەلبىي ياكى نېگاتىپ ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ. مەسىلەن، «سەن مۇشۇنداق داۋام قىلساڭ ئىمتىھاندىن ھەرگىز ئۆتەلمەيسەن؛ ئەگەر ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسەڭ، مەكتەپتىن ھەيدىلىسەن؛ ئەگەر تىرىشىپ ياخشى ئوقۇمىساڭ، كەلگۈسىدە ھېچ ئىشقا يارىماس ئادەم بولىسەن، ئاچ قالىسەن، ئۆي - ماكانسىز قالىسەن» دېگەندەك. بۇ ئۇسۇلنىڭ كەمچىلىكى، كۆپىنچە ئىنسانلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىش، بەزى ئىنسانلاردا مەيۈسلىنىش ۋە چۈشكۈنلىشىش كەيپىياتى پەيدا قىلىشتۇر. پسىخولوگىيەلىك مونوپول قىلىش، مىڭە يۇيۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، باشقىلاردىن پايدىلىنىش ياكى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئىنسانلارنى سەلبىي ياكى نېگاتىپ ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش مۇمكىن.

ئۇنداقتا، ئىنسانلارنى قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرگەندە تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، دۇنيا قارىشى، ئېتىقادى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى، غۇرۇر - ئىپتىخارى ۋە ماددىي ئاساسى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پەرقلىق جەمئىيەت ۋە تۈزۈلمىدە ياشىغان ئىنسانلاردا پەرقلىق بولىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە، ئۇ باشقىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتىكى مەقسەت - مۇددىئاغىمۇ باغلىق بولىدۇ.

دىكتاتۇرلىق تۈزۈمدىكى جەمئىيەتتە، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ۋە خەلقنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىشقا بولىدىغان ھەرقانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ، ۋاستە تاللىمايدۇ. بۇ خىل جەمئىيەتتە ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى تاشقى ئامىل بولۇپ، ئىچكى ئامىللارغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەن

بولىدۇ. باشقىلار ئۈچۈن، كەلگۈسى غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنىپ، شەخسلەرنىڭ ئېھتىياجى ۋە مەنپەئەتى ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى غايىسى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش روھى ئېغىر دەرىجىدە سۇيىئىستېمال قىلىنغان بولىدۇ. خەلقنى ھەرىكەتكە كەلتۈرمەكچى بولغانلار، داھىيلار، ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر، بىر تەرەپتىن، مەلۇم غايە ياكى غايىۋى جەمئىيەتنى دەسمايە قىلىپ، ئۇ ئەمەلگە ئاشسا ئىنسانلار خالىغىنىنى قىلالايدىغان، خالىغىنىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشكە تىرىشقان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانلارنى ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئۆز مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىپ، ئاتاقتا شۇ غايە ياكى غايىۋى جەمئىيەت ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپلار ياكى ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا چاقىرىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتىش مەقسەت قىلىنغان.

**دىكتاتۇرلىق تۈزۈمدىكى جەمئىيەتتە، خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇللارنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:**

1. ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ئاۋۋال ئىنسانلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنى ھاجەتمەن ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن، خىتايدىكى «يەر ئىسلاھاتى» نامى بىلەن خەلقنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق خەلقنى قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرۈش.

2. ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتە بەزى ئىجابىي ياكى ئاكتىپ ئۇسۇللارنى قوللىنىشى مۇمكىن. ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ئاۋۋال ھەر خىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ئىچىدە ھەر خىل غايە، ئۈلگە ياكى قەھرىمان ئوبرازلارنى يارىتىپ، خەلققە ئەگەر تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، ئۇلارغا ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن، خىتايدىكى كوممۇنىزم غايىسى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش چاقىرىقى، خىتاي چۈشى، ئۇلۇغ جۇڭخۇا غايىسى دېگەندەكلەر ئارقىلىق خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈش. خىتاي ھۆكۈمىتى: «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان 70 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، خەلق نۇرغۇن ھەق - ھوقۇق ۋە مەنپەئەتلەردىن مەھرۇم قېلىپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ئەڭ چوڭ مەنپەئەت ۋە ئىمتىيازغا ئېرىشكەن.

3. ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتە سەلبىي ياكى نېگاتىپ ئۇسۇللارنى قوللىنىشى مۇمكىن. دىكتاتۇرلىق تۈزۈمدە، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان ئۇسۇللار بولسا، خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ۋەيران قىلىش، ئۇلارنى ھۆكۈمەت بولمىسا ياشىيالمايدىغاندەك ھېس قىلدۇرۇش، پسىخولوگىيەلىك مونوپول قىلىش، مېڭە يۇيۇش، جازالاش، تەھدىت سېلىش، ئائىلە ئەزالىرىنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ، باشقىلارنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىقلار. مەسىلەن، خىتايدىكى جازا لاگېرلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن خەلقنى جازالاش، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنى خىتاي كومپارتىيەسىگە رەھمەت ئېيتقۇزۇش، ھەم شۇنداقلا خەلققە خىتاي ھۆكۈمىتى ياكى خىتاي كومپارتىيەسى بولمىسا، ئۆزلىرىنىڭ خاتىرجەم ۋە بەختلىك ياشىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى

قوزغاش ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈش.

دېموكراتىك تۈزۈلمىدىكى جەمئىيەتتە، ئىنسانلارنىڭ شەخسىي ئېھتىياجى ۋە ئەركىنلىكى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنغىنى ۋە ئېتىبارغا ئېلىنغىنى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە ياشاش نىسبەتەن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئىنسانلارنىڭ ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن ئەڭ ئالىي غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى، ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ قالغان. بۇ جەمئىيەتتە باشقىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرمەكچى بولغانلار، لىدېرلار، ھەتتا ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرمۇ، ئاساسىي قانۇن يول قويغان دائىرە ئىچىدە، باشقىلارنىڭ شەخسىي ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، ئىككى تەرەپ ئورتاق مەنپەئەتلىنىشنى مەقسەت قىلىپ، شەخس ئېرىشەلەيدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتنى تەكىتلەش ئارقىلىق باشقىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيدۇ.

بۇ خىل تۈزۈلمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئىچكى ئامىلنى ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى قىلىپ، تاشقى ئامىل ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان مەقسەتنى، ئۇلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى بىلەن زىچ باغلىشىدا. يەنى، يەتمەكچى بولغان مەقسەت ۋە نىشاندىن ئورتاق مەنپەئەتلىنىش ۋە ئورتاق بەھرىمەن بولۇش – ئىنسانلارنى ئۈنۈملۈك ھەرىكەتلەندۈرۈشتە بەك مۇھىم.

باشقىلارنى ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغان ھەر قانداق بىر ئادەمگە نىسبەتەن، قانداق قىلىپ باشقىلارنى ئۈنۈملۈك ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پىلانلىغان ۋاقىت ئىچىدە كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشتە قانداق ئۇسۇلنى قوللىنىش بەكلا مۇھىم. بولۇپمۇ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى بولمىغان ياكى قىلماقچى بولغان ئىش ئىنسانلارنىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، كۆپچىلىك ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئورتاق بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كۆپچىلىكنى ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغان شەخسنىڭ، باشقىلارنى قانداق ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنى بىلىشى بەكلا مۇھىم.

## ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى ۋە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

1. قىلماقچى بولغان مەلۇم ئىش ياكى يەتمەكچى بولغان مەلۇم مەقسەتتە، باشقىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرمەكچى بولغان شەخس ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈلگە بولۇش ۋە ئۆزىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشى كېرەك. باشقىلارنى ھەرىكەتلىنىشكە چاقىرىق قىلغان شەخسنىڭ شەخسىي ئەخلاق پەزىلىتى، خەلق ئارىسىدىكى ھۆرمىتى ۋە ئىناۋىتى باشقىلارنى رىغبەتلەندۈرۈشتە ۋە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە بەك مۇھىم رول ئوينايدۇ. باشقىلاردىن ياخشى نەتىجە كۈتۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئالدى بىلەن ئۆزى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشتۇر.

2. مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ ھېكايىسىنى ۋە ئىش - ئىزلىرىنى سۆزلەش، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىش. ھېكايە سۆزلەش گەرچە كىشىلەرگە كونكرېت نېمە قىلىش توغرىسىدا كۆپ نەرسە ئۆگەتمىسىمۇ، بىراق باشقىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئويلاش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

3. كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارى بويىچە ئىش كۆرۈشكە، يەنى ئۆز قابىلىيىتى ۋە تالانتىغا ماس ھالدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە چاقىرىق قىلىش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغان ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئەگەر پىلانلىغان ئىش ياكى يەتمەكچى بولغان مەقسەتكە يەتسە، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قوشالايدىغانلىقىنى تەكىتلەش كېرەك، يەنى ئۇلارنىڭ رولىنى جەزملەشتۈرۈش كېرەك.

4. باشقىلارغا ئىشىنىش، يەنى ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغان كىشىلەرگە ھەر زامان ئىشىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ تۇرۇش كېرەك. ئۇلارغا ئۇلاردىن گۇمانلىنىش تۇيغۇسىنى بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۆزئارا ئىشىنىش ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

5. ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغان كىشىلەرنى قىيىنچىلىقتىن غالىب كېلىشكە ئۈندەش كېرەك. ئىنسانلارغا بېرىلگەن ۋەزىپە بىلەن ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى ئۆزئارا ماسلىشىشى كېرەك. ئەگەر باشقىلارغا قابىلىيىتىدىن تۆۋەن ۋەزىپە بېرىلگەندە، ئۇلارغا بېرىلگەن ۋەزىپە ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارغا ئىلھام بېرىشنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بېرىلگەن ۋەزىپە ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى قابىلىيىتىدىن كۆپ يۇقىرى بولغاندا، ئۇلاردا قابىلىيەتسىزلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ قويۇشى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن.

6. ھەرقانداق ئىنساننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بىر شەخسنىڭ ھەر قانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى ئۇنىڭ تالانتى ياكى تۇغما قابىلىيىتى، شۇ شەخسنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە شەرت - شارائىتىغا، يەنى تاشقى مۇھىتقا باغلىق. قىلماقچى بولغان ئىش ياكى پىلانلىغان ۋەزىپە، نىشان شەخسنىڭ ئىقتىدارىدىن كۆپ تۆۋەن بولغاندا، زېرىكىشلىك كېلىپ چىقىدۇ. قىلماقچى بولغان ئىش ياكى پىلانلىغان ۋەزىپە، نىشان شەخسنىڭ قابىلىيىتىدىن بەك يۇقىرى بولغاندا زىيادە كۈچەش، ماغدۇرسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولىدۇ.

7. ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنىڭ ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتىكى مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىش ۋە ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىش كېرەك. شۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشكە بولغان قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

8. ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بىلدۈرۈش كېرەك. مۇكاپاتلاش ۋە تەقدىرلەشنى تەكىتلىگەندە، پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارغا بەك تايىنىۋالماسلىق ياكى ئۇنى بەك مۇھىم ئورۇنغا قويۇۋالماسلىق كېرەك. چۈنكى ئەگەر پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى باشقىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنىڭ ئاساسلىق قورالى قاتارىدا قوللانغاندا، ئىنسانلار پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇلارنى داۋاملىق ھەرىكەتلەندۈرۈش قىيىن بولىدۇ ياكى تەلەپ ئۆزلۈكسىز يۇقىرىلاپ ماڭىدۇ. شۇڭا ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغاندا، مۇكاپاتلاش ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق تاللاش، ئۇلارنى پايدا ئۈچۈنلا بىر ئىش قىلىشقا كۆندۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلاردا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىش كېرەك.

9. ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغان ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ئىنسانلار ئۆزلىرى مۇھىم دەپ ھېس قىلمىغان، كۆرمىگەن ۋە تونۇمىغان ئىشلار ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيدۇ. ئىنسانلار پەقەت قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ، يەتمەكچى بولغان نىشانىنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇ نىشانغا يېتىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندا ياكى ئۇنى تونۇپ يەتكەندە، ئاندىن ئۇ ئىشنى قىلىش ياكى ئۇ نىشانغا يېتىش ھەرقانچە قىيىن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

10. ئىنسانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ دەردىگە قۇلاق سېلىش ۋە ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش – ئىنسانلارنىڭ مۇھىم روھىي ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىزدە «ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتەر» دەيدىغان ئاتا سۆزى بار بولۇپ، ئىنسانلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، ئۇلارنى قوزغاشنىڭ كۈچلۈك قوزغاتقۇچى كۈچى ھېسابلىنىدۇ. ھەددىدىن زىيادە ئەيىبلەش، تەنە قىلىش ۋە باشقىلارنى ئوسال ھالەتكە چۈشۈرۈش كۆپىنچە ھالدا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

11. قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى ئورتاقلىشىش، باشقىلارنى ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. تۈزۈلگەن قىسقا، ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك پىلانلارنىڭ ھەر بىر باسقۇچى تاماملانغاندا، ئۇنى تەبرىكلەش، ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ۋە ئۇ نەتىجىلەر ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش بەك مۇھىم.

12. ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي ئۇسۇل ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ياخشى ساقلاپ، بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ قايسىسىنى قوللىنىشنى كونكرېت ئەھۋال ۋە كونكرېت ئىنسانلارغا قاراپ كونكرېتلاشتۇرۇش كېرەك. مەغلۇبىيەتلەرنى بەك تەكىتلەپ، كىشىلەر ئارىسىدا ۋەھىمە، قورقۇنچ پەيدا قىلىشتىن ياكى باشقىلارغا تەھدىت سېلىشتەك سەلبىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۈمىدسىزلىك ۋە روھىي چۈشكۈنلۈك پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

13. ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى يۇقىرى، ھەر زامان ئۆزىنى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ قابىلىيەتلىك سانايدىغان ئىنسانلارغا نىسبەتەن، پاسسىپ ۋە سەلبىي ئۇسۇللارنىڭ سالمىقىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئاشۇرۇش، ئۇلارغا مەغلۇبىيەتنىڭ ئاقىۋىتىنى ھەر زامان ئەسلىتىپ تۇرۇش كېرەك. ئاللىبۇرۇن روھى چۈشكۈنلەشكەن ۋە ئاسان ئۈمىدسىزلىنىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن، ئەڭ ياخشىسى ئاكتىپ ئۇسۇللارنى ئاساس قىلىپ قوللىنىپ، ئۇلارنى ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇرۇش كېرەك؛ پاسسىپ ۋە سەلبىي ئۇسۇللارنى كۆپ قوللىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

14. ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى كۈچلەندۈرۈش، ئورتاق نىشان تۇرغۇزۇش ۋە ئۈمىدۋار بولۇش كېرەك. ئۈمىد دېمەك، ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق باسقاندا بىر تال چىراغنىڭ نۇرىنى كۆرەلەش دېمەكتۇر. ئۈمىد دېمەك، تېز ئېقىۋاتقان دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ، ھاياتىمىز تەھدىتكە ئۇچرىغاندا، ھاياتىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قولىمىزغا ئېلىنغان بىر تال ياغاچتۇر.

*بۇ ماقالىنى ئۆمەر ئىمىن تەھرىرلىدى.*

13

# رەقەملىك ئاكتىۋىزمدا رەقەملىك سۇپىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش

مۇھەممەت ئابدۇمىجىت

## كىرىش سۆز

ۋەتەندىكى كومپيۇتېر تېخنىكا قابىلىيىتى يۇقىرى بىر قىسىم تورداشلارنىڭ VPN ياكى شۇ تۈردىكى تام ئاتلاش دېتاللىرىدىن پايدىلىنىپ، ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاسىتە ھالدا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە يېڭى ئۇچۇرلارنى مەقسەتلىك ھالدا سىرتقا يېيىشقا تىرىشىۋاتقانلىقى مەلۇم. دىياسپورادىكى ئاكتىۋىستلارنىڭمۇ خەلقىمىز ۋەتەندە ئۇچرىغان ناھەقچىلىكلەرنىڭ رەسىم ياكى ۋىدىيولۇق كۆرۈنۈشلىرىگە رەقەملىك ۋاسىتىلەر سايىسىدە ئېرىشكەنلىكى ۋە يەنە شۇ رەقەملىك ۋاسىتىلەرنىڭ سايىسىدە ئۆزىنىڭ ئىنكاسلىرى بىلەن قوشۇپ ھەر خىل تىللاردا تارقىتىپ، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت نەزىرىگە سۇنۇۋاتقانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر.

دىياسپورادا تەشكىللىك ياكى شەخس مەركەزلىك سىياسىي ۋە سوتسىيو - كۈلتۈرەل پائالىيەتلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە يەتكۈزۈلۈشى جەھەتتىمۇ رەقەملىك سۇپىلار كۆرۈنەرلىك رول ئويناپ كېلىۋاتىدۇ.

دىياسپورادىكى تەشۋىقات پائالىيەتلىرى پىدائىيلىق ياكى ئىندىۋىدۇئال تەشەببۇسكارلىقنى ئاساس قىلغان بولغاچقا، پائالىيەتنىڭ تەسىرى جەھەتتىن تەقدىرلەشكە لايىق دېيىشكە بولسىمۇ، رەقەملىك سۇپىلارنىڭ فۇنكسىيەسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كۆپ قىسىم فۇنكسىيەلىرىدىن تېخى تولۇق پايدىلىنىلىپ كېتىلگىنى يوق دېيىش مۇمكىن.

شۇ ۋەجىدىن، بۇ يازمىدا رەقەملىك ئىجتىمائىي سۇپىلارنىڭ فۇنكسىيەسىدىن چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر سىياسىي ھەرىكىتىنى رەقەملىك مۇھىتتا قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكلىرى تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. جۈملىدىن، رەقەملىك ئىجتىمائىي ئالاقە تورىنىڭ فۇنكسىيەسى، رەقەملىك ئاكتىۋىزم، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى رەقەملىك ئىجتىمائىي ئالاقە توردا كۆنتەرتىپكە كەلتۈرۈش ۋە كۆنتەرتىپتە تۇتۇشنىڭ قىسقا ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك مېتودلىرى، ئۇچۇر تېخنىكىسى، يەنى يۇمتاللارنىڭ پايدىلىنىشچانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

## 1. رەقەملىك ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيەلىرى

رەقەملىك ئىجتىمائىي ئالاقە تورى (Digital Social Networks) – تورداشلار ئۆزئارا ئۇلىنىش، ئۇچۇر ئورتاقلىشىش ۋە ئالاقە قىلىشتا ئىشلىتىدىغان تور سۇپىلىرى بولۇپ، Facebook، Twitter، Instagram ۋە Mastodon غا ئوخشاش ئالاقە سۇپىلىرى رەقەملىك ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىسىغا كىرىدۇ. بۇ سۇپىلار رەقەملىك ئاكتىۋىزمنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولۇپ، ئاكتىۋىستلارنىڭ جامائەت پىكرى يارىتىش، قوللاشقا سەپەرۋەر قىلىش، پائالىيەت تەشكىللەش قاتارلىق جەريانلاردا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ.

فۇنكسىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، رەقەملىك ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ئاكتىۋىستلارنىڭ ئۇچۇر ۋە تەجرىبىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ تورداشلارغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرى ئاكتىۋىستلارنىڭ پائالىيەت، ئىلتىماس، مۇراجىئەتنامە، ئىمزا يىغىش ۋە باشقا شەكىلدىكى رەقەملىك پائالىيەتلەرنى مەۋھۇم مۇھىتتا چېگرا ھالقىپ تۇرۇپ تەشكىللىشىگە ۋە ئىجرا قىلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرىدۇ. ئاخبارات ئەركىنلىكى چەكلەنگەن دۆلەتلەردە بولسا، ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرى پائالىيەتچىلەرنى ئەنئەنىۋى ئاخبارات قاناللىرىنىڭ قولىغا قاراپ قېلىش چارىسىزلىكىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇچۇرغا ئېرىشىش ۋە تارقىتىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. رەقەملىك ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ئاكتىۋىستلارنىڭ گۇرۇپپا ۋە مۇنبەرلەرنى قۇرۇپ، ئورتاق تېمىلارنى چۆرىدەپ ئۇيۇشۇپ، كوللېكتىپ ھالەتتە ھەرىكەت قىلىش سەھنىسى سۇنىدۇ.[1]

يىغىنچاقلىغاندا، رەقەملىك ئىجتىمائىي ئالاقە تورى زامانىۋى رەقەملىك ئاكتىۋىزمنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان قورالى بولۇپ، پائالىيەتچىلەرنىڭ ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھەرىكەت تەشكىللەش، سېنزورلاردىن قۇتۇلۇپ، مەقسەتلىرىنى چۆرىدەپ دۇنيا خاراكتېرلىك تەسىر پەيدا قىلىش ۋە ھەمپىكىردىكى پائالىيەتلەرنى قوللاشتا ئۈنۈملۈك ۋاستە ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئۇقۇمى

ئاكتىۋىزم ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، ئاكتىۋىزم ۋە ئاكتىۋىست ھەرىكەتلىرىنىڭ باشلىنىشى بولغان ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

[1] https://sopa.tulane.edu/blog/decentralized-social-networks (2024.03.12)

چۈنكى، بۈگۈن بىز توختىلىۋاتقان رەقەملىك ئاكتىۋىزم ئەسىرلەر مابەينىدە ئوخشىمىغان شەكىل ۋە سەۋىيەدە، دەۋرنىڭ ئىمكانىيەت ۋە شارائىتلىرىغا مۇناسىپ شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىققان شەخس مەركەزلىك، تەشكىللىك ياكى تەشكىلسىز ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي ھەرىكەت – بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ ئورتاق مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بىرلىكتە ئېلىپ بارىدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەقسەت كۆپىنچە ئەھۋالدا مەلۇم بىر ئىجتىمائىي، سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ يىلتىزىدا كىشىلەرنىڭ ئادالەتكە ئىنتىلىش تۇيغۇسى بىلەن ناھەقچىلىككە قارشى توختاۋسىز كۈرەش قىلىش ئىرادىسى ياتىدۇ. ئىقتىسادىي تالان - تاراج، ئۈمىدسىزلىك، نامراتلىق، ئادالەتسىزلىك، غەيرىي دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈم، زالىم دۆلەت، ئادالەتسىز سوت، ئىرقچىلىق، چەت ئەللىكلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىش، سېنزورلاش، ساقچىلارنىڭ رەھىمسىزلىكى، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى، دىنىي فاناتىزىم، تەبىئەتكە پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىش، شەخسىي ئەركىنلىك ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىككە دەخلى - تەرۇز قىلىش، ياشانغانلار باشقۇرىدىغان ھۆكۈمەت، بېكىنمىچىلىك، جىنسىيەتچىلىك، ھەمجىنسۋازلىق، ئەرلەرنىڭ ئاياللار ۋە بالىلار ئۈستىدىكى نوپۇزى قاتارلىق ئامىللار ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسلىق كاتالىزاتورلاردىن ئىبارەت. [2]

ئەسىرلەردىن بۇيان كىشىلەر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەتلەردە نۇرغۇن كۈلتۈرەل، سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەرگە شاھىت بولدى ۋە بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بەزىسىگە ئېتىراز بىلدۈردى ۋە قارشى ئىنكاسلىرىنى بايان قىلدى. ئۇلارنىڭ قارشى چىقىش شەكلى ۋە تەشكىللىنىش شەكلى شۇ دەۋرنىڭ ھەرىكەت ئەندىزىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭغا ئاساسەن، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنى ئۇلارنىڭ تارىخىي جەرياندا ئوتتۇرىغا چىقىش شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن «كونا ئىجتىمائىي ھەرىكەت» ۋە «يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەت» دەپ ئىككىگە ئايرىپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

كونا ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر سانائەت ئىنقىلابىدىكى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋە سىنىپ ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا چىققان دەۋردە باشلاندى. كونا ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ كۈرەش مەقسىتى – تەڭسىزلىكنى تۈگىتىپ، ھوقۇقنى قولغا ئېلىش ئىدى. ئۇلارنىڭ نىشانى – ئوچۇقتىن - ئوچۇق دۆلەت ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزگىرىش مۇمكىنچىلىكىنى دۆلەتنىڭ كونتروللۇقىغا ئېرىشىش شەرتى بىلەن باغلايدۇ. [3]

كونا ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق ئىككى ئېلېمېنتى بار بولۇپ، بىرىنچىسى، سىنىپ ئايرىمىچىلىقى؛ ئىككىنچىسى مىللەتچىلىكتۇر. بۇ ھەر ئىككى ئېقىم ھۆكۈمەتكە قارشى بولۇپ، «ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدا چوقۇم تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك» دېگەن تونۇشتا بىردەكتۇر. ئۇلار ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدا كۆرۈلگەن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئورنىغا، سىستېمىدا ئۆزۈل -

[2] Manuel Castells, İsyan ve Umut Ağları İnternet Çağında Toplumsal Hareketler. (E. Kılıç, Çev.) Koç İstanbul: Koç Üniversitesi Yayınları., 2013: 25-26

[3] Claus Offe, “Yeni Sosyal Hareketler: Kurumsal Politikanın Sınırlarının Zorlanması,” içinde Yeni Sosyal Hareketler, der. Kenan Çayır , İstanbul: Kaknüs Yayınları, 1999: 15-17.

كېسىل ئۆزگىرىش بولۇش كېرەك دەپ چىڭ تۇرىدۇ.[4]

ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ئۆتمۈشتىمۇ مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، لېكىن پەقەت سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، بولۇپمۇ 18 - ئەسىردىن باشلاپ كەڭ كۆلەمدە تارقالغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بارلىققا كەلگەن ئىشچىلار ھەرىكەتلىرى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ باشلىنىشى دەپ قارىلىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر سانائەت جەمئىيىتىگە تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇچۇر جەمئىيىتىگە قارىغاندا كىلاسسىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن «كونا» دەپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكىگە ئوخشاش ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى چۆرىدىگەن ئاساستا بولۇپ، سىياسىي كۈچنى قولغا ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. [5]

يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر 1968 - يىلى فىرانسىيەدە يۈز بەرگەن توپىلاڭ، ئۇرۇشقا قارشى نامايىش، ئاياللار ھەرىكىتى ياكى ئامېرىكىدىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى دېگەندەك نارازىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن باشلاندى. جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ھەرىكەت ئوقى ماددىي ئاساستىكى مەسىلىلەردىن مەنىۋى مەسىلىلەرگە يۆتكەلدى. [6]

يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئېكولوگىيەلىك ھەرىكەت، ئاياللار ھەرىكىتى، تىنچلىق ھەرىكىتى، يادروغا قارشى ھەرىكەت، ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەرىكىتى ۋە يەرلىك ئاپتونومىيە ھەرىكىتى قاتارلىقلار كىرىدۇ. [7]

يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر نۇرغۇن مەزمۇن ۋە مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ تەشكىللىنىش دەرىجىسى مەلۇم دەرىجىگە يەتمىگەن بولۇپ، ھەرىكەتنىڭ ئىزچىللىقى شۈبھىلىك بولىدۇ. لېكىن، بۇ ھەرىكەتلەر ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە تونۇشنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ئۆزگىچە ئەخلاق تەرتىپى بولۇپ، ھەرىكەت ئاكتىيورلىرى ئۆز ھەرىكىتىنى جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك قاتلاملىرىنىڭ ئارزۇسىغا قاراپ شەكىللەندۈرمەيدۇ. [8]

يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئاكتىيورلىرى كونا ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئاكتىيورلىرىغا قارىغاندا پەرقلىق بولۇپ، مەلۇماتلىق، جەمئىيەتكە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كىشىلەر، سەنئەتچىلەر، ئىستۇدېنتلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ھەرىكەتلەر بۇ كىشىلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

كونا ۋە يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر[9]

| | كونا ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر | يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر |
|---|---|---|

[4] Zafer Yenal ve Cengiz B. Kırlı, “Distopyalar ve Ütopyalar Arasında Karşı Küreselleşme Hareketleri,” Karşı Küreselleşme Hareketleri 1, 197, 2015: 10-17.

[5] Yedekçi, Erdem. Yeni toplumsal hareketler ve “bir araya gelmenin koreografisi” bağlamında video aktivizm. Türkiye İletişim Araştırmaları Dergisi, 2018: 55-74.

[6] Gülçin E. Lelandais, “Sosyal Hareketler Teorileri ve Küreselleşme,” içinde Yeni Toplumsal Hareketler Küreselleşme Çağında Toplumsal Muhalefet, der. Barış Çoban (İstanbul: Kalkedon Yayınları, 2009: 65-67.

[7] Kezban Karagöz . Yeni Medya Çağında Dönüşen Toplumsal Hareketler Ve Dijital Aktivizm Hareketleri. İletişim ve Diplomasi, 1, 131-157. 2013: 134

[8] Alain Touraine, Modernliğin Eleştirisi, çev. Hülya Tufan (İstanbul: Yapı Kredi Yayınları, 2002: 204-276

[9] Claus Offe, New Social Movements: Challenging the Boundaries of Institutional Politics. Social Research, (1985). 52(4), 817-868.

| | | |
|---|---|---|
| ئاكتيورلار | ✅ مۇئەييەن مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا توپلىنىدۇ؛<br>✅ جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ؛ ئەمما گۇرۇپپا بولۇپ ھەرىكەت قىلمايدۇ. | ✅ مۇئەييەن مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا توپلىنىدۇ؛<br>✅ جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ؛ ئەمما گۇرۇپپا بولۇپ ھەرىكەت قىلمايدۇ. |
| قىممەت قاراشلار | ✅ ماددىي تەرەققىيات<br>✅ ئىستېمال بىخەتەرلىكى<br>✅ ئەركىنلىك | ✅ شەخسىي ئەركىنلىك<br>✅ كىملىك |
| باشتېمىلار | ✅ ئىقتىسادىي ئېشىش ۋە تەقسىمات<br>✅ ھەربىي ۋە ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك<br>✅ ئىجتىمائىي كونترول | ✅ كىشىلىك ھوقۇق<br>✅ تىنچلىقنى قوغداش<br>✅ مۇھىتنى قوغداش |
| ھەرىكەت شەكلى | ئىچكى:<br>✅ كەڭ كۆلەملىك ۋەكىل تارماقلىرىغا ئىگە<br>✅ رەسمىي تەشكىللىنىش بار | a) ئىچكى: تۆۋەن دەرىجىدە ۋېرتىكال ۋە گورىزونتال پەرق بار، غەيرىي رەسمىيلىك يارقىن<br>b) تاشقى: سەلبىي ئاتالغۇلارنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، مۇئەييەن تەلەپنى تۇتقا قىلىپ نامايىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ |

كلائۇس ئوف (Claus Offe) ئوتتۇرىغا قويغان كونا ۋە يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ئايرىم - ئايرىم تەھلىل قىلغىنىمىزدا تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن:

ئاكتيورلۇق جەھەتتىن ئېيتقاندا: كونا ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە سىنىپ ۋە ئىقتىسادىي ئامىللار ئالدىنقى ئورۇندا تۇرسا؛ يېڭى ھەرىكەتلەردە ياش، ئورۇن ۋە ئىجتىمائىي جىنسىيەت قاتارلىق يەككە ئالاھىدىلىكلەر ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

قىممەت قاراش جەھەتتىن ئېيتقاندا: كونا ھەرىكەتلەر ماددىي ئىستېمال ۋە شەخسىي ئىستېمال ئەركىنلىكىنى تەكىتلىسە؛ يېڭى ھەرىكەتلەردە كىملىك ۋە شەخسىي ئەركىنلىك ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

تېما جەھەتتىن ئېيتقاندا: كونا ھەرىكەتلەر ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ؛ يېڭى ھەرىكەتلەر ئومۇمەن تىنچلىق، كىشىلىك ھوقۇق، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال مەسىلىلەرگە مەركەزلىشىدۇ.

ھەرىكەت شەكلى جەھەتتىن ئېيتقاندا: كونا ھەرىكەتلەر بىرئاز خىيالىي بولسىمۇ، جەمئىيەتنى ئىدىيەۋى قاراش بىلەن قايتىدىن شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلسا؛ يېڭى ھەرىكەتلەر ھازىرقى تۈزۈلمىگە گۇمان بىلەن قاراشقا مايىل ۋە تەلەپلىرىنىڭ ئورۇندىلىشى ئۈچۈن كونكرېت مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئۇقۇمى تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىنتېرنېتنىڭ تەرەققىياتى مۇساپىسىدە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن يېڭى تۈس ئالدى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن باشلاپ ئىنتېرنېتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئۇنىڭ تەسىرىنى جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەلىرىدە، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە ھېس قىلدۇردى.

ۋاقىت ۋە ماكاندىن مۇستەقىل ھالدىكى ئىنتېرئاكتىپ قۇرۇلمىسى بىلەن ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە نۇرغۇن ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلارنى ياراتقان ئىنتېرنېت تېخنىكىسى ئەنئەنىۋى

مەنىدىكى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنى تور بوشلۇقىغا تارتىپ كىرىپ يېڭى پەللىگە كۆتۈردى. 1970 - يىللىرى ئوتتۇرىغا چىققان ئاكتىۋىزم ۋە ئاكتىۋىست ئۇقۇملىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئەندىزىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۈنۈمى ۋە تەسىر دائىرىسى سەۋەبلىك تېخىمۇ كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. ئىنتېرنېت رەقەملىك ئالاقە سۇپىلىرى ئاكتىۋىستلارغا تەشكىللىنىش، ماس قەدەمدە ۋە ئوخشاش مەقسەتتە ئۈنۈملۈك ھەرىكەت قىلىش جەھەتتىن ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، بىر - بىرىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇش پۇرستى بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەقەت توردىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاكتىۋىست ھەرىكەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. «رەقەملىك ئاكتىۋىزم» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ خىل پائالىيەتلەر بىلەن ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر تور مۇھىتىغا كۆچۈپ، كەڭ تور جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىدى.

## 3. ئاكتىۋىزم

ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر بۈگۈن «ئاكتىۋىزم» (Activism) دەپ ئاتىلىدۇ.[10] ئوكسفورد لۇغىتىدە ئاكتىۋىزمغا «سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش يارىتىش ئۈچۈن كۈچلۈك كامپانىيەلەردىن (campaign) پايدىلىنىش سىياستى ياكى پائالىيىتى» دەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ.[11] ئاكتىۋىزم – ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئېكولوگىيەلىك ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۆزگىرىش پەيدا قىلماقچى بولغان شەخسلەر ياكى گۇرۇپپىلارنىڭ پائالىيىتى بولۇپ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ھەرىكەتلەردۇر. بۇ ھەرىكەتنى ئىجرا قىلغۇچىلار «ئاكتىۋىستلار» (Activist) دەپ ئاتىلىدۇ. [12]

ئاكتىۋىزم – ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش ئارزۇسى بىلەن قىلىنىدىغان مەقسەتلىك ھەرىكەت. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، شەخسلەرنىڭ ئورگان ياكى تەشكىلاتلارغا بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئۇلار «مەسىلە بار» دەپ قارىغان سىياسەت ياكى ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىش تىرىشچانلىقىدىن ئىبارەت. ئاكتىۋىزمنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان «مەسىلە بار» دەپ قارالغان ساھە ۋە تېمىلار بىر قەدەر كۆپ خىل بولۇپ، ئىقتىساد، سىياسەت، دىن، مۇھىت، ئىرق ۋە جىنس قاتارلىق ساھە ۋە مەسىلىلەر ئاكتىۋىزمنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولالايدۇ. شۇڭلاشقا، ئاكتىۋىزم ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھە ۋە مەسىلىلىرىنى باشلىنىش مەنبەسى قىلالايدۇ. [13]

ئاكتىۋىزمنى ئوتتۇرىغا چىققان تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش، ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش شەكلى، تاللانغان مېتود ۋە ۋاستىلەرگە ئاساسەن ئەنئەنىۋى ئاكتىۋىزم ۋە يېڭى ئاكتىۋىزم دەپ ئايرىپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، يېڭى ئاكتىۋىزم دېگەندە ئىنتېرنېت ۋە رەقەملىك سۇپىلاردا جانلىنىۋاتقان رەقەملىك ئاكتىۋىزم كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[10] Tuncay Önder: Ekoloji, Toplum ve Siyaset, Ankara, Odak Yayınevi. 2003: 34-35

[11] https://www.dictionary.com/browse/activism (2024.03.24)

[12] Güher Dündar Öztür, Berkant Yılmaz ve Taala Oskay, "Dijital Ortamda Aktivizm: Online İmza Kampanyalarına Katılım Davranışlarının İncelenmesi (Kocaeli Üniversitesi İletişim Fakültesi Öğrencileri Üzerine Bir Araştırma)", E-Journal of Intermadia, ,(2015). s. 481-504. S. 487

[13] Emet Gürel, Azra Nazlı, "Dijital Aktivizm: Change.org Kampanyaları Üzerine Bir Analiz", Anadolu Üniversitesi Sosyal Bilimler Dergisi, Cilt/Vol.: 19-Sayı/No: 4 (187-206), s.189

## 3.1 ئەنئەنىۋى ئاكتىۋىزم

ئەنئەنىۋى ئاكتىۋىزم – ئىجتىمائىي سەپەرۋەرلىك ۋە ئىجتىمائىي ياكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ئۈچۈن تەشكىللىك ھەرىكەت قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان ئاكتىۋىزم بولۇپ، بۇ ئاكتىۋىزم فىزىكىلىق پائالىيەت، نامايىش، يۈرۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كونكرېت ھەرىكەتلەرنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ جىسمانىي جەھەتتىن قاتنىششنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدا كوچىدا ئاۋازنى ئاڭلىتىش مەقسەت بولۇپ، ئاممىنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا تىرىشىدۇ؛ كىشىلەر بىر يەرگە يىغىلىپ بىر ئۆزگىرىشنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ.

ئەنئەنىۋى ئاكتىۋىزمنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

پۇقراۋى ئىتائەتسىزلىك (Civil disobedience): جەمئىيەت ياكى شەخسكە پاسسىپ تەسىر كۆرسەتكەن بىر ھادىسىگە قارشى بارلىق قانۇنىي ۋاسىتىلەر سىنالغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان قانۇنسىز پائالىيەت بولۇپ [14]، قانۇنغا بويسۇنماسلىق بۇ ئاكتىۋىزمنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.[15] بۇ، قانۇن ياكى ھۆكۈمەت سىياسىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئاممىۋى سورۇنلاردا قىلىنىدىغان زوراۋانلىق تۈسى بولمىغان، ۋىجدانىي بىر پائالىيەت بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئادالەت تۇيغۇسىغا مۇراجىئەت قىلىش، باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىك پرىنسىپىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. پۇقراۋى ئىتائەتسىزلىكتە شەخس ياكى گۇرۇپپىلار ھۆكۈمەت ياكى كۈچ مەركەزلىرىگە تىنچلىق بىلەن نامايىش قىلىش ياكى نارازىلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قانۇنغا ئاڭلىق رەۋىشتە بويسۇنمايدۇ. بۇ ئاكتىۋىزمنىڭ قانۇنسىز بولۇشى دۆلەتنىڭ بارلىق قانۇن - تۈزۈملىرىگە قارشى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ يەردە، شەخس ياكى گۇرۇپپىلار ئۆزلىرى نارازى بولغان مەلۇم بىر قانۇن ياكى سىياسەتكە قارشى چىقىپ، ئۆزىنىڭ مەزكۇر قانۇن ياكى سىياسەت توپەيلى ئۇچرىغان ئادالەتسىزلىكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جامائەت پىكرى يارىتىشقا تىرىشىدۇ. بۇ ھەرىكەت كۆنلۈكى ئاستىدا ھۆكۈمەت ياكى ئورگاننىڭ دىققىتىنى تارتىش ياكى مەلۇم بىر سەلبىي يۈزلىنىشنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مەلۇم بىر قانۇن ياكى نىزامغا ئاڭلىق ھالدا ئەمەل قىلماسلىققا بولىدۇ. مەسىلەن، باج تاپشۇرماسلىق، ھەربىيلىككە قاتناشماسلىق، يولدا ئولتۇرۇۋېلىش، ئاچلىق ئېلان قىلىش ياكى بەزى تاۋارلارنى سېتىۋالماسلىق قاتارلىقلار.

پۇقراۋى ئىتائەتسىزلىكنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلاشقا بولىدۇ:

1. ھەرىكەت قانۇنغا خىلاپ بولىدۇ؛
2. زوراۋانلىقنى رەت قىلىدۇ؛

[14] پۇقراۋى ئىتائەتسىزلىك – ھېنرى داۋىد تورېئو (Henry David Thoreau) نىڭ 1848 - يىلى يېزىلغان ۋە تۇنجى قېتىم 1849 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ ئىسمى. تورېئو كىتابىدا دۆلەتنىڭ خاتا سىياسىتىگە قارشى شەخسىي پاسسىپ قارشىلىق قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شەخسلەرنى نائادىل ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلاشماسلىققا، ئۇلارنىڭ ئادىل بولمىغان قانۇنلىرىغا بويسۇنماي ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا چاقىرىدۇ. تورېئو ئامېرىكا - مېكسىكا ئۇرۇشىغا ۋە قۇللۇققا قارشى تۇرۇش ۋە باج تاپشۇرماسلىق ئارقىلىق قارشى تۇرۇپ پۇقراۋاى ئىتائەتسىزلىكنى ئۆز ھاياتىدا تەتبىقلايدۇ. «پۇقراۋى ئىتائەتسىزلىك» ناملىق كىتابىنىڭ تەسىرى 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا گەندىغا، مارتىن لۇتېر كىڭ ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مىڭلىغان ئادالەتنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارغا كېڭىيىدۇ.

[15] Sert, Nuray. “Online Aktivizm Araçları Yoluyla Oluşturulan Etkilerin Metafor Kullanılarak Açıklanması”, Akdeniz Üniversitesi İletişim Fakültesi Dergisi, (2012), Sayı 17, s. 126-140. S. 127

3. ھەرىكەت ئاكتىيورى سىياسىي ۋە قانۇنىي مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛

4. ئاكتىيورلار، مەقسەت ۋە مۇددىئا ئېنىق بولىدۇ؛

5. ئورتاق ئادالەت چۈشەنچىسىگە / جامائەت ۋىجدانىغا چاقىرىق قىلىدۇ؛

6. تۈزۈمگە ئەمەس، يەككە ئادالەتسىزلىككە قارشى ئورتاق ھەرىكەت قىلىدۇ؛

7. ھەرىكەت ئېغىر ناھەقچىلىككە قارشى بولۇپ، ئادالەتسىزلىك بىلەن مەنتىقلىق مۇناسىۋىتى بار؛

8. ئادالەتسىزلىككە قارىتا قوش ئۆلچەم قوللانمايدۇ. مەسىلەن، (زوراۋانلىققا قارشى چىققان بولسا، ئۆز مەنپەئەتىگە چېتىشلىق زوراۋانلىققىلا ئەمەس، زوراۋانلىقلارنىڭ ھەممىسىگە قارشى چىقىشى كېرەك). [16]

پۇقراۋى ئىتائەتسىزلىكنىڭ ئىككى نىشانى بار بولۇپ، بىرىنچىدىن، ھەرىكەت ئاكتىيورى بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق دۆلەت ياكى ھۆكۈمەتكە ئۇچۇر يەتكۈزمەكچى بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ۋە ھەرىكەتنى زورايتىش ئۈچۈن جامائەت پىكرىگە قارىتىلغان بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاكتىيورلار ئىتائەتسىزلىكنى جەمئىيەتنىڭ نەزىرىدە يوللۇقلاشتۇرۇش ۋە ئاممىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.[17] پۇقراۋى ئىتائەتسىزلىك تىنچ ۋە زوراۋانلىق بولمىغان رەۋىشتە بولىدۇ. ئەمما بەزىدە قانۇنىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇ خىل ھەرىكەتلەر ئاۋامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىش ۋە ئاممىۋى قارالمىنى ئۆزگىچە تارتىش مەقسىتىگە يېتەلىسىمۇ، ئەمما بەزىلەرنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىشى ياكى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن رەت قىلىنىشى مۇمكىن.

نامايىش ۋە يىغىلىش (Demonstrations and Rallies): بىر گۇرۇپپا ياكى ئۇيۇشما تەرىپىدىن مەلۇم بىر پائالىيەتكە دىققەت تارتىش ئۈچۈن ئاممىۋى ئورۇنلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىنلار بولۇپ، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ كلاسسىك شەكلى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئۇ سىياسىيونلار ياقتۇرىدىغان پائالىيەت بولسىمۇ، ئەمما ھەرقانداق ئىجتىمائىي مەسىلە ياكى تۈزۈلمىگە قارىتا ئىنكاسلار ئورتاق ئىپادىلىنىدىغان ھەر قانداق نامايىش «يىغىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ.[18] ھۆكۈمەتكە ياكى مەلۇم سىياسەتكە قارشى تۇرىدىغان شەخسلەر ياكى گۇرۇپپىلار نامايىش، يىغىلىش ياكى جىم ئولتۇرۇۋېلىش قاتارلىق نامايىشلارنى تەشكىللەپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىسا بولىدۇ.

ئىش تاشلاش (Strike): ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كوللېكتىپ ھالەتتە ئىشقا بېرىشنى رەت قىلىشى بولۇپ، ئادەتتە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ نارازىلىقى تۈپەيلى مەيدانغا كېلىدۇ. ئىشچىلار خوجايىنلىرى تەرىپىدىن ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغاندا، مائاش ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەمىناتلاردىن رازى بولمىغاندا، نورمال خىزمەت ۋە تۇرمۇش تەرتىپىگە ياكى كەيپىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان يېڭى بىر بەلگىلىمە ئوتتۇرىغا چىققاندا،

[16] Yakup Coşar, “Kavram ve eylem olarak sivil itaatsizlik”, Varlık Dergisi, Sayı 1074 (1 Mart 1997), s.2-7 ve Hayrettin Ökçesiz s.114-129.

[17] JoseBove ve GillesLuneau, Sivil İtaatsizliğe Çağrı, Çev. Işık Ergüden, İletişim Yayınları, İstanbul, 2006, s. 168.

[18] Özel, A. (2014), “Halkla İlişkiler ve Aktivizm İlişkisine Kuramsal Bir Yaklaşım”, Halkla İlişkilerde Yeni Yaklaşımlar, İstanbul, Paradigma Akademi Yayınları, s.39-63. s. 42

خوجايىنلىرىدىن ياكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرى ئىلتىماس يېزىش، نارازىلىق بىلدۈرۈش بىلەن باشلىنىپ، مەسىلە ھەل قىلىنمىغاندا كوللېكتىپ ئىش تاشلاپ ئارقىلىق قارشىلىق بىلدۈرۈلىدۇ.

بايقۇت (boycott): بايقۇت – نامايىشنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئىختىيارىيلىق ئاساسىدا بىر مەھسۇلاتتىن، بىر كىشىدىن، بىر تەشكىلات ياكى دۆلەتتىن ئۆزىنى تارتىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. ئۇ ئادەتتە ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ياكى مۇھىتقا ئالاقىدار مەسىلىلەر سەۋەبلىك بولىدۇ. بايقۇت، نىشانغا بەزى ئىقتىسادىي زىيانلارنى ئېلىپ كېلىش ياكى ئەخلاقىي غەزىپىنى ئىپادىلەش ۋە بۇ ئارقىلىق نىشانىنىڭ قوسۇرلۇق ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. بەزىدە بايقۇت ئەخلاقىي سېتىۋېلىش دەپ نام بېرىلگەن ئىستېمالچى ئاكتىۋىزمنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئوخشاش تەدبىرنى بىر ھۆكۈمەت يولغا قويغاندا، بۇ، جازا (ئېمبارگو) غا ئۆزگىرىدۇ. ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، كارخانىنى بايقۇت قىلىش بىلەن تەھدىت قىلىش قۇرۇق تەھدىت بولۇپ، سېتىشقا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. [19]

## 3.2 رەقەملىك ئاكتىۋىزم

رەقەملىك ئاكتىۋىزم – ئىنتېرنېت ۋە يېڭى مېدىيا تېخنولوگىيەسىنى پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاكتىۋىزم بولۇپ، ئىنتېرنېت مۇھىتىدا ئىجتىمائىي ياكى سىياسىي مەسىلىلەرگە قارشى تۇرۇش ياكى قوللاش پوزىتسىيەسىدە بولۇش، ھەر قانداق بىر تېمىدا كىشىلەرنىڭ قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشىشتىن ئىبارەت.[20] ئاكتىۋىستلار رەقەملىك سۇپىلاردا ئىجتىمائىي، سىياسىي ياكى مۇھىت مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ ئۆزگىرىش ئېھتىياجى پەيدا قىلىش ئۈچۈن مەسىلىنى شەرھلەيدۇ. رەقەملىك ئاكتىۋىزم تور ئاكتىۋىزمى ياكى سىبېر ئاكتىۋىزم دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

رەقەملىك ئاكتىۋىزمدا كونا ۋە يېڭى ئاكتىۋىزم پائالىيەتلىرىدىكىگە ئوخشاش ھەرىكەت ۋە نامايىشقا جىسمانىي جەھەتتىن قاتنىشىش تەشەببۇس قىلىنمايدۇ. رەقەملىك ئاكتىۋىستلار ھەر قانداق مەسىلە ياكى ئەھۋالغا قارىتا ھەرىكەت ۋە نامايىشنى كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىنكاس يېزىش ئارقىلىق، يوللانمىلارنى ياقتۇرۇش ئارقىلىق، ھەمبەھىرلەش ئارقىلىق، ئىمزا كامپانىيەلىرىنى تەشكىللەش ياكى قاتنىشىش ئارقىلىق، خەۋەر، ماقالە، رەسىم، سىن قاتارلىقلارنى تارقىتىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. شۇڭلاشقا، رەقەملىك ئاكتىۋىستلارنىڭ قىزىقىش دائىرىسى، ھەرىكەتنىڭ خاراكتېرى ۋە تەسىر دائىرىسى پەقەت ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى بىلەنلا چەكلىنىدۇ، دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئىنتېرنېت دۇنياسىنى ۋىزىسىز كەزگىلى بولىدۇ.

رەقەملىك ئاكتىۋىزم ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مۇھىت ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە. ئۇ پائالىيەتچىلەرگە ئۈچۈرلىرىنى تورداشلارغا تېز سۈرئەتتە يەتكۈزۈش، تورداشلارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

[19] Chang, Andrea."Patagonia shows corporate activism is simpler than it looks". Los Angeles Times (2021-05-09).
[20] Çoban, S. & İnceoğlu, Y. (2015). İnternet ve Sokak. İstanbul: Ayrıntı, s.15

پائالىيەتنىڭ رەقەملىشىشى بىلەن مەسىلىدىن ئىلگىرى خەۋەرسىز قالغان جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى مەسىلە ھەققىدە ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيدۇ ۋە دېموكراتىك ئېڭى ۋە ھوقۇقىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. رەقەملىك ئاكتىۋىزم ئىدارە ۋە ئورگانلارنى ئاۋامنىڭ تەلەپلىرىگە تېخىمۇ تېز ئىنكاس قايتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

رەقەملىك ئاكتىۋىزم سلاكتىۋزم (slactivism)، تەشەببۇسچىلىق (advocacy)، سىياسىي ئىستېمال (Political Consumption)، خاكتىۋىزم (hacktivism) ... قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سلاكتىۋىزم (slactivism): سلاكتىۋىزم slacker (بوشاڭ) ۋە «activism» (ئاكتىۋىزم) سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، تورداشلارنىڭ رەقەملىك مۇھىتتا ھەرقانداق بىر گۇرۇپپىغا قاتناشماستىن باشقىلار يازغان يازما، ماقالە، رەسىم ياكى مەزمۇنلارنى ھەمبەھىرلەش ئارقىلىق ھەرىكەتنى قوللىشى دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن.[21] سلاكتىۋىزمدا كىشىلەر ئۆز ئالدىغا ئاكتىپ بىر نەرسە يازمايدۇ، بىرەر پائالىيەتمۇ تەشكىللىمەيدۇ، پەقەت ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرى ئارقىلىق ئۆزى قوللايدىغان ئاكتىۋىست ھەرىكەتلەرگە ئالاقىدار تېمىلارنى ياقتۇرۇش (يۈرەك بېرىش)، قوللاپ ئىنكاس يېزىش، ھەمبەھىرلەش ئارقىلىق ھەرىكەتنى قوللىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ، سلاكتىۋىستلارنىڭ ھېچ بولمىسا ھەرىكەتنى قوللاپ بەردىمغۇ، دەپ پائال ھەرىكەت قىلماي تۇرۇۋېلىش پوزىتسىيەسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆزىنى ئەيىبلەش پسىخىكىسىدىن قۇتۇلۇش چارىلىرىدىن بىرى.

تەشەببۇسچىلىق (Advocacy): رەقەملىك مۇھىتتا مەزمۇن ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئورتاقلىشىش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر دائىم سىياسىي يۆنىلىشتە بولىدۇ ۋە ئاكتىپورلارنىڭ كونكرېت نىشانغا يېتىشنى مەقسەت قىلغان سىستېمىلىق تىرىشچانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. ھوقۇقنى تەشەببۇس قىلىش ھەرىكەتلىرى شەخس ياكى ئورگانلارنىڭ قارارىغا تەسىر كۆرسىتىش ياكى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.[22] ئىجتىمائىي ئالاقە توربدا مەزمۇن تەييارلاش ۋە ئىمزا قويۇش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش بۇ خىل ھەرىكەتلەرگە مىسال بولالايدۇ. Hashtag (خەتكۈچ، يەنى #) ئاكتىۋىستلىقىمۇ بۇ تۈرگە كىرىدۇ دېيىش مۇمكىن. تورداشلار ئىجتىمائىي ئالاقە توربدا كۈنتەرتىپتە تۇرۇۋاتقان بىر تېمىنى قوللاش ۋە پىكىر بايان قىلىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى «#» بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ يوللايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەزمۇنلارنى بىر تىزىمدا بىللە كۆرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ تۆۋەنتىن قاتارلىق سۇپىلاردا قوللىنىلىدىغان ھوقۇقنى تەشەببۇس قىلىش ھەرىكىتىدە كىشىلەرنى بىر يەرگە توپلاش ۋە كۈن تەرتىپىنى ئۆزگەرتىشتە «#» پائالىيىتىنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

سىياسىي ئىستېمال (Political Consumption): تېمىنى بايقۇت ئۇقۇمى بىلەن باغلىساق مەزمۇن تېخىمۇ ئايدىڭ بولۇشى مۇمكىن. شىركەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى، خاراكتېرى، باھاسى، ئالاھىدىلىكى، مۇھىت سەزگۈرلۈكى، ھايۋانلارنىڭ ھوقۇقىغا بولغان سەزگۈرلۈكى، كىشىلىك ھوقۇققا تۇتقان پوزىتسىيەسى، سىياسىي مەيدانى

[21] Haldun Narmanlıoğlu, “İnternet Aktivizmi ve Miskin Eylemcilik Üzerine Bir Araştırma,” Tarih Okulu Dergisi 9,25 (2016): 446.

[22] Gürel, E., & Nazlı, A.: Dijital aktivizm: Change.org kampanyaları üzerine bir analiz. Anadolu Üniversitesi Sosyal Bilimler Dergisi, (2019). 19(4), 187-206.

قاتارلىق مەسىلىلەر ئېستېمالچىلارنىڭ سېتىۋېلىش قارارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ رامكىدا ئېستېمالچىلار ئاگاھلاندۇرماقچى بولغان شىركەتنى بايقۇت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، توغرا تاپقان شىركەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئۇ شىركەتنى قوللاشقا تىرىشىدۇ. بۇ خىل پوزىتسىيەنى رەقەملىك ئاكتىۋىزمدا ئەكس ئەتتۈرۈش ئىجتىمائىي ئالاقە مۇھىتىدا شىركەتلەرگە قارىتا ئىجابىي ياكى سەلبىي تەشكىللىك كامپانىيەلەرنى تەشكىللەش ۋە ئۇ يەردىن سېتىۋېلىش ياكى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىش، بولۇپمۇ Twitter دا بۇ تەشەببۇسنى جانلاندۇرۇش ئارقىلىق سىياسىي ئېستېمال ئاكتىۋىزمنى روياپقا چىقىرىشقا بولىدۇ. «#» ئارقىلىق ئاكتىۋىستلار ئەل رايىنى يېتەكلەش، دۆلەت ئورگانلىرىنى ھەرىكەتكە چاقىرىش ۋە شىركەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بوت ئاكتىۋىزمى (Botivism): bot ۋە activism سۆزىنىڭ بىرىكمىسىدىن شەكىللەنگەن ئاتالغۇ بولۇپ، بوت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان ئاكتىۋىستلىقنى كۆرسىتىدۇ. بوت ئاپتوماتىك ئىشلەيدىغان يۇمتاللار بولۇپ، ئومۇمەن ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ. بوتلارنى مەلۇم بىر مەسىلىگە دىققەت تارتىش، ئۇچۇر تارقىتىش ياكى مەلۇم بىر كامپانىيەنى قوللاش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدۇ. لېكىن، بوتلارنى ئۆكتىچى گۇرۇپپىلارمۇ كونترول قىلالايدۇ ياكى ئاكتىۋىست ھەرىكەتلەرنى توسالايدۇ. مەسىلەن، بىر ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىسىدا بىر گۇرۇپپا ئاكتىۋىست مەلۇم بىر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە دىققەت تارتىش ۋە تونۇشنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كامپانىيە باشلىشى مۇمكىن. بۇ كامپانىيەدە بوتلارنى قەرەللىك ھالدا سۇپىغا ئاپتوماتىك يوللانما يوللىتىش مەقسىتىدە پىروگراممىلاشقا بولىدۇ. بۇ يوللانمىلاردا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار، مۇناسىۋەتلىك hashtags ۋە كامپانىيەنى قوللاش چاقىرىقلىرى بولۇشى مۇمكىن. بوتلار سايىسىدە، كامپانىيەنىڭ ئۇچۇرى تېخىمۇ تېز تارقىلىدۇ ۋە تېخىمۇ كۆپ تورداشلارغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئىشلىتىلىدىغان سۇپا ۋە بوتنىڭ ۋەزىپىلىرىگە ئاساسەن بوتلارنى ياساش جەريانى، چىقىمى ۋە تېخنىكىلىق ئىقتىدارغا قويۇلىدىغان تەلەپ ئوخشاش بولمايدۇ. ئاددىي پىروگرامما تۈزۈش بىلىملىرىدىن خەۋەردار بىرسى ئۈچۈن ئاددىي بىر بوتنى ياساش تەس بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، تېخىمۇ مۇرەككەپ بوتلارنى ياساش تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ۋە ماھارەت تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ، بوتنىڭ ئۈنۈملۈك ۋە بىخەتەر ئىشلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىنىڭ سىياسىتىگە ئاساسەن ئىشلىشى ۋە توختىماي يېڭىلىنىشى ئىنتايىن مۇھىم.

خاكتىۋىزم (hacktivism) & خاككېرلىق (hack): يەنى «بۇزماق» دېگەن سۆزدىن تۆرەلگەن خاككېرلىق، تېخنىكىنى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە نارازىلىق ئىنكاسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت.

خاككېرلىق «سىياسىي نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كومپيۇتېر ۋە رەقەملىك توردىن پايدىلىنىپ كۈچ مەركىزىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش»[23] ۋە «كومپيۇتېر تېخنىكىسى ياكى پىروگرامما تۈزۈش سىستېمىسىنىڭ ئىجتىمائىي بىر مەسىلىگە ئىنكاس قايتۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىشى»دىن ئىبارەت.[24] ھەر ئىككى ئېنىقلىمىدا، خاكتىۋىزمنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. بۇ، خاككېرلىقنى تور تېررورلۇقى ۋە باشقا تور جىنايەتلىرىدىن

[23] Krapp, Peter: “Terror and Play or What Was Hacktivism? Grey Room” MIT Press. (2005)
[24] Demirkan, Pınar. Hack Kültürü ve Hacktivizm: Yeni bir Siyaset Biçimi. (Der. Ali Rıza Keleş) Alternatif Bilişim. 2013.

ئايرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر چىرىكلىك خاككېرلىق ئارقىلىق بايقالسا ۋە ئېلان قىلىنسا، كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە ئىجتىمائىي ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ، بۇ خاككېرلىققا كىرىدۇ. لېكىن، خەكلەش ئارقىلىق ئېرىشكەن مەخپىي ئۇچۇرلارنى قارا چاپلاش ياكى پۇل تېپىش قەرزىدە ئىشلىتىش خاكتىۋىزم ئەمەس. تېرروررچىلارنىڭ ھۆكۈمەتلەرنى يىقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىمۇ خاككېرلىق ئەمەس، بەلكى تور تېرروررلۇقىدىن ئىبارەت.[25] مەسىلەن، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىنى پاش قىلىش بىلەن تونۇلغان خاككېرلىق قۇرۇلۇشى WikiLeaks نى خاكتىۋىزمغا مىسال كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇ، قۇرۇلۇش كۈچ مەركەزلىرىنىڭ ناھەق قىلمىشلىرى، پارىخورلۇق، ئۇرۇش جىنايىتى ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەخپىي ھۆججەتلەرنى پاش قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەسىلەن، 2010 - يىلى، WikiLeaks ئافغانىستان ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك 90 مىڭ مەخپىي ھەربىي ھۆججەتنى ئېلان قىلدى. ھۆججەتلەردە ئامېرىكا ئەسكەرلىرى سەۋەب بولغان پۇقرالارنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۇرۇشنىڭ ھەقىقىي يۈزىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئۇچۇرلار بار ئىدى. [26]

توردا ئىمزا يىغىش كامپانىيەلىرى (online petition): توردا ئىمزا كامپانىيەلىرى ئەنئەنىۋى ئاكتىۋىزم مېتودلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مەقسىتى – ئىجتىمائىي تاراتقۇ ياكى تور بېكەتلەر ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتىش. كىشىلەر ئۆزى نارازى بولغان مەسىلىدە بۇ خىل كامپانىيەلەرنى باشلىيالايدۇ. يېتەرلىك ئىمزا توپلانغاندا، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا يوللاپ ئەرز - شىكايەتلىرىنى يەتكۈزسە بولىدۇ. بۇ خىل ئاكتىۋىزم ئۈچۈن تەسىرى كۈچلۈك نۇرغۇن ئىمزا يىغىش تور بەتلىرى بار. مەسىلەن:

change.org: دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىنتېرنېتتا تەشكىللىنىش مەقسىتىدە قۇرۇلغان بولۇپ، 196 دۆلەتتە 70 مىليوندىن ئارتۇق ئابونتى بار. Change.org كۆرسەتكەن تەسىرى سەۋەبلىك ئۆزىنى «دۇنيانىڭ ئۆزگىرىش سۇپىسى» دەپ سۈپەتلەيدۇ. [27]

imza.la: «بىرەر مەسىلىگە نارازىلىقىڭىز بارمۇ؟ ئاغرىنىدىغان ئىشلىرىڭىز بارمۇ؟ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئەمدى ساقلىماڭ. دەرھال بىر كامپانىيە تەشكىللەڭ ۋە سىز بىلەن ھەمپىكىرلىك كىشىلەرنى تېپىڭ! بىلوگىڭىز، تور بېتىڭىز ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىڭىز بىلەن كامپانىيەڭىزنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئاۋازىڭىزنى ئاسانلا ئاڭلىتالايسىز، بەلكىم سىز ئويلىغاندىنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نىشانىڭىزغا يېتەلىشىڭىز مۇمكىن»[28] قاتارلىقلارنى شوئار قىلغان مەزكۇر تور بەت تۈركىيە مەركەزلىك بولۇپ، تۈركىيەدىكى ئاكتىۋىست ھەرىكەتلەر ئۈچۈن ئۈنۈملۈك سۇپا بولالىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن سىرت يەنە avaaz.org، imzakampanyam.com قاتارلىق تور بېكەتلەرمۇ ئوخشاش فۇنكسىيەگە ئىگە.

[25] Durmuş Gökhan Turhan, Dijital Aktivizm, Süleyman Demirel Üniversitesi Sosyal Bilimler Enstitüsü Dergisi Yıl: 2017/1, Sayı:26, s.26-44

[26] https://boingboing.net/2010/07/06/us-army-manning-wont.html (2024.03.21)

[27] https://www.change.org/ (2024.03.21)

[28] https://imza.la/ (2024.03.21)

### 3.3 رەقەملىك ئاكتىۋىزمنىڭ ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلىرى

رەقەملىك ئالاقە سۇپىلىرىنى ياكى تېخىمۇ مودا ئىسمى بىلەن «سوتسىيال مېدىيا»نى ھەرىكەت مەيدانى قىلغان رەقەملىك ئاكتىۋىستلار بۇ يېڭى سۇپىلاردىن پايدىلىنىشتا تۆۋەندىكى ئىستراتېگىيەلەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ: [29]

- ✔ توغرا ئۇچۇرغا ئېرىشىش
- ✔ مۇئەييەن بىر مەسىلىگە قارىتا ئاۋامنىڭ دىققىتىنى تارتىش
- ✔ سايلىغۇچىلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن سانلىق مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىش ۋە بىر يەردىن تېپىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش
- ✔ سىياسەتچى ۋە سايلىغۇچىلار بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىش
- ✔ يېڭى ئەزالار بىلەن ئالاقىلىشىش
- ✔ پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش ۋە لوجىستىك جەھەتتىن ياردەم قىلىش
- ✔ كوللېكتىپ پائالىيەتلەر ئۈچۈن ئىجادىي مېتودلارنى تېپىپ چىقىش، مەبلەغ تەمىنلەش ۋە يېڭىلىقلارنى ئورتتۇرىغا چىقىرىش
- ✔ باشقا ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە پائالىيەتچىلەر ئارىسىدا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ۋە بۇ ئۇچۇرلارنى تارقىتىش

ئاكتىۋىستلارنىڭ مەقسەت ۋە نىشانلىرىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقى ھەققىدە تېخىمۇ ياخشى تونۇشقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، يۇقىرىقى ئىستراتېگىيەلەرنى جەدۋەل ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇشقا تىرىشىمىز.

| نىشان | ئىستراتېگىيە |
|---|---|
| تونۇش پەيدا قىلىش | ☑ ئىجتىمائىي تاراتقۇ كامپانىيەلىرىنى تەشكىللەش ئارقىلىق بەزى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش<br>☑ توردا ئىمزا يىغىش، ئەرز قىلىش<br>☑ رەسىم ۋە سىنلىق مەزمۇنلارنى ھەمبەھىرلەش ئارقىلىق ئۇچۇرلارنى ئاممىۋىلاشتۇرۇش |

[29] Ali vd. (2018) Dijital Aktivizm Bağlamında Artvin Cerattepe Olayları Üzerine Bir İçerik Analizi. Akdeniz Üniversitesi İletişim Fakültesi Dergisi, (AKİL) Kasım (30) s. 57-76

| | |
|---|---|
| تەشكىللىنىش ۋە سەپەرۋەرلىك | ☑ ھەر خىل رەقەملىك ئالاقە سۇپىلىرىدا گۇرۇپپا ۋە مۇنبەرلەرنى قۇرۇش<br>☑ نىشان ئاممىنى پائالىيەت ۋە نامايىشلارغا چاقىرىش<br>☑ رەقەملىك ئالاقە سۇپىلىرى ئارقىلىق تېز ۋە ماس قەدەملىك ھەرىكەتلەرنى تەشكىللەش<br>☑ مەسىلەن، ھەم نامايىش تەشكىللەش، ھەم نامايىش قىلىش ھەمدە نامايىشنى ئالاقە سۇپىلىرى ئارقىلىق بىۋاسىتە تارقىتىپ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش |
| ئۇچۇر ئورتاقلىشىش | ☑ توردا ئالاقىدار ئۇچۇر، سانلىق مەلۇمات ۋە مەنبەلەرنى ئورتاقلىشىش<br>☑ مەلۇماتقا ئىگە قىلىش تۈسىدىكى مەزمۇنلارنى، قوللانمىلارنى ۋە دوكلاتلارنى تارقىتىش<br>☑ باشقا رەقەملىك ئاكتىۋىستلارنىڭ ھەرىكىتىنى قوللاش |
| قانۇني ۋە سىياسىي بېسىم | ☑ ئەمەلدارلار، ئىدارە - ئورگانلار ۋە قارار چىقارغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش<br>☑ توردا بىۋاسىتە نارازىلىقنى بىلدۈرۈش، ئېلخەت يېزىش ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق بېسىم پەيدا قىلىش<br>☑ رەقەملىك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق قانۇني جەريانلارنى نازارەت قىلىش ۋە جامائەت پىكرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشىش |

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىر قىسىم تاكتىكىلارمۇ بار. مەسىلەن:

ئەقىللىق تور شايكىلىرىنى (Smart Mobs) تەشكىللەش: ئېلېكترونلۇق گۇرۇپپا، قىسقا ئۇچۇر گۇرۇپپىسى، WhatsApp گۇرۇپپىسى، Facebook گۇرۇپپىسى قاتارلىق تېخنىكىلىق پۇرسەتلەرنىڭ ياردىمىدە تېز ۋە ئاسان تەشكىللىنىدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆڭۈل ئېچىش گۇرۇپپىلىرى (Flash Mobs) قۇرۇش: بىرى - بىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز شەخسلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، كۆپىنچە مەنىسىز ۋە كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدە ئېلىپ بارىدىغان ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئويلىمىغان پەيتلەردە بىر يەرگە يىغىلىپ، سىياسىي مەقسەت، كۆڭۈل ئېچىش ياكى ئېلان - تەشۋىقات ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن.

ئېنىق ۋە ئەتراپلىق ھېكايىلەرنى يېزىش: رەقەملىك ئاكتىۋىست ھەرىكەتلىرىنىڭ مەقسىتى – ھەرىكەت ئۇسلۇبى ۋە ئىشتىراكچىلىرى قاتارلىق تەپسىلاتلارنى ئېنىق بايان قىلىش ھەرىكەتنىڭ مانىپۇلاتسىيەگە ئۇچۇق خاراكتېرى سەۋەبىدىن ئەڭ ياخشى ئىستراتېگىيەلىك ئۇسۇلدۇر.

يۈزتۇرانە كۆرۈشۈش: ئاكتىۋىستلار قەرەللىك ھالدا بىر يەرگە يىغىلىپ كۆرۈشۈپ تۇرسا، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئىشەنچ كۈچىيىدۇ. ئاكتىۋىستلارنىڭ ھەرىكەتكە بولغان قىزغىنلىقى ۋە

سەممىيلىكى ئاشىدۇ.

قىسقا مۇددەتلىك، ئېنىق تۈرلەرنى (پروجېكتلەرنى) تۈزۈش: تۈر چوقۇم رەقەملىك يەرلىكلەرنىڭ خاراكتېرىگە ماس كېلىشى كېرەك. چۈنكى ئۇلار ئاسانلا زېرىكىدۇ ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەرىكەتلەردىن تېزلا سوۋۇيدۇ. قىسقا مۇددەتلىك ۋە ئېنىق بېكىتىلگەن تۈرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش تولىمۇ مۇھىم.

مۇقىم تور سورۇنلىرىنى بەرپا قىلىش: تور بېكەت، خەت ساندۇقى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ھېساباتلىرى قاتارلىق تور سورۇنلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەشكىلنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

ۋىراللىشىش: كۆزلىگەن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى روياپقا چىقىرىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ ئىمكانقەدەر جىق كىشىگە يېتىپ بېرىشى ناھايىتى مۇھىم. ۋىراللىشىش ھەم چىقىمسىز ھەم ناھايىتى تېز يۈز بېرىش ئەۋزەللىكىگە ئىگە. شۇڭلاشقا مۇۋاپىق ماتېرىيال تەييارلاش ئىنتايىن مۇھىم. [30]

## 3.4 رەقەملىك ئاكتىۋىزمغا دائىر بەزى مىساللار

ئىنتېرنېت سايىسىدە مەيدانغا كەلگەن رەقەملىك ئاكتىۋىزم ھەرىكەتلىرىدىن بىرقانچىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەت كۆنلۈكى ئاستىدا رەقەملىك ئاكتىۋىزم ئۇقۇمىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىمىز.

### 3.4.1 ئەرەب باھارى

2010 - ، 2011 - يىللاردا ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقا رايونىدا كۆتۈرۈلگەن ئەرەب باھارى، رەقەملىك ئاكتىۋىزمنىڭ ئەڭ يارقىن مىسالى ئىدى. 2010 - يىلى تۇنىستا شەھەر باشقۇرۇش خادىملىرى مۇھەممەد بوئازىزى ئىسىملىك بىر باققال يىگىتكە شاپىلاق سالىدۇ. بۇنىڭغا نارازى بولغان ياش سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر سەۋەبلىك سادىر بولۇۋاتقان تەڭسىزلىك ۋە ئىشسىزلىق سەۋەبىدىن ئۆزىگە ئوت قويۇپ ئۆلۈۋالىدۇ. نەتىجىدە 2011 - يىلى ئاۋۋال تۇنىستا، ئاندىن بارلىق ئەرەب دۆلەتلىرىدە ھۆكۈمەتنى ئالماشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان رايون خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي ھەرىكەت، يەنى «ئەرەب باھارى» بارلىققا كېلىدۇ. پائالىيەتچىلەر Twitter، Facebook ۋە YouTube قاتارلىق ئىجتىمائىي ئۇچۇر تارقىتىش سۇپىلىرىنى ئىشلىتىپ تەشكىللىنىدۇ. رەقەملىك سۇپىلار ئاكتىۋىستلارغا دۆلەت سېنزورىنى ھالقىپ ئۆتۈپ ھەرىكەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ۋە ئاۋازلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزۈشكە كۆۋرۈك بولىدۇ.

بۇ جەرياندا مىليونلىغان كىشى ئىشسىزلىق، يېمەكلىك باھاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارشى تەشكىللىنىپ، ئىلگىرى ئىجتىمائىي مەقسەتتە ئىشلىتىلگەن Instagram، Twitter، YouTube ۋە Facebook

[30] Kavada, Anastasia. Activism Decoded: The New Mechanics of Change. International Debate Education Association. (Derleyen Mary Joyce) 2010. S. 114-117

قاتارلىق ئىجتىمائىي سۇپىلاردا كەڭ كۆلەملىك نامايىش ۋە يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزدى. نەتىجىدە، پائالىيەتچىلەر ئىنكاسىنى بىلدۈرۈش ۋە بۇ ئىنكاسلارنى تۇرغان دۆلەتتىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلان قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ھەتتا بۇ مەزگىلدە رەقەملىك سۇپىلار تەشكىللىنىش ۋاستىسى قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولغاچقا، «ئەرەب باھارى»نى ئىجتىمائىي ھەرىكەت دېيىشنىڭ ئورنىغا «ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئىنقىلابى» ياكى «تۋىتتېر ئىنقىلابى» دەپ ئاتىغانلارمۇ بولدى. [31]

دەسلەپتە، رەقەملىك تاراتقۇلار دېموكراتىيەلىشىش ھەرىكىتىنىڭ مۇستەبىتلەرنى تەييارلىقسىز ھالەتتە تۇتۇۋېلىپ يېڭى تاكتىكىلارنى ئىشقا سېلىشىغا يول قويىدى. بۇ نامايىشلار تېز ئىلگىرىلىدى. ئورنى ئۆزگەرمەيدۇ دەپ قارالغان سىياسەتچىلەرنىڭ ئورنى ئۆزگەردى ۋە ھاكىمىيەتلەر يىمىرىلدى. خەلق ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدە، مىسىر پىرېزىدېنتى ھۆسنى مۇبارەك ئىستېپا بەردى. تۇنىستا ھۆكۈمەت ئۆزگەردى، لىۋىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش سەۋەبلىك ھاكىمىيەت يىمىرىلدى. ئەرەب باھارى ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، بۇ ھەرىكەت جەريانىدا رەقەملىك ئالاقە تورلىرى ئىشلىتىلدى ۋە بۇ بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا ۋە ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولدى.

### 3.4.2 ۋول كوچىسىنى ئىشغال قىل

2011 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئىسپانىيەدە تەشكىللەنگەن غەزەپلەنگەنلەر (Indignados) ھەرىكىتى ئامېرىكىدىكى ياشلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارغا ئۈلگە بولدى. ئامېرىكىلىقلار كانادالىق پائالىيەتچى «Adbusters»نىڭ رەھبەرلىكىدە ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئادالەتسىزلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، 2011 - يىلى 17 - سېنتەبىر نيۇ - يوركتىكى ۋول كوچىسى پۇل مۇئامىلە رايونىدا نامايىش قىلىشقا باشلىدى. [32]

ۋول كوچىسىنى ئىشغال قىل (Occupy Wall Street) ھەرىكىتى ئىقتىسادىي تەڭسىزلىك ۋە يەر شارىلىشىشقا قارشى مۇھىم بىر رەقەملىك ئاكتىۋىزم ئىدى. ئاكتىۋىستلار «ۋول كوچىسىنى ئىشغال قىل» چاقىرىقىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىش ئۈچۈن رەقەملىك ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىنى ئىشلەتتى. رەقەملىك سۇپىلار بۇ ئەمەلىي رەھبەرسىز ھەرىكەتنىڭ قوللىغۇچىلارنى تېز سەپەرۋەر قىلىشىغا ۋە ئاكتىۋىستلار ھەققىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. رەقەملىك سۇپىلار پەرقلىق نارازىلىقلارنى ئومۇمىي ئويغىنىش ۋە ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشتا ئۈنۈملۈك رول ئوينىدى.

بۇ ھەرىكەت غەزەپلەنگەنلەر ھەرىكىتىدىكىگە ئوخشاش كوچىلارغا تېشىشتىن بۇرۇن تور سۇپىلىرىدا نەچچە ئاي دەملەندى. www.adbusters.org تورى ئارقىلىق تەشكىللىنىشكە باشلىغان پۇقرالار يەنە «نامىسىزلار گۇرۇپپىسى» (Anonymous) ۋە «نيۇ - يورك خامچوتنى قىسقارتىشقا قارشى تۇرغۇچىلار» قاتارلىق گۇرۇپپىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. نامايىش جەريانىدا ھەم ھەرىكەتتىكى كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش ھەمدە تېخىمۇ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى نامايىشقا قاتنىشىشقا قايىل قىلىش ئۈچۈن، Facebook ۋە YouTube قاناللىرى

[31] Yüksel, O. (2013, 5 Temmuz). Arap Baharı ve Sosyal Medya. Erişim adresi: https://politikakademi.org/2013/07/arap-bahari-ve-sosyal-medya

[32] Yüksel, O. (2013, 5 Temmuz). Arap Baharı ve Sosyal Medya. Erişim adresi:

ئاكتىپ ئىشلىتىلدى.

### 3.4.3 گەزى باغچىسى ۋەقەسى

2013 - يىلى، ئىستانبۇلدىكى گەزى باغچىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قارشى ئاكتىۋىستلار پۈتۈن تۈركىيە مىقياسىدا ھۆكۈمەتكە قارشى بىرلەشتى. فەيسبۇك، تۋىتتېر ۋە يۇتيۇب قاتارلىق ئىجتىمائىي ئۇچۇر سۇپىلىرى ئاكتىۋىستلارنىڭ تەشكىللىنىش، ئۇچۇر تارقىتىش ۋە ساقچىلارنىڭ «زوراۋانلىقى»نى ھۆججەتلەشتۈرۈشىدە ئاساسىي رول ئوينىدى. رەقەملىك ئالاقە سۇپىلىرى سايىسىدە گەزى باغچىسى ئۇچۇرلىرى تېز تارقىلىپ خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. فەيسبۇك ۋە تۋىتتېر نامايىشچىلارنىڭ بىر - بىرىنى خەۋەردار قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. #GeziParki، #OccupyGezi ۋە #DirenGeziParki ئىسمى بىلەن خەتكۈچ كامپانىيەلىرى ئېلىپ بېرىلدى. 12 سائەت ئىچىدە بۇ تېمىدا 2 مىليون tweet يوللاندى. بۇنىڭ 88% ى تۈركچە ئېلان قىلىنغان بولسا، ئېلان قىلىنغان tweet نىڭ 90% ىنى تۈركلەر يوللىغان ئىدى. ئانا ئېقىم مېدىيا نامايىشچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى خەۋەر قىلمىغاچقا، بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن #BugünTelevizyonlarıKapat (بۈگۈن تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈڭ) نامىدا خەتكۈچلىك 50 مىڭ tweet يوللاندى. [33]

### 3.4.4 ماھسا ئامىنى ۋەقەسى

2022 - يىلى، ئىراننىڭ ئەخلاق ساقچىلىرى ئىرانلىق ماھسا ئامىنى ئىسىملىك ئايالنى ھىجابنى «ئۆلچەملىك ئارتمىدى» دېگەن باھانە بىلەن قولغا ئالدۇ ۋە ئۆلۈشكە سەۋەب بولدۇ. بۇ ئەھۋال ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا قاتتىق غەزەپ - نەپرەت قوزغايدۇ. ئۆلۈم خەۋىرى بىلەن باشلانغان بۇ ھەرىكەتتە رەقەملىك سۇپىلار مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئاكتىۋىستلار ئىران ھۆكۈمىتىگە قارشى نارازىلىقنى بىلدۈرۈش ۋە خەلقئارانىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئۇچۇر تارقىتىش سۇپىلىرىنى ئاكتىپ ئىشلىتىدۇ. بۇ جەرياندا #MahsaAmini خەتكۈچى بىلەن يوللانغان پارىچە tweet تۋىتتېردىكى ئەڭ كۆپ قايتا يوللانغان hashtags بولۇپ قالىدۇ. بۇ خەتكۈچ بىلەن يوللانغان tweet سانى 10 مىليوندىن ئېشىپ كېتىدۇ.[34] نۇرغۇن دۆلەتلەردە ماھسا ئامىنىنى قوللاش ئۈچۈن ئاياللار ئاممىۋى سورۇنلاردا چېچىنى كېسىپ روماللىرىنى كۆيدۈرىدۇ ۋە بۇلارنىڭ سىنلىق كۆرۈنۈشىنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقىتىدۇ. ئاياللارلا ئەمەس، ھەتتا ئەرلەرمۇ بۇ ۋەقەگە بولغان ئىنكاسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن Facebook، Instagram، YouTube ۋە Twitter قاتارلىق نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىدا يازمىلارنى يېزىپ تارقىتىدۇ. رەقەملىك سۇپىلار ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ۋەقەدىن خەۋەردار بولىدۇ ۋە ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت ۋە باستۇرۇشلىرىغا قارشى نامايىش ۋە يىغىلىشلارنى تەشكىللەيدۇ.

[33] https://www.cumhuriyet.com.tr/haber/gezi-parki-icin-24-saatte-2-milyon-tweet-425638 (2024.04.05)
[34] https://www.reuters.com/world/middle-east/fury-grows-iran-over-woman-who-died-after-hijab-arrest-social-media-2022-09-18/ (2024.04.08)

### 3.4.5 رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسى

2022 - يىلى، رۇسىيە ئۇكرائىناغا ھۇجۇم باشلىغان كۈنلەردە ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرى پائالىيەتچىلەرنىڭ تېز، ئۈنۈملۈك تەشكىللىنىشى ۋە ئالاقىلىشىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بۇ سۇپىلارنىڭ ياردىمىدە، كىشىلەر نامايىشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئىگىلەش، پىلان تۈزۈش ۋە باشقا پائالىيەتچىلەر بىلەن ماس قەدەمدە ھەرىكەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرى كىشىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىش ۋە ئىنكاسلىرىنى ئىپادىلەش قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلدى. بۇ سۇپىلار ئۇرۇشقا قارشى ئۇچۇر، شوئار ۋە لوزۇنكا قاتارلىق قارشىلىق ئېلېمېنتلىرىنى ئورتاقلىشىدىغان سەھنىگە ئايلاندى، تەشۋىقات ۋە قارشى تۇرۇش سەھنىسى بولدى. ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ھەم رۇسىيە ھەم ئۇكرائىنا تەرىپىدىن ئۇرۇش تەشۋىقاتى ۋە قارشى تەشۋىقات مەقسىتىدە ئىشلىتىلدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئارگۇمېنت (كۆرسەتكەن مىساللىرى) ۋە كۆز قارىشىنى كۈچلەندۈرىدىغان مەزمۇنلارنى ئىشلىدى ۋە ئورتاقلاشتى.

قىسقىسى، ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرى رۇسىيە بىلەن ئۇكرائىنا ئۇرۇشى جەريانىدا ئۇچۇرلارنىڭ ئايلىنىشىنى تېزلىتىپ، نامايىش ۋە قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللەشكە ئاساسلىق تۈغدۇرۇپ، خەلقئارانىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، تەشۋىقات ۋە قارشى تەشۋىقات قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلدى.

### 3.4.6 ئىسرائىلىيە ۋە پەلەستىن (غەززە) توقۇنۇشى

X، Telegram (ئىلگىرىكى Twitter)، Facebook ۋە TikTok قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرى ئىسرائىلىيە - غەززە توقۇنۇشى مەزگىلىدە «ئۇچۇر ئۇرۇشى»دىكى مۇھىم جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى. خاماس ۋە پەلەستىن قورallıق گۇرۇپپىلىرى 2023 - يىلى 7 - ئۆكتەبىردىكى دەسلەپكى ھۇجۇمدىن كېيىن Telegram دىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. Telegram ئۇلارنىڭ باياناتلىرىنى تارقىتىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

X ۋە TikTok غا ئوخشاش سۇپىلاردا، پەلەستىننى قوللايدىغان مەزمۇن ۋە خەتكۈچلەر يوللانمىلار ئىسرائىلىيەنى قوللايدىغانلاردىن كۆپ ئېشىپ كەتتى ۋە ئىسرائىلىيە «ئۇچۇر ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولدى» دېگەن قاراشنى پەيدا قىلدى. [35]

ئىجتىمائىي تاراتقۇ شىركەتلىرىنىڭ سۇپا لايىھەسى ۋە مەزمۇن باشقۇرۇش قارارى توقۇنۇشنىڭ توردا قانداق تونۇلۇشىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئاساسلىق رول ئوينىدى. سۇپىلاردىكى ئوخشىماسلىق رېئاللىقنىڭ بۇرمىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ ھېسسىي، ئىلھامبەخش مەزمۇنلارنى گەۋدىلەندۈرۈش خاھىشى توقۇنۇشنىڭ بىر تەرەپلىمە بايان قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. [36]

[35] https://abcnews.go.com/International/social-media-information-war-israel-hamas-conflict/story?id=104845039 (2024.04.08)

[36] https://www.atlanticcouncil.org/content-series/the-big-story/distortion-by-design-how-social-media-platforms-shaped-our-initial-understanding-of-the-israel-hamas-conflict/ (2024.04.08)

### توقۇنۇش جەريانىدىكى مەزمۇن باشقۇرۇش سىياستى

X (ئىلگىرىكى Twitter)، Meta (Facebook / Instagram)، Telegram ۋە TikTok قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرى ئىسرائىلىيە - غەززە توقۇنۇشىغا مۇناسىۋەتلىك يوللانما كەلكۈنىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.

مېتا (Meta) سۈپىسىدىكى پەلەستىننى قوللايدىغان مەزمۇنلارنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ۋە باستۇرۇش ئارقىلىق پەلەستىننىڭ ئاۋازىنى جىمىقتۇردى دەپ ئەيىبلەندى. بىر مۇستەقىل تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، مېتانىڭ مەزمۇن باشقۇرۇش سىياسىتىنىڭ «پەلەستىنلىكلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى.[37]

X مۇ مەزمۇنلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى: «سۇپا توقۇنۇشقا مۇناسىۋەتلىك نەپرەت تىلى ۋە خاتا ئۇچۇرلارنى ئۆچۈرەلمىدى» دەپ ئەيىبلەندى ۋە ئاساسلىق ئېلان بەرگۈچىلەرنىڭ سۇپىدىن ئايرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. Telegram خاماس ۋە باشقا پەلەستىن قوراللىق گۇرۇپپىلىرىنىڭ توقۇنۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تەشۋىقات، گرافىكلىق سىنلارنى تېز سۈرئەتتە تارقىتىشىغا، ئابونت سانىنى ئاشۇرۇشىغا يول قويدى.[38]

### ھۆكۈمەت ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشەببۇسچىلىرىنىڭ پوزىتسىيەسى

ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تور تارمىقى (cyber unit) ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدىن مەزمۇننى ئۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. www.atlanticcouncil.org تورىنىڭ خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، بۇ تەلەپلەرنىڭ 95% ى Meta سۇپىلىرىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالدى.[39] بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئاممىۋى دوكلات بېرىش ياكى مەزمۇنلارنى ئىجتىمائىي ئالاقە توردىن چىقىرىۋېتىش مېخانىزمى يوق. شۇڭا بۇ سۇپىلارنىڭ توقۇنۇشنى قانداق كونترول قىلىشىدا تەڭپۇڭسىزلىق مەۋجۇت دېيىشكە بولىدۇ.

رەقەملىك ھوقۇق ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشەببۇسچىلىرى بۇ سۇپىلارنى ئەركىن پىكىر ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىمىدى دەپ ئەيىبلىدى ھەمدە مەزمۇننى تەڭشەش جەھەتتە تېخىمۇ ئوچۇق بولۇشقا چاقىردى.[40]

ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرىنىڭ ئىسرائىلىيە - غەززە توقۇنۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى تىزگىنلىشىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟

بۇ سۇپىلاردا مەزمۇننى تىزگىنلەش قارارى ۋە ئالگورىزىم سىياسەتلىرى توقۇنۇشقا مۇناسىۋەتلىك بۇرمىلانغان، بىر تەرەپلىمە خەۋەرلەرنىڭ يامرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا دەلىللەنمىگەن يالغان ئۇچۇرلار كىشىلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرگە

[37] https://www.hrw.org/report/2023/12/21/metas-broken-promises/systemic-censorship-palestine-content-instagram-and (2024.04.08)

[38] https://www.theguardian.com/technology/2023/nov/21/techscape-israel-gaza-war-social-media-content-censorship (2024.04.08)

[39] https://www.atlanticcouncil.org/content-series/the-big-story/distortion-by-design-how-social-media-platforms-shaped-our-initial-understanding-of-the-israel-hamas-conflict/ (2024.04.08)

[40] https://www.hrw.org/report/2023/12/21/metas-broken-promises/systemic-censorship-palestine-content-instagram-and (2024.04.11)

ئائىت پاكىتلارنى ئۇقۇشنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. غەززەدە نەق مەيداندىكى ژۇرنالىستلارنىڭ كەمچىل بولۇشى ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ يازمىلىرى ۋە ئىختىيارىي ژۇرنالىستلىقنى مۇھىم، ئەمما ئىشەنچسىز ئۇچۇر مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇپ، مەزمۇننى دەلىللەشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. بۇ سۇپىلارنىڭ توقۇنۇش جەريانىدىكى مەزمۇننى تەڭشەش سىياسىتى نارازىلىق پەيدا قىلدى. ئېلان بەرگۈچىلەرنىڭ ئىشەنچىسى تۆۋەنلىدى. رەقەملىك سۇپىلارنىڭ مەسىلىگە نىسبەتەن بىر تەرەپلىمە پوزىتسىيە تۇتۇشى ۋە بەزى ئۇچۇرلارنى ئۆچۈرۈۋېتىشى كىشىلەرنىڭ بۇ شىركەتلەرگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى.[41]

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئىسرائىلىيە - غەززە توقۇنۇشى ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرىنىڭ كىرىزىس ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدىكى ئاساسلىق نۇقسانلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، رېئاللىقنىڭ بۇرمىلىنىشى، خاتا ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىشى ۋە بەزى ھېكايىلەرنىڭ جىمىقتۇرۇلۇشى قاتارلىق نائادىل مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى ئاشكارا قىلدى. بۇ سۇپىلارنىڭ مەزمۇن تەڭشەش قارارى ھۆكۈمەت بېسىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى ۋە جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالغۇچى بولمىدى.

## 3.5 ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلارنىڭ رەقەملىك تەشەببۇسلىرى

رەقەملىك سۇپىلار چىقىمىنىڭ ئاز بولۇشى، ھېساب ئېچىش شەرتى ۋە ئۆلچەملىرىنىڭ ئاممىباب بولۇشى، مەزمۇنغا قويۇلغان چەكلىمىنىڭ نىسبەتەن ئېلاستىكلىق بولۇشى، تېكىست، رەسىم ۋە سىنلىق مەزمۇنلارنىڭ تارقىلىش سۈرئىتىنىڭ تېز بولۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئالتېرناتىپ مېدىيا رولىنى ئۆتەيدۇ. شۇڭلاشقا ئانا ئېقىم مېدىيادا كۆتۈلگەن سەزگۈرلۈك ۋە غەمخورلۇققا ئېرىشەلمىگەن دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلار مۇراجىئەت قىلىدىغان ئەڭ ئىدېئال (كۆڭۈلدىكى) قانال رەقەملىك سۇپىلار، ئەلۋەتتە. ئەمما دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىرەر تالدىن ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابى بار دەپ پەرەز قىلساقمۇ، ھەممىسىنى ئاكتىپ سىياسىي ياكى ئىجتىمائىي ئاكتىۋىست دېيەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن رەقەملىك سۇپىلارنى رەقەملىك ئاكتىۋىزم ئۇقۇمىغا مۇۋاپىق رەۋىشتە ھەر دائىم ئاكتىپ ئىشلەتتى، دېيەلمەيمىز. شۇنداقتىمۇ بىر قىسىم ئورداشلار بۇ سۇپىلارنى رەقەملىك ئاكتىۋىزم ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇپ مۇئەييەن تەسىر قوزغىدى.

#MeTooUyghur ھەرىكىتى: 2019 - يىلى، ناخشىچى ئابدۇرېھىم ھېيتىنىڭ خىتاي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە دائىر خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، تۈركىيە باشلىق بىر قىسىم دۆلەت ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ دىققىتى بۇ ۋەقەگە مەركەزلەشتى. تۈركىيە ھۆكۈمىتى خىتاينى ئەيىبلەپ باياناتت ئېلان قىلدى. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خىتاي دائىرىلىرى ئۆزىنىڭ يەر شارى تېلېۋىزىيە توردا ئابدۇرېھىم ھېيتىنىڭ قىسقا سىنلىق نۇتۇقىنى ئورتاقلىشىپ، ئابدۇرېھىم ھېيتىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇنىڭغا قارشىلىق دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلار «مېنىڭمۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنى كۆرسەت، مېنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىممۇ ھاياتمۇ؟» دېگەن مەنىنى چۆرىدىگەن ئاساستا خىتاي ھۆكۈمىتىگە خىتاب

[41] https://www.theguardian.com/technology/2023/nov/21/techscape-israel-gaza-war-social-media-content-censorship (2024.04.11)

قىلىپ، قولىدا ئالاقە قىلالمايۋاتقان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ رەسىمىنى تۇتۇپ سۈرەتكە چۈشۈپ رەقەملىك ئالاقە سۇپىلىرىدا يوللاشقا باشلىدى.

بۇ پەيتتە فىنلاندىيەدە تۇرۇشلۇق ئاكتىۋىست خالمۇرات تۋىتتېرىدا #MeTooUyghur دېگەن خەتكۈچ بىلەن ھەمبەھىرلىگەن ئۇچۇرىدا خىتاي دائىرىلىرىگە: «خىتاي دائىرىلىرى ئابدۇرېھىم ھېيىتنىڭ ھاياتلىقىغا ئائىت سىنلىق ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھازىر سوراۋاتىمىز: ‹مىليونلىغان ئۇيغۇرلار نەدە؟›» دەپ خىتاب قىلدى ۋە خىتاي دائىرىلىرىدىن ئابدۇرېھىم ھېيىتنىڭ سىنلىق كۆرۈنۈشىنى يوللىغانغا ئوخشاش باشقا مەھبۇسلارنىڭمۇ سالامەتلىك ئەھۋالىنى ئىسپاتلايدىغان سىن تارقىتىشقا چاقىرىلدى.[42] #MeTooUyghur مەزكۇر پائالىيەتنى سەپەرۋەرلىك سەۋىيەسىگە كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن تۋىتتېرىدا #MeTooUyghur خەتكۈچى بىلەن يۈزلىگەن يوللانمىلار ھەمبەھىرلەندى. بۇنىڭ بىلەن پائالىيەت خەلقئارالاشتى ۋە نۇرغۇن نوپۇزلۇق تاراتقۇلار خالمۇراتنى ۋە باشقا ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلىپ خەۋەر ۋە ھۆججەتلىك فىلملارنى ئىشلىدى. #MeTooUyghur پائالىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن ۋە غايىب بولغان تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى يورۇتۇش ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان رەقەملىك ئاكتىۋىزم تەشەببۇسلىرىدىن بىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ پائالىيەت ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى دۇنيا مىقياسىدا تونۇتۇشنى مەقسەت قىلغان.

#HearUyghurs ھەرىكىتى: 2022 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئۇيغۇر ئاكتىۋىست ئارسلان ھىدايەت #HearUyghurs خەتكۈچى بىلەن يېڭى ئىجتىمائىي تاراتقۇ پائالىيىتىنى باشلىدى. پائالىيەتتە پۈتۈن ئۇيغۇر دىياسپوراسى ئۇچرىغان جاراھەت گەۋدىلەندۈرۈلدى. خەلقئارا جەمئىيەت شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلالمىدى. دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلار ئۇچرىغان ناھەقچىلىكلەرنى مۇناسىۋەتلىك ئەربابلارغا يەتكۈزەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خەتكۈچلىك ھەرىكەتتە ئۇيغۇرلار ئېغىزى ئېتىلگەن ھالەتنى قىسقا سىنلىق كۆرۈنۈشلەرنى يوللاپ، «HearUyghurs» (ئۇيغۇرلارنى ئاڭلاڭ) دېدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بۇ ھەرىكەتكە ئالاقىدار كۆرۈنۈشلەر نەچچە ئون مىڭ قېتىم كۆرۈلدى. [43]

بۇنىڭدىن سىرت، ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلار تورداشلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاش ئۈچۈن بىر قىسىم خەتكۈچ پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى ۋە بېرىۋاتىدۇ. ئۇلاردىن بىر قىسىملىرى تۆۋەندىكىچە:

#ShowThemAll ھەرىكىتى (2020 - يىلى 1 - ئاي)

#VirusThreatInCamps ھەرىكىتى (2020 - يىلى 1 - ئاي)

#StillNoInfo ھەرىكىتى (2019 - يىلى 12 - ئاي)

#ChinaShowThemAll ھەرىكىتى (نويابىر 2019)

#GoogleUyghurs ھەرىكىتى ھەرىكىتى (2019 - يىلى ئۆكتەبىر)

#MeTooUyghur ھەرىكىتى (2019 - يىلى 2 - ئاي)

[42] https://www.dw.com/tr/uygurlar-%C3%A7ine-kar%C5%9F%C4%B1-sosyal-medya-kampanyas%C4%B1-ba%C5%9Flatt%C4%B1/a-47496753 (2024.04.02)

[43] https://uhrp.org/report/uhrp-explainer-uyghur-activists-ask-world-hearuyghurs/ (2024.04.01)

#StandWithUyghur ھەرىكىتى (2019 - يىلى 2 - ئاي)

يۇقىرىقىدەك خەتكۈچ پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرىدىن: «Talk to East Turkestan» سەھىپىسىنى (ئىنگلىزچە)، «@turkistantoday» سۇپىسىنى (ئەرەبچە)، «Doğu Türkistan» سۇپىسىنى (تۈركچە) ئاكتىۋىزم ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن مىسال كۆرسىتىش مۇمكىن.

بۇنىڭدىن سىرت يەنە، ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلار ياكى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى رەقەملىك مۇراجىئەتنامىلەرنى رەقەملىك ئاكتىۋىزمنىڭ بىر خىل شەكلى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ، دۇنيا مىقياسىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈۋاتىدۇ. تۆۋەندە ئۇنىڭ بىرقانچە مىسالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

Change.org دىكى: «خىتايدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ» ماۋزۇلۇق مۇراجىئەتنامە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ 2 مىليون 125 مىڭدىن ئارتۇق ئىمزاسىغا ئېرىشكەن. مۇراجىئەتنامىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە دۇنيا رەھبەرلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى زىيانكەشلىك ۋە كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ تۇرۇشىغا قارشى ھەرىكەت قوللىنىشقا چاقىرغان.[44]




ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ تور بېتىدە يەنە بىر مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىنىپ، خىتايغا ئۇيغۇرلارغا قىلغان مۇئامىلىسى ئۈچۈن جازا يۈرگۈزۈلۈشى تەلەپ قىلىنغان. بۇ مۇراجىئەتنامە 146 مىڭدىن ئارتۇق ئىمزا يىغقان.[45]

يېڭى زېلاندىيەدە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق گۇرۇپپىلىرى ئوچۇق خەت پائالىيىتى باشلاپ، ھۆكۈمەتنى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنى دۆلەتنىڭ مۇساپىرلار پىلانىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا چاقىرغان. بۇ مۇراجىئەتنامىدە 1000 دىن ئارتۇق ئىمزا توپلانغان.[46]

[44] https://www.change.org/p/stand-up-for-the-uyghur-muslims-in-china-antonioguterres-amnesty-un (2024.04.01)
[45] https://petition.parliament.uk/petitions?page=1&q=china&state=all (2024.04.01)
[46] https://our.actionstation.org.nz/petitions/open-letter-let-s-show-compassion-to-the-uyghur-community (2024.04.05)




بۇ مۇراجىئەتنامىلەر ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكى ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە قىلغان رەقەملىك خىتابلىرى ھېسابلىنىدۇ. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلار رەقەملىك مۇراجىئەتنامىلەرنى تونۇشنى ئۆستۈرۈش، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا قارشى خەلقئارا جەمئىيەت ۋە دۆلەتلەرنى كونكرېت ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە تىرىشىۋاتىدۇ.

## 3.6 ئۇيغۇر رەقەملىك ئاكتىۋىزمىدا رەقەملىك سۇپىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش

رەقەملىك ئالاقە سۇپىلىرى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارشى نارازىلىق ۋە ھەقلىق تەلەپلەرنى بايان قىلىدىغان مەيدان بولۇپ، رەقەملىك ئاكتىۋىزم كۆلۈكى ئاستىدا ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلار ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تونۇتۇپ، خەلقئارا جامائەت پىكرىنى قوزغىتالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلسا ئۈنۈمى ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان بىر قانچە تۈر ھەققىدە توختىلىمىز.

قەرەللىك ھالدا ئىجتىمائىي ئالاقە كامپانىيەلىرىنى تەشكىللەش: X، Facebook، Instagram قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدا خەتكۈچ (hashtag) ئارقىلىق خەلقئارا جامائەتنىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە دىققەت تارتىش ئۈچۈن: # ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك؛ ئۇيغۇرلار ئۇچرىغان ھەقسىزلىكلەرنى پاش قىلىش ئۈچۈن # ئۇيغۇرلارغا ئادالەت؛ خانىۋەيران قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن: # ئۇيغۇر كۇلتۇرى؛ ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقنى قوللاش مەقسىتىدە خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىشلىق دەپ قارالغان ماركىلارنى بايقۇت قىلىش ئۈچۈن: # خىتاي يانتاياقلىرىنى بايقۇت قىلىڭ؛ ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ئۇلار يولۇققان ناھەقچىلىكلەرگە دىققەت تارتىش ئۈچۈن: # ئۇيغۇر باللىرى؛ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە قوغداش ئۈچۈن: # ئۇيغۇر سەنئىتى؛ جازا لاگېرلىرىنى تاقاشقا چاقىرىق قىلىش ئۈچۈن: # لاگېرلار تاقالسۇن... دېگەندەك خەتكۈچ پائالىيەتلىرىنى قەرەللىك يېڭىلاپ تەشكىللىشكە بولىدۇ.

ئەمما، تور ئاممىسىنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن كامپانىيەلەر چوقۇم يېڭى بولۇشى، كونكرېت بىر نىشان بېكىتىلگەن بولۇشى لازىم. كامپانىيەنى تەشكىللىگۈچى باشلاشتىن بۇرۇن كامپانىيەنىڭ مەقسىتى، ۋاقتى، قايسى رەقەملىك مېدىيادا بولىدىغانلىقى، خەتكۈچ

تېكستتى قاتارلىقلارنى ئالدىنئالا تەييارلاپ ئىمكانقەدەر جىق كىشىنى خەۋەردار قىلسا، پائالىيەتنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. مۇۋاپىق دەپ قارالسا تور چولپانلىرى ياكى ئەگەشكۈچىسى بىر قەدەر كۆپ شەخسلەرگە ئايرىم خەت يېزىپ ياكى ھېسابىنى نوقۇپ تۇرۇپ قوللاشىنى تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ.

مۇكاپاتلىق رەسىم سىزىش، كارىكاتۇرا لايىھەلەش، قىسقا فىلىم ئىشلەش مۇسابىقىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش: ئىلگىرى ھېچ كۆرۈشۈپ باقمىغان، تونۇشمايدىغان كىشىلەرگىمۇ ئىلان ۋە چاقىرىقلارنى ئىنتېرنېتتا قىسقا ۋاقىتتا يەتكۈزگىلى بولىدۇ. ئىنتېرنېتنىڭ بۇ ئەۋزەللىكى سايىسىدە مۇكاپاتلىق مۇسابىقە ئۇچۇرى تېز تاقىلىدۇ ۋە نۇرغۇن مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالايدۇ. مۇكاپاتلىق مۇسابىقىلەرنىڭ مۇكاپات بۇيۇمى كىشىلەرنى تالانتىنى غىدىقلاپ، تېمىغا سۆرەپ كىرىشى مۇمكىن. ئەگەر مۇكاپات سوممىسى يۇقىرى بولسا ياكى مۇكاپات بۇيۇمى قىممەت باھالىق بولسا، تېخىمۇ كۆپ ماھىرلار چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇشى ۋە مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسى تېخىمۇ ئۈتۈقلۇق بولۇشى مۇمكىن. مۇسابىقە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ياكى ئېرىشەلمىگەن بارلىق فىلىملار رەقەملىك ئاكتىۋىزم ئۈچۈن رەقەملىك سۇپىلاردا بىرەر مەزمۇن سۈپىتىدە خىزمەت قىلىۋېرىدۇ. مەسىلەن، «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقى»، «ئۇيغۇر بالىلار ھوقۇقى»، «ئۇيغۇر ئاياللار ھوقۇقى»، «لاگېردا بىر كۈن»، «شەرقىي تۈركىستاندا بىر كۈن»، «رامىزان ئېيىدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار»، «بىر ئۇيغۇر مۇسۇلماننىڭ تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبى» ... دېگەندەك تېمىلاردا رەقەملىك قىسقا فىلىم مۇسابىقىلىرىنى تەشكىللەشنىڭ ئاممىۋى قارالمىلىق جەلپ قىلىشتا رولى ئۈنۈملۈك بولۇشى مۇمكىن. مۇسابىقىنىڭ تېمىسى، نىشانى، ئەسەر فورماتى، باھالاش باسقۇچى، ئېلان قىلىدىغان ئورۇن، رەقەملىك ۋاستە، ماھىرلارغا قويۇلغان تەلەپ، مۇكاپات سوممىسى بۇيۇمى قاتارلىقلارنى مۇسابىقە تەشكىللىگۈچى شارائىتقا قارىتا بېكىتسە بولىدۇ.

رەقەملىك ئىمزا يىغىش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوللاشنى تەلەپ قىلىپ، Change.org قاتارلىق سۇپىلاردا مۇراجىئەتنامىلەرنى چىقىرىپ ئىمزا توپلاشقا بولىدۇ. بۇ ئەرزىيەتلەر ئارقىلىق خەلقئارا جامائەت پىكرىنى قوزغاپ، ھۆكۈمەت ياكى قۇرۇلۇشلارغا بېسىم قىلىشقا بولىدۇ. مەلۇم بىر ھۆكۈمەت ياكى مەلۇم بىر تىجارى ئاپپاراتنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا زىت پوزىتسىيە ۋە سىياسەتلىرىنى بايقۇت قىلىش ئۈچۈن رەقەملىك ئىمزا كامپانىيالىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىمزا كامپانىيەلىرى مېدىيا ئاپپاراتلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالايدۇ ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ خەۋەر ئىشلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى»غا بولغان تونۇشنى تېخىمۇ ئاشۇرغىلى بولىدۇ. رەقەملىك ئىمزا پائالىيەتلىرى ئۇيغۇر جامائىتىنى بىر نۇقتىدا ئۇيۇشتۇرۇپ، كوللېكتىپ ئاۋاز چىقىرىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دەۋاسىنى قوغداش ئىقتىدارى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

بۇ نۇقتىدا، ئۇيغۇر مەسىلىسى مۇرەككەپ بىر سىياسىي مەسىلە بولغاچقا، بۇنى بىر ئىمزا ئارقىلىقلا «ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىمەن» دېيىش رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس. شۇڭلاشقا، ئىمزا پائالىيەتلىرىدە پائالىيەتنى تەشكىللىگۈچى ئورگان ياكى شەخس مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ياكى سىياسىي مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلسا ئۈنۈمى ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئەگەر مەسىلە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بېسىۋېلىنغان زېمىن

ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئىمزا توپلاش بولسا، مۇراجىئەتنامە شۇنىڭغا ماس ئىبارە ۋە ئۇسلۇبتا يېزىلىشى كېرەك. ئۇنىڭغا شەخسىي تەلەپ ياكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەل بولىدىغان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى قىستۇرۇش دېگەندەك مۇۋاپىق بولمايدۇ. ناۋادا مەسىلە، خىتايلارنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى»نى دۆلەتلەرگە ئېتىراپ قىلدۇرۇش بولسا، مۇراجىئەتنامە يېزىشتا مۇناسىۋەتلىك ئىسپات ۋە كونتېكىستكە ئەھمىيەت بېرىلسە ياخشى. ئەگەر مەسىلە، مەلۇم بىر شەخس ئۆزى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى دۇچ كەلگەن ناھەقچىلىككە مۇناسىۋەتلىك بولسا، مۇراجىئەتنامىنى شۇنىڭغا ماس كونكرېت ئۇچۇرلار ۋە قوللاشقا ئېرىشسە قولغا كېلىدىغان تەخمىنىي نەتىجىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ يازغان ئەۋزەلدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش، مەلۇم بىر شىركەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى نەزەردىن ساقىت قىلىشى ياكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە شېرىك بولۇشىنى پاش قىلىش ۋە بايقۇت قىلىش ئۈچۈن تەشكىللىگەن پائالىيەتلەر ئۈچۈنمۇ يۇقىرىقى تەۋسىيەلەر كۈچكە ئىگە. ئۇنىڭدىن سىرت، كامپانىيەلەرنى تارقىتىدىغان قاناللارغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. تارقىتىدىغان سۇپا، نىشان، ئاممىنىڭ يېشى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە جۇغراپىيەلىك ئورنى قاتارلىقلارنىمۇ ئويلىشىشقا ئەرزىيدۇ. ئەگەر تەشكىللىگەن پائالىيەت ئۇتۇقلۇق بولۇپ كۆزلەنگەن نەتىجە قولغا كەلسە، قوللىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە ئوچۇق تەشەككۈر ئېيتىش، «رولى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولدى» دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش كېيىنكى قېتىملىق پائالىيەتلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن.

كۆرۈنۈشلۈك مەزمۇنلاردىن پايدىلىنىش: سۈرەت ۋە سىنلار ئارقىلىق خىتايلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرىنى ئىسپاتلاش ۋە قەيت قىلىپ مېڭىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئۇچرىغان زۇلۇم ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تەسۋىرلەيدىغان سىنلارنى YouTube\ Instagram, X ياكى TikTok قاتارلىق سىن ھەمبەھىرلەش سۇپىلىرىدا ئېلان قىلىشقا بولىدۇ. يوقاپ كەتكەن ياكى تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرىتىنى ھەمبەھىرلەش ياكى سۈرەتنى كىرىشتۈرۈپ سىنلاشتۇرۇپ تارقىتىشقا بولىدۇ. #MeTooUyghur بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىساللىرىدىن بىرى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى، سەنئەت مۇزىكىسى ۋە بىناكارلىق سەنئىتى قاتارلىق ئېلېمېنتلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئىگە بولغان مەنىۋى مىراسلارنى تەشۋىق قىلىشقا ۋە بۇ غەيرىي ماددىي بايلىقلار ئۇچراۋاتقان خىرىسلارنى تونۇشتۇرۇشقا بولىدۇ. ساقچى تارماقلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان زوراۋانلىق ۋە كەمسىتىش قىلمىشلىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى تارقىتىش ئارقىلىق خىتاينىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىشقا بولىدۇ. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوللىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نامايىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كۆرۈنۈشلۈك مەزمۇنلارنى ئورتاقلىشىشقا بولىدۇ. قىسقىسى، كۆرۈنۈشلۈك مەزمۇنلار ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ئىسپاتلاش، ئاۋامنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان تونۇشىنى ئاشۇرۇش، ئۇيغۇر مەدەنىيەت - كۈلتۈرەل ئامىللىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە خەلقئارانىڭ قوللىغانلىقىنى كۆرسىتىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالالايدۇ.

سىنلىق ئۇچۇرلارنى ئامال بار زەن قويۇپ، ئەستايىدىل تەييارلاش لازىم. قىسقا، باشلىنىشىدىلا كۆرۈرمەننى جەلپ قىلىدىغان، دىققىتىنى ئېكراندا تۇتۇپ تۇرىدىغان رەۋىشتە لايىھەلەش كېرەك. مەسىلەن، پەرقلىق ئاۋاز، گرافىك ۋە رەڭلەر ئارقىلىق كۆرۈرمەننى سىن

تۆگىگىچە ئېكراندا تۇتۇپ تۇرغىلى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن سىرت، سىن يوللىنىدىغان سۈپىلارنىڭ مەزمۇن سىياسىتى ۋە ئۆزۈنلۈق بەلگىلىمىلىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى زۆرۈر. سىنلىق ئۇچۇرلارنى ئىشلىگەندە كۆرۈرمەننى بىر تالاي ئۇچۇر بىلەن زېرىكتۈرمەسلىك كېرەك! بىر قىسقا سىندا مەلۇم بىر ناھەقچىلىكنى ئوتتۇرىغا قويۇش يېتەرلىك. ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كۆنتەرتىپكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سىنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن خام ماتېرىياللار بار. مەسىلەن، ئادرېئان زېنز ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ساقچى ھۆججەتلىرى»دىكى لاگېر مەھبۇسلىرىنىڭ ئىسمى، يېشى، تۇتۇلۇش سەۋەبى ۋە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئورنىنى قىسقا سىنلاشتۇرۇپ، سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ تارقىتىشقا بولىدۇ. بۇلار «شىنجاڭ ساقچى ھۆججەتلىرى» ھەم ئاكتىۋىستلار ئۈچۈن مەزمۇن ئىشلەيدىغان خام ماتېرىيال ھەم لاگېر مەسىلىسىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى ئۇسۇلدۇر.

ئۇنىڭدىن سىرت، كۆرۈنۈشلۈك مەزمۇنلارنى مەقسەتلىك ئىشلەپ، ۋىرال بولۇش ئارقىلىق مەلۇم بىر مەسىلىنى ئاممىۋى قارالمىدا ئۇزۇن مۇددەت تۇتۇپ تۇرغىلى بولۇشى مۇمكىن. كۆرۈنۈشلۈك مەزمۇنلار بىلەن ۋىرال بولۇش جەريانى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان، قىزىقارلىق، تەسىرلىك مەزمۇنلارنى ئىشلەش ۋە بۇ مەزمۇنلارنى توغرا قاناللاردا تارقىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى باسقۇچلاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ:

1. ئىجادىي ۋە تەسىرلىك مەزمۇنلارنى ئىشلەش: مەزمۇننىڭ ئارگىنال، ئىجادىي ۋە تەسىرلىك بولۇشى ناھايىتى مۇھىم. قىزىقارلىق، تەسىرلىك ۋە مەنىلىك رەسىم، سىن ياكى سانلىق مەلۇماتلارنى ئىشلىتىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقىلى ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

2. مەزمۇننى نىشانغا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەش: مەزمۇن بىلەن نىشان ماسلاشقاندا، ئاممىنىڭ قىزىقىشى ۋە زوق ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان مەزمۇنلارنىڭ كۆرۈلۈش ۋە تارقىلىش سانى يۇقىرى بولىدۇ.

3. ئېچىش، ئورتاقلىشىش ۋە چۈشۈرۈش قولاي بولۇش: مەزمۇننى زىيارەت قىلىش، ئورتاقلىشىش ۋە چۈشۈرۈش ئاسان بولىدىغان ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدا تارقاتقاندا، مەزمۇننىڭ تېخىمۇ كۆپلەپ زىيارەت قىلىنىش، قايتا يوللىنىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

4. مودا مەزمۇنلارنى تەييارلاش: نۆۋەتتىكى يۈزلىنىش ياكى ئاممىباب تېمىغا ماس كېلىدىغان مەزمۇنلارنى ئىشلەپچىقارغاندا، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ دىققىتى مەزمۇنغا يۈزلىنىدۇ.

5. كۆرۈنۈش سۈپىتىگە دىققەت قىلىش: كۆرۈنۈش يېقىملىق، ئۆزگىرىشچان، رىتىملىق، مۇزىكىلىق ۋە سۈپەتلىك بولغاندا، تورداشلارنىڭ قاراپلا ئاتلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

6. توغرا ماۋزۇ ۋە ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەش: كىشىلەر مەزمۇنلارنى كۆرۈشتىن بۇرۇن ماۋزۇ ۋە ئەسەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىگە قارايدۇ؛ كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان ماۋزۇلار مەزمۇنلارنىڭ چېكىلىش، ئېچىلىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

7. مەزمۇننى توغرا قانالدا تارقىتىش: مەزمۇنلارنى توغرا قانالدا، مۇۋاپىق فورماتتا ۋە

ئۇنۇملۇك ۋاقىتتا تارقىتىش كېرەك. ئامما ئەڭ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىنى ئېنىقلاش ۋە مەزمۇنلارنى بۇ سۇپىلاردا ھەمبەھىرلەش كېرەك.

بۇ ئىستراتېگىيەلەر ئارقىلىق كۆرۈنۈشلۈك مەزمۇنلارنىڭ ۋىرال بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كۆرۈرمەنلەرنى تېمىدىن خەۋەردار قىلغىلى بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، ۋىرال بولىدىغان مەزمۇننى ياكى جەرياننى بېكىتكىلى بولمايدۇ. بەزىدە ئويلاپ باقمىغان بىر مەزمۇن ۋىرال بولۇشى مۇمكىن. بەك ياخشى دەپ قارالغان بىر كۆرۈنۈش ھېچبىر كىشىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىماسلىقمۇ مۇمكىن.

8. رەقەملىك نامايىش ۋە مەۋھۇم پائالىيەتلەرنى تەرتىپلەش: ئۇيغۇر مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەۋھۇم پائالىيەتلەرنى Zoom ياكى باشقا تور يىغىن سۇپىلىرىدا ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر پائالىيەتچىلەرنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشى، ئۇچۇردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى ۋە ئىستراتېگىيەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. Reddit قاتارلىق تور مۇنبەرلىرى ياكى Facebook گۇرۇپپىلىرى قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇ گۇرۇپپىلىرى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى قوللىغۇچىلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇشقا سەھنە ھازىرلاپ بېرىدۇ.

9. قارشى تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش: چەت ئەلدە خىتاينىڭ دۆلەت كونتروللۇقىدىكى مېدىيا ئاپپاراتلىرى ۋە دىپلوماتلىرى پات - پات ئۇيغۇرلارغا دائىر خەۋەر ۋە كۆرۈنۈشلۈك يوللانمىلارنى يوللاپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنىڭ يۇقىرى بېسىملىق سىياسىتىنى ئاقلاشقا خىزمەت قىلسا، بىر قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ خۇددى ھېچقانداق سىياسىي بېسىمغا يولۇقماي خۇشال - خۇرام ياشاۋاتقانلىقىدەك بىر كەيپىياتنى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولىدۇ. ئاكتىۋىستلار خىتاي قاناللىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك يوللانمىلىرىغا قارىتا نارازىلىق تۈسى ئالغان يوللانمىلارنى يوللىسا بولىدۇ. خىتاينىڭ ئارگۇمېنتلىرىنى (كۆرسەتكەن مىساللىرى) رەت قىلىدىغان يوللانما ۋە ئىنكاسلارنى كۆپلەپ يېزىپ، خىتاينىڭ يوللانمىسىنى ئۇنۇمسىزلەشتۈرۈش، باشقا كۆرۈرمەنلەرنى توغرا ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىگە ئىنكاس رايونى ئارقىلىق ئۇرۇنۇپ بېقىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇيغۇرلار مۇناسىۋەتلىك خەۋەر، ئۇچۇر ۋە كۆرۈنۈشلەرنى تەستىقلاش رولىنى ئۆتەيدىغان جەزملەشتۈرۈش سۇپىلىرىنى (مەسىلەن، تۈركچە tyit.org غا ئوخشاش)، يالغان - ياۋىداق ۋە تۆھمەت خاراكتېرلىك ئۇچۇرلارنى ئىنكار قىلىپ، توغرا مەلۇمات بىلەن تەمىنلەش رولىنى ئۆتەيدىغان دېزىنفورماتسىيەگە قارشى تۇرۇش مۇنبەرلىرىنى تەسىس قىلىشقا بولىدۇ (مەسىلەن، تۈركىيە ئالاقە باشقارمىسىغا قاراشلىق Dezenformasyonla Mücadele Merkezi گە ئوخشاش).

### بوتلاردىن پايدىلىنىش

ئىجتىمائىي بوتلار: (Social botlar): ئۇلار ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدا ئاپتوماتىك يازما يازالايدۇ، ئەگەشكۈچىلەرنى كۆپەيتەلەيدۇ ياكى بەزى ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى ئاساس قىلىپ مەزمۇن ئورتاقلىشالايدۇ. ئىجتىمائىي بوتلار مەلۇم بىر تېما ھەققىدە يازما يېزىپ تارقىتىش ئارقىلىق مەسىلىنىڭ تونۇلۇشىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. بىر مەزمۇننى بىر قانچە خىل ئۇسلۇبتا ۋە

پەرقلىق ئىنتوناتسىيەدە تېزلا يازالايدۇ.

پاراڭلىشىش بوتلىرى (Chatbot): تور بېكەت ياكى ئۇچۇر پىروگراممىلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان پاراڭلىشىش ئۇسكۈنىلىرى زىيارەتچىلەر بىلەن ئاپتوماتىك پاراڭلىشالايدۇ. سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيدۇ ياكى مەلۇم ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەلۇم بىلوگ ياكى تور بېتىدە مەلۇم بىر تېمىدا پائالىيەت قىلىدىغان بىر ئاكتىۋىست تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار كودلانغان بوت ياردەمچىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئۇچۇر ئېلىشىنى قولايلاشتۇرالايدۇ.

سانلىق مەلۇمات توپلاش بوتلىرى: بوتلار ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدىن سانلىق مەلۇمات توپلاش ئارقىلىق بەزى يۈزلىنىش ۋە تېمىلارنى تەھلىل قىلالايدۇ. بۇ ئانالىزلار پائالىيەتچىلەرنىڭ ئىستراتېگىيەسىنى بەلگىلىشىگە ۋە تەشۋىقاتلىرىنى ئەلالاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

ئامانلىق ساقلاش بوتلىرى: يامان غەرەزلىك بوتلار تور ھۇجۇمى ياكى يامان غەرەزلىك يۇمشاق دېتاللارغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل بوتلار تورغا سىڭىپ كىرىش، ئەخلەت خەت ئەۋەتىش ياكى كىملىك ئوغرىلاش قاتارلىق زىيانلىق ھەرىكەتلەرنى قىلالايدۇ. بۇنىڭغا قارشى ئاق نىيەتلىك بوتلارنى كودلاپ، سىبىر ھۇجۇملاردىن ئالدىن سىگنال ئالغىلى ۋە سىبىر ھۇجۇملاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، بوتلارنى ئۈنۈملۈك ۋە توغرا مەقسەتتە ئىشلىتىش ئىنتايىن مۇھىم. يامان غەرەزدە ياكى پەرۋاسىزلارچە ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. خاتا ئۇچۇرلارنى تارقىتىش قاتارلىق زىيانلىق مەقسەتلەردە ئىشلىتىش كىشىنىڭ ئۆزىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن.

**خۇلاسە**

ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر – ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ياكى مەلۇم بىر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كوللېكتىپ ياكى يەككە ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئەنئەنىۋى ۋە يېڭى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر – يىغىلىش، نامايىش ۋە ئىش تاشلاش قاتارلىق بىۋاسىتە ھەرىكەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر 1968 - يىلدىكى فىرانسىيەدىكى ۋەقەلەرگە ئوخشاش تېخىمۇ كەڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى تەلەپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەتلەر ئادەتتە ياشلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچىلار توپىنىڭ قاتنىششى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ھازىرقى ئىجتىمائىي تەرتىپنى سوراش ۋە ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

كونا ۋە يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئاكتىيورلار، قىممەت قاراشلار، تېمىلار ۋە ھەرىكەت شەكلى جەھەتتىن ئېنىق پەرقلەر بار. ئاكتىيورلار تەرەپتىن ئېيتقاندا، كونا ھەرىكەتلەردە سىنىپ ۋە ئىقتىسادىي ئامىللار ئاساسىي رول ئوينىسا؛ يېڭى ھەرىكەتلەردە ياش، جۇغراپىيەلىك ئورۇن ۋە جىنسىيەت قاتارلىق ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكلەر تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. قىممەت قاراشلار جەھەتتىن ئېيتقاندا، كونا ھەرىكەتلەر ماددىي بايلىقلارنى كۆپەيتىش ۋە ئىستېمال ئەركىنلىكىنى تەكىتلىسە؛ يېڭى ھەرىكەتلەر شەخسىي كىملىك، شەخسىي

مۇستەقىللىق ۋە ئۆزىنى ئىپادىلەشنى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك دەپ قارايدۇ. تېما جەھەتتىن، كونا ھەرىكەتلەر ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ۋە تەقسىماتقا بەكرەك دىققەت قىلسا؛ يېڭى ھەرىكەتلەر تىنچلىق، كىشىلىك ھوقۇق، ئېكولوگىيە قاتارلىق ئۇنىۋېرسال تېمىلارغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەرىكەت شەكلى جەھەتتىن، كونا ھەرىكەتلەر جەمئىيەتنى مۇئەييەن ئىدىيەلەر ئاساسىدا قايتىدىن شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلسا؛ يېڭى ھەرىكەتلەر مەۋجۇت سىستېمىغا گۇمان بىلەن قاراپ، ئېنىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. يەنى، كونا ھەرىكەتلەر ئىدىيەۋى ئۆزگىرىشكە ئۇرۇنسا؛ يېڭى ھەرىكەتلەر رېئال ۋە قىسقا مۇددەتلىك مەسىلىلەرگە يۈزلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى پەرقلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر، كونا ھەرىكەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ قىرلىق، ئىندىۋىدۇئاللاشقان ۋە كونكرېت بولۇپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئېھتىياجلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ئىنتېرنېت ۋە يېڭى مېدىيا تېخنولوگىيەلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، رەقەملىك ئاكتىۋىزم شەكلىدە تېخىمۇ مول ۋە خىلمۇخىل ئىپادىلىنىش يوللىرىغا ئېرىشتى. بۇ جەرياندا، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەشكىللىنىش ئۇسۇلى، تەشۋىقات ۋاستىلىرى ۋە تەسىر دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى. نەتىجىدە، يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى جەلپ قىلىپ، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدىغان بولدى.

ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ داۋامى ياكى يېڭى شەكلى بولغان ئاكتىۋىزم بولسا، مەسىلە بار دەپ قارىغان مەلۇم بىر تېمىنى تۇتقا قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت بولۇپ، مەزكۇر ماقالىدە «ئەنئەنىۋى ۋە رەقەملىك ئاكتىۋىزم» دەپ ئىككىگە ئايرىپ تەھلىل قىلىندى. ئەنئەنىۋى ئاكتىۋىزم – يۇقىراۋى ئىنائەتسىزلىك، ئىش تاشلاش ۋە بايقۇت قىلىش قاتارلىق بىۋاسىتە ھەرىكەت شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىراۋى ئىنائەتسىزلىك قىلىشى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە ياكى قانۇنلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاممىۋى تەرتىپكە تىنچلىق بىلەن خىلاپلىق قىلىشنى، ئىش تاشلاش – ئىشچىلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى خىزمەت شارائىتى ياكى تېخىمۇ ياخشى ئىش ھەققى ئۈچۈن ئىشقا بېرىشنى رەت قىلىشنى، بايقۇت بولسا مەلۇم بىر مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەتنى ئىشلەتمەسلىك ئارقىلىق شىركەت ياكى ئورگاننىڭ سىياسىتىگە ئېتىراز بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

رەقەملىك ئاكتىۋىزم – ئىنتېرنېت ۋە رەقەملىك ئالاقە قوراللىرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە سىياسىي ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇ تەشۋىقاتى، توردا ئىمزا توپلاش، روبوتىۋىزم (روبوت ئاكتىۋىزمى)، خاككېرلىق (كومپيۇتېر خاككېرلىقى) قاتارلىق ھەر خىل تۈرلەر بار.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، كونا ۋە يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئەكس ئېتىشى بولۇپ، ئۇلار ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچلاردا كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەت، باراۋەرلىك ۋە ھوقۇق ئۈچۈن بولغان كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بولۇپمۇ رەقەملىك ئاكتىۋىزمنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئومۇملىششى بىلەن يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر تېخىمۇ كۆپ ئىمكانىيەتكە ئېرىشتى ۋە تەسىرى كۈچەيدى. كەلگۈسىدە، رەقەملىك تېخنولوگىيەنىڭ ئىزچىل تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ يېڭى قىياپەتلەردە ۋە يېڭى شەكىللەردە ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئىجتىمائىي

تەرەققىياتقا تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلار رەقەملىك تېخنىكىلارنىڭ فۇنكسىيەسىنى ياخشى ئىگىلەپ ئۈزلەشتۈرسە، كېتەرلىك تېخنىكىلىق ساۋاتلارنى پىششىق ئۆگەنسە، خەلقئارادا دىققەت قوزغاۋاتقان ئاكتىۋىستلارنىڭ ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلىرىنى يېقىندىن كۆزەتسە، ئۆزى ئوتتۇرىغا قويماقچى، دىققەتكە تارتماقچى، ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەرىكەت لايىھەسى بىلەن باشلىسا ئۈنۈمگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن. يۇقىرىدا ئۇيغۇر داۋاسىنى خەلقئارا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش ۋە كۈنتەرتىپتە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلىشقا تېگىشلىك ئۇسۇل ۋە تەۋسىيەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قەرەللىك ھالدا ئىجتىمائىي ئالاقە كامپانىيەلىرىنى تەشكىللەش، قىسقا فىلىم ئىشلەش مۇسابىقىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، كۆرۈنۈشلۈك مەزمۇنلارغا ئەھمىيەت بېرىش، رەقەملىك ئىمزا كامپانىيەلىرى، رەقەملىك نامايىش، رەقەملىك قارشى تەشۋىقات ۋە روبوت ۋە سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىش قاتارلىقلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى. رەقەملىك ئۇسكۈنىلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە فۇنكسىيەسىگە ماس ھالدا، مەقسەتنى چۆرىدىگەن ئاساستا يېڭى - يېڭى مېتود ۋە تاكتىكىلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا بولىدۇ.

ئەمما، رەقەملىك ئاكتىۋىزمنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا يەنە بىر قاتار مەسىلىلەرگىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن، خاتا ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىشى، شەخسىي مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىشى، قانۇنغا خىلاپ بەزى ئاكتىۋىزم ھەرىكەتلىرى قاتارلىقلار. بۇ مەسىلىلەر ھەل قىلىنمىسا، رەقەملىك ئاكتىۋىزمدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قىيىن.

**ئىزاھاتلار:**

[1] Manuel Castells, İsyan ve Umut Ağları İnternet Çağında Toplumsal Hareketler. (E. Kı-lıç, Çev.) Koç İstanbul: Koç Üniversitesi Yayınları. ,2013: 25-26

[2] Jürgen Habermas, “New Social Movements,” Telos, 49, 1981: 33-37

[3] Claus Offe, “Yeni Sosyal Hareketler: Kurumsal Politikanın Sınırlarının Zorlanması,” içinde Yeni Sosyal Hareketler, der. Kenan Çayır , İstanbul: Kaknüs Yayınları, 1999: .15-17

[4] Zafer Yenal ve Cengiz B. Kırlı, “Distopyalar ve Ütopyalar Arasında Karşı .Küreselleşme Hareketleri,” Karşı Küreselleşme Hareketleri 1, 197, 2015: 10-17

[5] Yedekçi, Erdem. Yeni toplumsal hareketler ve “bir araya gelmenin koreografisi” .bağla-mında video aktivizm. Türkiye İletişim Araştırmaları Dergisi, 2018: 55-74

[6] Kezban Karagöz . Yeni Medya Çağında Dönüşen Toplumsal Hareketler Ve Dijital Ak-tivizm Hareketleri. İletişim ve Diplomasi, 1, 131-157. 2013: 134

[7] Alain Touraine, Modernliğin Eleştirisi, çev. Hülya Tufan (İstanbul: Yapı Kredi Yayınları, 2002: 204-276

[8] Gülçin E. Lelandais, “Sosyal Hareketler Teorileri ve Küreselleşme,” içinde Yeni Toplum-sal Hareketler Küreselleşme Çağında Toplumsal Muhalefet, der. Barış .Çoban (İstanbul: Kalkedon Yayınları, 2009: 65-67

[9] Claus Offe, New Social Movements: Challenging the Boundaries of Institutional .Poli-tics. Social Research, (1985). 52(4), 817-868

[10] Tuncay Önder: Ekoloji, Toplum ve Siyaset, Ankara, Odak Yayınevi. 2003: 34-35

[11] Güher Dündar Öztür, Berkant Yılmaz ve Taala Oskay, "Dijital Ortamda Aktivizm: On-line İmza Kampanyalarına Katılım Davranışlarının İncelenmesi (Kocaeli Üniversitesi İle-tişim Fakültesi Öğrencileri Üzerine Bir Araştırma)", E-Journal of Intermadia, ,(2015). s. 481-504. S. 487

[12] Emet Gürel, Azra Nazlı, "Dijital Aktivizm: Change.org Kampanyaları Üzerine Bir Ana-liz", Anadolu Üniversitesi Sosyal Bilimler Dergisi, Cilt/Vol.: 19 - Sayı/No: 4 (187-206), s.189

[13] Sert, Nuray. "Online Aktivizm Araçları Yoluyla Oluşturulan Etkilerin Metafor Kullanı-larak Açıklanması", Akdeniz Üniversitesi İletişim Fakültesi Dergisi, (2012), Sayı 17, s. 126-140. S. 127

[14] Yakup Coşar, "Kavram ve eylem olarak sivil itaatsizlik", Varlık Dergisi, Sayı 1074 .(1 Mart 1997), s.2-7 ve Hayrettin Ökçesiz s.114-129

[15] JoseBove ve GillesLuneau, Sivil İtaatsizliğe Çağrı, Çev. Işık Ergüden, İletişim .Yayınları, İstanbul, 2006, s. 168

[16] Özel, A. (2014), "Halkla İlişkiler ve Aktivizm İlişkisine Kuramsal Bir Yaklaşım", Halk-la İlişkilerde Yeni Yaklaşımlar, İstanbul, Paradigma Akademi Yayınları, s.39-63. s. 42

[17] Chang, Andrea."Patagonia shows corporate activism is simpler than it looks". Los ..(An-geles Times (2021-05-09

[18] Çoban, S. & İnceoğlu, Y. (2015). İnternet ve Sokak. İstanbul: Ayrıntı, s.15

[19] Haldun Narmanlıoğlu, "İnternet Aktivizmi ve Miskin Eylemcilik Üzerine Bir .Araştırma," Tarih Okulu Dergisi 9,25 (2016): 446

[20] Gürel, E., & Nazlı, A.: Dijital aktivizm: Change.org kampanyaları üzerine bir analiz. .Anadolu Üniversitesi Sosyal Bilimler Dergisi, (2019). 19(4), 187-206

[21] Pınar Demirkıran, "Hacktivizm," içinde Hack Kültürü ve Hacktivizm: Yeni Bir Siyaset Biçimi, Hacktivizm der. Yetkin Sal ve Ali Rıza Keleş (Ankara: Alternatif .Bilişim, 2013: 27-28

[22] Krapp, Peter: "Terror and Play or What Was Hacktivism? Grey Room" MIT Press. ((2005

[23] Demirkan, Pınar. Hack Kültürü ve Hacktivizm: Yeni bir Siyaset Biçimi. (Der. Ali .Rıza Keleş) Alternatif Bilişim. 2013

[24] Durmuş Gökhan Turhan, Dijital Aktivizm, Süleyman Demirel Üniversitesi Sosyal Bi-limler Enstitüsü Dergisi Yıl: 2017/1, Sayı:26, s.26-44

[25] Ali vd. (2018) Dijital Aktivizm Bağlamında Artvin Cerattepe Olayları Üzerine Bir İçerik Analizi. Akdeniz Üniversitesi İletişim Fakültesi Dergisi, (AKİL) Kasım (30) s. 57-76

[26] Kavada, Anastasia. Activism Decoded The New Mechanics of Change. International Debate Education Association. (Derleyen Mary Joyce) 2010. S. 114-117

[27] :Yüksel, O. (2013, 5 Temmuz). Arap Baharı ve Sosyal Medya. Erişim adresi
[28] (https://sopa.tulane.edu/blog/decentralized-social-networks (2024.03.12
[29] (https://www.dictionary.com/browse/activism (2024.03.24
[30] (https://boingboing.net/2010/07/06/us-army-manning-wont.html (2024.03.21
[31] (https://www.change.org/ (2024.03.21
[32] (https://imza.la/ (2024.03.21
[33] https://politikakademi.org/2013/07/arap-bahari-ve-sosyal-medya
[34] https://www.journalofdemocracy.org/articles/the-upheavals-in-egypt-and-(tunisia-the-role-of-digital-media/ (2024.03.27
[35] (https://www.cnnturk.com/guncel/10-soruda-wall-streeti-isgal-et (2024.04.03
[36] https://www.cumhuriyet.com.tr/haber/gezi-parki-icin-24-saatte-2-milyon-(tweet-425638 (2024.04.05
[37] https://abcnews.go.com/International/social-media-information-war-israel-(hamas-conflict/story?id=104845039 (2024.04.08
[38] https://www.atlanticcouncil.org/content-series/the-big-story/distortion-by-design-how-social-media-platforms-shaped-our-initial-understanding-of-the-(israel-hamas-conflict/ (2024.04.08
[39] https://www.hrw.org/report/2023/12/21/metas-broken-promises/systemic-(censorship-palestine-content-instagram-and (2024.04.08
[40] https://www.theguardian.com/technology/2023/nov/21/techscape-israel-gaza-(war-social-media-content-censorship (2024.04.08
[41] https://www.atlanticcouncil.org/content-series/the-big-story/distortion-by-design-how-social-media-platforms-shaped-our-initial-understanding-of-the-(israel-hamas-conflict/ (2024.04.08
[42] https://www.hrw.org/report/2023/12/21/metas-broken-promises/systemic-(censorship-palestine-content-instagram-and (2024.04.11
[42] https://www.theguardian.com/technology/2023/nov/21/techscape-israel-gaza-(war-social-media-content-censorship (2024.04.11
[43] https://www.dw.com/tr/uygurlar-%C3%A7ine-kar%C5%9F%C4%B1-sosyal-(medya-kampanyas%C4%B1-ba%C5%9Flatt%C4%B1/a-47496753 (2024.04.02
[44] https://uhrp.org/report/uhrp-explainer-uyghur-activists-ask-world-hearuyghurs/((2024.04.01
[45] https://www.change.org/p/stand-up-for-the-uyghur-muslims-in-china-(antonioguterres-amnesty-un (2024.04.01
[46] (https://petition.parliament.uk/petitions?page=1&q=china&state=all (2024.04.01
[47] https://our.actionstation.org.nz/petitions/open-letter-let-s-show-compassion-to-(the-uyghur-community (2024.04.05

*بۇ ماقالىنى ئۆمەر ئىمىن تەھرىرلىدى.*

14

# بىز نەدە ئىدۇق، نەگە كېلىپ قالدۇق، نېمە قىلىشىمىز كېرەك

مۇھەممەد يۈسۈپ

شەك - شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنى خار - زەبۇنلۇققا خاتىمە بېرىش دىنىدۇر. بۇ ھەقىقەتلەرنى بىز سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن، ساھابىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن ۋە ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرىتىدىن كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز.

**بىز نەدە ئىدۇق؟**

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿**بىز سېنى پەقەت ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق**﴾[1] دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇئمىنلەرگە ﴿**(دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن) ئۇلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر**﴾[2] دەپ كۆچىيىشكە، قۇدرەت تېپىشقا بۇيرۇغان. «رەھمەت» كەلىمىسى «كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق، ياخشىلىق قىلىش، رەھىم - شەپقەت قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ دىن رەھىم - شەپقەت ۋە ياخشىلىق قىلىشنى تەرغىب قىلىدىغان، زۇلۇم قىلىشقا ۋە مەزلۇم بولۇشقا يول قويمايدىغان ئادالەت دىنىدۇر. ئاللاھ تائالا كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن غەلىبىنى ئىمانىغا باغلاپ: ﴿**غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپتۇر**﴾ دېگەن.

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 107 - ئايەت.
[2] ئەنفال سۈرىسى 60 - ئايەت.

بىزنىڭ دىنىمىز مۇسۇلمانلارنى كۈچلۈك بولۇشقا، بىر قولدا قۇرئان، يەنە بىر قولدا قىلىچ تۇتۇپ كۈرەش قىلىشقا بۇيرۇغان دىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىقتۇر. ھەممىسىدە ياخشىلىق بار» دېگەن ھەدىسىمۇ مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى قانۇنى بار بولۇپ، بىرى، تەبىئەت قانۇنى؛ يەنە بىرى، شەرىئەت قانۇنىدۇر. تەبىئەت قانۇنى ـ ئاللاھ تائالانىڭ تەبىئەتكە بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ سىر - ئەسرارلىرىنى ئىنسانىيەت پەقەت تەپەككۇر بىلەن يېشىدۇ ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن روياپقا چىقىرىدۇ. بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلغانلار قايسى مىللەتتىن ۋە قانداق دىندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۆلىگەن بەدەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلەيدۇ. بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلغانلار مۇشۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا ھەر خىل بەختسىزلىكلەرگە ئۇچراش ئارقىلىق قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. شەرىئەت ـ قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ياكى سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن بەلگىلەنگەن ئەھكاملىرى بولۇپ، بۇ «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئىككى سۆزگە مەركەزلىشىدۇ. شەرىئەتتە «قىل» دەپ بۇيرۇلغان ئىشلارنى مۇكەممەل ئورۇنداش، «قىلما» دەپ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىق ھەربىر مۇئمىن، مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. شەرىئەتكە ئەمەل قىلغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە تارتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرگەن بولۇپ، بىر تەرەپتىن، مۇسۇلمانلارنى ئىمان ۋە ئەخلاق جەھەتتىن يېتىشتۈرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنى كۈچ - قۇۋۋەت جەھەتتىن يېتىشتۈرگەن. نەتىجىدە، چارەك ئەسىرگىمۇ يەتمەيدىغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىسلام دىنىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئومۇملاشتۇرۇپ بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن خەلىپىلەر ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ توختىماي ئىلگىرىلەش ۋە كۈچىيىش نەتىجىسىدە شۇ ۋاقىتتا دۇنيانى تىترىتىدىغان ئەڭ كۈچلۈك رىم ۋە پارس ئىمپېرىيەلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپاغا سوزۇلغان، ئادالەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن سەۋەب قىلىش ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەن ۋە بارلىق ئىشلىرىنى مۇشۇ مەپكۇرىگە ئاساسەن يۈرگۈزگەن. چۈنكى، ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىش ئىمكانىيەت يارىتىش دېمەكتۇر. ئاددىي بىر دېھقاننىڭ ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشى ئالدى بىلەن يەرگە ئۇرۇقنى سېلىپ، سۇغىرىپ، يېتەرلىك پەرۋىشلەرنى تولۇق قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋەب بىلەن تەۋەككۇلنى بىرلەشتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭگە مەنپەئەتلىك ئىشقا تىرىشقىن ۋە ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن». بۇ ھەدىستىكى «ئۆزۈڭگە مەنپەئەتلىك ئىشقا تىرىشقىن» دېگەن جۈملە «مەيلى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك بولسۇن، ئۆزۈڭگە پايدىلىق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قولۇڭدىن كېلىدىغانلىكى سەۋەبنىڭ ھەممىنى قىلغىن؛ نىيىتىڭدە، ھىممىتىڭدە، ئىش - ھەرىكىتىڭدە ۋە تەدبىرلىرىڭدە ئاكتىپ ۋە جىددىي بولغىن» دېگەننى ئىپادىلىسە؛ «ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن» دېگەن جۈملە «ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە ۋە ساڭا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا چىن دىلىڭدىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا تايانغىن، ئىشىڭنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغىن» دېگەنلىكتۇر.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامدىن: «ئاۋۋال تۆگەمنى باغلاپ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلايمۇ ياكى تۆگەمنى قويۇپ بېرىپ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلايمۇ؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاۋۋال تۆگەڭنى باغلىغىن، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن» دېگەن. سەۋەب قىلىش بىلەن بىللە ئاللاھقا تايىنىش ھەقىقىي مۆئمىنلىكتۇر.

ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ئىلىملەر «دىنىي ئىلىم»، «پەننىي ئىلىم» دەپ ئايرىلمايتتى. ئۆز ۋاقتىدا جابىر ئىبنى ھەييان، ئەبۇ بەكرى رازىي، بىرۇنى، خارەزمى، فارابى ئىبنى رۇشد، ئىبنى ھەيسەم، ئىبنى سىنا قاتارلىق ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ھەربىرى دىندا ئالىم بولغاندىن سىرت، پەلسەپە، مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە، فىزىكا، بىيولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردىمۇ ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ نۇرغۇنلىغان ئىلىملەرنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسلىرىنى سېلىپ بەرگەن ئىدى. دېمەك، ئۇلار ئىلىمنى دىنىي ئىلىم، پەننىي ئىلىم ياكى دۇنيالىق ئىلىم، ئاخىرەتلىك ئىلىم دەپ ئايرىمىغان، بەلكى ھەممىنى ئوقۇغان ۋە ھەممىگە كۆڭۈل بۆلگەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى دوختۇرخانىسى مىلادىيە 706 - يىلى ئۇمەييىدلەر خەلىپىسى ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك دەۋرىدە دەمەشقتە سېلىنغان بولۇپ، «بىمارىستان» دەپ ئاتالغان. ئەنگلىيەدە بولسا تۇنجى دوختۇرخانا 14 - ئەسىردە بارلىققا كەلگەن.

مۇسۇلمانلار مىلادىيە 707 - يىلى دەمەشقتە تۇنجى ئاق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنى سالغان بولسا، ياۋروپادا 1313 - يىلى پادىشاھ فىلىپ دەۋرىدە ئاق كېسەللەرنى بىر يەرگە يىغىپ، كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە قارار چىقىرىلغان ئىكەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئاق كېسەللەر ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە دۆلەتكە شۇملۇق كەلتۈرىدىغان ئاپەتلەر دەپ سانىلىدىكەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى ئۇنىۋېرسىتېتى مىلادىيە 737 - يىلى تۇنىس شەھرىدە قۇرۇلغان «زەيتۇنە ئۇنىۋېرسىتېتى» بولۇپ، ھازىرمۇ شۇ ئىسىم بىلەن داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مىلادىيە 830 - يىلى باغداد شەھرىدە بەيتۇلھېكمەت بىلىمگاھى، 859 - يىلى ماراكەشتە قەرەۋىيىن ئۇنىۋېرسىتېتى، 970 - يىلى قاھىرەدە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغان. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلار ھازىرمۇ مۇشۇ ئىسىملار بىلەن داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ياۋروپادا تۇنجى قۇرۇلغان ئۇنىۋېرسىتېت 1090 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، پادىشاھ رۇجېر II مۇسۇلمانلاردىن ئىلھاملىنىپ قۇرۇپ چىققان ئىكەن. ئاندىن 1222 - يىلى ئىتالىيەدە بادۇۋا ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغان ئىكەن.

مۇسۇلمانلار مىلادىيە 751 - يىلى تالاس (ھازىرقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جامبۇل ۋىلايىتى تاراز شەھرى) ئۇرۇشىدا خىتايلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇشقا قاتناشقان ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن قەغەز ئىشلەپچىقىرىش سەنئىتىنى ئۆگىنىۋېلىپ، سەمەرقەند شەھرىدە تۇنجى قەغەز زاۋۇتىنى قۇرغان.

مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى باسمىخانىسى مىلادىيە 900 - يىلى باغدادتا بارلىققا كەلگەن. ئاندىن دەمەشق، ماراكەش، ئەندەلۇس قاتارلىق جايلاردا باسمىخانىلار ۋە كۇتۇپخانىلار قۇرۇلغان بولسا، بۇ تەرەققىياتنى مۇسۇلمانلار ياۋروپاغا 13 - ئەسىردە ئېلىپ بارغان.

10 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسپانىيە (ئەندەلۇس) تىكى قۇرتۇبە (كوردوبا Córdoba)

شەھىردە 700 مەسچىت، 60 مىڭ ساراي، 70 كىتابخانا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ كىتابخانىلاردا 600 مىڭدىن كۆپرەك كىتاب قويۇلغان. شۇ ۋاقىتتا قاھىرە كىتابخانىلىرىدا ئىككى مىليوندىن ئارتۇق كىتاب قويۇلغان ئىكەن.

ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئىزنالىرى ئىسپانىيەدە ھازىرمۇ ئۆزىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. ھازىرمۇ ھەر كۈنى مىڭلىغان ساياھەتچىلەر مەزكۇر جايلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ.

جابىر ئىبنى ھەييان (721 ـ 815) شام دىيارىنىڭ شەرقىدە دۇنياغا كەلگەن مۇسۇلمان ئەرەب ئالىمى. خىمىيەدە «دۇنيانىڭ ئۇستازى» دەپ نامى بار. خىمىيەدىن باشقا يەنە پەلسەپە، ئاسترونومىيە، تېبابەت قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنىڭ تۇنجى نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. جابىر ئىبنى ھەييان دۇنيا تارىخىدا تۇنجى قېتىم خىمىيەنى قوللانغان ئالىم ھېسابلىنىدۇ.

ئەبۇ بەكرى رازىي (865 ـ 925) ئارىستوتىل ۋە گالىنۇس قاتارلىقلارنىڭ «ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىنىڭ تۈزۈلۈشى» ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرىنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان ئىرانلىق مۇسۇلمان ئالىم. پەلسەپە، مەنتىق، خىمىيە، ئاسترونومىيە، ئەرەب ئەدەبىياتى، ماتېماتىكا قاتارلىق ساھەلەردە نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان. ئۇنىڭ مەشھۇر كىتابلىرىدىن بىرى «تارىخى تېب» (تېبابەت تارىخى) دېگەن كىتابىدۇر.

ھەسەن ئىبنى ھەيسەم (965 ـ 1040) مېدىتسىنا، فىزىكا، ئاسترونومىيە، پەلسەپە، كۆز دوختۇرلۇقى ساھەسىدە دۇنياغا تونۇلغان ۋە دۇنيادا تۇنجى قېتىم كۆز ئوپېراتسىيەسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان مۇسۇلمان ئالىم.

ئىبنى سىنا (980 ـ 1037) دۇنيادا مېدىتسىنا ساھەسىدە تۇنجى قېتىم كىتاب يازغان مۇسۇلمان ئالىمى. ئۇنىڭ «ئەلقانۇن فىتتىب» (تېبابەت قانۇنلىرى) دېگەن كىتابى 12 - ئەسىردە ئەرەبچىدىن لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان. دۇنيانىڭ ئەڭ مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە دەرسلىك قىلىنغان، شۇنداقلا مېدىتسىنا ساھەسىدە ئاساسىي قوللانما بولۇپ كەلگەن.

ئىبنى رۇشد (1126 ـ 1198) ئەندەلۇستا دۇنياغا كەلگەن مۇسۇلمان ئەرەب ئالىمى بولۇپ، پەلسەپە، فىزىكا، تېبابەت، تىل - ئەدەبىيات، فىقھ، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەردە مۇكەممەل يېتىشكەن ۋە دۇنياغا تونۇلغان. مەزكۇر پەنلەرنىڭ ھەممىسىدە كىتاب يازغان بولۇپ، كىتابلىرىنىڭ سانى 58 پارچىغا يەتكەن. ياۋروپادا «كۇللىياتى فىتتىب» (تېبابەت ئاساسلىرى) ناملىق كىتابى، ئىسلام دۇنياسىدا «بىدايەتۇل مۇجتەھىد ۋە نىھايەتۇل مۇقتەسىد» ناملىق كىتابى مەشھۇردۇر.

فارابى (874 ـ 950) پەلسەپە، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، مەنتىق، مۇزىكا، مېدىتسىنا، مېتافىزىكا قاتارلىق ساھەلەردە تونۇلغان، مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئالىمى. ئارىستوتىلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دېگەن نامغا نائىل بولغان مەشھۇر ئالىم.

بىرۇنى (973 ـ 1048) پەلسەپە، مېدىتسىنا، ئاسترونومىيە، دورىگەرلىك، گېئولوگىيە، ماتېماتىكا، خىمىيە، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق ساھەلەردە مۇكەممەل يېتىشكەن، مۇسۇلمان ئالىمى. «يەر شارى ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ» دېگەن نەزەرىيەنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ ماۋزۇدا 120 بەتلىك كىتاب يازغان كىشى.

مەھمۇد كاشغەرىي (1008 ـ 1105) ئۇيغۇرلاردىن چىققان بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىك ئالىم،

سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى، دۇنياغا داڭلىق مەشھۇر ئەسەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) نىڭ مۇئەللىپى. ئالىم بۇ ئەسىرىنى 1072 – 1074 - يىللىرى ئارىسىدا ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداد شەھىرىدە تاماملىغان ۋە خەلىپە مۇھەممەد ئەلمۇقتەدى بىئەمرۇللاغا ھەدىيە قىلغان. ئۇلۇغ ئالىمنىڭ بۇ ئالەمشۇمۇل تۆھپىسى ئۈچۈن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 2008 - يىلىنى «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» قىلىپ بېكىتكەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019 – 1085) قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇر، تالانتلىق ئەدىب ۋە شائىر. بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنياغا داڭلىق مەشھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»نى مىلادىيە 1069 - يىلى قەشقەردە تاماملاپ، قاراخانىيلار خانى ھەسەن بۇغراخانغا ھەدىيە قىلغان. قاراخانىيلار خانى بۇ ئەسەرگە يۈكسەك باھا بېرىپ، مۇئەللىپكە «خاس ھاجىپ» ئۇنۋانىنى بەرگەن. شۇنىمۇ جەزملەشتۈرەلەيمىزكى، ھەسەن بۇغراخان ھاكىمىيەت بېشىدا 40 يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ، قاراخانىيلار تارىخىدا ئەڭ ئۇزۇن ھۆكۈمران بولۇشىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپىۋىلىككە تويۇنغان بۈيۈك دېداكتىك ئەسىرىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان.

## نەگە كېلىپ قالدۇق؟

ئاللاھ تائالا بىزگە: «(دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن) ئۇلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر» دەپ بۇيرۇغان. ئايەتتىكى «دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر» دېگەننىڭ مەنىسى: «سىلەر كۈچلۈك، قۇدرەتلىك بولساڭلارلا، سىلەرگە خىرىس قىلماقچى بولغانلار ياكى زۇلۇم قىلماقچى بولغانلار سىلەردىن ئەيمىنىپ چېقىلالمايدۇ» دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبىرىمىز ۋە ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كۆرسەتمىسىنىڭ مەنىسىنى ئوبدان چۈشەنگەن ۋە تولۇق ئەمەل قىلغان. ئۇلار شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ كۈچلۈك قورallىرى بىلەن قوراللانغان. شۇڭا، ئۇلار ئۈچ قىتئەدە ئىسلام بايرىقىنى لەپىلدەتكەن. ھازىرقى دەۋردە كۈچ - قۇۋۋەت پەقەت ئىلىم - پەن بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئايەتتىكى «كۈچ» دېگەن سۆز ھەرقانداق ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچنى كۆرسىتىدۇ. ئەپسۇسكى، بىز مۇسۇلمانلار 16 - ئەسىردىن كېيىن تەركىدۇنيالىق سەپسەتىسىگە ئىشىنىپ كېتىپ، ئىلىمنى «دىنىي ئىلىم ۋە پەننىي ئىلىم» ياكى «ئاخىرەتلىك ئىلىم ۋە دۇنيالىق ئىلىم» دەپ ئايرىۋالغاندىن باشقا، ئىلىم - پەننىڭ رېئاللىقتىكى رولىغا، ئەھمىيىتىگە سەل قارىغانلىقىمىزدىن «قوغلايدىغان»، «قورقۇتىدىغان» قوۋمدىن «قاچىدىغان»، «قورقىدىغان» ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدۇق.

دىنىمىز ھاياتلىقنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى غەيرىي مۇسۇلمان بولسۇن، خاتىرجەم ياشىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان؛ ئىلىم - پەنگە، تەرەققىياتقا رىغبەتلەندۈرىدىغان مۇكەممەل دىندۇر. بىز قاچانكى دىنىمىزنىڭ قىممەت قاراشلىرىدىن يىراقلاشتۇق، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇستەملىكىلىك، خار - زەبۇنلۇق، ئاجىزلىق، ئېزىلىش، ھەق - ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قېلىش، باشقىلارنىڭ ئەندىزىسىدە ياشاشقا مەجبۇر

بولـۇش قاتارلـىق بەختسـىزلىكلەرگە مۇپتىـلا بولـدۇق.

11 - ئەسـىردە يېزىلغـان، ئۆلىمـالار ھەممـە ئىلىمنـى ئـۆز ئىچىگـە ئالغـان مۇكەممـەل كىتـاب دەپ تەرىپلىگـەن «ئىھيائـۇل ئۇلۇمىددىـن» (دىنىي ئىلىملەرنـى ئىھيـا قىلىـش) دېگـەن كىلاسسـىك ئەسـەرنىڭ بىرىنچى بابـىلا «مـال - دۇنياغـا بېرىلىشـنىڭ يامانلىقى» دەپ باشـلانغان. ۋاھالەنكى، ئاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە مـال - دۇنيانـى «خەيـر» دەپ ئاتىغـان. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام: «خەيرلىـك مـال - دۇنيـا ياخشـى ئـادەم ئۈچـۈن نېمىدېگـەن ياخشـى» دەپ ماختىغـان تۇرسـا، بىزنىـڭ ئۆلىمالىرىمىز بولسـا ئۇنـى يامـان كۆرسىتىشـكە ئۇرۇنسـا، ئـۇ چاغـدا بـۇ ئۇممەتنىـڭ ھالـى نېمـە بولماقچىتـى؟!

ئاسـترونومىيە ئىلمىگـە غايـەت زور تۆھپـە قوشـقان بۈيـۈك ئالـىم مىـرزا ئۇلۇغبېـك «مۇرتـەد» دېيىلىـپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكـى؛ ھاياتىنـى خەلقىمىزنـى جاھالەتتىـن قۇتۇلـدۇرۇش يولىغـا بېغىشـلىغان بۈيـۈك مائارىپچـى ئابدۇقادىـر داموللام باشـلىغان ئاقارتىـش ھەرىكىتىنـى «جەدىدىـزم» دېگـەن پىتنـە بىلـەن قارىـلاپ، مەرھـۇم ئالىمنـى سۈيىقەسـت بىلـەن قەتـل قىلىشـى جاھالەتچىلىكنىـڭ تىپىـك مىسـاللىرىدۇر.

قاراخانىيلارنىـڭ قۇرغۇچىلـىرى بولغـان ئۇيغـۇرلار 960 - يىلـى ئىسـلام دىنىنـى رەسـمىي دۆلـەت دىنـى قىلىـپ بېكىتكـەن. شـۇنىڭدىن كېيىـن ئۇيغـۇر ئىسـلام مەدەنىيىتـى جـۇش ئـۇرۇپ راۋاجلانغـان.

يۈسـۈپ خـاس ھاجىـپ بولسـا ئىسـلام ئىدېئولوگىيەسـى، ئىسـلام ئەخلاقـى ۋە ئىسـلام پىرىنسـىپلىرىنى ئـۆز ئىچىگـە ئالغـان مۇكەممـەل بەخـت - سـائادەت ئاچقۇچىنـى قالـدۇرۇپ كەتكـەن. «قۇتادغۇبىلىـك» ئائىلـە نىزامنامىسـىدىن دۆلـەت تۈزۈمىگىچىلىـك بولغـان كـەڭ سـاھە بويىچـە ئىنسـانىيەتكە زۆرۈر بولغـان بىلىملەرنىـڭ ھەممىسـىنى ئـۆز ئىچىگـە ئالغـان.

بىـز ئىسـلامنى توغـرا چۈشـىنىپ، ئىسـلام بويىچـە ياشـاپ ئەزىزلىككـە ئېرىشـكەن ئىـدۇق. ئەجدادلىرىمىزنىـڭ يولىدىـن چىقىـپ كەتكەندىـن كېيىـن، بىزدىكـى ئەزىزلىـك خارلىققـا، مۇستەقىللىق بېقىندىلىققا، كـۈچ - قـۇدرەت ئاجىزلىققـا ئايلىنىـپ قالـدى. بارچـە ئىسلام ئەللىرى ھـەر خىـل شـەكىلدىكى مۇستەملىكىلەرگە ئۇچرىغانـدەك، بىزمـۇ ئـۇزۇن مەزگىـل موڭغـۇل، مانجـۇ ۋە خىتايلارنىـڭ مۇستەملىكىسـىدە قالـدۇق.

### ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟

1. ئالـدى بىلـەن ئەقىدىمىزنى، ئەخلاقىمىزنـى ئىسلاھ قىلىشـىمىز كېـرەك. بـۇ ئىـش قۇرئـان ۋە ھەدىسكە مۇراجىئـەت قىلىش، بـۇ ئىككىسـىنىڭ روھـى بىلـەن ۋۇجۇدقـا چىقىدۇ.

2. ھەرقايىسـى ئىلـىم سـاھەلىرىدە، يەنـى دەۋرىمىـز تەقـەززا قىلىۋاتقـان ھـەر سـاھەدە كۈچلىنىشـىمىز كېـرەك. چۈنكـى، بېشـىمىزغا كەلگـەن كۈلپەتلەرنىـڭ ھەممىسـى مائارىپنـى يەككـە لىنىيـە بويىچـە يۈرگۈزگەنلىكىمـىز سـەۋەبىدىندۇر.

3. ھازىرقـى پەيتتـە مۇسـۇلمانلارنىڭ، خۇسۇسـەن، بىـز ئۇيغۇرلارنىـڭ پـەن - تېخنىـكا ئىگىلىشـىمىز تەپسـىر، ھەدىـس ۋە فىقھـى ئوقۇغانغـا ئوخشـاش زۆرۈر ۋە مۇھىمـدۇر. شـۇڭا، پەرزەنتلىرىمىزنـى ھـەم دىنـدا، ھـەم پەنـدە ئوقۇتۇشـىمىز لازىـم.

4. بىـز ئانـا ۋەتەندىكـى «مەكتـەپ» ئۇقۇمـى بىلـەن تۈركىيەدىكـى ۋە باشـقا دۆلەتلەردىكـى

«مەكتەپ» ئۇقۇمىنى ئايرىۋېلىشىمىز لازىم. ئانا ۋەتەندە «مەكتەپ» دېيىلگەن ھامان ئاتېئىزمچىلارنىڭ ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئورگان ئېسىمىزگە كېلىدۇ. ئەمما، تۈركىيەدە ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىدە «مەكتەپ» ھەم پەننىي، ھەم دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان ئورگاندۇر. شۇڭا، بالىلار دىپلوم بېرىدىغان مۇنتىزىم مەكتەپلەردە ئوقۇشى لازىم. ئىلىم بىر قورال، دىپلومىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر قورال. ھازىر دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە مۇشۇ ئىككى قورال بىلەن دىنىمىزغا، ۋەتىنىمىزگە خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئىلىم بولمىسا زادى بولمايدۇ؛ ئىلىم بولۇپ، دىپلوم بولمىسا يەنە بولمايدۇ. چۈنكى، دىپلوم بولمىسا، شۇ ئىلىمنى ئۆگىتىش ئۈچۈن سەھنە ھازىرلىغىلى بولمايدۇ. ھازىرقى دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئىلمىي قۇۋۋىتى قولىدىكى دىپلوم ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ ۋە ئىسپاتلىنىدۇ. دىپلومى بولمىسا، ئىلمىي ساھەدە ئىش قىلغىلى قويمايدۇ.

5. ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى كىتابى بار بولۇپ، بىرى «قۇرئان كەرىم»، يەنە بىرى «تەبىئەت»تۇر. بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەر ئىككى كىتابىنى ئوقۇشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان» ناملىق كىتابىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئەقىدىمىزنى ۋە ئەخلاقىمىزنى توغرىلىساق، «تەبىئەت» ناملىق كىتابىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى بىلىشكە قادىر بولىمىز. ئاللاھ تائالانىڭ «تەبىئەت» ناملىق كىتابىنى ئوقۇغان ئالىم بىر تال قار دانچىسىدا ئىلاھىي سەنئەتنى، مۇكەممەل لايىھەلەنگەن گۈزەللىكنى كۆرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ماھارىتىنى ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما، شەيئىلەرگە يۈزەكى باقىدىغان ئالىم قار دانچىسىنى «مۇزلىغان سۇ» دەپلا كۆرىدۇ.

ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ ھېربېرت سپېنسېر مۇنداق دېگەن: «تەبىئىي پەن ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىشمۇ ئىبادەتتۇر. چۈنكى، تەبىئىي پەن ئىلىملىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش – بىز سىرلىرىغا يېتىپ بولالماي جاپا چېكىۋاتقان ۋە ئاستا - ئاستا بىلىۋاتقان شەيئىلەرنىڭ نەقەدەر ئېسىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاندىن ئۇلارنى ياراتقان زاتنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇش دېمەكتۇر. بۇ ئاغزاكى زىكىر ئەمەس، ئەمەلىي زىكىردۇر. بىر تامچە سۇنى كۆرگەن ئالىم ئۇنىڭ مەلۇم نىسبەتتە ئوكسىگېن بىلەن ھىدروگېندىن تەركىب تاپقان سۇ ئىكەنلىكىنى، ناۋادا ئۇ سۇ ئاشۇ نورماللىقىدىن ئۆزگىرىپلا كەتسە، سۇ ئەمەس، باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە ھېكمەت بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ» .

*بۇ ماقالىنى ئابدۇرېشىت نىياز تەھرىرلىدى.*

15

# ۋەتەنپەرۋەرلىك – ئادىمىلىكنىڭ نامايەندىسىدۇر

مۇھەممەد يۈسۈپ

ۋەتەن سۆيگۈسى – ئەڭ تەبىئىي، ئەڭ سەممىي ۋە مۇقەددەستۇر. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا ئازاب، ئىزتىراپ چېكىدۇ، سېغىنىش پىراقلىرىدا پۇچلىنىدۇ.

بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دېگەن:

*سۆيگۈڭنى بەر پەقەت تۇنجى يۇرتۇڭغا،*
*تۇنجىسى ھەقىقىي سۆيگۈدۇر ھاي - ھاي.*
*يىگىتلەر ھەر جايغا كۆنۈپ قالسىمۇ،*
*كەتمەيدۇ دىلىدىن پەقەت ئۆسكەن جاي.*

ھەركىمنىڭ ۋەتىنى خۇددى ئانىسىنىڭ باغرىدەك ئىسسىق ۋە ئارامبەخشتۇر. شۇڭا ئۇنى «ئانا ۋەتەن» دەيمىز. ئانىمىز خەۋپكە ئۇچرىسا، بىزنىڭ قانچىلىك بىئارام بولۇپ كېتىدىغانلىقىمىز ۋە ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىمىزنى سۆزلەپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق. شۇنداق ئىكەن، مۇستەملىكىدە قالغان ۋەتىنىمىزنى قۇتقۇزۇش يولىدا ھەرىكەت - تەدبىر قوللانماسلىق، مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئادىمىلىك نۇقتىسىدىنمۇ جىنايى قىلمىشتۇر. شۇڭا، ۋەتەن تىلغا ئېلىنغىنىدا قەلبى لەرزىگە كەلمىگەن

ئادەمنى ئىنسانىيلىقتىن نېسىۋىسىنى تولۇق ئالالمىغان ئادەم دېسەك قىلچە مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. ئۇنىڭ يولىدا پۇلىنى، مېلىنى، ھەتتا گېزى كەلگەندە جېنىنى پىدا قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش لازىمدۇر. چۈنكى، ۋەتەن – ۋىجدانلىق ئىنسان ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بۇرچ ۋە مۇقەددەس تۇيغۇدۇر.

### ئىسلامدا ۋەتەنپەرۋەرلىك

ۋەتەنپەرۋەرلىك – ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى، ئىسلام دىنى ۋەتەننى قوغداشنى مۇھىم پەرزلەردىن سانايدۇ. بۇنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

1. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنساننىڭ تەبىئىي تۇيغۇسى بولۇپ، ئىسلام دىنى ئىنسان تەبىئىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلىپ توغرا مېتودتا يېتەكلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۇنىڭ: «ئى سۆيۈملۈك يۇرتۇم مەككە! قوۋمىڭ مېنى كېتىشكە مەجبۇر قىلمىسا ئىدى، سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايتتىم» دېگەن ھەدىسىمۇ بۇ نۇقتىنى ناھايىتى يارقىن ئىپادىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەككە بولسا «گىياھسىز بىر ۋادى» ئىدى. لېكىن، بىر يۇرتنىڭ يېشىللىققا پۈركىنىشى، سۈيىنىڭ ئەلۋەك بولۇشى، ھاۋاسىنىڭ ساپ بولۇشى ھەرگىزمۇ ئۇ يەرنى سۆيۈپ قېلىشنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ. ھەر ئادەمنىڭ ئۆز يۇرتى، مەيلى قانچىلىك نامرات ياكى سەھرايى قىيام بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ جەلپكارلىقىنى ھېچقانداق كۈچ سۇندۇرالمايدۇ.

2. ۋەتەننى قوغداش ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يەنە بىر ئىپادىسىدۇر. چۈنكى، ئىسلام دىنى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جىھادنى ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك ھەممىگە پەرز قىلغان.

**﴿أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَاِنَّ اللّٰهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ. الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ بِغَيْرِ حَقٍّ اِلَّا أَنْيَقُولُوا رَبُّنَا اللّٰهُ﴾**

**«ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئۇلار پەقەت ‹رەببىمىز ئاللاھتۇر› دېگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى»[1].**

**﴿أَلَمْ تَرَ اِلَى الْمَلَا مِنْ بَنِي اِسْرَائِيلَ مِنْ بَعْدِ مُوسَى اِذْ قَالُوا لِنَبِيٍّ لَهُمُ ابْعَثْ لَنَا مَلِكًا نُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ قَالَهَلْ عَسَيْتُمْ اِنْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ أَلَّا تُقَاتِلُوا قَالُوا وَمَا لَنَا أَلَّا نُقَاتِلَ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ وَقَدْ أُخْرِجْنَا مِنْ دِيَارِنَاوَأَبْنَائِنَا فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقِتَالُ تَوَلَّوْا اِلَّا قَلِيلًا مِنْهُمْ وَاللّٰهُ عَلِيمٌ بِالظَّالِمِينَ﴾**

**«ساڭا مۇسادىن كېيىن كەلگەن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر جامائەنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە: ‹بىزگە پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، (ئۇنىڭ باشچىلىقىدا**

[1] سۈرە ھەج 39 - ، 40 - ئايەت.

**دۈشمەنلەرگە قارشى) ئاللاھنىڭ يولىدا جىهاد قىلايلى› دېيىشتى. پەيغەمبەر: ‹سىلەرگە جىهاد قىلىش پەرز قىلىنسا جىهاد قىلماي قالارسىلەرمۇ؟› دېدى. ئۇلار: ‹يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ ئاللاھنىڭ يولىدا جىهاد قىلمايلى؟› دېدى. ئۇلارغا جىهاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسى جىهادتىن باش تارتتى. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر»** [2].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ۋەتىنىنى مۇستەملىكچىلەردىن تارتىپ ئېلىش يولىدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى ئوپئوچۇق بايان قىلغان.

﴿وَلَوْ أَنَّا كَتَبْنَا عَلَيْهِمْ أَنِ اقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ أَوِ اخْرُجُوا مِنْ دِيَارِكُمْ مَا فَعَلُوهُ اِلَّا قَلِيلٌ مِنْهُمْ﴾

**«ئەگەر بىز ئۇلارغا: ‹ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار› دەپ ئەمر قىلغان بولساق (يەنى ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگەندەك ئېغىر تەكلىپنى ئۇلارغا يۈكلىسەك) ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى»** [3].

بۇ ئايەت ۋەتەننى قولدىن بېرىشنىڭ ئۆلگەن بىلەن تەڭ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاننى قوغداش قانچىلىك زۆرۈر بولسا ۋەتەننى قوغداشنىڭمۇ شۇنچىلىك، بەك زۆرۈر ئىكەنلىكىگە قەيت قىلىدۇ.

### دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىدىن پەخەس بولۇشمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر

دىن دۈشمەنلىرى ئىسلامنى سۇيىئىستېمال قىلىش ئارقىلىق غەرىزىگە يەتمەكچى بولىدۇ. بۇ مۇددىئاسىغا يېتىشتە ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان ۋاستىسىنىڭ بىرى، سەھىھ ھەدىسلىرىنى بۇرمىلاشتۇر. ئىمام مۇسلىم جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى رادىكاللىقنى تەرغىب قىلىش ياكى ياردەم قىلىش يولىدا ئۆلىدىكەن، ئۇ كاپىرلىق ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ». ھەدىستىكى رادىكاللىق قەبىلىۋازلىقنى، مەھەللىۋازلىقتىن ئىبارەت ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئىللەت ۋە قىلمىشلارنى كۆزدە تۇتاتتى.

ئەمما دىن دۈشمەنلىرى بۇ ھەدىسنى بۇرمىلاپ، ئۇنى ۋەتەنپەرۋەرلىككە ۋە مىللەتپەرۋەرلىككە قارىتىلغان دەپ بىلجىرلىغان. «ۋەتەن دەۋاسى قىلىش يوق» دەپ جار سېلىشىۋاتقانلار نەق شۇلارنىڭ تائىپىسىدىندۇر. ھالبۇكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك – دىن ۋە ديانەتنىڭ نامايەندىسىدۇر.

دۈشمەنلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنى، ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ۋە سەگەك بولۇشمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك جۈملىسىدىندۇر.

مىلادىيە 630 - يىلى پەيغەمبىرىمىزگە، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ غەسسان قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ ئەمدىلا بەرپا بولۇۋاتقان ئىسلام ھاكىمىيىتىگە قارشى قوشۇن تopلاۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇر كېلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز يۈكسەك سىياسىي پاراستى بىلەن بۇ خىرىسنىڭ

[2] سۈرە بەقەرە 246 - ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 66 - ئايەت.

ئېغىرلىقنى دەرھال ھېس قىلىدۇ ۋە ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، تومۇزنىڭ ئىسسىقلىقىغا قارىماي، بىر ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ چېگراسىغا يېتىپ كېلىدۇ. مانا بۇ تارىختىكى مەشھۇر تەبۇك غازىتىدۇر.

ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى پەيغەمبىرىمىزنى ياقا - يۇرتلارغا ئەسكەر تارتقۇدەك مۇنتىزىم ئارمىيەگە ئىگە ئىكەن دەپ بىلگەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دىيارىغا كۆز تىكىشكە پېتىنالمىغان.

ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇرۇشقا چىقمىغان بولسا، ئۇلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا بولغان بۇ ھوشيارلىقنىڭ ۋە ئۇرۇش تاكتىكىسىنىڭ يۈزدىن بىرى ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا بولغان بولسا ئىدى، ئىسلام دىيارى بۈگۈنكىدەك خار - زەبۇنلۇقتا قالمىغان بولاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مال - مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شېھىتتۇر، ھاياتىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شېھىتتۇر، دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شېھىتتۇر، ئائىلىسىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شېھىتتۇر». مۇستەقىل ۋەتىنىڭىز بولمىسا، نە مال - مۈلكىڭىزنى، نە ئائىلىڭىزدىكىلەرنى، نە دىنىڭىزنى قوغداپ قالالمايسىز. شەكسىزكى، جاننى، مال - مۈلۈكنى، ئائىلىنى ۋە دىننى قوغداپ تۇرىدىغان بىردىنبىر قورغان – ۋەتەندۇر. مۇستەقىل ۋەتىنىڭىز بولمىسا، مال - مۈلكىڭىزنىڭ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىڭىزنىڭ، دىنىڭىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە كىم كاپالەتلىك قىلىدۇ!؟ دېمەك، سىزنىڭ ئادىمىيلىك سالاھىيىتىڭىز بىلەن ئەركىن - ئازادە، خاتىرجەم ياشىشىڭىز ئۈچۈنمۇ ۋەتەن كېرەك. ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىن بەندىسى بولۇپ ياشىشىڭىز ئۈچۈنمۇ ۋەتەن كېرەك.

*بۇ ماقالىنى ئابدۇرېشىت نىياز تەھرىرلىدى.*

# ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ناملىق كىتاب ھەققىدە

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن

**ئىلاۋە:**

2023 - يىلى7 - نويابىر كۈنى بۈيۈك بىرىتانىيەدىكى نوپۇزلۇق كىلاسسىك نەشرىياتلارنىڭ بىرى بولغان «ئەۋرىيمەن كۇتۇپخانىسى (Everyman’ Library)» تەرىپىدىن ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان، پىنگۋىن نەشرىياتى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان «ئۇيغۇر شېئىرلىرى» (Uyghur Poems) ناملىق كىتابنى كەمىنە ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تەھرىرلىگەن بولۇپ، كىتابقا تاللانغان شېئىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى يىللاردىن بۇيان ئۆزۈم تەرجىمە قىلدىم، كىتابقا يەنە بىر قانچە تەرجىمانلارنىڭ تەرجىمە قىلغان شېئىرلىرىمۇ كىرگۈزۈلدى.

ئۇشبۇ كىتاب، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئوغۇز ئەپسانىلىرىدىن تارتىپ شامانىزم، بۇددىزم، ئىسلامىيەت پەلسەپە دەۋرى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى سوپىزم، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەددىزم ۋە يېڭى ئويغىنىش يىللىرى قاتارلىق ئۇزاق دەۋرلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەزمۇنلارنى، ھەمدە مىلادى 2015 - يىلىدىن باشلانغان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن شېئىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىنگلىز تىلىدىكى تۇنجى قېتىملىق، ۋە مەزمۇنى كەڭ، مۇكەممەل بولغان ئۇيغۇر شېئىرىيەت قوللانمىسى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ 2000 مىڭ يىللىق ئىزناسىدۇر.

نۆۋەتتە مىليون تىراژ بىلەن دۇنيا مىقياسىدا تارقىتىلىۋاتقان بۇ كىتاب، شۈبھىسىزكى، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يوقىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيەت كىملىكىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا

ۋە دۇنياۋى سەۋىيەدە ساقلاپ قېلىشتا بېسىلغان ئەمەلىي ۋە غەلىبىلىك بىر قەدەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 2015 - يىلدىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ۋەتىنىدە يۈزلىگەن شائىر - يازغۇچىلارنى تۇتقۇن قىلىپ ئۇزۇن مۇددەتلىك تۈرمە جازالىرىغا مەھكۇم قىلدى. جۈملىدىن، مىڭلىغان قەدىردان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى شېئىرلار يازغانلىقى، ئۇيغۇر تىلىنى، ئەدەبىياتىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەۋجۇتلۇقىنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېغىر جازالارغا ئۇچراپ، لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە قامالدى. شۇڭا بۇ كىتابنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا نەشر قىلىنىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بىز ھېچ بىر ۋاقىت بۇ سۆيۈملۈك تەۋررۈك شائىرلىرىمىزنى ئۇنتۇمايمىز ۋە ئۇلارنىڭ بالدۇرراق ئەركىنلىككە ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلىمىز.

مەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۇزاق تارىخى يەكۈنلەنگەن ۋە بۈگۈنى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ ئىخچام چۈشەندۈرۈلگەن مەزمۇنلارنى بىلىۋېلىشىنى مەقسەت قىلىپ، ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى» ناملىق كىتابنىڭ كىرىش سۆز قىسمىنى ئۇيغۇرچىغا ئەينەن تەرجىمە قىلىپ بۇ يەردە تونۇشتۇردۇم. مەزكۇر ماقالىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ 2000 مىڭ يىللىق يىرىك ئىزناسى بولغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئەتراپلىق بايان قىلىنىدۇ. ياقتۇرۇپ ئوقۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### ئۇيغۇر شېئىرىيىتى

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مول ۋە رەڭدار بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەخمىنەن ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان ياشىغان مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ مەركىزىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەيۋەتلىك تەبىئىي مەنزىرىسىنى، ئۇنىڭ كەڭرى سەھرالىرى، ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرى ۋە سىرلىق قۇملۇقلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسىرلەر بويى باشتىن كەچۈرگەن رەھىمسىز ئىمپېرىيەلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قېلىشى، ئىچكى جېدەل - ماجىرالىرىغا پېتىپ قېلىشى، يۈز بەرگەن بەزى سىياسىي داۋالغۇشلار، زۇلۇم ۋە ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆز ئىزنالىرىنى قالدۇرغان. شېئىرلار تىپىك ھالدا، كۆچۈش ۋە مۇساپىرلىق، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق، شۇنداقلا ئۇنىۋېرسال تېما بولغان تەبىئەت ۋە مۇھەببەت تېمىلىرىغا مەركەزلەشكەن. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى كۆپ خىل ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىكتۇر. ئۇ، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سىياسىي ھاياتىنىڭ داۋالغۇشلىرىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ئىنگلىز تىللىق خەلقلەرگە ئىنتايىن كەم تونۇلغان. مەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تونۇشتۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمى مىلادىيە 2 - ئەسىر ئەتراپىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇر سۆزى «ئىتتىپاقلىشىش، ئۇيۇشۇش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردە، ئالتاي ۋە تەڭرى تاغلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كەڭ زېمىنلارنى مەركەز قىلىپ، بۈگۈنكى جەنۇبى موڭغۇلىيەنىڭ غەربى - جەنۇبى يايلاقلىرىدىن تارتىپ جەنۇبقا سوزۇلغان تەكلىماكان ۋە تۇرپان ئويمانلىقلىرى بوستانلىقلىرىدا ياشىغان، بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بۇ كەڭ زېمىندا ياشاپ كەلمەكتە. ئورتاق بەھرلىنىدىغان

مەدەنىيەت، جۇغراپىيەلىك تۇپراقلاردا ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ بالدۇر شەھەرلەشكەن خەلقتۇر. ئۇيغۇرلار ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان تەڭرىزىم (ئاسمانغا چوقۇنۇش)، شامانىزم ۋە مانى دىنى، نېستورىيان خىرىستىيان دىنى ۋە بۇددىزىم قاتارلىق نۇرغۇن ئوخشىمىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن. مىلادى 10 - ئەسىردىن باشلاپ، ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق دىندۇر.

18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىرى بولغان خوجىلار، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان كېڭەيمىچىلىكى نەتىجىسىدە ئاغدۇرۇلدى. 19 - ئەسىردە، خىتاي ھۆكۈمىتى رەسمىي ھالدا ئۇيغۇر ۋەتىنىگە «شىنجاڭ» دەپ ئىسىم قويدى، يەنى بۇ خىتايچىدا «يېڭى چېگرا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىنى شەرقىي تۈركىستان ياكى ئۇيغۇرىستان دەپ ئاتاشنى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. 1911 - يىلى مانجۇ خىتاي ئىمپېرىيەسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار 1933 - يىلى بىرىنچى قېتىم، 1944 - يىلى ئىككىنچى قېتىم بولۇپ، تارىختا ئىككى قېتىم قىسقا مۇددەتلىك مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان. ئىككىنچى قېتىم قۇرغان جۇمھۇرىيەت 1949 - يىلى ئۆكتەبىردە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي قىزىل ئارمىيەسىگە بەرگەن ھەربىي ياردىمىدە بۇ رايوننى ئىشغال قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان. بۈگۈنكى كۈندە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر نوپۇسى 12 مىليونچە ئىكەن. 2 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە، ئاز بىر قىسمى ئوتتۇرا شەرق، ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا دۆلەتلىرىدە ياشايدۇ.

تارىختىن بۇيان، شېئىر ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى ھەر جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەن. ئىنسانلار ئۆز خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن شېئىر يازغان، ئاغزاكى ۋە يازما شەكىللەردە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقىلىپ، بۈگۈنكى كۈنىمىزگىچە نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان ئىپادىلەش شەكلى ۋە ئۇسلۇبلىرى بىلەن يېتىپ كەلگەن. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تەنھا ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلغان ئەمەس. ئۇيغۇرلار مەشھۇر يىپەك يولىدا ياشاپ، ئەسىرلەردىن بۇيان بۇ كەڭ زېمىنلاردىن كېسىپ ئۆتىدىغان سودا كارۋانلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان تۆگە كارۋانلىرى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاڭئەن ياكى شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى كونستانتىنوپولدىن قۇملۇق ۋە تاغلارنى كېسىپ ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازلىرى چەكسىز ئۇپۇقلاردىن ھالقىغان يىراق ئەللەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن. ئەنە شۇ يىپەك يولى ۋە ئۇنىڭدىن قالغان تارىخى ئىزنالار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى، قەدىمكى يىپەك يولىدا دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇنقى يېڭى تەپەككۇر ۋە يېڭى مەدەنىيەتلەرنى كۆزىتىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشتەك ھەرىكەتچان ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان.

ئۇيغۇر تىلى ئۇرال - ئالتاي تىلى ئائىلىسىنىڭ تۈرك تىلى قارلۇق تارمىقىغا تەۋە (ئۇ يەنە چاغاتاي تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشلاپ ئاناتولىيەگىچە بولغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرى بىلەن ئىنتايىن يېقىن.

بىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يازما ئىزنالىرىنى 6 - ئەسىردە ئىجاد قىلىنغان ۋە كەڭ قوللىنىلغان تۇنجى ئۇيغۇر يېزىقىدىن تاپالايمىز. ئۇ دەۋردە ئۇيغۇر تىلى نۇرغۇن تۈرك تىلىدا

سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئاساسلىق ئەدەبىي تىلى بولۇپ قوللىنىلغان.

ئەڭ بۇرۇنقى ئۇيغۇر شېئىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردە بارلىققا كەلگەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ قەدىمكى زامان ئىبغىز تىلى ئەنئەنىسى، زامانىۋى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاغزاكى شېئىرى داستانلار تۈرك خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. پادىشاھلار، ئەۋلىيالار، قەھرىمانلار، ئۇرۇشلار، تۈرلۈك مۆجىزىلەر ۋە ھەج قىلىش توغرىسىدىكى ھېكايىلەر مۇقەددەس مازارلاردا مەدداھلار تەرىپىدىن ئېيتىلغان، ھەمدە مۇزىكانتلار ئاممىۋى يىغىلىشلاردا ناخشا قىلىپ ئېيتقان. نۇرغۇن قېتىملاپ تەكرارلاش بىلەن بېيىغان بۇ چۆچەكلەر ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر تارىخىنى كېيىنكىلەرگە تارقىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ تۈردىكى ژانىرنىڭ بىر مۇھىم مىسالى «ئوغۇزنامە داستانى» بولۇپ، ئۇ مىلادى 10 - ئەسىردە ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن. بۇ داستان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن تەڭ ئورتاقلىشىلغان. داستاندا قەھرىمانلىق تېمىلىرى ۋە جەڭلەر ھەققىدىكى ھېكايىلەر بىلەن بىللە مۇھەببەت تېمىسى بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن:

*ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىدىكى،*
*كۆلسە تەڭرىمۇ تەڭ كۈلەتتى*
*ئۇ يىغلىسا تەڭرىمۇ تەڭ يىغلار ئىدى.*
*ئوغۇز خاقان ئۇنى كۆرگىنىدە*
*پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ*
*ھوشىدىن كەتتى*
*ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدى، ئۇنى ئالدى...*

كېيىنكى ئەسىرلەردە، ئۇيغۇرلار ئۆز ئېلىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەتراپقا تارقىتىش، بولۇپمۇ مۇھىم ۋەقەلەرنى ياكى ئۇرۇش پاجىئەلىرىنى خاتىرىلەش ۋە يېقىنقى تارىخنى خەلقنىڭ ئېسىدە ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان. شېئىرلارنىڭ ئەل ئارىسىدا تارقىلىشى تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، ئۇلار دائىم بازار - رەستىلەردە شېئىرلارنى مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىشقان. تۆۋەندىكىسى، 19 - ئەسىردىكى ھۆكۈمدار ياقۇپ بەگنىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنىپ يېزىلغان مەرسىيە بولۇپ، خەلق ناخشىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن بىر قىسىم مىسرالار:

*ياقۇپ بەگ ئۆزى باتۇر،*
*دۈشمەنگە تېپىك ئاتۇر.*
*ئۆلگەن خىتاينىڭ بېشى،*
*سايىنىڭ تېشىدەك ياتۇر.*
*بېيجىڭدىن خىتاي كەلدى،*
*چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ.*
*بەگ - غوجام قوپۇپ قاچتى،*
*قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ.*
*ئاسماندىكى پەرىشتە،*

*ھۆرلەر تونى كىيىشتە.*
*يىغلىماڭلار ئايىملار،*
*ياقۇپ بېگىم بېھىشتە.*

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يېزىقچىلىق ئەنئەنىسى 9 - ئەسىردىن باشلانغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سارايلىرىدا دىنىي ۋە پەلسەپە تېمىسىدىكى شېئىرلار ئىجاد قىلىنغان ۋە بۇ خىل ئۇسلۇب قەشقەرنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىمۇ قوللىنىلغان بولۇپ، تاكى 16 - ئەسىردىكى ياركەنتنى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە ئۇيغۇر پادىشاھلىقىغىچە داۋام قىلغان. بۇرۇنقى ساقلانغان بەزى مىساللاردا ئوخشىمىغان ئېتىقادلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرەلەيمىز. ئۇزۇن داۋاملاشقان تەڭرىزىم ۋە شامانىزم ئېتىقاد دەۋرىدىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك كىنايەلەر ۋە سىمۋوللار ئاسمان ۋە قۇياشنىڭ كۈچىنى، سېھرىلىك ساھىبجامال ياكى ئورمانلىقتا يالغۇز بۆرە بىلەن ئۇچراشقان قەھرىمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش قەدىمكى زامانىدىكى سىمۋوللار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. مانى دىنى ۋە بۇددىزم دەۋرىدىكى شېئىري پارچىلار ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى، قايتىدىن تىرىلىشكە بولغان ئېتىقادى ۋە تەپەككۇر قىلىشنى نىرۋاناغا يېتىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىزدىنىدۇ:

*تەشنالىق ۋە مۇھەببەت تەڭلا مەۋجۇت ئەلمىساقتىن،*
*ئۇلار گىرەلەشكەن، ئارىسىدىن بىرى بولىدۇ دۈشمەن ھامان.*
*پىغان چەككەن سۆيگۈسىز يۈرەك - ئۇ زەھەرلىك يىلانغا ئوخشاش،*
*ئەگەر بىر ئادەم دۇنيادا ئاچكۆزلۈك قىلماي ياشىيالىسا،*
*ئىختىلاپلىق جەمئىيەتتە جېدەلنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالمىسا،*
*يەردە مۇستەھكەم تۇرالىسا، كىشى ۋۇجۇدى يېتەر پاكلىققا،*
*ئۇ پاك زېمىندا، ئۇنىڭ جىسمى بولۇر ئەخلاققا خاقان.*

ئۇيغۇرلار 10 - ئەسىردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان ۋە بۇ يېڭى دىن ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ناھايىتى زور بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتكەن. ئىسلام دىنىنىڭ ساۋات چىقىرىش ۋە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى نەتىجىسىدە شېئىر يېزىش ئادىتى تېخىمۇ كەڭ تارقالغان. بۇ دەۋرنىڭ شېئىرىيىتى ھەمىشە دىداكتىكا ياكى پەلسەپىلىك شېئىرلار بولغان. ئەسىرلەردىن بۇيان ئاغزاكى تارقىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ تۇنجى يازما خاتىرىسىنى 11 - ئەسىردە ياشىغان ئالىم مەھمۇد قەشقىرى يېزىپ چىقتى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ لۇغىتى بىزنى قىممەتلىك ئەدەبىي بايلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ. تۆۋەندىكى شېئىر مېھماندوستلۇقنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆگىتىدىغان ئۆگۈتلەر بولۇپ، ئۇيغۇرلار مېھماندوست بىر خەلق سۈپىتىدە تونۇلغان:

*مېھمان كەلسە چۈشۈرگىن،*
*ئۇنىڭ ھاردۇقى چىقسۇن،*
*ئارپا، سامان كەلتۈرگىن،*

*ئېتى يالتىراپ كەتسۇن.*

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى پارس ۋە ئەرەب شېئىرىي ئەنئەنىلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك تەسىرىگە ئۇچرىغان. چۈنكى، بۇ تىللار ئەرەب يېزىقى بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەدەبىيات مەدەنىيىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئەنئەنىۋى ئۇسۇلۇپتىكى ئەركىن ۋە ئاددىي بوغۇملۇق قاپىيەنى ئاساس قىلغان شېئىر، يېڭى ۋە تېخىمۇ مۇرەككەپ شېئىر تۈرلىرى بىلەن بىللە يۇغۇرۇلۇپ داۋاملاشقان. بۇلار ئەندىزە ۋە كۆپ خىللىقتا ئوتتۇرا شەرق مودېللىرىغا يېقىندىن ئەگىشىپ كەلگەن.

13 - ۋە 14 - ئەسىرلەردە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تېخىمۇ كۆپ ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، تۈرك تىللىرىغا ماسلىشىشتىن بۇرۇن تۇنجى قېتىم ئەرەب - پارس ساھەسىدە گۈللەنگەن سوپى شېئىرىيەت ئەنئەنىسىنى قوبۇل قىلغان. بۇ بۇرۇلۇش ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھىرات شەھىرىدە تۇغۇلغان ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ (1441 – 1501) تۆھپىسىدە مۇستەھكەملەنگەن. ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل شېئىرلىرى ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تۈركىي چاغاتاي تىلىنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتىنى، گۈزەللىكىنى ئىپادە قىلالايدىغان ئەدەبىي تىل سۈپىتىنى نامايان قىلغان. ئۇيغۇرلار ئەلىشىر نەۋائىينى ئۇيغۇر مىللىتىدىن دەپ قارايدۇ ۋە نەۋائىينىڭ قالدۇرغان سەلتەنەتلىك ئەدەبىي مىراسلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىنى يېزىق شەكلىدىلا ئەمەس، بەلكى سوپى يىغىلىشلىرىدا ۋە مۇزىكا ئورۇنداش سورۇنلىرىدا داۋاملىق ئەتىۋارلاپ ئېيتىپ ھەمبەھىرلىگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تاكى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ تارقىتىپ كېلىندى.

*بىر كۆرۈپ ھەسرەتتە قالدىم ئول پەرى رۇخسارىنى،*
*ئىككى كۆرسەم دەپ تىلەيمەن كۆزلىرى خۇمارىنى.*
*ئۈچ كۆرۈشكەندە سالۇرلەر خەنجىرى تەييارىنى،*
*تۆت كۆرۈشكەندە سالۇرلەر ئاي يۈزىگە خالىنى.*
*بەش كۆرۈپ ئالدىڭدا جان بەرسەم شېھىدۇ ئىشقى مەن،*
*ئالتە كۆرسەم دەپ تىلەيمەن كۆزلىرى مەستانىنى.*
*يەتتە ئىقلىمدا يوق ئىمىش سەن كەبى نازۇك بەدەن،*
*سەككىز ئۇچماققا تىلەرمەن سەن كەبى ھۆر - يارىنى.*

بۇ غەزەلنىڭ بىر قىسمى. غەزەل - ئارۇز ۋەزنى بىلەن يېزىلىدىغان ئۇيغۇر سوپىلىق ئەنئەنىسىدە كۆپ ئۇچرايدىغان شېئىر شەكلى. ھەر ئىككىسى كىلاسسىك ئەرەب ۋە پارس شېئىرىيىتىدىن كەلگەن. غەزەللەر ئادەتتە مۇقىم رىتىملىق شەكىلدە تىزىلغان، ھەر بىر مىسراسى يىگىرمە ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بوغۇمدىن تەركىب تاپىدىغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئىككىدىن يىگىرمە مىسراغىچە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولىدۇ. غەزەلنىڭ نۇرغۇن رىتىملىق قاپىيە شەكىللىرى بار بولۇپ، بۇرۇنقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە قوللىنىلغان ئادەتتىكى تۆت مىسرالىق شېئىرلارغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپ. غەزەل شائىرنىڭ ھېسسىياتىنى، گۈزەللىككە بولغان مۇھەببىتىنى، چىدىغۇسىز ھىجران ئازابىنى ۋە ئىلاھىي مۇھەببەتتىن ئايرىلىشنىڭ

قايغۇسىنى تولۇق ئىپادىلەيدىغان گۈزەل بىر شېئىر ژانىرىدۇر. ئەسەرلىرى ئاساسەن غەزەل شەكلىدە يېزىلغان دەرۋىش شائىر بابا رەھىم مەشرەپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جاھانكەزدىلىك ھېكايىلىرى بۈگۈنمۇ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتى چوڭ تىپتىكى ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى – ئون ئىككى مۇقام تېكىستىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

*چۈشۈپتۇر باشىمە سەۋدا، رۇمۇزى ئىشقىدىن غەۋغا،*
*ئۆزىنگە ئەيلەدى شەيدا، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟*
*تۇرارغە تاقەتىم يوقتۇر، يۈرەرگە ھالەتىم يوقتۇر،*
*يۈرەكتە ئىشق ئوتى كۆپتۇر، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟*
*بۇ مىسكىن زارى مەشرەپنىڭ كىشى ھالىنى بىلمەيدۇ،*
*بۇ يەردىن باش ئالىپ كەتسەم مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟*

ئۇيغۇر شېئىرلىرى توپلىمى ھىندىستان موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 – 1530) نىڭ بىر قاتار شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بولۇپ، ئانىسى قۇتلۇق نىگار 1514 - يىلى قۇرۇلغان ياركەنت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىر ئائىلە ئەزاسى ئىدى. بابۇر ئەلىشىر نەۋائىي غەزەللىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇ رۇبائىي ئۇسلۇبىدا تۆت مىسرالىق شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى ھايات تەجرىبىسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋەتەن سىرتىدا ئۆتكۈزگەن بىر مۇساپىرنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت ۋە ۋەتەن سېغىنىشىنى تەسۋىرلەيدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ھىندىستاننى فەتھى قىلىشى ئۇنىڭغا كۆپ خۇشاللىقلارنى ئېلىپ كېلەلمىگەن.

*ئەيكىم، ماڭا مۇجدە بەردىڭ ئول جانانىدىن،*
*قىلدىڭ مېنى ئازادە غەمى ھىجرانىدىن.*
*بۇ مۇجدەنى نې نەۋائى سىفەت قىلغايسەن،*
*گوياكى خەبەر بەردىڭ ئۆلۈككە جانىدىن.*
*ۋە يەنە:*
*تالىئ يوقى جانىمغە بالالىغ بولدى،*
*ھەر ئىشنىكى، ئەيلەدىم، خەتالىغ بولدى.*
*ئۆز يەرنى قويۇپ ھىند سارى يۈزلەندىم،*
*يا رەب، نېتەيىن، نې يۈز قەرالىغ بولدى.*

ئوتتۇرا ئەسىردە مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن ئارۇز ۋەزنىلىك قېلىپلاشقان شېئىرلار، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئەسىرلەر بويى يېتەكچىلىك ئورنىنى تۇتۇپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرمۇ بۇ ئۇسلۇبتىكى شېئىرلار تەسىر كۈچىگە ئىگە. 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىللىرىدا، بولۇپمۇ رۇس شېئىرىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش ئۇيغۇرلارغا يېڭىچە شېئىرىيەت ئۇسلۇبلىرىنى يەنى مودېرنىزمنى ئېلىپ كەلدى، كېيىنكى دەۋرلەردىكى شېئىرلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «تۇمان» ناملىق (گۇڭگا) شېئىرلىرى بۇنىڭغا مىسال

بولالايدۇ:

*داپ ئۇسسۇلى*
*تەڭرىنى*
*تەجەللى شاملى تاشلار تۇپراققا،*
*ياڭرىغاندا ئەزان - تەكبىر تەن مەسچىتىدە.*
*تونۇر*
*ئۇنەر ئالتۇندا*
*شەھەردىن قوغلاندى قىلىنغان شاراب*
*بىزدە ئۇنتۇپ قويۇپ كەتكەن ئەس.*

21 - ئەسىردە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى چەكلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك باستۇرۇش سىياسەتلىرى كۈنسېرى كۈچەيدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خىتاي ھۆكۈمىتى بارلىق كۈچىنى ئىشلىتىپ ئۇيغۇرلارنى خىتاي مەدەنىيىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. نۇرغۇنلىغان تالانتلىق يازغۇچى - شائىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 2 مىليوندىن ئارتۇق كىشىلەر خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بۇ ئېچىنىشلىق مەزگىلدە، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشتا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئادالەت ۋە ئەركىنلىك كۈرىشى ئۈچۈن مۇھىم قورالغا ئايلاندى. شائىرلار ئۆز ۋەتىنىدە يۈز بېرىۋاتقان پاجىئە ۋە سۈرگۈندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت يېڭى بىر ژانىرنى ياراتتى. بۈگۈن سۈرگۈندىكى ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلگەن ئائىلە ئەزالىرى، ساۋاقداش - دوستلىرى ھەققىدە ئوخشاش ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ دەۋردە بىز، يەنە بىر ئەۋلاد مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر ئايال شائىرلىرىنىڭ قەد كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردۇق. گۈلنىسا ئىمىن گۈلخانىنىڭ شېئىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ:

*كۆزىدىكى ياشنى تۆككۈسى كەلمەيدۇ*
*كۆتۈرمەكچى بولىدۇ بېشىنى*
*قارىماقچى بولىدۇ قۇياشسىز ئاسمانغا.*
*سېغىنىشلىرىنى، ئەنسىرەشلىرىنى*
*قورقۇپ جۆيلۈشلىرىنى، كېچىدە ئويلىنىشلىرىنى*
*دەپ بەرمەكچى بولىدۇ ئاشۇ تەرەپتىكى بىر ئىنسانغا.*

شېئىر يازغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە قامالغان ئۇيغۇر شائىرلىرىنى ئەسلەش ئۈچۈن ئۆز شېئىرىمنى قوشتۇم:

*مەن سېنىڭ قەپىسىڭنى بۇزىمەن*
*مەن سېنىڭ سۈكۈتۈڭنى بۇزىمەن*
*مەن ھۆر بولىمەن*

*قۇشقا ئوخشاش*
*ئەركىن پەرۋاز قىلىمەن كۆك ئاسماندا*
*چۈنكى بىزگە تەۋە بۇ دۇنيادا*
*ئۇرۇش ۋە جېدەلگە يوق ۋاقتىمىز ئەسلا.*

مەن شائىرلارنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇش ۋە ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە، تۆۋەندىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ تەرجىمە قىلدىم. تۆۋەندە، 2017 - يىلى يوقۇن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قولغا ئېلىنغان، تونۇلغان ئۇيغۇر شائىرى ئادىل تۇنيازنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر قانچە مىسرا:

*ۋەتەنسىز قۇشلار*
*پەسىللەرگە ۋەتەن دەپ يىغلار.*
*سەرسان شامال كۆتۈرۈپ يۈرەر*
*غازىڭنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ.*

ئادىل تۇنياز ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقا يەنە نۇرغۇن شائىرلار ئېكسپلاتاتسىيە، زۇلۇم ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئالدىدا سۈكۈت قىلىشنى رەت قىلدى. ئۇلارنىڭ شېئىرلاردىكى سادالىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە جەڭ ئېلان قىلدۇ. تۆۋەندىكى شائىر پەرھات تۇرسۇن مۇنداق يازىدۇ:

*ئاغرىنمايلى مەنىسىز دەپ ھاياتنى،*
*تەنھالىقمۇ يېتەر بىر كۈن چېكىگە.*
*ياش تۆكەيلى، بەلكىم گۈزەل كۆز ياشمۇ،*
*تۆكۈلگەندە سۆيگۈ ئۈچۈن پىنھانە.*
*ئىزدىمەيلى گۈزەللىكنى گۈلدىنلا،*
*بەكرەك گۈزەل تىكەندىكى قان ئىزى. . .*

بۇ تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان ئىنگلىز تىلىدىكى ئونتولوگىيە (شېئىرلار توپلىمى) بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى ۋەزىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. تىل ۋە مەدەنىيەت پەرقلىرى تۈپەيلىدىن، يەنە كېلىپ بۇرۇن ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ئىنتايىن كەم بولۇشى سەۋەبلىرىدىن، بۇ كىتابنى پۈتتۈرۈشكە مۆلچەرلىگەندىن كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىندى. مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي، پەۋقۇلئاددە سىياسىي بېسىم ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى خەلقئارا سەھنىلەردە تەشۋىق قىلىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەن ئۆزۈم تەرجىمە قىلغان نۇرغۇن شېئىرلارنى، شۇنداقلا باشقا دوستلارنىڭ تەرجىمە قىلغان قىممەتلىك شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كىتابنى تاماملاش ئۈچۈن جاپالىق مېھنەت سىڭدۈردۈم. گەرچە مەن ئۆزۈم شائىر، تەرجىمان، ئانا تىلىم ئۇيغۇرچە بولسىمۇ، ئانا تىلىمدىن ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىشتا قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدىم. نۇرغۇن تەرجىمىلەردە مەن بىلەن بىللە ئىشلىگەن ئايالىم رەيچېل ھاررىسقا

مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ئاخىرىدا، تۆۋەندىكى شېئىرىمنى 2017 - يىلىدىن باشلاپ ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالغان سۆيۈملۈك ئانامغا بېغىشلايمەن. ئانامنىڭ ھايات ۋە سالامەت بولۇشىنى تىلەيمەن!

*مەن تۇغۇلغان ئۇ يەر*
*ئالۋاستىلار مازارگاھىغا ئايلاندى،*
*ئۇ يەر پەقەت ھازىر مەۋجۇتسىزلىق ئىچىدىلا مەۋجۇت*
*چۈنكى دۇنيانىڭ كۆزى*
*ئاچكۆزلۈككە لىق تولدى.*
*ئەتىرگۈللىرىم*
*ئۈمىد بىلەن چېچەكلەۋاتىدۇ*
*ئەركىنلىك مېلودىيەسى ئېيتىۋاتىدۇ ...*
*ئۇلار باھارنىڭ كېلىشىنى كۈتمەس*
*ئۇلار ئېسىمىزگە شۇنى سالىدۇ، گاھىدا -*
*ھايات قېلىش نېمە دېگەن گۈزەل*
*ھەم تىنچ ياشاش بۇ گۈزەل دۇنيادا.*

بۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى توپلىمىنى ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىشلارنى ئارزۇ قىلىمەن، شۇنداقلا سىلەردىن ئۇيغۇرلارنى، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت، مۇھەببەت، ئەركىنلىك ۋە ئادالەتنى كۈيلەيدىغان شېئىرىي سادالىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى سورايمەن. رەھمەت سىلەرگە.

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمىھالى:



**ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن**

- 1970 - يىلى شايار ناھىيەسىنىڭ تويبولدى يېزىسى يېڭىچىمەن كەنتىدە دوختۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.
- 1988 - يىلى شايار ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋە شۇ يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتى رۇس تىلى كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن.
- 1991 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاقسۇ شەھىرىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان.
- 1991 - يىلى 9 - ئايدىن 1992 - يىلى 2 - ئايغىچە ھۆكۈمەتتە 6 ئاي سىناق خىزمىتى قىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتىدا سىياسىي پائالىيەتلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىن «12 - دېكابىر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى» بىلەن ئەيىبلىنىپ خىزمەتتىن ھەيدەلگەن.
- 1992 - يىلىدىن 1999 - يىلى 2 - ئايغىچە ئاقسۇ شەھىرىدە رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسى ۋە تەرجىمان بولۇپ خىزمەت قىلغان.
- 1999 - يىلى باھاردىن ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى دېكابىردا گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىگە كەلگەن.
- 2001 - يىلى ئاۋغۇستتا لوندونغا كەلگەن ۋە شۇ يىلدىن باشلاپ يىلدىن 2009 - يىلغىچە لوندون مورلېي ۋە لامبېت ئىنستىتۇتلىرىدا

- ئىنگلىز تىلى، قوش تىل مائارىپى ۋە كومپيۇتېر كەسپلىرىدە ئوقۇغان.

- 2004 لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنى تەشكىللەپ، 2017 - يىلىغىچە مەزكۇر ئانسامبىلنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.
- 2009 - 2011 - يىلىغىچە لوندون بىرىكبەك ئىنستىتۇتىدا كومپيۇتېر ئىلمى ۋە مېدىيە كەسپىنى پۈتتۈردى ۋە 2011 - يىلى «دوناي دەرياسىدىن ئورخۇن بويلىرىغىچە» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان.
- 2011 - 2022 - يىلىغىچە «ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزى» ئىدارە ھەيئىتى، باش كاتىپ ۋە پروجېكت مەسئۇلى قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلغان.
- بۇ يىللاردا لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئافرىقا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا بىرىتانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن «خىتايدىكى ئىسلامىي ئاۋاز»، «مەشرەپ» قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىدە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن.
- 2023 - يىلى 7 - نويابىردا ئەزىز ئەيسا ئەلكۈننىڭ تەھرىرلىكى ۋە تەرجىمە قىلىشى بىلەن ئىشلىگەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئومۇمىي نامايەندىسى بولغان « ئۇيغۇر شېئىرىيىتى» (Uyghur Poems) ناملىق پىنگۇين كەم تېپىلىدىغان كىتابلار نەشرىياتى
- (Penguin Random House) تەرىپىدىن لوندون، نيۇ - يورك ۋە تورونتودا ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان.
- 2023 - يىلىدىن سېنتەبىردىن باشلاپ لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئافرىقا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا «دۆلەت ھالقىغان مۇقام» (Maqam Beyond Nation) ناملىق ئىش تۈرىدە تەتقىقاتچى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ تۈرلۈك مەزمۇنلاردىكى ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى «ئەلكۈن تورى» ئارقىلىق ئوقۇيالايسىز: www.azizisa.org

*بۇ ماقالىنى روشەن خەمىت تەھرىرلىدى.*

17

# مىللەتنىڭ تەقدىرىدە «ئۇيغۇر» كەلىمىسىنىڭ كۈچى

گۈلشەن ئابدۇقادىر (سەھەر)

ماڭا نىسبەتەن دۇنيادىكى كەلىمىلەر قامۇسىدا، «ئۇيغۇر» كەلىمىسىنىڭ سەلتەنەتى، جەزبىدارلىقى، سېھىرلىكى، سۆيۈملۈكلۈكى باشقىچە تۇيۇلىدۇ. دىنىمنى تاللاشتىن بۇرۇن مەن ئۇيغۇر بولۇپ تۇغۇلغان.

– خاتىرەمدىن

**مۇقەددىمە**

كۈچ ھەققىدە سۆز بولغاندا، بىز ئاتوم بومبىسى، يادرو قوراللىرى، بىر دۆلەتنىڭ ھەربىي ۋە ئەسكىرىي ئىقتىدارىغا ئائىت تېخنىكىلىق كۈچ، شۇنداقلا ئىقتىسادىي ئامىل ۋە ئەقلىي ئامىلغا ئائىت يۈكسەك تەرەققىياتلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. ئۇندىن باشقا بىز يەنە رېئال تۇرمۇشىمىزدا دۇنيانىڭ تارتىش كۈچى، زېھنىنىڭ كۈچى، چۈشەنچىلەرنىڭ كۈچى، بىلىمنىڭ كۈچى، سۆيگۈنىڭ كۈچى، سەلتەنەتلىك ۋە كۈچلۈك ئىمپېراتورلۇقلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان مەنىۋى كۈچى... قاتارلىقلارنى بايقايمىز. سۆز - ئىبارە ۋە كەلىمىلەرنىڭمۇ كۈچى بار. بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتە شۇ مىللەت ئىگىلىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەن سۆز - كەلىمىلىرى، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا سۆزلىگەن سۆز - كەلىمىلىرى، شۇنداقلا دۇنياۋى سىياسىي سەھنىلەردە سۆزلىگەن سۆز - كەلىمىلىرى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**چەت ئەللەردە ئۇيغۇرلارنى ئۆزئارا جەڭگى - جېدەلگە سېلىپ كېلىۋاتقان كەلىمىلەر**

شەرقى تۈركىستانمۇ؟ ئۇيغۇرىستانمۇ؟ شىنجاڭمۇ؟ قوراللىق كۈرەشمۇ؟ ئاپتونومىيەمۇ؟ مۇستەقىللىقمۇ؟ كىشىلىك هوقۇق، زېمىن دەۋاسى، ئىندىجېنىس پىپول، سۈرگۈندىكى هۆكۈمەت، ئۇيغۇرغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، 10 مىڭ ئىمزا، جىهاد، سۈرىيە، قارا چۈمبەل، پەلەستىن، خاماس، ئىسرائىل. بۇ كەلىمىلەر ئىچىدە سۈرگۈندىكى هۆكۈمەت بىلەن ئىندىجېنىس پىپول كەلىمىسى ئىنتايىن مەشهۇر بولۇپ، يېقىندا كانادادىكى بىر ئۇيغۇر چارۋىچىلىق مەيدانىدا سىنغا ئېلىنغان هايۋاناتلار ئارىسىدا سۈرگۈندىكى هۆكۈمەت قۇرۇش سايلىمى هەققىدىكى هەجۋى قىسقا فىلىم، سۈرگۈندىكى هۆكۈمەت مەسىلىسىنى هەجۋى قىلىشتىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرلىك فىلىم بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا، ئىندىجېنىس پىپول كەلىمىسىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى، پارچىلاش، ئۈچ - ئاداۋەت سېلىش كۈچى سەۋەبىدىن هەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر جامائەتلىرى خۇددى ۋابا كېسىلى تارقالغاندەك پارچىلىنىپ كەتتى. پۈتۈن دۇنياغا بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنىڭ نەمۇنىسى، ئىللىقلىق تارقىتىش، مېهىر قولىنى سۇنۇشتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقان كانادا جامائىتى «ئىندىجېنىس پىپول» كەلىمىسى پەيدا قىلغان بەس - مۇنازىرە بىلەن، پارام - پارچە بولۇپ كەتتى. مانا بۇ كەلىمىنىڭ كۈچى بولۇپ، خىتاي قاتارلىق زوراۋان كۈچلەر، بارلىق هەربىي كۈچلىرىنى ئىشلىتىپمۇ ئۇيغۇرلارنى پارچىلاش جەهەتتە بۇنداق ئۇنۇملۇك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

## كەلىمىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى 1#: ماركىلاشتۇرۇلغان قالپاق كەلىمىلەر

ئۆچى، يەرلىك مىللەتچى، شيۇجېڭجۇيىچى، چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر، پومېشچىك، پانتۈركىست، پانئىسلامىست، كاۋاپچى، ياۋايى، تېرروروچى، دىنىي ئەسەبىي، كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر - ئۇر قىلىش، ئاسماندا تور يەردە قاپقان، ئۈچ خىل كۈچلەر، مىللىي بۆلگۈنچى، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغۇچى، ئىككى يۈزلىمىچى كادىر... بۇ كەلىمىلەر 1949 - يىلى خىتاي هاكىمىيىتى ئۇيغۇر زېمىنىنى بېسىۋالغاندىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنى قارىلاش ئۈچۈن قوللانغان كەلىمىلەر بولۇپ، خىتاي زېمىنى ئىچىدىكى ئۇيغۇر بولمىغان هەرقانداق بىر مىللەت بۇ كەلىمىلەرنى ئىشىتكەن زامان، سۆز تېمىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقىنى هېس قىلالايدۇ. شۇنداقلا بۇ سەلبىي كەلىمىلەر خۇددى سۇ مولېكۇلالىرىغا سەلبىي سۆز بىلەن توڭلىتىلغاندا يۈز بەرگەن شەكىلدەك ئۇيغۇرلارنىڭ روهىي دۇنياسى ئارقىلىق يۈزىگە تەپچىيدۇ. بۇ كەلىمىلەرنىڭ كۈچى ئارقىلىق 80 يىلغا يېقىن بىر ۋاقىتتا خىتاي هاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلىپ كەلدى. شۇنداقلا، دۇنياغا «ئۇيغۇر» دېگەن بىر مىللەتنىڭ ناهايىتى قورقۇنچلۇق ياۋايى، مائارىپسىز، رادىكال مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئەگەر ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرى كونترول قىلىپ تۇرمىغان شارائىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا بالايىئاپەت بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەشۋىقاتنى ناهايىتى ياخشى ماڭدۇرۇپ كەلدى.

## كەلىمىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى 2#: ئۇيغۇر كىملىكىدىكى ماهىيەتلىك كەلىمىلەر

چىمەن دوپپا، تۇماق، ئەتلەس، مۇقام، يىپەك يولى، دۇتار، تەمبۇر، ساتار، داپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلى، تەكلىماكان، لەڭمەن، پولۇ، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق، هون، ئوغۇزخان، ئاتىللا، كۆكتۈرك، ئۇرقۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى، قاراخانىيلار سۇلالىسى،

يەكەن ئۇيغۇر خانىدانلىقى، ئەخمەتجان قاسىمى، قاراقۇرۇم، تەڭرىتاغ، پامىر، تارىم دەرياسى، ئىلى دەرياسى... يەنە نۇرغۇنلىغان كەلىمىلەر مەلۇم زوراۋان ھۆكۈمرانلىقلار تەرىپىدىن مەلۇم سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن قالپاقلاشتۇرۇلمىغان ساپ ئەسلىي مەنىدىكى كەلىمىلەر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى، قەيەردە ياشايدىغانلىقىنى، نېمىلەرگە قىزىقىدىغانلىقى، مەدەنىيىتى، قۇرغان سەلتەنەتلىك خانىدانلىقلىرىنى ئىپادىلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ روھىنى ئۈستۈرۈپ، خۇددى سۇ مولېكۇلالىرى توڭلىتىلغاندا چىرايلىق سۈز بىلەن گۈزەل تۈسكە كىرگەندەك، ئۇيغۇرلار چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا قىلىدۇ.

### كەلىمىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى #3: جازا لاگېرى كەلىمىلىرى

يولۋاس ئورۇندۇق، قىزىل ناخشا، ئېلېكترونلۇق توك سىم، يۈز تونۇش تېخنىكىسى، قورااللىق ھەربىي ساقچى، داق سېمونت يەر، موما، شوۋىنگۇرۇچ، كويزا ۋە كىشەن، قوشماق تۇغقان، كامېر، ئىسمى بىلەن ئەمەس نومۇر بىلەن چاقىرىلىش، باسقۇنچىلىق، قىيىن - قىستاق، ئېچىنىشلىق ئاۋازلار، ئېلېكترونلۇق دوپپا، ئېلېكترونلۇق پەلەي، ئېلېكترونلۇق كالتەك، بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى، 18 ياشلىق قىزنىڭ ئادەتتىن توختاپ كېتىش، نامەلۇم دورا ئىچىش...

### كەلىمىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى #4: نامايىش كەلىمىلىرى

چۈشەنچىلىرىمىز ھېس - تۇيغۇلىرىمىزنى، ھېس - تۇيغۇلىرىمىز ھەرىكەتلىرىمىزنى، ھەرىكەتلىرىمىز خاراكتېرىمىزنى، خاراكتېرىمىز تەقدىرىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. چەت ئەللەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نامايىشلار ۋە بۇ نامايىشقا قاتنىشىۋاتقان ھەم قاتناشمايىۋاتقان كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى مانا مۇشۇنداق شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەقدىرىمۇ ھەم مۇشۇ خاراكتېرلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۆرىدىگەن ئاساستا پىچىلىپ چىقىلىدۇ.

«قانخور خىتاي، قىرغىنچىلىقنى توختات!»، «گۇگۇل ئۇيغۇر»، «ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك»، «خىتاي، ئائىلەم قەيەردە؟»، «فاشىست خىتاي!»، «تېررورىست خىتاي!» دېگەن شوئارلار ۋە ئاغزىمىزدىن ئۇيغۇر ھەققىدە چىققان ھەربىر سادا دۇنيانىڭ نەزىرىنى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە تارتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بىز «پەلەستىنگە ئەركىنلىك!»، «تېررورىست ئىسرائىل!» ۋە باشقا شوئارلارنى توۋلىغان ۋاقتىمىزدا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلىۋاتقان كۈچنى پەلەستىنگە ئاغدۇرۇپ بەرگەن بولىمىز.

مەسىلەن، «قانخور خىتاي، قىرغىنچىلىقنى توختات!» دېگەن بۇ كەلىمە ماھىيەتتە خىتاينى ئىنتايىن بىئارام قىلىدىغان كەلىمە بولۇپ، خىتايغا قارىتا توۋلانغان ھەر بىر نامايىش كەلىمىسىنىڭ كۈچىگە سەل قارىماڭ. خىتاي بۇ كەلىمىنى قوللىنىۋاتقان نامايىشچىلار قوشۇنى ئادەم سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قارىتا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىستراتېگىيەسىنى بەلگىلەپ چىقىدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ھەر بىر ھۆكۈمران ئۈچۈن ئۆز ھاكىمىيىتىگە قارىتا ئېتىلغان يۇمغاقسۇتچىلىك كەلىمىمۇ ئۇنى بىئارام قىلىدۇ، ۋەھىمىگە سالىدۇ، گۇمانلاندۇرىدۇ، ھۆكۈمرانلىقىنىڭ لىڭشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. قانۇنى سۇلتان سۇلايماننى ئۆز ئوغلى مۇستافانى بوغۇپ ئۆلتۈرۈش ۋەسۋەسىسىگە باشلاپ بارغان دەل مۇشۇ ۋەھىمە ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نامايىش ۋە نامايىش كەلىمىلىرى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، نامايىش بىزگە ھېچكىم ياردەم قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ۋىجدانىمىزنىڭ

بىزنى كوچىلارغا سۆرەپ چىقىشىدىن ئىبارەت. نەتىجىدە پەقەت ۋىجدانلىق مىللەتلەرلا ۋەتەن قۇرالايدۇ.

مەۋلانا كەلىمىلەرنىڭ كۈچى ھەققىدە توختىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «كەلىمەلىرىڭنى يۈكسەلت. ئاۋازىڭنى ئەمەس. يامغۇردۇر چېچەكلەرنى ئۆستۈرگەن، گۈلدۈرماما ئەمەس.»

بىر مىللەت ئىگىلىرىنىڭ مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەن سۆزلىرى ئىنتايىن مۇھىم. سۆزلەرنى زېھنىمىزدە جانلاندۇرساق، ئۇ چاغدا بىز مۇھتەشەم بىر نەتىجىگە ئېرىشىمىز. ختاي بۇ ئىشنى بەك ئۇنۇملۇك قىلىۋاتىدۇ. كەلىمىلەرنىڭ كۈچى ئارغامچا تارتىشقا ئوخشايدۇ. «ئۇيغۇر» دېگەن كۈچ كۈچلۈك بولسا ئارقان تارتىشتا ئۇيغۇر تەرەپ، «پەلەستىن» دېگەن تەرەپ كۈچلۈك بولسا پەلەستىن تەرەپ ئۇتىدۇ.

سېنارىيەنى قايسى سۆزلەر بىلەن يازساق، ھايات بىزگە شۇنى ئوينىتىدۇ. دۇنياغا بېرىدىغان ئوبرازىمىز مەسىلىسىدە تاللايدىغان سۆزلىرىمىز ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، قانداق كەلىمىنى كۆپ ئىشلەتسەك دۇنيا بىزنى شۇنداق تونۇيدۇ.

## كەلىمىلەرنىڭ كۈچى 5#: ل. تولستوينىڭ ئاننا كارېنىناسى

مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى ل. تولستوينىڭ كەلىمىلىرىنىڭ كۈچى بىلەن يارىتىلغان «ئاننا كارېنىنا» ئوبرازىنىڭ رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان بىر خىيالىي ئوبراز ئىكەنلىكىگە ئاخىردا يازغۇچى ل. تولستوي ئۆزىمۇ ئىشەنمەي قالغان. ئاننا كارېنىنانىڭ پويىزنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى تاشلايدىغان قۇرلارغا كەلگەندە، ل. تولستوينىڭ قەلىمىنى تاشلاپ، «ئاننا... توختا پويىزغا ئۆزۈڭنى ئاتما» دەپ يىغلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. مانا بۇ كەلىمىلەرنىڭ كۈچى پەيدا قىلغان تەسىرات. بىزمۇ ۋەتەن ئوبرازىنى كەلىمىلىرىمىزنىڭ كۈچى بىلەن قەلبىمىزدە شۇنداق جانلاندۇرالىساق، ۋەتەننىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە «ئاھ ۋەتەن...» دېگەنچە ئۆيىمىزدىن چاچراپ چىقىپ كېتىدىغان ھالەتكە كېلەيلى.

«ھەر ۋاقىت ئىچىمىزدىن، قەلبىمىزدىن كېلىدىغان ساداغا ئىشىنىشىمىز لازىم. چۈنكى بۇ سادا ھېچ بىر زامان يالغان سۆزلىمەيدۇ» دەيدۇ داڭلىق يازغۇچى ل. تولستوي.

## كەلىمىلەرنىڭ كۈچى6#: زىكرىنىڭ كۈچى

زىكىر ماھىيەت جەھەتتە قۇرئاننىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى.

زىكىر – قۇرئان كەلىمىلىرىنىڭ كۈچى. زىكىر كەلىمىلىرىنىڭ كۈچى ئىنسان روھىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، خۇددى سۇيۇقئاش قوچۇلغاندەك ياكى سورۇلغاندەك سورۇلغان ۋاقىتدا ھېچقانداق بىر كۈچ مەغلۇپ قىلالمايدىغان روھىي ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلەيدۇ. ختاي تۈرمىلىرىدە يېتىۋاتقان ئۇيغۇر قەھرىمانلىرى مانا مۇشۇ زىكرىدىكى كەلىمىلەرنىڭ كۈچى بىلەن ختايدىن ئىبارەت بۇ تەڭداشسىز زالىمغا پىسەنت قىلماي ياشاۋاتىدۇ. 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمان شېھىتى 23 ياشلىق ئابدۇخالىق ئابدۇرېشىتنىڭ ئۆلۈم مەيدانىدىكى خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەمكىن ھالىتى، ختاينى قىلچە مەنسىتمەسلىكتەك تۇرۇشى، كەلىمە شاھادەتلەر ۋە زىكرىنىڭ كۈچىدىن كەلگەن.

دۇئا كەلىمىلەرنىڭ كۈچى، شۇنداقلا چاقىرىپ ئەكېلىش. ناماز ۋە دۇئا كەلىمىلەرنىڭ كۈچى ئارقىلىق تىلەكلەرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش. كەلىمىلەرنىڭ كۈچى ۋە زىكىر ھەققىدە توختالغاندا بۇنىڭ ناھايىتىمۇ چوڭقۇر ۋە ئايرىم كەڭ بىر تېما بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋېتىمەن.

## بىر قازان سۈيۈقئاشنى ئالدى بىلەن باللىرىڭىزغا بېرىڭ

مەسىلەن، سىزنى ھېچقانداق بىر يۆلەنچۈكى يوق تۇل ئانا دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى. سىزنىڭ بەش بالىڭىز بار. باللارنىڭ دادىسى خىتاي تۈرمىسىدىمۇ ياكى ئۆلۈپ كەتتىمۇ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىز - دېرىكى يوق. سىز ناھايىتى تەسلىكتە بىۋگۈن بىر كىلوگىرام گۆشكە ئېرىشىپ بىر قازان سۈيۈقئاش ئەتتىڭىز. سۈيۈقئېشىڭىز پىشىپ، ئۇزۇن كۈنلەردىن بۇيان تاماق يۈزى كۆرمىگەن بەش بالىڭىز تەقەززالىق بىلەن شىرە ئەتراپىغا ئولاشتى. دەل سىز سۈيۈقئاشنى چىنىلەرگە ئۇسۇۋاتقاندا ئىشىكىڭىز چېكىلدى. ئىشىكىڭىز ئالدىدا پەلەستىنلىك بىر ئانا ئاچ قالغان بەش بالىسى بىلەن بىر قازان سۈيۈقئاشنى ئۆزىگە بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇراتتى. سىزنىڭ ئالدىنقى بۇرچىڭىز ئالدى بىلەن ئاچ قالغان بەش بالىڭىزنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش، ئاندىن پەلەستىنلىك بالىغا تاماق بېرىش. دۇنيادا مىليونلارچە سوت مەھكىمىلىرى ۋە مىليونلارچە ھەق - ئادالەت دەۋالىرى بار. بۇ سوت مەھكىمىلىرى قولغا ئالغان ھەر بىر دەۋانىڭ ئۆزىگە خاس ھەقلىق ئىگىلىرى بار. بۇ دەۋالار خۇددى تاتلىق سۇلۇق دېڭىز بىلەن تۇزلۇق سۇلۇق دېڭىز ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتمىگەندەك ئارىلىشىپ كەتمەگىلىك. سوت مەھكىمىلىرى بوسۇغىسىدىكى ھەر بىر ئادەم ئۆز ھەق ئادالىتى ۋە ئۆز دەۋاسىنىڭ ئىگىلىرى.

## خاتىمە

بىزمۇ ئۇيغۇر كەلىمىسىنى بىر ئارغامچا دەپ چۈشىنەيلى ۋە بۇ ئارغامچىنى «ئۇيغۇر، ئۇيغۇر، ئۇيغۇر...» دەپ تارتايلى. نەتىجىدە ئۇيغۇر كەلىمىسىنىڭ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق دۇنيانى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى، ياۋروپا بىرلىكىنى، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى، تۈركىي مىللەتلىرىنى ۋە پۈتۈن دۇنيانى «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ كەلىمىنىڭ ئەتراپىغا توپلايلى.

«گۇگۇل ئۇيغۇر» (Google Uyghur) كەلىمىسىنى ئۇيغۇرلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ يۈرىكى دەپ چۈشىنەيلى. گۇگۇل ئۇيغۇر، دۈپ، دۈپ، دۈپ...

*2024 - يىلى مارت، تورونتو*

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

18

# تارىخنىڭ ساۋاقلىرى

ئەركىن سىدىق

2024 - يىلى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

## كىرىش سۆز

ئامېرىكىدا ياشاپ، ئىنسانلارنىڭ 5000 يىللىق يازما تارىخىنى بىرلەشتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۇنى ئىنسانىيەتكە ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان بىر كىشى بار. ئۇنىڭ ئىسمى ۋىللىيەم جەيمىز دۇرانت (William James Durant, 1885 – 1981). ئۇ ھەم تارىخشۇناس، ھەم پەيلاسوپ بولۇپ، «مەدەنىيەتلىشىشنىڭ ھېكايىسى» دېگەن ئىسىمدىكى 11 توملۇق كىتابى بىلەن دۇنيادا مەشھۇر بولغان، ھەمدە 1977 - يىلى ئامېرىكىنىڭ «پرېزىدېنتلىق ئەركىنلىك مېدالى» غا ئېرىشكەن. ۋىللىيەم ئەپەندى ئايالى ئارىئېل دۇرانت (Ariel Durant) بىلەن بىرلىكتە ئىنسانلارنىڭ 5000 يىللىق يازما تارىخىنىڭ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، «تارىخنىڭ ساۋاقلىرى» (The Lessons of History) دېگەن ئىسىمدا بىر 100 بەتلىك كىتاب يېزىپ، ئۇنى 1968 - يىلى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ كىتابمۇ ۋىللىيەمنىڭ باشقا ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا دۇنياغا كەڭ تارقالغان ۋە دۇنيادا زور تەسىر قوزغىغان. مەن مەزكۇر ماقالىدا «تارىخنىڭ ساۋاقلىرى» دىكى بىر قىسىم مەزمۇنلارنى تونۇشتۇرىمەن. مەن تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇنلار يەر شارى، بىيولوگىيە، مىللەت، ئەخلاق ۋە دىن قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋىللىيەمنىڭ كىتابىدىكى مىساللاردا تارىخىي كىشىلەر ۋە تارىخىي جايلارنىڭ ئىسىملىرى ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، مېنىڭ ئۇلارنى ئۇيغۇرچىغا توغرا تەرجىمە قىلىش ئىمكانىيىتىم يوق. شۇڭلاشقا مەن مەزكۇر ماقالىدە كىتابتىكى ئۆزۈم مۇھىم دەپ قارىغان يەرلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بايان قىلىدىغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلمايمەن. ئەگەر ئۆزۈمنىڭ سۆزىنى قوشماقچى بولسام ، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە قوشىمەن. مەن ئىنگلىزچە بىلىدىغان قېرىنداشلارغا ئەسلىدىكى كىتابنى بىۋاستە ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بىز هازىر تارىخنىڭ بىر ناهايىتى هالقىلىق پەيتىدە ياشاۋاتىمىز. بىز ئۇيغۇرلار تارىختا بىر مىللەت سۈپىتىدە گۈللىنىپ باققان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىردىنبىر هۆكۈمران مىللەت بولۇپ دۇنيانى سوراپ باققان. ئەمما كېيىن ئارقىمىزغا چېكىندۇق. ئاجىزلاشتۇق. بىر مەزگىل «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنىمۇ يوقىتىپ قويدۇق. هازىر بولسا بىر مىللەت سۈپىتىدە يەر شارىدىن يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدۇق. مېنىڭ مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئوقۇرمەنلەرنى «تارىخنىڭ ساۋاقلىرى» دىن خەۋەردار قىلماقچى بولغىنىمدا مۇهىم سەۋەب بار. ئۇ بولسىمۇ ئوقۇرمەنلەرنى تارىخنىڭ ساۋاقلىرى ئاساسىدا هازىرقى ئەهۋالىمىزنى توغرا ئانالىز قىلىش ۋە توغرا چۈشىنىش بىلىملىرى بىلەن تەمىنلەش. بۇ بىلىملەر ئۆزىمىزنى هازىرقى ناچار تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇشقا يەتمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئەگەر بىز ئۆز تەقدىرىمىزنى ياخشى تەرەپكە ئۆزگەرتمەكچى بولساق، ئەگەر بىز بىر مىللەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالماقچى بولساق، ياكى ئەگەر بىز ئۇيغۇر بولۇپ يەر شارىدا داۋاملىق ياشىماقچى بولساق، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلساق بولىدىغانلىقى هەققىدە بىزگە بىر قىسىم ياخشى ئىدىيەلەرنى ئۆگىتىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ مەزكۇر ماقالىنى تەييارلاشتىكى يەتمەكچى بولغان ئارزۇيۇم.

هازىر ئۇيغۇر پروجېكت فوندى 2024 - يىللىق «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە» پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. بىز مۇشۇ پائالىيەت ئۈچۈن يېزىلغان ماقالىلەرنى توپلاپ، «دەۋر ۋە بىز – 2024» دېگەن ئىسىمدا بۇ يىل 9 - ئايدا بىر كىتاب چىقىرىمىز، هەمدە ئۇنى لېكسىيەگە كەلگەن قېرىنداشلارغا هەقسىز تارقىتىپ بېرىمىز. مەزكۇر كىتاب ئۈچۈن ۋەدە قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ سانى هازىر 40 پارچىگە يېقىنلاشتى. مەن تەييارلاۋاتقان مەزكۇر ماقالىمۇ ئاشۇ كىتابقا كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنىنى بۇ يىل 9 - ئاينىڭ 21 - ۋە 22 - كۈنلىرى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە – 2024» پائالىيىتىدىمۇ بىر لېكسىيە قىلىپ سۆزلەيمەن. مەزكۇر لېكسىيە پائالىيىتى ئىككى كۈنلۈك هەقسىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىغا باراۋەر بولۇپ، مەن ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلارنىڭ هەممىسىگە مەزكۇر پائالىيەتكە قاتنىشىشنى تەۋسىيە قىلىمەن، هەمدە بۇ ئىشتا بىزنى قوللاپ بەرگەن بارلىق قېرىنداشلارغا ئالدىنئالا رەهمەت ئېيتىمەن.




1 - رەسىم: «تارىخنىڭ ساۋاقلىرى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋىللىيەم دۇرانت.

https://en.wikipedia.org/wiki/Will_Durant

## 1. تارىخ ۋە يەر شارى

تارىختا «ئۆتمۈشتىكى ئىشلار» ياكى «ئۆتمۈشنىڭ خاتىرىسى» دەپ ئېنىقلىما بېرىشكە بولىدۇ. ئىنسان تارىخى ئالەم بوشلۇقىدىكى بىر كىچىك جايغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى ساۋىقى، ئۇنىڭ ئاددىي (modesty) بولۇشىدىن ئىبارەت. ھەر قانداق بىر پەيتتە، بىر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز يەر شارىغا ناھايىتى يېقىن كېلىپ، بىزنىڭ بۇ كىچىك يەر شارىمىزدا ئېغىر ۋەھىمە پەيدا قىلىشى، ياكى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئادەم ۋە ھايۋانلارنى يالقۇن ۋە ئىسسىقلىق بىلەن تۈنجۇقتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن؛ ياكى بولمىسا قۇياشنىڭ بىر پارچىسى بۆلۈنۈپ چىقىپ، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە چۈشۈپ، يەر يۈزىدىكى بارلىق غەم ۋە ئازابلارنى ئاخىرلاشتۇرۇشى مۇمكىن – بەزى كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، بىرقانچە ئاسترونومىيەلىك دەۋرلەردىن بۇرۇن يەر يۈزىدە ئاشۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ باققان ئىكەن. بىز تارىختىكى ئاشۇنداق مۇمكىنچىلىكلەرنى قوبۇل قىلىمىز.

تارىخ جۇغراپىيەگە باغلانغان بولىدۇ. ھەر كۈنى دېڭىز سۈيى مەلۇم جايلاردا قۇرۇقلۇققا بۆسۈپ كىرىدۇ، ياكى قۇرۇقلۇق دېڭىزغا بۆسۈپ كىرىدۇ. شەھەرلەر سۇ ئاستىدا غايىب بولىدۇ. تاغلار ئېگىزلەيدۇ ياكى ئۆرۈلىدۇ. دەريا سۇلىرى كۆپىيىدۇ ۋە كەلكۈن پەيدا قىلىدۇ، ياكى قۇرۇپ كېتىدۇ، ياكى بولمىسا ئېقىم يوللىرىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئويمانلىقلار چۆللۈككە ئايلىنىدۇ، ۋە بويۇن (ئىككى چوڭ قۇرۇقلۇقنى تۇتاشتۇرىدىغان تار يەر) لار تۈز يوللارغا ئايلىنىدۇ. جۇغراپىيە كۆزى بىلەن قارىغاندا، يەر يۈزىنىڭ ھەممىسى ئاقما جىسىمغا ئوخشاش بولۇپ، ئىنسانلار ئۇنىڭ ئۈستىدە خەتەرلىك مۇھىت ئىچىدىكىگە ئوخشاش ماڭىدۇ.

كىلىمات بىزنى ھازىر بۇرۇنقىلار ئېيتقاندەك قاتتىق كونترول قىلالمايدۇ، ئەمما ئۇ بىزنى چەكلەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ چېۋەرلىكى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا جۇغراپىيەنىڭ نۇقسانلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. مەسىلەن، ئىنسانلار چۆللۈككە سۇ باشلاپ كېلەلەيدۇ، ھەمدە سەھرايى كەبىرنىڭ ھاۋاسىنى ھاۋا تەڭشىگۈچ بىلەن سوۋۇتالايدۇ. تاغلارنى تۈزلىۋېتەلەيدۇ. دۆڭلۈكنىڭ يانتۇلۇقلىرىدا پەلەمپەي ئېتىزلارنى بەرپا قىلىپ، ئۈزۈم ئۆستۈرەلەيدۇ. دېڭىز يۈزىدىكى بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە بارالايدىغان لەيلىمە شەھەرلەرنى ياسىيالايدۇ، ھەمدە بىر جايدىن يەنە بىر يىراق جايغا ئۇچۇپ بارىدىغان گىگانت قۇشلارنى ياسىيالايدۇ. ئەمما بىر چوڭ قۇيۇن ياشاشقا ئەسىرلەر كەتكەن بىر شەھەرنى بىر سائەت ئىچىدىلا ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ. بىر مۇز تاغ بىر لەيلىمە سارايي (يەنى نەچچە مىڭ كىشىلىك ساياھەت پاراخوتى) نى ئىككى پارچە قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مىڭلىغان ساياھەتچىلەرنى ئۇچۇرۇپ سۇغا تاشلىۋېتەلەيدۇ. ئەگەر يامغۇر ئازلاپ كەتسە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكىگە ئوخشاش مەدەنىيەتلەشكەن شەھەر - كەنتلەر قۇم ئاستىدا غايىب بولىدۇ. ئەگەر يامغۇر بەك كۆپ يېغىپ كېتىدىكەن، ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكىگە ئوخشاش مەدەنىيەتلەشكەن شەھەر - كەنتلەر تۈنجۇقۇپ جاڭگالغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر بىز گۈللەپ ياشناۋاتقان زېمىندا تېمپېراتۇرا 20 گرادۇس ئۆرلەپ كېتىدىكەن، بىز مۆڭدەپ قالغان ياۋايى مەخلۇقلارغا ئايلىنىپ قالىمىز. يېرىم ئىسسىق بەلباغ كىلىماتىدا يېرىم مىليارد ئىنسان چۈمۈلىگە ئوخشاش كۆپىيىپ ياشىيالايدۇ، ئەمما ھاۋا سوۋۇپ كەتسە ئۇلار كىلىماتى ياخشى يەرلەردىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارغا ئاسانلا يەم بولۇپ كېتىدۇ. ئىنسانلار بىر ئەۋلادتىن يەنە بىر ئەۋلادقىچە يەرنى بويسۇندۇرۇش قابىلىيەتلىرىنى بارغانسېرى كۆپلەپ يېتىلدۈرۈپ ماڭىدۇ، ئەمما ئۇلار ئەڭ ئاخىرىدا ئاشۇ يەرنىڭ ئىچىدە تاشقا ئايلانغان جىسىملارغا ئۆزگىرىپ ياتىدۇ.

جۇغراپىيە ــ تارىخنىڭ ماتېرىياللىرى ياكى قېلىپى، تارىخنىڭ ئوزۇقلاندۇرغۇچى ئانىسى، ھەمدە تارىخنىڭ تەربىيە بېرىدىغان ئۆيى. دەريا، كۆل، قۇملۇقتىكى يېشىل بوستانلىق ۋە ئوكيانلار ئۆزلىرىنىڭ قىرغاقلىرىغا كۆچمەن ئىنسانلارنى جەلپ قىلىپ ئەكېلىدۇ. سەۋەبى، سۇ ــ ئورگانىزملار ۋە كەنت - مەھەللىلەرنىڭ جېنى بولۇپ، ترانسپورت ۋە سودا ئىشلىرىنىمۇ ئەرزان قاتناش يوللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

كولۇمبۇس (Columbus) ۋە ۋاسكو (Vasco) نىڭ 1492 - يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دېڭىز سەپەرلىرى ئىنسانلارنىڭ دېڭىزغا جەڭ ئېلان قىلىشىنىڭ باشلىنىشى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن دۇنيانىڭ مەدەنىيەتلىشىش ۋە گۈللىنىش ئەھۋالىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئايروپىلاننىڭ تەرەققىياتى مەدەنىيەتلىشىشنىڭ خەرىتىسىنى قايتا ئۆزگەرتىدۇ. دەريا ۋە دېڭىزلارنىڭ سودا قاتناش يولى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى بارغانسېرى ئازلاپ، ئادەم ۋە سودا مەھسۇلاتلىرىنى بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە توشۇشتا ئۇلارنىڭ ئورنىنى ھاۋا قاتنىشى ئالىدۇ. كەڭ كۆلەمدىكى دېڭىز قىرغاق زېمىنلىرىغا ئىگە ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەگە ئوخشاش ئەللەر ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارا سودىدىكى پايدىلىق ئورنىنى يوقىتىپ، چوڭ قۇرۇقلۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان رۇسىيە، خىتاي ۋە بىرازىلىيەگە ئوخشاش ئەللەر ئايروپىلان ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سودا قاتناش يولى ساھەسىدىكى مېيىپلىقىنى ئازايتىدۇ. دېڭىز قىرغىقىغا جايلاشقان شەھەرلەر سودا مەھسۇلاتلىرىنى پاراخوتتىن پويىزغا ياكى پويىزدىن پاراخوتقا توشۇش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان بايلىقلىرىنىڭ مىقدارى ئازىيىدۇ. ترانسپورت ۋە ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان دېڭىز كۈچىنىڭ ئورنىنى ھاۋا كۈچى ئالغاندا، بىز تارىختىكى بىر چوڭ ئىنقىلابنى كۆرگەن بولىمىز.

تېخنولوگىيەنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ جۇغراپىيەلىك ئامىللارنىڭ تەسىرلىرى ئاجىزلايدۇ. يەر شەكلىنىڭ خاراكتېرى ۋە تۇزۇلۇشى يېزا ئىگىلىك، كانچىلىق ياكى سودىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى مۇمكىن، ئەمما پەقەت لىدېرلارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە يېڭى ئىدىيەلىرى، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ساغلام ئەمگەكلىرىلا ئاشۇنداق مۇمكىنچىلىكلەرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدۇ. شۇنداقلا، خۇددى ھازىرقى ئىسرائىلىيەدىكىگە ئوخشاش، ئاشۇنداق ئامىللارنىڭ بىرىكمىسىلا مىڭلىغان توسالغۇلارنى يېڭىپ، بىر يېڭى كۇلتۇر ياكى بىر يېڭى مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. مەدەنىيەتنى تۇپراق ئەمەس، ئادەم ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

## 2. تارىخ ۋە بىئولوگىيە

تارىخ ــ بىيولوگىيەنىڭ بىر قىسمى. يەنى، ئىنسان ھاياتى ئورگانىزملارنىڭ ياكى جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئۆزگىرىشىنىڭ بىر قىسمى. ئورمانلىقتا ماڭساق سانسىزلىغان قۇشلارنىڭ ئوخشىمىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلايمىز، ۋە بىزدىن ئۆركۈپ تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىشلىرىنى كۆرىمىز. دېڭىز ئاستىغا كىرسەك ئوخشىمىغان بېلىق ۋە باشقا سۇ ھايۋانلىرىنىڭ بىزدىن ئۆركۈپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىشلىرىنى كۆرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىز ئىنسانلارنىڭ يەر شارى ئۈستىدىكى جانلىق مەۋجۇداتلار ئىچىدىكى بىر ئاز سانلىققا تەۋە قوۋم ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئىنسان يىلنامىلىرى ۋە ئىنسانلار ياراتقان نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى باسقۇچلۇق ھاياتنىڭ تارىخىغا ۋە كۆرۈنۈشلىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

بىيولوگىيە قانۇنىيەتلىرى تارىخنىڭ تۈپ ساۋاقلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بىز تەدرىجى تەرەققىيات جەريانلىرى ۋە سىناقلىرى ئىچىدە ياشايمىز. شۇنداقلا مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ

قىلىش ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىمىز. ئەڭ ئاخىردا بىزنىڭ تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشىنى زامان ۋە ماكانغا ئەڭ ماسلاشقان جانلىق مەۋجۇداتلار ھايات قالىدۇ، دېگەن قانۇنىيەت بەلگىلەيدۇ. ئەگەر بەزىلىرىمىز ھاياتلىق توقۇنۇشلىرىدىن ساق - سالامەت قېچىپ چىقالىغان بولساق، ئۇ بىز تەۋە بولغان ئادەم گۇرۇپپىسىنىڭ بىزنى قوغدىيالىغانلىقىدىن بولىدۇ. ئەمما ئاشۇ گۇرۇپپىنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش سىناقلىرىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

**تارىخنىڭ بىر قانچە بىيولوگىيەلىك ساۋاقلىرى بار. ئۇلار تۆۋەندىكىدەك:**

**(1) ھاياتلىق دېگەن رىقابەت دېمەكتۇر**

رىقابەت يالغۇز سودىنىڭ ھاياتى بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە ھاياتنىڭ سودىسى. يېمەكلىكلەر يېتەرلىك ۋاقىتلاردا بىز تىنچلىق ئىچىدە ياشايمىز، قورساقنىڭ سانى يېمەكلىكلەرنىڭ مىقدارىدىن ئېشىپ كەتكەندە بىز زوراۋانلىققا پاتىمىز. ھايۋانلار ھېچ بىر ئەندىشە قىلماستىن بىر - بىرىنى يەيدۇ. مەدەنىيەتلەشكەن ئىنسانلار بولسا مەۋجۇت قانۇنلاردىن پايدىلىنىپ بىر - بىرىنى ئىستېمال قىلىدۇ. ھەمكارلىق ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ئېشىپ ماڭىدۇ. سەۋەبى، ھەمكارلىقمۇ رىقابەتنىڭ بىر خىل قورالى ۋە شەكلى. بىز ئۆز گۇرۇپپىمىز ئىچىدە ھەمكارلىشىمىز، يەنى ئائىلىمىزدە، جامائەت ئىچىدە، تەشكىلاتلار ئىچىدە، مەسچىتتە، سىياسىي پارتىيە ئىچىدە، ۋە مىللەت ئىچىدە ھەمكارلىشىمىز. مەقسەت ئۆز گۇرۇپپىمىزنىڭ باشقا گۇرۇپپىلار بىلەن رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش. ئۆزئارا رىقابەتلىشىدىغان گۇرۇپپىلار ئۆزئارا رىقابەتلىشىدىغان ئادەملەرگە ئوخشايدۇ. يەنى، ئۇلاردىمۇ ئاچ كۆزلۈك، ئۇرۇشقاقلىق، بۆلۈنۈش، ۋە ئېھتىيارلىق بار بولىدۇ. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ كىملىك ماھىيىتىمىزگە ۋەكىللىك قىلىپ، بىز قىلماقچى بولغان ياخشى ۋە يامان ئەمەللەرنى چوڭ دائىرە ئىچىدە قىلىدۇ. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللاپ ھايات قېلىش يولىدا ئۆزئارا قوغلىشىش، سوقۇشۇش ۋە ئۆلتۈرۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇ ئىشلار بىزنىڭ قېنىمىزدا ساقلىنىپ قالغان. شۇڭا بىز سوقۇشقاق كېلىمىز، پىخسىق كېلىمىز، ۋە تويماس كېلىمىز. ئۇرۇش بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتنى يېيىش شەكلى. ئۇرۇش رىقابەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھەمكارلىقنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى ئۇنۇملۇك ھالدا قوغدىيالايدىغان بىر چوڭ گۇرۇپپا ياكى قوۋمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمىگۈچە، بىز يەنىلا ئوۋ ئوۋلاپ ھاياتلىقنى ساقلايدىغان ئايرىم - ئايرىم كىشىلەر ۋە ئائىلىلەرگە ئوخشاش ياشايمىز.

**(2) ھاياتلىق دېگەن تاللىنىش دېمەكتۇر**

تەبىئەتتىكى جانىۋارلار يېمەكلىك ئۈچۈن، جورا ئۈچۈن ۋە ئۈستۈنلۈك ھوقۇقى ئۈچۈن ئۆزئارا رىقابەتلىشىدۇ. ئاشۇنداق رىقابەت جەريانىدا بەزى جانىۋارلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، بەزىلىرى بولسا مەغلۇپ بولىدۇ. مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىش كۈرىشىدە بىر قىسىم كىشىلەر باشقىلارغا قارىغاندا ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش سىنىقىدىن ئۆتۈشنىڭ شەرتلىرىنى ياخشىراق ھازىرلىغان بولىدۇ. تەبىئەت «ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» غا ئوخشاش ئىنسانلار يېزىپ چىققان ھۆججەتلەر بويىچە ئىش كۆرمەيدۇ. شۇڭلاشقا بىز ھەممىمىز ئەركىن ئەمەس ۋە باراۋەر ئەمەس يارىتىلغان بولىمىز. بىز تۇغۇلغاندىن كېيىن قانداقراق

بىر ھالەتكە كىرىپ قالىدىغانلىقىمىزنى مەلۇم دەرىجىدە ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان جىسمانىي ۋە پسىخولوگىيەلىك خاراكتېرىمىز، بىزنىڭ قوۋمىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئەنئەنىلىرى، ساغلاملىقىمىز ۋە جىسمانىي قۇدرىتىمىز، روھىي قابىلىيەتلىرىمىز ۋە خاراكتېرىمىزنىڭ سۈپەتلىرى قاتارلىقلار بەلگىلەيدۇ. تەبىئەت ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تولىمۇ ياقلايدۇ، سەۋەبى ئاشۇنداق پەرقلەر ھاياتلىقلارنى تاللاش ۋە شاللاشنىڭ، ھەمدە تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ زۆرۈر ماتېرىيالىدىن ئىبارەت. ئوخشاش نەسىللىك نەرسىدىكى ئۆزئارا پەرقلەر بىر ئومۇمىي ھادىسە. مەسىلەن، بىر جۈپ قوشكېزەك بالىمۇ بىر - بىرىدىن 100 دىن ئارتۇق تەرەپلەردە پەرقلىق كېلىدۇ.

تەڭسىزلىك بىر خىل تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەتلىشىشنىڭ مۇرەككەپلىشىشىگە ئەگىشىپ ئېغىرلاپ ماڭىدۇ. ئەجدادلاردىن قالغان تەڭسىزلىك ئىجتىمائىي ۋە سۈنئىي تەڭسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەر بىر كەشپىيات ئادەتتىن تاشقىرى كىشىلەر ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن نەرسە بولۇپ، ئۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۈچلۈكلەرنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىپ، ئاجىزلارنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھەر خىل فۇنكسىيەلەرنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ، قابىلىيەتلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكە ئايرىيدۇ، ۋە كىشىلەرنى ئۆز قوۋمى ئۈچۈن باراۋەر بولمىغان دەرىجىدە ئەتىۋارلىق قىلىدۇ. ئەگەر بىز ئۆز قوۋمىمىزغا تەۋە ئادەملىرىمىزنى تولۇق چۈشەنسەك، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قابىلىيەتلىرىنى تۇپلىغاندا پۈتۈن قوۋمنىڭ قابىلىيەتلىرىگە تەڭ كېلىدىغان 30 پىرسەنت سەرخىللارنى تاللاپ چىقالايمىز. ھايات ۋە تارىخ دەل شۇنداق قىلىدۇ.

تەبىئەت بىزنىڭ خىيالىي دۇنيايىمىزدىكى ئەركىنلىك بىلەن باراۋەرلىكنىڭ بىرىكمىسىنى زاڭلىق قىلىدۇ. سەۋەبى، ئەركىنلىك بىلەن باراۋەرلىك ئۆزئارا قەتئىي چىقىشالمايدىغان دۈشمەنلەردىن بولۇپ، ئەگەر بىرى ھۆكۈم سۈرىدىكەن، يەنە بىرى چوقۇم غايىب بولىدۇ. ئەگەر ئىنسانلار ئەركىن قويۇۋېتىلىدىكەن، ئۇلاردىكى تەڭسىزلىك شىددەت بىلەن كۈچىيىدۇ. تەڭسىزلىكنىڭ يامراپ كېتىشىنى چەكلەش ئۈچۈن ئەركىنلىكنى قۇربان قىلىش كېرەك. 1917 - يىلىدىن كېيىن رۇسلار دەل شۇنداق قىلدى. ئېزىلىش دەۋرلىرىدىمۇ تەڭسىزلىك كۈچىيىپ ماڭىدۇ. ئىقتىسادىي قابىلىيەتنىڭ ئوتتۇرا ھال سىزىقىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىلەر باراۋەرلىكنى ئىستەيدۇ، ئۇ سىزىقنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان كىشىلەر بولسا ئەركىنلىكنى ئىستەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قابىلىيىتى ئۈستۈن تۇرىدىغان كىشىلەر يېڭىدۇ. بىيولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باراۋەرلىك پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇڭلاشقا كۆيۈمچان پەيلاسوپلار قولغا كەلتۈرۈشنى ئىستەيدىغان نەرسە قانۇنىي ئادالەت سىستېمىسىدىكى تەخمىنىي باراۋەرلىك ۋە ھەممە ئۈچۈن ئوخشاش بولغان ئوقۇش پۇرسەتلىرى. يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆز روللىرىنى جارى قىلدۇرۇشىغا يول قويۇلغان قوۋمنىڭ باشقا قوۋملار بىلەن بولغان رىقابەتتە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئېھتىماللىقىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

**(3) جانلىقلار چوقۇم بالا تۇغۇپ كۆپىيىشى كېرەك**

بالا تۇغۇپ كۆپەيمەيدىغان جانلىقلار ئۈچۈن تەبىئەتنىڭ ھېچبىر كېرىكى يوق. تەبىئەتنىڭ سۈپەتلىكلەرنى تاللىشى ئۈچۈن جانلىقلار سانىنىڭ كۆپ بولۇشى شەرت. تەبىئەتنىڭ تاللىشى ئايرىم - ئايرىم جانلىقلار ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى جانلىقلار تۈرى ئۈستىدە بولىدۇ. تەبىئىي

تاللىنىش جەريانى مەدەنىيەتلەشكەن ئىنسانلار بىلەن ياۋايى ئىنسانلارنىڭ پەرقىگە پەرۋا قىلمايدۇ. يەنى، پەقەت زامان ۋە ماكانغا ئەڭ ماسلاشقان ئىنسانلارلا هايات قالىدۇ، قالغانلىرى هالاك بولىدۇ.

مەدەنىيەت جەھەتتىن بەكرەك تەرەققىي قىلغان ئىنسانلارنىڭ تۇغۇش نىسبىتى تۆۋەنرەك بولىدۇ.

ئادەملەرنىڭ كۆپىيىشى يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپىيىشىدىن تېز بولۇپ كەتكەندە، مۇنداق 3 نەرسە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا ئېلىپ بارىدۇ: ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈش، يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئۆلۈش، ۋە ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئۆلۈش. ئىشلار تارىختا ئەنە شۇنداق بولۇپ كەلگەن. هازىر ئۇنىڭ بەزى تەرەپلىرى بىرئاز ئۆزگەردى. مەسىلەن، ئەگەر يېزا ئىگىلىك بىلىملىرى تولۇق ئىشقا سېلىنىدىكەن، هازىر دۇنيادا ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان يېمەكلىكلەر هازىرقى دۇنيا نوپۇسىدىن بىر ھەسسە كۆپ ئىنسانلارنى بېقىشقا يېتىدۇ.

تۇغۇتنى كونترول قىلىش ۋاستىلىرى تۇغۇلغان باللارنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتەمدۇ؟ سۈنئىي ئۇسۇلدا ھامىلىدارلىقنى كونترول قىلىش ۋاستىسىنى ئاددىي ئىنسانلارغا قارىغاندا ئەقىللىق ئىنسانلار بەكرەك ئىشلىتىشى مۇمكىن. يەنى، كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ھامىلىدارلىقنى كونترول قىلىش ۋاستىلىرى باللارنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەيدۇ. باللارنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرىدىغان نەرسە ئوقۇش، پۇرسەت، ۋە ئېرىشكەن تەجرىبە - ساۋاقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھازىرغىچە ئەقلىي كۈچىنىڭ ئادەم گېنى ئارقىلىق بىر ئەۋلادتىن يەنە بىر ئەۋلادقا ئۆتىدىغانلىقىغا ئائىت ھېچ قانداق پاكىت يوق. دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار ئادەمنىڭ باللىرىمۇ پەقەت ئوقۇش ۋە باشقا ھەر خىل زۆرۈر جەريانلارنى بېسىپ ئۆتۈش ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. بىيولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باللارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك بالا بولۇپ تۇغۇلۇشى ئۇلارنىڭ كىمنىڭ بالىسى بولۇپ تۇغۇلغانلىقىغا ياكى ئەجدادىنىڭ ئەقىللىق كىشىلەردىن بولغىنىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىمراق ئورۇندا تۇرۇشى مۇمكىن. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، دېھقانلارنىڭ قېنى ئەڭ ياخشى بولۇپ، پەيلاسوپلاردىن تۇغۇلغان باللار دېھقانلارنىڭ بالىسىغا يەتمەيدۇ.

تارىختا جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر ياكى بايلار تۇغۇتنى كونترول قىلىپ ئاز تۇغۇپ، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەر ياكى كەمبەغەللەر كۆپ تۇغۇپ كۆپىيىپ، ئاخىرىدا كەمبەغەللەر ھۆكۈمدار ئورۇنغا چىقىۋالغان ئەھۋاللار كۆپ بولغان.

### 3. تارىخ ۋە مىللەت

يەر شارىدا تېرىسى ھەر خىل رەڭلىك كىشىلەردىن تەخمىنەن ئىككى مىليارد ئادەم ياشايدىغان بولۇپ، ئاق تەنلىكلەردىن بولسا 900 مىليون ئادەم بار. كومتې گوبىنيۇ (Comte Joseph-Arthur de Gobineau) ئۆزىنىڭ 1853 - 1855 - يىللىرى ئېلان قىلغان بىر ئەسىردە مۇنداق بىر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغان: ئىنسان نەسلى تۆپ يىلتىزىدىن ئوخشىمىغان ئىرق ياكى ئوخشىمىغان مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار جىسمانىي تۈزۈلۈشى، روھىي قابىلىيىتى ۋە خاراكتېرىدىكى سۈپەتلىرى جەھەتتىن بىر - بىرىگە

ئوخشىمايدۇ، ھەمدە ئارىيان مىللىتى تەبىئىي ھالدا باشقا ھەممە مىللەتلەردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇھىت جەھەتتىكى پايدىلىق شارائىتلار مەدەنىيەتلىشىش دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، مىسىر ۋە يېقىن شەرقنىڭ مەدەنىيەتلىشىشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن دەريا - ئۆستەڭلەرگە ئوخشاش پايدىلىق مۇھىت شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىيانلىقلاردا ھېچقانداق مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ بېرەلمىگەن. تۈزۈم - قۇرۇلمىلار (institutions) مۇ مەدەنىيەتلىشىشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيدۇ. يەنى، مەدەنىيەتلىشىش رەڭگارەڭ قۇرۇلما - تۈزۈم ئىچىدە تەرەققىي تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ مىسالى سۈپىتىدە پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى مىسىر بىلەن «دېموكراتىيە» تۈزۈمىدىكى ئافېنا (Athens) نى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى، ئاجىزلىشىشى ۋە گۇمران بولۇشىنى شۇنىڭ ئىگىسى بولغان ئىرقنىڭ تەبىئىي ساپاسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان بىر مىللەتنىڭ چېكىنىشىنى ئۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۆز مىللىتىدىن چەتنىشى ۋە تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان مىللەت كىشىلىرى بىلەن تويى قىلىشقا ئوخشاش سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنى، كۈچلۈك مىللەت كىشىلىرى، بېسىۋالغان زېمىندىكى يەرلىك كىشىلەر بىلەن تويى قىلىش ئارقىلىق ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئەھۋاللار كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە ئىندىيانلىقلار بىلەن تويى قىلماي ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ھالىتىنى ساقلىغان ئامېرىكىلىق ۋە كانادالىقلار بىلەن، ئىندىيانلىقلار بىلەن تويى قىلىپ ئاجىزلىشىپ كەتكەن لاتىن ئامېرىكا مىللەتلىرىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئارىلاشما مىللەتلەردىن تۇغۇلغان كىشىلەرلا «ھەممە مىللەت بىر - بىرى بىلەن قېرىنداش» دېيىش ئارقىلىق مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىرق مەسىلىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەر بىلەن تويى قىلىشتىن ساقلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنى كومتې گوبىنيۇنىڭ قاراشلىرى

1899 - يىلى، ئۆيىنى گېرمانىيەدە تۇتقان ئەنگلىيەلىك يازغۇچى خيۇستون چامبېرلېين (Houston Stewart Chamberlain) «19 - ئەسىرنىڭ ئاساسلىرى» دېگەن ئەسەرنى ئېلان قىلىپ، ئىجادكار ئىرقنىڭ دائىرىسىنى ئارىيانلاردىن تيۇتون (Teutons) لارغا تارايتتى. ئۇ، ئەيسا پەيغەمبەر گېرمانلىق بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغان، ھەمدە «ئەيسا پەيغەمبەر يەھۇدىي مىللىتىدىن» دەيدىغانلارنى ياكى بىلىمسىز كىشىلەر ۋە ياكى سەممىيەتسىز كىشىلەر، دەپ ھېسابلىغان. باشقا كۆپ ساندىكى داڭلىق ئەربابلارمۇ گېرمانلىقلارنى ھازىرقى زامان ئادەملىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مىللەت، دەپ جاكارلىغان. ئادولف گىتلېرمۇ مۇشۇنداق چۈشەنچە ئاساسىدا گېرمانلىقلارنى يەھۇدىيلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگىتىپ، پۈتۈن ياۋروپانى بويسۇندۇرۇش نىشانىغا باشلىغان.

مادىسون گرانت (Madison Grant) ئىسىملىك ئامېرىكىلىق يازغۇچى ئۆزىنىڭ 1916 - يىلى ئېلان قىلغان «بىر ئۇلۇغ مىللەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى» ناملىق ئەسىرىدە، مەدەنىيەتلىشىش تارىخنىڭ بارلىق ئۇتۇقلىرىنى ئارىيانلىقلار ئىچىدىكى «نوردىكس» (Nordics) دېگەن بىر قوۋم ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، دەپ جاكارلىدى. شۇنداقلا تارىختا بولۇپ ئۆتكەن كۈچلۈك ئىرق كىشىلىرىنىڭ كۆپ زېمىنلارنى ئىگىلىۋېلىش ۋەقەلىرىنىڭ ھەممىسىدە نوردىك ئىرق كىشىلىرىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك تۆھپىسى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، نوردىك

ئىرقىدىن بولغان ۋاراڭگىيان (Varangians) لار رۇسىيەنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭغا 1917 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ھەمدە نوردىك ئىرقىدىن بولغان ئىنگلىزلار ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيەنى مۇستەملىكە قىلىپ، ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇپ، ئاسىيادىكى ئاساسلىق پورتلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزلىرىنىڭ قاراۋۇللىرىنى ياساپ چىققان.

گرانتنىڭ قارىشىچە، نوردىك قوۋمى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن ۋاز كەچكەن.

يۇقىرىقىدەك ئىلغار مىللەت نەزەرىيەسىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى بايقاش ئانچە تەس ئەمەس. مەسىلەن، ختاي زىيالىيلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىلدىن بۇگۈنگىچە بولغان ئۇزۇن تارىخي دەۋرلەر ئىچىدە ئۆز مىللىتىدىن كۆپلىگەن سىياسىيون، كەشپىياتچى، ئارتىس، شائىر، ئالىم، پەيلاسوپ ۋە دانىشمەنلەر چىققانلىقىنى سۆزلەيدۇ. مېكسىكىلىق زىيالىيلار كولامبىيا دەۋرىدىن بۇرۇنقى ئامېرىكا قىتئەسىدە مايان، ئازتېك (Aztec) ۋە ئىنكان (Incan) مەدەنىيەتلىرىنىڭ داڭلىق بىنالىرىنى تىلغا ئالىدۇ. ھىندىستانلىق زىيالىيلار، بىر تەرەپتىن، ئەيسا پەيغەمبەر دەۋرىدىن 1600 يىل بۇرۇنقى بىر ۋاقىتلاردا ئارىيان ئىرقىغا تەۋە كىشىلەرنىڭ شىمالىي ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جەنۇبىي ھىندىستاندىكى قارا تەنلىك دراۋىدىك (Dravidic) ئىرقىدىن مەشھۇر بىناكارلار ۋە شائىرلار چىققانلىقىنى، ھىندىستانلىقلار ياسىغان مادرەس (Madras)، مادۇرا (Madura) ۋە ترىنچىنوپولى (Trichinpoly) بۇتخانىلىرى دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر بىنالارنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تارىخ بىلەن ئىنسان تېرىسىنىڭ رەڭگى ئوتتۇرىسىدا بىرەر باغلىنىش مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، تېرىسىنىڭ رەڭگى ھەر خىل بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پايدىلىق مۇھىت ئىچىدە يېڭى مەدەنىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيدۇ.

مىللەت نەزەرىيەسىنى پەقەت ئاق تەنلىكلەرگە ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ بىر قىسىم قىيىنچىلىقلار تۇغۇلىدۇ. سېمىتلار (يەھۇدىي - ئەرەبلەر) ئۆزلىرىنىڭ بابىلونىيە (Babylonia) ۋە ئىسلام قاتارلىق كۆپلىگەن مەدەنىيەتلەرنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. يەھۇدىيلار ئىنجىل ۋە خرىستىيان دىنىنى ياۋروپاغا بەرگەن، ھەمدە ... بەرگەن.

**ئىلاۋە: مەن كىتابنىڭ مۇشۇ يېرىدىكى بىر مۇھىم جۈملىنى قىسقارتتۇۋەتتىم. قىزىقىدىغان ئوقۇرمەنلەرگە ئۇ جۈملىنى ئەسلىدىكى كىتابتىن ئوقۇۋېلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.**

مۇسۇلمانلارمۇ تارىختا ئۆزلىرىدىن يېتىشىپ چىققان داڭلىق ھۆكۈمدارلار، ئارتىسلار، شائىرلار، ئالىملار ۋە پەيلاسوپلارنى تىزىپ چىقالايدۇ. غەربىي ياۋروپا 565 - 1095 - يىللىرى بىر «قاراڭغۇ دەۋر»نى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، مۇسۇلمانلار ئاق تەنلىكلەرنىڭ باغداتتىن تارتىپ كوردوۋا (Cordova) غىچە بولغان كۆپلىگەن زېمىنلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى يېڭىچە مەدەنىيەت تۇسىگە كىرگۈزگەنلىكىنى سۆزلىيەلەيدۇ.

مىسىر، گرېتسىيە ۋە رىمنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىرىنىڭ يىلتىزى شەرقتە بولۇپ، ئۇلارنى جۇغراپىيەلىك پۇرسەتلەر ھەمدە ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەرەققىياتلار ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئۇلارنى ھەرگىزمۇ بىرەر مىللەت بەرپا قىلغان ئەمەس.

مېڭە بىلەن يۈز شەكلىنىڭ ياكى مېڭە بىلەن ئادەم ئېغىرلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆلچەش ئارقىلىق مەدەنىيەتنى مىللەتكە باغلاشقا ئۇرۇنۇش قۇرۇق ئاۋارىچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەتلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمىگەنلىكى ئېھتىمال ھاۋا كىلىماتى ۋە جۇغراپىيەلىك شەرت - شارائىتنىڭ يول قويمىغانلىقى سەۋەبىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئاق تەنلىكلەر بولغان بولسىمۇ ئوخشاش نەتىجە كېلىپ چىققان بولاتتى. مىڭلىغان ئىجتىمائىي توسالغۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋشىغا قارىماي، يېقىنقى 100 يىلدەك ۋاقىتنىڭ مابەينىدە ئامېرىكىدىكى كۆپلىگەن قارا تەنلىكلەر ھەر خىل كەسىپلەردە، سەنئەتتە ۋە ئەدەبىياتتا يۇقىرى ئورۇنلارغا چىقتى.

مىللەتنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى ھەققىدىكى كۆز قاراشلار ناھايىتى تۆۋەن سەۋىيەدىكى چۈشەنچىلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس. تارىختا ئوخشىمىغان ئىنسان توپلىرى ئوخشىمىغان يۆنىلىشلەردىن بىر جايغا كېلىپ، قانلىرىنى، ئەنئەنىسىنى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى بىر - بىرىنىڭكى بىلەن ياكى شۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنىڭكى بىلەن ئارىلاشتۇرغان. بۇ خۇددى تۇغۇپ كۆپىيىش جەريانىدا ئىككى ئىنسان توپىنىڭ گېنلىرى جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەنگە ئوخشاش. ئوخشىمىغان ئىرقلارنىڭ مۇشۇنداق ئارىلىشىپ كېتىشى ئەسىرلەر جەريانىدا يېڭى ئىنسان نەسلى ياكى يېڭى مىللەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. بۇنداق يېڭى مىللەت ئۆزىگە خاس يېڭى مەدەنىيەتنى، يەنى، يېڭى چىراي شەكلى، يېڭى خاراكتېر، يېڭى تىل، يېڭى ئەدەبىيات، يېڭى دىن، يېڭى ئەخلاق ۋە يېڭى سەنئەتلەرنى بەرپا قىلىدۇ. مىللەت مەدەنىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەستىن، مەدەنىيەت مىللەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. ئەنگلىيەلىكلەر كۆچۈپ بارغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسىنى بىللە ئاپىرىپ، يېڭى ماكانىدا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى كىيسە، ئۇلار ئاشۇ يېڭى يەردە يېڭى مەدەنىيەت پەيدا قىلغان بولمايدۇ. بەلكى ئۇلار يېڭى ماكانىدا روھىغا قارىغاندا ئەنئەنىسىنى مۇكەممەلرەك ساقلىغان بولىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەنئەنىدىكى ئاشۇنداق پەرقلەر مۇھىتنىڭ تەسىرىگە يول بېرىدۇ. ئىسسىق بەلباغدا بىرقانچە ئەۋلاد ياشىغاندىن كېيىن شىمالدىكى مىللەتلەر ئۆزلىرىدە جەنۇبتىكى مىللەتلەرنىڭ خاراكتېرلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ. شىمالغا كۆچۈپ بارغان جەنۇبلۇقلارنىڭ نەۋرىلىرى بولسا شىمالنىڭ مۇھىتىغا كۆنىدۇ.

مۇشۇنداق بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى ھازىرمۇ مىللەتلەرنىڭ ئارىلىششى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. 1700 - يىلدىن 1848 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى فلورىدا ئىشتاتىنىڭ شىمالىدا ئاساسەن ئانگلو - ساكسون (Anglo-Saxon) لار ياشىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى كونا ئەنگلىيەلىكلەر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى ئەنگلىيە تۇپرىقىغا كۆچۈپ كەلگەن نۇسخىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولدى. 1848 - يىلدىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ئىشىكى ھەممە ئاق تەنلىكلەرگە ئېچىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر شالغۇتلىششىنىڭ يېڭى دولقۇنى باشلاندى. بۇ شالغۇتلىشىش جەريانى بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە ئەسىرگىچە داۋام قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئارىلىششتىن بىر يېڭى مىللەت ۋۇجۇدقا كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر ئايرىم تىلى، ئايرىم يەرلىك ئەدەبىياتى، ۋە ئايرىم سەنئىتى ۋۇجۇدقا كېلىشى مۇمكىن. بۇ خىل نەتىجىنىڭ بىر قىسىم ئالامەتلىرىنى ھازىرمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

مىللەتنى يۇقىرى - تۆۋەن دەرىجىگە ئايرىيدىغان كىشىلەر ئىرقنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەلىرىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەمما ئاساسىي جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ، قوبۇل قىلغان تىل، كىيىم - كېچەك، ئۆرپ - ئادەت، ئەخلاق ۋە دىن قاتارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ

مەھسۇلى. ئۇنداق كىشىلەرنى كەڭ كۆلەملىك مائارىپ تەربىيەسىدىن باشقا نەرسە داۋالىيالمايدۇ. تارىخىي بىلىملەر بىزگە شۇنى بىلدۈرىدۇكى، مەدەنىيەتلىشىش كۆپ خىل مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىشىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسەن ھەممە مىللەت تۆھپە قوشقان. مەدەنىيەت ھەممە مىللەتنىڭ مىراسى ۋە شاپائىتى (debt) بولۇپ، مەدەنىيەتلەشكەن ئىنسانلارنىڭ روھىنىڭ قانداقلىقى ئۆزىدىن باشقا ئورنى يۇقىرى ياكى ئورنى تۆۋەن ھەر بىر ئىنسانغا قىلغان مۇئامىلىسىدە نامايان بولىدۇ.



CHAP. IV) RACE AND HISTORY 29

own; the temples of Madras, Madura, and Trichinopoly are among the most impressive structures on earth. Even more startling is the towering shrine of the Khmers at Angkor Wat. History is color-blind, and can develop a civilization (in any favorable environment) under almost any skin.

Difficulties remain even if the race theory is confined to the white man. The Semites would recall the civilizations of Babylonia, Assyria, Syria, Palestine, Phoenicia, Carthage, and Islam. The Jews gave the Bible and Christianity to Europe, and much of the Koran to Mohammed. The Mohammedans could list the rulers, artists, poets, scientists, and philosophers who conquered and adorned a substantial portion of the white man's world from Baghdad to Cordova while Western Europe groped through the Dark Ages (c. 565–c. 1095).

The ancient cultures of Egypt, Greece, and Rome were evidently the product of geographical opportunity and economic and political development rather than of racial constitution, and much of their civilization had an Oriental source.[14] Greece took its arts and letters from Asia Minor, Crete, Phoenicia, and Egypt. In the second millennium B.C. Greek culture was "Mycenaean," partly derived from Crete, which had probably learned from Asia Minor. When the "Nordic" Dorians came down through the Balkans, toward 1100 B.C., they destroyed much of this proto-Greek culture; and only after an interval of several centuries did the historic Greek civilization emerge in the Sparta of "Lycurgus," the Miletus of Thales, the Ephesus of Heracleitus, the Lesbos of Sappho, the Athens of Solon. From the sixth century B.C. onward the Greeks spread their culture along the Mediterranean at Durazzo, Taranto, Crotona,

ئەسلىدىكى كىتابنىڭ مەن قىسقارتىۋەتكەن جۈملىسى بار بېتى مۇشۇ شۇ.

## 4. ئىنسان خاراكتېرى ۋە تارىخ

جەمئىيەت ئىدېئاللار ئاساسىدا قۇرۇلغان بولماستىن، ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي قانۇنى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىنى قايتىدىن يازىدۇ. ئۇنداقتا «ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دېگەن نېمە؟

بىز «ئىنسان ماھىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ تۈپ مايىللىقلىرى ۋە ھېسسىياتلىرىدىن ئىبارەت» دەپ ئېنىقلىما بېرەلەيمىز. بىز ئەڭ ئاساسىي مايىللىقلارنى «تەبىئىي خۇسۇسىيەت» دەپ ئاتايمىز ھەمدە ئىنسانلارنىڭ تۇغما سۈپەتلىرى ئۈستىدە ئوخشىمىغان قاراشلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىز. ئىنسان ماھىيىتىنى بىر «ئىنسان خاراكتېرى ئېلېمېنتلىرى جەدۋىلى» ئارقىلىق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئىلاۋە: كىتابنىڭ مەزكۇر قىسمىدا بىر «ئىنسان خاراكتېرى ئېلېمېنتلىرى جەدۋىلى» بار

بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇرچىغا ئەسلىدىكى شەكلىگە ئوخشاش قىلىپ تەرجىمە قىلىش قىيىن ئىكەن. شۇڭا مەن ئۇنى بۇ يەرگە كىرگۈزمىدىم. قىزىقىدىغان ئوقۇرمەنلەر ئۇ جەدۋەلنى ئەسلىدىكى كىتابتىن كۆرۈۋېلىڭلار.

ئاشۇ جەدۋەل بويىچە بولغاندا، ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتى ياكى ئىرسىيەت ئالتە ئىجابىي ۋە ئالتە سەلبىي تەبىئىي خۇسۇسىيەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ فۇنكسىيەسى ئىندىۋىدۇئالنى (شەخسنى)، ئائىلىنى، گۇرۇپپىنى ياكى ئىنسان نەسلىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىجابىي مىجەزلىرىدە ئىجابىي مايىللىقلار ئۈستۈن ئورۇندا تۇرسىمۇ، كۆپىنچە ئىندىۋىدۇئاللار ھاياتتىكى قىيىن ئۆتكەللەرگە يۈزلىنىش ياكى ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىككى خىل تەبىئىي خۇسۇسىيەتنىڭ ھەر ئىككىسى بىلەن تەڭ قوراللانغان بولىدۇ. ھەر بىر تەبىئىي خۇسۇسىيەت ئادەتلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، ھەمدە ھېسسىياتلار بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جۇغلانمىسى ئىنسان ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تارىختىن بۇيان ئىنسان ماھىيىتى قانچىلىك ئۆزگەردى؟ نەزەرىيە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. تەبىئىي تاللاش قانۇنىيىتى ئىنسان پسىخولوگىيەسى ۋە ئىنسان چىراي شەكلىگە مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئەمما ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تارىخ ئىنسان ئىش - ھەرىكىتىدە ئانچە كۆپ ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاستە ۋە قۇرۇلمىلار ئۆزگىرىدۇ، ئەمما ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئېھتىياجلار ئۆزگەرمەيدۇ. يەنى، ھەرىكەت قىلىش ياكى سوكۇتتە تۇرۇش، ئېلىش ياكى بېرىش، ئۇرۇشۇش ياكى چېكىنىش، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش ياكى ئۆز مەخپىيەتلىكىنى ساقلاپ يالغۇز ياشاش، جىنسىي مۇناسىۋەت جورىسىنى تۇتۇش ياكى ئۇنى رەت قىلىش، ئاتا - ئانىلىق رولىنى ئويناش ياكى ئاتا - ئانىلارنىڭ رولىنى رەت قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللاردا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئوخشىمىغان سىنىپلارمۇ ئىنسان ماھىيىتىدە ئوخشىمىغان ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. يەنى، كەمبەغەللەردىمۇ بايلار بىلەن ئوخشاش ئىمپۇلسلار بار بولىدۇ، ئەمما كەمبەغەللەردە ئۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى پۇرسەتلەر ۋە قابىلىيەتلەر ئازراق بولىدۇ.

ۋاقتى خاتىرىلەنگەن تارىخ جەريانىدا ئىنسانلاردا بولغان ئۆزگىرىش ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بولۇپ، بىيولوگىيەلىك ئۆزگىرىش ئەمەس. يەنى ئىنسانلار ئىنسان نەسلىدە مىراس قالدۇرۇپ ماڭغىلى بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى ياساپ ماڭغان بولماستىن، كۆپىنچە ئەھۋالدا ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي يېڭىلىقلارنى بەرپا قىلىپ ماڭغان، ھەمدە ئۇلارنى تەقلىد قىلىش، ئۆرپ - ئادەتكە ئايلاندۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئىندىۋىدۇئاللارغا ۋە يېڭى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بىر ئىنسان گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئەنئەنىسى ئاشۇ ئىنسان نەسلىنىڭ تۈرىگە ۋە مىراسىغا، ھەمدە ئاشۇ گۇرۇپپىغا تەۋە ئىندىۋىدۇئاللارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىگە ئاساسەن ۋۇجۇدقا كەلگەن بولىدۇ. ئۇلار ئاساسىي ۋە كۆپ تەكرارلانغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئۆزلىرىنى تەڭشەشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدۇ. يېڭى ۋە قېلىپلاشمىغان ئىنكاسلارنى تەلەپ قىلىدىغان يېڭى ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانىزملاردىكى تەرەققىيات سىناق قىلىش ۋە يېڭىلاش قابىلىيىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر ئىنسان گۇرۇپپىسىنىڭ ئىجتىمائىي جەھەتتىكى تەدرىجىي تەرەققىياتىنى ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بىلەن

ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش يىلتىزىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

«ئۇلۇغ ئىنسان»، «قەھرىمان» ۋە «دانىشمەن» دەپ ئاتىلىدىغان ئىجادكار ئادەم «تارىختا يېڭىلىق ياراتقان كىشى» لەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇ كىشى بەزىلەر ئېيتقاندەك «خۇدا» ئەمەس. ئۇ ئۆز زامانى ۋە ئۆز ماكانىدىن يېتىشىپ چىققىدىغان بولۇپ، ئۇ يەنە ھەر خىل تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ مەھسۇلى ۋە سىمۋولى، ھەمدە ئۆز قوۋمىنىڭ ۋەكىلى ۋە ئاۋازى بولىدۇ. يېڭى ئىنكاس تەلەپ قىلىدىغان بەزى ئەھۋاللار رەسمىي يۈز بەرمىگەن ئەھۋالدا، ئۇنىڭ ئىدىيەلىرى ۋاقتى كەلمىگەن ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان نەرسە سۈپىتىدە تۇرۇۋېرىدۇ. ئۇ كىشى بىر ئىش - ھەرىكەت قەھرىمانى بولغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئورنىغا بولغان ئېھتىياجلار ۋە كىرىزىسكە بولغان كۆپتۈرۈشلەر تەرەققىي قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنى ۋە قۇدرىتى نورمال ئەھۋالدا پەقەت بىر يوشۇرۇن كۈچ بولۇپ تۇرۇۋېرىدىغان ھالەتتىن بىر دەرىجىدىن تاشقىرى دەرىجىگە ئۆستۈرۈلىدۇ. ئەمما ئۇ پەقەت بىر تەسىردىنلا ئىبارەت ئەمەس. ۋەقەلەر ئۇ ئارقىلىق ۋە ئۇنىڭ ئېتىراپىدا يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيەلىرى ۋە قارارلىرى تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالىدۇ. خۇددى چېرچىل (Churchill) غا ئوخشاش، ئۇنىڭ ناتىقلىقى بەزىدە خۇددى بىرەر مىڭ ھۆكۈمەتكە تەڭ كېلىشى مۇمكىن. ناپولېئونغا ئوخشاش، ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى، ئىستراتېگىيەسى ۋە تاكتىكىسى ھەر خىل ئۇرۇشلارنى غالىبىيەتكە ئېرىشتۈرۈپ، دۆلەتلەرنى قۇرۇشقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋاسىتىلىرىگە باي پەيغەمبەر بولىدىكەن، ئۇنىڭ سۆزلىرى بىر كەمبەغەل ۋە ناچار شارائىت ئىچىدە ياشاۋاتقان قوۋمغا بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى ئىرادە ۋە ھەيران قالارلىق كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىشى مۇمكىن. پاستېيۇر (Pasteur)، مورس (Morse)، ئېدىسون، فورد، رايت (Wright)، ماركس، لېنىن ۋە ماۋ زېدوڭ قاتارلىقلار سانسىزلىغان ۋەقەلەرنىڭ قوزغاتقۇچى كۈچى ۋە سانسىزلىغان نەتىجىلەرنىڭ تۈرتكىسىدۇر.

بىزنىڭ خاراكتېر ئېلېمېنتلىرى جەدۋىلىمىزدە دورامچىلىق يېڭىلىق يارىتىشنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرىدۇ، ئەمما زۆرۈر ۋاقىتلاردا ئۇلار ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ. باشقىلارغا بويسۇنۇش ماھىيىتىگە ئىگە كىشىلەر قابىلىيەتلىك ئىندىۋىدۇئاللار بىلەن بىرلىشىپ، بىر جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىنى ۋە ھەرىكىتىنى ساقلايدۇ. شۇڭا كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان بويسۇنغۇچىلار ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان يېڭىلىق ياراتقۇچىلارغا ئەگىشىدۇ. بۇ يېڭىلىق ياراتقۇچىلار بولسا مۇھىت ياكى ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئېھتىياجلىرىغا ماسلاشقان ھالدا ئىش كۆرىدۇ. كەڭ دائىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تارىخ دېگىنىمىز ئاز سانلىقلارنىڭ توقۇنۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. كۆپ سانلىقلار يەڭگۈچىلەرنى چاۋاك چېلىپ ئالقىشلايدۇ، ھەمدە ئىجتىمائىي تەجرىبىلەرنى ئىنسان ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شۇڭلاشقا ئەقىل - پاراسەت تارىختىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل كۈچ بولۇپ، ئۇ ۋەيران قىلغۇچى كۈچمۇ بولالايدۇ. كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقارغان 100 خىل يېڭى ئىدىيە ئىچىدىكى 99 خىلى ئۇلار يېڭىلاشنى ئىستەۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىنكاسلاردىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇشى مۇمكىن. بىر جەمئىيەتنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ياكى قۇرۇلمىلىرى كۆپلىگەن ئەۋلادلارنىڭ تارىخ تەجرىبىخانىسىدىكى سىناقلىرى نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ھەر قانداق بىر ئادەم، ئۇ مەيلى قانچىلىك ئەقىل - پاراسەتلىك ياكى بىلىملىك بولۇپ كەتسۇن، ئۆز ئۆمرىدە ئاشۇنداق ئۆرپ - ئادەتلەر ياكى قۇرۇلمىلارنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۇلار ھەققىدە

توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ياكى ئۇلارنى رەت قىلىش دەرىجىسىگە يېتىپ بارالمايدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت يېشىغا توشقان بىر ياش ئۆزىگە قىز - ئوغۇل مۇناسىۋىتىدە تولۇق ئەركىنلىك بېرىلىشىنى ئىستەيدۇ. ئەگەر ئۆرپ - ئادەت، ئەخلاق ياكى قانۇن ئۇ ياشنى چەكلەپ تۇرمايدىكەن، ئۇ ئۆز ھاياتىنى ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىن. سەۋەبى ئۇنداق ياشلار تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە پىشىپ يېتىلمىگەن بولۇپ، جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ بىر ئوت دەرياسىغا ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنى ۋە ئۆزلىرى تەۋە ئىنسان گۇرۇپپىسىنى ۋەيران قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۆزلىرىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئىستىكىنى يۈزلىگەن چەكلىمە سىزىقى ئىچىدە بېسىپ تۇرۇشى ۋە سوۋۇتۇپ تۇرۇشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

شۇڭلاشقا ئۆزگىرىشلەرنى قوبۇل قىلالمايدىغان كونسېرۋاتىپ كىشىلەر ئۆزگىرىشلەرنى تەشەببۇس قىلىدىغان رادىكال كىشىلەر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ كۆپ يۇقىرى دەرىجىدە قىممەتلىك كېلىدۇ. يېڭى ئىدىيەلەردىن بىر قىسىم كىشىلەر پايدىلىنىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى ئاڭلاپ بېقىش ناھايىتى مۇھىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېڭى ئىدىيەلەرنى توسۇش، قارشى تۇرۇش ۋە مەنسىتمەسلىك ئەلگەكلىرىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇرلاشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. يەنى، يېڭى ئىدىيەلەرنىڭ ئىنسان ھاياتىدا رەسمىي رول ئېلىشىغا يول قويۇشتىن بۇرۇن ئۇلارنى چوقۇم ئاشۇنداق سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. چوڭلار ياشلارنى چەكلەپ تۇرۇشى، ھەمدە ياشلار چوڭلارنى بىلىپ تۇرۇشى كېرەك. ئاشۇنداق سۈركىلىش جەريانى ئارقىلىق بىر ئىجادىي بەرداشلىق بېرىش كۈچى، ئىلگىرى سۈرۈلگەن تەرەققىيات، يوشۇرۇن ۋە ئاساسىي بىرلىك، ۋە ئومۇمىي قوۋم ھەرىكىتى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

## 5. ئەخلاق ۋە تارىخ

ئەخلاق دېگىنىمىز، بىر جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئۆزى بىلەن ئالاقىدار كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ تەرتىپى، بىخەتەرلىكى ۋە تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان ھالەتتە ئىش ئېلىپ بېرىشقا ئۈندەيدىغان تۈزۈملەردىن ئىبارەت. مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر نەرسە قانۇندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. شۇڭلاشقا 16 ئەسىر خرىستېندوم (Christendom خرىستىيان دۇنياسى) غا سولىنىپ ياشىغان يەھۇدىيلار قاتتىق ۋە تەپسىلىي يېزىلغان ئەخلاقىي قائىدىلەرگە تايىنىپ، دۆلەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ قانۇنلىرىنىڭ ياردىمىسىزلا ئۆزلىرىنى ۋە ئىچكى تىنچلىقىنى ساقلاپ ياشىغان.

تارىخ ھەققىدىكى بىلىملەرنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى ئەخلاقىي قائىدىلەردە پەرقلەر مەۋجۇت بولغانلىقىنى، ئۇ پەرقلەر پەقەت ئوخشىمىغان دەۋر ۋە ئوخشىمىغان زېمىنلاردا مەۋجۇت بولغانلىقىنى، ھەمدە بەزىدە ئۆزئارا زىددىيەتلىك بولغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. تارىخ ھەققىدىكى بىلىملەرنىڭ كۆپ قىسمى بولسا ئەخلاقىي قائىدىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىكەنلىكىنى، ھەمدە شۇنداق بولۇشى بىر خىل زۆرۈرىيەت شەكلىدە مەۋجۇت بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەخلاقىي قائىدىلەر تارىخىي ۋە مۇھىتقا مۇناسىۋەتلىك شەرت - شارائىتلارغا ئاساسەن تەڭشەش ئېلىپ بارىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلاردا ئازراق پەرقلەر مەۋجۇت بولىدۇ. ئەگەر بىز ئىقتىسادىي تارىخنى ئوۋ ئوۋلاش دەۋرى، دېھقانچىلىق دەۋرى ۋە سانائەت دەۋرىدىن ئىبارەت

ئۈچ دەۋرگە بۆلسەك، بىر دەۋرنىڭ ئەخلاقىي قائىدىلىرى كېيىنكى دەۋرگە كىرگەندە ئۆزگەرگەنلىكىنى بايقايمىز. ئوۋ ئوۋلاش دەۋرىدە كىشىلەر ھايۋانلارنى قوغلاش، ئۇلار بىلەن ئېلىشىش ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە تەييار تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. بىرەر ھايۋاننى تۇتقاندا، كېلەر قېتىم قانچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر ھايۋاننى تۇتالايدىغانلىقى ئېنىق بولمىغاچقا، تۇتۇۋالغان ھايۋاننى ئۆلتۈرۈپ، قورسىقى يېرىلىپ كەتكۈچە يەۋالغان. ئۆزىنى ساقلاپ قالالاش ياكى ساقلاپ قالالماسلىق سىنىقىنىڭ نەتىجىسى پەقەت ھايۋانلارنى تۇتۇش ۋە ئۆلتۈرۈش قابىلىيىتى ئارقىلىقلا بەلگىلىنىدىغان بىر دەۋردە، ئۆز ھاياتىنىڭ كاپالىتىگە ئىگە ئەمەسلىكى بارلىق ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئانىسى بولغان. ئەرلەر ئوۋ ئوۋلاش خەتەرلىرى ئىچىدىلا ياشايدىغان بولغاچقا، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ئاياللارنىڭكىدىن ئۈستۈن بولغان. نەتىجىدە بىر قىسىم ئەرلەر بىر قانچە ئايالنى خوتۇن قىلىپ ئالغان، ھەمدە بارلىق ئەرلەر كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ھېسابلىغان. ئۇرۇشقاقلىق، ۋەھشىيلىك، ئاچ كۆزلۈك ۋە كۈچلۈك جىنسىي مۇناسىۋەت ئىستىكى ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش كۈرىشىدىكى پايدىلىق ئامىللار ھېسابلانغان. بەلكىم بەزى دەۋرلەردە ھەربىر ئەسكىلىك بىر خىل ئارتۇقچىلىق ھېسابلانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، سەۋەبى ئۇ ئەسكىلىكنىڭ بىر ئىندىۋىدۇئال (شەخس)، بىر ئائىلە ياكى بىر گۇرۇپپىنىڭ ھايات قېلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل بولالىشىدۇر. بىر ئادەمنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ كۈچلۈك ئىزلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنىڭ كۈچلۈك نامايەندىسىمۇ بولالايدۇ.

تارىخ بىزگە ئىنسانلار قايسى ۋاقىتتا ئوۋ ئوۋلاش دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق دەۋرگە كىرگەنلىكىنى دەپ بەرمەيدۇ. ئەمما بىز يېڭى دەۋرنىڭ بىر قىسىم يېڭى پەزىلەتلەرگە ئېھتىياجلىق بولغانلىقىنى ھەمدە بىر قىسىم ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئەخلاقسىزلىققا ئۆزگەرتكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. دېھقانچىلىق دەۋرىدە تىرىشچانلىق باتۇرلۇقتىن مۇھىم بولدى، ئىزچىللىق ۋە ئىقتىسادچانلىق زوراۋانلىققا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەت بېرىدىغان بولدى ۋە تىنچلىق ئۇرۇشتىن بەكرەك غالىبىيەتكە ئېلىپ باردى. پەرزەنتلەر ئىقتىسادىي مۈلۈككە ئايلاندى، ھەمدە تۇغۇتنى كونترول قىلىش ئەخلاقسىزلىق دەپ قارالدى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ھەر بىر ئائىلە بىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈزۈملىرىنى دادا ۋە تۆت خىل پەسىل ۋۇجۇدتا كەلتۈردى، ھەمدە دادىنىڭ نوپۇزى مۇستەھكەم ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولدى. ھەر بىر ئوغۇل پەرزەنت روھىي جەھەتتىن ۋە ئۆز - ئۆزىنى بېقىش جەھەتتىن ناھايىتى بالدۇرلا پىشىپ يېتىلگەن بولۇپ، 15 يېشىدىلا ھاياتىنىڭ فىزىكىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى 40 ياشلىق ئادەم بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە چۈشىنىپ بولۇپ، ئۆزىگە لازىمەتلىك نەرسە يەر، قوش (plow) ۋە ئەمگەك قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان ئىككى بىلەك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ بولدى. شۇڭلاشقا ئوغۇل بالىلار تەبىئەتنىڭ ئېھتىياجىغا بىنائەن بالدۇر توي قىلدى. بۇ جەھەتتە ئۇلارنى كونترول قىلىدىغان ھۆكۈمەت ۋە ئائىلىمۇ مەۋجۇت بولمىدى. قىزلار ئۈچۈن قىزلىقنى يوقىتىش قوغدالمىغان ئانىلىقتىن دېرەك بېرىدىغان بولغاچقا، توي قىلماي تۇرۇپ قىزلىقنى يوقىتىشقا قەتئىي يول قويۇلمىدى. ئوغۇللارنىڭ نوپۇس سانى بىلەن قىزلارنىڭ نوپۇس سانىنىڭ باراۋەر كېلىشى ئەرلەرنىڭ پەقەت بىرلا خوتۇن ئېلىشىنى تەلەپ قىلدى. دېھقانچىلىق دەۋرىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، بالدۇر توي قىلىش، بىرلا خوتۇن بىلەن ئاجراشماي ياشاش ۋە كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشتەك ئەخلاقىي قائىدىلىرى

خىرىستىيان دىنلىق ياۋروپا ۋە ئۇنىڭ ئاق تەنلىك مۇستەملىكە زېمىنلىرىدا 15 ئەسىر دەۋر سۈردى. يۇقىرىقىلار ئىنتايىن قاتتىق قائىدىلەر بولۇپ، ئۇلار تارىختىكى ئەڭ كۈچلۈك كىشىلىك خاراكتېرلەرنى ۋۇجۇدتا كەلتۈردى.

سانائەت ئىنقىلابى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ھاياتىنىڭ ئىقتىسادىي شەكلى بىلەن ئەخلاقىي قۇرۇلمىسىنى دەسلىپىدە تەدرىجىي ھالدا، كېيىنچە تېز سۈرئەتتە ۋە ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئۆزگەرتتى. ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلار ئۆيدىن، ئائىلىدىن، ھۆكۈمەتتىن ۋە بىرلەشمىدىن ئايرىلىپ ئىندىۋىدۇئاللار (شەخسلەر) شەكلىدە ئىشلىدى ۋە ئىندىۋىدۇئال شەكلىدە مائاش ئالدى. زاۋۇتلار ئادەملەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ماشىنىلار ئۈچۈن بىنا سالدى. ماشىنىلار ھەر 10 يىلدا بىر ھەسسە كۆپىيىپ ۋە تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ ماڭدى. كىشىلەر ئائىلىسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن باقالايدىغان بولدى. پەرزەنتلەر ئىقتىسادىي مۈلۈك ھېسابلانمايدىغان بولدى. توي قىلىش كېچىكتۈرۈلدى. توي قىلىشتىن بۇرۇن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماي ساقلاپ تۇرۇش قىيىنلاشتى. شەھەرلەر كىشىلەرنىڭ توي قىلماسلىقىغا ماسلىشىپ، كىشىلەرنىڭ توي قىلماي جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىغا بارلىق زۆرۈر شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەردى. ئاياللار سانائەتلەشتى. ھامىلىدارلىقتىن ساقلايدىغان تەدبىرلەر جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن ھامىلىدارلىقنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتتى. سانائەتنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقنى كۈچەيتىشىگە ئەگىشىپ، دادا بىلەن ئاپا نوپۇزىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى يوقالدى. كەنتلەرنىڭ نازارىتى ئىسيانچى ياشلارنى كونترول قىلالمايدىغان بولدى. ئۇلار قىستا - قىستاڭ شەھەر ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى يوشۇرالايدىغان بولدى. ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى تەجرىبە ئەسۋابلىرىنىڭ نوپۇزىنى دىنىي زاتلارنىڭكىدىن ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مېخانىزملىشىشى مېخانىكىلىق - ماددىي پەلسەپىلەرنى ۋۇجۇدتا كەلتۈردى. مائارىپ دىنغا بولغان گۇمانلارنى كۈچەيتتى ۋە كېڭەيتتى. ئىلاھىي كۈچلەرنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشتە ئوينايدىغان رولى يوقىدى. دېھقانچىلىق دەۋرىنىڭ كونا ئەخلاق قائىدىلىرى يوقىلىشقا باشلىدى.

بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئۇرۇش ئەخلاقىي بوشاڭلىقنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۇ چاغدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئىشلار ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللار بىلەن ئوخشاش.

تارىخقا ئاساسلانغاندا، گۇناھلىق ئىشلار ھەممە دەۋردە ئوخشاش دەرىجىدە يامرىغان بولۇپ، بۇ بىزگە بىر خىل تەسەللى بولالايدۇ. ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىنىڭ داڭلىق بولۇشىدا بىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەۋلادلار قەدىمكى گرېك، رىم ۋە ئىتالىيەلىكلەر بىلەن رىقابەتلىشەلمەيدۇ. قىمارنى ھەممە دەۋردە ياشىغان ئەرلەر ۋە ئاياللار ئوينىدى. ھەر بىر دەۋردە كىشىلەر سەممىيەتسىزلىك قىلىپ، ھۆكۈمەت چىرىكلەشتى. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار ھازىر بۇرۇنقىدىن سەل ياخشىلانغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولسۇنكى، يېزىلغان تارىخ بىلەن ياشىغان تارىخ تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. تارىخچىلار ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى يازىدۇ، سەۋەبى ئۇلار قىزىقارلىق ۋە ئاز ئۇچرايدىغان ئىشلار. ئۇرۇش ۋە سىياسەت، تەلەيسىزلىك ۋە نامراتلىق، ئاشنا ئويناش ۋە ئاجرىشىش، ئۆلتۈرۈش ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ كەينىگە ياخشى تۈتۈلغان ئۆيلەر، بىر - بىرىگە سادىق ئەر - خوتۇنلار ۋە بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ، بالىلىرىنىڭ جاپاسىنى تارتقاچ ئۇلار بىلەن بەختلىك ياشىغان ئاتا - ئانىلار يوشۇرۇنغان بولىدۇ. خاتىرىلەنگەن

تارىختىن بىز ياخشىلىقنىڭ، ھەتتا ئۇلۇغلۇقنىڭ ناھايىتى كۆپ مىساللىرىنى تاپالايمىز. بىز گۇناھلارنى ئۇنتۇيالمايمىز، ئەمما يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ياخشى ئىشلارنىڭ مىساللىرى بىزنى كىشىلەر سادىر قىلغان گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىۋېتىشكە ئۈندەيدۇ. ساخاۋەتچىلىكنىڭ مۇكاپاتى بىلەن ئۇرۇش مەيدانلىرى ۋە تۈرمىلەرنىڭ قىيناشلىرى ئۆزئارا تەڭپۇڭلىشىپ قالىدۇ. بىز ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىگە ياردەم قىلغانلىقىنى قانچە قېتىم كۆردۇق؟ ئىنسانلارنىڭ ئاشۇنداق ياخشىلىقلىرىنىڭ تارىخنى يېزىشقا كىم جۈرئەت قىلالايدۇ؟

شۇڭلاشقا بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئەخلاقىي بوشاڭلىق ئەخلاقنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنىڭ بېشارىتى بولماستىن، كىشىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ئاساسىنى يوقاتقان بىر يۇرۇش ئەخلاقىي قائىدىلەردىن سانائەت مەدەنىيىتى تېخىچە ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە نورماللىققا تولۇق ئايلاندۇرۇپ بولالمىغان يەنە بىر يۇرۇش ئەخلاقىي قائىدىلەرگە كۆچۈشىدىن ئىبارەتتۇر.

بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدە قائىدە - تۈزۈملەر ئۇرۇش ھاجەتمەن قىلغان ھەربىي تەربىيە ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى مۇمكىن. ئايرىم كىشىلەر ۋە ئايرىم گۇرۇپپىلارنىڭ ئەركىنلىكى ئومۇمىي قوۋمنىڭ بىخەتەرلىكى ئاساسىدا ئۆزگىرىدۇ. جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ قوغدىشىغا بولغان ئېھتىياج يوقالغاندا ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەدە ئىندىۋىدۇئالىزممۇ غايىب بولىدۇ. بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز ئۆز ھاياتىدا تەرتىپكە سېلىنغان جەمئىيەتنى كۆرەلەيدۇ، ھەمدە كەمتەرلىك قايتىدىن ئومۇملىشىدۇ. كىيىم كېيىپ يۇرۇش يالىڭاچ يۇرۇشكە قارىغاندا كىشىلەرنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ. بىزنىڭ ئەخلاقىي ئەركىنلىكىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ياخشى. ئەقىدە تېررورلۇقىدىن قۇتۇلۇپ، باشقىلارغىمۇ زەخمە يەتكۈزمەيدىغان ۋە ئۆزىمىزگىمۇ زىيان سالمايدىغان كۆڭۈل ئېچىش ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن ئەندىشىسىز ھۇزۇر ئېلىش، ھەمدە بىزنىڭ ئازادلىققا چىققان بەدەنلىرىمىز قوبۇل قىلغان ئوچۇق ھاۋانىڭ كۈچلۈك پۇراقلىرىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپ ياشاش بىر ناھايىتىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش.

## 6. دىن ۋە تارىخ

دىندىن ناھايىتى گۇمانلىنىدىغان تارىخچىمۇ دىنغا ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ تارىخچىنىڭ ھەر بىر زېمىن ۋە ھەر بىر دەۋردە دىنىنىڭ ئۈنۈم بەرگەنلىكىنى ۋە دىندىن ئايرىلىپ ياشاش مۇمكىن بولمىغانلىقىنى چۈشەنگەنلىكىدىندۇر. بەختسىز، ئازاب - ئوقۇبەت چەككەن، يېقىن كىشىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋە ياشانغان كىشىلەرگە دىن ھەر قانداق تەبىئىي ياردەمدىن قىممەتلىك ۋە مىليونلىغان كىشىلەر تەرىپىدىن قەدىرلەنگەن بىر ئىلاھىي ھۇزۇرنى ئېلىپ كەلدى. دىن ئاتا - ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بالىلارنى مۇۋاپىق تەربىيەلىشىگە ياردەم قىلىپ كەلدى. دىن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك مەۋجۇدىيەتلەرگىمۇ مەنە ۋە غۇرۇر ئاتا قىلىپ كەلدى، ھەمدە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىنامىلەرنى ئىنسان ۋە خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق مۇقىملىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلدى. دىن كەمبەغەللەرنىڭ بايلارنى ئۆلتۈرۈشىنى توستى. كۆپلىگەن كىشىلەر ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي باراۋەرسىزلىكنى نامراتلىق ۋە يېڭىلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ قارايدىغان بولۇپ، پەقەت بەزى ئىلاھىي ئۈمىدلەرلا كىشىلەرنىڭ يامان يول تۇتۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ قالدى. ئەگەر ئۇنداق ئۈمىد ۋەيران قىلىنىدىكەن، سىنىپىي كۈرەش كۈچىيىدۇ. جەننەت بىلەن ئۇتوپىيە

(خىيالدىكى ئەڭ گۈزەل ماكان) بىر قۇدۇقتىكى ئىككى چېلەككە ئوخشاش بولۇپ، بىرسى ئاستىغا چۈشىدىكەن، يەنە بىرسى ئۈستىگە چىقىدۇ. دىن ئاجىزلاشقاندا كوممۇنىزم كۈچىيىدۇ.

دەسلەپدە دىن بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق باغلىنىش يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ «خۇدالارنى ئەڭ دەسلەپدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن نەرسە ۋەھىمە بولدى». يەنى، يەر يۈزىدىكى، دەريالاردىكى، دېڭىز - ئوكيانلاردىكى، ئورمانلىقلاردىكى، شامال - بورانلاردىكى ۋە ئاسماندىكى يوشۇرۇن كۈچلەردىن پەيدا بولغان ۋەھىمىلەر خۇدالارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. دىن كىشىلەر قۇربانلىق بېرىش، قۇربانلىق قىلىش، ئەپسۇن ئوقۇش ۋە دۇئا قىلىش شەكىللىرى بىلەن ئاشۇ يوشۇرۇن كۈچلەرگە سەجدە قىلىپ، بۇنداق جەريان كۆڭۈلگە تەسەللى تاپىدىغان نەرسىگە ئايلاندى. پەقەت پوپلار مۇشۇنداق ۋەھىمىلەردىن ۋە دىنىي مۇراسىملاردىن ئەخلاق ۋە قانۇننى قوللاش يولىدا پايدىلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىنلا دىن دۆلەت ئۈچۈن ھەم كەم بولسا بولمايدىغان، ھەم دۆلەت كۈچىگە رەقىب بولىدىغان كۈچكە ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن دىن كىشىلەرگە «يەرلىك ئەخلاقىي قائىدىلەر ۋە قانۇنلارنىڭ ھەممىسى خۇدايىمدىن كەلگەن» دېيىشكە باشلىدى. شۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا ھەر بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ يەرلىرى ۋە كىرىملىرىنى پوپلار بىلەن تەڭ بۆلۈشتى. (ئىلاۋە: يۇقىرىقى قاراشلار ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئاپتورى ۋىلليەم جەيمىز دۇرانتنىڭ شەخسىي كۆز قاراشلىرى بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. – مۇھەررىردىن)

بەزى ئىسيانچىلار دىننىڭ ئەخلاقنى كۈچەيتكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، سەۋەبى دىن ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە ئەخلاقسىزلىقمۇ تەڭ راۋاج تاپتى. ھەقىقەتەنمۇ شەھۋەتپەرەسلىك، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇش، قوپاللىق، پىخسىقلىق، سەممىيەتسىزلىك، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە زوراۋانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئەسىردىمۇ مەۋجۇت بولغان. ئەمما ئەخلاقىي قالايمىقانچىلىق 500 يىلغا سوزۇلغان ۋەھشىي ئادەملەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، ئۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىقتىن كېلىپ چىققان بولۇشى، خىرىستىيانلار ئەخلاقى، پوپلارنىڭ نەسىھەتلىرى، ئەۋلىيا ئۆرنەكلىرى ھەمدە كىشىلەرنى تىنچلاندۇرىدىغان ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان دىنىي مۇراسىملار بولمىغان بولسا، سىياسىي تەرتىپسىزلىك تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

چېركاۋلار دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، ئەخلاق ھوقۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بولغاچقا، چېركاۋلار دۆلەت ھاكىمىيىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. چېركاۋلار كىشىلەرگە يۇقىرى دەرىجىلىك سەممىيەتلىك تەرىپىدىن چەكلەنمىگەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كىشىلەرنى پىخسىقلىق ۋە جىنايەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقى ھەققىدە تەلىم بەردى. چېركاۋلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىي مەنبەسى ۋە روھىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تەكىتلەپ، ئۆزلىرىگە خەلقئارالىق سوت بولۇش سالاھىيىتىنى بەردى، ھەمدە بارلىق ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن چېركاۋلارنىڭ قول ئاستىدا بولۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى.

ئەمما، يۇقىرىقىدەك ھەيۋەتلىك غايە مىللەتپەرۋەرلىك، ئىشەنمەسلىك ۋە ئىنسان ئاجىزلىقلىرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىندى. چېركاۋدا ئىشلىگەنلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تەرەپ تۇتىدىغان ۋە پارا يەيدىغان كىشىلەردىن بولۇپ چىقتى. فىرانسىيە بايلىق ۋە نوپۇزدا كۈچىيىپ، پوپ ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ سىياسىي قورالىغا ئايلاندۇردى. پادىشاھلار ناھايىتى كۈچلىنىپ، بۇرۇن ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن پوپلارنى بىكار قىلىۋېتەلەيدىغان

بولـدى. چېـركاۋلار خـۇددى تەقـۋادار مەشـھۇر شەخسـلەرگە، يالغـان رىۋايەتلەرگـە ۋە گۇمانلىـق مۆجىزىلەرگـە بـاش ئەگكەنگـە ئوخشـاش پارىلارغىمـۇ دۇم چۈشـتى. ھوقـۇق دەرىجـە تۈزۈمـى ئۆزىنىـڭ دىققىتىنـى ئەخلاقىـقا قارىغانـدا ئۆزىنىـڭ توغرىلىقىنـى ئىسپاتلاشقا بەكـرەك قارىتىـپ، چوڭ تەكشـۈرۈش ئورگىنـى (Inquisition) چېركاۋلارنـى ئىنتايىـن ئېغىـر دەرىجىـدە رەسـۋا قىلىۋەتتـى. چېـركاۋلار بىـر تەرەپتىـن تىنچلىقنـى تەشـەببۇس قىلىـپ، يەنـە بىـر تەرەپتىـن فرانسـىيەنىڭ 16 - ئەسـىردىكى دىنىـي ئۇرۇشـلىرى ۋە گېرمانىيەنىـڭ 17 - ئەسـىردىكى 30 يىللىـق ئۇرۇشـلىرىغا مەخپىـي ھالـدا يـاردەم بـەردى. چېركاۋلارنىـڭ زامانـىۋى ئەخلاقنـى تەرەققىـي قىلدۇرۇشـتا ئوينىغـان رولـى ئادەتتىكىـدەك بولـۇپ، قۇللـۇق تۈزۈمىنـى بىـكار قىلىـش بىلەنـلا چەكلەنـدى. بـۇ خىـل ئەھـۋال پەيلاسـوپلارنىڭ ئىنسـانپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىـدە يېتەكلـەش رولىنـى ئېلىـپ، بىزنىـڭ زامانىمىزدىكى يامانلىقلارنـى ئازايتىشـقا يـول ئاچتـى.

تارىـخ مۇنـداق بىـر ئىشـنى جەزملەشـتۈردى: ئىنسـانلارنىڭ بىـر مۆجىزىگـە بـاي، سـىرغا بـاي ۋە رىۋايەتلەرگـە بـاي دىنغـا ئېھتىياجـى بـار. تارىختـا چېـركاۋ رەسـمىيەتلىرىدىكى، پـوپ كىيىملىرىدىكى ۋە بـاش روھانىـي ئوبرازلاردىكـى قىسـمەن ئوخشماسـلىقلارغا يـول قويۇلـدى، لېكىـن چېـركاۋلار سەۋەبلەشـتۈرۈش ئارقىلىـق ئۆزگەرتكىلـى بولىدىغـان دىنىـي تەلىماتلارنـى ئۆزگەرتىشـكە قەتئىـي جۈرئـەت قىلالمـدى. بۇنىـڭ سـەۋەبى، ھېلىقىـدەك ئۆزگەرتىشـلەر ئۈمىـدى ئىلھاملاندۇرۇشـقا ۋە تەسـەللى بېرىدىغـان قەلـب مەنزىرىلىرىگـە باغلانغـان مىليونلىغـان كىشـىلەرنى تېرىكتۈرەتتـى، ياكـى رىئالىلىققا قايتۇراتتـى. شۇڭلاشـقا دىـن بىلـەن پەلسـەپىنى ئۆزئـارا ياراشـتۇرۇش ئۈچـۈن پەيلاسـوپلار چېركاۋلارنىـڭ ئەخلاقتىكى رولىنىـڭ ئورنىنـى ئالىدىغـان باشـقا نەرسـە يوقلۇقىنـى ئېتىراپ قىلمىسـا بولمايدىغـان، دىنىـي ۋە ئەقلىـي ئەركىنلىكنـى پوپـلار ئېتىـراپ قىلغـان شـەكىلدە يولغـا قويمىسـا بولمايدىغـان بىـر خىـل ئەھـۋال مەۋجـۇت بولـدى.

### تارىخ خۇداغا بولغان ئىشەنچنى قوللامدۇ؟

ئـىلاۋە: كىتابىنىـڭ مۇشـۇ يېرىدىكـى بىـر مۇھىـم جۈملىنـى ئىشـلەتمىدىم. ئەگـەر ئىنگلىزچىنـى بىلسـىڭىز، ئـەڭ ياخشـىسى كىتابىنىـڭ مۇشـۇ يېرىنـى ئەسـلىدىكى ئىنگلىزچـە كىتابتىـن ئوقـۇپ قويـۇڭ.

بىيولوگىيەنىـڭ باشـقا قىسـىملىرىغا ئوخشـاش، بىيولوگىيەنىـڭ تارىـخ قىسـمىمۇ ھايـات قېلىـش كۈرىشـىدە زامـان ۋە ماكانغـا ئـەڭ ماسلاشـقان ئىندىۋىدۇئاللار ۋە گۇرۇپپىلارنىـڭ تاللىنىدىغانلىقىنـى، ياخشـىلىققا ياخشـىلىق بىلـەن جـاۋاب قايتۇرۇلمايدىغانلىقىنـى، ئوڭۇشسىزلىقلار كـەڭ دائىرىـدە مەۋجـۇت ئىكەنلىكىنـى، ئـەڭ ئاخىرقـى سىناق يەنىلا ئۆزىنـى سـاقلاپ قېلىش قابىلىيىتـى ئىكەنلىكىنـى قوللايـدۇ. جىنايـى ئىشـلار، ئۇرۇشـلار ۋە ئىنسـانلارنىڭ ۋەھشـىيلىكىدىن باشـقا، يـەر تەۋرەشـلەر، قـار - بورانـلار، ئـادەم ئۆلتۈرىدىغـان يۇقۇملـۇق كېسـەللەر، تاشـقىن سـۇ دولقۇنلىـرى ۋە باشـقا «خـۇدا كەلتـۈرۈپ چىقارغـان ھادىسـىلەر» ئىنسـان ۋە ھايۋانلارنـى ۋەيـران قىلىـپ تۇرىـدۇ. ھـەر خىـل دىنلار ئۆزلىرىنىـڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئـەڭ ئاخىرىـدا ياخشـى روھنىـڭ ئۇتـۇپ چىقىدىغانلىقىنـى تەكىتلـەپ كەلـدى، ئەممـا تارىـخ بۇنىڭغـا كاپالەتلىـك قىلىـپ باقمـدى. تەبىئـەت بىلـەن تارىـخ بىزنىـڭ ياخشـىلىق ۋە يامانلىـق ھەققىدىكـى چۈشـەنچىلىرىمىزنى قوبـۇل قىلمايـدۇ. ئۇلار ھايات قالالىغانلارنـى ياخشـى، غايىـب بولغانلارنـى بولسـا يامان، دەپ ھېسـابلايدۇ.

كائىنات ئەيسا پەيغەمبەرنى چىگگىزخاندىن ياخشىراق كۆرۈش تەرەپكە ئېغىپ كەتمەيدۇ.

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كائىناتتىكى ئورنىنىڭ نەقەدەر كىچىك ئىكەنلىكىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىمۇ ئاجىزلىشىپ ماڭدى. بۇنداق بىر چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ئىلىم - پەن ۋە تارىختىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىشلار سەۋەب بولدى. ئەڭ دەسلەپتە، يەنى 16 - ئەسىردە ياۋروپادا رومان كاتولىك چېركاۋىدىن ئايرىلىپ چىققان «Protestant Reformation» (پروتېستانت ئىسلاھاتى) دەپ ئاتىلىدىغان دىنىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەت باشلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان ئىسيانچى گۇرۇھلار ۋە ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئەقىدىلەر ھەم مۇقەددەس كىتابلارغا ھەم مۇستەقىل سەۋەب ئانالىزلىرىغا مۇراجىئەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنجىلغا قارشى يۇقىرى دەرىجىلىك تەنقىدلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەشەمەتلىك دىنىي كۇتۇپخانىلار ئاسانلا خاتالىشىدىغان ئادەملەر قىلغان چالا خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن، دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيەدە تەبىئىي ئېتىقادچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ، دىنىي بىر تەبىئەتتىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان خۇداغا بولغان مۇجمەل چوقۇنۇش، دېگەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر باشقا دىنلار بىلەن تەدرىجىي ھالدا تونۇشۇپ چىقىپ، خىرىستىيان دىنىدىن بۇرۇن پەيدا بولغان باشقا دىنلارنىڭ رىۋايەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن پۈتۈنلەي پاكىتلارغا ئاساسەن ۋۇجۇدقا كەلگەن، دەپ قارالغان تەبلىغلىرى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كاتولىك دىنىدىكى مۆجىزىلەر ۋە ئىنجىل مۆجىزىلىرىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئېچىپ تاشلىنىپ، دىنىي تارىختىكى ئالدامچىلىقلار، تەكشۈرۈشلەر ۋە چوڭ قىرغىنچىلىقلار پاش قىلىندى.

ياۋروپادا يەنە بىر قاتار دىن ۋە خۇدانى ئۆز ماھىيىتى بويىچە توغرا چۈشىنىش ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭغا ئىلىم - پەن ۋە تېخنولوگىيەنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى قوشۇلۇپ، كىشىلەرنى ئىنسانلارنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈپ، ئادەملەرنى ئاسماننىڭ ئىلاھىي بۇيرۇقىغا جەڭ ئېلان قىلىدىغان قىلدى.

مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خىرىستىيان دىنى ئۆز ئەقىدىسىگە قارشى ئىش تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئەنئەنىۋى ئەقىدەشۇناسلىق نەزەرىيەسىدىكى مېھرىبان خۇدا چۈشەنچىسى بويىچە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئىگە قىلدى. دوزاخ ھەققىدىكى ئىدىيە ئوقۇغان كىشىلەر، ھەتتا چېركاۋ مۇنبىرى نەسىھەتچىلىرىنىڭ كاللىسىدىنمۇ غايىب بولدى.

سانائەت ئىنقىلابى ئاخىرى خىرىستىيان دىن قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئورنىغا دىنىدىن خالىي قۇرۇلمىلارنى دەسسىتىشتەك نەتىجىگە ئېلىپ باردى. بۈگۈن كۆپلىگەن كىشىلەر دۆلەت ھاكىمىيىتى ئەقىدەشۇناسلىقتىن كېلىدىغان ياردەملەرنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىشنى ئىستەيدۇ. بۇرۇنقى كىشىلەر «قانۇن دېگەن خۇدايىم تاللىغان پادىشاھلارنىڭ پەرمانلىرى» دەپ قارىغان بولسا، ھازىرقى كىشىلەر ئۇنى «ئاسانلا خاتالىشىدىغان كىشىلەرنىڭ بىلمەي تۇرۇپ چىقارغان بۇيرۇقلىرى» دەپ قارايدۇ. بۇرۇنقى كىشىلەر «ئوقۇش دېگەن خۇدايىم ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن پوپلارغىلا تەۋە نەرسە» دەپ قارىغان بولسا، بۈگۈنكى ئەقىدە ئارغامچىلىرىنى كېسىپ تاشلىغان ۋە ئەقىدە ۋەھىملىرىنى يىراققا چۆرۈپ تاشلىغان ئەر - ئاياللار ئۈچۈن ئوقۇش بىر مەجبۇرىيەتكە ئايلاندى. كىشىلەر ئوقۇش ئارقىلىق سەۋەبكە ۋە قايىل قىلىشقا تايىنىپ ياش - ئۆسمۈرلەرنى

تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ پەقەت ساقچىلاردىنلا قورقۇپ، ئىشلارنىڭ سەۋەبلىرىنى تېپىپ چىقىشنى مەڭگۇ ئۆگىنەلمەيدىغان ھالىتىنى ئۆزگەرتتى. بۇرۇن ئۇنىۋېرسىتېتلار چېركاۋلارغا باغلانغان بولسا، ھازىر سودا - كارخانىچىلار ۋە ئالىملار بىلەن بىرلىشىپ ئىش ئېلىپ بارىدىغان بولدى. ئىلاھىي تەبلىغ ۋە ئەخلاق تۈزۈملىرىنى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە سىڭدۈرۈش جەريانىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، كاپىتالىزم ياكى كوممۇنىزم تەشۋىقاتلىرى ئالدى. دىنىي مۇقەددەس كۈنلەرنىڭ ئورنىنى بايرام كۈنلىرى ئالدى. بۇرۇن يەكشەنبە كۈنلىرى دىنىي ئىبادەت ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان بولسا، ھازىر ئۇنداق كۈنلەردە تىياتىرخانىلار كىشىلەرگە لىق تولۇپ، چېركاۋلارنىڭ يېرىمى قۇرۇق قالىدىغان بولدى. مىڭلىغان ئالامەتلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، ھازىر خىرىستىيان دىنى بۇرۇنقى گىرېتسىيە دىنىي سوفىزمى ۋە گىرېتسىيە يورۇتۇش ھەرىكىتىدىن كېيىن دۇچ كەلگەن ئەڭ زور چېكىنىش بىلەن ئوخشاش تەقدىرگە دۇچ كەلدى.

كاتولىك دىنى ئۆزىنى ساقلاپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ تەپەككۇرغا، ئۈمىدكە ۋە ئاقىلانىلىككە مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ رىۋايەتلىرى كەمبەغەللەرنىڭ ھاياتىغا تەسەللى بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئۈمىدلەندۈرىدۇ. كاتولىك دىنى زىيالىيلار دۇنياسى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى قۇربان قىلىۋەتكەنلىك سەۋەبىدىن، ھەمدە دىندىن خالىي مائارىپ ۋە ئەدەبىيات بىلەن ئۇچرىشىشى سەۋەبىدىن بارغانسېرى كۆپ كىشىلەرنىڭ كاتولىك دىنىنى تاشلىۋېتىشتەك ئەھۋال يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئەمما كاتولىك دىنى باشقا دىندىكى سەۋەبنىڭ ئېنىقسىزلىقىدىن زېرىككەن، ھەمدە چېركاۋلارنىڭ ئېچكى قالايمىقانچىلىقنى ۋە كوممۇنىزم دولقۇنىنى ئاخىرلاشتۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ دىنىنى كاتولىك دىنىغا ئۆزگەرتىش ئۈنۈمىگە ئېرىشىۋاتىدۇ.

ئەگەر يەنە بىر چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش غەرب مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىۋېتىدىكەن، خۇددى مىلادى 476 - يىلىدىكىگە ئوخشاش، شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى، نامراتلىقنىڭ تارقىلىشى ۋە ئىلىم - پەننىڭ خارلىنىشى چېركاۋلارنى ھايات قالغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە بىردىنبىر ئۈمىد ۋە يول كۆرسەتكۈچى مەنبە قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

تارىخ ساۋاقلىرىنىڭ بىرى شۇكى، دىنىنىڭ جېنى كۆپ، ھەمدە ئۇنىڭ قايتا تىرىلىش ئادىتى بار. يەنى، تارىختا خۇدايىم ۋە دىن كۆپ قېتىم ئۆلۈپ، يەنە كۆپ قېتىم قايتا تۇغۇلدى. مەسىلەن، 19 - ئەسىردىكى ئامېرىكىدا دۆلەت قۇرغۇچىلارنىڭ راتسىيونالىزمىنىڭ ئورنىنى دىنىي گۈللىنىش ئالدى.

تارىختا باستۇرۇش بىلەن سېزىملەر ۋە ئىستەكلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى بولغان پۇرىتانىزىم (دىنىنى ساپلاشتۇرۇش) ۋە دىنسىزلىق نۆۋەت بىلەن ئۆزئارا رېئاكسىيە قايتۇرۇپ كەلدى. قانۇن ئاجىزلىشىپ، ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاش ۋەزىپىسى ئەخلاقنىڭ زىممىسىگە چۈشكەندە، دىن ۋە پۇرىتانىزىم ھۆكۈم سۈردى. قانۇن ۋە ھۆكۈمەت دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا دەخلى يەتكۈزمىگەن ئاساستا چېركاۋ، ئائىلە ۋە ئەخلاقلىقنىڭ پەسكە قاراپ مېڭىشىغا يول قويغان ۋاقىتتا، دىندىن گۇمانلىنىش ۋە دىنسىزلىق ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزدە دۆلەتنىڭ قۇدرىتى يۇقىرىقى بىر قانچە كۈچ بىلەن بىرلىشىپ، ئېتىقاد ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ، ھەمدە دىنسىزلىقنىڭ تەبىئىي ئۆزگىرىشىگە يول قويىدۇ. بىزنىڭ ھەممە نەرسىمىزنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى مول بولۇشى ئېھتىمال يەنە بىر يېڭى رېئاكسىيەنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى، يەنى ئەخلاقىي قالايمىقانچىلىق دىنىنىڭ قايتىدىن گۈللىنىشىنى پەيدا قىلىشى ۋە دىنسىزلار

باللىرىغا دىنىي قائىدە - تۈزۈملەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى كاتولىك دىنىي مەكتەپلىرىگە بېرىشى مۇمكىن.

رېنان (Renan) 1866 - يىلى ئەخلاقلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن دىن بولمىسا بولمايدۇ، دېگەن يەكۈننى چىقاردى. تارىخ مۇشۇنداق يەكۈننى، يەنى تەبىئىي ئەخلاق بەك ئاجىز بولۇپ، ۋەھشىيلىك مەدەنىيەت ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، بىزنىڭ چۈشلىرىمىزدە، جىنايەتلىرىمىزدە ۋە ئۇرۇشلىرىمىزدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، دېگەن يەكۈننى ئىسپاتلامدۇ؟ بۇ سوئالغا يوسۇف مەيستەر (Joseph de Maistre) مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «مەن بىر كاززاپ ئادەمنىڭ يۈرىكىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما مەن بىر سەمىمىي ئادەمنىڭ قەلبىدە نېمە بارلىقىنى بىلىمەن – ئۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق.» بىزنىڭ دەۋرىمىزدىن بۇرۇنقى تارىختا دىنىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشمەي تۇرۇپمۇ جەمئىيەتتە بىر ئەخلاقلىق ھاياتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ساقلاپ ماڭالىغانلىقىنىڭ كۈچلۈك مىسالى مەۋجۇت ئەمەس. فرانسىيە، ئامېرىكا ۋە باشقا بىر قىسىم ئەللەر دۆلەت ھۆكۈمىتىنى بارلىق چېركاۋلاردىن ئايرىۋەتتى، ئەمما ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاشتا يەنىلا دىنىنىڭ ياردىمىگە مۇراجىئەت قىلىپ كەلدى. پەقەت بىر قانچە كوممۇنىستىك دۆلەتلەرلا ئۆزلىرىنى دىندىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىپلا قالماي، ئۇلار يەنە دىنىنىڭ ياردىمىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلدى. رۇسىيەدە بۇ خىل سىناقنىڭ ئېنىق ھالدا ۋە ۋاقىتنىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ئۇ دۆلەتتىكى خەلقنىڭ ھازىرچە كوممۇنىزمنى بىر خىل دىن سۈپىتىدە قوبۇل قىلغانلىقىدىن، كوممۇنىزمنى چېركاۋنىڭ ئورنىدىكى راھەتلىك ۋە ئۈمىدنىڭ مەنبەسى قىلغانلىقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر سوتسىيالىزم ھاكىمىيىتى خەلق ئاممىسىنىڭ نىسپىي نامراتلىقىنى يوقىتىش ئىشىدا مەغلۇپ بولىدىكەن، بۇ يېڭى دىن ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ۋە ئۈنۈمىنى يوقىتىپ، دۆلەت ھاكىمىيىتى ئىلاھىي ئېتىقادلارنى نارازىلىقلارنى بېسىقتۇرۇشنىڭ قورالى سۈپىتىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشى مۇمكىن. بۇ خۇددى دۇرانت (Durant، مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى) نىڭ دېگىنىدەك بىر ئىش: «نامراتلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، خۇدايىملارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ».

### ئاخىرقى سۆز

مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ «كىرىش سۆز» قىسمىدا قىسقىچە تونۇشتۇرغان «تارىخنىڭ ساۋاقلىرى» دېگەن كىتابتا جەمئىي 12 باب بار بولۇپ، مەن يۇقىرىدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى 6 بابىنىڭ ئۆزۈم تاللىغان مەزمۇنلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن «دەۋر ۋە بىز – 2024» دېگەن كىتابقا كىرگۈزمەكچى بولغان، ھەمدە بۇ يىل 9 - ئايدا ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە – 2024» دېگەن پائالىيەتتە لېكسىيە قىلىپ سۆزلىمەكچى بولغان مەزمۇنلار مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. مېنىڭ ھازىرقى پىلانىم، مەزكۇر كىتابتىكى قالغان 6 بابتىكى مەزمۇنلارنى كېلەر يىللىق پائالىيەتلەرگە ئۆلگۈرتۈپ ئۇيغۇرچە ماقالە قىلىپ يېزىپ چىقىش، ھەمدە پۈتتۈرگەن قىسىملىرىنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلارغا ئوتتۇرلۇق چىقىرىپ تۇرۇش. مەزكۇر كىتابنىڭ بەت سانى ئاز، ئەمما مەزمۇنى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەم ناھايىتى كۆپ ئادەم، ماكان ۋە ۋەقەلەر مىسال قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ئۇلارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش ئاسان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنىڭ ۋاقتى بەك چەكلىك بولغاچقا، مەن كىتابتىكى مەزمۇننى ئۇيغۇرچە ماقالە قىلىپ يېزىپ چىققاندا ئاشۇنداق مىساللارنىڭ

كۆپىنچىسىنى قىسقارتىۋەتتىم. شۇڭا مەن ئىنگلىزچە بىلىدىغان ئوقۇرمەنلەرگە مەزكۇر كىتابنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى كەم دېگەندە بىر قېتىم ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەن مۇشۇ ماقالىنى تاماملاش جەريانىدا مېنى يېقىندىن قوللىغان، ماڭا ياردەمدە بولغان، ھەمدە ماڭا مەنىۋى جەھەتتىن ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەن بارلىق قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. بولۇپمۇ مەزكۇر ماقالىنىڭ ھەممە قىسمىنى تەھرىرلەپ، ئۇلارنى ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقى (UEY) قا ئۆزگەرتىپ بەرگەن «پىداكار» ئىنىمىزگە، ھەمدە ماقالىنى ئوقۇپ ئاۋازلىق ھۆججەت قىلىپ تەييارلاپ، ئاندىن ئۇنى ۋىدىيو شەكلىگە ئەكېلىپ بەرگەن پەرىزات غەيرەت سىڭلىمىزغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمھالى:



دوكتور ئەركىن سىدىق

- 1965 - ئاقسۇ شەھەرلىك 4 - باشلانغۇچقا كىرگەن
- 1970 - ئاقسۇ شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن
- 1976 - ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيەسىگە «قايتا تەربىيە» ئېلىشقا بارغان
- 1978 - شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىق كەسپىنىڭ باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن
- 1983 - شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە كىرگەن
- 1983 - شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان
- 1985 - ياپونىيە ئوساكا ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىش ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىككى يېرىم يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان
- 1988 - ئامېرىكىنىڭ لوس ئانژېلىس رايونىدىكى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىرگەن
- 1990 - ئامېرىكا دەيۋىس (Davis) شەھرىدىكى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىق كەسپى دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن
- 1995 - ئامېرىكا سان فرانسىسكو رايونىدىكى ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسىدا بىر يېرىم يىللىق دوكتور - ئاشتى خىزمىتىنى باشلىغان
- 1996 - كالىفورنىيە كرېمنىي جىلغىسىدىكى ئۈچ يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركىتىدىكى يەتتە يىللىق ئىنژېنېر ۋە «ئىنژېنېرلار باشلىقى» خىزمىتىنى باشلىغان
- 2004 - ئامېرىكا ئالەم قاتنىشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى NASA دا ئالىي دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرلىق خىزمىتىنى باشلىغان

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

# خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىش يوللىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى

دوكتور گۈلمىرە بەرداش
(ئىستانبۇل ئايدىن ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى)
gulmireberdas@gmail.com

خىتاي پرېزىدېنتى شى جىنپىڭ 2013 - يىلى 7 - سېنتەبىر قازاقىستاندا قىلغان سۆزىدە قەدىمكى «يىپەك يولى»نى قايتا جانلاندۇرۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى نامىدا ئېلىپ بېرىلىپ، يەر شارى ئۇل ئەسلىھە تەرەققىياتى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن ئىجابىي خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىلدا بېيجىڭ دائىرىلىرى بۇ «خىتاي ئارزۇسى» (Chinese Dream) نى روياپقا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. بۇ ماقالىدە خىتاينىڭ ئورتاق گۈللىنىش نىقابى ئاستىغا يوشۇرۇنغان بايلىق ۋە ئېنېرگىيە ئاچكۆزلۈكى، دۇنياغا يېيىلىش قارا نىيىتى (يۇمشاق يېيىلىش، قاتتىق يېيىلىش، رەقەملىك يېيىلىش ۋە نوپۇس يېيىلمىسى)، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە تالان - تاراج قىلىش جىنايەتلىرى ھەققىدىكى ماتېرىيال، چۈشەنچىلىرىمنى ئورتاقلىشىمەن.

ئاچقۇچ سۆزلەر: «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى، شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇر، خىتاي، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، تالان - تاراج، كېڭىيىش.

**Summary:**

In his speech in Kazakhstan on September 7, 2013, Chinese President Xi Jinping said that the revival of the ancient Silk Road will be carried out in the name

of "One Belt, One Road" and will play an active role in the development of global infrastructure and a bright future for all mankind. Over the next decade, the Beijing authorities have been trying to realize this "Chinese Dream". In this article, I will share my views and thoughts on China's wealth and energy greed, the dangers of overpopulation and China's genocide, China's global expansion intentions (soft expansion, hard expansion, digital expansion and population expansion).

Keywords: One Belt, One Road, East Turkistan, Uyghur, China, Genocide, Plunder, Diffusion.

خىتاي ئاقىللار ئامبىرى 1997 - يىلى «دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ئىككى 100 يىللىق پىلانى»نى تۈزۈپ چىققان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ پىلان، خىتاي كومپارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى بولغان 2021 - يىللىق نىشان ۋە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى بولغان 2049 - يىلغىچە يېتىدىغان ئۇلۇغ پىلاندىن ئىبارەت.

بۇ پىلاننى ئىجرا قىلىشقا باشلىغان بېيجىڭ دائىرىلىرى مىللىي روھنى قايتا ئويغىتىش، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قەدەممۇقەدەم يۈكسىلىش، خىتاي دۆلىتىنىڭ خەلقئارا سەھنىدە ئېتىراپ قىلىنغان نوپۇز ۋە تەسىرگە ئېرىشىشنى ئاخىرقى نىشان قىلغان ئىدى. خىتاينىڭ بايلىق ۋە ئېنېرگىيەگە بولغان ئاچ كۆزلۈكى ۋە خىتاي نوپۇسىدىكى ئەرلىشىپ كېتىش («خىتاينىڭ يەتتىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش» سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن ھېسابلانغان ئىستاتىستىكا بويىچە، 2020 - يىلى خىتايدىكى ئەرلەرنىڭ نوپۇسى ئاياللارنىڭكىدىن جەمئىي 36 مىليون 438 مىڭ كىشى ئارتۇق. (穆光宗, 2021) سەۋەبىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتى تەبىئىي ھالدا ئەتراپقا – سىرتقى دۇنياغا كېڭىيىشنى دۆلەت ئىستراتېگىيەسى قىلىپ بېكىتتى. بۇنى «ئورتاق گۈللىنىپ، ئۆزئارا نەپ ئالىدىغان بىر بەلباغ، بىر يول قۇرۇلۇشى» نىقابى بىلەن خەلقئاراغا بازارلىدى. كۆرۈنۈشى ھەمكارلىشىش، مەبلەغ سېلىش، قەرز پۇل بېرىش ياكى ياردەم بېرىش بولغان «تېشى تاتلىق، ئىچى ئاچچىق» يەمچۈكنى بەزى دۆلەت، رايونلار ھەزىم قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ. تۆۋەندە خىتاينىڭ بۇ كېڭەيمىچىلىك پىلانى ۋە ئۇنىڭ تۈزۈقىغا چۈشكەنلەرنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمەن.

## 1. يۇمشاق كېڭىيىش: ئىقتىسادىي كېڭەيمىچىلىك ۋە سېھىرلىك «قەرز قورالى»

بۈگۈنكى كۈندە، خىتاي پىرىزىدېنتى شى جىنپىڭنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، شەرق ۋە غەرب دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى قاتناش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، سودا ۋە مەبلەغ سېلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى دۇنيا ئىقتىسادىنى تېزلىتىشنىڭ تارىخىي پۇرسىتى دەپ قارىلىپ كەلدى. ئۇنىڭدا يەنە سىياسىي، ھەربىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، تېخنىكا ۋە مىللىي ساھەلەر تەسىرىنى كۆرسەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى گەرچە خەلقئارالىق ۋە يەرلىك بەزى مەسىلىلەر، قارشىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، «بىر

بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ ساغلام ۋە تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەبلەغ سېلىش ۋە ھەمكارلىق قاتارلىق ساھەلەردە توختىماي ئىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سودا ۋە تەرەققىيات يىغىنى (UNCTAD) نىڭ «2021 - يىللىق دۇنيا مەبلەغ سېلىش دوكلاتى»غا قارىغاندا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ چەت ئەلگە سالغان مەبلىغى 740 مىليارد دوللار بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە خىتاي 153 مىليارد 100 مىليون دوللار مەبلەغ بىلەن بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان.

2010 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە خىتاينىڭ دۆلەت سىرتىغا بىۋاسىتە سالغان مەبلىغى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتى تۆۋەندىكى گرافىكتا كۆرسىتىلگەن بولۇپ، 2016 - يىلى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، 196 مىليارد 150 مىليون دوللار بولغان.

خىتاينىڭ 2010 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە دۆلەت سىرتىغا بىۋاسىتە سالغان مەبلىغى:




مەنبە: 中国对外投资发展报告2020

ئەڭ يېڭى مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، 2020 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 28 مىڭ خىتاي شىركىتى 189 دۆلەت ۋە رايوندا 45 مىڭ كارخانا قۇرغان. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مۈلكى 7 ترىليون 900 مىليارد دوللار، مەبلىغى 2 ترىليون 580 مىليارد دوللار، پاي چېكىگە سالغان مەبلىغى 1.1 ترىليون 477 مىليارد دوللار، كىرىمى 786 مىليارد دوللارغا يەتكەن. قەرز بېرىش تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 316 مىليارد 800 مىليون دوللار بولغان (商务部, 2021).

بىر دۆلەتكە يۇرت تېشىدىن مەبلەغنىڭ كىرىشى ئىقتىسادنى جانلاندۇرىدۇ ۋە كىشىگە ھاياجان بېرىدۇ. بەزىدە خىتاينىڭ بۇ مەبلەغلىرى بىر قىسىم دۆلەت، ھۆكۈمەت ئۈچۈن «جان قۇتقۇزغۇچى»لىق رولىنىمۇ ئوينىدى. ئەمما، خىتاينىڭ «مەبلەغ» بېرىش «ئالىيجانابلىقى»نىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان غەرەزلەر، تۆلەيدىغان بەدەللەر، ھەتتا دۇنيادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا قول ئۇزارتىشلار بىر قانچە يىلدىن كېيىن سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقتى ۋە چىقىۋاتىدۇ.

ئىقتىسادىي بېقىنىشنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان تۈركىيەدىن، تۇرمۇش شارائىتى

1975 ــ 1990 - يىللىرىدىكى ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدىنمۇ ناچارلىشىپ كەتكەن، ئىقتىسادى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان بوگۈنكى لىۋانغىچە بۇنى ھېس قىلالايمىز.

نىيىتىدە سەممىي بولماسلىق، سۆزلەشمىدىكى باراۋەرسىزلىك ۋە يەرلىكلەرنى ھەر پۇرسەتتە ئالدىغان خىتاي، «بېرىپ» ئابرۇي قازانغىنى بىلەن، «ئېلىش»تا قارشىلىققا، نەپرەتكە ئۇچرىدى. خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ئىنستىتۇتى (IIF) نىڭ 2020 - يىلى مايدا ئېلان قىلغان دوكلاتىغا قارىغاندا، 70 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ يەككە ھەقدار (قەرز بەرگۈچى) خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى (IMF) بىلەن رىقابەتلىشىۋاتقان خىتاي ھازىر دۇنيادىكى كىرىمى ئەڭ تۆۋەن دۆلەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ھەقدارى بولۇپ، ئالدىغان قەرزى 2004 - يىلدىكى 875 مىليارد دوللاردىن 2019 - يىلى 5 تىرىليون 500 مىليارد دوللارغا ئۆرلىگەن (CBN, 2020). يەنە كېلىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى بىلەن تەمىنلىگەن 838 مىليارد دوللارلىق قەرز سوممىسى بىلەن خىتاي يەنە دۇنيا بانكىسىدىن ئېشىپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۇل ئەسلىھەلەر ئۈچۈن پۇل - قەرز بىلەن تەمىنلىگۈچىگە ئايلاندى.

خۇش چىراي، تەبەسسۇملۇق خىتاي قەرزنى بىۋاسىتە ھۆكۈمەتلەرگە ئەمەس، بەلكى دۆلەت ئىلكىدىكى شىركەت - بانكىلارغا، ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ۋە نوپۇزى بار خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئورگانلارغا بېرىدۇ. باشقا دۆلەتلەرگە پۇل - قەرز بەرگەندە، خىتاي، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى (IMF) غا ئوخشاش سۆزلەشمىلەرنى ئاشكارا قىلمايدۇ ۋە قاتتىق شەرتلەرنى قويمايدۇ. ئەمما ئۇ قەرز ئالغۇچى دۆلەتلەرگە يوشۇرۇنغانچە يوغىنايدىغان قار توپىغا ئوخشاش ئۆز - ئۆزىچە ئېغىرلىشىدىغان (كۆپىيىدىغان) قەرز يۈكىنى ئارتىپ قويىدۇ. خىتاي يەنە ئۇلارغا قۇتقۇزۇش قەرزى بېرىدۇ. مەسىلەن، پەقەت خىتايغا ئەڭ جىق قەرزى بولغان ئۈچ چوڭ قەرزدار دۆلەت (ئارگېنتىنا، پاكىستان ۋە سىرىلانكا) 2017 - يىلدىن باشلاپ خىتايدىن يەنە 32 مىليارد 800 مىليون دوللار قۇتقۇزۇش قەرزى ئالدى. بولۇپمۇ 2019 - يىلى ۋۇخەندىن تارقالغان يېڭى تاجىسىمان ۋىرۇس كېسىلى (Coronavirus 19) دۇنيا ۋەزىيىتىنى قالايمىقان قىلغاندىن كېيىن، قەرز پاتقىقىدا جان تالىشىۋاتقان دۆلەت - رايونلارغا قارىتا خىتاينىڭ نىيىتى ــ قەرزگە تېخىمۇ بوغۇپ ھالسىرىتىش، تەبىئىي بايلىق ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئورتاق ئىگە بولۇۋېلىش بولدى. خىتاي باشقىلارغا مەبلەغ ياردەم بېرىشتە كۆتكەن پۇرسىتى كەلگەندە، «خالىغانچە توختىتىش ۋە قەرزنى دەرھال قايتۇرۇۋېلىشنى خالىغان ۋاقىتتا تەلەپ قىلىش ھوقۇقى»نى ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسەت نوپۇزىنى دائىم كۈچلەندۈرۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خىتاي چەت ئەلدىكى سېھىرلىك «قەرز قورالى»دىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە دىپلوماتىك مەنپەئەتنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. يەنى، بۇ چاغدا خىتاينىڭ خۇش چىراي، «پەرىشتە» سۈپەت يۈزى بىراقلا ئالۋاستىغا ئايلىنىدۇ.

«نيۇ - يورك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئېفىيوپىيەنىڭ خىتايغا بولغان قەرزى يىللىق ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش (GDP) نىڭ 20% نى، قىرغىزىستاننىڭ خىتايغا بولغان قەرزى يىللىق ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش (GDP) نىڭ تەخمىنەن 40% نى، جىبۇتىنىڭ خىتايغا بولغان قەرزى يىللىق ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش (GDP) نىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن. ھازىر خىتايغا ئېغىر قەرزى بولغان دۆلەتلەر 40 دىن ئاشىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 20 گە يېقىنىنىڭ بۇ قەرزنى قايتۇرۇش ئىمكانىيىتى ھېچ يوقتۇر.

**خىتاي «قەرز قورالى»نى ئىشقا سېلىپ نېمىلەرنى قولغا كەلتۈردى؟**

«ئالماقنىڭ بەرمەكى بار» دەپتىكەن ئەجدادلىرىمىز. خىتاينىڭ «بېرىنى بېرىپ، ئۈنىنى ئېلىش» نىيىتىنى دەسلەپتە چۈشەنمىگەن دۆلەت ۋە ئەمەلدارلار، ئەمدىلىكتە بۇنىڭ بەدىلىنى ئېغىر تۆلىمەكتە. تېخىمۇ ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەش كېيىنكى نەسىللىرىگىچە داۋام قىلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرماقتا.

لائوسنىڭ ئومۇمىي قەرزى 14 مىليارد 500 مىليون دوللار بولۇپ، ھازىرقى يىللىق ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش (GDP) نىڭ 100% تىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. خىتاي لائوسنىڭ ئەڭ چوڭ ھەقدارى بولۇپ، بارلىق تاشقى قەرزنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ (The Diplomat, 2023). شۇئاندا لائوس دۆلەتلىك تۆمۈر يولى (LCRC) نىڭ 70% ۋە ئېلېكتىر تورى (EDLT) نىڭ 100% ئىگىدارلىق ھوقۇقى خىتاي شىركەتلىرىگە تەۋە بولۇپ بولغان.

خىتاي دائىرىلىرى 2017 - يىلى 7 - ئايدا سىرىلانكىنىڭ ھامبانتوتا پورتى (Hambantota International Port) نى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى 60.7 كىۋادرات كىلومېتىر يەرنىڭ 99 يىل ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى (Moramudali, 2020). شۇنىڭ بىلەن خىتاي، رەقىبى ھىندىستاننىڭ دېڭىز قىرغىقىدىن نەچچە يۈز مىل يىراقلىقتىكى، ئوكيان ھالقىغان سودا ۋە ھەربىي سۇ يولى بويىدىكى ئىستراتېگىيەلىك پورتنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن بولدى. خىتاينىڭ بۇ پورتنى ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىش پىلانىغا يەرلىك ھۆكۈمەت ھازىرچە رۇخسەت بەرمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

خىتاي دائىرىلىرى 2013 - يىل 2 - ئايدا پاكىستاندىكى ئەڭ چوڭ گۋادار پورتى (Gwadar Port) نىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىغا تولۇق ئېرىشكەندە (Dawn, 2013)، بۇ سۆزلەشمىگە 5 مىڭ خىتاي پۇقراسىغا بىۋاستە پاكىستان ۋەتەنداشلىقى بېرىش قوشۇمچە ماددىلاردا يېزىلغان. ئەرەب دېڭىزىغا جايلاشقان بۇ پورت، خىتاي ئىمپورت قىلىدىغان نېفىتنىڭ 40% ى ئۆتىدىغان ھورمۇز بوغۇزىدىن 400 كىلومېتىر يىراقلىقتا. خىتاي خەلق ئازادلىق دېڭىز ئارمىيەسى (PLAN) بۇ يەردە ھەربىي بازا قۇرۇشقا باشلىدى. ئىقتىدارسىز ۋە چىرىك سىياسىي رەھبەرلىك سەۋەبىدىن خىتايغا 69 مىليارد دوللارغا يېقىن (The Print, 2023) قەرزگە بوغۇلغان پاكىستان، خىتاي ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتىن باشقا قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى.

خىتاي دائىرىلىرى ئالاقىدار چېگرا كېلىشىمى دائىرىسىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قىرغىزىستاندىن 1250 كىۋادرات كىلومېتىر (1999)، تاجىكىستاندىن 1158 كىۋادرات كىلومېتىر (2011) ۋە قازاقىستاندىن 13592 كىۋادرات كىلومېتىر (1999)، جەمئىي 16 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر يېڭى تۇپراق بۆلۈپ ئالدى (Omonkulov, 2020). بۇ ئۈچ ئىستانبۇل ياكى 10 لوندون ۋە ياكى 151 پارىژ دېمەكتۇر. خىتاي بۇ تۇپراقلاردا ھەربىي بازا قۇرماقچى ۋە كان ئاچماقچى. قازاقىستاننىڭ نېفىت - گاز زاپىسى مول بولغان زايسان (Зайсан) ۋە كۈرشىم (Күршім) رايونىدىن خىتايغا تۇپراق ساتقانلىقى يېقىندىن خەۋەر بولماقتا (Ortadoğu, 2021). (دىققەت: بۇ بىر يېڭى باشلىنىش بولۇپ، خىتاينىڭ «قەرز قورالى»نىڭ كۈچىنى ئالدىمىزدا كۆرىمىز. خىتاي دائىرىلىرى «پەردە ئارقىسى»دا تېررىتورىيەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن تۇتاشقان غەربىي چېگراسىنى بۇرۇنلا كېڭەيتىپ سىزىپ بولدى، بۇنى يېقىندا «سەھنە»گە ئېلىپ چىقىشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدۇر، خالاس).

خىتاي، قازاقىستاننىڭ تەبىئىي گاز ۋە نېفىت مەنبەلىرىگە كۆز تىكتى. 1997 - يىلى 6 - ئايدا، خىتاي دۆلەتلىك نېفىت شىركىتى (CNPC) قازاقىستاننىڭ غەربىدىكى تەبىئىي گاز ۋە نېفىت ئىشلەپچىقىرىش جەمئىيىتى «ئاقتۆبە نېفىت (Актөбемұнай Aktyubinskmunay)»نى 4 مىليارد 320 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالغان بولۇپ، بۇ نېفىتلىكنىڭ يوشۇرۇن زاپىسى 140 مىليون توننا. شۇ يىلى 8 - ئايدا، خىتاي دۆلەتلىك نېفىت شىركىتى (CNPC) بىر مىليارد 300 مىليون دوللارغا «ئۆزەن نېفىت (Өзенмұнай Uzen)»نىڭ 60% لىك پېيىنى سېتىۋالغان، ئۇنىڭ زاپىسى تەخمىنەن 200 - 250 مىليون توننا (Kazakhstan History, 2022).

ياۋروپادا 8 - ئورۇندا تۇرىدىغان، گرېتسىيەنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم پورتى بولغان پىراۋۇس پورتى (Port of Piraeus) نىڭ 67% پېيىنى خىتايلار 2016 - يىلى 4 - ئايدا سېتىۋېلىپ، باشقۇرۇپ ئىشلىتىشنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى (Chinadaily, 2021). بۇنىڭلىق بىلەن خىتاي ياۋروپادا، بولۇپمۇ گرېتسىيەنىڭ دىپلوماتىك سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇنى ياۋروپا ئىتتىپاقى 2017 - يىلى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا خىتاينى كىشىلىك ھوقۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىگەندە گرېتسىيەنىڭ رەت ئويى قوللانغانلىقىدىن كۆرەلەيمىز (Reuters, 2017). كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىرادىسىنى ۋە بىرلىكىنى پالەتلاشتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئەڭ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ۋە پۈتۈن دۇنيادا غۇلغۇلا پەيدا قىلغىنى، خىتاينىڭ جىبۇتى (Djibouti) دا 10 مىڭ ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە ھەربىي بازا قۇرۇشى (AlJazeera, 2017). بۇ، خىتاينىڭ «مەبلەغ سېلىش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە قەرز بېرىش»تەك يۇمشاق كۈچى بىلەن قازانغان ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى. (خىتاينىڭ جىبۇتى ھۆكۈمىتىنى قانداق چارىلەر بىلەن قەرزگە بوغۇپ ئۆزلىرىگە بېقىندى ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ئايرىم بىر تەتقىقات تېمىسىدۇر). دۇنيا سودىسىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغان قىزىل دېڭىز، ھىندى ئوكيانىنىڭ ئالاقىسىنى كونترول قىلالايدىغان سۇۋەيش قانىلىنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان بۇ ھەربىي بازا، 3400 ئەسكەر تۇرىدىغان ئامېرىكا بازىسىدىن بىر قانچە كىلومېتىر يىراقلىقتا. خىتاي بۇ بازىدىن پايدىلىنىپ ئافرىقا، ئەرەب دۇنياسىدىكى تىجارىي ۋە باشقا پائالىيەتلىرىنى قوغدىماقچى.

مىللىي ئىقتىسادى ئاجىز دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتلەرگە قارشى خىتاي قولىدىكى ئەڭ كۈچلۈك «قەرز قورالى»نى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ «بېشىنى ئەگدۈردى». ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىلىرى ۋە پورتلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى ۋە بەزى مۇھىم تەسىس - قۇرۇلۇشلارغا شېرىك بولدى. بۇ، خىتاينى تېخىمۇ چوڭ ئىستراتېگىيەلىك ئىمتىيازغا ئېرىشتۈردى. داڭلىق خىتايشۇناس مۇتەخەسسىس جون پومفرېت (John Pomfret)، بېيجىڭنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى قەرز تۇزاقلىرىنى «جاھانگىرلىك ئارزۇسىنىڭ تىجارەت ماركىسى» دەپ تەسۋىرلىگەن (Pomfret, 2018). (خىتاينىڭ سېھىرلىك «قەرز قورالى»نىڭ «قايسى دۆلەتنى، نېمە نىشان ئۈچۈن ۋە قانداق ۋاستىلەر بىلەن قەرزگە بوغىمىز» پىلانى ماشىنىسىدا ياسىلىپ چىققانلىقىنى ئايرىم تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ). دېمەك، بۇلار، خىتاينىڭ تىجارەت ۋە مەبلەغ سېلىشنى سىياسىيلاشتۇرۇش، دۇنياغا «قانۇنلۇق» ھالدا يۇمشاق يېيىلىشى ئۈچۈن ئاساس ۋە باھانە تەييارلايدۇ.

## 2. كەڭ كۆلەملىك كېڭەيىش: ھەربىي كېڭەيمىچىلىك – جىن قاپاقتىن چىقتى

2022 - يىلى 24 - فېۋرال باشلانغان رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى، 2023 - يىلى 7 - ئۆكتەبىر باشلانغان خاماس - ئىسرائىلىيە ئۇرۇشى ۋە 2024 - يىلى 4 - ئايدا باشلانغان ئىران - ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشكىچە، دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا داۋام قىلىۋاتقان چوڭ ۋە كىچىك تىپتىكى ئۇرۇشلار بىزگە ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پۇرىقىنى بېرىۋاتىدۇ. ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى ۋاكالەتچى ئۇرۇش ياكى ئاسىممېترىك (سىممېترىك بولمىغان) ئۇرۇش (يەنى ئاجىز ھەربىي قىسىملارنىڭ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن كۈچلۈك ھەربىي قىسىملارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئادەتتىن تاشقىرى ئۇرۇش ئۇسۇلىنى ۋە ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇرۇش ئۇسۇلى). ئامېرىكا بىلەن ھەر ساھەدە رىقابەت ئىچىگە كىرگەن خىتاي ھۆكۈمىتى دۇنياغا ئېچىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەسكىرىي ساھەدە كۈچلىنىشنى ھاياتىي پىلان قىلدى ۋە ھەربىي خامچوتنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ ماڭماقتا.

2024 - يىلى 9 - مارتتا ئېچىلغان خىتاي 14 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا قاراپ چىقىشقا سۇنۇلغان خامچوت لايىھەسىگە ئاساسەن، 2024 - يىلدىكى دۆلەت مۇداپىئە چىقىمى 1 مىليارد 6554 تىرىليون يۈەن (تەخمىنەن 231 مىليارد 360 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) بولۇپ، 2023 - يىلدىكى ھەربىي چىقىمغا سېلىشتۇرغاندا 7.2% ئاشۇرۇش پىلانلانغان (人民日报, 2024).

خىتاينىڭ 2013 - يىلدىن - 2024 - يىلغىچە بولغان رەسمىي دۆلەت مۇداپىئە خامچوتى




مەنبە: خىتاي مالىيە مىنىستىرلىقى (ChinaPower, 2024)

يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان ھەربىي چىقىمنى ھەر يىلى ئوتتۇرىچە 7% - 8% كۆپەيتىۋاتقان خىتاي، ھەربىي خامچوتتا دۇنيادا ئامېرىكىدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىتاي دۆلىتىنىڭ كېڭەيمىچىلىك پىلانىدىكى «مەبلەغ سېلىش»، «قەرز بېرىش» نىقابىدىكى يۇمشاق كېڭەيمىچىلىكتىن ھەربىي كۈچ ئۈستۈنلۈكى ئارقىلىق قاتتىق قوللۇق بىلەن ئاشكارا كېڭەيمىچىلىككە ئۆتۈشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭ ئىپادىلىرى مۇنداق: باشقا دۆلەتلەرگە ھەربىي بازا قۇرۇش ۋە ئەسكەر تۇرغۇزۇش؛ ئىستراتېگىيەلىك پورتلارنى سېتىۋېلىش؛ ھەتتا ياۋروپا ئۆلكىلىرىگىچە قورال - ياراغ، ئەسكىرىي تېخنىكا سېتىش؛ باشقا دۆلەت ئارمىيەسىگە «ئىقتىسادىي ياردەم» بېرىش ئارقىلىق ئۇ دۆلەتتە سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش ۋە باشقىلار. مەسىلەن، 2017 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى زىمبابۋې ئارمىيەسى پايتەخت ھارارېغا

باستۇرۇپ كىرىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلدى ۋە ختايغا قىزىقمىغان روبېرت مۇگابىنىڭ 37 يىل داۋام قىلغان ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. بۇ ئەسكىرىي ھەرىكەتنى بېيجىڭ دائىرىلىرى رىغبەتلەندۈردى ۋە ياردەم بەردى (AA, 2017). ختاينىڭ «باشقا دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق» يۇمشاق دىپلوماتىك سىياسىتىدىن «مەنپەئەتىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ھەر چارىنى سىنايمىز» سىياسىتىگە ئۆتۈشى، رىۋايەتلەردىكى ئاقىۋىتى تېخىمۇ خەتەرلىك بولغان «جىننىڭ بوتۇلكىدىن چىقىشى»غا ئوخشىتىش مۇمكىن. بۇ دېگەنلىك، ھازىرقى ختاي خەلقئارا سودىدا ئورتاق مەنپەئەتلىنىشتىن بەكرەك، بايلىق - ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئېرىشىش ۋە چەت ئەلدىكى مەبلەغ ھەمدە ۋەتەنداشلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەسكىرىي كۈچ قوللىنىشتىن چېكىنمەيدۇ.

ختاي ھۆكۈمىتى 1997 - يىلى ئېلان قىلغان دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ھەربىي زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ «ئۈچ باسقۇچلۇق» ئىستراتېگىيەسىنى تېز سۈرئەتتە ئەمەلگە ئاشۇرماقتا. 6G تېخنىكىسى، مىكرو ئېلېكترون تېخنىكىسى، ئوپتىكىلىق تېخنىكا، ئېنىق يېتەكلەش تېخنىكىسى، يېڭى ماتېرىيال تېخنىكىسى ۋە ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسى قاتارلىق ئۆتكۈر ۋە نازۇك تېخنىكىلارنىڭ ھەربىي ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلىشى ختاينىڭ نېمىگە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ھازىر بىزگىلا ئەمەس، بەلكى يېقىن كەلگۈسىدە پۈتۈن دۆلەتلەر ئۈچۈن ئېغىر خەتەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئېنىق بولۇپ، ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.




ختاينىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىكىنى يەنە سىرىلانكىنىڭ ھامبانتوتا پورتىدا، پاكىستاننىڭ گۋادار پورتىدا، كامبودژانىڭ تايلاند قولتۇقىدىكى رېئام (Ream) دېڭىز ئارمىيە بازىسىدا (Theguardian, 2022) ۋە جىبۇتىدا ئەسكىرىي بازا قۇرۇشىدىن ئېنىق كۆرەلەيمىز. بولۇپمۇ «ۋال كوچىسى گېزىتى» (WSJ) نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ختاي ئېكۋاتور گۋىنېيەسىنىڭ دېڭىز بويىدىكى باتا (Bata) شەھىرىدە ھەربىي بازا قۇرماقچى بولغان. ختاي بۇ بازا ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن ئۇرۇش پاراخوتى ۋە سۇ ئاستى پاراخوتىنى

ئورۇنلاشتۇرالايدۇ ۋە رېمونت قىلالايدۇ. بۇ، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى، بەش بۇرجەكلىك بىنا ۋە ئاقسارايى ئۈچۈن جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش قوڭغۇرىقى ھېسابلىنىدۇ (WSJ, 2021).

كۆنىمىزدە، بېيجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىشى، يولىيورۇقى، دىپلوماتىك يول ئېچىپ بېرىشى ۋە ئىقتىسادىي قوللىشى بىلەن خىتاي كارخانىلىرىنىڭ (كۆپىنچىسى دۆلەت ئىگىلىكىدە ياكى ئەسكىرىي مەنبەلىك كارخانىلار) مەلۇم دەرىجىدە ياكى پۈتۈنلەي ئىگىلىك - ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغان پورتلار دۇنيادا 90 دىن ئاشىدۇ. 2021 - يىلى يەر شارى كونتېينېر سودىسىنىڭ 27% ىدىن كۆپرەكى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ پېيى بار تېرمىنالدىن ئۆتكەن. خىتايغا نىسبەتەن بۇ پورتلارنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكىدىن بەكرەك مۇھىمدۇر. چۈنكى، خىتاي ئۆزىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ھەربىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن، نۆۋەتتە كەلسە ئالدىنقى سەپتىكى بۇ پورتلارنى ھەربىي ئىشلارغىمۇ ئىشلىتەلەيدۇ. خىتاينىڭ بەس - بەستە مۇھىم پورتلارغا ۋە ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىلارغا ئىگە بولۇشقا ئالدىرىشىدىن، ئۇنىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتىنى ئېنىق بىلەلەيمىز. چۈنكى، بۇ، خىتاينىڭ خەلقئارانىڭ تىجارەت، سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچ خەرىتىسىنى قايتىدىن سىزىپ، دۇنياغا جاھانگىر بولۇش ئارزۇسىنىڭ كۈچ قالقىنى بولىدۇ.

## 3. رەقەملىك كېڭىيش: خىتاينىڭ كۆرۈنمەيدىغان ئىستېلاسى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش

گېرمانىيە تەرىپىدىن 2011 - يىلى يولغا قويۇلغان سانائەت 4.0 (تۆتىنچى سانائەت ئىنقىلابى، Industry 4.0)، ياساش - ئىشلەپچىقىرىش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كەسىپ - قىممەت يارىتىش جەريانىنىڭ رەقەملىششى بولۇپ، بۇ، سانائەت - تېخنىكا بىر گەۋدىلىشىش مەزگىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 2017 - يىلدىن باشلاپ، «دەرىجىدىن تاشقىرى ئەقلىي جەمئىيەت» دەپ ئاتالغان سانائەت 5.0 (بەشىنچى سانائەت ئىنقىلابى، Industry 5.0) يەنى ئادەمسىز تېخنىكا دەۋرى باشلاندى. بۇ بىزنىڭ يېڭى دۇنيايىمىزنىڭ يېڭى بىر رىقابەت ھاۋاسى ئىچىگە كىرگەنلىكىدىن، يەنى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدا تېخنىكا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى (The Tech Cold War) نىڭ كەسكىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىدىن، دۇنيايىمىزغا بېرىدىغان ئەمىنلىكى ۋە ئۇنىڭ كېلەچىكىنى مۆلچەرلەشنىڭ ناھايىتى قىيىنلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.




رەقەملىك تېخنىكا تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. سۈنئىي ئەقىل (AI)
2. ئەشيالار ئىنتېرنېتى (IoT)
3. چوڭ ساندان (Big data)
4. بۇلۇت ھېسابلاش (Cloud computing)
5. مەۋھۇم رېئاللىق ۋە كۈچەيتىلگەن رېئاللىق (VR and AR)
6. بۆلەكچە زەنجىرى (Blockchain)
7. رەقەملىك ياساش (Digital manufacturing)

خىتاينىڭ رەقەملىك تېخنىكا ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن ئۇچقاندەك تەرەققىياتلىرى ۋە ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن دۇنيادىكى نۇرغۇن ساھە ۋە قۇرۇلۇشلارنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىگە ئېلىشى تالاش - تارتىش قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، خىتاي بىلەن دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن رىقابەت رەقەملىك تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە ئېكسپورتىدىن ھالقىپ كەتتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھازىر ھەمكارلىقتىن كۆرە، دۈشمەنلىك، قوغدىنىش ۋە قارشى تەرەپتىن مۇداپىئەلىنىش بەكرەك ئەۋج ئېلىشقا يۈزلەندى. ھەر ئىككى دۆلەت رەقەملىك تېخنىكىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇش ۋە ئۆلچەم - قائىدىلەرنى بەلگىلەشتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش ئۈچۈن مىسلىسىز خىرىس ئىچىدە جىددىي تىركىشىۋاتماقتا. چۈنكى، بۇ ئۈستۈنلۈك ئۇلارنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى نوپۇزىغا، باشلامچىلىق رولىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇزۇن مۇددەتتىن قارىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش، ئالاقە، ئاخبارات ۋە مۇداپىئە ساھەسىنى قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەردە رەقەملىك تېخنىكا قورالىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر دۆلەتنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق خەلقئارا سىستېمىسىنى كونترول قىلىش – ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى ئەندىزىسىنى يېڭىدىن بەرپا قىلىشىدىكى رولىدا مۇھىم ئەۋزەللىكلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

گەرچە 2019 - يىلى باشلانغان تارقىلىشچان زۇكام سەۋەبىدىن دۇنيا مىقياسىدا خەلقئارالىق تىجارەت ۋە پۇل مۇئامىلە قىلىش ئازايغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىشنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار (AI)، ساندان (سانلىق مەلۇمات ئامبىرى) ۋە ئوپتىك تالالىق ئالاقە تېخنىكىسى، بۇلۇت تېخنىكا، 6G تېخنىكىسى، ساندان ئانالىزى (Data Analysis) قاتارلىق ساھەلەردە تېز ئىلگىرىلەش ئارقىلىق يېڭى يەر شارىۋى «رەقەملىك يىپەك يولى» بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۇل ئەسلىھە تەييارلىدى. مەسىلەن، 1985 - يىلى قۇرۇلغان يەر شارى تېلېگراف ماگناتى جوڭشىڭ (中兴通讯 - ZTE) بۈگۈنكى كۈندە 170 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايوننى قاپلاپ، دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا، يەنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 2 ملياردتىن ئارتۇق ئابونتقا مۇلازىمەت قىلىۋاتىدۇ. ئەنگلىيەدىكى «ئىقتىساد مۆلچىرى ۋە سودا مەسلىھەت بېرىش ئورگىنى ئومدىيا (Omdia)»نىڭ ئۇچۇرىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە خۇاۋېينىڭ 5G تورى ئىستانسىلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنيادا ئىگىلىگەن نىسبىتى 33% بولۇپ، بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتكەن. بۇلار «بىر بەلباغ، بىر يول» بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ رەقەملىشىشنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىماقتا. شۇنىڭ بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە تەسىرى تېخىمۇ كۈچىيىۋاتقان «خىتاي ئارزۇسى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «دېڭىز يىپەك يولى، قۇرۇقلۇق يىپەك يولى ۋە رەقەملىك يىپەك يولى»نىڭ پۇختا ئاساسىنى تىكلىدى.

كۈنىمىزدە 20 دۆلەت گۇرۇھى (G20) رەقەملىك تېخنىكا مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ كەڭ دائىرىلىك، كۆپ تەرەپلىملىك مېخانىزمغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىق، ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك رىقابەتتىن ساقلىنىش ۋە باشقا خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىشتا تەسىرى كۈچلۈك. شۇنداقلا ئۇ ھازىرقى يەر شارى رەقەملىك باشقۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم سۇپىسىغا ئايلاندى. بولۇپمۇ، 2016 - يىلى خاڭجۇ باشلىقلار يىغىنىدا «20 دۆلەت گۇرۇھى رەقەملىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ھەمكارلىق تەشەببۇسى» ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، رەقەملىك تېخنىكا، رەقەملىك ياساش ۋە رەقەملىك سودا ساھەسىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمما، قانداقلا بولمىسۇن، دۆلەتلەر مىللىي ۋە رايون بىخەتەرلىكى ۋە مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، رىقابەت خاراكتېرلىك پىلانلارنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. مەسىلەن، مەيلى 2021 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئەنگلىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن يەتتە دۆلەت گۇرۇھى (G7) نىڭ 47 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىدا ئامېرىكىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن كىرىملىك دۆلەتلەرنىڭ ئۇل ئەسلىھە تەرەققىياتى ئۈچۈن مەبلەغ سالىدىغان «تېخىمۇ ياخشى دۇنيانى قايتا قۇرۇش» (Build Back Better World / B3W) (Reuters, 2021) پىلانى بولسۇن، مەيلى 2023 - يىلى 10 - سېنتەبىر يېڭى دېھلىدە ئۆتكۈزۈلگەن 20 دۆلەت گۇرۇھى (G20) باشلىقلار يىغىنىدا ئىمزالانغان ئاسىيا، پارس قولتۇقى ۋە ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلىنىش ۋە ئىقتىسادىي بىر گەۋدىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق كۆپ قاتلاملىق تەرەققىياتنى مەقسەت قىلغان «ھىندىستان - ئوتتۇرا شەرق - ياۋروپا ئىقتىسادىي كارىدورى» تۈرى (India-Middle East-Europe Economic Corridor, IMEC) (Siddiqui, 2023) بولسۇن، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تۈپ مەقسىتى — خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانىنى سۇغا چىلاشتۇرۇش ۋە ياۋرو - ئاسىيادا جۇغراپىيەلىك

سىياسىي ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. بۇنىڭدىن باشقا، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ «يەر شارى دەرۋازىسى (Global Gateway)» تەشەببۇسى – دۇنيانىڭ ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىشتىكى دۇنياۋى ئىستراتېگىيەسىدۇر. ياۋروپا ئىتتىپاقى بۇ تۈرگە 2021 - يىلدىن 2027 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 300 مىليارد ياۋرو مەبلەغ سالىدۇ (The world economy, 2024). ئافرىقىنى ئاساس قىلىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىغا كېڭىيىدىغان بۇ تەشەببۇس يېشىللىشىش، رەقەملىشىش، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ئېشىشى، ساقلىقنى ساقلاش ۋە مائارىپنى ياخشىلاش تۈرلىرىگە ئاجرىتىلغان بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ رايونلاردىكى سالمىقىنى، كېڭەيمىچىلىكىنى چەكلەش رولىغا ئىگە.

ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر پروگراممىدا، ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتى ئېلان قىلغان «2030 رەقەملىك كومپاسى: ياۋروپانىڭ ئون يىللىق رەقەملىشىش يولى» (Digital Compass: the European way for the Digital Decade 2030) (EC, 2021) تەرەققىيات پروگراممىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ چەت ئەل تېخنىكىسىغا تايىنىشىنى ئازايتىش ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ «رەقەملىك ئىگىلىك ھوقۇقى»نى، ياۋروپا قىممەت قارىشىنى قوغداش ئۈچۈن 12 تۈر رەقەملىك نىشان ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ پروگراممىدا خىتاينىڭ ياۋروپانى رەقەم يولى بىلەن ئىستېلا قىلىشىغا قارشى قالقان رولىنى ئوينايدۇ.

ھەر قايسى دۆلەتلەر، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرى خىتاينىڭ رەقەملىك كېڭىيىشىنىڭ خەتىرىنى بىلىپ يەتكەن ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولسىمۇ، خىتاينىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ چوڭ خەتەر ۋە تەھدىت پەيدا قىلماقتا. بۇ ھەقتە ئەڭ بۇرۇن ئويغانغان ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى «بەش كۆز ئىتتىپاقى» (Five Eyes) خىتاينىڭ ئىلغار تېخنىكا، سەزگۈر ئۇچۇرلار، سودا مەخپىيەتلىكى ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش قاتارلىق جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلدى. خۇاۋېي شىركىتىنىڭ غەرب دۆلەتلىرىدە شىركەتچە جاسۇسلۇقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، رىقابەتچىلىرىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلىغانلىقى ئاشكارىلاندى. ئەنگلىيە ھەربىي ئىستىخبارات 5 - باشقارمىسى مەسئۇلىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۈنۈملۈك ئۇسۇللار بىلەن ئامېرىكا، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ھىندىستان ۋە كورېيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتى، ھەتتا ئىستراتېگىيەلىك سايلام نەتىجىسىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. باشقا دۆلەت ئەمەلدارلىرى، مۇھىم شەخسلەرنىڭ پىكىر - چۈشەنچىسى، ھەر خىل مەخپىي پىلان - ھەرىكەتلىرىنى بىلىشكە ئۇرۇنىدىكەن. بۇ ھەقتە نۇرغۇن رېئال مىساللارنى كۆرسىتىش مۇمكىن ۋە كەلگۈسىدە تېخىمۇ ئەجەللىك ۋەقەلەرنى كۆپ ئاڭلايمىز. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى دۇنيادىكى 99.7% ئۆي ۋە خىزمەت ئورنىغا خىتاي ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلىرى كىرىپ بولدى.

ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر خۇاۋېي ۋە جوڭشىڭ (ZTE) نىڭ 5G ۋە بەزى مەھسۇلات - مۇلازىمىتىنى چەكلىدى. چۈنكى، بۇ شىركەتلەر خىتاي ھەربىي ئورۇنلىرىنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىدۇ ۋە شۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، دەپ قارىماقتا. بۇ شىركەتلەرنىڭ يوشۇرۇن بىخەتەرلىك تەھدىتى تۇغدۇرۇشى، ھەر خىل جاسۇس - خاككېرلارنىڭ مەخپىي ساندانلارغا ئېرىشىشى ئۈچۈن يوشۇرۇن «ئارقا ئىشىك» (back doors) ئورنىتىشىدىن (Gertz, 2019) ۋە مەلۇماتلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىدىن ئەنسىرىگەن.

خۇاۋېي، خەيكاڭ (Hikvision) ۋە بەزى يۇقىرى تېخنىكىلىق خىتاي شىركەتلىرىنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلغانلىقى (Alton, 2020)، تەمىنلەش زەنجىرىدە مەجبۇرىي ئۇيغۇر (قۇل) ئەمگەك كۈچى ئىشلەتكەنلىكى (Wheeler, 2019) غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرىنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى تارتماقتا. بېيجىڭ دائىرىلىرى چىرايدىن كىملىك تونۇش، روھىي ھالەتنى كونترول قىلىش (mood monitoring) قاتارلىق بىر يۈرۈش يۇقىرى، نازۇك تېخنىكا يۇمشاق دېتاللىرىنى ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا شەرقىي تۈركىستان خەلقلەرگە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدە ئاكتىپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

كەڭ كۆلەملىك رەقەملىك كۆزىتىش، ئۇيغۇر چىراي تونۇش سىستېمىسى (Uyghur facial recognition system) ۋە سۈنئىي ئەقىل ئارقىلىق ئانالىز قىلىش سىستېمىسى (digital monitoring system) سايىسىدە، شەرقىي تۈركىستان بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ چوڭ ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە (open-air prison) (Aljazeera, 2021) ئايلاندى. بۇنىڭدىن باشقا، 2017 - يىلدىن بېرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايلاشتۇرۇش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە ئېرىتىپ تۈگىتىش سىياسىتىدىمۇ بىر يۈرۈش رەقەملىك يۇقىرى تېخنىكا يۇمشاق دېتاللىرىنى ئومۇملاشتۇرماقتا ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

دېمەك، يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان رەقەملىك تېخنىكا تەرەققىياتى، رەقەملىك مەھسۇلات - مۇلازىمىتى بىلەن خىتايدا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ رەقەملىك دىكتاتۇرلىقنى قۇرغان خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دۇنيانىڭ ھەر جۇغراپىيەسىگە جىمجىت سىڭىپ كىرىشى، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن كۆرۈنمەس ئىستېپلاسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ھەر خىل جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانلىقى بىر رېئاللىق. بۈگۈنكى ۋەتىنىمىزدىكى رەقەملەشكەن «ئۆمۈچۈك تورى»نىڭ 5 - 10 يىلغا قالماي پۈتۈن دۇنياغا يېيىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خىتاينىڭ رەقەملىك كېڭىيىش قارا نىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ قالىدىغان ۋە ئۇنى جازالايدىغان خەلقئارالىق مېخانىزم بەرپا قىلىش – دەۋرىمىزنىڭ تەخىرسىز تەلىپىدۇر.

### 4. نوپۇس كېڭەيمىچىلىكى: كەلسە - قايتماس يول

نوپۇسىنىڭ چېگرا ھالقىپ باشقا بىر يەرگە كۆچۈشى بىر دۆلەت ئۈچۈن كۆرۈنۈشتە يۇمشاق، نۆۋىتى كەلسە قاتتىق كۈچ ئېلېمېنتى بولۇپ، ئۇ يەنە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرىكەتچان ئامىلدۇر. خىتاينىڭ تۈركۈملەپ چەت ئەلگە كۆچۈش تارىخى 1840 - يىللاردىن باشلانغان بولۇپ، يېقىنقى 20 يىللىق جەرياندا تەدرىجىي ئۆرلەپ، 2019 - يىلىلا بىر يىل ئىچىدە 10 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن (知乎, 2020).




يېقىنقى 20 يىل جەرياندا خىتايدىن چېگرا ھالقىپ كۆچكەنلەرنىڭ يىللىق سانى (بىرلىك ئۆلچىمى: تۈمەن)

2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئاساسلىق مەنزىلى شىمالىي ئامېرىكا ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى تەرەققىي تاپقان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر بولغان. خىتايلار ئامېرىكىغا ئەڭ جىق كۆچكەن بولۇپ، سانى 2 مىليون 900 مىڭ (27%) بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا خوڭكوڭدا 2 مىليون 270 مىڭ (21%)، ياپونىيەدە 784 مىڭ، كانادادا 691 مىڭ، ئاۋسترالىيەدە 641 مىڭ، ئىتالىيەدە 238 مىڭ، ئەنگلىيەدە 225 مىڭ ئىكەن (CCG, 2022). ھازىرغىچە باشقا دۆلەت پۇقراسى بولغان خىتاي مۇھاجىرلىرى 50 مىليوندىن ئاشىدۇ. بۇلار ئاساسەن تايلاند 9.4 مىليون، مالايشىيا 7.4 مىليون، ئامېرىكا 4.1 مىليون، كانادا 1.5 مىليون سانى بىلەن تارقالغان. چەت ئەلدىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ بۇنداق ئېشىپ بېرىشى ئۇلار يەرلەشكەن رايون ياكى دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە باشقا ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە. دېموكراتىك دۆلەتلەردە پارتىيە رەئىسى، پارلامېنت ئەزاسى قاتارلىق مۇھىم ئەمەللەرگە يۈكسەلگەن مۇھاجىر خىتايلار ئىچىدە، ئەركىن ئىرادىسىنى خىتاي كومپارتىيەسىگە تەسلىم قىلغان، ئۇنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىش قىلغان، ھەتتا جاسۇسلۇق قىلغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

خىتاي مۇھاجىرلىرى ياكى يېڭى كۆچمەنلىرىنىڭ جىنس نىسبىتى پەرقى خېلى چوڭ بولۇپ، ئەرلەر 58% نى ئىگىلەيدۇ. تۈركىيەدە مېنىڭ كۆزىتىشىم، مۇناسىۋەتلىك كىشى ۋە ئورۇنلار (بولۇپمۇ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى)دىن سۈرۈشتۈرۈشۈم نەتىجىسىدە بۇ غەيرىي رەسمىي مەلۇمات ئوتتۇرىغا چىقتى: تۈركىيەگە ئىش، تىجارەت، ئوقۇش ۋە باشقا مەقسەت بىلەن كەلگەن، ئولتۇراقلىشىش كىنىشكىسى ياكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ۋەتەنداشلىقىنى ئالغان خىتايلارنىڭ 90% نىڭ يېشى 20 - 35 ئارىسىدا بولۇپ، بۇلار ئىچىدە ئەرلەرنىڭ نىسبىتى 85% ئىكەن.

نيۇ - يورك شەھەر رايونى ئاسىيانىڭ سىرتىدىكى ئەڭ كۆپ خىتاي نوپۇسى بار شەھەر ھېسابلىنىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، 2017 - يىل تىزىمغا ئېلىنغان خىتايلارنىڭ سانى 893 مىڭ 697 بولغان، 18ياشتىن - 38 ياشقىچە بولغانلارنىڭ سانى 226 مىڭ 615 (AFF, 2020).

پاكىستاندىن سېتىۋالغان گىۋادار پورتى (Gwadar Port) ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي «خىتاي شەھىرى» بولۇپ بولغانلىقى مەلۇمدۇر. ئۇ يەردە مىڭلىغان خىتاي ئەسكەرلىرى

«ئامانلىق ساقلاش» خادىمى سۈپىتىدە پاكىستان قانۇن - تۈزۈملىرىدىن ھالقىغان ئۆزگىچە «دۆلەت قانۇنى»نى ئىجرا قىلماقتا. خىتايدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى بىر مەبلەغ سېلىش شىركىتى 500 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ، 2023 - يىلغىچە گۋادار شەھىرىگە ئورۇنلىششى مۆلچەرلەنگەن 500,000 خىتاي كەسپىي خادىملىرىغا كېرەكلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنى قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان (Shah, 2017).

ژۇرنالىست يازغۇچى مەھمەت ئالى ئۆنەل (Mehmet Ali Önel): «خىتايلار تۈركىيەنى ئىستىلا قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى!» ناملىق ماقالىسىدە، خىتايلارنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش ئارقىلىق تۈركىيە پۇقرالىقىغا ئۆتكەن خىتايلارنىڭ سانىنى 10 مىليونغا يەتكۈزۈش ۋە ئىستانبۇلنىڭ ھەر بىر كوچىسىغا بىر خىتاي ماگىزىنى ئېچىش ئۈچۈن پىلانلىق ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان (Yeniakit, 2019). بۇ خىل نوپۇس «ئىستېلاسى»نى باشقا دۆلەت ۋە رايونلاردىمۇ ئوچۇق كۆرەلەيمىز.

قازاقىستاندا پائالىيەت قىلىۋاتقان «7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ ۋەكىلى ئەلشىر خېلىلوفنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، قازاقىستان، قىرغىزىستاندىكى خىتاي شىركەتلىرى كۆپ بولغان رايونلاردا خىتايلارنىڭ يەرلىك قىز - چوكانلار بىلەن رەسمىي ياكى ۋەتەنداشلىق ئېلىش ئۈچۈن يالغان توي قىلىش ئەھۋالى خېلى ئېغىر بولماقتا. ئاخبارات ۋاستىلىرىدە بۇ خىل خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىش ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن چەكلەنگەن. «دۇنيا ئۆلچىمى ساندان مەنبەلىرى» دە كۆرسىتىلىشىچە، 2024 - يىلى 5 - ئايدا قازاقىستاننىڭ جەمئىي نوپۇسى 19 مىليون 795 مىڭ بولۇپ، ئاياللار نوپۇسى 51.8% نى، ئەرلەر بولسا 48.2% نى ئىگىلەيدىكەن (Worldometers, 2024). قازاقىستاندىكى ئاياللار نوپۇسىنىڭ ئوشۇق بولۇشى خىتاي ئەر بويتاقلىرى ئۈچۈن يېڭى مەنبە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن.

ئارتۇق بويتاق ئەرلەر ۋە ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى پىلانلىق ھالدا ئۆز خەلقىنى باشقا دۆلەتلەرگە كۆچۈشكە، يەرلىششكە زورلىماقتا، رىغبەتلەندۈرمەكتە ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كېرەكلىك ئىمكان، دىپلوماتىك يول، ئىقتىسادىي ياردەملەرنى قىلماقتا. چۈنكى، ئامېرىكا بىلەن بولغان كۆپ خىللىق رىقابەتتە، ئېشىنچا نوپۇس ۋە ئۇنى ئىستراتېگىيەلىك ھالدا چېگرا ھالقىتىپ دۇنياغا يېيىش، خىتاينىڭ قولىدىكى ئەڭ ئۈستۈن، ھەم ئەۋزەل ئاسىممېترىك (سىممېترىك بولمىغان) ئۇرۇش قورالى. بېيجىڭ دائىرىلىرى بۇ ئەۋزەللىكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن كۆپلىگەن يۆنىلىشلىك نوپۇس كۆچۈرۈش پىلان - تۈرلىرىنى ئىجرا قىلدى ۋە ئىجرا قىلماقتا. مەسىلەن، خىتاينىڭ «قەرز قورالى» تەھدىتى ئاستىدا قالغان دۆلەتلەر باشقا ھېچبىر دۆلەتنىڭ ۋەتەندىشىغا قىلمىغان ئىلتىپات - ئاسانلىقنى خىتاي ۋەتەنداشلىرىغا قىلماقتا. 1958 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ماۋ زېدۇڭ: «نوپۇسنىڭ كۆپلۈكى – كۈچ دېمەكتۇر (人多力量大)» دېگەن مەشھۇر قاراشنى تەكىتلىگەندىن بۇيان، خىتاي نوپۇسى ئۇچقاندەك ئېشىپ بارغان. خىتاي 1982 - يىلى «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى»نى يولغا قويغان بولسىمۇ، ماۋ زېدۇڭنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسى بويىچە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 2021 - يىلى 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى يىغىن چاقىرىپ، پىلانلىق تۇغۇت چەكلىمىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۈچ بالىلىق سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ماقۇللىغان (新华网, 2021). بۇ ئەسلىدىنلا نوپۇسى كۆپ، جىنس نىسبىتى تەڭپۇڭسىز خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە ۋەھىمە سېلىپ، نوپۇس بىلەن

دۇنيانى ئىستېلا قىلىشى قارا نىيىتىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسىدۇر.

**خۇلاسە**

ۋەتىنىمىزنىڭ خىتايغا قوشنا بولۇپ قېلىشى جۇغراپىيەلىك قىسمىتىمىز بولۇپ، مۇشۇنداق ئادالەتسىز بىر مۇھىتتا تۇغۇلۇپ ياشىشىمىز بىزنىڭ تەقدىرىمىزدۇر. كېلەچەكتە يەر شارىغا زومىگەر بولۇشقا نىيەتلەنگەن خىتاينىڭ زۇلمىنى ئەڭ چىق تارتقان، ئۇنى بىلىدىغان ۋە چۈشىنەلەيدىغان، ئەڭ سىرلىق غەربزىنىمۇ بىلەلەيدىغان بىزدىن باشقا بىر خەلق يوقتۇر. خىتايغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى كۆپ خىل بولۇپ، 2024 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 20 يىللىقنى خاتىرىلەش پائالىيىتى»دىكى: «ياۋروپانىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقتىسادىي كەلگۈسىگە كاپالەتلىك قىلىش – ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ يولى» ماۋزۇلۇق مۇھاكىمە يىغىنىدا ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى يان سىمىس دونكىن (Ian Duncan Smith) مۇنداق دېدى: «سوغۇق ئۇرۇشتىن كېيىن دۇنيا، خىتايدىن كېلىۋاتقان ۋە تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر بىر تەھدىت بىلەن يۈزلەشمەكتە. خىتاي ھاكىمىيىتىگە تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئەمەس، ئەڭ كىچىك بىر تەدبىر ئارقىلىق، يەنى خىتاي بىلەن ئادەتتىكىدەك تىجارەت قىلىشنى ئاياغلاشتۇرۇش ئارقىلىقمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك سىياسىتى، خىتاينىڭ دۇنياغا كەلتۈرۈۋاتقان تەھدىتى ھەققىدىكى تونۇشىنى ئۆستۈرۈش لازىم» (RFA, 2024).

بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستاندىكى «قىيامەت»نىڭ ئۇزاققا بارمايلا دۇنيانىڭ بېشىغا كەلمەسلىكى، خىتاينىڭ كۆپ يۆنىلىشلىك كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتىنى تونۇش ۋە ئاگاھ بولۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزنى زۆرۈر دەپ قارايمەن. بۇنىڭدا:

1. خىتاينىڭ مىللىي مەنپەئەتى، سىياسىي مەقسىتى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىن باشلىغان ئىرقىي يوقىتىش سىياسىتىنىڭ ۋە «بىر بەلباغ، بىر يول» نىقابى ئاستىدىكى كېڭەيمىچىلىك پىلانى ۋە سېھىرلىك «قەرز قورالى»دىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى يېيىلىش - ئىشغال قىلىش نىيىتىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاش لازىم.

2. خىتاينىڭ ئېنېرگىيە ئاچ كۆزلۈكى، ھەر يەردە تالان - تاراج قىلىش قارا نىيىتىنىڭ يوشۇرۇن ئىكەنلىكىنى، «سەن ئۆل، مەن تىرىلەي» سۇيىقەستىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش لازىم.

3. خىتايدىن ھالقىپ چىقىپ پۈتۈن دۇنياغا يامرايدىغان، ئەتىلا دۇنياغا تەھدىت بولىدىغان «ئوشۇق ئەر» كىرىزىسىنى ۋە خىتاينىڭ يېڭى باشلىغان «ئۈچ بالىلىق بولۇش» سىياسىتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش لازىم.

4. ئىقتىسادىي، ھەربىي، تېخنىكا ۋە باشقا ساھەلەردە خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ ئەمەلىيەتتە كېلەچەكتىكى دۈشمىنىنى كۈچلەندۈرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم.

5. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ مەنىۋى قىممەت قاراشلىرى خىتاي خەلقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھەق - ھوقۇق ۋە قىممەت قاراشلىرى ئۈچۈنمۇ جىددىي بىر تەھدىتتۇر. بىز بۇنى تېخىمۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بۇ بالايىئاپەتكە قارشى ئورتاق تەدبىر ئېلىشقا چاقىرىشىمىز لازىم.

خىتاي ھاكىمىيىتى دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى ۋە سىستېمىسىنى ئۆز ئىرادىسىگە ماسلاشقان شەكىلدە يېڭىدىن تۈزۈپ چىقىش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش نىيىتىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن 5 خىل كېڭەيمىچىلىك يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ، ھەمدە سىياسىي سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ تەجرىبىسىنى يەر شارىلاشتۇرۇش باسقۇچىغا ئۆتكەن بېيجىڭنىڭ يامان غەرىزىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] AA. (2017, 12 05). Zimbabve'deki darbe Çin işi olabilir mi? Anadolu Ajansı: https://www.aa.com.tr/tr/analiz-haber/zimbabve-deki-darbe-cin-isi-olabilir-mi/989844 adresinden alındı

[2] AFF. (2020, 03 31). SELECTED POPULATION PROFILE IN THE UNITED STATES. Retrieved from American FactFinder: https://archive.md/Z66Xd#selection-263.0-263.48

[3] AlJazeera. (2017, 07 12). China to open first overseas military base in Djibouti. Retrieved from Al Jazeera: https://www.aljazeera.com/news/2017/7/12/china-to-open-first-overseas-military-base-in-djibouti

[4] Aljazeera. (2021, 05 13). China's Xinjiang province an 'open-air prison', US off icial says. Retrieved from Aljazeera: https://www.aljazeera.com/news/2021/5/13/chinas-xinjiang-province-an-open-air-prison-us-off icial-says

[5] Alton, D. (2020, 02 07). Huawei's Human Rights Record Has Been Shamefully Ignored. Retrieved from the diplomat: https://thediplomat.com/2020/02/huaweis-human-rights-record-has-been-shamefully-ignored/

[6] CBN. (2020, 05 20). China's Total Domestic Debt Hit 317% of GDP by April for Record Quarterly Increase. Retrieved from China Banking News: China's Total Domestic Debt Hit 317% of GDP by April for Record Quarterly Increase: IFF - China Banking News

[7] CCG. (2022年05月20日). 中国国际移民报告2020. 检索来源: 全球化智库: http://www.ccg.org.cn/archives/61145

[8] Chinadaily. (2021, 10 26). COSCO raises stake in Greek port. Retrieved from Chinadaily.com.cn: http://global.chinadaily.com.cn/a/202110/26/WS61775552a310cdd39bc7140a.html

[9] ChinaPower . (2024-يىلى-03ئاينىڭ-05كۈنى). What Does China Really Spend on its Military? China Power : https://chinapower.csis.org/military-spending/ دىن ئېلىندى

[10] Dawn. (2013, 02 18). China given contract to operate Gwadar port. Retrieved from DAWN.COM: https://www.dawn.com/news/786992/china-given-contract-to-operate-gwadar-port

[11] EC. (2021). 2030 Digital Compass: the European way for the Digital Decade. 09: 03. https://eur-lex.europa.eu/legal-content/en/TXT/?uri=CELEX%3A52021DC0118 دىن ئېلىندى

[12] EC. (2021). 2030 Digital Compass: the European way for the Digital Decade. Brussels: European Commission. Retrieved from https://eur-lex.europa.eu/legal-content/en/TXT/?uri=CELEX%3A52021DC0118

[13] Gertz, B. (2019, 06 26). China's back doors in Huawei devices. Retrieved from Washington times: https://www.washingtontimes.com/news/2019/jun/26/chinas-back-doors-in-huawei-devices/#:~:text=NEWS%20AND%20ANALYSIS%3A,conduct%20cyberoperations%20through%20the%20equipment.

[14] Kazakhstan History. (2022, 05 25). Kazakhstan-Chinese relations at the present stage. Retrieved from HISTORY OF KAZAKHSTAN: http://edu.e-history.kz/en/contents/view/2162

[15] Moramudali, U. (2020, 01 01). The Hambantota Port Deal_ Myths and Realities . Retrieved from The Diplomat: https://thediplomat.com/2020/01/the-hambantota-port-deal-myths-and-realities/

[16] Newindianexpress. (2023-يىلى-09-ئاينىڭ10-كۈنى). New economic corridor to connect Asia, Europe & US. https://www.newindianexpress.com/thesundaystandard/2023/Sep/10/new-economic-corridor-to-connect-asia-europe-us-2613322.html دىن ئېلىندى

[17] Omonkulov, O. (2020, 04 21). Kuşak ve Yol Projesi Bağlamında Çin-Orta Asya İlişkileri. ResearchGate, 57. Retrieved from https://www.researchgate.net/publication/341592574_Kusak_ve_Yol_Projesi_Baglaminda_Cin-Orta_Asya_Iliskileri [1]

[18] Ortadoğu. (2021, 03 22). Çin borçlandırdığı Türk devletlerinin topraklarına el koyuyor. Ortadoğu Haber: Çin borçlandırdığı Türk devletlerinin topraklarına el koyuyor adresinden alındı [2]

[19] Pomfret, J. (2018, 08 27). China's debt traps around the world are a trademark of its imperialist ambitions. Retrieved from The Washington Post: https://www.washingtonpost.com/news/global-opinions/wp/2018/08/27/chinas-debt-traps-around-the-world-are-a-trademark-of-its-imperialist-ambitions/

[20] Reuters. (2017, 06 18). Greece blocks EU statement on China human rights at U.N. Retrieved from Reuters: https://www.reuters.com/article/us-eu-un-rights-idUSKBN1990FP

[21] Reuters. (2021, 06 13). G7 rivals China with grand infrastructure plan. Retrieved from https://www.reuters.com/world/g7-counter-chinas-belt-road-with-infrastructure-project-senior-us-off icial-2021-06-12/

[22] RFA. (2024, 05 07). DUQ ning 20 yilliq xatiriside chet el siyasiyonliri xitay hökümitining depsendichiliklirige taqabil turushning texirsizlikini tekitleshti. Retrieved from rfa.org: https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/duq-20-yilliq-05072024165806.html

[23] Shah, M. A. (2017, 10 21). 500,000 Chinese professionals expected in Gwadar by 2023. Retrieved from The News International: https://www.thenews.com.pk/print/238644-500000-Chinese-professionals-expected-in-Gwadar-by-2023

[24] Siddiqui, H. (2023, 09 10). World leaders launch India-Middle East-Europe Economic Corridor seen as counter to China's BRI. Retrieved from financialexpress: https://www.financialexpress.com/business/defence-world-leaders-launch-india-middle-east-europe-economic-corridor-seen-as-counter-to-chinas-bri-3238862/

[25] The Diplomat. (2023, 04 27). Laos Is Not in a Chinese 'Debt Trap' – But It Is in Trouble. Retrieved from The Diplomat: https://thediplomat.com/2023/04/laos-is-not-in-a-chinese-debt-trap-but-it-is-in-trouble/

[26] The Print. (2023, 11 13). How much debt is too much debt? Curious case of Pakistan's $69 billion Chinese debt trap. Retrieved from The Print: https://theprint.in/economy/how-much-debt-is-too-much-debt-case-of-pakistan-its-chinese-credit-in-aiddata-report/1842106/

[27] The world economy. (2024). The European Union's Global Gateway: An institutional and economic overview. 11: 01. Retrieved from https://onlinelibrary.wiley.com/doi/10.1111/twec.13551

[28] Theguardian. (2022, 06 07). Chinese military 'to have exclusive use of parts of Cambodian naval base'. Retrieved from The Guardian: https://www.theguardian.com/world/2022/jun/07/chinese-military-to-have-exclusive-use-of-parts-of-cambodian-naval-base-ream-gulf-of-thailand

[29] Wheeler, C. (2019, 12 22). Chinese tech giant Huawei 'helps to persecute Uighurs. Retrieved from thetimes: https://www.thetimes.co.uk/article/chinese-tech-giant-huawei-helps-to-persecute-uighurs-7dfcb56nw

[30] Worldometers. (2024, 05 07). Kazakhstan Population. Retrieved from Worldometers: https://www.worldometers.info/world-population/kazakhstan-population/

[31] WSJ. (2021, 12 05). China Seeks First Military Base on Africa's Atlantic Coast, U.S. Intelligence Finds. Retrieved from The Wall Street Journal: https://www.wsj.com/articles/china-seeks-first-military-base-on-africas-atlantic-coast-u-s-intelligence-finds-11638726327

[32] Yeniakit. (2019, 12 28). https://www.yeniakit.com.tr/haber/soke-eden-iddia-cinliler-turkiyeyi-istila-operasyonu-baslatti-982238.html. Yeniakit: https://www.yeniakit.com.tr/haber/soke-eden-iddia-cinliler-turkiyeyi-istila-operasyonu-baslatti-982238.html adresinden alındı

[33] 人民日报. (2024). 解放军和武警部队代表团新闻发言人答记者问. 10: 03. 检索来源: https://pdf.dfcfw.com/pdf/H3_AP202203251554836522_1.pdf?1648200223000.pdf

[34] 商务部. (2021). 2020年度中国对外直接投资统计公报. 北京: 中华人民共和国商务部. 检索来源: http://www.gov.cn/xinwen/2021-09/29/5639984/files/a3015be4dc1f45458513ab39691d37dd.pdf

[35] 新华网. (2021年05月31日). 权威快报｜三孩生育政策来了. 检索来源: 新华网: http://www.xinhuanet.com/politics/2021-05/31/c_1127513067.htm

[36] 知乎. (2020年09月12日). 截至19年中国移民人数超千万，主要去向美国、中国香港和日本. 检索来源: 知乎: https://zhuanlan.zhihu.com/p/246605360

[37] 穆光宗. (2021年08月18日). "七普"数据与"3000万光棍人口". 检索来源: 新浪财经: https://finance.sina.com.cn/jjxw/2021-08-18/doc-ikqcfncc3528192.shtml

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمىھالى:



دوكتور گۈلمىرە بەرداش

- 1983 - يىلى ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن.
- 1988 - يىلى شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) ئۇنىۋېرسىتېتى تەبىئىي جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن.
- 1996 - يىلغىچە شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن.
- 1999 - يىلى ياپونىيە رىششو ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى ئاسپىرانتلار تەتقىقات ئورنىنىڭ جۇغراپىيە كەسپىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.
- 2003 - يىلى ياپونىيە رىششو ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتىدىن جۇغراپىيە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.
- 2006 - يىلغىچە رىششو ئۇنىۋېرسىتېتىدا لېكتور ۋە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن.
- بىر قانچە قېتىم تەكلىماكان چۆللۈكىدە قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان.
- ياپونىيە جۇغراپىيەچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى ۋە تۈركىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتى ئەزاسى بولغان دوكتور گۈلمىرە بەرداشنىڭ بىر قىسىم تەتقىقات ماقالىلىرى خەلقئارا ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.
- 2017 - يىلدىن بېرى ئىستانبۇل ئايدىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياردەمچى دوتسېنت بولۇپ ئىشلىمەكتە ۋە تەتقىقاتلىرىنى داۋام قىلماقتا.

*بۇ ماقالىنى ئۆمەر ئىمىن تەھرىرلىدى.*

20

# بىيولوگىيە ساھەسىدىكى بىر جۈپ ئالىملار

## – دوكتور مۇھەببەت كامال ۋە پروفېسسور دوكتور ئەھمەت ئۆمەر كوچاك ھەققىدە

سەلىمە ئا. كامال

ئۇلار تەتقىقات نەتىجىلىرى قامۇسىنى ئۇيغۇر خەلقىگە بېغىشلىغان، بىيولوگىيە ئىلىم دۇنياسىدا ئۇيغۇر نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈۋاتقان بىر جۈپلەر ئىدى. ئەپسۇس!

تەبىئىي پەن دۇنياسىدا ئىنسانىيەت ئەقىل ئامبىرىغا مەزمۇن قوشۇۋاتقان ئۇيغۇر ئالىملىرىمىز كۆپ. مانا بۇ بىر جۈپ ئالىملاردىن ئالىمە مۇھەببەت كامال شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

تۈركىيە ۋان يۈزىنچى يىل ئۇنىۋېرسىتېتى (Van Yüzüncü Yıl University) نىڭ ئاكادېمىكلىرى مۇھەببەت كامال بىلەن ئەھمەت ئۆمەر كوچاك ئېنتومولوگىيە (ھاشارات ئىلمى) بىيولوگىيە ئىلمى ساھەسىدە دۇنياغا تونۇلغان تەتقىقاتچىلاردىندۇر.





مانا بۇ بىر جۈپ ئالىملار ئۈرۈمچى - ئىلى ئارىسىدىكى تاغلاردا ھاشاراتلارنى تەكشۈرمەكتە. ئۇلار تەتقىقاتلىرى جەريانىدا بايقىغان يېڭى تۈرلەرگە ئۇيغۇرنىڭ مەشھۇرلىرى، تارىخىي قەھرىمانلىرى، قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر، ئاتالغۇلار، مىللىي ئاڭنىڭ تىكلىنىشىگە ئۇل سالىدىغان مىتولوگىيەلىك ۋە جۇغراپىيەلىك يەر ناملىرىنىمۇ قوللىنىش ئارقىلىق يىلتىزداش ئىككى مىللەتنىڭ نامىنى جانلىقلارنى ئىلمىي ئىسىملەندۈرۈش (nomenclature) ئارقىلىق بىيولوگىيە ئىلىم ساھەسىدە ئەبەدىيلەشتۈرگەن كەسپداشلار ۋە ھاياتىنى بىيولوگىيە تەتقىقاتىغا تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان ئالىملار ئىدى [1].

ئۇلار ئىسىملەندۈرۈش كودى ئاساسىدا 2000 دىن كۆپ كەنجى تۈر ئىسمىنى ئىلمىي ماقالىلىرىدە شەرھلىگەن ۋە دۇنياغا ئېلان قىلغان ئىدى.

ئۇلار مەنىداش ئىسىملار (synonym) نى كۆزدىن كۆچۈرۈش ۋە تۈزىتىش جەريانىدا ئاھاڭداش (homonym) ئىسىملارنى بايقاپ، يېڭىدىن تەكلىپ قىلىنغان ئىلمىي ئىسىملارغا ئۇيغۇر نامىنى بەرگەن. مەن بۇ ماقالىدە ئۇلار ناملىرىنى تىرىلدۈرگەن مەشھۇرلىرىمىزنى، يەر ناملىرىنى، قەدىمىي سۆزلۈكلەرنى ساناپ بولالمايمەن. پەقەت بىرنەچچە مىسال كۆرسىتىمەن (ئەگەر تەپسىلاتىغا قىزىقسىڭىز، ماقالە ئاخىرىدىكى ئۇلىنىش ئادرېسىغا قاراڭ) [2].

2000 Kocak, seven & Kemal: Tomares dobrogensis Uigurica

2001 Kocak & Kemal: Poliasagittgerra Uighuria

2004 Kemal & Kocak: Eupithecia Uighurica

2004 Kemal & Kocak: Phtheochroa Uighurica

2005 Kemal & Kocak: Cigaritis Uighurica

2007 Kocak & Kemal (ئۇرۇقداش ئىسمى) Uihuria

ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىغا، تارىخىي مەشھۇر شەخسلەرگە ئاتالغان ناملاردىن ئۆرنەكلەر:

2000 Kocak & Kemal: Papiliomachaon Rizvangul

2000 Kocak & Kemal: Princeps alcmenor Sadirpalvan

2001 Kocak & Kemal: Hyponephele dysdora Iparkhan

2006 Kocak & Kemal; Yette Qizlirim

2013 Kemal & Kocak: Polyommatus Nazugum

2018 Kemal & Kocak: Arctia caja Roshengul

2008 Kocak & Kemal: Mahmud kashkaria

2017 Kocak & Kemal: Loxostege Ayhan Ana

2019 Kemal, Kocak & Kizildag: Singara Qutadghubilik

مەدەنىيەتلىك خەلقىمىز تارىختىن بۇيان سەنئەت مىراسلىرىمىزنى ئاسراپ، بېيىتىپ، ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇپ كەلمەكتە. خۇددى ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇللىرى ۋە مۇقام مەدەنىيىتى ھەققىدە ئېيتقاندەك: «يىپەك يولى خارابلىشىپ، ئەۋزەللىك بولاقلىرى قۇرۇغان شۇنداقلا مىسلىسىز تالان - تاراجغا ۋە خورلۇققا ئۇچرىغان ئۇيغۇر خەلقى بۇ سەنئەت گۆھىرىنى ئۆزىنىڭ گاداي چاپىنى ۋە جاراھەتلىك قەلبىدە نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان تۇتىيادەك ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلدى» [3]. بۇ ئالىملار بولسا، دۇنياغا جاكارلىدى:

2000 Kocak & Kem: Graphium Agamemnon Amannisa

2022 Kocak & Kemal: kirinia Melike [4]

تەمبۇر شاھى نامىدا تونۇلغان نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن:

2005 Kocak & Kemal Polyommatus NuriTamburia

مىللەتپەرۋەر، ئوت يۈرەك مۇزىكانت، ياڭراق ئاۋازلىق ناخشىچى زەينىسا ئىبراھىم ئۈچۈن:

2015 Kocak & Kemal Virgichneumon digrammus Zeinisa

قاتارلىق كەنجى تۈر ئىسىملىرى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن ياۋروپاغىچە بولغان جۇغراپىيەلەردە تارقالغان تاكسونلارغا بېرىلگەن ئىلمىي ئىسىملار بولۇپ، سەھىپە ئېتىبارى بىلەن ھەممىنى ئاتاپ بولالمىدىم.

ئۇيغۇرلار بىلەن يىلتىزداش بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۆرىلىش رىۋايىتىدىكى ئانىلار ۋە باللارنى قوغدىغۇچى ئىلاھ «ئۇماي ئانا»غا ئاتالغان بىر تۈر ئىسمى ئۈچۈن:

2020 Kemal & Kocak Butleronea Umay

باھار بايرىمىمىز، يەنى نورۇز بايرىمىمىزغا ئاتالغان بىر ئۇرۇقداش ئىسمى ئۈچۈن:

2010 Kemal & Kocak: Nevruzia

يەنىمۇ مۇھىم بىر خەۋەر شۇكى، بىر جۈپ ئالىملار 1335 – 1381 - يىللاردا ئانادولىيەدە ھۆكۈم سۈرگەن «ئەرەتنا ئۇيغۇر دۆلىتى»نىڭ نامىنىمۇ تۈر ئىسمى ئۈچۈن قوللانغان:

2006 Kemal & Kocak Nemophora: Eretna

يۇقىرىدىكىلەر ئۇيغۇر تارىخىغا ۋە ئۇيغۇر مەشھۇرلىرىغا ئاتالغان ئىلمىي ناملارنىڭ پەقەت بىر قىسمى.

**دوكتور مۇھەببەت كامال**

مۇھەببەت كامال – غۇلجا شەھىرىدىكى مەرىپەتپەرۋەر كاماللار جەمەتىنىڭ ئوغلانى، مىللىي ئارمىيەمىزنىڭ ئىزۋوت كوماندىرى ئابدۇلھەق ئا. كامال بىلەن ئىمانلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە رۇس تىل - يېزىقىنى ياخشى بىلىدىغان ئارتۇقچىلىقى بىلەن، 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا تەشنا خەلقىمىز ئۈچۈن خالىس تەرجىمانلىق قىلغان؛ ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ۋاپادار قىزلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن خۇشاللىق تاپقان باغرى كەڭ، گۈزەل ئانا رەھىمە غۇلامىدىنىنىڭ يەتتىنچى قىزى ئىدى.

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا بىيولوگىيە كەسپى بويىچە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ باكالاۋۇرلۇق دىپلومىنى ئېلىپ، غۇلجا شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپتە بىيولوگىيە، خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغان، ئۆزىگە ئەزەلدىن قاتتىق تەلەپ قويىدىغان مۇھەببەت، خىزمەت داۋامىدا ئۆگەنگەنلىرىنىڭ ھازىرقى زامانىۋى بىلىم ئۆلچىمىگە ئاجىزراق كېلىۋاتقىنىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئۇ كەسپىي بىلىمىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1995 - يىلى تۈركىيەگە بارغان ھەمدە ئەنقەرە گازى ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىيولوگىيە كەسپى بويىچە ماگىستىر دىپلومى ئالغان. شۇنىڭدەك، ئۇ «تەڭرىتاغلىرىنىڭ كېپىنەك فائوناسى ۋە زوئوجۇغراپىيەسى» تېمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، دوكتور بولغان. ئاندىن ۋان يۈزىنچى يىل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاكادېمىك ھاياتىنى باشلىغان. ئىسپانىيەنىڭ مورسىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئىسپانىيە لېپىدوپتېرا فائوناسى ۋە بىيولوگىيەلىك خىلمۇخىللىق تەتقىقاتى»نى تاماملىغان.

ئۇ ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرىنى 2004 - يىلدىن 2006 - يىللىرى ئىچىدە ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغلىرىدا، كېيىنچە قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئىسپانىيە، ئافرىقا ۋە شەرقىي شىمالىي، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدە داۋاملاشتۇرغان. شۇنىڭدىن ھازىرغىچە تۈركىيە ئاناتولىيەدىكى ۋان يۈزىنچى يىل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

**پروفېسسور دوكتور ئەھمەت ئۆمەر كوچاك**

ئەھمەت – تۈركىيەنىڭ بايبۇرت رايونىدا تۇغۇلغان. تۈركىيە ئارمىيەسىنىڭ ئالباي (پولكوۋنىك) دەرىجىلىك ھەربىي قوماندانى مەھمەت نۇرىددىن بىلەن نەرمىن سۈرەييا خانىمنىڭ ئوغلىدۇر.

ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئەنقەرەدە ئوقۇغان. ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەبىئىي پەن فاكۇلتېتىدا باكالاۋۇر، ماگىستىر، دوكتور دىپلومىنى ئالغاندىن كېيىن، تەتقىقاتچى سۈپىتىدە گېرمانىيەنىڭ تەبىئەت، تارىخىي مۇزېيلىرىدا 1978 – 1992 - يىللار ئارىسىدا كۆپ قېتىم تەتقىقاتلار ئىشلىگەن. ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى، گازى ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ۋان يۈزىنچى يىل ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا 46 يىل ئوقۇتقۇچى، تەتقىقاتچى بولغان بىر ئاكادېمىكتۇر.

ھاياتىدا گازى ئۇنىۋېرسىتېتى تەبىئىي پەن فاكۇلتېتىنىڭ قۇرغۇچى مۇدىرى، ۋان يۈزىنچى يىل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەن - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، تەبىئىي پەن فاكۇلتېتى بىيولوگىيە بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. كۆپلىگەن ماگىستىر، دوكتور ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرگەن. ئەھمەت ئۆمەر كوچاك يەنە Centre for Entomological Studies Ankara ژۇرنىلىنىڭ باش تەھرىرى، Priamus, Case News قاتارلىق بەش ئىلمىي ژۇرنالنىڭ قۇرغۇچىسى، ئىلمىي ماقالە يازغۇچىسى ۋە بۇ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلغۇچىسى بولغان. كۆپلىگەن ماگىستىر، دوكتور يېتىشتۈرگەن ئىدى.

ئۇ يەنە ئۆز مەبلىغى بىلەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنى تەشكىللەپ، ئاۋستىرىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ماكېدونىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىدە، شۇنداقلا ۋەتىنىمىزنىڭ تەڭرىتاغلىرىدا، قازاقىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە، جەنۇبىي ئافرىقىدا ۋە تايلاند قاتارلىق شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدە 24 قېتىم ئېنتومولوگىيەلىك تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلغان.

ئۇ كەسپىي ھاياتىدا خەلقئارا ئىسىملەندۈرۈش كودى ياراتقان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۈرك خەلقىنىڭ تارىخى، مەشھۇرلىرى، مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىشتا ئۈلگە ياراتقان بولۇپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەۋردىكى مىللىي قەھرىمانلىرىغا نۇرغۇن ئىلمىي ئىسىملارنى بەرگەن. مەسىلەن:

1981 Kocak Alishirnevaia

1981 Kocak Baburia

1981 Kocak Yunusemreia

غازى مۇستافا كامال ئاتاتۈرك: «مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئەسىرىم» دەپ كۆرسەتكەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىلىغا ئاتاپ زامانىۋى، كۈچلۈك تۈرك خانىم - قىزلىرىغا ئېيتقان: «خانىم - قىزلار يەرلەردە سۆرۈلۈشكە ئەمەس، مۇرىلەرگە ئېلىپ يۈرۈشكە لايىق» دېگەن سۆزىگە بېغىشلانغان: (Kemal, Kizildag &KOCAK Elegia Feminin 2020) ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلغان ئىدى.

ئەھمەت ئۆمەر كوچاك ھاياتىنى ئېنتومولوگىيە ئىلمىگە بېغىشلىغان، دۇنيا بىيولوگىيە ئىلمى ساھەسىدە تونۇلغان ساناقلىق ئالىملاردىن بىرىدۇر. ھۆرمەتلىك ئالىمنىڭ كەسپىي ھاياتىدىكى نەتىجىلىرى بەك كۆپ. يۇقىرىدا كۆرسەتكەنلىرىمىز ئۇ ياراتقان نەتىجىلەرنىڭ يۈزدىن بىرىمۇ ئەمەس.

### بىر جۈپ ئالىمنىڭ ئىلمىي ھاياتى

ئۇستاز بىلەن شاگىرتنىڭ ئائىلە قۇرۇشى سۆيگۈ بىرلىكىدىنمۇ، كەسىپ بىرلىكىدىنمۇ ماس كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئىككىسى كېيىنكى تۇنجى تەتقىقاتىنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە، يەنى، ئىلىنىڭ گۈزەل يايلاقلىرىدا، ئۈرۈمچى جەنۇبىي تاغ باغرىدا ھاشارات تۈرلىرىنى بىرلىكتە كۆزىتىش، تەتقىق قىلىشتىن باشلىغان. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، قازاقىستان، قىرغىزىستانلارغىچە سوزۇلغان تەڭرىتاغلىرىدا ۋە سىر دەريا بويلىرى، ئىسسىقكۆل رايونى، كۈنگەي - تەسكەي

ئالاتاۋدا، كەتمەن رايونىدا، سوگۇتى، قارا تاغ، قاراج تاغلىرىدا «تەڭگە قاناتلىقلار ئەترىتى» ئۈستىدە ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردە بولغان.

تەبىئىي ھاياتىنى ئەنقەرە «ئېنتومولوگىيە تەتقىقات مەركىزى» ۋە «جەنۇبىي قوغداش مەركىزى»نىڭ تەشكىللىشىدە ئافرىقىغا تۆت قېتىم بېرىپ، «تەڭگە قاناتلىقلار ئەترىتى – پەرۋانە، كېپىنەكلەرنىڭ فائونا، ئېكولوگىيە ۋە بىيولوگىيەسى ئۈستىدە تەتقىقات» تېمىسىنى ئىشلىگەن. بۇنى تاماملىغاندىن كېيىنلا تايلاند چىياڭمەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇدا ئۈچ قېتىم تايلاندقا بېرىپ، «تەڭگە قاناتلىقلار ئەترىتى»نى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشقا قاتناشقان. ئۇلار بىلەن بەش يىللىق ئىلمىي تەتقىقات ھەمكارلىق توختامى تۈزۈشكەن. ھاشاراتشۇناسلىق ئىلمى تەتقىقات سېپىگە قوشۇلغان كېيىنكى 12 يىلدا 170 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. بۇ ماقالىلەر: ئامېرىكا، گېرمانىيە، ۋېنگرىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە... قاتارلىق 43 دۆلەتتىكى كەسپىي مۇزېيخانىلار، تەتقىقات مەركەزلىرى، كۇتۇپخانىلىرى ۋە ئىنتېرنېت تور بەتلىرى ئارقىلىق دۇنياغا تارقالغان ئىدى. ئۇلار پەقەت تۈركىيەدىلا 580 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ، 400 مىڭ ئەۋرىشكە توپلاپ، 20 يىلدا دۇنيا مىقياسىدىكى 220 تاكسوننى ئۇرۇقداش، 137 تاكسوننى تۈر، 73 تاكسوننى يىغقان ئىدى. دۇنيا مىقياسىدىكى 220 تاكسوننى ئۇرۇقداش، 137 تۈر، 73 تاكسوننى كەنجى تۈر كاتېگورىيەسىدە ئىسىملەندۈرگەن، ئېلان قىلغان ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى 900 گە يەتكەن ئىدى. ئەھمەت بىلەن مۇھەببەت كامال بىرلىكتە توپلىغان 400 مىڭ ھاشارات ئەۋرىشكىسىنىڭ تۈرى 10 مىڭدىن ئاشقان بولۇپ، توپلىغان ھاشارات ئەۋرىشكىلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىككى يۈرۈش تۈرالغۇسىنى يېتىشتۈرەلمىگەن. دېزىنفېكسىيەلەپ، ئەۋرىشكىلەرنى تۈرى بويىچە ئارخىپلاشتۇرۇپ ساقلىغان. ئىسمى - جىسمىغا، ئارمانلىرى ئەمەلىيىتىگە لايىق بۇ بىر جۈپلەر بىيولوگىيە ئىلمىگە ياشلىقىنى، مۇھەببىتىنى قوشۇپ ئاتىۋەتكەن ھەقىقىي «كەسىپ سەۋدايىلىرى»دۇر.

### بۈكتاب ئۇيغۇر خەلقىگە بېغىشلاندى

ئۇلار يەنە كەسىپىي تەتقىقاتىغا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۈلگە ياراتقان ئالىملاردۇر. تەبىئىي پەن تەتقىقاتىغا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىملىكىنىلا ئەمەس، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىمۇ بىرلەشتۈرگەن دېسەم، بەلكى كاللىڭىزدا سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئەمىسە پاكىت سۆزلىسۇن:

پروفېسسور ئەھمەت ئۆمەر كوچاك كەسىپىي ھاياتىدا ئۆزى بايقىغان جانداрلارنى ئىسىملەندۈرۈش ھوقۇقىنى، تۈرك مىللىتىنىڭ تارىخىي ئۇلۇغ شەخسلىرى، تارىخىي ۋەقەلىرى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشىغا قەھرىمانلىق نامى بىلەن يېزىلغان يۇنۇس ئەمرە قاتارلىق 9 قەھرىمانغا ئاتالغان ئىلمىي نام بىلەن ئىسىملەندۈرۈشتىن باشلاپ ئىشلەتكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر قىزى، دوكتور مۇھەببەت كامالنىڭ كەسىپچان يۈرىكىنى ئۇنىڭ ئۆز مىللىتى ئۈچۈن كۆيگەن يۈرىكى بىلەن قوشۇپ سۆيگەن، ئەتىۋارلىغان ئالىمدۇر.

ئىككىيلەن بىرلىكتە 16 قىسىم، 1994 بەت، 620 دىن كۆپ رەڭلىك سۈرەتتىن پۈتكەن «دۇنيا لەپىدوپتەرلىرى (كېپىنەكلەر ۋە پەرۋانىلەر) ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە

نەتىجىلىرى» ناملىق ئىلمىي قامۇسنى تۈزگەن. بۇ قامۇس ئۈلارنىڭ 10 يىل داۋامىدا 24 خىل چوڭ تېمىدا ئىشلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى بولۇپ، قامۇسنى تۈزۈش باشلانغاندا ھەربىر بابىنى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى ۋە «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» بىلەن باشلاش تەكلىپىنى ئەھمەت ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شۇ بويىچە نەشر قىلىنغان بىرىنچى بېتىگە: «بۇ كىتاب ئۇيغۇر خەلقىگە بېغىشلاندى» دەپ يېزىلغان. بۇ قىممەتلىك قامۇس بىيولوگىيە ئالىملىرى - بىر جۈپلەرنىڭ دۇنياغا سۇنغان سۆيگۈ - مۇھەببەت سوۋغىسى بولۇپلا قالماي، بىيولوگىيە ساھەسىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرنى بىلىدىغان - بىلمەيدىغان بارچە تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن مىللەتنىڭ كىملىكى بىلەن ئىلمىي تەتقىقات كىرىشتۈرۈلگەن تارىخىي ئابىدىدۇر. ئۇيغۇرلاردا مىللىي ئاڭنىڭ تىكلىنىشىگە ئۇل سالغان بۇ ئالىملارنىڭ دۇنيا ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە كەڭ تارقالغان ئەخلاقىي، ئىنسانىي، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى تەبىئىي پەن، يەنى بىيولوگىيە پەنلىرىنى ۋاسىتە قىلىپ دۇنياغا تونۇجى قېتىم جاكارلىشىدۇر.

بۇ قامۇستا تا بۈگۈنگىچە دۇنيادىكى ھېچبىر تەتقىقات ئورگىنى بىر يەرگە جەم قىلالمىغان 82.189 تاكسون (تۈر ۋە كەنجى تۈرلەر) 8215 ئۇرۇقداش ئىسمى سىنونىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قامۇستا يەنە 14.572

ئارگىنال مەنبەسى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

**دوكتور مۇھەببەت كامالنىڭ بايانى:**

*ئۆزۈم تونۇجى قېتىم نامسىز بىر جانلىقنى بايقاپ، ئىسىملەندۈرۈش ھوقۇقىغا ئېرىشكىنىمدە ھاياجانلاندىم. چۈنكى، مەن كەسپىم ئارقىلىق خەلقىمنىڭ مۇڭلۇق قەلبىگە ئاز بولسىمۇ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدىم. مەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمنىڭ باغرىدا تۆرەلگەن بىرقىزمەن. دۇنيانىڭ نەرىدە بولاي، تەتقىقات نەتىجىلىرىم ئىنسانىيەتكە، يۈرىكىم بىلەن كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئاشۇ ئەزىز ۋەتىنىمگە تەۋە بولغان – مەن ئۆزۈم بايقىغان تونۇجى تۈرنى «ئۇيغۇرىئا» نامىدا ئىسىملەندۈردۈم...*

*مەن قاناتلىرى گۈزەل كېپىنەكنى ئاجايىپ باتۇر قىزىمىز – شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ 62 كۈندىن كېيىن، ھەرەمباغنى ئازاد قىلىش جېڭىدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان 19 ياشلىق رىزۋانگۈلنىڭ نامىدا ئىسىملەندۈرۈشنى قارار قىلدىم. ئۆزۈم رىزۋانگۈلنىڭ قېنى سىڭگەن ئاشۇ ئۇلۇغ زېمىندا تۇغۇلغان - ئۆسكەن بولغاچقا، ئەڭ ئاۋۋال بۇ قەھرىمانىمىز يادىمغا كەلدى. مەن ئەھمەتكە قارارىمنى ئېيتتىم، رىزۋانگۈلنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم. ئۇ قوللىدى. مەن تىترىگەن قوللىرىم، كۆز ياشلىرىم بىلەن ئۇنىڭغا بېغىشلانغان قۇرلارغا تەۋەررۈك ئىسمىنى يازدىم: «ئىسىملەندۈرۈش كومىتېتى»نىڭ تەلىپىگە بىنائەن رىزۋانگۈلنىڭ كىملىكى ھەققىدە قىسقىچە يازما مەلۇمات بەردىم.*

*يەنە بىر نامسىز جانلىقنى بايقىغان ۋە ئىسىملەندۈرگىنىمدە: «سادىر پالۋان» روھىنى ئەسلىدىم... شۇنداق قىلىپ، ئەر - ئايال ئىككىمىز بىيولوگىيە تەتقىقاتىغا چۆككەندىن تارتىپ، مەن كەسپىي ئۇستازىم، ئۆمۈرلۈك يولدىشىم پىروفېسسور ئەھمەت ئۆمەر بىلەن بايقىغان 121*

*جانلىقلا «ئۇيغۇر»، «قەھرىمان يەتتە قىزلىرىم»، «ئامانىنىسا»، «نازۇگۇم»، «ئىپارخان»، «ئايخان ئانا» دېگەندەك ئىسىملارنى بەردۇق. يەنە «تەمبۇر شاھى» نامى بىلەن سەنئەت سۆيەر خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن نۇرمۇھەممەت تۇرسۇننىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، پەقەت تەڭرىتاغلىرىمىزدا مىڭ يىللار ياشاپ كەلگەن قاناتلىرى تۇم، كۆركەم بىر پەرۋانىنى مۇزىكا پەرۋانىسى: «نۇرى تەمبۇر» نامىدا تىزىملاتتۇق. نۇرمۇھەممەت تۇرسۇنغا ئاتاپ سىن لېنتىسى تەييارلاپ، نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن ئورۇندىغان دۇتار - تەمبۇر - ساتار مۇزىكىلىرىنى كىرىشتۇرۇپ، «ئىسىملەندۈرۈش كومىتېتى»غا تاپشۇردۇق. بىر نازۇك پەرۋانىنى بايقىغىنىمىزدا، مىللىي ئارمىيەمىزنىڭ سېستىرا قىزى، جەڭ - شىخۇ ئۇرۇشىدا باتۇر جەڭچىلەرنى ئۇسسۇزلۇقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خەتەرگە ئۆزىنى ئېتىپ، قۇربان بولغان 17 ياشلىق روشەنگۈل كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئەھمەت ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، پەرۋانىنىڭ نامىنى ئۇنىڭغا ئاتىدۇق. بىز ئىسىملەندۈرۈش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىشتا: «بىز خەلقىمىزنىڭ قەھرىمان يىگىت - قىزلىرىنى ئالدىن ئويلاشتۇق. بۇ ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ھۆر ياشاش ئارمانى ئۈچۈن دۈشمەنلىرى بىلەن قىلغان كۈرەشلىرىنى، تۆككەن ئىسسىق قانلىرى، تەقدىم ئەتكەن ئەزىز جانلىرىنى دۇنيا مەڭگۈ ئۇنتۇمىسۇن، خەلقىمىز ئاشۇ ئۇلۇغ ئارمانغا يەتكەن قۇتلۇق كۈنلەردە قەھرىمانلىرىمىزغا يىقىلماس ئابىدىلەر تىكلىسۇن» دېگەن ئارزۇدا بولدۇق.*

ئۇلار مانا مۇشۇنداق بىر جۈپلەر ئىدى. كەسپتە ئالىملاردىن، مىللەتپەرۋەرلىكتە، ۋىجدانىدا ئالىيجانابلاردىن، تۇرمۇشتا يار - يۆلەكلەردىن، دەرس مۇنبىرىدە بىيولوگىيە ئىلمىنىڭ قۇرۇماس بۇلاقلىرىدىن ئىدى.

ئەپسۇس... بۇ قېتىم دۇنياغا تارقىلىپ، ئىنسانىيەتكە ئېغىر ئەلەملەر كەلتۈرگەن ۋىرۇس ھۆرمەتلىك ئالىمنى، ئائىلىسىنىڭ ۋە شاگىرتلىرىنىڭ مېھرىبانى ئەھمەت ئۆمەركوچاكنى ئۈچ كۈن ئىچىدە، ھېچكىم بىلەن خوشلاشتۇرماي ئېلىپ كەتتى... بۇ قاباھەتلىك كۈن 2020 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىدى.

ئەلۋىدا، ئۇستاز! سىز خانىمىڭىز – بىلىمخۇمار ئۇيغۇر قىزى مۇھەببەتنىڭ كەسپتىكى نەتىجىلىرى ئۈچۈن ئۇستاز بولدىڭىز. ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەشھۇرلىرىنىڭ نامىنى، تارىخى بىلەن باغلانغان مەدەنىيەت دۇردانىلىرى ۋە ھېكمەتلىرىنى بىيولوگىيە ئىلىم دۇنياسىدا ئەبەدىيلەشتۈرۈشكە يارەمچى، سادىق قوللىغۇچى بولدىڭىز. ئەجرىڭىزنى ئۇنتۇمايمىز. دۇنيا ئالىملىرى قاتارىغا يېزىلغان ئۆچمەس نامىڭىز سۆيگۈنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىل تارىغا باغلاندى.

سولدىكى رەسىم: بىر جۈپ ئالىم ئافرىقا تاغلىرىدا ئىلمىي تەكشۈرۈشتە؛ ئوڭدىكى رەسىم: مۇھەببەت تەجرىبىخانىدا.

 

**ئىزاھات:**

[1] بىيولوگىيە ئىلىم تەتقىقاتى داۋامىدا ھەرقانداق بىر ئالىم - تەتقىقاتچى ئىلگىرى باشقىلار بايقىمىغان جانلىقلار تۈرىنى بايقىسا، ئۇنىڭغا خاس ئىسىم قويۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ. شۇ ئالىم ياكى تەتقىقاتچى قويغان ئىسىم شۇ جانلىقنىڭ ئۆسۈش - ياشاش قانۇنىيەتلىرى ئىسپاتلانغان تەتقىقات نەتىجىسىگە ئوخشاش مەڭگۈ بايقىغۇچىغا مەنسۇپ بولىدۇ.

باش ئىشتابى گېرمانىيەدىكى «خەلقئارا زوئولوگىيەلىك ئىسىملەندۈرۈش قائىدىلىرى بويىچە نازارەت قىلىش كومىسسىيونى» كۆزدىن كۆچۈرىدۇ، تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ ۋە بىيولوگىيە ئىلىم دۇنياسىغا ئېلان قىلىنىدۇ.

[2] Bibliography

Centre for Entomological Studies Ankara 1966
54th Anniversary of our scientific studies

CESA is a non-profit, scientific consortium, independent research Centre, Museum and Library, established by Prof Dr Ahmet Ömer Koçak, announced on 1st October, 1988, with the aim of organizing and realizing the international researches regarding the taxonomy, nomenclature, morphology, ecology, biodiversity, conservation, bibliography, checklists, catalogues of the Insecta, especially Lepidoptera of theWorld, as well as the publications on the regional faunas. The date of the first issue of the serial Priamus was 1981,

which is today an organ of the Cesa. The earliest date of the scientific activities, realized by Prof. Koçak was in 1966, and the first date of the preparation of the card system of the Cesa in 1968. Therefore, the date 1966 may be considered as the date of foundation of the Cesa. Faunal activities of the Cesa between 1966-2019 in the Old World: Turkey, Balkan States, Spain, Iran, Kazachstan, Kirgizistan, Uighur Ili, Pakistan, Philippine Islands, Ethiopia, South Africa, and Thailand. Among the foreign institutions and the Cesa, scientific collaborations had been established in the past. Within this frame, scientific publications have been exchanged especially in the period of 1981-2013. Between these dates especially printed issues of Priamus and Miscellaneous Papers have been exchanged (see below).

Currently, all the scientific serials published online as pdf format, in accordance with the publication rules online of the ICZN.

Place of the online Cesa publications: After registering to the Zoobank, the MS is submitted as pdf file to the Internet Archive as required (California, USA). In the internet archive, the submitted MS is examined and prepared in a publication format. After this procedure, the MS becomes a valid publication in accordance with the Rules of ICZN. In conclusion, the manuscript of the Cesa becomes valid publication in the Internet Archive (California). Thus, the place of the Cesa online publications is California, USA, not Turkey.

The scientific serials and their current status are mentioned below:

PRIAMUS - ISSN 1015-8243. This serial was established in 1981, printed on paper until the number 12 (6) [19.3.2010]. From the number 13 (1) [5.12.2015] on, it was published online as pdf format.

Registration by the Zoobank: http://zoobank.org/References/84D608EF-2343-4E9E-8BD5-766BA13901F0 All the pdf issues of Priamus published online are archived regularly by the Internet Archive (300 Funston Ave., San Francisco, CA 94118, U.S.A.), in accordance with the rules of the International Codes of Zoological Nomenclature (ICZN) - https://archive.org/

MISCELLANEOUS PAPERS - ISSN 1015-8235. This serial was established in 1989, printed on paper until the number 160 [10.10.2013]. From the number 161 [19.5.2016] on, it was published online as pdf format.

Registration by the Zoobank: http://zoobank.org/?lsid=urn:lsid:zoobank.org:pub:23F301CA-A4A2-4B45-B9DD-9EED801A570C

All the pdf issues of Miscellaneous Papers published online are archived regularly by the Internet Archive (300 Funston Ave., San Francisco, CA 94118, U.S.A.), in accordance with the rules of the International Codes of Zoological Nomenclature (ICZN) - https://archive.org/

Before 2013, the institutional partners of the Cesa within the frame of the scientific collaborations are listed below. Printed issues of Priamus and Miscellaneous Papers have been sent until 2010 and 2013, respectively; therefore printed copies may be obtained from there.

Other serials of the Cesa are: Priamus Supplement (established on 2006 as online, active), Memoirs established on 1991, currently active as online. Cesa News, established as online on 2008. Totally 160 numbers were published. Cesa Publications on African Lepidoptera has been established in 2007. Upto the end of 2009 online issues (nr.1-24) have been placed under the server of Metafro (Belgium). The site Metafro is currently unavailable for this purpose. The contents of the nr. 1-24 have been revised and published online as nr. 25, which is freely downloadable from Internet Archive (California, U.S.A.).

Currently, more than 350 partners (incl. most of the institutions listed below, and also new institutions) are informed about the online publications, whenever published.

**List of 35 institutional partners of the Cesa before 2013**

Albert R. Mann Library, ITHACA, NY 14853-4301, USA - British Library, BOSTON SPA-YORKS LS23 7BQ, ENGLAND - California Academy of Sciences, 55 Music Concourse Dr. / Golden Gate Park, San Francisco, CA 94118-4503, USA (via Dr. Vincent F. Lee, Pacific Coast Entomological Society) - Centre for Insect Systematics Universiti Kebangsaan Malaysia (Library), 43600 Bangi, Selanagar, MALAYSIA (via Prof. Ass. M.S.Mohammedsaid) - Czechoslovak Academy of Sciences (Library), Institute of Entomology, Branisovska 31, 370 05 Ceske Budejovice, CZECH REPUBLIC - Dr. Ulf Eitschberger, Entomologischen Museum (Library), Humboldtstrasse 13a, D-95168 Marktleuthen, DEUTSCHLAND - Hrvatski, prirodoslovni muzej (Library), 10000 Zagreb, Demetrova 1, CROATIA - Hungarian Natural History Museum (Library), 1088 BUDAPEST Baross u.13, HUNGARY - Institute of Systematics and Evolution of Animals (Library) ul. Slawkowska

17, 31-016 KRAKOW, POLAND - Kreis Nürnberger Entomologen. e.V., c/o Mr. Franz Joseph Amon, Hardenbergstr. 31, D-90491 Nürnberg, GERMANY - Museo de Ciencias Naturales de Tenerife (Library), Apartado de Correos 853, 38080 Santa Cruz de Tenerife, Islas Canarias, SPAIN - Museo Nacional de Ciencias, Naturales (Library), Gutiérrez Abascal 2, 28006 MADRID, SPAIN - Museum d'Histoire Naturelle (Library), Case Postale 434, CH-1211 GENEVE 6, SWITZERLAND - Museum National, d'Histoire Naturelle (Librarie), Entomologie, 45,Rue de Buffon, 75005 PARIS, FRANCE - N.W.Agriculture University (Library), P.O.Box 55, Yangling, Shaanxi 712100, P.R.CHINA Entomotaxonomia/Priamus exchange agreement) - Natural History Museum (Library), Cromwell Road, LONDON SW7 5BD, ENGLAND - Natural History Museum and Institute, Chiba (Library), 955-2 Aoba-cho, Chuo-ku, CHIBA 260-8682, JAPAN - Naturhistorische Zentralbibliothek, Staatliche Naturhistorische Sammlungen Dresden, Abt. Zoologie, A.B.Meyer-Bau, Königsbrücker Landstr. 159, D-01109 DRESDEN, GERMANY - Natuurlijke Historie, Nationaal Natuurhistorisch Museum (Bibliotheek), Postbus 9517, 2300 RA LEIDEN, The NETHERLANDS - Natuurmuseum Rotterdam (Library), Postbus 23452, 3001 KL Rotterdam, The NETHERLANDS - Nederlandse Entomologische Vereniging (Bibliotheek), 64 Plantage Middenlaan, 1018 DH AMSTERDAM, NEDERLAND - Senckenberg Entomologische Bibliothek (B15), Deutsches Entomologisches Institut, Eberswalder Str. 90, 15374 MÜNCHEBERG, DEUTSCHLAND - Senckenbergische Naturforschende Gesellschaft (Bibliothek), Senckenberganlage 25, D-60325 Frankfurt am Main, DEUTSCHLAND - SHILAP (Sociedad Hispano-Luso-Americana de Lepidopterología). Apartado de Correos, 331, 28080 MADRID, SPAIN - Smithsonian Institution Libraries, Ser. Rec. / Exch. / NHB 25 MRC 154, PO Box 37012, WASHINGTON, DC 20013-7012, USA - Staatliches Museum für Naturkunde Karlsruhe (Bibliothek), Abt. Entomologie, Erbprinzenstr.13, D-76133 KARLSRUHE – GERMANY - Tiroler Landesmuseum Ferdinandeum, Innsbruck (Bibliothek), Museumstr.15, A-6020 INNSBRUCK, AUSTRIA - Universita degli Studi di Roma "La Sapienza", Dipartimento di Biologia Animale e dell'Uomo (Library), Viale dell'Universita, 32, 00185 ROMA, ITALY - Universita di Torino, Dipartimento di Biologia Animale, Via Accademia Albertina 17, 10123 TORINO, ITALY (via Prof.Dr.Emilio Balletto) - Universitetets Zoologiske Museum (Library), Universitetsparken 15, DK-2100 KOBENHAVN, DENMARK - Vlaamse Vereniging voor Entomologie, Afgiftekantoor 2170, Merksem 1, BELGIUM (via W. De Prins) - Witt Museum München, Tengstrasse 33, D-8000 MUNCHEN 40, DEUTSCHLAND

(via Thomas Witt) - Zoologische Staatssammlung München (Bibliothek), Münchhausenstr.21, D-81247 MUNCHEN, DEUTSCHLAND - Zoologisches Forschungsinstitut und Museum Alexander Koenig (Library), Adenauerallee 160, D-53113 BONN, GERMANY (via Dr. Dieter Stuening) - Zoologisches Institut und Zoologisches Museum (Bibliothek), Martin Luther King Platz 3, D-20146 HAMBURG, DEUTSCHLAND

[3] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشرى، 88 - بەت.

[4] «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن شائىرە، ئېلانچىك مەلىكەگە بېرىلگەن كەنجىتۇر ئۇرۇقداش ئىسمى.

*بۇ ماقالىنى ئۆمەر ئىمىن تەھرىرلىدى.*

21

# چىڭ سۇلالىسى خان سارىيىدىكى تۇتقۇن — ئىپارخان

سەلىمە ئا. كامال

چىڭ سۇلالىسى خانى چيەنلۇڭ (1711 ـ 1799) تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، بېيجىڭدىكى چىڭ خان ئوردىسىدا ئۈچ يىل يارىسىز، ھەمراھسىز ياشىغان قەھرىمان قىز ـ ئىپارخان دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر شەخس ئىدى. ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇيغۇر قىزى ئىپارخان باش تېما قىلىنغان تولىمۇ تەسىرلىك شېئىرلار، ھېكايىلەر يېزىلدى، درامىلار ئوينالدى، كىنولار ئىشلەندى. ئەمما، ئىپارخاننىڭ تۇتقۇندىكى ھاياتى، ئۆلۈمى توغرىسىدىكى سىر تېخىچە تولۇق يېشىلمىدى. ئىپارخان ئوبرازى بەزى دەۋرلەردە چىنلىق بىلەن يېزىلغان بولسا، بەزى دەۋرلەردە ۋە بەزى يازغۇچىلارنىڭ قەلىمىدە سىياسىيغا بېقىندۇرۇلۇپ، ۋەقەنىڭ چىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈلگەن ئىدى. چۈنكى، ئۇ بېيجىڭ ئۈچۈنمۇ، قەشقەر ئۈچۈنمۇ مۇھىم شەخس ئىدى. ئىپارخان بۇ يىل 3 - ئايدا ئانا ۋەتىنى قەشقەردە يەنە بىر قېتىم سەھنىگە چىقتى. بۇ درامىدا ئىپارخان يەنە باشقىچە تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن بولۇپ، مۇلايىم ۋە ئىنائەتچان ئوبرازدا يارىتىلغان ئىدى.

ئىپارخان توقۇلما شەخس ئەمەس، بەلكى رېئال شەخستۇر. ئەمما، ئۇ ھەققىدە يېزىلغان يازمىلاردا ئىپارخاننىڭ خان ئوردىسىغا تۇتقۇن ھالىدا كەلتۈرۈلگۈچە بولغان ۋەقەلىك ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە بولسىمۇ، كېيىنكى ھاياتى، ئۆلۈمى ھەققىدىكى قاراشلار ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرقلەر بار. بىزگە مەلۇمكى، «ئىپارخان» تېمىسىغا ئوخشاشلا داڭلىق شەخسلەرگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلارنىڭ ئوخشىمىغان رايون، ئوخشىمىغان دەۋردە تەكرار يېزىلىشى، بۇ تېمىلاردا ئوخشىمىغان قاراشلار ۋە تالاش - تارتىشلارنىڭ ئىپادىلىنىشى نورمال ئىجادىيەت

ھادىسىسى بولۇپ، تەتقىقات دۇنياسىدا كۆپ كۆرۈلگەن بۇ ھادىسىگە مانا مەنمۇ چېتىلدىم.

1. ئىپارخان كىم؟

2. ئۇنىڭ تۆت خىل ئىسمى، تۇتقۇندىكى ھاياتى قانداق ئىدى؟

3. ئۇنىڭ قەبرىسى نەدە؟

بۇ ماقالىدە يۇقىرىقى سوئاللار ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنى سىلەر بىلەن ئورتاقلىشىمىز.

## 1. ئىپارخان كىم؟

ئۇنىڭ ئەسلي ئىسمى مەمۇرە ئەزىزە خېنىم بولۇپ، ئىپارخان ئەمەس. ئۇ 1734 - يىلى شەرقي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى ئىلى رايونىدا، يەنى قاش دەرياسى بىلەن ئابىرال تېغى ئارىسىدىكى «ئېرەن قابىرغا» دېگەن جايدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەلى خوجا يەكەنلىك، ئانىسى مەستۈرە ئەزىزەم ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەند ئوبلاستى دەھبېتتىكى خوجا ئىشاننىڭ قىزى ئىدى.

ئىپارخاننىڭ ئىلىدا تۇغۇلۇشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئىچكى ئۇرۇشلارغا، مۇستەقىللىق بىلەن مۇستەملىكىچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئەسىرلەرگە سوزۇلغان قانلىق ئېلىشىشلارغا؛ نەسەبى بولسا، ئاق تاغلىق سوپى - ئىشانلار مەزھىپىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد پىرى مۇھەممەد يۇسۇپ خوجىغا تۇتىشىدۇ. مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا – ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ ۋەكىلى ھىدايىتۇللا ئىشان (يەنى ئاپاق خوجا) نىڭ ئاتىسى ئىدى. ئاپاق خوجا 1680 - يىلى غالدان باشچىلىقىدىكى جۇڭغار لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، يەكەننى پايتەخت قىلىپ 300 يىل ھۆكۈم سۈرگەن «سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقى»نى ئاغدۇرۇپ، جۇڭغارلارغا ئولپان تاپشۇرۇش شەرتى ئاستىدا قەشقەرگە نائىب (قورچاق) خان بولغان.

شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەردە «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» دەپ ئاتالغان ئىككى مەزھەپ ئارىسىدا توقۇنۇشلار ئۈزۈلمىگەن. 1696 - يىلى ئاپاق غوجا «قارا تاغلىق» لار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەكەنگە «قارا تاغلىق» لارنىڭ پىرى – دانىيال خوجا، قەشقەرگە «ئاق تاغلىق» لارنىڭ پىرى – ئەھمەد خوجا ھۆكۈمران بولغان. 1713 - يىلى جۇڭغار سىۋاڭ رابتان ئىككىنچى قېتىم قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، يەكەن خانى تاجاۋۇزچىلارغا ئەل بولغان. قەشقەر خانى شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاپ، ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، ئەمما دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي ئەسىرگە چۈشكەن. دەل مۇشۇ مەغلۇبىيەت تۈپەيلى، ئەھمەد خوجا ئۇرۇق - ئەۋلادى بىلەن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئاپاق خوجىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلادى ئەلى خوجا دەۋرىدە قەشقەرىيەدىكى قارا تاغلىقلار ئاق تاغلىقلارنى قىرغىن قىلغان. بۇ قېتىن ۋەزىيەتتە ئەلى خوجا نەۋرە ئاكىسى سۈرگۈن قىلىنغان ئىلىغا كەتكەن ۋە بۇ يەردە كاتتا ئىشان خوجىنىڭ قىزى مەستۈرەم خېنىم بىلەن نىكاھلىنىپ، ئىككى قىز، ئىككى ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان. بۇ ئىككى قىزنىڭ بىرىگە، يەنى 1734 - يىلى تۇغۇلغان قىزىغا مەمۇرە ئەزەم خېنىم دەپ ئىسىم قويغان. بۇ قىز دەل 20 - ئەسىردە «ئىپارخان» نامىدا دۇنياغا تونۇلغان باش پېرسوناژىمىزدۇر.

يۇقىرى تەبىقىلىق ئائىلە شارائىتىدا مەمۇرە ئەزەم خېنىم كىچىكىدىنلا ياخشى تەربىيە

ئالغان. قويۇق ئىسلام دىنى ئائىلە مۇھىتىدا تەربىيەلىنىپ، ئاتىسىدىن ئىسلام دىنىنى، چاغاتاي يېزىقىنى ئىگىلىگەن. ئاكىلىرى توختى غوجا ۋە تۇردى غوجىلارنىڭ يېتەكلىشىدە ئات مىنىش، قىلىچۋازلىق، ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنىمۇ ئۆگەنگەن، شېئىر - قوشاقلارنى توقۇيالايدىغان شائىرە بولغان. 1751 - يىلى 17 ياشلىق مەمۇرە ئەزەم نەۋرە ئاكىسى، ئەقىل - پاراسەتلىك، ھەربىي تاكتىكا ئىگىلىگەن، شائىر (تەخەللۇسى ئەرشىي) [1] خوجا جاھانغا نىكاھلانغان [2]. تارىخىي يازمىلاردا ئۇلارنىڭ خاقانى ئەزەم ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنتى بولغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى ھازىرغىچە نامەلۇم [3].

## 2. ئىپارخاننىڭ ئىككىنچى ئىسمىنىڭ ئۇنىڭ مۇرەككەپ كەچمىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

1756 - يىلى ئىلىدىكى جۇڭغارلارنىڭ [4] ئامۇرسانا ئىسيانىغا قاتناشقان خوجا جاھان، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىلىدا تۇرالماي، ئائىلىسىنى ئېلىپ كۇچاغا كېلىدۇ ۋە ئاكىسى غوجا بۇرھانىدىن بىلەن بىللە «باتۇرخان» ھاكىمىيىتىنى تەشكىللەيدۇ. يېڭى ھاكىمىيەت تىكلەنگەندىن كېيىن، ھاكىمىيەت بېشى خوجا جاھاننىڭ خوتۇنى سالاھىيىتىدىكى پېرسوناژىمىزنىڭ ئىككىنچى ئىسمى – «نۇرغا چۆمۈلگەن ئەتىۋارلىق خانىش» دېگەن مەنىدىكى «نۇرئەلانۇرخېنىم» دەپ ئاتىلىدۇ.

نۇر ئەلا نۇر خېنىم ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئېرىنىڭ جەڭ پىلانلىرىنى تۈزۈشكە ياردەملىشىدۇ، ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىپ، ئېرى بىلەن ھەربىي ماھارەت مەشقى قىلىدۇ. 1758 - يىلى، ئاكا - ئۇكا خوجىلار قەشقەردە چىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى يەنە بىر قېتىم قوراللىق ئىسيان كۆتۈرىدۇ. ئايلارغا سوزۇلغان شىددەتلىك جەڭلەردە نۇرئەلانۇر خېنىم خوجا جاھان بىلەن بىللە جەڭگە كىرىدۇ. خوجا جاھان ئاكا - ئۇكىلار كۈچ جەھەتتىن چىڭ قوشۇنلىرىغا تەڭ كېلەلمەي، بەدەخشان تەرەپكە چېكىنىدۇ. چىڭ خانى چيەنلۇڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن بەدەخشان ھاكىمىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئاكا - ئۇكىلارنى يوقىتىشقا ياردەمگە چاقىرىدۇ. يالغان ۋەدە، سىياسىي نەيرەڭگە ئالدانغان بەدەخشان ھاكىمى ئاكا - ئۇكىلارنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. نۇرئەلانۇرخېنىم بۇ دەھشەتتىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ. ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن چىشىنى چىشلەپ، خوجا جاھاننىڭ سەرۋازلىرى، لەشكەرلىرىدىن 400 نەچچە كىشىنى يىغىپ، بىر مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيا دالالىرىدا ئايلىنىپ، پۇرسەت كۈتىدۇ. ئاخىرى 1762 - يىلى پامىر تاغلىرى ئارقىلىق قەشقەر چېگراسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەمما ئادىمى كۆپ، قوراللىرى خىل دۈشمەن بىلەن كۈچ ئېلىشالماي، ئاقسۇغا چېكىنىدۇ.

جەڭ مەيدانىدا قىلىچ بىلەن چىڭ چېرىكلىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىۋاتقان، ئۈچقۇر ئات مىنگەن بىر قوماندانغا كۆزى چۈشكەن چىڭ قوماندانى جاۋخۇي ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس چېرىك سالىدۇ. بىر توپ چېرىكلەرنىڭ قورشاۋىدا قالغان قوماندانىنىڭ دۇبۇلغىسى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىلگەندە، جاۋخۇي كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالىدۇ: ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، ئىككى تال ئۆرۈمە كوكۇلىلىق بىر گۈزەل ئايال تۇراتتى! ئات ئۈستىدە گۈزەل بىر ئايالنىڭ قياپىتىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن چېرىكلەر ھودۇقۇپ قېلىشىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئىپارخان ئاز قىسىم لەشكەرلىرى بىلەن قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ، ئاقسۇ تەرەپكە قاچىدۇ. جاۋخۇي چېرىكلىرىگە ئۇنى قوغلاپ، تىرىك تۇتۇش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. قوغلىغۇچى قوشۇن

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنى ئاقسۇنىڭ قۇمباش دېگەن يېرىدە تىرىك تۇتۇۋالىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، «بۇرھانىددىننىڭ گۆلشەن قەلئەسىدىكى ئۆيلىرى ئولجا قىلىندۇ. چىڭ چېرىكلىرى بۇرھانىددىن غوجا بىلەن ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىنى ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن تۇتۇپ، ئىچكى خىتايدىكى پايتەختىگە ئېلىپ كېتىدۇ. شۇ جۈملىدىن ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى مەمۇرە ئەزەم پاشانىمۇ ئەسىر قىلىپ، چيەنلۇڭ خانغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېيجىڭغا ئېلىپ كېلىنىدۇ» [5].

شۇنىڭدىن 105 يىل ئىلگىرى ئۇيغۇرلارغا ساتقۇنلۇق قىلىش ھېسابىغا سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرغان ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى مەمۇرە ئەزەم، يەنى نۇرئەلانۇرخېنىمنىڭ تاللىشى باشقىچە بولىدۇ. ئۇ ۋەتىنىگە، ئىمانىغا، ۋىجدانىغا ساتقۇنلۇق قىلىش يولىنى ئەمەس، بەلكى ۋەتەن دۈشمەنلىرىدىن قىساس ئېلىش يولىنى تاللايدۇ. چىڭ سارىيىغا تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر قىزىنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئىسمى مانا بۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ.

تۇتقۇن قىلىنغان مەمۇرە ئەزەم، يەنى نۇرئەلانۇر خېنىم جاۋخۇي تەرىپىدىن خانغا تارتۇق قىلىنغان كۈنىدە، «چىڭ ئىمپېراتورى چيەنلۇڭ ئۆزىگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان، باسقۇنچىلىق يۈرۈشلىرىگە كۆپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بۇ ئايال پەرىشتىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىش ۋە ئۆزىگە تەشۋىش سالغان مۇسۇلمان ئەسىرلەرگە كۈچ - قۇدرىتى، ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئەسىرلەر تۇرغان جايغا كەلدى. ‹سەن گۈي، جيۇ كوۋ!› (ئۈچ قېتىم تىز چۆكۈپ، توققۇز قېتىم سەجدە قىلىنسۇن!) دېگەن بۇيرۇق بىلەن تەڭ ساراي ئەھلى تىز چۆكىدۇ. پەقەت بىر ياش ئايال قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. ئۇ مەردانىلىك بىلەن: «خان خۇدا ئەمەسكى... بىز مۇسۇلمانلار پەقەت ئىككى دۇنيانىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا سەجدە قىلىمىز» دەيدۇ ئۇ قامىتىنى مەغرۇر تۇتۇپ [6].

خان سانسىز تۇتقۇنلارنى كۆرگەن، قىلچىتىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇنداق ھەم گۈزەل - لاتاپەتلىك، ھەم مەغرۇر ئايال تۇتقۇننى كۆرمىگەن ئىدى. تەختتە ئولتۇرغىنىدا شىردەك ھۆركىرەيدىغان خاننىڭ يۈرىكىمۇ بىر پارچە گۆش ئىدى. خان يۈرىكىنىڭ كۆيۈكتىن ئارامسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى. خان ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ھەر كۈنى تۇتقۇن گۈزەلنى يوقلاش، سوۋغا - سالاملار كىرگۈزۈش كويىدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدا ئىمارەت سالدۇردى. ئۇنىڭ «غولى تۆمۈردىن، يوپۇرمىقى كۈمۈش، مېۋىسى ئالتۇن بولغان بىر خىل دەرەخ»نى سېغىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، قەشقەردىن جىگدە كۆچىتى كەلتۈرۈپ تىكتى. راۋاق سالدۇردى. «بېيجىڭدىكى يۈن مىڭ يۈەن ناملىق خان سارايى بېغىغا مەسچىت سالدۇردى... قەشقەردىن جەمئىي 108 ئائىلە ئۇيغۇرنى كۆچۈرۈپ كەلدى. بۇ جاي ‹قىزىل دوپپىلىق مۇسۇلمانلار مەھەللىسى› دەپ ئاتىلاتتى» [7].

«بىز خان سارايى تېمىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدىن ئۆتۈۋاتقىنىمىزدا چيەنلۇڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياساپ بەرگەن بىر مەسچىتنى كۆردۇق» [8].

«بۇ ئىمارەت ۋە مەسچىت 20 - ئەسىرنىڭ بېشىغىچە ساقلانغان، 1911 - يىلى چىن خاندانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، يۈەن شىكەي جۇمھۇرىيەت رەئىسى بولغان دەۋردە بۇزۇۋېتىلگەن» [9].

نۇرئەلانۇر خېنىم ئىمانىغا، ئېتىقاد - نومۇسىنى قوغداشقا، خوجا جاھانغا سادىق قېلىش قارارىدا بولغاچقا، يېنىدا يوشۇرۇن تىغ ساقلىغان ۋە چيەنلۇڭ خاننىڭ بانۇسى (توقلى)

بولۇش تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلغان ئىدى. سارايدىكى بىرىنچى مۇھىم شەخس – خان ئانىسى ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ يېنىدا تىغ ساقلىغانلىقىنى خانغا مەلۇم قىلغان ھەمدە ئوغلىنى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتىن توسقان. چۈنكى، خان ئانىسىنىڭ ئېرى يۈگجېڭ خانمۇ جېجياڭلىق گۈزەل تەرىپىدىن تۆشەكتە ئۆلتۈرۈلگەنلىكتەك پاجىئەنىڭ مۇشۇ ئوردىدا يەنە تەكرارلىنىشىدىن ئەنسىرىگەن. خان ئانىسىنىڭ ئۇنى ئوغلىدىن يىراق تۇتۇشقا تىرىشىشىدىكى مۇھىم سەۋەب بولا ئەمەسلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەككى، دۇنيادا ئۆتكەن، ھازىر مەۋجۇت بولغان بارلىق خان ئانىلىرىغا ئورتاق بولغان تەخت ۋارىسىنىڭ كىم بولۇشى مەسىلىسىدىكى مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدا چيەنلۇڭنىڭ ئانىسىمۇ ئۆزىنى جاۋابكار ئورۇندا قويىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئەگەر ئوغلى بۇ مۇسۇلمان ئايال بىلەن ئۆيلەنسە، خانلىق تەختنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە مۇسۇلمان ۋارىسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن، يەنى دۆلەتنىڭ تەقدىرىدىن خەۋپسىرىگەن بولۇشى، شۇ كەسكىن سىياسىي مەقسەت سەۋەبلىك ئۇيغۇر قىزى ئىپارخاننى ئوغلىدىن يىراق تۇتۇشى، چارە قىلىپ ئۇنى يوقىتىش كويىدا بولۇشى ئەقىلگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئىككىنچى مۇھىم شەخس – چيەنلۇڭ خانغا كەلسەك، بايلىق ئۈچۈن كېڭەيمىچىلىك قىلىش، ئاجىز ئەللەرنى مۇستەملىكە قىلىش، زالىملىق – مۇتلەق كۆپ ئىمپېراتورلارنىڭ ماھىيىتى. ئەمما ئۇلار شەخسىي تۇرمۇشتا بەزىدە ساختا ئالىيجانابلىق، سالاپەت نىقابىغا ئورىنىشقا مەجبۇر. ئەگەر شاللاقلىق قىلسا، زورلۇق ئىشلەتسە، ئاۋامنىڭ نەزىرىدە كوچا بۇلۇڭلىرىدىكى لۈكچەكلەردىن پەرقسىز ھالغا چۈشۈپ قېلىشى ئۇلارغا ئايان. چيەنلۇڭ خان بىر پادىشاھ. بۇ سالاھىيەت ئۇنى، ئىمان بىلەن ئىپپەتنى ئەڭ ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان مۇسۇلمان قىزىغا زورلۇق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەت ئۈستىدە ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، ئەقىل بىلەن قارار بېرىشكە مەجبۇرلىغان دېيەلەيمىز.

تۇتقۇن ئۇيغۇر قىزىمىز ئىپارخان «قۇدۇققا چۈشكەن تاش كەبى» تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالدا ئۈچ يىل مەھكۇملۇقتا ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. 1765 - يىلى چيەنلۇڭ خان سىرتقا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خان ئانىسى ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ [10].

ياپون تارىخچىسى ھاچىرو ناكاياما (中山八郎) «ئىپارخان» ناملىق ماقالىسىدە: «ئىپارخان چيەنلۇڭ خاننىڭ ئالداشلىرى، دوق - پوپوزىلىرىغا قارىماي، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتقان، ئۇنىڭغا ھېچ باش ئەگمىگەن... بۇنىڭغا نارازى بولغان خان ئانىسى ئىپارخاننى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن» دەپ يازغان [11].

تارىخىي ئەسەر «ۋاقىئەتى كاشغەر»دە: «ئىپارخان بېيجىڭدا يارسىز، ھەمدەمسىز قېلىپ، ھىجرىيە 1179 - يىلى ۋاپات بولدى. ئۆمرى 29 يىل ئەردى...» دەپ يېزىلغان [12].

بۇندىن 20 يىل ئىلگىرى مەن «شىنجاڭ گېزىتى» (شەرقىي تۈركىستاندا تۈت خىل تىلدا چىقىدىغان كۆندىلىك گېزىت) دە مۇدىر مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىمدا، مەرھۇم خىزمەتدىشىم، ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتچىسى، ھۆرمەتلىك نىزامىددىن ھۈسەيىن ئەپەندى تەۋەررۈك سوۋغا سۈپىتىدە ساقلىشىمنى جېكىلەپ تۇرۇپ، تۆۋەندىكى ئىككى كۇپلېت شېئىرنى ئۆزىنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن خاتىرەمگە كۆچۈرگۈزگەن ئىدى. مەن تاكى شۇنىڭغىچە ئىپارخاننىڭ ئۆز نامىدا يېزىلغان شېئىرى بارلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدىم.

بەلكى دۇنيا خەۋەرسىز ئىدى دېسەكمۇ مۇبالىغە ئەمەس (ئىككى يىلدىن كېيىن، مەندە ئىپارخاننىڭ شېئىرى بارلىقىدىن خەۋەر تاپقان، ئىپارخان ھەققىدە رومان يېزىشقا تۇتۇنغان بىرىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن ئۇنىڭغا ئاشكارىلىغان ئىدىم. تا شۇنىڭغىچە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان). تۆۋەندە بۇ شېئىرنى ئەينەن يەتكۈزىمەن:

هەرنە كۈتمۇشتۇر قارارىم،
مۈشكۈلى رەنجۇ–ئۆلۈم.
قان يۇتۇپمەن هەردەققە،
دەرتتە ئۆتمۈشتۇر كۈنۈم.

بەزلىبان تەرك ئەتكۈزۈش،
قەستى ۋەتەن خان ئالدىدا.
كەچمىشىم ۋىژدان ئەمەس،
تەييار كېچىش جان ئالدىدا!

نۇرئەلانۇر خېنىمنىڭ تۇتقۇندىكى ھاياتى تولۇق ئەكس ئەتكەن ھەقىقىي تارىخ دەل مۇشۇ شېئىردىدۇر.

بىز بۇ شېئىرنىڭ ئەسلىي قولىيازمىسىغا ئىگە ئەمەس، بىزگە تەۋەررۈك قىلغان نىزامىددىن ئەپەندىمۇ يوق. بۇ شېئىرنى نۇرئەلانۇر خېنىمنىڭ شېئىرى دېيىشكە، ئۇنىڭ تارىخىي مەنبەلەردە بىردەكلىككە ئىگە بولغان دۈشمىنىگە تىز پۈكمەس جاسارىتى، ئىمانىنى مۇقەددەس بىلىشى... قاتارلىق كىشىلىكلىرىدىن باشقا يەنە، بىز نۇرئەلانۇر خېنىمنىڭ كىچىكىدە ئىلىم ساۋاتىغا ئېرىشكەنلىكىنى، شېئىر - قوشاق توقۇشقا ماھىر، شائىرانە ھېسسىياتقا باي تىپىك ئۇيغۇر پەرزەنتى ئىكەنلىكىدىن جەزملەشتۈرىمىز. تۇتقۇنلۇق، ۋەتەنگە تەلپۈنۈش، يالغۇزلۇق، تىل ئۇقۇشماسلىق، ئېرىدىن، پەرزەنتىدىن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن جۇدا بولماق، تۆكۈلگەن قانلار... بۇنداق ئاچچىق كەچمىشنى، كىشىگە دېگىلى بولمايدىغان مەخپىيەتلىكنى شائىرانە ھېسسىياتى بار ھەرقانداق ئىنسان شېئىر بىلەن پارتلىتىپ چىقارماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. شائىرانە ھېسسىياتقا باي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇرلىرىدىن مەمتىلى تەۋپىق، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەرمۇ تۇتقۇندىكى مەزگىلىدە تۈرمە تاملىرىغا قېنى بىلەن ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ مىراس قالدۇرغان ئىدىغۇ!

ئىپارخاندىن 100 يىل كېيىن ئوخشاشلا مانجۇ دارىنغا خوتۇنلۇققا زورلانغان، (1862 - يىلى) تۆشەكتە دارىنغا پىچاق سېلىپ، باياۋانلارغا قاچقان، تۇتۇلۇپ بېشى چېپىلغۇچە ھەم دىنى، ھەم كىشىلىكىدە ئوخشاشلىق بولمىغان مانجۇ دارىنغا ئىپپىتىنى خار قىلمىغان نازۇگۇممۇ كەچمىشىنى شېئىر - قوشاق بىلەن ئىپادىلىگەن رېئال ئۇيغۇر قىزى ئىدى. ئۇنىڭ قاچقۇندا يۈرۈپ توقۇغان شېئىر - قوشاقلاردىن بىزگە يېتىپ كەلگەنلىرى 100 كۇپلېتقا بارىدۇ. نازۇگۇم تاغ - ئۆڭكۈرلەرنى ماكان قىلىپ، ياۋا ئوت - چۆپ، مېۋە يەپ، ئاجايىپ قەيسەرلىك

بىلەن ھاياتىنى ساقلىغان، ئاخىرىدا دۈشمەن قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ پاجىئە ئىپارخان پاجىئەسىگە تېخىمۇ يېقىن. يەنى، ئىسلام ئەقىدىلىرى قانداق سەۋەب، قانداق شەكىلدە بولسۇن، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى مەنئى قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدا «ئىپارخان ئۆزىگە خەنجەر تىقىپ ئۆلۈۋالغان» دېگەن بەزى ئاغزاكى بايانلارنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ شېئىرىدىكى «ھەرنە كۈتمۈشتۇر قارارىم، مۈشكۈلى رەنجۇ - ئۆلۈم» دەپ جاكارلىغىنىدەك، دۈشمەن قولىدا ئۆلۈشكە تەييارلانغانلىقىدىن جەزملەشتۈرەلەيمىز.

ئىككىنچى، بۇ شېئىرنى ئىپارخان يازغان دەپ قارىشىمىزغا يەنە بىر ئاساس شۇكى، ئۇنىڭ سوپىزم تەرىقەتچىلىرىنىڭ كاتتىباشلىرى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىقىشىدۇر. سوپىزم ئاللاھقا بولغان سېغىنىشنى، ساداقىتىنى ئاھاڭدار شېئىرىي شەكىلدە بايان قىلىدۇ. ئىپارخان شېئىر ۋە شائىرلار ئىچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سەۋەبلىك، شۇنداقلا شائىر بولغان ئېرى خوجا جاھانىنىڭ تەسىرىدە شېئىرىيەتكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان دېيەلەيمىز.

خوجا جاھانىنىڭ «ئەرشى» تەخەللۇسى بىلەن يازغان شېئىرىدىن بىر پارچىسى مۇنداق مەزمۇندا ئىدى:

> ھازىر ئۆلگىل، ئەي كۆڭۈل، جانغا بالالەر كەلگۈسى،
> يۈز قاتىغ ئىش، شىددەتلىك بالالەر كەلگۈسى.
> نە كىشى ھالىڭغا يىغلار، نە تۇتارلەر ماتىمىڭ،
> ماتىمىڭ تۇت، يىغلاغىل، تۇت ئەۋلادىڭ كەلگۈسى! [13]

ئۈچىنچى، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيەسىگە نەزەر سالساق، ئىسلام دىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا كۆلەملەشكەن، مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئالغان دەۋرى بولۇپ، ئىسلام دىنىغا يات بولغان باشقا قوۋم، يەنە كېلىپ دۈشمەن قوۋمغا قارىتا، ئىپارخان قالدۇرغان شېئىردا جاكارلانغىنىدەك، خارلىنىشتىن ئۆلۈمنى ئەلا بىلگەن ئىپپەتلىك ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ يەنە بىر تىپىك ۋەكىلى «يەتتە قىزلىرىم» دۇر. مىسال ئالساق، 1765 - يىلىنىڭ بېشىدا مەنچىڭ باسقۇنچىلىقىغا قارشى قوزغالغان «ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى» (جىگدە يېغىلىقى) شۇ يىلى 8 - ئايدا مەغلۇپ بولىدۇ. جەڭدە شېھىت بولغان رەھمتۇللا بەگنىڭ سىڭلىسى مايسىخان 150 ئەر - ئاياللىنى قايتا تەشكىللەپ، چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قورال، سان جەھەتتە ئۈستۈنلۈكتە بولسىمۇ، يەر شارائىتىنى ئۆزلىرىدەك بىلمەيدىغان ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلار بىلەن يەنە ئۈچ ئاي تىركىشىدۇ. قۇربان بولغانلار كۆپەيگەن، خەلق بىلەن ئالاقە ئۈزۈۋېتىلگەن ئەھۋالدا ئۇلار ئاقتوقاي تېغىدا قورشاۋغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ۋاپادار دوستلاردىن: مايسىخان، غۇنچە قىز، دىلبەر قىز، زۆھرە گۈل، قەمبەرنىسا، ئەختەرنىسا، گۈلئايىم قاتارلىقلار ھايات قالغان بولۇپ، ئۇلار يا تەسلىم بولۇپ خارلىقتا ياشاش، يا ئۆلۈم بىلەن دۈشمەنگە قارشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت تاللاش ئالدىدا، ئاقتوقاينىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ، كەينى - كەينىدىن چوڭقۇر جىراغا ئۆزلىرىنى تاشلايدۇ. ھازىر بۇ يەردە ئۇچتۇرپان خەلقى تىكلىگەن «يەتتە قىزلىرىم مەقبەرەسى» بار.

17 - ئەسىردىن 18 - ئەسىرگىچە ياشىغان نازۇگۇمنىڭ، «يەتتە قىزلىرىم»نىڭ، ئىپارخاننىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ ئوخشاشلىقتىن، ئۇلار ياشىغان دەۋردە ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيەسى –

نومۇس - ئىتىقاد، ئىپپەت - ئەخلاق تۇيغۇسى، ئىمانىنى پاك ساقلاش، باسقۇنچىلارغا قەتئىي تىز پۈكمەسلىك نۇقتىسىدا يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ياراتقان بۇ قىممەتلىك يالداملار – ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەخلاقىي ئەنئەنىسىنىڭ جەۋھىرىدۇر. دېمەك، ۋەتىنىدىن، قىلىچىدىن، ھۆرلۈكىدىن مەھرۇم بولغان تۇتقۇن مەزلۇملارنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىمۇ ئۇلار ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئاشۇ قىممەتتىن كەلگەن. قولىمىزدىكى بۇ شېئىرلار ئاشۇ قىممەتنىڭ بايانىدۇر.

تۆۋەندە ئىپارخاننىڭ شېئىرىدىكى مەزمۇنلارغا زىت بولمىغان شى يىننىڭ شېئىرىنى كۆرىمىز.

## 3. مەنچىڭ ئوردىسىدىكى ئىككى ئىسىم – «روڭفېي» (容妃)، «شياڭفېي» (香妃) لار ھەققىدە

مەنبەلەردىن ئىزدىنىشىمىزچە، تاكى چىڭ خانلىقى يىقىلغانغا قەدەر ئوردىدا ئىپارخان ئىسىملىك مەلىكىنىڭ ياشىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات ئاشكارىلانمىغان بولۇپ، 1914 - يىلى گۇگۇڭ خان سارىيىدىكى رەسىم كۆرگەزمىسىدە ئىتالىيەلىك رەسسام لىئون سىزغان، ئۈستىگە ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيگەن، ئىتالىيەلىك رىتسارلار قىياپىتىدىكى بىر مەغرۇر ئايالنىڭ رەسىمى قويۇلغان. رەسىمنىڭ ئاستىغا «غەربىي يۇرتلۇق ۋاڭنىڭ مەلىكىسى – شياڭفېي» دەپ يېزىلغان[14].




(شياڭ (香) – خەنزۇچىدا ئىسىل پۇراقلىق مەنىسىدە) رەسىمنىڭ ئاستىغا شائىر شى يىننىڭ جۇڭخۇا مىنگونىڭ 7 - يىلى بۇ رەسىمگە يازغان بېغىشلىما شېئىرى قوشۇپ قويۇلغان:

ھۆر گۈزەل جانان تۇرار شەمشەر ئېسىپ ھەيۋەت بىلەن،

سىغىنىپ ئۆز يۇرتىنى چەكسىز مېھرۇ - مۇھەببەت بىلەن،
تەلپۈنەر راۋاقتا قىز ئۆز يۇرتىغا غەمكىن بېقىپ،
كىيىمى قانغا بويالغان، يىغلىغان ھەسرەت بىلەن.
قاقشىتىپ ئەپكەلدى خان، شۇ قىزنى خان دىيارىغا،
تەڭرىتاغ قالغان غەزەپتە، بوغۇلۇپ نەپرەت بىلەن.

رەسىمدىكى مەلىكە – خوجا جاھاننىڭ مەلىكىسى نۇرئەلانۇر خېنىم بولۇپ، «شياڭفېي» بولسا ئۇنىڭ تۇتقۇندىكى ئىسمىدۇر. مەنچىڭ ئوردىسىدىن قالغان تارىخىي يازمىلاردا «مەمۇرە ئەزەم خېنىم، نۇرئەلانۇر خېنىم» دېگەن ئەسلىي ئىسمى ئۇچرىمايدۇ.

جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتە، مەنچىڭ ئوردىسىدىن ئونمىڭلارچە يول يىراقلىقتىن تۇتقۇن قىلىنىپ، خان ئوردىسىغا كەلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىرقى، يەنى چىرايى، تىلى، دىنى، مەدەنىيىتى... قاتارلىقلاردا چوڭ مەملىكىتىدىكى ئىنسانلارغا تامامەن ئوخشىماسلىقى بىر ھەقىقەتتۇر. ئۇنىڭ ئوخشىمايدىغان مەنە، تەلەپپۇز، ئاھاڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلىنىدىغان نامىنىڭ ئۆزىنى مەجبۇرىي قوشۇۋالغان يېڭى توپنىڭ تىل ئىستېمالىغا ئاسان ماسلىشالماسلىقمۇ تەبىئىي. چۈنكى، تىل – دىلدۇر. تىل تاۋۇشلىرىدىكى مۇتلەق پەرقلەر تۈپەيلى چوڭ قوۋمغا نىسبەتەن ئۇنىڭ دىلىنى چۈشىنىش ئەمەس، نامىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشمۇ قىيىندۇر. ئەگەر بىر سىياسىي تۇتقۇننىڭ نام - شەرىپىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى، تىل مەسىلىسىدىنلا كۆرمەي، مىللىي كىملىكىدىن، ئۆزى تەۋە توپنىڭ سىياسىي مۇھىتىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان، ئۇچۇرۇش ئىشلەنگەن سۈيىقەست دېسەكمۇ خاتا ئەمەستۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، شياڭفېينىڭ چيەنلۇڭ خان بىلەن ئاتلىق ئوۋغا چىققانلىقى تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر پارچە رەسىممۇ بار بولۇپ، تارىخچى شۇ لىڭشاۋ ئەپەندى ئىككىنچى رەسىم توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ: «شياڭفېي بۇرۇلۇش ياساپ، خان بىلەن ئوۋغا چىققانمۇ؟ بۇ رەسىم كىشىگە تولۇق چۈشەنچە بېرەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە خان بىلەن ئوۋغا چىققان قىز شياڭفېي ئەمەس، روڭفېيدۇر» [15].

«شياڭفېي» دېگەن ئىسىم قانداق پەيدا بولغان؟

بەزى تەتقىقاتچىلار: «ئۇنىڭ بەدىنىدىن گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق كېلەتتى. شۇڭا ‹شياڭفېي›، يەنى ‹ئىپارخان› ئاتالغان» دەپ يېزىشتى. مېنىڭچە، بۇ قىلچە ئىلمىي ئاساسى بولمىغان ھۆكۈم.

ئەجەبا، ئۇنىڭ بەدىنى تۇتقۇن بولغاندىن كېيىن خۇش پۇراق تارقىتىشقا باشلىغانمۇ؟ ئىتالىيەلىك سىزغان رەسىم ئاستىدىكى چۈشەندۈرۈشتىن قارىغاندا، ئىپارخان نامى ئۇنىڭغا تۇتقۇنلۇقتا قويۇلغان، ئۇ چىڭ ئوردىسىغا كىرىشتىن بۇرۇنقى يازمىلاردا ئىپارخان دېگەن ئىسىم ئۇچرىمايدۇ. ئەسلى ئۆزىنىڭ ئىككى خىل نامى بولسا ئوردا خاتىرىلىرىدە ئۇچرىمايدۇ؛ بەدىنىدىن تەبىئىي ئىپار - ئەتىر پۇرايدىغان ئادەم بالىسىدىن ئىنسانىيەت دۇنياسى بىنا بولغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۇچۇر يوق. بۇ پەقەت «سايرىسا ئاغزىدىن دەستە - دەستە گۈل تۆكۈلىدىغان بۇلبۇلگويا»غا ئوخشاش گۈزەل رىۋايەت.

ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بۇ رىۋايەت تۇسىدىكى ئىسىم ئوتتۇرىغا چىقتى؟

بىرىنچىدىن، يىپەك يولى گۈللەنگەن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە، قەشقەرگە ئىران، ھىندىستان، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سودىگەرلىرى ئېپار، زەپەر ۋە باشقا پۇراقلىق بۇيۇملارنى ئەكېلىپ ساتقان. مەمۇرە ئەزەم خېنىم يۇقىرى قاتلامدىن كېلىپ چىققانلىق سالاھىيىتى بىلەن كىچىكىدىن بۇ خىل بۇيۇملارنى، قەدىمىي ئەنئەنىۋى گىرىم بۇيۇملىرىدىن گۈل سۈيىدەك خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى ئىشلىتىشكە ئۆگەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، چيەنلۇڭ خان ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن يۇرتىدىن جىگدە كۆچىتى ئەكەلدۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن راۋاقلىق باغ ياساتقانلىقى ھەققىدە خەنزۇ يازغۇچىلارنىڭ مەنبەلىرىدە ئۇچۇر بار. جىگدە چېچەك پەسلىدە ئاجايىپ يېقىملىق پۇراق تارقىتىدۇ. ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار بالاغەتكە يەتكەن گۈزەل قىزلارنى «جىگدە پۇراپ قاپتۇ» دەپ سۈپەتلەيدۇ. ئىلگىرى جىگدە بولمىغان بېيجىڭدا مۇنداق بىر خاسىيەتلىك دەرەخنىڭ پەيدا بولۇشى، يېقىملىق پۇراق تارقىتىشى خان سارىيىدا زور قىزىقىش قوزغىغان. «شياڭفېي» دېگەن ئىسىمنىڭ، مەمۇرە ئەزەمنىڭ سەۋەبىدىن كەلتۈرۈلگەن بۇ دەرەخنىڭ ئاشۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

بۇ يەردە ئەسكەرتىش كېرەككى، خىتايدا پادىشاھلىق تۈزۈمى ئاخىرلىشىپ، چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىدىن جاق تويغان خەلق ئارىسىدا چىڭ خان ئوردىسىدا بىر ئۇيغۇر خاتۇنىنىڭ مۇرەسسەسىز ھالدا مانجۇ خانى بىلەن ئېلىشقانلىقى توغرىسىدىكى تەسىرلىك ھېكايە «شياڭفېي» دېگەن باش قەھرىماننىڭ نامى بىلەن تارقالغان. كېيىن قۇرۇلغان سۇن جوڭشەننىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن بۇ بىر ئىجابىي ئوبراز بولغان. 1949 - يىلى، كوممۇنىستىك پارتىيە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە ھوقۇقدارلىقىدىكى خىتاي (جۇڭخۇا) خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، خىتاي يازغۇچىلىرى بەس - بەس بىلەن ئىپارخاندىن ئىبارەت ئوبرازنى مۇستەملىكىچىلىككە، مىللىي زۇلۇمغا قارشى مىللىي قەھرىمان قىلىپ يازدى. پەقەت «ئىپارخان»، «ئىپارخاننىڭ غەزىپى» قاتارلىق درامىدىنلا ئۈچى يېزىلدى. گو چيڭخەي يازغان، بېيجىڭ جىڭجۈ تىياتىرى ئۇسلۇبىدا سەھنىلەشتۈرۈلۈپ كۆپ قېتىم ئوينالغان، ئۈچ كۆرۈنۈشلۈك «ئىپارخان» [16]، ئىتالىيەلىك سىزغان ئىپارخان رەسىمگە شائىر شى يىن يازغان بېغىشلىما شېئىردىن باشقا يەنە، خىتاي شائىرى يەن جىڭ يازغان «ئىپارخان ھەققىدە»، «ئاق تۇلپار» قاتارلىق شېئىرلارنى ئاتاش مۇمكىن. يەن جىڭ شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

باھار نۇرلىرىدا جانلانغان دالا،
چۆمۈلدى جىگدىلەر چاچقان پۇراققا.
گۈپۈلدەپ ئۇرۇلغان جىگدىنىڭ ھىدى،
ھالقىپ تەڭرىتاغدىن كېتەر ئۇزاققا.
ئۆتمۈشتە بۇ ئانچە قەدىم چاغ ئەمەس،
قەشقەردىن چىققانتى بىر ئۇيغۇر قىزى،
ئىسمىدۇر ئىپارخان، گۈزەللىكتە ئۇ،

پۇراقلىق ئېچىلغان چېچەكنىڭ ئۆزى.

..............................................

بوزەك قىپ بولمايدۇ باتۇر مىللەتنى،

ئىپارخان شۇلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسى! [17]

1914 - يىلى ئىتالىيەلىك رەسسامنىڭ رەسىمى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن رەسىم چۈشەندۈرۈشىدىكى «شىياڭفېي» دېگەن ئىسىم ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، چىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا «شىياڭفېي» ناملىق خانىش يېزىلمىغان (بەلكى ئۇنىڭ خانىنى رەت قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك.) «روڭفېي» دېگەن خانىشنىڭ نامى كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بەزى خىتاي تارىخچىلار: «ئىككىسى بىر ئادەم» دېيىشىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇيغۇر تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئابدۇرېھىم سابىت ئەپەندى، چىڭ سۇلالىسىگە دائىر «غەيرىي تارىخنامە»دىن بەش روڭفېينى تاپقانلىقىنى، ھەممىسىنىڭ مۇسۇلمان خانىش دەپ يېزىلغانلىقىنى ئېيتتى [18]. ئېنىقكى، ئۇن ھۆكۈمران ئالماشسا، تارىخنى ئۇن خىل يازىدۇ. ئىپارخاننىڭ تۇتقۇندىكى تارىخىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

«شىياڭفېي» نامىنى ئىتالىيەلىك رەسسام تۇنجى بولۇپ ئاشكارىلىغانلا ئەمەس، ئۇ بىزگە «غەربىي يۇرتلۇق ۋاڭنىڭ مەلىكىسى» دەپ ئېنىق يازما قالدۇرغان. قولىمىزدىكى بۇ بىر پارچە رەسىمدىن ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن لىئونىنىڭ چۈشەندۈرۈش ئىزاھاتىدىن ئىككى ئۇچۇرغا ئېرىشىمىز:

بىرى، ئۇنىڭ نامى خان ئوردىسىدا «شىياڭفېي» ئاتالغان؛ يەنە بىرى، ئۇ چيەنلۇڭغا خوتۇن بولماي، «غەربىي يۇرتلۇق ۋاڭنىڭ مەلىكىسى» سالاھىيىتىدە قالغان.

«شىياڭفېي» دەل بۈگۈنگە قەدەر مىللەتنىڭ غۇرۇر مەنبەسى بولۇپ كېلىۋاتقان ئىپارخاننىڭ ئۆزىدۇر.

بۇ يەردە مەن تۈرك يازغۇچىسى، تەتقىقاتچى، دراماتورگ ھۆرمەتلىك فاتما مۇزەپپەر كايا خانىم يازغان «دىلشاد خاتۇن» درامىسىدا ئۇچراتقان دىلشاد خاتۇن (يەنى ئىپارخان دېمەكچى) دېگەن ئىسىمنىمۇ ئەسلەپ ئۆتۈشنى خالايمەن. ئەمما مەن تارىخىي خاتىرىلەردە ئۇنىڭ مۇنداق 5 - نام بىلەن ئاتالغىنىغا ئىشەنچلىك ئاساس تاپالمىدىم. 1811 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دىنىنى ۋاستە قىلىپ، ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش سىياسىتىگە بىنائەن چۈشۈرگەن يارلىقىنى ئېلىپ، بېيجىڭدىن قەشقەرگە كەلگەن ھەمدە 1692 - يىلى ئاپاق خوجىنىڭ ئوغلى يەھيا خوجا ئىككىنچى قېتىم ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساتقان (بۇ قەبرىگاھ 1640 - يىلى ياسالغان) خوجىلارنىڭ قەبرىگاھىنى ئۈچىنچى قېتىم قايتا ياساش - رېمونت قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلغان مانجۇ خاتۇن سۇ دەيشياڭنى ئۇيغۇرلار «دىلشاد خاتۇن» دەپ ئاتىغانلىقى ھەققىدە، ئاشۇ قەبرىگاھنىڭ پەشتىقىغا يېزىلغان پارس تىللىق بىر شېئىردا مۇنداق ئۇچۇر بار. يەنى:

شىنەۋ بانىئى ئىن تەمىرى پوركار،

بىدانىش ھايى خۇد ۋاقىف بىئەسرار.

زىمالى مۇلۇكەت ئىن دەھرى ئازاد،

مەلىكە نامى پاكى ئۇست دىلشاد.

مەنىسى: بۇ چوڭ قۇرۇلۇشنى سالدۇرغۇچى كىشى ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار، ئەقىل - پاراسەتلىك ئۆزى مەلىكە بولۇپ، ئىسمى دىلشاد ئىدى. پەشتاقتا يەنە مۇنداق مىسرالار بار:

بەيايەد ھەمچۇخۇد ئەز شەرقىي چىنى،

بەدىن دەرگاھ بەراي خوشەچىنى.

مەنىسى: شەرقىي چىندىن بۇ ئۇلۇغ دەرگاھقا ساۋاپ ئىزدەپ كەلگەن ئىدى [19].

يەنە ئاغزاكى بايانلاردا سۇدەيشياڭ (يەنى دىلشاد خاتۇن) چيەنلۇڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىپارخاننىڭ جەسىتىنى ئېلىپ، ئالتە ئاي يول يۈرۈپ، ئاپاق خوجا مازارىغا دەپنە قىلغان، دېيىلىدۇ. شېئىر بىلەن ئاغزاكى بايانلاردا سۇدەيشياڭ (يەنى دىلشاد خاتۇن) نامىدا ئوخشاشلىق بولسىمۇ، قەبرە ياسالغان 1811 - يىللىرىدا چيەنلۇڭ خان دەۋرى ئاخىرلىشىپ، جياچىڭ خان دەۋر سۈرۈۋاتقان ئىدى. شۇڭا، سۇدەيشياڭ چيەنلۇڭ زامانىدىكى ئىپارخاننىڭ جەسىتىنى ئېلىپ، قەشقەرگە كەلگەن دېگەن بايانىنىڭ ئاساسى يوق. يەنە بەزىلەر بۇ شېئىردا ئېيتىلىۋاتقان «دىلشاد خاتۇن» ئىپارخاننىڭ ئۆزى، دەپ قارىسىمۇ، بۇ قاراش شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا، ئىپارخاننىڭ ياشىغان، ئۆلگەن يىلنامىگە تېخىمۇ ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا ئاساسى يوق [20].

يۇقىرىدا باش پېرسوناژىمىزنىڭ مەمۇرە ئەزىزە خېنىم، نۇرئەلانۇر خېنىم، روڭفېي، شياڭفېي دەپ ئاتالغان تۆت خىل ئىسمىنىڭ ئۇنىڭ مۇرەككەپ ھايات مۇساپىسىگە باغلانغان ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلدۇق.

ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇرلار قاچاندىن باشلاپ ئىپارخان ئاتىغان؟

«1951 - يىلى ئىبراھىم مۇتىئى (تىلشۇناس ئالىم، ئەدەبىي تەرجىمان، 1920 – 2010)، توختى باقى ئارتىشى (تەتقىقاتچى، داڭلىق تەرجىمان، 1922 – )، ئۇيغۇر ئالىم جيەن بوزەن ئەپەندى (تارىخشۇناس ئالىم، 1898 – 1968) ئۇچەيلەن بېيجىڭدا ‹ئىپارخاننىڭ غەزىپى› تىياتىرىغا باردۇق، باش قەھرىمانىنىڭ نامى ‹شياڭفېي› ئىدى... بىز بۇ ئىسمنى ئۇيغۇرچە ئىپادىلەش ئۈستىدە مۇنازىرە قىلدۇق، نەتىجىدە بىزدىكى ‹ئىپارخان› دېگەن ئىسىمغا ئەڭ يېقىن كېلىدىغانلىقىنى، مەنانى تولۇق ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇشۇنداق بېكىتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇرچە يازمىلاردا بۇ نام ئومۇملاشتى» [21].

مانا بۇ بایاندىن ئالىملىرىمىزنىڭ مەمۇرە ئەزىم خېنىمنىڭ چىڭ ئوردىسىدىكى نامى «شياڭفېي»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نامىغا ئېرىشىشىگە ۋە مۇقىملاشتۇرۇلۇشىغا شاھىت بولغانلىقىدەك مۇستەھكەم پاكىتقا ئېرىشتۇق.

### 4. ئىپارخاننىڭ قەبرىسى نەدە؟

بۇ مەسىلىدىمۇ ئىككى خىل قاراش بار: a) قەشقەردە؛ b) چىڭ سۇلالىسىنىڭ خاس شەرقىي قەبرىستانلىقىدا.

1) بىز يۇقىرىدا «دىلشاد خاتۇن»نىڭ كىملىكى ئۈستىدىكى بايانىمىزدا ئاپاق خوجا قەبرىگاھىنى تىلغا ئالغان ئىدۇق. قەشقەر شەھىرىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قوغان

دېگەن جايدا ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى بىر مەقبەرە بار. بۇ مەقبەرەنى ئۇيغۇرلار «ئاپاق غوجا مەقبەرەسى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ يەردە 72 قەبرە ساقلانماقتا. قەبرىلەر رىتىنىڭ ئوڭ تەرەپ بۇرجىكىدە ئالاھىدە نىقابلانغان بىر قەبرە كۆزگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. بۇ قەبرە «ئىپارخان مەقبەرەسى» نامىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالماقتا.









**تۇتقۇن خاتۇننىڭ جەستى قەشقەرگە قانداق كەلتۈرۈلگەن؟**

ئاغزاكى بايانلاردا ئىپارخاننىڭ جەسىتىنى يات تۇپراقتا قالدۇرماسلىق توغرىسىدا ئوردىدىكى تۇتقۇن ئۇيغۇرلارغا ۋەسىيەت قىلغانلىقى ۋە ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەلپى، خاننىڭ يارلىقى بىلەن جەسەتنى تەخترىۋانغا سېلىپ بىر توپ كىشىلەرنىڭ قەشقەرگە ئېلىپ كەلگەنلىكى، ئاتا - بوۋىسىنىڭ قەبرىگاھىغا قويۇلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. 1957 - يىلى ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيەدە بولغاندا، ئىپارخان مەقبەرەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش - تەتقىقاتلاردا بولغان تارىخچى يۈسۈپبېك مۇخلىسوۋ ئاپاق خوجا مازارىنىڭ مۇتەۋەللىسى، ئۇيغۇر تارىخى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى مۇھەممەد ئىمىن ھاجى بىلەن بولغان سۆھبىتىنى مۇنداق يازىدۇ: «بېيجىڭدىكى يۇرتداشلىرى ئىپارخاننىڭ جەسىتىنى مومىيالاپ، بەش مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يولنى پىيادە بېسىپ، ئۆز ئانا ماكانىنىڭ تۇپرىقىغا دەپنە قىلغان» [22].

بۇ ھەقتە يەنە ئۆزبېكىستان دۆلەت مۇزېينىڭ تارىخ پەنلەر نامزاتى ئېرپان توختىيوۋ مۇنداق يازىدۇ: «مەن 1956 - يىلى ‹شىنجاڭنىڭ 1949 - يىلدىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسى›نىڭ تەركىبىدە قەشقەرگە بېرىپ، ئاپاق خوجا مازارىنى زىيارەت قىلدىم. بىزنى باشلاپ كىرگەن يولباشچى بىر قەبرىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان تەخترىۋاننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ‹بۇ ئىپارخاننىڭ جەسىتىنى بېيجىڭدىن كۆتۈرۈپ كەلگەندە ئىشلەتكەن تەخترىۋان› دەپ چۈشەندۈردى... ئاشۇ تەخترىۋاننىڭ ئۆزى:

ئىپارخان بوۋىسى ئاپاق خوجا بىلەن بىر مەقبەرەگە دەپنە قىلىنغان، دەپ خۇلاسە قىلىشقا دەلىل بولالايدۇ» [23].

2) چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي قەبرىستانلىقىدىكى تولۇنئاي راۋىقىنىڭ شەرقىدىكى 2 - رەت 1 - نومۇرلۇق قەبرە — روڭفېي (يەنى ئىپارخان) قەبرىسى. بۇ قەبرىگاھ 1979 - يىلى 10 - ئايدا بايقالغان.

1983 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ «ئىپارخان كۆرگەزمىسى» نامىدا ئېچىلماقتا. خىتاي تارىخچىسى لۇ مىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «روڭفېي قەبرىسىدىن ئۇستىگە ئالتۇن ھەل بىلەن ئەرەبچە — بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىيم — دېگەن خەتلەر يېزىلغان جەسەت ساندۇقى، ئاقارغان ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ، ئوردا كىيىمى، ئوردا بۇيۇملىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى ئاخىرەتلىك بۇيۇم، بىرنەچچە پارچە توقۇلما بۇيۇملار تېپىلغان... بۇيۇملار بىلەن رىۋايەتلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ نامىنىڭ روڭفېي بولۇپ، رىۋايەتتىكى ئىپارخان ئىكەنلىكى دەلىللەنگەن» [24]. بۇ خىل قاراشتىكىلەر 2007 - يىلى روڭفېينىڭ باش سۆڭىكىدىن پايدىلىنىپ، ئىپارخاننىڭ سۈرىتىنى سىزىپ چىقتى ۋە ئېلان قىلدى. (رەسىم)



بۇ ھۆكۈمگە مۇنداق سوئاللار تۇغۇلىدۇ: بىرى، 1914 - يىلى بىر پارچە رەسىم بىلەن سالاھىيىتى ئاشكارىلانغان، 1950 - يىلدىن كېيىن خىتاي ۋە چەت ئەل يازغۇچى - تارىخچىلىرىنىڭ قىزىق تېمىسىغا ئايلانغان بۇ شەخسنىڭ قەبرىسى تاكى 1970 - يىللارنىڭ ئەڭ ئاخىرىغىچە خىتاي ئارخېئولوگلىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىمىغانمۇ؟





ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن سۈرەتتىكى ئىپارخانغا قاراپ، ئۇنى خىتاي، خۇيزۇ، مانجۇلارغا ئوخشىتىش مۇمكىن. لېكىن سىزغان رەسىمدىكى ئىپارخان بىلەنمۇ، ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايى بىلەنمۇ ئورتاقلىقنى تاپالمايمىز. دېمەككى، ئىپارخاننىڭ تۇتقۇندىكى سالاھىيىتى، كەچمىشى بىلەن ئۇنىڭغا بېغىشلانغان بىر قەبرە بېرىشنىڭ تارىخىي قىممىتىنى تونۇغان كىشىلەر بىر ئايال كىشىنىڭ قەبرىسى، چىڭ سۇلالىسىگە مەنسۇپ بىر خانىشنىڭ قەبرىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئالدىراپ ئۇنى ئىپارخانغا بېغىشلىغان، باش سۆڭىكىدىن پايدىلىنىپ «چىرايىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ» ئېلان قىلىشقان ئەتكەن.

يەنە بىرى، «ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى ئاخىرەتلىك بۇيۇملار تېپىلغان» بولسا، 250 يىل ئىلگىرىكى يېزىقنى ئوقۇش - يېشىش تامامەن مۇمكىن بولۇۋاتقان بۈگۈنمىزدە شۇ يازمىلار ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈش ئىمكانى بولمىدىمۇ؟ قايسى يېزىقتا ئىدى؟

ئەمدى باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ يەكۈننى ئاڭلايلى:

خىتاي تەتقىقاتچى ۋاڭ گوگۇاڭنىڭ قارىشى باشقىچە بولۇپ، ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «بەزى كىشىلەر ئۇنى چيەنلۇڭغا خانىش بولغان، دېيىشىدۇ. بىراق چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرىدىن پاكىت تېپىپ بېرەلمەيدۇ. يەنە بەزىلەر روڭفېي دەل ئىپارخاندۇر، دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە روڭفېي 15 يېشىدا ئوردىغا كىرگەن، 1788 - يىلى ئۆلگەن. ئىپارخان بولسا 27 يېشىدا ئوردىغا كەلتۈرۈلگەن».

يەنە بىر خىتاي تەتقىقاتچى جو گوشىن ئەپەندىنىڭ يەكۈنى تېخىمۇ ئەتراپلىق. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «چىڭ سۇلالىسى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان باش سۆڭەكنى تەكشۈرۈپ -

تەتقىق قىلىشىمىدىن قارىغاندا، روڭفېي، بىرىنچىدىن، 50 ياشتىن ھالقىغان ئايال؛ ئىككىنچىدىن كۆرۈمسىز ئايال؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر بولۇشى ناتايىن. قەبرىدىكى ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردىن قارىغاندا جەسەت بۇددا قائىدىسى بويىچە دەپنە قىلىنغان. جەسەت ساندۇقىغا يېزىلغان بىر نەچچە ئەرەبچە يېزىق ئۇنىڭ ئىپارخان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ».

ئىپارخاننىڭ كىملىكى، قەبرىسىنىڭ نەدە بولۇشى — ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىغا تەسىرى كۈچلۈك، مۇناسىۋىتى چوڭ بىر تېما. ئوچۇقراق ئېيتقاندا، ئىپارخان — ئۇيغۇرلار ئۈچۈن گۈزەل، ئەخلاقلىق ئايال، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى قورال كۆتۈرگەن جەسۇر جەڭچى، غۇرۇرنىڭ سىمۋولى. شۇڭا ئىپارخاننىڭ تارىختىكى سالاھىيىتىنىڭ ئەينەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتلىك. 1950 - يىللاردىكى ئىپارخان ئوبرازى ختاي دراماتورگلار ۋە شائىرلار، چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ يەكۈنلىرىدە ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن ئىدى. 1960 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئىپارخان ۋەقەسىدىكى تەپسىلاتلار ھەرقانچە ئىنچىكىلەشسۇن، كۆپتۈرۈلسۇن ياكى ئۆزگەرتىلسۇن، ئۇنىڭ ۋەتەننى قوغداش جېڭىدە تۇتقۇن بولغان، خانغا ھەدىيە قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىمان - ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، خانغا باش ئەگمىگەنلىكتەك ئاساسىي ۋەقەلىكتە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە، بولۇپمۇ بېيجىڭدا «روڭفېي قەبرىسى تېپىلغان ۋە كۆرگەزمە قىلىنغان»دىن كېيىن بۇ تارىخىي رېئال شەخس تەتقىقات ماتېرىياللىرىدىلا ئەمەس، كىنولار، تىياتىرلاردىمۇ يېڭى مەزمۇن بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. مەسىلەن، ختاي يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى مىن شىلىن يازغان، بۇ يىل 4 - ئايدا قەشقەردە، 5 - ئايدا شاڭخەيدە ئوينالغان «ئىپارخان» ناملىق مۇزىكىلىق تىياتىردا ئىپارخاننىڭ گۈزەل قىياپىتى، ئەقىللىقلىقى بىلەن «جۇڭخۇا چوڭ ئائىلىسى»نىڭ تارىختىن بۇيان قويۇق، ئىناق مۇناسىۋەتتە بولۇشىغا تۆھپە قوشقانلىقى قاتارلىق تەپسىلاتلار قوشۇلۇپ كەتكەن. يەنى، سىياسىي سالاھىيىتى جەھەتتە پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلگەن. شۇنى ئارمان قىلىمىزكى، ئىپارخاننىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن شېئىرىغا ئوخشاش ئاخىرقى كۈنلىرىنىمۇ ئۆزى ياكى ئەتراپىدىكى يۇرتداشلىرىدىن بىرەرسى قەلەمگە ئالغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە تۇتقۇن ئۇيغۇر خاتۇننى ھېچكىم باشقىدىن يازمىغان - يازالمىغان بولاتتى. ئەپسۇسلۇق ئىچىدە بىزگە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋرنىڭ گۇۋاھچىلىرى سۈپىتىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى تەكرارلىماسلىقنى ئىلتىجا قىلماقتىن باشقا ئامال يوق!

مەيلى كىم نېمە دېسە دېسۇن، تارىخنى ئون ھۆكۈمران ئون خىل قىلىپ يازىدۇ. شۇڭا ئىپارخانغا ئوخشاش دۈشمەنگە تۇتقۇن بولغان شەخسلەرنىڭ ھەقىقىي تارىخىنىڭ چىڭ ئوردا تەزكىرىلىرىدىن تېپىلماسلىقى — ئوردىدا مەڭگۈ ئاشكارىلانمايدىغان سىرلار، ئىزسىز، نىشانسىز ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلگەن ئادەملەر، خاتىرىگە ئېلىنىشى مەنئى قىلىنغان، ئۆچۈرۈلگەن ئىشلارنىڭ ئون مىڭدىن بىرىمۇ ئەمەس. ئۆزگەرتىلگەن، كۆز ئالدىمىزدا ئۆزگەرتىلىۋاتقان تارىخلارمۇ شۇنداق!

ئىپارخاننىڭ قەبرىسى — ئۇنى ئاپىرىدە قىلغان تۇپراقلاردا، ئەجدادلىرىنىڭ يېنىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە!

## ئىزاھاتلار:

[1] سابىت ئۇيغۇرىي: «ئۇيغۇرنامە»، ئالمۇتا: «ناش مىر» نەشرىياتى، 2005 - يىل نەشرى، 307 - بەت.

[2] «ئىپارخانغا بېغىشلانغان ئەدەبىي ئەسەرلەر»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 2004 - يىل5 - سان.

[3] «مەن ئىزدىگەن ئىپارخان»، «جۇڭخۇا مىللەتلىرى» ژۇرنىلى.

[4] جۇڭغار – ھازىرقى ئىلى، ئالتاي، چۆچەك ۋە يەتتەسۇ رايونى.

[5] ئىرپان توختىيېۋ، شامىل شاكىر ئالماسبېكوۋ: «ئىپارخان» (تارىخىي ھۆججەتلىك قىسسە)، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2007 - يىلى نەشرى.

[6] ھۆسەيىن قازى ھاجى: «ۋاقىئەتى كاشغەر».

[7] «ئىپارخان» ماقالىلەر توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 - يىل نەشرى، 191 - بەت.

[8] Travels of the Russian mission through Mongolia to China, and residence in .(Pekin, in the years 1820-1821 (London

[9] «يىپەك يولىنى بويلاپ ساياھەت»، 1989 - يىل 6 - سان 307 - بەت (خەنزۇچە).

[10] ج. رەھىم. روھلان: «ئىپارخانغا بېغىشلانغان بەدىئىي ئەسەرلەر».

[11] ھاچىرو ناكاياما (中山八郎): «ئاسىيا تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر»، 1960 - يىل نەشرى 3 - توم، 298 - بەت.

[12] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئابدۇرېھىم سابىت، 1998 - يىل4 - سان 308 - بەت.

[13] سابىت ئابدۇراخمان: «ئۇيغۇرنامە»، قازاقىستان «ناش مىر» نەشرىياتى.

[14] «جۇڭخۇا مىللەتلىرى» ژۇرنىلى

[15] «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى، شۇ لىڭشياۋ.

[16] ۋەلى كەرىم كۆكئالىپ: «مەن ئىزدىگەن ئىپارخان»

[17] «خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى»، رەخىم قاسىم تەرجىمىسى. 1986 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

[18] ۋ. ك. كۆكئالىپ«ئىپارخان دېگەن نامنىڭ پەيدا بولۇشى».

[19] م. سالىھ قارىھاجىم: «ئاپاق خوجا مازىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا»

[20] م. سالىھ قارىھاجىم«ئاپاق خوجا مازىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا»

[21] «مەن ئىزدىگەن ئىپارخان»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى .

[22] ئىرپان توختىيېۋ، شامىل شاكىر ئالماسبېكوۋ: «ئىپارخان» (تارىخىي ھۆججەتلىك قىسسە)، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2007 - يىلى نەشرى، 67 - بەت.

[23] «كوممۇنىزم تۇغى گېزىتى» 1978 - يىل 8 - ئاۋغۇست سانى.

[24] «شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى» 2009 - يىل 1 - سان، لۇ مىڭ.

*بۇ ماقالىنى ئۆمەر ئىمىن تەھرىرلىدى.*

## 22

# سۆزنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ ئاۋامغا بولغان تەسىرى

ئابدۇرېشىت نىياز

ئىنسانلار سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىنى بىلگەندىن باشلاپ، ئۇنىڭ تەسىرى ئۈستىدە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزدىنىشكە باشلىدى ۋە ئاخىرقى ھېسابتا «سېمانتىكا» دېگەن بىر ئىلىمنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

«سېمانتىكا» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى 1893 - يىلى فىرانسىيەلىك تىلشۇناس مىشېل بىرەل گىرېك تىلىدىكى «بەلگە» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان Sema دېگەن سۆز بىلەن فىرانسۇز تىلىدىكى «مەنىنىڭ ئۆزگىرىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان semantique سۆزىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياساپ چىققان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن كەڭ قوللىنىلىشقا باشلىغان. بۇ ئاتالغۇ تىلىمىزغا رۇس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن.

ھازىر بۇ ئىلىم كەڭ ۋە تار مەنىدە قوللىنىلىدىغان بولۇپ تار مەنىدىكىسى ئەنئەنىۋى سېمانتىكا دەپ ئاتالسا، كەڭ مەنىدىكىسى ھازىرقى زامان سېمانتىكىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

تار مەنىدىكى سېمانتىكا سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، سۆزنىڭ شەكىللىنىش ئاساسلىرىنى، سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى، يەنى سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى، تارىيىشى، كۆچۈشى قاتارلىقلارنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلسا؛ كەڭ مەنىدىكى سېمانتىكا تىلدىكى بارلىق مەنىنى تەتقىق قىلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مۇستەقىل ۋە ئەگەشمە مورفېمىلارنىڭ مەنىلىرىنى، سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىلىرى، تۈس مەنىلىرى، ئەمەلىي مەنىلىرى، سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەنىلىرى، جۈملىنىڭ مەنىلىرى، ئابزاس - بۆلەكلەرنىڭ مەنىلىرىنى، بىرەر پارچە ماقالىنىڭ، ھەتتا بىرەر كىتاب ياكى بىرەر شەخسنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنىڭ مەنىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

سۆز – تىلنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك. ئۇ تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان مۇقىم قۇرۇلما. ئۇ بولمىسا تىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئۇ

بولمىسا ئىنسانلار بىر - بىرى بىلەن ئالاقىلىشىش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئۇ بولمىسا ئىنسانلار ئۆي - پىكىرلىرىنى بىمالال ئىپادە قىلالمايدۇ. بىز سۆز ئارقىلىق باشقىلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىلمىي قۇۋۋىتىنى پەرەز قىلالايمىز. سۆز ئارقىلىق جۈملە تۈزۈپ مەۋھۇم ئۇقۇملارنى كونكرېتلاشتۇرالايمىز. دېمەك، سۆز – ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بىۋاستە نامايان قىلالايدىغان بىرىنچى قورالىدۇر.

هەر قانداق كىشىنىڭ هەر قايسى دەۋرلەردىكى بىلىش ئىقتىدارى، بىلىش نۇقتىسى، بىلىشىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا سۆز مەنىسىنىڭ خاراكتېرىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. تۆۋەندە بىز سۆز مەنىسىنىڭ تۆت خىل ئاساسلىق خاراكتېرىنى، يەنى سۆز مەنىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە رولى، سۆز مەنىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە چۈشىنىلىشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. سۆز مەنىسىنىڭ ئوبيېكتىپلىقى ۋە سۇبيېكتىپلىقى

هەر قانداق سۆزنىڭ مەنىسى ئوبيېكتىپ شەيئىگە قارىتا بولىدۇ. يەنى بىر سۆزنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن ئۇنى روياپقا چىقىرىدىغان ماددىي ئاساس بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، «كىتاب» دېسەك، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا تۈپلەنگەن، مۇقاۋىلانغان باسما ياكى يازما ئەسەرلەر دېگەندەك مۇئەييەن چۈشەنچە كېلىدۇ. بۇ خىل بىلىش نەتىجىسى ئېنىق تاۋۇشلار بىلەن، يەنى «ك»، «ئى»، «ت»، «ئا»، «ب» دېگەن تاۋۇشلار بىلەن بىرىككەندە، ئاندىن «كىتاب» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزگە ئايلىنىدۇ.

سۆزنىڭ سۇبيېكتىپ مەنىسى بولسا، ھەربىر شەخسنىڭ شەيئىلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. مەسىلەن، ئوقۇغان كىشى بىلەن ئوقۇمىغان كىشىنىڭ، تەبىئىي پەندىكىلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەندىكىلەرنىڭ «قۇياش، ئاي، يۇلتۇز» دېگەندەك شەيئىلەر ۋە «كۈن تۇتۇلۇش»، «يەر تەۋرەش» دېگەندەك ھادىسىلەر ھەققىدىكى بىلىشى ئوخشىمايدۇ.

## 2. سۆز مەنىسىنىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە كونكرېتلىقى

ئومۇمىيلىق دېگەندە، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى ياكى لۇغەتلەردىكى مەنىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، «ئوقۇغۇچى» دېگەندە ئۇنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى «ھەر خىل مەكتەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى» بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈرلۈك ئوقۇغۇچىلار، يەنى تۈرلۈك دۆلەت، تۈرلۈك مەكتەپ، تۈرلۈك جىنس، تۈرلۈك ياش، تۈرلۈك مىللەت تەۋەلىكىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خاس ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرمۇ ئومۇمىيلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، «ئۈرۈمچى» دېگەن بۇ سۆز بۈگۈنكى ئۈرۈمچىنىلا ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۈرۈمچىنىمۇ كۆزدە تۇتىدۇ. گەرچە ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئۈرۈمچى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىر - بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئورتاقلىققا ئىگە.

كونكرېتلىقى بولسا، كونكرېت نۇقتىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «بۇ

ئادەم ھەقىقەتەن ئادەم ئەمەسكەن» دېگەن جۈملىدىكى ئىككى «ئادەم» دېگەن سۆزنىڭ بىرى فىزىيولوگىيەلىك ھەقىقىي ئادەمنى كۆزدە تۇتقان بولسا؛ ئىككىنچى ئادەم پەزىلىتىنى، ئادىمىيلىكىنى يوقاتقان ناچار ئادەمنى كۆزدە تۇتىدۇ.

## 3. سۆز مەنىسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئۆزگىرىشچانلىقى

ھەر قانداق سۆزنىڭ تاۋۇشى بىلەن مەنە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي كوللېكتىپ بەلگىلەيدۇ. بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلىنىدۇ - دە، مۇقىملىققا ئىگە بولىدۇ. ھېچقانداق ئورۇن ۋە شەخس ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ. مەسىلەن، «ئىلىم - پەن»، «ئىلىم - مەرىپەت» دېگەن جۈپ سۆزلەرنى «ئىلىم - مەدەنىيەت» دەپ ئۆزگەرتىۋالساق بولمايدۇ. چۈنكى، ئىلىم مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىدىكى ئۇقۇمدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش، «دوپپىسىغا جىگدە سالماق» دېگەن ئىدىيومدىكى «جىگدە» دېگەن سۆزنى خالىغان مېۋە بولسا ئوخشاش مەنىدە بولۇۋېرىدۇ دەپ، «ئالما، شاپتۇل» دەۋالساق بولمايدۇ. چۈنكى، خەلق تەرىپىدىن شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولۇنغان.

ئۆزگىرىشى دېيىلگەندە، بۇ ئاساسەن سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى، تارىيىشى ۋە كۆچۈشى جەھەتلەردە روشەن گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، «باش» دېگەن سۆزنىڭ «ئادەم بەدىنىنىڭ بويىندىن يۇقىرى، ھايۋان بەدىنىنىڭ بويۇندىن ئالدى يەنى كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالار ئورۇنلاشقان قىسمى، كاللا» مەنىسىنى بىلدۈرگەن بولسا، مۇشۇ ئەسلىي مەنىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، تۆۋەندىكىدەك كۆچمە مەنىلەرنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ: «تىك، ئۆرە نەرسىلەرنىڭ يۇقىرى تەرىپى، چوققىسى» (تاغ بېشى، دەرەخ بېشى، تونۇر بېشى)، «باشلىق، رەھبەر» (سىزنى ئۇلارغا باش قىلدۇق)، «ئەڭ مۇھىم، ئاساسىي» (باش ۋەزىپە، باش بۆلەك)، «بىرەر كەسىپ ياكى ساھەدە باشقىلارغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان» (باش كاتىپ، باش ئىنژېنېر)، «مېڭە، ئەقىل، ھوش، زېھىن» (ئۇنىڭ بېشى جايىدا بولسا، ئاشۇنداق گەپ قىلامدۇ؟)، «مىقدارنى بىلدۈرۈپ كېلىشى» (بىر باش پىياز، ئىككى باش قوناق) ... قاتارلىقلار.

كېڭىيىش بولسا، سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇنى يېڭى مەنىگە ئىگە قىلىشتۇر. مەسىلەن، «كىر» دېگەن سۆز ئەسلىدە نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە، بەدەنگە قونغان، چاپلاشقان، يۇققان چاڭ - توزان قاتارلىق پاسكىنا نەرسىلەرنى كۆرسىتەتتى (مەسىلەن، ئۇ ئاق كۆڭلىكىگە كىر قوندۇرماي يۈرەتتى)، كېيىن مەنىسى كېڭىيىپ كىرلەشكەن كىيىم - كېچەكلەرنى كۆرسىتىدىغان بولدى (مەسىلەن، ۋاقتىمنىڭ بارىدا كىرلىرىمنى يۇيۇۋېتەي)، كېيىن تېخىمۇ كېڭىيىپ «يامانلىق، غۇم» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولدى (مەسىلەن، سەن ئاغىنەم تۇرساڭ، كۆڭلۈمدە كىر ساقلاپ نېمە قىلىمەن؟).

## 4. سۆز مەنىسىنىڭ ئېنىقلىقى ۋە تۇتۇقلۇقى

سۆز مەنىسىنىڭ ئېنىقلىقى دېگىنىمىز، سۆزدە ئەكس ئېتىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئېنىقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «ئادەم»، «كىتاب»، «كالا»، «نان» دېگەن سۆزلەر ئىپادىلەيدىغان ئوبيېكتلار باشقا تۈردىكى ئوبيېكتلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

تۇتۇقلۇقى دېگىنىمىزدە، بەزى سۆزلەرنىڭ پاسىلى ئېنىق بېكىتىلمىگەن بولىدۇ. مەسىلەن،

«ئۆسمۈر، ياش، قېرى»، «سوغۇق، ئىلمان، قىزىق، ئىسسىق» دېگەنگە ئوخشاش.

سۆز مەنىسىنىڭ ئېنىقلىقى بىلەن تۇتۇقلۇقى تىلدا ئوخشاشلا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلىتىش ئورۇنلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، پەن - تېخنىكىدا، قانۇن - تۈزۈملەردە سۆز مەنىسىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى مۇھىم رول ئوينايدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولسا سۆزنىڭ تۇتۇقلۇقى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

سۆزنىڭ ئۇقۇم دائىرىسىنىڭ مۇقىملىششى تىلنىڭ بىرلىككە كېلىشىدە، قېلىپلىشىشىدا پەۋقۇلئاددە مۇھىم رول ئوينىسا، تىلنىڭ بىرلىككە كېلىشى مىللىي كىملىكنىڭ روياپقا چىقىشىدا بىرىنچى رولنى ئوينايدۇ. تۆۋەندىكى ئىككى ئەمەلىي مىسال كۆز قارىشىمىزنىڭ توغرىلىقىنىڭ جانلىق ئىسپاتىدۇر.

1789 - يىلى ناپالېئون بوناپارت كورسىكادىن پارىژغا كەلگەندە، فرانسۇز خەلقىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغۇدەك ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ بىرى، ئەدەبىي تىلنى چۈشىنەلەيدىغان خەلقىنىڭ 13% - 14% كە چۈشۈپ قالغانلىقىدىن، دەپ بىلگەن.

ئوتتوۋان بىسمارك باش ۋەزىر بولغاندىن كېيىن 316 بەگلىككە بۆلۈنۈپ كەتكەن پرۇسسىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ بىرىنچى ئامىلى، ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ شېۋىسىنى جىددىي رەۋىشتە بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق جىددىي رەۋىشتە روياپقا چىقارغان بولسا؛ ئىككىنچى ئامىل، مائارىپ چېركاۋلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنىپ دۆلەتكە ئۆتكۈزۈلگەن.

تارىختىن بۇيان بىر قوۋمنىڭ كۆكلەپ راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشى ۋە ئاخىرقى ھېسابتا مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە تىلنىڭ غايەت زور رول ئوينىغانلىقىدا قىلچە شۈبھە يوق. بۇنىڭغا ئائىت مىساللار سان - ساناقسىز. ئەمما، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، سۆزنىڭ، تىلنىڭ تەرەققىياتى شۇ پەللىگە يەتتىكى، يېڭى ئۇقۇملار ئارقىلىق ياكى سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش ئارقىلىق قاتلام ھاسىل قىلىنماقتا.

ئۇيغۇر مىللىتى تارىختىن بۇيان ئۆز تىلىنىڭ لۇغەت سوستاۋىنى بېيىتىشتا سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىگە شۇ قەدەر ئەھمىيەت بەرگەنكى، ھەر قانداق يېڭى شەيئىگە، يەنى مەيلى يېڭىدىن ياسالغان سۆز بولسۇن، ياكى سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان بولسۇن، شۇ ئوبيېكتىنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىشكە پەۋقۇلئاددە دىققەت قىلغان. بولۇپمۇ سىرتتىن قوبۇل قىلغان سۆزلەرگە قارايدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىنى، ئەقلىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلغاندىن باشقا، ئىجتىمائىي ئورنىغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. مەسىلەن، «مەدەنىيەت» دېگەن بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى: «بىر مىللەت ياراتقان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ، مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى» بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز بۇ سۆزنى ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلغان. ئەمما، بۇ كەلىمە بىلەن تامامەن ئوخشاش مەنىدە بولغان «ھازارەت» ۋە ئۇنىڭغا يېقىنراق بولغان «ساقافەت» سۆزىنى قوبۇل قىلماي، بەلكى «شەھەر، شەھەرلەشكەن، پۇقرا» دېگەن ئىدراكىي مەنىدە بولسا، دەۋر بۆلگۈچ ھەتتا بىر مەپكۇرىگە سىمۋول قىلىنغان كەلىمىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا «بىر مىللەت ياراتقان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ، مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى» دېگەن مەنىنى يۈكلەيدۇ. دېمەك، ئەجدادلىرىمىز سۆزلەرنى قوبۇل قىلىشتا، تاللاش ۋە شاللاشتا

ئالاھىدە نازۇك مېتود قوللانغاندىن باشقا، پەۋقۇلئاددە يۈكسەك ئىلمىي غۇرۇرىنىمۇ نامايان قىلغان. شۇڭا، بوۋىمىز مەھمۇد قەشقەرى ئۆز مىللىتىنىڭ بۇ قەدەر يۈكسەك، مەغرۇر روھىي چوڭقۇرلۇقىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەچكە، ۋەھىينى، يەنى ئىلاھىي كىتابنى خاتىرىلەشكە قوللىنىلغان ئەرەب تىلى بىلەن «بەيگىگە چۈشەلەيدۇ» دېگەن ۋە ئۇنى ئىسپاتلىغان.

گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، كەسپىي ئەخلاققا زىت، ئانا تىلىمىزنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىدىن، تىل ئادىتىمىزنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكىدىن تولۇق خەۋىرى يوق مۇھاجىرەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەر ۋە ئورگانلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ مۇقەددەس مىراسىغا «بىلمەپتىكەن، ئەتمەپتىكەن» دەپ، خالىغانچە مەنە يۈكلىگەندىن سىرت، يېتۈك تىلشۇناس، ئۇستازىمىز مەرھۇم مىرسۇلتان ئوسمانوف باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، ۋەتىنىمىزدىكى 30 مىليون خەلقىمىز بىمالال قوللىنىپ كېلىۋاتقان يېڭى ئىملايىمىزنىمۇ پوش دېمەي يېڭى سۆزلۈك، يېڭى ئىملا پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بۇ خىل نادانلارچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قىلمىشنىڭ تەپرىقىچىلىككە، بۆلگۈنچىلىككە سەۋەب بولۇشى مۇتلەقتۇر. يۇقىرىدا بۇ خىل بىلەرمەنلىكنىڭ بىر مىللەتكە قانچىلىك زەرەر كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئەمەلىي مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە بولسا بۇ خىل قىلمىشتىن سىياسىي كۈچلەرنىڭ قانداق پايدىلانغانلىقىنى ئەمەلىي مىسال بىلەن ئىسپاتلاپ ئۆتىمىز.

مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق بىر قىزىقارلىق تەجرىبە ئىشلىگەن. ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى فورمىسىغا ئاساسەن «ئاق كۆڭلەكلىكلەر» ۋە «قارا كۆڭلەكلىكلەر» دەپ ئايرىغان. بىر مەزگىل مۇشۇ ئاتالغۇنى قوللىنىپ، «ئاق كۆڭلەكلىكلەر دەرستە ياخشى كېتىۋاتىدۇ»، «قارا كۆڭلەكلىكلەر ئىنتىزامدا ياخشى بولۇپ كېتىپ بارىدۇ» دەپ ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىشقان. گەرچە قوللىنىلغان ئاتالغۇ ئىجابىي بولسىمۇ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئوقۇغۇچىلار توپىدا تەبئىي ھالدا بىر - بىرىنى مەنسىتمەسلىك ئالامەتلىرى كېلىپ چىققان ۋە زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ دۈشمەنلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن. يەنە بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى كۆزىنىڭ رەڭگىگە قاراپ «كۆك كۆزلۈك ئوقۇغۇچىلار» ۋە «قوڭۇر كۆزلۈك ئوقۇغۇچىلار» دەپ ئايرىغان. ئەھۋال يۇقىرىقى ھادىسە بىلەن ئوخشاش چىققان. دېمەك، كىشىلەرنى خىزمىتىگە، دەرىجىسىگە قاراپ قاتلامغا ئايرىشتىن تەرەققىي قىلىپ سۆزلەر ئارقىلىق قاتلامغا ئايرىيدىغان بولغان. بەزى دۆلەتلەر بۇ مېتودنى مائارىپى تەرەققىي قىلمىغان، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىغا كەڭ قوللىنىپ پەۋقۇلئاددە ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. مەسىلەن، «ئەرەب سوتسىيالىزمى»، «ئەرەب باھارى»، «ئىلمىي ئىسلام»، «ھەرپ ئىنقىلابى» دېگەنگە ئوخشاش. فرانسۇزلار بۇ مېتودنى قوللىنىپ غەرىزىگە يەتكەن قېرى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ئۆزلىرى ئۇزۇن يىل ئىشغال قىلىپ تۇرغان ئاخىرقى ئافرىقا دۆلىتىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۆۋەندىكىدەك رەزىل ئۇسۇل قوللىنىپ، ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق كونترول قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان: ئۇلار بۇ دۆلەتتىكى 12 مىليونغا يېقىن ئاھالىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يۈز كېپتى ئۇزۇنچاقراق كەلگەن توققۇز مىليون ئاھالىنى تۇسىلار؛ قېشى قويۇق، يۈز كېپتى تۆت چاسا، قوپالراق چىرايدىكىلەردىن بىر يېرىم مىليوننى تېپىپ ھۇسىلار؛ ئارىدىكىلەرنى مۇسىلار دەپ ئايرىغان. ھوقۇقنى ئاساسەن ئۆزلىرى تۇسىلار دەپ ئات قويغان كىشىلەرگە بەرگەن. گەرچە ئۇلار بىر مىللەت بولسىمۇ بۇ ئاتالغۇنى قوللىنىش جەريانىدا بارا - بارا ئارىلىق پەيدا بولغان ۋە تۇسىلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ھۇسىلارنى مەنسىتمەسلىككە، پەس كۆرۈشكە، ئاخىردا زۇلۇم قىلىشقا

باشلىغان. ھۇسىلار ئۆزلىرىگە قىلىنىۋاتقان بۇ ئېغىر زۇلۇمنى فىرانسۇزلارغا شىكايەت قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۇگۈرتۈپ يۈرۈۋەرگەن. چىقىپ كېتىدىغان چاغدا پۈتۈن ھوقۇقنى ھۇسىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. قاتتىق زۇلۇمغا ئۇچراپ تۇرغان بۇ ھۇسىلار فىرانسۇزلارنى ئۆزلىرىنىڭ «قۇتقۇزغۇچى خۇداسى» دەپ بىلگەن ۋە ئۆزلىرىگە ئۇزۇن يىل زۇلۇم قىلغان تۇسىلاردىن باستۇرۇش خاراكتېرلىك ئۆچ ئېلىشقا باشلىغان.

ئېتنىك سوستاۋى بىر بولغان قان - قېرىنداشلار بىر ئاتالغۇ سەۋەبىدىن بىر مىللەت بولسىمۇ ئۆچ قاتلامغا ئايرىلىپ كەتكەن.

بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭى بىر ئاتالغۇ پەيدا بولسا، ئۇنىڭغا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك ۋە ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇشى كېرەك. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا ئوقۇغان ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئالىم - ئۆلىما دېيىلىپ ھۆرمەتلىنەتتى. ئالدى بىلەن مەدرىسەلەردىن ئايرىلىپ يېڭىچە مەكتەپ نامىدا مەكتەپلەر قۇرۇلدى. مەدرىسەدە ئوقۇغانلار «تالىپ» دەپ ئاتالسا، يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇغانلار «ئوقۇغۇچى» دەپ ئاتالدى. مەدرىسەدىن چىققانلار «موللا» دەپ ئاتالسا، ئالىي مەكتەپتىن چىققانلار «زىيالىي» دەپ ئاتالدى ۋە بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىككى قاتلام بولۇپ ياشاۋاتىمىز ھەم بەدىلىنى ئېغىر تۆلەۋاتىمىز. ھېلىھەم تۇرمۇشىمىزدا يېڭى - يېڭى ئاتالغۇلارنى پەيدا قىلىپ مىللەتنىڭ دىققىتىنى چېچىۋاتقان ئەھۋاللار ئىنتايىن ئېغىر. مەسىلەن، «مۇستەقىلچىلەر»، «ئاپتونومچىلار»، «دېموكراتىزمچىلار»، «ئەنئەنىچىلەر»، «ئىسلامچىلار»، «چوڭ جامائەت»، «كىچىك جامائەت»، «شەرئىي باللار»، «ئەسكەرىي باللار» قاتارلىقلار. بۇ خىل ئاتالغۇلارنى كۆتۈرۈپ چىققانلاردىن ئاۋام قاتتىق ھەزەر ئەيلىشى كېرەك ۋە ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ جامائەتنىڭ نەزىرىدىن سىقىپ چىقىرىلىشى كېرەك. بولمىسا مۇستەقىللىقىمىز ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىنمۇ تۇسىلار ۋە ھۇسىلارنىڭ كۈنگە قالىمىز.

2024 - يىلى فېۋرال، تۈركىيە ئىستانبۇل

23

# خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئوبراز باشقۇرۇشنىڭ رولى ۋە يولى

مەمەتتوختى ئاتاۋۇللا

## كىرىش سۆز

كىشىلىك مۇناسىۋەتتە نام - ئابرۇينىڭ پايدىسى كۆپ بولغىنىدەك، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىمۇ ھۆرمەت ۋە ئېتىبارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى نام - ئاتاقنىڭ بولۇشى زۆرۈردۇر. بىر دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن نوقۇل ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچىنىڭ بولۇشى يېتەرلىك ئەمەس. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، خەلقئارا جەمئىيەتتە گۈزەل بىر ئوبرازغا ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئوبراز باشقۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتىمۇ چوڭدۇر. چۈنكى، گۈزەل ئوبراز ئۆزلۈكىدىن شەكىللىنىپ قالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ياخشى ئوبراز تىكلەيدىغان ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىشتىن سىرت، يەنە يامان تەسىر پەيدا قىلىدىغان ئىش - ھەرىكەتلەردىن ئىمكان بار يىراق تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

كۈنىمىزدە ئوبراز باشقۇرۇش، باشقۇرۇش ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە ئىلىم ساھەسىدە تەتقىق قىلىنماقتا ۋە ھەرقايسى ساھەلەردە كەڭ قوللىنىلماقتا. ئوبراز باشقۇرۇشنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرگە تەتبىقلىنىشى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدا باشلانغان ئىدى. خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە «يۇمشاق كۈچ» ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، ئوبرازغا بولغان قىزىقىش تېخىمۇ ئاشتى. بولۇپمۇ، يەر شارىلىشىش مۇساپىسىنىڭ سىجىل تەرەققىياتى، ئوبرازنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىكى رولىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئاشۇردى. نەتىجىدە، ئوبراز باشقۇرۇش ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سىياسىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر ئامىلغا ئايلاندى.

گەرچە بىز ئۇيغۇرلار تېخىچە ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ بولالمىغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇزۇندىن بۇيان خەلقئارا سەھنىلەردە بۇ

نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتىمىز. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ خەلقئارادا ساختا ئۇچۇر تارقىتىش ئىقتىدارى ۋە نۆۋەتتە بىزگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشۋىقات ئۇرۇشىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئوبراز باشقۇرۇشنىڭ دەۋايىمىزدىكى رولىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

بۇ ماقالىدە ئالدى بىلەن ئوبراز باشقۇرۇشنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىكى رولى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلگەندىن سىرت، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئوبرازنىڭ تۈرلىرى ۋە ئوبراز باشقۇرۇش يوللىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىكى ئوبراز باشقۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا تەتبىقلانغان ھالدا مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. ئاخىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇت خەلقئارالىق ئوبرازىغا بىر قۇر قاراپ چىقىلىپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئوبرازنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

## 1. ئوبراز دېگەن نېمە؟

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باللار فوندى (UNICEF) 2017 - يىلى گىرۇزىيەنىڭ پايتەختى تىبلىستا بىر قېتىملىق ئىجتىمائىي سىناق ئېلىپ باردۇ. بۇ سىناق ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىككە قارىتا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئىككى بۆلۈمدىن تەركىب تاپىدۇ. سىناقنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى ئادەم زىچ كوچىدا، ئىككىنچى بۆلۈمى بولسا ئۈستى ئوچۇق رېستوراندا ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىناق جەريانىدا مەسئۇل خادىملار ئالدى بىلەن ئالتە ياشلىق بىر قىزنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، ئادەملەر ئالدىراش ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يول بويىغا يالغۇز تۇرغۇزۇپ، يىراقتىن كىشىلەرنىڭ ئىنكاسىنى كۆزىتىدۇ. نەتىجىدە، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ھايال ئۆتمەيلا قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىسمىنى ۋە يېشىنى سوراشقا باشلايدۇ ۋە ئېزىپ قالغان - قالمىغانلىقىنى بىلىپ باققۇسى كېلىدۇ. قىسقىسى، يولدىن ئۆتۈۋاتقان كىشىلەر قىزغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى روشەن نامايان قىلىدۇ. ئارقىدىن مەسئۇل خادىملار قىزنىڭ ئۈستىبېشىنى ئالماشتۇرۇپ، سەت ۋە كۆرۈمسىز ھالغا كەلتۈرۈپ، ئوخشاش يەردە تۇرغۇزۇپ قويىدۇ. ھەيران قالارلىقى، بۇ قېتىم ھېچكىمنىڭ قىز بىلەن كارى بولمايدۇ. كىشىلەر پەرۋاسىز ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەتتا قىز يېقىنلاشماقچى بولغاندا ئۇنىڭدىن قاچىدۇ. سىناقنىڭ ئىككىنچى قىسمى بىر ئۈستى ئوچۇق رېستوراندا داۋام قىلىدۇ. مەسئۇل خادىملار ئوخشاش شەكىلدە قىزنى ئالدى بىلەن چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، تاماق يەۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا قويۇۋېتىدۇ. قىز ئاستا مېڭىپ بىر ئۈستەلدىكى كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرغاندا ئۈستەلدىكىلەر ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىللىق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەتراپتىكى ئۈستەلدىكىلەرمۇ ئۇنى يانلىرىغا چاقىرىپ يېقىنچىلىق قىلىدۇ. ئارقىدىن مەسئۇل خادىملار قىزنىڭ ئۈستىبېشىنى ئالماشتۇرۇپ، قايتىدىن تاماق يەۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىشقا بۇيرۇيدۇ. دەرۋەقە، بۇ قېتىممۇ ئوخشاش ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. كىشىلەر قىزنىڭ يانلىرىغا كېلىشىدىن قاچىدۇ، ئۇنى كۆرگەن ھامان سومكىلىرىنى قولىغا ئېلىۋالىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى قىزنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن كۈتكۈچىلەرنى چاقىرىدۇ. ناچار مۇئامىلىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن قىز يىغلىغان پېتى ئۇ يەردىن ئايرىلىدۇ [1].

بۇ ئىجتىمائىي سىناقتىن ئوبرازنىڭ نېمىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇئەييەن تونۇشقا ئىگە بولدۇق دەپ قارايمەن. ئەمەلىيەتتە، مەيلى كوچىدىكى كىشىلەر بولسۇن ياكى

رېستوراندىكى كىشىلەر بولسۇن، ئۇ قىزنى تونۇمايتتى. شۇنداق ئىكەن، پەرقلىق قىياپەتتىكى ئوخشاش بىر قىزغا كىشىلەر نېمىشقا ئۇنچىۋالا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ چۈنكى، ئىنسانلار تەييار باسما قېلىپلار بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا مايىل. قىزنىڭ ئۈچىنچىسىدىكى ئوخشىمىغان قىياپەتلەر ۋە يۈرۈش - تۇرۇش شەكىللىرى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇئەييەن ئوبرازلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئائىلىلىك، كىشىلەر رەتلىك، پاكىز ۋە چىرايلىق بىر قىزنىڭ كوچىدا يالغۇز تېڭىرقاپ تۇرغىنىنى كۆرگەندە، ئۇنى ئېزىپ قالدىمىكىن دەپ ئويلايدۇ ۋە ياردەم قىلماقچى، يامان نىيەتلىك كىشىلەردىن قوغدىماقچى بولىدۇ؛ ھەرگىزمۇ تاشلىنىپ قالغان بالىمىكىن، ئوغرىمىكىن، ياردەم قىلسام بالاغا قالارمەنمىكىن... دەپ ئويلىمايدۇ. سەۋەبى، كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ئوقۇمۇشلۇق، باي ۋە ھوقۇقدار كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ مۇشۇنداق رەتلىك ۋە پاكىز كىيىنىدىغانلىقى سىڭىپ كەتكەن ئىدى.

ئەكسىچە، كىشىلەر يولدا رەتسىز، مەينەت كىيىنگەن بىر قىزنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىدۇ. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يېتىم ياكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى مۇشۇنداق يوللاردا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ، ئۇلارغا ئاتا - ئانىسى ياخشى قارىمايدۇ، بۇنداق بالىلاردىن تىلەمچى ياكى ئوغرىلار كۆپ چىقىدۇ. شۇڭا بۇنداق بالىلارنىڭ كوچىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشى «نورمال» ھېسابلىنىدۇ. رېستوراندىكى مىسالدىمۇ نەتىجە ئوخشاش ئىدى. دېمەك، بىزنىڭ كىملەرگە ئوخشىشىمىز ۋە قانداق ھەرىكەت قىلىشىمىز باشقىلارنىڭ بىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى بەلگىلەيدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى بىر قارا دوسكا دېسەك، ئۇنىڭغا كىملىكىمىزنى بىز يازىمىز. كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى بىر ۋاراق ئاق قەغەز دېسەك، ئۇنىڭغا رەسىمىمىزنى بىز سىزىمىز. باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش جەريانى، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئۆز ئوبرازىمىزنى يارىتىش جەريانىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئوبراز – بىزنىڭ باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى كۆرۈنۈشىمىز، باشقىلارنىڭ زېھنىدە شەكىللەنگەن تەسۋىرىمىز ۋە ئۇلارغا بەرگەن تەسىراتىمىزدۇر. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۆز ئوبرازىمىزنى باشقا ئامىللار قاتارىدا بىز ئۆزىمىز يارىتىمىز. ئۇنداقتا ئۇنى قانداق يارىتىمىز؟ گەپ - سۆزلىرىمىز، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىمىز، كىيىم - كېچەكلىرىمىز ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز بىلەن يارىتىمىز؛ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتتە قوللانغان سىمۋوللىرىمىز بىلەن يارىتىمىز.

سىمۋوللارنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى رولىغا ئەڭ ياخشى ئۆرنەك – ھىلال بىلەن كرېست بولسا كېرەك. بۇ ئىككى بەلگە ئەسىرلەردىن بۇيان ئىسلام بىلەن خرىستىيانلىقنىڭ ئاساسلىق سىمۋولى بولۇپ كەلدى. بىر ئىمارەتنىڭ ئۈستىدە ھىلال كۆرگەندە، ئۇنى ئىستىخىيەلىك ھالدا مەسچىت دەپ ئويلايمىز. ئوخشاشلا بىر ئىمارەتنىڭ ئۈستىدە كرېست كۆرگەندە، قىلچە ئىككىلەنمەيلا ئۇنى چېركاۋ دەپ ھۆكۈم قىلىمىز. ھىلال بىلەن كرېست سىمۋوللارنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى رولىغا پەقەتلا بىر مىسال. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىمىز سىمۋوللار ۋە بەلگىلەر بىلەن تولغان بولۇپ، بىز ئۇلارسىز مەۋجۇت بولالمايمىز.

بىر شەخس بىر جەمئىيەتتە ئۆز ئوبرازىنى ئۆزى ياراتقاندەك ۋە شۇنىڭغا تۇشلۇق مۇئامىلىگە ئېرىشكەندەك، بىر مىللەت ياكى دۆلەتمۇ خەلقئارا جەمئىيەتتە ئۆز ئوبرازىنى ئۆزى يارىتىدۇ ۋە شۇنىڭغا لايىق مۇئامىلە كۆرىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازى كىشىلەرنىڭ شۇ دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك قارارلىرى ۋە تاللاشلىرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ

جەھەتتە بىرگە ئەڭ تونۇش مىسال ياپونىيە بىلەن خىتاي بولسا كېرەك. ئادەتتە، بىر مالنىڭ ياپونىيەنىڭ ياكى خىتاينىڭ بولۇشىنىڭ ئۆزىلا ئېڭىمىزدا ئۇ مالغا نىسبەتەن ئاپتوماتىك ھۆكۈملەرنى تۇرغۇزىدۇ. «ياپونىنىڭ» دېگەن سۆز ئىشەنچلىك، چىداملىق ۋە سۈپەتلىك دېگەندىن دېرەك بەرسە؛ «خىتاينىڭ» دېگەن سۆز ساختا، يارىماس ۋە ناچار دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئوبرازىغا باغلانغان «مەينەت خىتايلار»، «تىرىشچان ياپونلار» ۋە «قۇۋ ئىنگلىزلار» دېگەندەك خەلقئارالىق لەقەملەر شۇ مىللەت ھەققىدىكى ئۇنىۋېرسال تونۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئوبراز مەلۇم بىر شەخس، تەشكىلات ياكى دۆلەتنىڭ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى كۆرۈنۈشى بولۇپ، بۇ نوقۇل سىرتقى قىياپەت بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ زېھنىدە شەكىللەنگەن تەسۋىر ۋە تەسىراتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەخسىي ئوبرازنى بىر شەخسنىڭ باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى رەسىمى دېسەك، تەشكىلىي ئوبرازنى بىر تەشكىلاتنىڭ كەڭ جەمئىيەتنىڭ نەزىرىدىكى رەسىمى دېيىشكە بولىدۇ. ئوخشاشلا بىر مىللىي ئوبرازمۇ شۇ مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ دۇنيانىڭ كۆزىدىكى رەسىمىدۇر [2].

## 2. خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئوبرازنىڭ رولى

ئوبرازنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە بىر تاشقى سىياسەت قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلىشى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. قەدىمكى زامانلاردا پادىشاھلار ئۆز قوشۇنلىرىنى ۋە ئەلچىلىرىنى ھەيۋەتلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوبرازغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئوردا - سارايلارنىڭ نەقىشلىرى، ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، ئەلچىلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى... سەلتەنەتنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئاساسلىق كۆرسەتكۈچ بولۇپ، مەملىكەتلەر ئارىسىدىكى كۈچ سىنىشىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ [3].

ھازىرقى زاماندا ئوبراز خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلماقتا. ئۇنىڭ بۇ قەدەر ئالقىشقا ئېرىشىشىدىكى سەۋەبنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، دۆلەتلەر خەلقئارا سەھنىدە ئىناۋەتكە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. ھالبۇكى، خەلقئارا جەمئىيەتتە باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولۇش ياخشى بىر ئوبرازسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەتلەر گۈزەل ئوبراز تىكلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئوبراز خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە رولچىلارنىڭ قارار ئېلىش جەريانىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ياخشى ئوبراز سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىزگە پايدىلىق بولسا، يامان ئوبراز سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىزگە زىيانلىق دېگەنلىكتۇر. يەنى باشقىلار سىز توغرۇلۇق قارار ئالغاندا، سىزنىڭ ئوبرازىڭىز باشقا ئامىللار قاتارىدا ئۇلارنىڭ قارارىنى بەلگىلەيدۇ. ھەتتا ئەقلىي ۋە ئوبيېكتىپ قارار چىقىرىش ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت ۋە مەلۇمات بولمىغان ئەھۋاللاردا، ئوبراز قارارنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىلغا ئايلىنىپ قالىدۇ. گەرچە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسلىق رولچىلىرى دۆلەتلەر بولسىمۇ، لېكىن دۆلەتلەردە قارار ئالغۇچىلار

يەنىلا ئىنسانلار بولۇپ، ئوبراز ئۇلار ئۈچۈن بىر قاتار فۇنكسىيەلىك روللارنى ئوينايدۇ. تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ئۈچۈن ئوبرازنىڭ فۇنكسىيەلىرى تۆۋەندىكىچە [4]:

a) قارار چىقىرىش. ئوبراز شەخسلەرنىڭ مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە قارار چىقىرىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار قېلىپلاشقان شەكىلدە تەپەككۇر قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، مۇئەييەن تېمىدا يېتەرلىك ئىزدىنىش ئورنىغا تەييار ھۆكۈملەرنى قوللىنىشقا مايىل كېلىدۇ. بۇنداق ھاللاردا ئوبرازغا باغلانغان باسما قېلىپ يەكۈنلەر، قارار قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاسان مۇراجىئەت قىلىدىغان مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ.

b) ئاددىيلاشتۇرۇش. ئوبرازنىڭ يەنە بىر رولى ئاددىيلاشتۇرۇش بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر تېمىدا چۈشىنىشنى ۋە ھۆكۈم قىلىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. كىشىلەر ئوبرازغا قاراپلا كىمنىڭ ھەقلىق، كىمنىڭ ھەقسىزلىكىگە، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىۋېتىدۇ، شۇنداقلا ئوبراز سەۋەبىدىن ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈلگەن ئۇچۇرنىڭ خالىغىنىنى ئېلىپ، خالىمىغىنىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ.

c) يۆزلەندۈرۈش. دۆلەتلەر خەلقئارا مۇناسىۋەتتە مەيدانغا كەلگەن تۈرلۈك ئەھۋاللارغا قارىتا ئۆز مەيدانلىرىنى بىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن توغرا دىياگنوز قويۇش زۆرۈر. ئەمما، ئەقلىي ۋە ئوبيېكتىپ قارار چىقىرىش ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت ۋە مەلۇمات بولمىغان ئەھۋاللاردا، ئوبراز كىشىلەرنى مۇئەييەن بىر نۇقتىغا يۆزلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

d) ئومۇملاشتۇرۇش. ئوبراز ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان بولۇپ، مەلۇم بىر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ بىر قىسمى ھەققىدە شەكىللەنگەن ئوبراز ئاخىرىدا شۇ مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار بىر ساھەدىكى مەلۇم بىر ئىشنى بىلسە، ئۇنى شۇ ساھەدىكى باشقا ئىشلارغىمۇ تەتبىقلاشقا ئۇرۇنىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر ئۆزلىرى ئۇچراتقان بىر قانچە كىشىدىن ئالغان تەسىراتىغا قاراپلا پۈتۈن بىر مىللەتكە باھا بېرىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئوبرازنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، دۆلەتلەر مەيلى ھۆرمەت - ئېتىبارغا ئېرىشىش ئۈچۈن بولسۇن، مەيلى ئۆزى توغرۇلۇق پايدىلىق قارارلارنىڭ چىقىرىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولسۇن، خەلقئارا سەھنىدىكى ئوبرازىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ قارىماققا ئۇلارنى يامان ئاتاقتىن ساقلاپ قالغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى يامان ئاقىۋەتلەردىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ياخشى ئوبراز دۆلەتلەرگە نوقۇل شۆھرەتلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كېلىدۇ. بولۇپمۇ ساياھەتچىلىك دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە، ئوبرازنىڭ رولى بارغانسېرى ئاشماقتا.

دېمەككى، ئەجدادلىرىمىز «پۇل تاپقۇچە، يۈز تاپ» دېگەن سۆزنى بىكارغا ئېيتمىغان. ياخشى نام قەدىمكى يىپەك يولىدا قانداق رول ئوينىغان بولسا، ئوبراز بۈگۈنكى دۇنيا سەھنىسىدە شۇنداق رول ئويناۋاتىدۇ. ياخشى ئوبرازغا ئىگە بولۇش – مەۋجۇت رولچىلار ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم بولسا، خەلقئارا سەھنىدە رول ئېلىشقا تىرىشىۋاتقان بىزلەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم.

## 3. خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئوبراز باشقۇرۇش

ئوبراز ئۇقۇمىنى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ساھەسىدە تۇنجى بولۇپ ئىقتىسادشۇناس كېننىس بۇلدىڭ (Kenneth Boulding) 1956 - يىلى خەلقئارا سىستېمىنى ئانالىز قىلىش ئۈچۈن قوللانغان [4]. ئارقىدىن بىر قىسىم ئالىملار ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئوبراز تۈرلىرى، بولۇپمۇ دۈشمەن ئوبرازى ئۇقۇمىغا ئاساسەن سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىنى باھالىغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ساھەسىدە ئوبراز ھەققىدە تۈرلۈك تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان. تۆۋەندە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئوبرازنىڭ تۈرلىرى، ئوبرازنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار ۋە ئوبراز باشقۇرۇش يوللىرى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

### 3.1 ئوبراز تۈرلىرى

خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە دۆلەتلەرنىڭ ئوبرازىنى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇنداق ئالتە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇلار: دۈشمەنلىك ئوبرازى، ئىتتىپاقداشلىق ئوبرازى، بېقىندىلىق ئوبرازى، جاھانگىرلىك ئوبرازى، لۈكچەكلىك ئوبرازى ۋە مۇستەملىكە ئوبرازى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت [5].

#### A. دۈشمەنلىك ئوبرازى

دۈشمەنلىك ئوبرازى — خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە بىر دۆلەتنىڭ باشقا بىر دۆلەتنى ئۆز مەۋجۇتلۇقىغا تەھدىت ياكى مەنپەئەتلىرىگە زىيانلىق كۈچ دەپ قارىشىدىن شەكىللىنىدۇ. دۆلەتلەر ئۆزلىرىگە دۈشمەن دەپ بىلگەن دۆلەتلەرگە تاقابىل تۇرالىشى ئۈچۈن كېرەكلىك كۈچكە ئېگە بولۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ خىل ئىنتىلىش ئۆز نۆۋىتىدە دۆلەتلەر ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. دۈشمەن ئوبرازىنى ئالغان بىر دۆلەت قارشى دۆلەت تەرىپىدىن «يامان نىيەتلىك دۆلەت» دەپ قارىلىدۇ. نەتىجىدە، بۇ خىل ئوبراز خەلقئارا سەھنىدە ھۇجۇمچىل رىقابەت ۋە قوراللىق دۈشمەنلىك ئۈچۈن ئېھتىياجلىق شارائىت يارىتىدۇ. كۈنىمىزدە ھىندىستان - پاكىستان، ئەزەربەيجان - ئەرمېنىيە، رۇسىيە - ئۇكرائىنا، پەلەستىن - ئىسرائىلىيە، ئىران - سەئۇدى ئەرەبىستان، جەنۇبىي كورېيە - شىمالىي كورېيە... قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى بۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ.

#### B. ئىتتىپاقداشلىق ئوبرازى

ئىتتىپاقداشلىق ئوبرازى — دۈشمەنلىك ئوبرازىنىڭ ئەكسى بولۇپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە دوست ئۇقۇمى ئورنىغا كۆپىنچە بۇ ئۇقۇم قوللىنىلىدۇ. خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر مەنپەئەتلەر ئۈستىگە قۇرۇلىسىمۇ، لېكىن بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتلىرى ئۇلارنى ئىتتىپاقداش بولۇش دەرىجىسىگە ئېلىپ بارغان. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىر - بىرىگە ئىشىنىدۇ ۋە بىر - بىرىنى قوللايدۇ. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا ساداقەت دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ. بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى (NATO)، تۈركىيە - ئەزەربەيجان، خىتاي - رۇسىيە... قاتارلىق دۆلەتلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

#### C. بېقىندىلىق ئوبرازى

خەلقئارا سىستېمىدا بىر دۆلەت ئۆزىنى ئاجىز ۋە يېتەرسىز ھېس قىلغاندا، خەتەردىن

ساقلىنىش ياكى تېخىمۇ ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىدىن كۈچلۈك باشقا بىر دۆلەتكە تايىنىشنى تاللىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا، بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ. بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدە، بېقىندۇرغۇچى تەرەپ ئۆزىنى بېقىنغۇچى تەرەپتىن ھەم كۈچ، ھەم مەدەنىيەت جەھەتتىن ئۈستۈن چاغلايدۇ. بېقىنغۇچى تەرەپ ئۆزىنى خار كۆرگەنلىكتىن بېقىندۇرغۇچى تەرەپكە نەپرەت بىلەن قارايدۇ. بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى نۆۋىتى كەلگەندە مۇستەملىكىچىلىككە تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن.

### D. جاھانگىرلىك ئۇبرازى

جاھانگىرلىك – كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ باشقا ئاجىز دۆلەتلەرنى تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ھەرىكىتىدۇر. جاھانگىر دۆلەتلەر مۇستەملىكىچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، تەسىرى ئاستىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بايلىقلىرىنى مونوپول قىلماقچى بولىدۇ. ئاجىز دۆلەتلەردە جاھانگىر دۆلەتلەرگە قارشى نەپرەت ۋە دۈشمەنلىك كۈچىيىدۇ. بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە خىتاينى كۆرسىتىش مۇمكىن.

### E. لۈكچەكلىك ئۇبرازى

لۈكچەك دۆلەت ئۇقۇمى دۇنيا تىنچلىقىنى بۇزغان، كىشىلىك ھوقۇقنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلغان، تېررورلۇقنى قوللىغان دۆلەتلەرنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان، خەلقئارا قانۇنغا رىئايە قىلمايدىغان دۆلەتلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىتى ئادەتتە ھېسسىياتچان، ئۇرۇشقاق ۋە ئىستىبدات بولۇپ، ناھايىتى ۋەھشىي تۈيۈلىدۇ. جاھانگىر دۆلەتلەر گېزى كەلگەندە باشقا دۆلەتلەرگە ئۇرۇش ئېچىپ، لۈكچەك دۆلەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن. كۈنىمىزدە شىمالىي كورېيە، خىتاي، رۇسىيە، ئىران ۋە ئىسرائىلىيە... قاتارلىق دۆلەتلەرنى بۇ كاتېگورىيەگە قويۇش مۇمكىن.

### F. مۇستەملىكە ئۇبرازى

مۇستەملىكە ئۇقۇمى بىر دۆلەتنىڭ باشقا بىر دۆلەت تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپ، تولۇق كونترول قىلىنغان ۋە تالان - تاراج قىلىنغان ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە كۈچ جەھەتتە ئۈستۈن تۇرىدىغان جاھانگىر ياكى لۈكچەك بىر دۆلەت ئۆزىدىن ئاجىز باشقا بىر دۆلەتنى تامامەن ئىشغال قىلىپ، ئىدارە قىلىشقا باشلىغاندا، بۇ خىل ئۇبراز مەيدانغا كېلىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر غەربتىكى ئاز ساندىكى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. ھازىر دۇنيادا مۇستەملىكە سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغان دۆلەتلەر يوق دېيەرلىك. ئەسلىدە، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان بۇ كاتېگورىيەگە كىرىدىغان بولۇپ، لېكىن دۇنيا تېخىچە بىزنىڭ بېسىۋېلىنغان بىر دۆلەت، يەنى مۇستەملىكە ئىكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلغىنى يوق.

## 3.2 ئۇبرازنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار

خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئۇبرازنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار كۆپ خىل بولۇپ، ئۇلار بىر

دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىدىن تارتىپ، ئۇ دۆلەت خەلقىنىڭ خۇي - مىجەزىگىچە، پەن - تەرەققىياتتىن تارتىپ، مۇھىت ئاسراش ئېڭىغىچە، سودا - سېتىقتىن كىشىلىك ھوقۇققىچە نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. بۇ ئامىللارنى چوڭ جەھەتتىن تۆت چوڭ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: ئۇلار سىياسىي، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا [7] ۋە كۇلتۇردىن ئىبارەتتۇر.

سىياسىي جەھەتتىن، بىر دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمى، جەمئىيەتنىڭ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىش دەرىجىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق سەۋىيەسى قاتارلىقلار شۇ دۆلەتنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى ئوبرازىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، دېموكراتىك تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئوبرازى مۇستەبىت ياكى دىكتاتور دۆلەتلەردىن كۆرۈنەرلىك ياخشى بولۇپ، دېموكراتىك دۆلەتلەر تۈزۈلمە جەھەتتىن مۇستەبىت دۆلەتلەردىن تەبىئىيلا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىقتىسادىي جەھەتتىن، بىر دۆلەتنىڭ بايلىقى، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسەتلىرى، ئادىل كىرىم تارقىلىشى، پاراۋانلىق سەۋىيەسى قاتارلىقلار شۇ دۆلەتنىڭ دۇنيادىكى ئوبرازىنى بەلگىلەيدۇ. باي دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرى نامرات دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرىغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كۆپ ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. كىشىلەر ھەمىشە كىرىم تارقىلىشى نىسبەتەن ئادىل، خىزمەت پۇرسىتى كۆپ بولغان باي دۆلەتلەرگە ئىنتىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە يەنە ئىقتىسادنى تاشقى سىياسەت قورالى قىلىپ ئىشلەتكىلى بولغاچقا، باي دۆلەتلەر قەرز بېرىش، مەبلەغ سېلىش ۋە تىجارەت قاتارلىق يوللار بىلەن ئۆز ئوبرازىنى ياخشىلىيالايدۇ.

پەن - تېخنىكا جەھەتتىن، بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىمۇ شۇ دۆلەتنىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىنى بېكىتىدۇ. يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەر نوقۇل ئىقتىسادىي كىرىم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىشەنچ ۋە ئىناۋەت قازىنىدۇ. كۆنىمىزدە ئالەم قاتنىشى، سۈنئىي ئەقىل، گېن تەتقىقاتى... قاتارلىق ساھەلەر دۆلەتلەرنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان، ئەڭ مۇھىمى، ئوبرازىنى يارىتىدىغان مۇھىم ئامىللارغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ ساھەلەردە كەم ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسە، خەلقئارا جەمئىيەتتە شۇنىڭغا بولغان قىزىقىش ۋە ھۆرمەت ئېشىۋاتىدۇ.

كۇلتۇر جەھەتتىن، بىر دۆلەتنىڭ تارىخى، دىنى، ئەدەبىيات - سەنئىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى شۇ دۆلەتنىڭ باشقىلارنىڭ كۆزىدىكى ئوبرازىنى بەلگىلەيدۇ. يەنى بىر دۆلەت خەلقىنىڭ ئۆتمۈشى، قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىشى، سەنئەتتە قايسى يۇكسەكلىكتە ئىكەنلىكى ۋە تۇرمۇش شەكىللىرى باشقىلارنىڭ ئۇلارغا بولغان تونۇشلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. كىشىلەر بۇ ئامىللارغا ئاساسەن مىللەتلەر ياكى جەمئىيەتلەرنى ئىلغار - قالاق، ياۋايى - مەدەنىي دېگەندەك كاتېگورىيەلەرگە ئايرىيدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، خەلقئارا سەھنىدە بىر دۆلەتنىڭ ئوبرازىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار كۆپ قىرلىق ۋە كۆپ قاتلاملىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئوبراز باشقۇرۇش ئۈچۈن نوقۇل بىرلا ئامىلغا ئېسىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. خەلقئارا سەھنىدە كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئوبراز بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۆپ قاتلاملىق ھەرىكەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 3.3 ئوبراز باشقۇرۇش يوللىرى

خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئوبراز باشقۇرۇش ئۈچۈن دۆلەتلەر ئومۇمەن تەشۋىقات، ئاممىۋى دىپلوماتىيە ۋە يۇمشاق كۈچكە تايىنىدۇ. بۇ ئۈچ ئامىل ئادەتتە تاشقى سىياسەتنىڭ سۇبيېكتىپ قوراللىرى دەپ قارىلىدۇ. دۆلەتلەر بۇ قوراللارغا تايىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى ئوبرازلىرىنى ئۆز مەنپەئەتلىرىگە پايدىلىق تەرزدە شەكىللەندۈرىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئوبراز باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تۆۋەندىكى ئالتە تۈرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن [7].

**A. ئوقۇغۇچى ئالماشتۇرۇش پىروگراممىلىرى**

چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش بۈگۈنكى دۇنيادا مودا بىر ئېقىمغا ئايلاندى. ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان ساندا ئوقۇغۇچى ئالماشتۇرۇش پىروگراممىلىرى مەۋجۇت. دۆلەتلەرنىڭ ئوقۇغۇچى ئالماشتۇرۇش پىروگراممىلىرى ھەم سىرتتىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى، ھەم سىرتقا ئوقۇغۇچى چىقىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلەتلەر بۇ خىل پىروگراممىلارنى يولغا قويۇش ئۈچۈن غايەت زور مەبلەغ ئاجرىتىپ، بىر تەرەپتىن ئۆز ياشلىرىنى ئىلغار، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە چىقىپ ئوقۇش قىزىقتۇرسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ياشلىرىنى ئۆز دۆلىتىگە كېلىپ ئوقۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى دۆلەتلەردە خىلمۇخىل ئوقۇش مۇكاپاتلىرى تەسىس قىلىنغان.

ئوقۇغۇچى ئالماشتۇرۇش پىروگراممىلىرى – ئاممىۋى دىپلوماتىيەنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، دۆلەتلەر بۇ ئارقىلىق نوقۇل ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆز ئوبرازىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچى ئالماشتۇرۇش پىروگراممىلىرىنى ئوبراز باشقۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك يوللىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ياراملىق ئوقۇغۇچىلارنى چەت ئەلگە ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۈزەل يۈزىنى سىرتقا نامايان قىلسا، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش، ئۇلارغا ھەر تۈرلۈك ئىمكانلارنى سۇنۇش ئارقىلىق ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ.

**B. خەلقئارالىق پائالىيەتلەر**

خەلقئارالىق پائالىيەتلەرنىڭ ئوبراز باشقۇرۇشتىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، دۆلەتلەر ھەر تۈرلۈك خەلقئارالىق پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار ئۇچرىشىشى، ئولىمپىك مۇسابىقىسى ۋە دۇنيا لوڭقىسىغا ئوخشاش يۈكسەك سەۋىيەدىكى خەلقئارالىق يىغىلىشلارغا ساھىبخانلىق قىلىش بىر دۆلەتنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى شان - شۆھرىتىنى نامايان قىلىدۇ. دۆلەتلەر بۇ خىل پائالىيەتلەرنى سۈپەتلىك ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تاشقى دۇنياغا ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتەلەيدۇ. بۇنداق ئۇچرىشىشلار باشقىلاردا ئاللىقاچان شەكىللىنىپ قالغان خاتا ياكى سەلبىي تونۇشنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى بولۇپ، كەلگەن مېھمانلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق پاسسىپ تەسىرلەرنى يوقاتقىلى ياكى ئازايتقىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، خەلقئارالىق توقۇنۇشلارنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ياراشتۇرغۇچى بولۇش، ھەر تۈرلۈك سۆھبەتلەرگە ساھىبخانلىق قىلىشمۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدۇ.

**C. خەلقئارا ئاخباراتچىلىق**

بىر دۆلەت باشقىلار ئالدىدا ياخشى ئوبرازىنى نامايان قىلىش ياكى ناچار ئوبرازىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى چۈشەندۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇ ۋەجىدىن، دۆلەتلەر ئۆز ئاۋازىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن خەلقئارا ئاخباراتچىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ تېگىدە ئالاقە، ئالاقىنىڭ تېگىدە بولسا تونۇش ياتىدۇ. باشقىلارغا ئۆزىنى خاتا چۈشەندۈرۈش، نە قەدەر سەلبىي تەسىر پەيدا قىلسا؛ باشقىلارغا ئۆزىنى چۈشەندۈرەلمەسلىكمۇ، ئۇ قەدەر خاتا چۈشىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

دۆلەتلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم تەشۋىقات قورالى بولغان خەلقئارا ئاخباراتچىلىق ھازىرقى زاماندا ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، دەسلەپتە رادىيو بىلەن باشلانغان بۇ مۇساپە، بۈگۈنكى كۈندە سۈنئىي ھەمراھلارنىڭ ياردىمىدە تېلېۋىزور ۋە ئىنتېرنېت ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق 24 سائەت نەق مەيدان تارقىتىشقا تەرەققىي قىلدى. قارايدىغان بولساق، كۈنىمىزدە بىرلەشمە ئاگېنتلىقى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئانادولۇ ئاگېنتلىقى... دېگەندەك دۆلەت ئىلكىدىكى (بىرلەشمە ئاگېنتلىقى دۆلەت ئىگىلىكىدە ئەمەس. ئامېرىكا دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى ئۈچۈن ئامېرىكا ئاۋازى رادىيوسى ۋە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى قاتارلىقلارنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. – مۇھەررىردىن) خەلقئارا ئاخبارات ئورگانلىرى خۇددى بەيگىدىكى ئاتقا ئوخشاش دۇنيا مىقياسىدا بەس - بەستە ئۇچۇر تارقاتماقتا. بۇنىڭغا، Facebook، X (Twitter)، TikTok، Instagram ۋە YouTube قا ئوخشاش ئاممىۋى تاراتقۇلار قوشۇلۇپ، بۇ ساھەنى تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى.

**D. خەلقئارالىق تىل - مەدەنىيەت ئورگانلىرى**

دۆلەتلەر ئۆز ھېكايىلىرىنى باشقا دۆلەت خەلقىگە يەتكۈزگەندە ئىشلىتىدىغان ئەڭ مۇھىم قاناللار ئۇلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىدۇر. كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەتلەر ئارا ئالماشتۇرۇشمۇ كۆپىيىدۇ. ئالاقىدىكى بۇ خىل تەرەققىياتمۇ ئىشلىتىلگەن تىلنىڭ ئەھمىيىتىنى ئاشۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتىنى باشقا جەمئىيەتلەرگە تونۇشتۇرۇش، ئۆگىتىش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە تىل ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى قۇرۇۋاتىدۇ. بۇ خىل مەركەزلەر ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاممىۋى دىپلوماتىيە ئارقىلىق ئىجابىي ئوبراز يارىتىدىغان قورالى ھېسابلىنىدۇ. دۆلەتلەر بۇ مەركەزلەردىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان قاتلاملىرى بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىش ئارقىلىق ئاممىۋى ئاساس ھازىرلايدۇ. خىتاينىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئاچقان كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى بىلەن تۈركىيەنىڭ يۇنۇس ئەمرە ئىنستىتۇتلىرى بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر.

بۇ قاتاردا يەنە، ئاممىۋى دىپلوماتىيەنىڭ بىر قىسمى بولغان كۈلتۈر (مەدەنىيەت) دىپلوماتىيەسىنىمۇ تىلغا ئېلىش كېرەك. كۈلتۈر دىپلوماتىيەسى – كۈلتۈرنىڭ بارلىق ئامىللىرىنى ئىشلىتىپ، باشقا دۆلەتلەر ۋە خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا چۈشىنىش، ئورتاق تونۇش، ھەمكارلىق ۋە ئالاقە مۇھىتى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان بارلىق ئۇرۇنۇشلارنى كۆرسىتىدۇ. كۈلتۈر دىپلوماتىيەسى – كىنو، ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا، رەسىم، ھەيكەل قاتارلىق بارلىق سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى؛ كۆرگەزمە، يەرمەنكە، ئۇنىۋېرسىتېت، تىل تەربىيەلەش پروگراممىلىرى، سەنئەت ئۆمەكلىرى، چەت ئەللەردە قۇرۇلىدىغان كۇتۇپخانىلار، ئاممىباب

ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىلىرى، خەۋەر ۋە مەدەنىيەت پروگراممىلىرى، تەرەققىيات ياردەم تۈرلىرى قاتارلىق نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۇلتۇرەل پائالىيەتلەرنىڭ تاشقى سىياسەت بىلەن ماس ھالدا ھەرىكەت قىلىشى، بىر دۆلەتنىڭ ئۇنۇملۇك ئاممىۋى دىپلوماتىيەسىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

### E. خەلقئارا زىيارەتلەر

دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا بېرىش - كېلىشلەر، بولۇپمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك زىيارەتلەر مېھمان دۆلەت بىلەن ساھىبخان دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەزكۇر مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى تونۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا زىيارەتلىرى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئوبراز باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم يوللىرىدىن بىرى بولۇپ، زىيارەتكە كەلگەنلەرنىڭ سەۋىيەسى، زىيارەت ۋاقتى ۋە دائىرىسى ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. زىيارەت دائىرىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىملار، بىرلەشمە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنلىرى ۋە باياناتلار، زىيارەت جەريانىدا تۈزۈلگەن تۈرلۈك ھەمكارلىق كېلىشىملىرى ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتنىڭ كۈچىيىشىگە تۆھپە قوشىدۇ.

بۇ خىل زىيارەتلەرنىڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش رولى ئىنتايىن چوڭدۇر. مەسىلەن، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە يېقىن ئىتتىپاقداش بولغاچقا، ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرىنىڭ سايلانغاندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ ئەنگلىيەنى زىيارەت قىلىشى بىر ئەنئەنىگە ئايلانغان. بۇ خىل يېقىنلىق تۈركىيە بىلەن ئەزەربەيجان ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ھەر قېتىم يېڭىدىن سايلانغان تۈركىيە جۇمھۇر رەئىسى ئالدى بىلەن ئەزەربەيجاننى زىيارەت قىلىدۇ. دۆلەتلەر مۇشۇنداق خەلقئارالىق زىيارەتلەر ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەر ئالدىدا ئۆز ئوبرازىنى يارىتىپلا قالماي، يەنە قايسى دۆلەتلەر بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە يېقىنلىقنى نامايان قىلىدۇ.

### F. خەلقئارالىق ياردەملەر

خەلقئارالىق ياردەملەر – شۈبھىسىزكى، ئوبراز باشقۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك يولىدۇر. دۆلەتلەر بىر - بىرىگە ياردەم بېرىش ئارقىلىق بىرلا ۋاقىتتا كۆپ خىل ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيدۇ. باشقا دۆلەتلەرگە بېرىلگەن ياردەملەر بۇ دۆلەتلەر بىلەن ئۆزۈن مۇددەتلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرەل مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالىدۇ. ئىجابىي ئوبراز يارىتىشقا ئۇرۇنغان دۆلەتلەر ئۈچۈن خەلقئارالىق ياردەملەر ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇ ۋەجىدىن، كۈنىمىزدە ھەر تۈرلۈك خەلقئارالىق ياردەم پروگراممىلىرى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ مۇھىم قورالىغا ئايلانماقتا.

خەلقئارالىق ياردەملەر چوڭ جەھەتتىن ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى ۋە تەرەققىيات ياردىمى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەملىرى – مەلۇم بىر دۆلەتتە ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ياكى ھەر تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بەرگەندە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بېرىلگەن تاشقى ياردەملەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈردىكى ياردەملەر جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ھۆكۈمەتلەرنىڭ دەرھال چىقارغان قارارلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەملىرىنى توپلاش ۋە يەتكۈزۈشتە ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ

مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تەرەققىيات ياردەملىرى بولسا، دۇنيادىكى باي دۆلەتلەرنىڭ نامرات دۆلەتلەر ئۈچۈن ئالدىن پىلانلاپ يولغا قويغان تەرەققىيات ياردەم فونددىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ھەر تۈرلۈك تەرەققىيات ياردەم پروگراممىلىرى ئارقىلىق تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۇل ئەسلىھەلىرىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىدۇ. تەرەققىيات ياردەملىرى رەسمىي قانالالار ئارقىلىق تەمىنلىنىدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە دۇنيا بانكىسى، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى ۋە خەلقئارالىق تەرەققىيات بانكىلىرى كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، خەلقئارالىق ياردەملەر نوقۇل ھالدا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ياردەم قىلغۇچى دۆلەتلەرنىڭ ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. نەتىجىدە، ياردەم قىلغۇچى دۆلەتلەرنىڭ باشقا دۆلەتلەر ئالدىدىكى، بولۇپمۇ قوبۇل قىلغۇچى دۆلەت خەلقى ئارىسىدىكى ئوبرازى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، نۇرغۇن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر تەرەققىيات ياردىمىنىڭ دۆلەتنىڭ ئوبرازىغا قوشقان تۆھپىسىنى تونۇپ يېتىپ، مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى خالايدىغان دۆلەتلەرگە بولغان ياردەم پائالىيەتلىرىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ.

يۇقىرىدا خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئوبراز تۈرلىرى، ئوبرازنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار ۋە ئوبراز باشقۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختالدۇق. بۇلارنى بىر جەدۋەل شەكلىدە تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىش مۇمكىن.




## 4. بىزنىڭ ھازىرقى خەلقئارادىكى ئوبرازىمىز

گەرچە بىز ئۆزىمىزنى «ئەقىللىق، تىرىشچان، مېھماندوست، ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر» دەپ سۈپەتلىسەكمۇ، لېكىن دۇنيا بىزنى ئۇنداق دەپ بىلگىنى يوق. خەلقئارا جامائەتچىلىك بىزنى تېخى 2017 - يىلىدىن كېيىن، خىتاينىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشىغا ئالاقىدار خەۋەرلەردىن تونۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن دۇنيا بىزنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇپ، بىز سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرلەرنىڭ شوللىرى ئالىلقاچان ئۆچۈپ بولغانىدى. شۇ سەۋەبتىن،

بىز دۇنياغا سەلتەنەت سۈرگەن بىر مىللەت سۈپىتىدە ئەمەس، ئەكسىچە ئېزىلگەن، ۋەيران قىلىنغان، يوقىلىش گىردابىغا كېلىپ قالغان بىر مىللەت سۈپىتىدە تونۇلدۇق. بىزنىڭ نۆۋەتتىكى خەلقئارالىق ئوبرازىمىزنى چوڭ جەھەتتىن «ئاز سانلىق مىللەت»، «تۈركىي تىللىق مۇسۇلمان مىللەت»، «ئاشقۇن مىللەت» ۋە «مەزلۇم مىللەت» دېگەن تۆت چوڭ كاتېگورىيەگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

## 4.1 ئاز سانلىق مىللەت

ئۇيغۇرلار خىتايدىكى بىر «ئاز سانلىق مىللەت» دېگەن سۆز نۆۋەتتە خەلقئارا تاراتقۇلاردا بىزنى سۈپەتلەش ياكى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ كۆپ قوللىنىلماقتا. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەرقىي تۈركىستاننى «خىتاينىڭ زېمىنى» دەپ قارايدىغان بولۇپ، كۆپ سانلىق خىتايلارغا سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ ئاز سانلىق بولغانلىقىمىزدۇر. ھالبۇكى، بىز شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆپ سانلىق مىللەت، ھەرگىزمۇ خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەمەس.

## 4.2 تۈركىي تىللىق مۇسۇلمان مىللەت

خەلقئارا تاراتقۇلاردا ياكى ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىدە بىزنى تونۇشتۇرغاندا، كۆپىنچە ھاللاردا «تۈركىي تىللىق مۇسۇلمان مىللەت» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئەسلىدە بۇ بىر ئوبيېكتىپ ھەقىقەت بولۇپ، ھېچقانداق سەلبىي تەرىپى يوق. بىراق، بۇ سۆزنىڭ ياۋروپادا «ئىرقچىلىق ۋە ئىسلاموفوبىيا» ئەۋج ئېلىۋاتقان بىر مەزگىلدە غەرب تاراتقۇلىرى تەرىپىدىن تەكرار - تەكرار قوللىنىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربتىكى ئوبرازىغا كۆلەڭگە تاشلايدۇ.

## 4.3 ئاشقۇن مىللەت

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا «رادىكال تېرروررچى» قىلىپ كۆرسىتىپ كەلدى. بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ تالىبان، ئەلقائىدە ۋە دائىشقا ئوخشاش تەشكىلاتلارغا قاتنىششى خىتاينىڭ قارىلاشلىرىنى بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە قىلدى. بۇنىڭ سايىسىدە خىتاي نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن «تېرروررلۇققا قارشى تۇرۇش» كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇ ھال خەلقئارادا ئۇيغۇرلارنى تېرروررلۇققا باغلاپ چۈشىنىشكە يول ئاچتى. ھالبۇكى، ئۇيغۇرلار دۇنيادا تېرروررلۇقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئەڭ قاتتىق ئۇچرىغان بىر مىللەتتۇر.

## 4.4 مەزلۇم مىللەت

بولۇپمۇ 2017 - يىلىدىن بۇيان دۇنيا ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى زور دەرىجىدە بىلدى ۋە ئېتىراپ قىلدى. خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئېلىپ بېرىشى دۇنيا مىقياسىدا بىزگە بولغان ھېسداشلىقنى ئاشۇردى. بىراق، خىتاينىڭ شۇنچە زۇلمغا ئۇچراپ تۇرۇپمۇ ماھىيەتلىك قارشىلىق كۆرستەلمەسلىكىمىز بىزنى بەكلا بىچارە ۋە ئېزىك كۆرسىتىپ قويىدى. ھالبۇكى، بىزنىڭ تارىخىمىز تاجاۋۇزچىلىق ۋە مۇستەملىكىچىلىككە

قارشى تۇرۇپ، ھۆرلۈك ۋە ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بىلەن تولغان بىر تارىختۇر.

## 5. خەلقئارادىكى ئوبرازىمىز قانداق بولۇشى كېرەك؟

بىز ئۇيغۇرلار تارىختا شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان ۋە بۈيۈك سەلتەنەتلەرنى بەرپا قىلغان ئىدۇق. شۇنداقلا بىز ئەزەلدىن تىنچلىقنى قەدىرلەپ كەلدۇق. لېكىن، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى زېمىنىمىزنى بېسىۋالدى ۋە ئەسىرلەردىن بېرى مۇستەملىكە قىلىپ كەلدى. بۈگۈن بولسا، خىتاي دۆلىتى بىزگە قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. بىزمۇ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ھۆرلۈك ۋە ئازادلىققا ئىنتىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسىرلەردىن بۇيان مۇستەملىكچىلىككە، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىپ كەلدۇق، مۇستەبىتلىككە، زوراۋانلىققا باش ئەگمىدۇق. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ كۆڭلىدىكىدەك خەلقئارالىق ئوبرازىمىز تۆۋەندىكىدەك بولۇشى كېرەك:

### 5.1 مەدەنىيەتلىك مىللەت

بىز ئۇيغۇرلار تارىختا ئۇلۇغ مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان بولۇپ، تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراق ھاياتقا قەدەم قويغان ۋە يېزىق قوللانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى ناھايىتى چوڭ. قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۇيغۇرلار مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي تىللارنىڭ راۋاجلىنىشىغا قوشقان تۆھپىسى تەڭداشسىزدۇر. بۈگۈنكى ئەڭ زەئىپ ھالىتىمىزدىمۇ، دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردىن مەدەنىيەت، ھۈنەر - سەنئەت جەھەتلەردە ئۈستۈن تۇرىمىز. ئىلىم سەۋىيەرلىك، سەنئەت سەۋىيەرلىك بىزنىڭ قېنىمىزدا بار. شۇڭا بىز خەلقئارا سەھنىدە بىرىنچى بولۇپ، «ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتلىك بىر خەلق» دەپ تونۇلۇشىمىز كېرەك.

### 5.2 سەلتەنەتلىك مىللەت

بىز ئۇيغۇرلار تارىختا تالاي دۆلەتلەرنى قۇرغان. ئورخۇن بويلىرىدىن ئاناتولىيەگىچە سوزۇلغان بۇ كەڭ تۇپراقلاردا، بۈگۈنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا سۈرگەن سەلتەنەتلىرىنىڭ ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇپ ياشىغان ئۇزۇن تارىخنى ئويلاشقاندا، بۈگۈنكى مۇستەملىكە ھالىتى پەقەتلا ۋاقىتلىق بىر ئەھۋال. شۇڭا، دۇنيا بىزنى «ئۇيغۇرلار تارىختا سەلتەنەت سۈرگەن بىر خەلق» دەپ بىلىشى كېرەك.

### 5.3 تىنچلىقپەرۋەر مىللەت

ئۇيغۇرلار تىنچلىقنى سۆيىدۇ، ھەر قانداق تېررورلۇق ۋە زوراۋانلىققا قارشى تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە قارشى قوراللىق قارشىلىق قىلىش ھوقۇقى بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىنسانپەرۋەر بىر مىللەت بولۇپ، ھەر قانداق شەكىلدىكى ئىرقچىلىققا ۋە مىللىي ئۆچمەنلىككە قارشى تۇرىدۇ. خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئۇچراۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، ھازىرغىچە چەت ئەللەردە خىتاي خەلقىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىدى.

### 5.4 مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەت

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستان – خىتايلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان بىر زېمىندۇر. ئۇ ھېچقاچان خىتاينىڭ قانۇنلۇق بىر پارچىسى بولغان ئەمەس. ئۇيغۇرلار مۇستەملىكە قىلىنغان بىر خەلق، ھەرگىزمۇ خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەمەس.

### 5.5 ھۆرلۈك يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان مىللەت

ئۇيغۇرلار ئۆزۈندىن بۇيان خىتاي مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى كۈرەش قىلىپ كەلگەن. بۇنىڭ يېقىندىن مەيدانغا كەلگەن تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش – دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تەبىئىي ھەققى ۋە ھوقۇقى. ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ رۇس ئىشغالىيىتىگە، پەلەستىن خەلقىنىڭ ئىسرائىلىيە ئىشغالىيىتىگە قارشى كۈرىشى قانچىلىك ھەققانىي بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئىشغالىيىتىگە قارشى كۈرىشىمۇ شۇنچىلىك ھەققانىيدۇر.

### 5.6 ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇۋاتقان مىللەت

خىتاي دۆلىتى پۈتۈن ئىمكانىيىتى بىلەن ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ھازىر شەرقىي تۈركىستان مۇكەممەل ساقچى دۆلىتىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭغا قارىتا خەلقئارا جەمئىيەت يېتەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمايۋاتىدۇ. ئەكسىچە، كۆپ قىسىم دۆلەتلەر خىتايغا يانتاياق بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىز ھەر خىل يوللار بىلەن خىتايغا قارشى تۇرۇۋاتىمىز. شۇڭا، دۇنيانىڭ بىزنى «زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى» دەپ ئەمەس، بەلكى «زۇلۇمغا قارشى تۇرغۇچى» دەپ بىلىشى زۆرۈر.

### 5.7 قەيسەر مىللەت

ئۈچ ئەسىردىن بۇيان ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق كۈرىشىدىن ۋاز كەچمىگەن، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىككىنچى ئىقتىسادىي كۈچ بولغان خىتاينىڭ ھەيۋىسىدىن قورقمىغان، پۈلىغا سېتىلمىغان بىر مىللەت بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ بىز ئۇيغۇرلاردۇر. دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر، تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر خىتايغا خۇشامەت قىلىۋاتقان بۈگۈنكىدەك بىر ۋەزىيەتتىمۇ، بىز يەنىلا ئۈمىدسىزلەنمەي ۋە تىز پۈكمەي كۈرىشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمىز. شۇڭا، دۇنيا بىزنى «ئېزىلگەن، بىچارە مىللەت» سۈپىتىدە ئەمەس، ئەكسىچە، «تىز پۈكمەس، قەيسەر بىر مىللەت» دەپ تونۇشى كېرەك.

### خۇلاسە

يۇقىرىدا بىز ئوبرازىنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگەندۇق، شۇنداقلا ئوبراز باشقۇرۇشنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىكى رولى ۋە يوللىرىنى قىسقىچە بايان قىلدۇق. ئاخىرىدا مەۋجۇت خەلقئارالىق ئوبرازىمىزغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، كۆڭۈلدىكىدەك خەلقئارالىق ئوبرازىمىزنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەۋجۇت خەلقئارالىق ئوبرازىمىز سەلبىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئوبرازىمىزنىڭ بۇنداق شەكىللىنىپ قېلىشىدا تارىخىي كەچمىشىمىز، مەۋجۇت سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىز، شۇنداقلا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تەشۋىقاتلىرىدىن سىرت، يەنە ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقلىرىمۇ مۇھىم رول ئوينىماقتا. شۇ سەۋەبتىن، خەلقئارالىق ئوبرازىمىزنى قايتىدىن يارىتىش ئۈچۈن، ئوبراز

باشقۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش – بىز ئۈچۈن نۆۋەتتىكى تەخىرسىز ۋە زۆرۈر بىر ۋەزىپىدۇر.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] UNICEF, “Would You Stop if You Saw this Little Girl on the Street?”, a Social Experiment, Tiblis, 2017, https://www.youtube.com/watch?v=MQcN5DtMT-0&ab_channel=UNICEF (11/06/2024).

[2] .Büyük Larousse Sözlük ve Ansiklopedisi., 1993, Milliyet Gazetesi Yayınları,11. Cilt, İstanbul.

[3] Aydoğdu, Y. 2018, Uluslararası İlişkilerde İmaj Yönetimi’nin Uygulanması ve Önemi, (Yüksek Lisans Tezi), Sütçü İmam Üniversitesi, Kahraman Maraş.

[4] OKAY, A. 2005., Kurum Kimliği, MediaCat Yayınları, Ankara.

[5] BOULDING, K., 1959. “National Images and International Systems”, Journal of Conflict Resolution, No:3, 120-131; BOULDING, K.E., 1956. The Image: Knowledge in life and society. Ann Arbor, MI: The University of Michigan Press, USA.

[6] BREWER, M.B., & ALEXANDER, M.G., 2002. Intergroup Emotions and Images. Psychology Press, New York.

[7] Aydoğdu, Y. 2018, Uluslararası İlişkilerde İmaj Yönetimi’nin Uygulanması ve Önemi, (Yüksek Lisans Tezi), Sütçü İmam Üniversitesi, Kahraman Maraş.


*بۇ ماقالىنى ئۆمەر ئىمىن تەھرىرلىدى.*

# ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى

مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى

## كىرىش سۆز

كۆنىمىزدە كۆپ قىسىم مىللەتلەر غەرب تېبابىتى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابىتىنى ئۇنتۇپ، ئەجدادلىرىنىڭ ساغلاملىق ھەققىدە قالدۇرغان كىتاب - ماتېرىياللىرىنى چۇشىنەلمەيۋاتقان بولغۇنىكى كۆندە، ئۇيغۇر خەلقى ئەجدادلىرىنىڭ مىراس قالدۇرغان ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، راۋاجلاندۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر تېبابىتى 2500 – 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇ ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش جەريانىدا سان - ساناقسىز تېببىي تەجرىبىلىرىنىڭ توپلىنىشى، رەتلىنىشى، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يېزىپ قالدۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقى ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى.

ئادەم ئاتىمىز يارىتىلغاندىن باشلاپ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتى باشلانغان. شۇنىڭدىن بېرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان دۇنيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابىتى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ داۋالاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ كەلگەن. سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى قىسقىغىنە بىر نەچچە ئەسىر مابەينىدە غەرب مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى تېبابەت يەكلىنىشكە، ئېتىبارسىزلىققا، ھەتتا يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. نەتىجىدە كۆپلىگەن دۆلەتلەردىكى ئەنئەنىۋى تېبابەتلەر تەرەققىي قىلالماي بىر ئىزدا توختاپ قالدى ياكى يوقالدى. ئەمما،

ئۇيغۇر خەلقى غەرب تېبابىتى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنى ئىپتىراپ قىلىپ، قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتىنى مىللىي ئەنئەنىسى بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

## ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ماھىيىتى

ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيەلىرى ئىلمىدىكى «تۆت چوڭ ماددا تەلىماتى»غا ئاساسلانغاندا، «ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق»تىن ئىبارەت بۇ تۆت چوڭ ماددا كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئاساسىي خام ماددىسى بولۇپ، ئىنسانلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە يەر شارىدىكى بارلىق جانلىق - جانسىز مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۆت چوڭ ماددىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئوت (قۇياش) ــ ماھىيەت جەھەتتە قۇياشقا ئوخشايدىغان بولۇپ، قۇرۇتىدۇ، كۆيدۈرىدۇ، ئىسسىتىدۇ، پىشۇرىدۇ، يورۇقلۇق چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا ئوتنى قۇياشنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئوتنىڭ قىزىتىش، قۇرۇتۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتقا ئىگە دېيىلىدۇ.

ھاۋا (ئوكسىگېن) ــ يەر شارىنىڭ ئاتموسفېرا قاتلىمىدىكى گاز جىسىم بولۇپ، ئادەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك قاتارلىق بارلىق جانلىقلار ئوكسىگېنغا تايىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ. ھاۋانىڭ نەملەندۈرۈش، ئىسسىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھۆل ئىسسىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە دېيىلىدۇ.

سۇ ــ بارلىق جانلىقلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان، يەر شارىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدىغان، ئادەم بەدىنىنىڭ تەخمىنەن 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان ماددىدۇر. سۇ ــ ئادەم ئورگانىزمىدىكى ھەر خىل ماددىلارنى تېگىشلىك ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش، سۇيۇقلاندۇرۇش، ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئېرىتىش ۋە پارچىلاش رولىغا ئىگە. سۇنىڭ نەملەندۈرۈش، سۇيۇقلاندۇرۇش، سوۋۇتۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھۆل سوغۇق كەيپىياتقا ئىگە دېيىلىدۇ.

تۇپراق ــ تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەرنىڭ شەكىل ۋە سۈپىتىنى ساقلايدىغان ماددىدۇر. ئۇ ھاياتلىقتا، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى ۋە ھايۋاناتلارنىڭ ياشىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ماددا بولۇپ، تۇپراقنىڭ قۇرۇتۇش، سوۋۇتۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قۇرۇق سوغۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە دېيىلىدۇ.

دېمەك، «ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق»تىن ئىبارەت تۆت چوڭ ماددا يەر شارىدىكى بارلىق جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەرگە بەرگەن قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل ئىسسىق، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇقتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ كەيپىياتى بەلگىلەنگەن. تۆت چوڭ ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتى (ماددىي تەسىرى) بولسا ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلىدىكى تۆت چوڭ ماددىنىڭ ھەربىرىنى تۈزگۈچى بارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ خىمىيەلىك تەركىبلىرىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن.

شۇڭا «ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق»تىن ئىبارەت تۆت چوڭ ماددا ئۆز كەيپىيات، خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ماددىلارغا ھەر ۋاقىت تەسىر

كۆرسىتىپ، ئۇلاردا قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل ئىسسىق، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇقتىن ئىبارەت مۇئەييەن بىر مىزاجنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىنسانلار تۆت چوڭ ماددىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ مۇئەييەن مىزاجغا ئىگە بولغان يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن، شۇ يېمەكلىكلەردىن بەدەندە يېمەكلىكنىڭ تەبىئىتىگە ماس ھالەتتىكى ھاياتلىق ئۇچۇن مۇھىم بولغان «قان، سەپرا، بەلغەم ۋە سەۋدا» خىلتلىرى شەكىللىنىدۇ. ئىنسان بەدىنى شۇ خىلتلاردىن ئوزۇقلىنىپ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

شۇڭا خىلتلارنىڭ نورماللىقى ساغلاملىقنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ھەر خىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىلتلاردا تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلسە، ئورگانىزملاردا كېسەللىك يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ئىنسان بەدىنىدىكى ھەربىر نورمالسىزلىقنىڭ مەنبەسى يەنىلا تۆت چوڭ ماددىنىڭ ئىنسان بەدىنىگە كۆرسەتكەن تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئەۋزەللىكى

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە ھاۋا، يېمەك - ئىچمەك، ھەرىكەت، دەم ئېلىش، ئۇخلاش، ئويغاقلىق، تۇتۇش ۋە چىقىرىش تەڭپۇڭلۇقىنى ۋە روھىي ھالەتلەرنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىنى، تازىلىق ۋە باشقا جەھەتلەردىكى يامان ئادەتلەردىن ساقلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇشتا قاراپ تەكشۈرۈش، تۇتۇپ تەكشۈرۈش، تومۇر تۇتۇپ تەكشۈرۈش، چېكىپ تەكشۈرۈش، تىڭشاپ تەكشۈرۈش، پۇراپ تەكشۈرۈش ۋە باشقا تەكشۈرۈش قاتارلىق تۈرلەر بار بولۇپ، تومۇر تۇتۇپ تەكشۈرۈش كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇشتىكى مۇھىم ۋاسىتىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇلار سىستېمىلىق نەزەرىيەۋى ئاساسقا ئىگە ھەم ئۇيغۇر تېۋىپلىرى نەچچە ئون ئەسىرلىك داۋالاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلىغان تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ كېسەل داۋالاش ئەمەلىيىتىدە ئورگانىزمدىكى تەڭپۇڭسىزلىقلارنى تۈگىتىپ، ساقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇچۇن يەنىلا تۆت چوڭ ماددىنىڭ تەسىرىدە مۇئەييەن مىزاج ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان ھەر خىل يېمەك - ئىچمەك، دورا - دەرمەكلەرنى ئىشلىتىپ، بەدەندە يۈز بەرگەن كېسەللىكلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىنسان ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان يېمەك - ئىچمەك، دورا - دەرمەكلەر تۆت چوڭ ماددىنىڭ تەسىرىدە مۇئەييەن مىزاج ۋە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ماددىي ھەم كەيپىيات جەھەتتىكى تەسىرلىرى بىلەن بەدەندىكى تەڭپۇڭسىزلىقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بەدەندىكى ھەر خىل قۇۋۋەتلەرنىڭ يېغىندىسىدىن بولغان «تەبىئەت»نى كۈچلەندۈرۈش ئارقىلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ.

غەرب تېبابىتى «ھازىرقى زامان مېدىتسىناسى» دەپ ئاتىلىپ، يۇقىرى سەۋىيە، يۇقىرى تېخنىكىلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تۈرلۈك جىددىي، ئېغىر كېسەللەرنى داۋالىيالايدىغان سەۋىيىگە يېتىپ، ئوپېراتسىيە ۋە ھەر خىل تەكشۈرۈش سايمانلىرى جەھەتتە تەرەققىي

قىلىسىمۇ، ئۇنىڭ خىمىيەۋى دورىلار بىلەن داۋالاش، ھەر خىل نۇرلار ۋە ئوپېراتسىيە ئۇسۇللىرى بىلەن داۋالاش قاتارلىقلارنىڭ تەكرار داۋالاش، تەتقىق قىلىش ۋە ئىنسانلارنى ئەمەلىي داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن ئۆتكۈزۈش مۇددىتى قىسقا بولغانلىقى، ئەكس تەسىرى ۋە قالدۇقى نەتىجىسىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە داۋالىنىپ ئۆتىدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيا خەلقىدە كېسەل بولسا ئىلاج بار تەبىئىي دورا ۋە يېمەك - ئىچمەك بىلەن ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ داۋالىنىش ھادىسىسى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيمەكتە.

شۇڭا، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى (WHO) نىڭ چاقىرىقى بىلەن 1992 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى پۈتۈن دۇنيادىكى تېببىي مۇتەخەسسىسلەر بېيجىڭغا يىغىلىپ، «پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ساغلاملىق ئىشلىرى ئەنئەنىۋى تېبابەتكە موھتاج» دېگەن مەزمۇندىكى «بېيجىڭ خىتابنامىسى»نى ماقۇللىغان. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، پۈتۈن دۇنيادا 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنىنى «ئەنئەنىۋى تېبابەت كۈنى» دەپ خاتىرىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەنئەنىۋى تېبابەتنىڭ ئىشلىتىلىشى ياۋروپا، ئاۋستىرالىيە ۋە ئامېرىكىدا تېز سۈرئەتتە ئاشقان. ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا ئەنئەنىۋى تېبابەتنى قوللىنىدىغانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئۆز دۆلىتىدە ئەنئەنىۋى تېبابەتنى يولغا قويۇش سىياسىتىنى بەلگىلىگەن ئەزا دۆلەتلەرنىڭ سانى 1999 - يىلىدىكى 25 تىن 2002 - يىلىغا كەلگەندە 69 غا يەتكەن. ئەنئەنىۋى تېبابەتنىڭ رولىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتكەن نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئەنئەنىۋى تېبابەت ئۇنىۋېرسىتېتلىرى، فاكۇلتېتلار، بۆلۈملەر، مەخسۇس شىپاخانىلار ۋە دوختۇرخانىلار ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتى ئادەم بەدىنى ۋە بارلىق جانلىق ھاياتىنى كەڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ، ئومۇمىي بەدەننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى تەكىتلەپ، ئادەمنىڭ تەبىئىي مىزاج مەسىلىسى ۋە روھىي دۇنياسى، ئۆرپ - ئادىتى، جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرى، ھەر ئىقلىمغا مەخسۇس بولغان ھاۋا كىلىماتى، تەبىئىي شارائىتى قاتارلىقلارنى مىزاج دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ تەھلىل قىلىدۇ. ساقلىق ۋە كېسەللىك ھالىتىنىڭ مىزاج بىلەن چوڭ مۇناسىۋىتى بارلىقى، دىياگنوز قويۇپ، داۋالاشتا كېسەل پەيدا قىلىشقا سەۋەب بولغان ئاساسىي ئامىلنى ئېنىقلاپ، ئۇنى بەدەندىن يوقىتىشتا ئۆزگۈچىلۈكلەر ۋە تەبىئىي ئۈسۈملۈك دورىلار بىلەن بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، بەدەننىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى – «تەبىئەت كۈچى»نى كۈچلەندۈرۈش ئارقىلىق داۋالايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەللەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىدىغان دورىلارنىڭ چىقىش مەنبەسى ئۈسۈملۈك، ھايۋان ۋە مەدەن مەنبەلىك تەبىئىي دورىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى 1500 خىلدىن ئارتۇق، دائىم ئىشلىتىدىغانلىرى 700 خىلدىن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بىز ياشاۋاتقان ئۆز تۇپرىقىمىزدىن چىقىدىغان تەبىئىي دورىلار بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ پىششىق دورا ياسالما شەكىللىرى مەجۇن، ھەب، شەربەت، سۇپۇپ قاتارلىقلاردىن بولۇپ 130 خىلدىن ئاشىدۇ. كۆپ قىسىم ئۇيغۇر تېبابىتى پىششىق دورىلىرى خەلقئارادىكى سۈپەت تەكشۈرۈش ئۆلچىمى GMP نىڭ تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سەۋىيىدە ياساپ چىقىرىلغان ئېشىل مەھسۇلات بولۇپ، غەرب تېبابەت دوختۇرخانىلىرىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ دورىلار پۈتۈن دۇنيا خەلقىدە كېسەل بولسا ئىلاج بار تەبىئىي دورا ۋە يېمەك - ئىچمەك بىلەن ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ داۋالىنىش ئارزۇسىغا ماس كېلىدۇ.

### ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى

كۆنىمىزدە مېھنەتكەش ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابىتىگە ئىخلاسمەنلىك بىلەن كۆرسەتكەن ئالاھىدە تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى ئۆبلاست، ۋىلايەت، شەھەر ۋە ناھىيەلىرىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى 78 بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن بىرى، ئۆبلاست ۋىلايەت، دەرىجىلىكتىن ئالتىسى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن 71 ى بار. ئۇلاردا ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەر سانى 6152 كىشىدىن ئاشىدۇ (2012 - يىلدىكى سانلىق مەلۇمات). ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقات مەركىزى» ۋە بىرقانچە ئورۇندا «قۇم بىلەن داۋالاش ئورنى» قاتارلىقلار بار. ئون نەچچىدىن ئارتۇق چوڭ كۆلەمدىكى «ئۇيغۇر تېبابىتى دورا زاۋۇتى» بار (2012 - يىلدىكى سانلىق مەلۇمات).

ئۇيغۇر تېبابىتى ۋەتەندە يۈرەك، مېڭە، قان - تومۇر كېسەللىكلىرى، جىگەر، بۆرەك كېسەللىكلىرى، دىيابېت كېسىلى، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى، ھەر خىل ئۆسمە كېسەللىكلىرى ۋە ئاقكېسەل، تەمرەتكە قاتارلىقلارنى داۋالاشتا يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە بولۇپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. ئۇيغۇر تېبابەت نەزەرىيە ئاساسلىرىدىكى مىزاج، خىلت، قۇۋۋەت، ئەزا تەلىماتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، بەزى كۆپ ئۇچرايدىغان داۋالاش قىيىن كېسەللىكلەردىن دەم سىقىلىش، يۈرەك، قان - تومۇر كېسەللىكلىرى، دىيابېت كېسىلى، تېرە تەمرەتكىسى، بالىياتقۇ مۇسكۇل ئۆسمىسى قاتارلىق 30 نەچچە خىل كېسەللىكنى داۋالاش جەھەتتە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلارغا دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلىپ ئومۇملاشتۇرۇلدى.

ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دورا زاۋۇتلىرى ئىلغار بولغان دورا ياساش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىدىن 130 خىلدىن ئارتۇق دورىنى خەلقئارادىكى سۈپەت تەكشۈرۈش ئۆلچىمى GMP نىڭ تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سەۋىيەدە ياساپ چىقىپ، ئۇلاردىن زۇكام جەۋھىرى، زۇپا جەۋھىرى، كاشكاپ جەۋھىرى، مۇپەررىھ ئەۋرىشىم، سەرپىستان جەۋھىرى، قۇرسى گاۋزىبان، قۇرسى مەرۋايىت قاتارلىق 30 خىلدىن ئارتۇق ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى غەرب تېبابىتى دوختۇرخانىلىرىغا كىرگۈزۈپ، داۋالاش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن مېدىتسىنا خادىملىرىنى ھەيران قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن، خەلقئارا دورا بازارلىرىغا كىرگۈزۈلۈپ ئۇيغۇر تېبابىتىنى خەلقئارادا نامايان قىلدى.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئەسەرلىرىدىن «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» (يەتتە توم)، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك كىلاسسىك ئەسەرلىرى» (12 توم) نەشر قىلىندى. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد 14 خىل دەرسلىك، ئىككىنچى ئەۋلاد 29 خىل دەرسلىك، ئۇيغۇر تېبابىتى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 18 خىل دەرسلىكى قاتارلىقلار دەرسلىكلەر نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر قايسى نەشرىياتلاردىن «دەستۇرۇلئىلاج»، «ئىكسىر ئەزەم»، «ھازىق»، «مەغزەنۇل ئەدۋىيە» قاتارلىق كىلاسسىك تېببىي ئەسەرلەر، «ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىي ساۋاتلىرى»، «قانۇنچە»، «ئۇيغۇر تېبابىتى پىششىق دورىلار خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىدىغان دورىلار» قاتارلىق 600 خىلدىن ئارتۇق ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت كىتابلار نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشتى (2012 - يىلدىكى سانلىق مەلۇمات).

شۇنداقلا «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ۋە «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكوم ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللار نەشر قىلىندى. 1987 - يىلى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى قۇرۇلغاندىن باشلاپ 30 يىل مابەينىدە، 29 مىڭ 500 ئوقۇغۇچى ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش ۋە دورىگەرلىك كەسپىنى پۈتتۈرۈپ بۇ سەپكە قېتىلىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسىغا ۋارىسلىق قىلدى (2017 - يىلىدىكى سانلىق مەلۇمات).

كۈنىمىزدىكى ئۇيغۇر تېبابىتى ھازىرقى دۇنيادىكى باشقا ئەنئەنىۋى تېبابەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ مۇكەممەل نەزەرىيەۋى ئاساسلارغا، كۆپ يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ھەر خىل ئۇسۇلدىكى داۋالاش پىرىنسىپلىرىغا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھەر جەھەتتىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى خەلقئاراغا نامايان قىلماقتا.

كوۋىد19- كېسىلى (خىتاي ۋىرۇسى) تارقىلىپ كۈندىن - كۈنگە يامراپ ئېغىرلىشىپ كەتكەچكە، 2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى (WHO) خەلقئارادا سەھىيە جىددىي ھالىتىنى ئېلان قىلدى. 2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترامپ بۇ كېسەلنى «خىتاي ۋىرۇسى» دەپ جاكارلىدى. ۋىرۇس يۇقۇمى پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان مەزگىلدە، سىستېمىلىق ئەنئەنىۋى تېبابەت نەزەرىيەسى ۋە داۋالاش ئۇسۇلىغا ئىگە بولمىغان دۆلەتلەر تەبىئىي دورا - دەرمەكلەر بازىرى ۋە خەلق تېبابىتى ھالىتىدىكى داۋالاش ئۇسۇلىغا ئىگە بولسىمۇ بەكلا بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدى.

خىتايلار بولسا ئۇيغۇر تېبابىتىدە تارىختىن بۇيان نەپەس يولى كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان زۇپا شەربىتى، زۇكام شەربىتى، لوئۇقى سەرپىستان، نەزلە شەربىتى، سۇئال مەجۇنى قاتارلىق مەشھۇر دورىلىرىمىزنى «زۇپا جەۋھىرى»، «زۇكام جەۋھىرى»، «سەرپىستان جەۋھىرى»، «نەزلە جەۋھىرى»، «سۇئال جەۋھىرى» دەپ ياسالما شەكلىنى ۋە ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋۇخەن، شاڭخەي، بېيجىڭ قاتارلىق شەھەرلىرىگە كۆپ مىقداردا يۆتكىگەنلىكى؛ ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر دورا زاۋۇتلىرى، تېۋىپ - دورىگەرلەر كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ ئۈلگۈرەلمەيۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر تورلاردا كەڭ تارقالدى. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر تېبابەت خادىملىرى بۇ دورىلارنى يۇقۇملانغانلارغا ئىشلىتىپ داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنى، يۇقۇملانمىغانلارغا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈنۈمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كېسەللەرگە بەردى، كېسەللەرمۇ دورىنىڭ پايدىلىق ئۈنۈمىنى كۆردى.

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى جىددىي ھالەت ئېلان قىلغاندىن كېيىن دۇنيادىكى تېببىي مۇتەخەسسىسلەر بۇ خىل يېڭى ۋىرۇسقا ئەمدىلا دۇچ كەلگەچكە، ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرالماي تەمتىرەۋاتقان؛ داۋالاشتا بۇ كېسەللىكنىڭ ۋىرۇسىغا قارىتا دورىسى يوق، ئالدىنى ئېلىشتا ۋاكسىنا ئاساس ۋە بۇ ۋاكسىنا ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە ياساپ چىقىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان؛ ھازىرقى زامان مېدىتسىناسى بۇ ۋىرۇسقا چارىسىز قېلىۋاتقان مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئۇيغۇر تېبابىتى ئۆزىنىڭ «ھەر خىل ۋىرۇسلارنى جاراسىملار (مىكرو ئورگانىزم) تۈرىدىكى كىچىك جانىۋار دەپ قاراپ، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن ئومۇمىي بەدەن ۋە ئەزا - تۇقۇلمىلارنىڭ مىزاجىنى تەڭشەپ، بەدەندىكى تەبىئىي ئۆزگەرگەن غەيرىي خىلتلارنى تازىلاپ، بەدەننى تەبىئىي ھالەتكە كەلتۈرۈش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن بەدەندىكى زەھەرلىك، بۇزۇق يات ماددىلارنى تازىلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بەدەننىڭ يات ماددىلارغا بولغان پايدىلىق ياشاش

مۇھىتىنى ئۆزگەرتىپ، بەدەنگە بىسىپ كىرگەن مىكرو ئورگانىزملار ياشىيالمايدىغان تەبىئىي مۇھىتنى ھازىر قىلغانلىقتىن جانىۋارلار ئۆزلۈكىدىن ئۆلىدۇ» دېگەن يەكۈنگە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق رېتسىپلىرى ئاساسىدا دورا ياساپ، ئوزۇقلۇقنى تەكشەپ، ھەر خىل كۈتۈنۈش تەۋسىيەلىرىنى بېرىپ، پەرھىزلەرنى بۇيرۇپ بۇ كېسەلگە قارشى تۇردى ۋە كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ساغلاملىق ئىشلىرى ئۈچۈن تارىختىن بۇيان كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى نامايان قىلدى.

دېمەك، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى – ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تەبىئەت بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى جەريانىدا يەكۈنلىگەن ئىلمىي يەكۈنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى چاقناپ تۇرغان گۆھەر.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇش بىلەنلا دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، بەلكى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەنمۇ دۇنيا خەلقىنى ھەيران قالدۇرماقتا. بۇ ھەقتە ۋەتىنىمىزنىڭ يازما خاتىرىلىرى، قېزىپ ئېلىنغان ئارخېئولوگىيەلىك ماددىي مەنبەلىرىدە ۋە چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن يازما ماتېرىياللاردا بېرلىن، لوندون، موسكۋا، لېنىنگراد، توكيو، پارىژ قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ تارىخىي مۇزېيلىرىدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللار ساقلانماقتا. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، خېلى كۆپ قىسمى تېخى تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنمىدى.

**ئاخىرقى سۆز**

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان كۆپلىگەن مەدەنىيەت مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى خۇددى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»غا ئوخشاش تاكامۇللىشىپ، تارىخ تەرەققىياتىنى بويلاپ بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەن بولسا، بەزىلىرى تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەسىرىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان ياكى يوقاتماقتا. 2500 – 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر تېبابىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە تارىختىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، شۇنداقلا ساغلام ھالدا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۆز ئورنى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن.

بۈگۈنكى كۈندە، گەرچە غەرب تېبابىتى تەرەققىي قىلىپ ئىنسان بەدىنىنى ھۈجەيرە، مولېكۇلا، گېن سەۋىيەسىدە تۇرۇپ كۆزىتىپ تەتقىق قىلالايدىغان، شۇنداقلا يۇقىرى تېخنىكىلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق تۈرلۈك مۇرەككەپ، ئېغىر كېسەللىكلەرنى داۋالىيالايدىغان سەۋىيەگە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خىمىيەۋى دورىلار بىلەن داۋالاشنى ئاساس قىلىپ، بەدەندە ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدىغان بولغاچقا، پۈتۈن دۇنيادا تەبىئىيلىككە قايتىش قىزغىنلىقى پەيدا بولۇپ، «ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقى ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىككە موھتاج» دەيدىغان تەشەببۇس ئوتتۇرىغا چىقتى. نۆۋەتتە ئىنسانىيەت ئادەم بەدىنىگە زىيانسىز بولغان ئەنئەنىۋى تېبابەتنى يېڭىباشتىن تونۇپ يېتىپ، ئەنئەنىۋى تېبابەتنىڭ سىر - ئەسرارلىرى ئۈستىدە قايتىدىن ئىزدەنمەكتە.

شەرقىي تۈركىستاندا قىممەتلىك مىراس ھېسابلانغان ئۇيغۇر تېبابىتىنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ پۇل تېپىش يولى قىلىۋېلىشى سەۋەبىدىن، بۇ ساھەنىڭ قانۇنلۇق ھەقدارلىرى ۋە ۋارىسلىرى ھېسابلانغان ئۇيغۇرلار تۈرلۈك خىرىسلارغا دۇچ كەلمەكتە. ئۇيغۇر تېبابەت خادىملىرى خىتايچە تىل سەۋىيەسى باھانىسى بىلەن تۈرلۈك كەسپىي سالاھىيەت كىنىشكىلىرىگە ئىگە بولالماي، تىجارەت كىنىشكىسى بېرىلمەي ئىشسىز قالدۇرۇلماقتا؛ سەرخىل تۆھپىكارلار تۇتقۇن قىلىنىپ، خىتاي چوڭ كارخانىلىرى بىلەن شېرىك بولۇشقا ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن دورا - رېتسېپلارنى شەكىلسىز مەبلەغ نامىدا ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىنىش قاتارلىق ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولماقتا.

مانا مۇشۇنداق زۆرۈرىيەت بىزدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مىراسى بولغان ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئورنىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مائارىپىتكى، ئىنسانىيەت ساغلاملىقىدىكى نەتىجىلىرىنى خەلقئارالىغا تونۇتۇش، تېبابەت تارىخىي تۆھپىلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلىرى، لوگىكىلىق نەزەرىيەلىرى، تېبابەت دىنىي - پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرى، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيەلىك ۋە بىيولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلىرى، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، پىششىق دورا رېتسېپ ۋە ياسالما شەكىللىرىدىكى ئالاھىدىلىك قاتارلىقلارنى ھازىرقى زامان ئۇسكۇنىلىرى بىلەن تەتقىق قىلىش، ئىلمىي ئىزدىنىش، ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن يورۇتۇش، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ نام - ئابرۇيىنى قوغداش — نۆۋەتتىكى ئۆلىمالار، زىيالىيلار، ئاكادېمىكلار، پروفېسسورلار، دوكتورلار ۋە ئۇيغۇر مېدىتسىنا خادىملىرىنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنى توغرا تونۇپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ، ئۇنى رېئال دۇنيا بىلەن، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


[1] ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى دەرسلىكلىرىدىن:

1) «ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيەلىرى ئىلمى». سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى.
2) «ئۇيغۇر تېبابىتى كېسەللىنىش ئىلمى». سەھىيە نەشرىياتى 2005 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
3) «ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىلمى». سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى.
4) «ئۇيغۇر تېبابىتى دىياگنوز ئىلمى». 2006 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى.
5) «ئۇيغۇر تېبابىتى ساقلىقنى ساقلاش ئىلمى». 2007 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى.

[2] «ئۇيغۇر تېبابىتى قامۇسى» (1 - 4 - جىلد)، 2009 - يىل 9 - ئاي.
[3] «شىفائۇل قۇلۇب»، 2006 - يىل 5 - ئاي.
[4] «ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1 - 2 - 3 - سان.
[5] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 5 - سانى.
[6] دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى (WHO) تور بەت سەھىپىسى.
[7] تىۋىش بىلوگى

## يازغۇچىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى:



**پىروفېسسور، مۇدىر ۋىراچ مۇتەللىپ**
**ئەلى ھاجى ئەمچى**

- 1972 - يىلىغىچە يۇرتى خوتەندىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان.
- 1972 - يىلىدىن 1974 - يىلىغىچە خوتەن ناھىيەلىك يېڭى يول مىللىي (ئۇيغۇر) تېبابەت ئامبۇلاتورىيەسىدە شاگىرت تېۋىپ بولۇپ ئىشلىگەن.
- 1974 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدا شاگىرت تېۋىپ، ۋىراچ بولۇپ، كىلىنىكا ئەمەلىيىتىدە ئىشلىگەن.
- 1983 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى خوتەندە ئاچقان ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇيغۇر تېبابىتى خادىملىرىنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش سىنىپىدا ئوقۇغان.
- 1984 - يىلىدىن 1986 - يىلىغىچە پاكىستاننىڭ لاھور شەھىرىدىكى جامىئۇلئەشرەفىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوردۇ تىلى فاكۇلتېتىدا بىر تەرەپتىن ئوردۇ تىلى ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىدىن بولغان ھەكىم مۇھەممەد ئەجمەلخاننىڭ لاھوردىكى ئەجمەلخان دورا زاۋۇتىدا يۇنان تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىكى توغرىسىدا بىلىم ئاشۇرغان.
- 1986 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە باش ۋىراچ بولۇپ ئىشلىگەن.
- 1987 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەش سىنىپىدا ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەزكۇر مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان.
- 1994 - يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئىچكى كېسەل ۋە بالىلار كېسەللىكلىرى مەخسۇس كۇرسىدا غەرب تېبابىتى بويىچە ئوقۇغان.
- 1998 - يىلىدىن 2000 - يىلغىچە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش كەسپى تولۇق كۇرس سىنىپىدا ئوقۇغان.
- 1988 - يىلىدىن 2016 - يىلغىچە شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي باشقارما ۋە داۋالاش فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئوقۇتقۇچى، ئوردۇ تىلى، ئۇيغۇر تېبابىتى كىلاسسىك ئەسەرلىرى، ئۇيغۇر تېبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى، داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىلمى، روھىي كېسەللىكلەر ئىلمى، مۇرەككەپ دورىلار ئىلمى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن.
- شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومغا بىۋاستە قاراشلىق دوختۇرخانىسىدا مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ ۋە مۇدىر ۋىراچ بولۇپ ئىشلىگەن.
- شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك فاكۇلتېتىنىڭ تەكلىپلىك پىروفېسسورى بولۇپ، تۇنجى قارارلىق سىنىپقا ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە دەرس ئۆتكەن.
- 2016 - يىلىدىن ھازىرغىچە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقات ۋەخپىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە مۇدىرى.

*بۇ ماقالىنى ئابدۇرېشىت نىياز تەھرىرلىدى.*

25

# سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە تەتقىقات

ئىرپان ئىدرىس

## ئومۇمىي بايان

چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش دۇنيادىكى ھەممە تىللاردا مەۋجۇت بىر خىل نورمال ھادىسە. ھەر قايسى تىللار چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆز تىللىرىنىڭ لۇغەت فوندلىرىنى (لۇغەت سوستاۋىنى، بايلىقىنى) بېيىتىپ، ئىپادىلەش ۋە ئالاقىلىشىش ئىقتىدارلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىدۇ.

چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش ھادىسىسى، بىر تەرەپتىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى مەملىكەتلىرىدىكى ھەر خىل تىل جەمئىيىتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر خىل ئوقۇشلۇقلارنى تەرجىمە قىلىش، گېزىت - ژۇرنال، رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ئىنتېرنېت قاتارلىق مېدىيالار، سودا - سېتىق، مائارىپ - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، تەتقىقات يىغىنى، ساياھەت، تەنھەرىكەت ۋە سەنئەت پائالىيەتلىرى قاتارلىق ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بولۇپ ئۆتكەندە يۈز بېرىدۇ.

چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنماقچى بولغان سۆز - ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى بىر تۈرلۈك نازۇك ئىلمىي مەشغۇلات. بۇ مەشغۇلات ئىلمىي يوسۇندا ئىشلەنسە، تىلنىڭ فۇنكسىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؛ ئەگەر ئەكسىنچە ئىشلەنسە، تىلنىڭ فۇنكسىيەسى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا ھەر قايسى تىللار قوبۇل قىلىنىدىغان سۆز - ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئۆز تىللىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ۋە تىلنىڭ فۇنكسىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان كونكرېت پرىنسىپلارنى بەلگىلەپ چىقىشى زۆرۈر. قانداقلا بولمىسۇن، ئومۇمىي پرىنسىپ قوبۇل قىلىنىدىغان سۆز - ئاتالغۇلارنى نوقۇل

ھالدا مۇئەييەن بىر مىللىي تىلدا ئىپادىلەش بولماستىن، بەلكى قېلىپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

چەت تىل سۆز - ئاتالغۇلىرى مۇئەييەن بىر تىلنىڭ لۇغەت فوندىنىڭ تەركىبىي قىسمىلىرى بولغان ئاساسىي (ئادەتتىكى) لۇغەت فوندى ۋە ئالاھىدە لۇغەت فوندىغا بىردەك قوبۇل قىلىنىدۇ، لېكىن قوبۇل قىلىش كۆلىمى، ھەجمى ۋە مىقدارىدا پەرق بولىدۇ. نورمال ئەھۋالدا ئالاھىدە لۇغەت فوندىغا قوبۇل قىلىنىدىغان سۆز - ئاتالغۇلار ئاساسىي لۇغەت فوندىغا قوبۇل قىلىنىدىغان سۆز - ئاتالغۇلارغا نىسبەتەن كۆلىمى كەڭ، ھەجمى چوڭ ۋە سانى زور مىقداردا كۆپ بولىدۇ. بۇنداق بولۇشىنى تىلنىڭ لۇغەت فوندىنىڭ تەركىبلىرى بولغان ئاساسىي لۇغەت فوندى ۋە ئالاھىدە لۇغەت فوندلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەمدە رېئال تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى بەلگىلىگەن.

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى ئومۇمىي خەلققە ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىشلىك بولغان، كىشىلىك تۇرمۇشتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى، شۇ تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاساسىي لۇغەت فوندىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، مەزكۇر لۇغەت فوندىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى سۆزلەرنىڭ ئاۋام خەلققە چۈشىنىشلىك بولۇشى ۋە ئىشلىتىلىش چاستوتىسى (تەكرارلىقى) نىڭ يۇقىرى بولۇشى ھەم نىسبەتەن تۇراقلىق ۋە مۇقىم بولۇشى، نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ فوندىدىكى كۆپ ساندىكى سۆزلەرنىڭ ئاتالغۇلار مەنىلىرىدە ئەسىرلەر بويىچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ئۆزگىرىش بولسىمۇ ئاستا ۋە قىسمەن بولىدۇ. مەزكۇر لۇغەت فوندىدىكى كۆپلىگەن سۆزلەر يەنە كىشىلەرنىڭ ھېسسىي تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئادەتتىكى لۇغەت فوندى چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشقا ئانچە ئېھتىياجلىقمۇ ئەمەس، چەت تىلدىكى سۆز - ئاتالغۇلار نىسبەتەن ئازراق قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىدىكى سۆزلىرى مەزكۇر مىللەتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى ھەمدە تەبىئىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىدۇ. لېكىن زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئاۋام خەلقنىڭ مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ھەمدە ھەر قايسى مىللەت ۋە مەملىكەتلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا بېرىش - كېلىش، سودا - سېتىق ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەر قايسى تىللارنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندلىرىنىڭ چەت تىللاردىن كۈندىلىك تۇرمۇش، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە ئىشلىتىلىدىغان سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

ئاساسىي لۇغەت فوندىغا چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغاندا ئىلمىي يوسۇندا قوبۇل قىلىش ئىنتايىن مۇھىم بىر ھالقا. ئۇنداق بولمىغاندا، مۇئەييەن بىر تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، مەزكۇر تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى ئۆزىنىڭ مۇقىملىقىنى يوقىتىپ، ئەبجەش لۇغەت فوندىغا ئايلىنىپ قېلىش ئېھتىماللىقى تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغاندا، قوبۇل قىلىنماقچى بولغان سۆز - ئاتالغۇنىڭ سېمانتىكىلىق مەنىسىدە (سۆز مەنىسىدە) قوبۇل قىلغۇچى تىلدا تەڭ قىممەتتىكى سېمانتىكىلىق مەنىدىكى سۆز - ئاتالغۇنىڭ بار - يوقلۇقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بار بولسا قوبۇل قىلماسلىق كېرەك. بولمىسا، بۇنداق سېمانتىكىلىق

مەنە جەھەتتە تەڭ قىممەتلىك سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ كۆپلەپ قوبۇل قىلىنىشى نەتىجىسىدە چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز - ئاتالغۇلار مەزكۇر تىلدىكى شۇ قوبۇل قىلىنغان سۆز - ئاتالغۇلارغا سېمانتىكىلىق مەنە جەھەتتە تەڭ قىممەتتىكى سۆز - ئاتالغۇلارنى ئىستېمالدىن سىقىپ چىقىرىدۇ. بۇ ھادىسىگە ئوردۇ تىلى تىپىك مىسال بولالايدۇ. نۆۋەتتە ئۇيغۇر تىلىدا «لىدېر» ۋە «كۇلتۇر» قاتارلىق چەت تىل سۆزلىرى ئىشلىتىلمەكتە. ئۇيغۇر تىلىدا «لىدېر» ۋە «كۇلتۇر» سۆزلىرى ئۈچۈن تەڭ سېمانتىكىلىق مەنە جەھەتتە تەڭ قىممەتتىكى «رەھبەر» ۋە «مەدەنىيەت» سۆزلىرى بار. مۇبادا «رەھبەر» ۋە «مەدەنىيەت» سۆزلىرى ئىشلىتىلمىسە، بۇ سۆزلەر ئۇزۇن ئۆتمەي لۇغەت فوندىدىن غايىب بولىدۇ. ئەگەر ئەھۋال مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، ئۇزۇن ئۆتمىگەن كەلگۈسىدە چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي ھالىتى ئوردۇ تىلىنىڭ ھالىتىدەك بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى تۇغۇلۇشى مۇمكىن.

ئالاھىدە لۇغەت فوندى بولسا، ئىجتىمائىي - تەبىئىي پەنلەر، ئىلىم - پەن، تېخنىكا، ھۈنەر - كەسىپ ۋە ئىلمىي ساھەلەردە ئىشلىتىلىدىغان كەسپىي سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ سۆزلەر ئادەتتە تېرمىن دەپ ئاتىلىدۇ. ئالاھىدە لۇغەت فوندىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئالاھىدە لۇغەت فوندىدىكى سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق مەنىلىرىنىڭ يەككىلىكى ۋە ئېنىقلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇلار يەككە ۋە مەخسۇس ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ تېرمىنلاردا ھېسسىي تۈس ئىپادىلەنمەيدۇ. ئالاھىدە لۇغەت فوندىدىكى سۆزلەر ئادەتتە ئاۋام خەلققە ئانچە تونۇش بولمايدۇ. لېكىن، ئاۋام خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئالاھىدە لۇغەت فوندىدىكى قىسمەن تېرمىنلارنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا يۆتكىلىش ئەھۋالى داۋاملىق سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدە لۇغەت فوندىدىكى «ئېلېمېنت، ئاتوم، مولېكۇلا، ئېلېكترون، كىلېتكا، باكتېرىيە، ۋىرۇس، مىكروب ۋە مىكرو» قاتارلىق تېرمىنلارنىڭ ئالاھىدە لۇغەت فوندىدىن ئاساسىي لۇغەت فوندىغا يۆتكىلىپ ئاۋام خەلققە بۇ سۆزلەرنىڭ چۈشىنىشلىك بولۇشى ۋە بۇ سۆزلەرنى داۋاملىق ئىشلىتىشى قاتارلىقلار.

ھەر قايسى تىللاردا چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا، ئومۇمىي پىرىنسىپ — قوبۇل قىلىنىدىغان سۆز - ئاتالغۇلارنى پۈتۈنلەي مىللىيلاشتۇرۇش (ئۆز تىل - يېزىقىدا ئىپادىلەش) بولماستىن بەلكى قېلىپلاشتۇرۇش بولىسىمۇ، لېكىن تىل سىستېمىسى ۋە بۇ تىل سىستېمىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن يېزىق سىستېمىسىنىڭ پەرقلىق بولۇشى تۈپەيلى قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى، ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى، مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، ئۇدۇل - مەنە تەرجىمە ئۇسۇلى، ئاھاڭ - مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، تەقلىد تەرجىمە ئۇسۇلى، تەقلىد - مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، مەنەن - تەقلىد تەرجىمە ئۇسۇلى ۋە ئاغزاكى ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇسۇللار ئىشلىتىلمەكتە. قانداق ئۇسۇلنى قوللىنىپ سۆز - ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، قوبۇل قىلىنغان سۆز ياكى ئاتالغۇنىڭ سېمانتىكىلىق مەنە قىممىتى ئەسلىدىكى قوبۇل قىلىنماقچى بولغان سۆز ياكى ئاتالغۇنىڭ سېمانتىكىلىق مەنە قىممىتىگە تەڭ بولۇشى شەرت.

## ھەرپلىك يېزىق سىستېمىسىدىكى تىللاردا سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش

ھەرپلىك (ئېلىپبەلىك) يېزىق سىستېمىسىدىكى تىللاردا (مەسىلەن، ئۇرال - ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە تىللاردا) سۆزلەر مورفېمىلارنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ھەرپلىك يېزىق سىستېمىسىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتىكى ئاساسىي ئۇسۇل – ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بولۇشىنى بەلگىلىگەن. شۇڭلاشقا، ئاساسىي لۇغەت فوندىغا سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى ئاساسىي ئۇسۇل قىلىپ قوللىنىلماقتا. ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى، مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، ئاھاڭ - مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، مەنەن - ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى، تەقلىد - مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى ۋە ئاغزاكى ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇسۇللار قوشۇمچە ئۇسۇللار سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەكتە. ئالاھىدە لۇغەت فوندىغا سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا ئاساسەن ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى قوللىنىلماقتا.

ھەرپلىك يېزىق سىستېمىسىدىكى رۇس تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە تۈركىي تىللىرى قاتارلىق تىللار چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشقا ئىنتايىن ماھىر تىللاردۇر. بۇنىڭ سەۋەبى، بىر تەرەپتىن، رۇسلار، ئىنگلىزلار ۋە تۈرك مىللەتلىرىنىڭ بىر تەرەپتىن تاشقى دۇنياغا قارىتا ئوچۇق پوزىتسىيە تۇتۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ شەيئىنىڭ مەيلى ئابستراكت شەيئى ياكى كونكرېت شەيئى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇئەييەن بىر شەيئىنى بىر پۈتۈنلۈك بويىچە چۈشىنىش ياكى تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئىبارەت ئىقتىدارىدىن تولۇق پايدىلانغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ھەمدە شەيئىلەرنى شۇنداق تونۇش ۋە چۈشىنىشكە ئادەتلەنگەنلىكىدىندۇر. شۇڭلاشقىمۇ بۇ تىللارنىڭ لۇغەت فوندىدىكى سۆز - ئاتالغۇلار ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ بارغان ۋە كۆپىيىپ بارماقتا. نۆۋەتتە بۇ تىللارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ لۇغەت فوندىدا بىر نەچچە يۈز مىڭدىن ئارتۇق سۆز - ئاتالغۇ بار. (1993 - يىلى نەشر قىلىنغان ئىنگلىزچە «Webster's New Encyclopedic Dictionary» دېگەن لۇغەتتە 200 مىڭ ئاتالغۇ، 1963 - يىلى نەشر قىلىنغان رۇسچە «Большой русско-китайский словарь» (俄汉大辞典) لۇغەتتە 105 مىڭ ئاتالغۇ، 1990 - يىلى نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە ئالتە توملۇق «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دا 60 مىڭغا يېقىن ئاتالغۇ بار) .

ھەرپلىك يېزىق سىستېمىسىدىكى رۇس تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە تۈركىي تىللىرى قاتارلىق تىللاردا چەت تىللاردىن سۆز ۋە ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغاندا ئاساسەن ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئىنگلىز تىلى، رۇس تىلى ۋە تۈركىي تىللىرىنىڭ چەت تىللاردىن زور مىقداردا سۆز - ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەرگەن. ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى، مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى ۋە تەقلىد تەرجىمە ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇسۇللار قوشۇمچە ئۇسۇللار ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

**ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن:**

| كېلىش مەنبەسى | ئىنگلىزچە | ئۇيغۇرچە |
|---|---|---|

| | | |
|---|---|---|
| ئېكولوگىيە | ecology | گىرېكچە |
| تىراگېدىيە | tragedy | |
| موتور | motor | لاتىنچە |
| فورمۇلا | formula | |
| كاپىتان | captain | فىرانسۇزچە |
| مىنا | mine | |
| كابېل | cable | گوللاندىيەچە |
| گاز | gas | |
| دىزېل | diesel | گېرمانچە |
| فىرونت | front | |
| باندىت | bundit | ئىتاليانچە |
| ماندارىن | mandolin | |
| كومپرادور | comprador | ئىسپانچە |
| ئېمبارگو | embargo | |
| بالالايكا | balalaika | رۇسچە |
| ساماۋار | samovar | |
| تۇندىرا | tundra | |
| ئىسلام | Islam | ئەرەبچە |
| قۇرئان | Koran | |
| كاۋاپ | Kabob | پارسچە |
| كارۋان | caravan | |
| خان | khan | تۈركىي تىللىرى |
| كاۋاپ | Kabob | |
| يۇرت | yurt | |
| قېتىق | yoghurt | |
| ساموراي | samurai | ياپونچە |
| ياپونلارنىڭ بىر خىل مىللىي كىيىمى | kimono | |

| | | |
|---|---|---|
| خىتايچە | Typhoo (台风) | تەيفېڭ شاملى |
| | Taijiquan (太极拳) | تەيجىچۈەن |
| | qigong (气功) | چىگوڭ |

**ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن:**

رۇس تىلىدىكى «водныелыЖи» (ئىنگلىزچە waterskiing، ئۇيغۇرچە سۇ لىېژىسى)، «холодильник» (ئىنگلىزچە refrigerator ، ئۇيغۇرچە مۇزلاتقۇ) قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

**ئاھاڭ - ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن:**

رۇس تىلىدىكى «кредитная карточка» (ئىنگلىزچە credit card، ئۇيغۇرچە كرېدىت كارت ياكى كرېدىت كارتوچكىسى)، «фотоаппарата» (ئىنگلىزچە photo camera، ئۇيغۇرچە فوتو ئاپپارات)، «микроволновка» (ئىنگلىزچە microwave، ئۇيغۇرچە ماكروۋى) قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

**مەنە تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن:**

رۇس تىلىدىكى «футболка» (ئىنگلىزچە T-shirt، ئۇيغۇرچە مايكا)، «галстук-бабочка» (ئىنگلىزچە bowtie، ئۇيغۇرچە بانتىك)، «шляпа празидничная» (ئىنگلىزچە holiday hat، ئۇيغۇرچە بايراملىق شىلەپە) قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

**تەقلىد تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن:**

رۇس تىلى «цилиндр» (ئىنگلىزچە top hat، ئۇيغۇرچە بىر تۈرلۈك شىلەپە) قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان. ئۇيغۇر يېزىقىمۇ ئېلىپبەلىك يېزىق سىستېمىسىدىكى يېزىق بولغاچقا، چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا ئىنگلىز ۋە رۇس تىللىرىغا ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

## ئۇيغۇر تىلىدا سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش

ئۇيغۇر تىلى چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا ئىشكنى كەڭ ئاچقان، ئاكتىپ ھەمدە تەشەببۇسكار پوزىتسىيە تۇتقان ۋە ئەنئەنىسى قەدىمىي بولغان بىر تىل بولۇپ، ھازىرغىچە مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. مىلادى VIII ئەسىرلەردىن باشلاپ، ئۇيغۇر تىلى ھىندى ۋە ئىران تىللىرىدىن بۇددا، مانى، نېستورىيان (خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر

مەزھىپى) دىنلىرىغا ئائىت سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. مەسىلەن، بۇددا، بۇدساتۋا، ساكيامۇنى، ھىمالايا (سانسكرىتچە) قاتارلىقلار. مىلادى X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى ئەرەب - پارس تىللىرىدىن كۆپلەپ سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. ئۇيغۇر تىلى دۇنيادىكى چوڭ تىللارنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىپ قالماستىن، يەنە نوپۇسى ئازراق بولغان مىللەتلەردىنمۇ قوبۇل قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، دىن، كائىنات، تەبىئەت، ئىجتىمائىي پەن، پەن - تېخنىكا، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى جەھەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇيغۇر يېزىقىمۇ ئېلىپبەلىك يېزىق سىستېمىسىدىكى يېزىق بولغاچقا، چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى

قوبۇل قىلىشتا ئاھاڭ تەرجىمىسى ئۇسۇلى ئاساسلىق ئۇسۇل بولۇپ، ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى، ئاھاڭ - ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى، ئۇدۇل - مەنە تەرجىمە ئۇسۇلى، مەنە - ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى، تەقلىد - ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى ۋە ئاغزاكى ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇسۇللار قوشۇمچە ئۇسۇللار سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن ۋە كېلىنمەكتە. مەسىلەن،

**ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن:**

ئەرەب تىلىدىن: «سەنئەت، ئاسىيا، كائىنات، مەدەنىيەت، ئايەت، تەپەككۇر، ئەخلاق، مۇبارەك، مۇئەللىپ، ھىممەت، ھىجرىيە، ھىدايەت، نەپرەت، قۇتۇپ، دەۋر» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

پارس تىلىدىن: «ئابرۇي، ئەينەك، بىباھا، پەگاھ، تەنھا، چىمەن، دىلىستان، پالۋان، راست، زومىگەر، ئاخۇن، ئاپىرىدە، مەستەك، ئاش، پاناھ، تاماكا، تۇتى، چىراغ، خامان، خۇنپەر، روناق» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز - ئاتالغۇلار: «سامالىيوت، ساماۋار، شىلەپە (رۇسچە)؛ دېموكراتىيە، ئاكادېمىيە، ئاناتومىيە (گرېكچە)؛ فونكسىيە، دېكلاماتسىيە، رادىيو (لاتىنچە)؛ بانكا، كومىتېت، كومپانىيە (فرانسۇزچە)؛ دانكرات، شىلانكا، دېزېل (گېرمانچە)؛ ئاككورد، فونتان، باندىت (ئىتاليانچە)؛ كومپيۇتېر، پارك، بايقۇت (ئىنگلىزچە) ۋە تانكا، كابېل، رومكا (گوللاندچە)» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

**ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى :**

ئىنگلىز تىلىدىن: «يۇمشاق دېتال (software)، قاتتىق دېتال (hard ware)»؛

**ئاھاڭ - ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى :**

ئىنگلىز تىلىدىن: «ئېلكتاب (ئېلېكترونلۇق كىتاب، e-book)، ئېلخەت (ئېلېكترونلۇق خەت، e-mail) » قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

**ئۇدۇل - مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :**

خىتاي تىلىدىن: «冰箱» (مۇزلاتقۇ)، «录像机» (سىنئالغۇ)، «录音机» (ئۈنئالغۇ) قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

**مەنەن - ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى :**

خىتاي تىلىدىن: «يانفون (手机)»؛

**تەقلىد - ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن:**

خىتاي تىلىدىن: «乒乓球» (تىكتاك توپ)، «چاڭ» (خىتايلارنىڭ بىر خىل مۇزىكا ئەسۋابى) قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

**ئاغزاكى تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :**

تاتار تىلىدىن: «ئاپپاي، ئابزى، ئاۋىستاي، باقالى، تۇش، بال تورت» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

قازاق تىلىدىن: «ئاۋۇل، ئاقىن، دۇمبىرا، ئىرىمچىك، قىز قوۋار» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

رۇس تىلىدىن: «خۇلىگەن، مېشچان، تۈرمە، پودىۋال، دۇخوپكا، كارىۋات، پىلىتا، ماروژنى» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

خىتاي تىلىدىن: «پوتەي، تەتەي، پوپوزا، تاڭگازا، لازىجاڭ، مەنجاڭ، بۇدۇڭتەي» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان.

يېقىنقى زامانلاردىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى دۇنيادىكى چەت تىللاردىكى سۆز - ئاتالغۇلارنى ئاساسەن رۇس تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىپ كەلگەن. خىتاي - سوۋېت دوستلۇق مۇناسىۋىتى يامانلاشقاندىن كېيىن، 1962 - يىلى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «رېۋىزىئونىزمغا قارشى كۈرەش» قىلىش ھەرىكىتىنىڭ باھانىسى بىلەن ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىدىكى خەلقئارالىق سۆز - ئاتالغۇلار سىقىپ چىقىرىلىپ، بۇ خەلقئارالىق سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا تولۇقلاپ خىتايچە سۆز ۋە ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىندى، بولۇپمۇ تەبىئىي پەن دەرسلىك كىتابلاردىكى بارلىق خەلقئارالىق تېرمىنلار خىتايچە ئاتالغۇلارغا ئۆزگەرتىلدى (خىتايچە ئاتالغۇلار شۇنچىلىك كۆپ

قوبۇل قىلىندىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر تىلشۇناسى تۇرسۇن رەخىموۋ ئوتتۇرا ھەجىملىك «خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى»نى تۈزۈپ، موسكۋادا نەشر قىلدۇرۇش دەرىجىسىگە يەتكەن ئىدى). گېزىتلەردە «بۇ گوڭچاڭدا ھەر خىل لىڭجەنلەر جاگوڭ قىلىنىدۇ» دېگەندەك ئۇيغۇر ئاۋام خەلقىگە چۈشىنىكسىز بولغان سۆز - ئىبارە ۋە جۈملىلەر كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. نەتىجىدە، مىللىيلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشىدە ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار يۈز بەردى. ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بۇ خىتايچە سۆز ۋە ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلماسلىقى تۈپەيلى، بۇ خىتايچە سۆز ۋە ئاتالغۇلار ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىنىڭ لۇغەت فوندىلىرىدىن ئاخىرى سىقىپ چىقىرىلدى. شۇندىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىغا يەن - تېخنىكىغا دائىر ئاتالغۇلار گەرچە خىتايچە كىتاب - ژۇرناللار ۋە دەرسلىكلەر قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىشتا خىتايچە ئاتىلىشى بۇيىچە قوبۇل قىلىنماي يەنىلا رۇس تىلىغا مۇراجىئەت قىلىندى. لېكىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ھەر قايسى ساھەلەر ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى سۆز - ئاتالغۇلار ئاساسەن خىتايچە ئاھاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنىپ كېلىندى. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاساسەن ئۈزۈلگەن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ھەر قايسى ساھەلەردىكى ھەر خىل پائالىيەتلەر خىتايلار بىلەن بىللە بولغان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي تىل - يېزىق ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن بولغان. گەرچە بۇ ئورگانلار ئاۋام خەلق ئارىسىدا ئاللىقاچان خىتايچىدىن ئاغزاكى قوبۇل قىلىنغان سۆز - ئاتالغۇلارنى كېيىنرەك قېلىپلاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋام خەلق ئىشلەتمىگەن، چۈنكى ئاۋام خەلق ئاللىقاچان بۇ سۆز - ئاتالغۇلارنى خىتايچە ئاتاشقا كۆنۈپ قالغان. بۇ قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار پەقەت ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالغان.

چەت تىللارنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا كىرىدىغان، مۇئەييەن بىر مىللەتكە خاس مىللىي تۈسنى ئالغان سۆز - ئاتالغۇلار، مەسىلەن، مىللىي تاماق، كىيىم - كېچەك، چالغۇ ئەسۋاب ۋە روھانىيەت قاتارلىق ساھەلەرگە ئائىت مىللىي تۈسكە ئىگە سۆز - ئاتالغۇلارنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا قوبۇل قىلغاندا، ئەڭ ياخشىسى ئالاھىدە لۇغەت فوندىغا ئاتالغۇ قوبۇل قىلغاندەك ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنسا مۇۋاپىق بولىدۇ. رۇس تىلى، ئىنگلىز تىلى قاتارلىق تىللار بۇ خىلدىكى مىللىي تۈسكە ئىگە سۆز - ئاتالغۇلارنى ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن قوبۇل قىلغان. ھەتتا خىتاي تىلىمۇ بۇ خىلدىكى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى ئارقىلىق قوبۇل قىلغان. بۇ تىللار تۈركىي تىللىرىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا تەئەللۇق بۇ خىلدىكى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغاندىمۇ ئالاھىدە لۇغەت فوندىغا تېرمىنلارنى ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن قوبۇل قىلغاندەك بىر تەرەپ قىلغان. مەسىلەن، رۇسچە «بازار - базар، دۇتار - дутар، پولۇ - плов، چاپان - чепан، كەتمەن - кетмень» دەپ قوبۇل قىلىنغان. خىتاي تىلىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋال ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «بازار - 巴扎، دۇتار - 都他尔، چاپان - 袷袢، كەتمەن - 坎土曼، دولان مۇقامى - 多郎木卡姆». ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن، رۇس تىلىدىن «самовар - ساماۋار، чайник - چەينەك، булка - بولكا، балалайка - بالالايكا، платье - پلاتىي»؛ خىتاي تىلىدىن «钢笔 -

گاڭبى، 瓜子 - گازىر، 普通话 - پۇتۇڭخۇا، 中山服 - جۇڭشەنفۇ، 亩 - مو» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار. بۇ خىل سۆزلەر ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بويىچە قوبۇل قىلىنمىسا، ئەسلى مىللىي خاسلىقىغا ئىگە بۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلى ئاڭلاتقان سېمانتىكىلىق مەنە قىممەتلىرىدىن چەتنەپ كېتىش ئەھۋالى سادىر بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، خىتاي تىلىدىكى «干饭» سۆزى «گۈرۈچ ئاش» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، «干饭» سۆزىنىڭ مەنىسىدىكى «گۈرۈچنى دۈملەپ پىشۇرۇپ، ھەر خىل قورۇمىلار بىلەن يېيىلىدىغان بىر خىل تاماق» دېگەن سېمانتىكىلىق مەنە ئىپادىلەنمەي، ئۇيغۇرلاردا گۈرۈچ بىلەن تەييارلىنىدىغان ھەر خىل تاماقلارنى ئىپادىلەپ قىلىش ئېھتىماللىقى سادىر بولۇشى مۇمكىن. «凉粉» سۆزى «لىغىلداق» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، «凉粉» سۆزىنىڭ سېمانتىكىلىق مەنىسىدىكى «سۇدا قاينىتىپ ئۇيۇلغان پۇشمەنزە ئۈستىگە ئاچچىقسۇ، لازا قاتارلىقلارنى سېلىش ئارقىلىق تەييارلانغان بىر خىل تاماق» دېگەن مەنە چىقماي قالىدۇ. خىتاي تىلىدىكى «خوشاڭ، جۇۋاۋا، يۇتازا، راڭپىزا، ماخار ۋە سومەن» قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلىرىدىمۇ خىتاي تىلىدا ئەسلىدە ئاڭلاتقان سېمانتىك مەنە قىممەتلىرىدىن چەتنەپ كېتىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم تەكرارلاش زۆرۈركى، ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ خىل تەرجىمە ئۇسۇلى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ، ئىنسانلارنىڭ شەيئىنىڭ ئابستراكت شەيئى ياكى كونكرېت شەيئى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇئەييەن بىر شەيئىنى بىر پۈتۈنلۈك بويىچە چۈشىنىش ياكى تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئىبارەت ئىقتىدارىدىن تولۇق پايدىلانغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ھەمدە شەيئىلەرنى شۇنداق تونۇشقا ئادەتلەنگەن. مەسىلەن، كىشىلەر «مۇستەقىل، پەلسەپە، قەلەم، گېزىت» قاتارلىق سۆزلەرنى چۈشەنگەندە بۇ سۆزلەرنى تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ مەنىلىرىگە ئاساسەن چۈشەنمەستىن بىر پۈتۈنلۈك بويىچە چۈشىنىدۇ. مانا بۇ دۇنيادىكى كۆپلىگەن تىللاردا ئاتالغۇ قوبۇل قىلغاندا ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بويىچە قوبۇل قىلىشنىڭ مەنتىقىسى.

ئۇيغۇر تىلى خەلقئارالىق سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا رۇس تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئۇزۇن تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە. بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ رۇس تىلىنى تەلەپپۇز قىلىشى ئىنگلىز تىلى ۋە باشقا تىللارغا تىللارغا قارىغاندا ھەم ئاسان ھەم توغرا تەلەپپۇز قىلالايدۇ.

چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى، بولۇپمۇ پەن - تېخنىكا تېرمىنلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت فوندىنى ئۆزلۈكسىز بېيىتىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل تىل ھادىسىسى. لېكىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغاندا ئىلمىي يوسۇندا قوبۇل قىلىش ئىنتايىن مۇھىم بىر ھالقا. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا ھەددى - ھېسابسىز چەت تىل سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى تۈپەيلى لۇغەت فوندى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئاساسىي لۇغەت فوندى ئۆزىنىڭ مۇقىملىقىنى يوقىتىپ، ئەبجەش لۇغەت فوندىغا ئايلىنىپ قېلىش ئېھتىماللىقى تۇغۇلىدۇ. لېكىن چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا «بېكىنمىچىلىك ۋە سىرتنى چەتكە قېقىش» خاھىشىدىن ساقلىنىش ئىنتايىن مۇھىم. بولمىسا، ئۇيغۇر تىلى ئۆز لۇغەت بايلىقىنى تېخىمۇ بېيىتىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىپ، زاماننىڭ كەينىدە قېلىشتىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق ھادىسىنىڭ تۇغۇلۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى يۈز بېرىشى مۇمكىن.

خۇلاسە سۆز شۇكى، ئۇيغۇر تىلىدا چەت تىل سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغاندا پرىنسىپ ئۇيغۇرلاشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى قېلىپلاشتۇرۇش بولۇشى مۇۋاپىق.

### بوغۇملۇق يېزىق سىستېمىسىدىكى تىللاردا سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش

مۇئەييەن بىر تىلنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسىدا سۆزلەرنىڭ بىر ياكى بىر قانچە فونېملارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بوغۇم ئارقىلىق ئىپادىلىنىش فۇنكسىيەسىگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان بوغۇملۇق يېزىق سىستېمىسى (مەسىلەن، خىتاي - تىبەت تىللىرى سىستېمىسىنىڭ يېزىق سىستېمىسى) بىر ياكى بىر قانچە مورفېملارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بوغۇملاردىن ھاسىل قىلىنغان سۆزلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان خەتلەر (شەكىللەر) توپلىمىدىن ئىبارەت بولغاچقا، چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغاندا قوبۇل قىلىنماقچى بولغان سۆز - ئاتالغۇلار مەزكۇر تىلنىڭ خەتلەر توپلىمىدىكى سېمانتىكىلىق مەنىسىدە تەڭداش مەنىدىكى خەتلەر ياكى ئاھاڭداش خەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بوغۇملۇق يېزىق سىستېمىسىدا ئۇدۇل تەرجىمە ۋە مەنەن تەرجىمە ئۇسۇللىرى ئاساسىي ئۇسۇللار، ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى، ئۇدۇل - مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، ئاھاڭ - مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، تەقلىد - مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى، مەنەن - تەقلىد تەرجىمە ئۇسۇلى ۋە مەنەن - ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇسۇللار قوشۇمچە ئۇسۇللار قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. خىتاي تىلى تا يېقىنقى زامانلارغىچە ياپون تىلى ئارقىلىق چەت تىل سۆز - ئاتالغۇلىرىنى قوبۇل قىلىپ كەلگەن. بۇ ماقالىدە خىتاي تىلىنىڭ ياپون تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلغان چەت تىل سۆز - ئاتالغۇلىرى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسال سۆز - ئاتالغۇلار ئەسلىي كېلىش مەنبەسى بويىچە كۆرسىتىلدى. خىتاي تىلىدا چەت تىل سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغاندا قوللىنىدىغان ئۇسۇللار ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك :

ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :

ئىنگلىزچە «蓝球 - basketball، 热核 - thermonuclear، 足球 - football، 河马 - hippopotamus»، ئۇيغۇرچە «تەڭرىتاغ - 天山» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان. ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلىدا قوبۇل قىلىنماقچى بولغان سۆز - ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئەھمىيەت بېرىش مۇھىم، بولمىسا قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇ ئەسلىدىكى ئاتالغۇنىڭ ئىپادىلىگەن سېمانتىكىلىق مەنە قىممىتىگە ئىگە بولالماي قالىدۇ. مەسىلەن، خىتاي تىلىدا ئىنگلىز تىلىدىكى بىر خىل تاماقنى بىلدۈرىدىغان «hot dog» ئاتالغۇسىنى ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن «热狗» دەپ قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە، ئەسلىدىكى گېرمانچە «sausageslittle - dogor dachshund» ئاتالغۇسىدىكى «كولباسالىق كىچىك بولكا» دېگەن سېمانتىك مەنە قىممىتى ئىپادىلەنمەي قالغان.

**مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :**

ئىنگلىزچىدىن تۆۋەندىكىدەك سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان:

| ئىنگلىزچە | خىتايچە | ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى |
| --- | --- | --- |

| | | |
|---|---|---|
| typewriter | 打字机 | ماشىنكا، خەت بېسىش ماشىنىسى |
| washing machine | 洗衣机 | كىرئالغۇ |
| gramophone | 留声机 | پاتېفون |
| charger | 充电器 | توك قاچىلىغۇچ |
| train | 火车 | پويىز |
| airplane | 飞机 | ئايروپىلان |
| bicycle | 自行车 | ۋېلىسىپىت |

مەنە تەرجىمە ئۇسۇلىدا گەرچە قوبۇل قىلىنماقچى بولغان سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ نەق مەنىلىرىنى ئىپادىلەشتە قىسمەن نۇقسانلار بولسىمۇ، خىتاي يېزىقىدىكى بىر بوغۇم بىر خىتايچە خەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئالاھىدىلىكى بويىچە خىتاي زىيالىيلىرى مەنە تەرجىمە ئۇسۇلىنى يەنىلا ئاساسىي ئۇسۇللارنىڭ بىرى قىلىپ تاللىغان. بۇنداق ئۇسۇلنى تاللىشىدا ئۇلار تەرجىمە قىلىنىدىغان سۆز ۋە ئاتالغۇلار ۋەكىللىك قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىغا ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن، گەرچە «telephone - 电话، telegram - 电报، television - 电视» قاتارلىق ئاتالغۇلار مەنە تەرجىمە ئۇسۇلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىپ «television، telegram، telephone» لەردىكى «ئارىلىق» مەنىسى ئىپادە قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن قوبۇل قىلىنغان بۇ ئاتالغۇلار ئەسلىدىكى ئاتالغۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساسىي سېمانتىكىلىق مەنىلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەچكە، خىتايلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزمىگەن.

**ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن:**

| ئىنگلىزچە | خىتايچە | ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى |
|---|---|---|
| guitar | 吉他 | گىتار |
| pizza | 比萨 | پىسسا |
| chocolate | 巧克力 | شاكىلات |
| cafe | 咖啡 | قەھۋە |
| combine | 康拜因 | كومبايىن |

رۇسچە «платье - 布拉吉»، «балалайка - 巴拉来喀»، «совет-苏维埃»، «большевик-布尔什维克» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

ئۇيغۇرچە «بازار - 巴扎»، «دۇتار - 都他尔»، «چاپان - 袷袢»، «كەتمەن - 坎土曼» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

ئەرەبچە - پارسچە «ھاجى - 哈吉»، «قۇتبە - 呼图白»، «ئامىن - 阿门»، «ئاخۇن - 阿訇» قاتارلىق سۆز ئاتالغۇلار؛

تىبەتچە «لاما - 喇嘛»، «خادا - 哈达» قاتارلىق سۆز ئاتالغۇلار.

**ئاھاڭ - ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :**

ئۇيغۇرچە «ئىلى دەرياسى - 伊黎河»، «تۇرپان ۋادىسى - 吐鲁番盆地» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

ئەرەبچە «ئەرەب - 阿拉伯人»، «ئىسلام دىنى - 伊斯兰教»، «قۇرئان - 古兰经»، «ھىجرىيە - 伊斯兰教历» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

**ئۇدۇل - مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :**

«refrigerator - 冰箱، school bus - 校车»» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

**ئاھاڭ - - مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :**

ئىنگلىزچە «motorcycle - 摩托»، «truck - 卡车»، «carbine - 卡宾枪» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

**تەقلىد - مەنەن ياكى مەنەن - تەقلىد تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن :**

ئىنگلىزچە «football (ئامېرىكىچە) - 橄榄球»، «onion- 洋葱»، «zebra- 斑马»، «tomato---西红柿»» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلار؛

ئۇيغۇرچە «پولۇ - 抓饭»، «داپ - 手鼓»، «كاۋاپ - 羊肉串(烤肉)» قاتارلىق سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان.

پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە كىشىلىك تۇرمۇش فورماتسىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ھازىرقى زاماندا، خىتاي تىلىدىمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى خىتاي تىلىدا بىر مەزگىل قوللىنىپ تاشلىۋېتىلگەن ئاھاڭ تەرجىمە ئۇسۇلى قايتا گۈللىنىش دەۋرىگە كىرمەكتە (ئۇ چاغلاردا فىرانسۇزچە «bourgeois» دېگەن سۆز «布尔乔亚» (يەنى بۇرژۇئازىيە)، ئىنگلىزچە «vitamin» دېگەن سۆز «维他命» (يەنى ۋىتامىن 维生素) دەپ قوبۇل قىلىنغان ئىكەن).

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بوغۇملۇق يېزىق سىستېمىسىدىكى تىللار چەت تىللاردىن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتا ئاساسەن كونسېرۋاتىپ كېلىدۇ. مۇمكىن بولسا، قوبۇل قىلىنماقچى بولغان سۆز - ئاتالغۇلارنى ئۆز يېزىقىدا ئىپادىلەشكە ئامال ئىزدەيدۇ.

*2024 - يىلى مايدا قايتا تۈزىتىلدى*

*بۇ ماقالىنى روشەن خەمىت تەھرىرلىدى.*

# 1990 – 2000 - يىللار مەزگىلىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ رېئال نوپۇسىدىكى ئۆلۈم نىسبەتلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى

دىلشات بارىشچى

2023 - يىلى 3 - ئاي

***ئاساسىي مەزمۇنى:*** *بۇ تەتقىقات ماقالىسىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 1990 - 2020 - يىللىدىكى نوپۇس سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۆتكەن 30 يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىدىكى ئۆلۈم نىسبەتلىرىنىڭ گرافىكلىق كۆرۈنۈشىگە ئاساسەن، رېئال ئەھۋال بىلەن خىتاينىڭ ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلىرىدىكى ياش گۇرۇپپىلىرىغا قاراپ، جىنسى ۋە شەھەر - يېزىلار ئارىسىدىكى پەرقلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياش، جىنسى، شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئۆلۈم نىسبەتلىرى سېلىشتۇرۇلدى. گرافىكلىق تەھلىلگە ئاساسلانغاندا، يېزىدىكىلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى شەھەردىكىلەرگە قارىغاندا يۇقىرى، قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتىدە ئەركەكلەرگە قارىغاندا ئاياللارنىڭ بىرئاز تۆۋەن بولسىمۇ، ئەمما باللارنىڭ ۋە ياشانغانلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى سەۋىيەدە تۇرىدۇ. ياش گۇرۇپپىلىرى بويىچە سانلىق مەلۇمات سۈپىتىنى باھالاش ئارقىلىق ياش گۇرۇپپىلىرى ئارىسىدىكى ئۆلۈم نىسبەتلىرىدە ئېغىر مەسىلىنىڭ بارلىقى بايقالدى. بوۋاقلار (0 - 1، 1 - 5 ياش)، باللار (5 - 10 ياش)، ئۆسمۈرلەر (10 - 15 ياش)، ياشلار (15 - 20، 20 - 25، 25 - 30 ۋە 30 - 35 ياش)، ئوتتۇرا ياشتىكىلەر (35 - 40، 40 - 45، 45 - 50، 50 - 55، 55 - 60 ياش)، ياشانغانلارنىڭ (60 - 65، 65 - 70 ۋە 70 ياشتىن يۇقىرى بولغانلارنىڭ) ئۆلۈم نىسبىتى جىنسىغا قاراپ سېلىشتۇرۇلدى. مەركىزىي نۇقتىدا، ئاددىيلاشتۇرۇلغان ئۆمۈر جەدۋىلىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ھېسابلىنىشى ئارقىلىق، بوۋاقلار ۋە كىچىك باللارنىڭ ئۆلۈش ئېھتىماللىقى ۋە ياشانغانلارنىڭ*

*ئۆلۈم سەۋىيەسى تەكشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مۇمكىن بولغان كېرەكلىك ئۇسۇللارنى سىناق قىلىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندىكى شەھەر - يېزىلارنىڭ قۇرۇلما پەرقى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ تەكشۈرۈش ۋە تەھلىلىمىز شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ ئۆلۈش دەرىجىسى ۋە ئۆلۈم مودېلىنى (نوپۇسنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق جەدۋىلى) مۆلچەرلەش ۋە تەھلىل قىلىشتا بىرگە مۇھىم يول كۆرسەتكۈچ بولدى. نەتىجىدە تەكشۈرۈش ۋە تەھلىلىمىزدىن قارىغاندا، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قارىتا ئېلان قىلغان ئۆلۈش نىسبىتى ۋە ياكى ئۆلۈش دەرىجىسىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئېنىقلاندى ۋە 1990 - 2020 - يىللىرى مەزگىلىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ رېئال نوپۇسىدىكى ئۆلۈم نىسبەتلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئوتتۇرىغا چىقتى.*

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1990 - 2020 - يىللىرىدىكى رېئال نوپۇسى، ئۆلۈم نىسبىتى، ئۆلۈش ئېھتىماللىقى، ئۆمۈر جەدۋىلى.

***Abstract**: In this research, based on the population values of the people of East Turkestan in the period 1990 - 2020, according to the graphical visual diagnosis of the death rate in the population structure of East Turkestan for the past 30 years, the actual numerical values and the values announced by China, age groups, gender and city - village differences are compared in order to reveal the difference. At the same time, age, sex, and mortality rates in cities and villages were compared. According to the graphical analysis, it has been determined that the mortality rate of women is lower than that of men, but the mortality rate of children and the elderly is sufficiently high, and the rate is lower in towns than the countryside. Through the data quality assessment of age groups, it is found that there is a serious age accumulation in the population census data of East Turkistan, as well as inaccurate death data for infants (aged 0~1, 1~5 years), kids (aged 5~10 years), teenagers (10~15 years old), youth (15~20, 20~25, 25~30 and 30~35 years old), middle-aged (35~40, 40~45, 45~50, 50~55 and 55~60 years old), and elderly people (60~65, 65~70 years and aged 70 and above). In this paper, as the central focus, a simplified life table was calculated and was used to modify and adjust the infant death probability and the mortality patterns of the elderly in East Turkistan population. We also attempted to estimate and analyze the death rate and pattern of the population by using a variety of combination methods from the perspective of urban and rural structural differences. As a result, it was determined that the death rate and/or death rate declared by the Chinese government about East Turkistan is not correct, and the real situation of the death rate in the real population of East Turkistan in the period of 1990~2020 was revealed.*

***Key Words**: The Real Population of East Turkistan in 1990~2020 ; Mortality

Rate; Probability Rate; Life Table.

## 1. كىرىش سۆز

ئۆلۈم – نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر. ئىستاتىستىكىلىق ئۆلۈم سانلىق مەلۇماتلىرى ۋە ئۆلۈم سانلىق مەلۇماتلىرىنى تەھلىل قىلىش بىر دۆلەتنىڭ ياكى بىر جەمئىيەتنىڭ ئۆلۈم سەۋىيەسىنى ياكى دەرىجىسىنى ۋە ئۆلۈم مودېلى (ئۆلۈم نىسبىتىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق جەدۋىلى) نى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئۆلۈم نىسبىتى ياكى ئۆلۈش دەرىجىسى ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق دەۋرىيلىكى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە كىشىلەرنىڭ ئۆمرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، بىر رايوننىڭ داۋالاش ۋە ساقلىقنى ساقلاش سەۋىيەسىنى كۆرسىتىدىغان، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنى بىلدۈرىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر.

ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ۋە سەھىيە مۇلازىمەت سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى، نوپۇسنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇسبەت شەكىلدە ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولماقتىدۇر. ئۆتكەن يىللاردىكى نوپۇس سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن، ئۆلۈم نىسبىتىنى ياكى ئۆلۈش دەرىجىسىنى ئانالىز قىلىش، نوپۇسنىڭ ئاساسىي تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە كەلگۈسى نوپۇس يۈزلىنىشىنى مۆلچەرلەشنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئاساسىدۇر. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆلۈملەر – نوپۇسنىڭ ھەجمى ۋە قۇرۇلمىسىغا تەسىر قىلىدىغان ئۈچ ئامىلنىڭ بىرىدۇر. تۇغۇلۇشنىڭ نوپۇسنى كۆپەيتىدىغان ئالاھىدىلىكىگە قارشى، ئۆلۈملەر نوپۇسنى ئازايتىدىغان بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر. ئۆلۈم نىسبىتى تەرەققىيات ۋە پاراۋانلىق سەۋىيەسىگە، ياش، جىنسىيەت ۋە ئىرقىي گۇرۇپپىلىرىغا، تۇرۇشلۇق يېرىگە (شەھەر/يېزا)، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي سەۋىيەسىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ.

دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان ياكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە، ئۆلۈم نىسبىتى ۋە ياكى ئۆلۈش دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز ھالدا تۆۋەنلەۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۈمىد قىلىنغان ئوتتۇرىچە ئۆمرى تەدرىجىي ئۆسۈۋاتىدۇ. ئۇنداقتا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى، بولۇپمۇ شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ياش گۇرۇپپىلىرى ۋە جىنسىيەتكە قارىغاندا، ئۆلۈم نىسبىتى قايسى دەرىجىدە بولۇۋاتىدۇ؟ شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئۆلۈم نىسبەتلىرى ئارىسىدا پەرق بارمۇ؟ مۆلچەرلەنگەن رېئال نىسبەتلەر بىلەن خىتاينىڭ ئېلان قىلغان نىسبەتلىرى ئارىسىدىكى پەرق قانداق؟

قىزىل خىتاينىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇس تەكشۈرۈشى»دىكى سانلىق مەلۇماتلىرى ئارقىلىق ئۆلۈم نىسبىتىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ، خىتاينىڭ بەزى مۇتەخەسسىسلىرى (原华荣, 1987)، (杨云彦, 1988)، (李建新, 1993, 1994, 2015, 2019)، (查瑞传, 1993)، (李树茁, 1994)، (黄荣清, 2003, 2005, 2013)، (张文娟，魏蒙, 2016)، (王金营，戈艳霞, 2013)، (崔红艳, 2013)، (李松, 2015)، (刘瑞平,刘梅, 李建新, 2020) ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل ۋە مېتودلار ئارقىلىق

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىدىكى ياش گۇرۇپپىلىرىنىڭ جىنسىيەت جەھەتتىكى شەھەر/يېزا بويىچە ئۆلۈم نىسبىتى، ئۆمىد قىلىنغان ئوتتۇرىچە ئۆمرى قاتارلىق ئاساسىي ئامىللار ئۈستىدە كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ بەزىلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا توغرا كەلمىگەن. چۈنكى، ئالدى بىلەن بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تايانغان خام سانلىق مەلۇماتلىرى، قىزىل خىتاينىڭ سىياسىي مەقسەتتە ئېلان قىلغان يالغان سانلىق مەلۇماتلىرىدۇر. ئاندىن بەزى مۇتەخەسسىسلەر بەزى نەتىجىلەرنى بىلىمگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، «مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك» دېگەن مەقسەتتە توقۇپ چىققان. ھەتتا بەزىلىرى ئۇيغۇر نوپۇسىدىكى ئۆزگىرىشچانلىقنى «ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا قارىغاندا جىسمانىي كۈچىدىكى ئاجىزلىقى» (李建新, 查瑞传, 1993) دەپ يازغان.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئېلان قىلغان پۈتۈن سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ھەممىسىدە يالغانچىلىق قىلىش، خىتاي دۆلىتىنىڭ سىياسىي مەقسىتى ئۈچۈن مەجبۇرىي تۆۋەنلىتىش، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەن سەپسەتىلەر ۋە بىلىمگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىشتەك ناچار ئىللەتلەر كۆرۈلدى. قىسقىسى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ دېموگرافىك (نوپۇس) قۇرۇلمىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ساختىپەزلىكلەرنىڭ بېشىدا شۇلارنى سۆزلىيەلەيمىز: ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى تۆۋەن كۆرسىتىش، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۆلچەرلەنگەن ئامىللاردىن خاتا مەلۇمات بېرىش؛ ياش گۇرۇپپىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئۆمۈر جەدۋىلىنى خاتا تۈزۈش؛ بولۇپمۇ بوۋاقلار، كىچىك بالىلار ۋە ياشانغانلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۆلۈم نىسبىتى ياكى ئۆلۈش دەرىجىسى قاتارلىق مۇھىم ئامىللارنى خاتا بايان قىلىش؛ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشىنى يالغاندىن كۆرسىتىش ۋە خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ دېموگرافىك (نوپۇس) قۇرۇلمىسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولۇشتەك مۇھىم ئامىللارنى ھېسابقا قاتماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەردۇر. 1950 - يىلدىن باشلاپ، بولۇپمۇ 1990 - 2020 – يىللىرى مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستاندا بوۋاقلار ۋە بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. مەسىلەن، «خىتاينىڭ 2000 - ۋە 2010 - يىللاردىكى نوپۇس تەكشۈرۈشىدىكى سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 31،8‰ ۋە 8،15‰ بولۇپ، بۇ ئون يىلدا شەرقىي تۈركىستاندىكى بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش دەرىجىسى 70% تۆۋەنلىدى» دېگەن بولسا، يەنە خىتاي دۆلىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا تايانغان خۇاڭ روڭچىڭ 2013 - يىلىدىكى تەتقىقاتىدا: «2000 - 2010 - يىللاردا بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 24،4‰ (ئەركەك بوۋاقلار 26،47‰، قىز بوۋاقلار 22،21‰) بولۇپ، بۇ ئون يىلدا بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش دەرىجىسى 66% تۆۋەنلىگەن» دەپ كۆرسەتكەن. 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا خىتاينىڭ بەزى مۇتەخەسسىسلىرى شەرقىي تۈركىستان نوپۇس قۇرۇلمىسىدىكى ياش گۇرۇپپىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئۆلۈش دەرىجىلىرىدىكى خاتالىقلارنى بايقىغان. يۈەن خۇاروڭ (1987) ۋە ياڭ يۈنيەن (1988) يىللىرىدىكى تەتقىقاتلىرىدا بىلدۈرۈشىچە، «شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياش گۇرۇپپىلىرىدا ھەر 5 ۋە 10 يىلدا ياشانغانلاردا ناھايىتى ئېنىق ھالدا يىغىلىش (جۇغلىنىش) كۆرۈلگەن»، «ئۇيغۇر نوپۇسى 0 بىلەن ئاخىرلاشقان ياشلارغا مايىللاشقان بولۇپ، يېشى قانچە چوڭ بولسا، ياش پەرقىنىڭ مايىللىقىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ ھەمدە قىز - ئاياللارنىڭ ئەركەكلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ» (李建新, 1993, 1994) دەپ نەتىجىلەندۈرگەن.

قىزىل خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىدىكى ھەقىقىي سانلىق مەلۇماتلارنى ئاشكارىلىماسلىقى، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بوۋاقلارنىڭ، ئۆسمۈر باللارنىڭ، ياشانغانلارنىڭ ياش گۇرۇپپىلىرىدىكى جۇغلىنىشىنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىغا تەسىرى، ئۆلۈم نىسبىتى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ياكى ئازىيىشى قاتارلىق مۇھىم ئامىللاردىن خاتا دوكلات قىلىش خاھىشى ناھايىتى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، خىتاينىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا تايىنىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئانالىز قىلىش ئاساسەن خاتا نەتىجىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ كەلمەكتە. بۇ تەتقىقاتىمىزدا، 1990 - 2020 - يىللار ئارىسىدىكى رېئال نوپۇس سانلىق مەلۇماتلىرىغا (د. بارىشچى، 2021، 2022) ئاساسلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ رېئال ئۆلۈم نىسبىتى ياكى رېئال ئۆلۈش دەرىجىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، قىزىل خىتاينىڭ ئېلان قىلغان ئۆلۈم نىسبىتىگە مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ رەت قىلىنىشى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەركىزىي نۇقتىدا جىنسىيەت جەھەتتىن شەھەر - يېزىلاردىكى نوپۇس قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى ياكى ئۆلۈش دەرىجىسىدىكى پەرقلەر تەھلىل قىلىنىدۇ.

مەلۇم بىر رايوننىڭ ۋە ياكى مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ دېموگرافىك (نوپۇس) قۇرۇلمىسىنى ئانالىز قىلغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن ئۆلۈم نىسبىتى، ئۆلۈش ئېھتىماللىقىغا ئوخشاش مۇھىم پارامېتىرلارنى ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ.

مەسىلەن،

مەلۇم بىر $X_i$ ياشتىكى ئۆلۈم نىسبىتى $M_i$ بولسا

$$M_i = \frac{X_i \text{ ياشتىكى ئۆلگەن كىشى سانى}}{X_i \text{ ياشتىكى ئومۇمىي نوپۇس سانى}}.$$

مەلۇم بىر $(X_i, X_{i+1})$ ياش دائىرىسىدىكى ئۆلۈم نىسبىتى $m_i$ بولسا

$$m_i = \frac{(X_i, X_{i+1}) \text{ ياش دائىرىسىدىكى ئۆلگەن كىشى سانى}}{(X_i, X_{i+1}) \text{ ياش دائىرىسىدىكى ئومۇمىي نوپۇس سانى}}.$$

مەلۇم بىر $X_i$ ياشتىكى ياكى مەلۇم بىر $(X_i, X_{i+1})$ ياش دائىرىسىدىكى ئۆلۈش ئېھتىماللىقى $q_i$بولسا

$$q_i = \frac{\tau_i m_i}{(1 + (1 - a_i)\tau_i m_i)},$$

بۇ يەردە $\tau_i$ بولسا ئىككى يىل ئارىسىدىكى ئارىلىق ياكى ياش دائىرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بولۇپ، $i = 0, 1, \cdots, n$ بولىدۇ.

## 2. ئۆلۈم نىسبىتىنى ياش جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش

تۆۋەندىكى رەسىم G1 دە (0 ياش 1953 - يىلى ئاساس ئېلىنغان ۋە 65 ياشتىن چوڭلار ئۈچۈن ئۆلۈم نىسبىتى، مۆلچەرلەنگەن قىممەتلەردۇر) كۆرۈلگىنىدەك، شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ رېئال ئۆلۈم نىسبىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ر ئۆ ن» ياكى «RÖN» دەپ ئېلىنىدۇ) بىلەن خىتاينىڭ ئېلان قىلغان ئۆلۈم نىسبىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «خ ئۆ ن» ياكى «XÖN»

دەپ ئېلىنىدۇ) ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە پەرق مەۋجۇتتۇر.

پۈتۈن بىر مەزگىل ئىچىدە بوۋاقلار، بالىلار، ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارنىڭ رېئال ئۆلۈم نىسبىتى، خىتاينىڭ ئېلان قىلغان ئۆلۈم نىسبىتىدىن يۇقىرى، ئوتتۇرا ياشتىكىلەر ۋە ياشانغانلاردا خىتاينىڭ ئېلان قىلغان ئۆلۈم نىسبىتىمۇ رېئال ئۆلۈم نىسبىتىدىن يۇقىرىدۇر. 1990 - 2020 - يىللىرى مەزگىلىدە بوۋاق بالىلارنىڭ ر ئۆ ن 23.6‰ - 30.5‰ ئارىسىدا، ياشلارنىڭ ر ئۆ ن بولسا 2.5‰ - 3.9‰، ئوتتۇرا ياشتىكىلەرنىڭ ر ئۆ ن 14.7‰ - 23.6‰ ۋە ياشانغانلارنىڭ ر ئۆ ن بولسا 39.4‰ - 79.6‰ بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى (د. بارىشچى؛ 2021،2022).

| يىل | ن.تۆراي.دائىرىسى | 5 ~ 0 | 35 ~ 15 | 60 ~ 45 | 70 ~ 65 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1990 | ر ئۆ ن | 30.48‰ | 3.86‰ | 23.53‰ | 79.67‰ |
| | خ ئۆ ن | 29.40‰ | 3.02‰ | 28.47‰ | 88.09‰ |
| 2000 | ر ئۆ ن | 26.96‰ | 3.42‰ | 21.34‰ | 55.65‰ |
| | خ ئۆ ن | 31.08‰ | 3.10‰ | 27.64‰ | 67.78‰ |
| 2010 | ر ئۆ ن | 26.73‰ | 3.29‰ | 20.44‰ | 48.09‰ |
| | خ ئۆ ن | 25.46‰ | 2.71‰ | 23.57‰ | 65.09‰ |
| 2020 | ر ئۆ ن | 23.69‰ | 2.66‰ | 14.73‰ | 39.50‰ |
| | | 23.01‰ | 2.27‰ | 17.46‰ | 47.47‰ |

قىزىل خىتاينىڭ ئېلان قىلغان مەلۇماتىدا، 1990 - 2020 - يىللار مەزگىلىدە بوۋاق بالىلارنىڭ خ ئۆ ن 23 ‰ - 29‰ ئارىسىدا، ياشلارنىڭ خ ئۆ ن بولسا 2.2‰ - 3.2‰، ئوتتۇرا ياشتىكىلەرنىڭ ر ئۆ ن 17.4‰ - 28.4‰ ۋە ياشانغانلارنىڭ ر ئۆ ن بولسا، 47.4‰ - 88‰ بولىدىغانلىقى ئېنىقلانغان. ئەمما، لىيۇ رۇيپىڭ، لىيۇ مېي ۋە لى جيەنشىن (2020) قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقاتىدا 1990 - ۋە 2000 - يىللىرىدىكى بوۋاق بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتىنى 31‰'دىن يۇقىرى، 2020 - يىلىدا 31‰'دىن خېلىلا تۆۋەن دەپ كۆرسەتكەن. قىسقىسىنى ئېلىپ ئېيتقاندا ھەر ئىككى مەلۇماتتا، شەرقىي تۈركىستاندىكى بوۋاق بالىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆلۈش دەرىجىسىنىڭ يەنى ئۆلۈم نىسبىتىنىڭ خېلىلا ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شەرقىي تۈركىستاندىكى بوۋاق بالىلارنىڭ ئۆلۈم ھادىسىسىنىڭ ئېغىر بىر ئەھۋال ئىكەنلىكىنى خىتاينىڭ بەزى نوپۇس مۇتەخەسسىسلىرىمۇ (لىيۇ رۇيپىڭ، لىيۇ مېي ۋە لى جيەنشىن؛ 2020) قوبۇل كۆرمەكتە.




G1: 1990-2020 Mezgilide Sherqi türkistan Nopusining Yash Jehettin RÖN Bilen XÖN'lirining Sélishturilmisi

رېئال ئۆلۈم نىسبىتى بىلەن قىزىل خىتاينىڭ ئېلان قىلغان ئۆلۈم نىسبىتىگە دىققەت قىلساق، 50 ياشتىن ئاۋۋال رېئال ئۆلۈم نىسبىتى قىزىل خىتاينىڭ ئېلان قىلغان ئۆلۈم نىسبىتىدىن تۆۋەن چىقىدۇ. ئەمما 50 ياشتىن كېيىن، قىزىل خىتاينىڭ ئېلان قىلغان ئۆلۈم نىسبىتى رېئال ئۆلۈم نىسبىتىدىن يۇقىرى چىقىدۇ. بۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، قىزىل خىتاي، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس نىسبىتى توغرىسىدا 50 ياشتىن تۆۋەنلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتىنى تۆۋەن، ئەمما 50 ياشتىن چوڭلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتىنى يۇقىرى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆلۈم نىسبىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىكى تەكشۈكلۈكىنى ساقلاشقا ئۇرۇنغان.

رەسىم G1 دىكى رېئال نوپۇس سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردىن 1 ياشتىن ئاۋۋال ئۆلگەن بوۋاقلارنىڭ نىسبىتى 1.95%، 1 ياشقا كىرگەن ئەمما 5 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلگەن بوۋاقلارنىڭ نىسبىتى 0.41%، 15 ياشقا كىرگەن ئەمما 20 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلگەن بوۋاقلارنىڭ نىسبىتى 0.12%، 30 ياشقا كىرىپ 40 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلگەنلەرنىڭ نىسبىتى 0.31%، 65 ياشقا كىرىپ 70 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلگەنلەرنىڭ نىسبىتى 4.10% ۋە 70 ياشتا ئۆلگەنلەرنىڭ نىسبىتى 17.01%. ئەمما قىزىل خىتاينىڭ بەرگەن مەلۇماتىدا، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردىن 1 ياشتىن ئاۋۋال ئۆلگەن بوۋاقلارنىڭ نىسبىتى 1.79%، 1 ياشقا كىرگەن بوۋاقلاردىن 5 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلگەن بوۋاقلارنىڭ نىسبىتى 0.51%، 15 ياشقا كىرىپ 20 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلگەن بوۋاقلارنىڭ نىسبىتى 0.10%، 30 ياشقا كىرىپ 40 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلگەنلەرنىڭ نىسبىتى 0.26%، 65 ياشقا كىرىپ 70 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلگەنلەرنىڭ نىسبىتى 4.66% ۋە 70 ياشتا ئۆلگەنلەرنىڭ نىسبىتى % 0.12 (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى؛ 1991، ...، 2021، خىتاي ئىستاتىستىكا يىللىقى؛ 1981، 2021، 李树苗, 1994. 王金营，戈艳霞, 2013. 刘瑞平,刘梅, 李建新, 2020).

رەسىم G2 دە كۆرۈلگىنىدەك، 1990 - ۋە 2020 - يىللىرىدا شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ ئۆلۈم نىسبىتىنىڭ ئۆزگىرىشى كۆپ ئەزالىق ئەگرى سىزىقى (polynomial curve) شەكلىدە بولۇپ، 1990 - يىلىدا قىزىل خىتاينىڭ ئېلان قىلغان ئۆلۈم نىسبىتى، 50 ياشقا يېقىنلىشىشتىن باشلاپ رېئال ئۆلۈم نىسبىتىنىڭ ئۈستىدە بولغان بولسا، 50 ياشتىن تۆۋەندىكىلەردە رېئال ئۆلۈم نىسبىتى قىزىل خىتاينىڭ ئېلان قىلغان ئۆلۈم نىسبىتىنىڭ ئۈستىدە جەريان ئەتكەن.

2020 - يىلىدا قىزىل ختاينىڭ ئېلان قىلغان ئۆلۈم نىسبىتى، 45 ياشتىن ئاۋۋال رېئال ئۆلۈم نىسبىتىدىن تۆۋەن، 45 ياشتىن كېيىن رېئال ئۆلۈم نىسبىتىدىن يۇقىرى بولغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، 1990 - يىلى 45 ياشتىن ئاۋۋال ر ئۆ ن > خ ئۆ ن، 2020 - يىلى 45 ياشتىن ئاۋۋال ر ئۆ ن > خ ئۆ ن بولغان؛ 2020 - يىلى 45 ياشتىن كېيىن ر ئۆ ن < خ ئۆ ن، 2020 - يىلى 45 ياشتىن كېيىن ر ئۆ ن < خ ئۆ ن بولغان.




**G2: 1990 We 2020 Yili Sherqi Türkistan Nopusida Ölüm Nisbitining Yash Jehettin Özgirish Egrisi**

نەتىجىدە، رېئال ئۆلۈم نىسبىتى بىلەن قىزىل ختاينىڭ ئېلان قىلغان ئۆلۈم نىسبەتلىرى ئارىسىدىكى پەرقنى يىغىنچاقلىساق، 1990 - يىلى ۋە 2020 - يىلى 0 - 30 ياش دائىرىسىدە ۋە 45 ياشتىن كېيىن ر ئۆ ن بىلەن خ ئۆ ن بىر - بىرىدىن ئايرىلغان بولۇپ، ھەر ئىككى ئۆلۈم نىسبىتى چۈشۈش ۋە ئۆرلەشلەردە بىر - بىرى بىلەن پاراللېل ئۆزگىرىش قىلغان.

خەلقئارالىق تەتقىقاتلاردا ئۆلۈم نىسبىتىنىڭ پۈتۈن ياش گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئىچىدە، 15 - 29 ياش ئارىلىقىدا «ئۆرلەش» باسقۇچىغا كىرىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئەركەكلەرنىڭ قىزلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق بولىدىغانلىقى كۆزىتىلگەن (Goldstein, 2011; Remund A., 2017). بۇ ئەھۋالنى شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن قوبۇل قىلىشىمىز توغرا بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1990 - ۋە 2020 - يىللىرىدىكى نوپۇس ئۆزگىرىشىگە قارىغىنىمىزدا، ئۆلۈم نىسبىتى تۇغۇلۇپ 30 ياشتىن ئاۋۋال تەدرىجىي تۆۋەنلەپ، 30 ياشتىن كېيىن تەدرىجىي ئۆرلەشكە باشلىغان (رەسىم G2 گە قاراڭ).

يىلنى ئاساس قىلغان ھالدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس توپىدىن، ئىككى ئوخشىمىغان ياش دائىرىسى ۋە ئوخشىمىغان نوپۇس مەزگىلىدىن ئېلىنغان ئەۋرىشكە سانلىق قىممەتلىرىدىن تەركىب تاپقان كۆزىتىشتە (رېئال سانلىق مەلۇمات)، ھېسابلانغان سانلىق قىممەتلەر تۆۋەندىكى ئاددىيلاشتۇرۇلغان ئۆمۈر جەدۋىلى (ج1)دە كۆرسىتىلدى. بۇ ئۆمۈر جەدۋىلىگە ئاساسەن ھەر

ياش دائىرىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا، رېئال نوپۇس توپلىمىنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ 0 - 1 ياش دائىرىسىدىكى ئۆلۈم نىسبىتى ‰19.55، 1 - 5 ياش دائىرىسىدىكى بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى ‰4.14، 15 - 20 ياش دائىرىسىدىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى ‰1.20، 25 - 30 ياش دائىرىسىدىكى ياشلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى ‰2.29، 40 - 45 ياش دائىرىسىدىكى - ئوتتۇرا ياشتىكىلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى ‰4.45، 50 - 55 ياش دائىرىسىدىكى ئوتتۇرا ياشتىكىلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى ‰8.97 ۋە 65 - 70 ياش دائىرىسىدىكى ياشانغان كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى ‰21.03، 70 ياشتىن چوڭلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى ‰100.13‘دۇر.

2005 - 2010 - يىللىرى مەزگىلىدە، ھەر قانداق بىر يىل ئوتتۇرىسىنى مەركەز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلغان ھەر 100 مىڭ بوۋاقنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، يېڭى تۇغۇلغان بىر بوۋاقنىڭ 1 يېشىغا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى %1.93، 1 يېشىغا كىرگەن بىر بوۋاقنىڭ 5 يېشىغا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى %1.64، 5 يېشىغا كىرگەن بىر بالىنىڭ 10 يېشىغا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى %0.27، 15 يېشىغا كىرگەن بىر ئۆسمۈر بالىنىڭ 20 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى %0.6، 25 يېشىغا كىرگەن بىر ياشنىڭ 30 يېشىغا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى %1.14، 45 يېشىغا كىرگەن بىر ئوتتۇرا ياشلىقنىڭ 50 يېشىغا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى %3.49، 55 يېشىغا كىرگەن بىر ئوتتۇرا ياشلىقنىڭ 60 يېشىغا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى %7.11، 65 يېشىغا كىرگەن بىر ياشانغاننىڭ 70 يېشىغا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى %10 ۋە 70 ياشتىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى %100‘دۇر.

2005 - 2010 - يىلى مەزگىلىدە، شەرقىي تۈركىستاندا يېڭى تۇغۇلغان ھەر 100 مىڭ بوۋاقتىن 1 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلگەن بوۋاق سانى 1930، 1 يېشىغا كىرگەن ھەر 100 مىڭ بوۋاقتىن 5 يېشىغا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلگەن بوۋاق سانى 1639، 5 يېشىغا كىرگەن ھەر 100 مىڭ بالىدىن 10 يېشىغا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلگەن بالا سانى 270، 20 ياشقا كىرگەن ھەر 100 مىڭ ياشتىن 25 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلگەن ياشلارنىڭ 725، 50 ياشقا كىرگەن ھەر 100 مىڭ ئوتتۇرا ياشتىكى كىشىدىن 55 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلگەن كىشى سانى 4393 ۋە 65 ياشقا كىرگەن ھەر 100 مىڭ ياشانغان كىشىدىن 70 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 10001.

ج1: 2005 يىلىدا ئېلىنغان ئەۋرىشكىگە كۆرە 2010 - يىلىدىكى ئاددىيلاشتۇرۇلغان ئۆمۈر جەدۋىلى - 1

| ياش دائىرىسى | $(X_i, X_{i+1})$ ياش دائىرىسىدىكى نوپۇس | $(X_i, X_{i+1})$ ياش دائىرىسىدىكى ئۆلۈم سانى | ئۆلۈم نىسبىتى | ئۆمۈر كوئېففىتسېنتى | $(X_i, X_{i+1})$ ياش دائىرىسىدىكى ئۆلۈش ئېھتىماللىقى | 100000 نوپۇستا ئۆلگەن كىشى سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| $(X_i, X_{i+1})$ | $P_i$ | $D_i$ | $M_i$ | $a_i$ | $q_i$ | $d_i$ |
| 1 ~ 0 | 180567 | 3530 | 0.019552 | 0.32 | 0.019295 | 1930 |
| 5 ~ 1 | 520489 | 2153 | 0.004136 | 0.44 | 0.016392 | 1639 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 270 | 0.002701 | 0.46 | 0.000541 | 333 | 615344 | 10 ~ 5 |
| 89 | 0.000895 | 0.51 | 0.000179 | 129 | 723459 | 5 1~ 10 |
| 599 | 0.005988 | 0.53 | 0.001201 | 761 | 633585 | 20 ~ 15 |
| 725 | 0.007250 | 0.52 | 0.001455 | 821 | 564321 | 5 2~ 20 |
| 1139 | 0.011390 | 0.54 | 0.002290 | 964 | 421085 | 30 ~ 25 |
| 1323 | 0.013228 | 0.56 | 0.002661 | 974 | 365877 | 5 3~ 30 |
| 1567 | 0.015674 | 0.53 | 0.003158 | 904 | 286333 | 40 ~ 35 |
| 2200 | 0.021995 | 0.52 | 0.004446 | 949 | 213446 | 45 ~ 40 |
| 3486 | 0.034862 | 0.54 | 0.007086 | 1259 | 177642 | 50 ~ 45 |
| 4393 | 0.043929 | 0.52 | 0.008975 | 1495 | 166529 | 55 ~ 50 |
| 7115 | 0.071154 | 0.52 | 0.014734 | 1998 | 135587 | 60 ~ 55 |
| 8833 | 0.088334 | 0.51 | 0.018466 | 2266 | 122688 | 65 ~ 60 |
| 10001 | 0.100007 | 0.51 | 0.021032 | 2342 | 111353 | 70 ~ 65 |
| - | 1.000000 | | 0.100126 | 48504 | 484431 | + ~ 70 |

بۇ يەردە

$$M_i = \left(1 - exp\{-\int_0^{\tau_i} \mu(X_i + \tau)d\tau\}\right) / \left(\int_0^{\tau_i} exp\left\{-\int_0^{\nabla} \mu(X_i + \tau)d\tau\right\} d\nabla\right),$$

$$q_i = 1 - exp\{-\int_0^{\tau_i} \mu(X_i + \tau)d\tau\}$$

يەنى

$$M_i = D_i/P_i, \quad q_i = \tau_i M_i / \{1 + (1 - a_i)\tau_i M_i\}$$

ئارقىلىق، ئۆلۈم نىسبىتى بىلەن ئۆلۈش ئېھتىماللىقى ھېسابلاندى.

$$a_i = E(\varphi_i) \ \ (i = 0,1, \dots, \tau - 1,; \ 0 \le \varphi_i \le 1, D.Barishchi; \ 2021). \ \ d_i = 100000q_i$$

يۇقىرىدىكى پۈتۈن سانلىق مىقدارلارنى يىغىنچاقلىساق، 1990 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ رېئال ئۆلۈم نىسبىتى 14.34‰، 2020 - يىلى 8.54‰، بولۇپ، بۇ يەردە 0.45 ۋە 0.55 $(RÖN = \alpha \sum d/l + \beta \sum d/l, \ \alpha, \beta = 0.15 \sim 0.85)$ (د.بارىشچى - 2022). خىتاينىڭ مەنبەلىرىگە تايانغىنىمىزدا، 1990 - يىلىدا ئۆلۈم نىسبىتى 15.34‰ ۋە 2020 - يىلىدا 10.13% بولۇپ، بۇ يەردە 0.45 ۋە 0.55 $(XÖN = \alpha \sum d/l + \beta \sum d/l, \alpha, \beta = 0.15 \sim 0.85)$ (د. بارىشچى، 2022) بولۇشى كېرەك ئىكەن. ئەمما قىزىل خىتاي 1990 - يىلى شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ ئۆلۈم نىسبىتىنى 7.8‰ ۋە 2020 - يىلىدىكى ئۆلۈم نىسبىتىنى 5.6‰ دەپ ئېلان قىلغان (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى؛خىتاي ئىستاتىستىكا يىللىقى؛ 1991،...، 2020).

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە، قىزىل خىتاينىڭ ئېلان قىلغان ئومۇمىي ئۆلۈم نىسبىتى (7.8‰ ۋە 5.6‰) بىلەن خىتاينىڭ ئۆز سانلىق مەنبەلىرىگە تايىنىپ

تۇرۇپ، ھېسابلانغان ئومۇمىي ئۆلۈم نىسبەتلىرى (15.34‰ ۋە 10.13‰) ئارىسىدا يېتەرلىك دەرىجىدە پەرق مەۋجۇتتۇر. بۇ پەرقلىقنى چا رۇيچۈەن (1993)، خۇاڭ روڭچىڭ (2013)، لى سوڭ (2015)، ليۇ رۇيپىڭ (2020) قاتارلىقلارمۇ ئوتتۇرىغا قويغان.

3. ئۆلۈم نىسبىتىنى جىنس جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش

| يىل | نوپۇس | ياش دائىرىسىدىكى ئۆلۈم سانى | ئۆلۈم نىسبىتى | ئۆمۈر كوئېففىتسېنتى | ياش دائىرىسىدىكى ئۆلۈش ئېھتىماللىقى | 100000 نوپۇستا ئۆلگەن كىشى سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1990 | 15976241 | 7798614 | 8177627 | 48.81 | 51.19 | 104.86 |
| 2000 | 19175401 | 9364361 | 9811040 | 48.84 | 51.16 | 104.77 |
| 2010 | 22015651 | 10475163 | 11540488 | 47.58 | 52.42 | 110.17 |
| 2020 | 24306643 | 11437344 | 12869299 | 47.05 | 52.95 | 112.52 |

بۇ يەردىكى $A_p = 100A / P,\ E_p = 100E / P,\ JP = 100A_p/E_p.$

جەدۋەل ج3 دە كۆرسىتىلگىنىدەك، 1990 - 2020 مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدا، قىز - ئاياللارنىڭ پىرسەنتى ئەرلەرنىڭ پىرسەنتىگە قارىغاندا تۆۋەن بولۇپ (يەنى 1990 - يىلى قىز - ئاياللارنىڭ پىرسەنتى 48.81%، ئەرلەرنىڭ پىرسەنتى 51.19% بولغان بولسا، 2020 - يىلى قىز - ئاياللارنىڭ پىرسەنتى 47.05% گە تۆۋەنلىگەن، ئەرلەرنىڭ پىرسەنتى 52.95% گە ئۆرلىگەن)، 2000 - يىلدىن باشلاپ قىز - ئاياللارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى پىرسەنتى تەدرىجىي تۆۋەنلەۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا قارشى ھالدا ئەرلەرنىڭ پىرسەنتىنىڭ تەدرىجىي ئۆرلەۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

1990 - يىلى ھەر 1000 قىز - ئايالغا تەخمىنەن 1049 ئەر توغرا كەلگەن بولسا، 2020 - يىلىدا ھەر 1000 قىز - ئايالغا تەخمىنەن 1125 ئەر توغرا كەلگەن. ئەمما ر ئۆ ن (ياكى خ ئۆ ن) قىممەتلىرىنى ئاساس ئالساق، 1990 - 2020 مەزگىلىدە ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتىدىن يۇقىرى بولغان.

«ج4»: 1990 ۋە 2020 يىللىرىدىكى ر ئۆ ن بىلەن خ ئۆ ننىڭ سېلىشتۇرمىسى

| خ ئۆ ن | | ر ئۆ ن | | خ ئۆ ن ئومۇمىي | ر ئۆ ن ئومۇمىي | يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەرلەر | قىز ئاياللار | ئەرلەر | قىز ئاياللار | | | |
| 17.51‰ | 12.68‰ | 16.37‰ | 11.86‰ | 15.34‰ | 14.34‰ | 1990 |
| 15.40‰ | 11.15‰ | 13.16‰ | 9.53‰ | 13.49‰ | 11.53‰ | 2000 |
| 13.66‰ | 9.89‰ | 11.61‰ | 8.41‰ | 11.96‰ | 10.17‰ | 2010 |
| 11.57‰ | 8.38‰ | 9.75‰ | 7.06‰ | 10.13‰ | 8.54‰ | 2020 |

بۇ يەردە ر ئۆ ن، خ ئۆ ن= $\alpha Ö.N_{QA} + \beta Ö.N_{ER}$
ۋە جىنسىيەتكە قاراپ

$$Ö.N_{QA}, Ö.N_{ER} = a\sum d/l, 0.01 \le a, \alpha, \beta \le 0.95.$$

رېئال سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلىدا قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 11.86‰، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 16.37‰ (2% خاتالىق پايى بىلەن ئا=1−0.02=0،08) بولغان بولسا، 2020 - يىلىدا قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 7.06‰ ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 9.75‰ (2% خاتالىق پايى بىلەن ئا=1−0.02=0،08). خىتاينىڭ مەنبەلىرىگە تايانغىنىمىزدا، 1990 - يىلىدا ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 17.51‰، قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 12.68‰ (2% خاتالىق پايى بىلەن ئا=1−0.02=0،08) ۋە 2020 يىلىدا ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 11.57‰، قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 8.38‰ (2% خاتالىق پايى بىلە ئا=1−0.02= 0،08).




G3: 1990-2020 Mezgilide Sherqi Türkistan Nopusidiki Jinsiyetke Asasen Yash Jehettin RÖN Bilen XÖN'lirining Sélishturilmisi

رەسىم G3 دە كۆرۈلگىنىدەك، رېئال سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلى ئەرلەرنىڭ 2.58% ى 35 ياشقا تولماي تۇرۇپ ئۆلگەن بولسا، ئاياللارنىڭ 1.87% ى 35 ياش تۇغۇلغان كۈننى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كەتكەن. ئەرلەرنىڭ 10.87% ى 70 ياش تۇغۇلغان كۈننى كۆرەلمىگەنلەر بولسا، ئاياللارنىڭ 7.87% ى 70 ياشقا تولماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. ئەرلەردىن 20.47% ى، ئاياللارنىڭ 14.82% ى 70 يېشىدىن ئۆتۈپ ئۆلگەن. 2020 - يىلىدا بولسا، ئەرلەرنىڭ 1.86% ى 35 ياشقا تولماي تۇرۇپ ئۆلگەن بولسا، ئاياللارنىڭ 1.34% ى 35 ياش تۇغۇلغان كۈننى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كەتكەن. ئەرلەرنىڭ 6.374% ى 70 ياش تۇغۇلغان كۈننى كۆرەلمىگەن بولسا، ئاياللارنىڭ 4.61% ى 70 ياشقا تولماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن.




قىزىل خىتاينىڭ كۆرسەتكەن سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلى ئەرلەرنىڭ 2.36% ى 35 ياشقا تولماي تۇرۇپ ئۆلگەن بولسا، ئاياللارنىڭ 1.71% ى 35 ياش تۇغۇلغان كۈننى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كەتكەن. ئەرلەرنىڭ 11.31% ى 70 ياش تۇغۇلغان كۈننى كۆرەلمىگەن بولسا، ئاياللارنىڭ 8.19% ى 70 ياشقا تولماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. ئەرلەردىن 21.89% ى، ئاياللاردىن 15.85% ى 70 يېشىدىن ئۆتۈپ ئۆلگەن. 2020 - يىلىدا بولسا، ئەرلەرنىڭ 1.73% ى 35 ياشقا تولماي تۇرۇپ ئۆلگەن بولسا، ئاياللارنىڭ 1.34% ى 35 ياش تۇغۇلغان كۈننى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كەتكەن. ئەرلەرنىڭ 6.85% ى 70 ياش تۇغۇلغان كۈننى كۆرەلمىگەن بولسا، ئاياللارنىڭ 4.96% ى 70 ياشقا تولماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن.

G5 دە كۆرسىتىلگەندەك، رېئال سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردىن 0 - 1 ياش دائىرىسىدىكى قىز بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 9.76‰، ئەركەك بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 13.47‰، 5 - 10 ياش دائىرىسىدىكى قىز باللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 3.49‰، ئەركەك باللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 4.82‰، 20 - 25 ياش دائىرىسىدىكى ياش ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 3.42‰، ياش ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 2.83‰، 45 - 50 ياش دائىرىسىدىكى ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 4.33‰، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 4.62‰ ۋە 65 - 70 ياش دائىرىسىدىكى ياشانغان ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 33.46‰، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 46.21‰ دۇر.






2020 - يىلى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردىن 0 - 1 ياش دائىرىسىدىكى قىز بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 8.21‰، ئەركەك بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 10.38‰، 5 - 10 ياش دائىرىسىدىكى قىز بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 1.96‰، ئەركەك بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 2.71‰، 20 - 25 ياش دائىرىسىدىكى ياش ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 1.12‰، ياش ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 1.54‰، 45 - 50 ياش دائىرىسىدىكى ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 3.19‰، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 4.41‰ ۋە 65 - 70 ياش دائىرىسىدىكى ياشانغان ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 16.59‰، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 22.91‰ دۇر.

خىتاينىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردىن 0 - 1 ياش دائىرىسىدىكى قىز بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 9.53‰، ئەركەك بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 13.11‰، 5 - 10 ياش دائىرىسىدىكى قىز بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 3.21‰، ئەركەك بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 4.43‰، 20 - 25 ياش دائىرىسىدىكى ياش ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 1.65‰، ياش ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 2.27‰، 45 - 50 ياش دائىرىسىدىكى ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 3.93‰، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 5.42‰ ۋە 65 - 70 ياش دائىرىسىدىكى ياشانغان ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 37‰، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 51.09‰ دۇر. 2020 - يىلى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردىن 0 - 1 ياش دائىرىسىدىكى قىز بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 7.51‰، ئەركەك بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 10.38‰، 5 - 10 ياش دائىرىسىدىكى قىز بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 2.33‰، ئەركەك بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 3.21‰، 20 - 25 ياش دائىرىسىدىكى ياش ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 0.91‰، ياش ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 1.26‰، 45 - 50 ياش دائىرىسىدىكى ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 2.9‰، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 4‰ ۋە 65 - 70 ياش دائىرىسىدىكى ياشانغان ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 19.94‰، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 27.54‰ دۇر.

«ج5»: 1990 ۋە 2020 يىللىرىدىكى بەزى ياش دائىرىسىدە ئۆلۈم نىسبەتلىرىنىڭ جىنسىي جەھەتتىن سېلىشتۇرمىسى (‰)

| | | 1 ~ 0 | 10 ~ 5 | 25 ~ 20 | 50 ~ 45 | 70 ~ 65 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ر ئۆن - 1990 | قىز - ئاياللار | 9.76 | 3.49 | 3.42 | 4.33 | 33.46 |
| | | 13.47 | 4.82 | 2.83 | 5.98 | 46.21 |
| خ ئۆن - 1990 | قى - ئاياللار | 9.53 | 3.21 | 1.65 | 3.93 | 37.00 |
| | | 13.11 | 4.43 | 2.27 | 5.42 | 51.09 |
| ر ئۆن - 2020 | قىز - ئاياللار | 8.21 | 1.96 | 1.12 | 3.19 | 16.59 |
| | | 10.38 | 2.71 | 1.54 | 4.41 | 22.91 |
| خ ئۆن - 2020 | قىز - ئاياللار | 7.51 | 2.33 | 0.91 | 2.90 | 19.94 |
| | | 10.38 | 3.21 | 1.26 | 4.00 | 27.54 |

جەدۋەل ج6 دىن كۆرۈۋالايمىزكى، خىتاي مەنبەلىرىگە ئاساسلانغىنىمىزدا، 1990 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 23.32% ى شەھەرلەردە، 76.68% ى يېزىلاردا ياشىغان بولسا، 2020 - يىلى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 56.53% ى شەھەرلەردە، 43.47% ى

يېزىلاردا ياشىغان.

«ج6»: 1990~2020 مەزگىلىدە ختاي مەنبەلىرىگە ئاساسەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدىكى شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ پىرسەنتى

| يىل | نوپۇس (P) | شەھەر نوپۇسى (SN) | يېزا نوپۇسى (YN) | شەھەر نوپۇسى پىرسەنتى ($SY_p$; %) | يېزا نوپۇسى پىرسەنتى ($YN_p$; %) |
|---|---|---|---|---|---|
| 76.68 | 23.32 | 11622311 | 3534589 | 15156900 | 1990 |
| 73.57 | 26.43 | 12656578 | 4546872 | 17203450 | 1995 |
| 66.16 | 33.84 | 12735800 | 6514200 | 19250000 | 2000 |
| 64.32 | 35.68 | 13205968 | 7325699 | 20531667 | 2005 |
| 57.21 | 42.79 | 12479408 | 9333926 | 21813334 | 2010 |
| 55.48 | 44.52 | 13222459 | 10610380 | 23832840 | 2015 |
| 43.47 | 56.53 | 11238014 | 14614331 | 25852345 | 2020 |

بۇ يەردە $SN_p = 100SN / P, \quad YN_p = 100YN / P.$

(ش ئۇ ئا ر ئىستاتىستىكا ئىدارىسى، 1991، ...، 2021؛ ختاي ئىستاتىستىكا يىللىقى، 1981، ...، 2021؛ لى شۇجو، 1994؛ ۋاڭ جىنىيىڭ ۋە گې يەنشىيا، 2013؛ لىيۇ رۇيپىڭ، لىيۇ مېي ۋە لى جيەنشىن، 2020. يۇقىرىقى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1990 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە شەھەر نوپۇسى تەدرىجىي كۆپەيگەن).

جەدۋەل: ج7 دىن كۆرۈۋالالايمىزكى، رېئال سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلى شەرق تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 22.91% ى شەھەرلەردە، 77.09% ى يېزىلاردا ياشىغان بولسا، 2000 - يىلى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 33.70% ى شەھەرلەردە، 66.30% ى يېزىلاردا ياشىغان ۋە 2020 - يىلى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 55.45% ى شەھەرلەردە، 44.55% ى يېزىلاردا ياشىغان. 1990 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە شەھەر نوپۇسى تەدرىجىي كۆپەيگەن (د. بارىشچى، 2022).

«ج7»: 1990~2020 مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ رېئال ئومۇمىي نوپۇسىدىكى شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ پىرسەنتى

| يىل | نوپۇس (P) | شەھەر نوپۇسى (SN) | يېزا نوپۇسى (YN) | شەھەر نوپۇسى پىرسەنتى ($SY_p$; %) | يېزا نوپۇسى پىرسەنتى ($YN_p$; %) |
|---|---|---|---|---|---|
| 76.68 | 23.32 | 11622311 | 3534589 | 15156900 | 1990 |
| 73.57 | 26.43 | 12656578 | 4546872 | 17203450 | 1995 |
| 66.16 | 33.84 | 12735800 | 6514200 | 19250000 | 2000 |
| 64.32 | 35.68 | 13205968 | 7325699 | 20531667 | 2005 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 2010 | 21813334 | 9333926 | 12479408 | 42.79 | 57.21 |
| 2015 | 23832840 | 10610380 | 13222459 | 44.52 | 55.48 |
| 2020 | 25852345 | 14614331 | 11238014 | 56.53 | 43.47 |

$$SN_p = 100SN / P,$$

بۇ يەردە $$YN_p = 100YN / P.$$

قىزىل خىتاي دۆلىتىنىڭ ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن كۆرسىتىلگەن شەھەر - يېزا نوپۇسىنىڭ پىرسەنتلىرى بىلەن رېئال سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن كۆرسىتىلگەن شەھەر - يېزا پىرسەنتلىرى ئارىسىدا پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما بۇ پەرقنىڭ چوڭ بولمىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

جەدۋەل ج8 دىن كۆرسىتىلگىنىدەك، رېئال سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 15.20% ى شەھەرلەردە، 84.80% ى يېزىلاردا ياشىغان بولسا، 2000 - يىلى 31.03% ى شەھەرلەردە، 68.97% ى يېزىلاردا ياشىغان ۋە 2010 - يىلى 40.62% ى شەھەرلەردە، 59.38% ى يېزىلاردا ياشىغان. 2020 - يىلىغا كەلگەندە شەھەر نوپۇسى 34.94% كە تۆۋەنلىگەن، يەنى 1990 يىلدىن 2010 - يىلغىچە شەھەر نوپۇسى تەدرىجىي كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما 2010 - يىلدىن كېيىن تەدرىجىي ئازىيىشقا باشلىغان.

«ج8»: 1990~2020 مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ رېئال نوپۇسىدىكى شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ پىرسەنتى

| يېزا نوپۇسى پىرسەنتى (% ;$YN_p$) | شەھەر نوپۇسى پىرسەنتى (% ;$SY_p$) | يېزا نوپۇسى (YN) | شەھەر نوپۇسى (SN) | نوپۇس (P) | يىل |
|---|---|---|---|---|---|
| 1990 | 15976241 | 2428389 | 13547852 | 15.20 | 84.80 |
| 1995 | 17502881 | 4062419 | 13440462 | 23.21 | 76.79 |
| 2000 | 19175401 | 5950127 | 13225274 | 31.03 | 68.97 |
| 2005 | 20546507 | 6784457 | 13762050 | 33.02 | 66.98 |
| 2010 | 22015651 | 8942757 | 13072894 | 40.62 | 59.38 |
| 2015 | 23132803 | 8355568 | 14777235 | 36.12 | 63.88 |
| 2020 | 24306643 | 8492741 | 15813902 | 34.94 | 65.06 |

$$SN_p = 100SN / P,$$

$$YN_p = 100YN / P.$$

1990 - يىلى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېزىلاردىكى رېئال پىرسەنتى 84.80% ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ، بۇ قىممەت 2010 - يىلدا 59.38% كە تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما 2015 - يىلى 63.88% كە ۋە 2020 - يىلى 65.06% كە تەكرار ئۆرلىگەن.




O.R: Real Omumiy Nopusdiki Sheher Nopusining Pirsenti
Y.R: Sh.T Xelqning Real Sheher Nopus Pirsenti
X.R: Sh.T.diki Xitaylarning Real Sheher Nopus Pirsenti
O.X: Xitayning Élan Qilghan Sh.T.diki Xitaylarning Sheher Nopus Pirsenti
X.N: Xitayning Élan Qilghan Pütün Xitay Boyiche Sheher Nopus Pirsenti

ج8دىكى نەتىجىلەرگە ۋە ياكى رەسىم G7 ۋە G8گە دىققەت قىلساق، 1990 - يىلدىن باشلاپ 2010 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدە تەدرىجىي ئۆسۈپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ شەھەرلەردىكى نوپۇسى، 2010 - يىلدىن باشلاپ تەدرىجىي ئازىيىشقا باشلىغان، ئەمما خىتاي نوپۇسى يەنىلا تەدرىجىي ئۆسۈپ بارغان.

ج8دىكى نەتىجىلەرگە ۋە ياكى رەسىم G7 ۋە G8گە دىققەت قىلساق، 1990 - يىلدىن باشلاپ 2010 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدە تەدرىجىي ئۆسۈپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ شەھەرلەردىكى نوپۇسى، 2010 - يىلدىن باشلاپ تەدرىجىي ئازىيىشقا باشلىغان، ئەمما خىتاي نوپۇسى يەنىلا تەدرىجىي ئۆسۈپ بارغان.

بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ G8دە ئېنىق كۆرۈلگەن بولۇپ، پۈتۈن مەزگىل ئىچىدە شەھەر نوپۇسى ئۆسۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا قارشى ھالدا يېزا نوپۇسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتسەكمۇ، ئەمما 2010 - يىلدىن كېيىنكى مەزگىللەردە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ شەھەر - يېزا نوپۇسىنىڭ ئۆزگىرىشىدە تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھالدا كۆرسەتكىلى بولىدۇ. 1990 - 2020 - يىللىرى مەزگىلدە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ شەھەردىكى پىرسەنتىنىڭ تەدرىجىي ئۆرلەپ بېرىشى، ئەمما شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ شەھەرلەردىكى پىرسەنتىنىڭ 2010 - يىلدىن كېيىن تەدرىجىي تۆۋەنلەپ كېتىشى، شەرقىي تۈركىستان دېموگرافىك (نوپۇس) تۈزۈلۈشىدە جىنسىيەت پەرقىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىدا قىيىن ئەھۋالنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.




O.R: Real Omumiy Nopustiki Yéza Nopusining Pirsenti
Y.R: Sh.T. Xelqining Real Yéza Nopus Pirsenti
X.R: Sh.T.diki Xitaylarning Real Yéza Nopus Pirsenti
O.X: Xitayning Élan Qilghan Sh.T.diki Xitaylarning Yéza Nopus Pirsenti
X.N: Xitayning Élan Qilghan Pütün Xitay Boyiche Yéza Nopus Pirsenti

مەيلى شەھەرلەردىكى قىز - ئاياللار بولسۇن، مەيلى يېزىلاردىكى قىز - ئاياللار بولسۇن، سان جەھەتتىن ياكى پىرسەنت جەھەتتىن ئەرلەردىن ئاز بولغانلىقى، بۇ سەۋەبتىن 1990 - يىلى ھەر 100 قىز - ئايالغا 105 ئەرنىڭ، 2020 - يىلى ھەر 100 ئايالغا 112 ئەرنىڭ توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇ بىزگە شەرقىي تۈركىستاندىكى قىز - ئاياللارنىڭ تەدرىجىي ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە.

«ج9»: 1990~2020 مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ رېئال نوپۇسىدىكى شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ جىنسىيەت جەھەتتىن پىرسەنتلىرى

| يىل | ئومۇمي نوپۇس | ئولتۇرۇشلۇق جاي | جىنسىيەت | نوپۇس | پىرسەنتى % | جىنسىيەت پەرقى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1990 | 15976241 | شەھەر | قىز - ئاياللار | 1185389 | 7.42 | 105 |
| | | | ئەرلەر | 1242999 | 7.78 | |
| | | 19175401 | قىز - ئاياللار | 6613225 | 41.39 | 105 |
| | | | ئەرلەر | 6934628 | 43.41 | |
| 2000 | 19175401 | شەھەر | قىز - ئاياللار | 2905761 | 15.15 | 105 |
| | | | ئەرلەر | 3044366 | 15.88 | |
| | | 24306643 | قىز - ئاياللار | 6458599 | 33.68 | 105 |
| | | | ئەرلەر | 6766675 | 35.29 | |
| 2010 | 22015651 | شەھەر | قىز - ئاياللار | 4255011 | 19.33 | 110 |
| | | | ئەرلەر | 4687746 | 21.29 | |
| | | يېزا | قىز - ئاياللار | 6220152 | 28.25 | 110 |
| | | | ئەرلەر | 6852742 | 31.13 | |
| 2020 | 24306643 | شەھەر | قىز - ئاياللار | 3996208 | 16.44 | 112 |
| | | | ئەرلەر | 4496533 | 18.50 | |
| | | يېزا | قىز - ئاياللار | 7441136 | 30.61 | 112 |
| | | | ئەرلەر | 8372766 | 34.45 | |

بۇ يەردىكى

% = 100Nopus/Omumiy Nopus, Jinsiyet Perqi = 100Erler Pirsenti/Qiz Ayallar Pirsenti.

بويىچە ھېسابلاندى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدا (خىتاي نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغاندا)، 2010 - يىلىدىن كېيىن تەدرىجىي يېزا نوپۇسىغا يۈزلىنىشىنى تەبىئىي بىر ئەھۋال قارىماسلىق لازىم. چۈنكى، بولۇپمۇ 2010 - يىلىدىن كېيىن، قىزىل خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە 1990 - 2010 - يىلىدىن ئاۋۋالقى يېزىلاردىن شەھەرلەرگە يەرلەشكەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار، يېزىلارغا مەجبۇرىي قايتۇرۇۋېتىلدى. بۇ ھادىسە شەرقىي تۈركىستان دېموگرافىك (نوپۇس) قۇرۇلۇشىنىڭ نورمال تۈزۈلۈشىنى قايتىدىن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى.




Yz-OR: Yézilardiki Sherqi Türkistanning Real Omumiy Nopusi (%)
Yz-YR: Yézalardiki Sherqi Türkistan Xelqining Real Nopusi (%)
Yz-XR: Sherqi Türkistan Yéziliridiki Real Xitay Nopusi (%)
Sh-OR: Sherherlerdiki Sherqi Türkistanning Real Omumiy Nopusi (%)
Sh-YR: Sheherlerdiki Sherqi Türkistan Xelqining Real Nopusi (%)
Sh-XR: Sherqi Türkistan Sheherliridiki Real Xitay Nopusi (%)

ئەمدى شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ جىنسىيەت جەھەتتىن ئۆلۈم نىسبەتلىرىنىڭ تارقىلىشىنى كۆزىتەيلى.

1990 - 2020 - يىلى مەزگىلىدە شەھەرلەردىكى قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى بىلەن ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى بىر - بىرىگە يېقىن ئۆزگىرىشتە بولسىمۇ، ئەمما يېزىلاردا قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى بىلەن ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتىدە بىر - بىرىگە پاراللېللىق بولۇش بىلەن بىرگە، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتىدىن ھەر ۋاقىت كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى بولغان (رەسىم G10غا قاراڭ).

## خۇلاسە ۋە مۇنازىرە

بۇ تەتقىقاتىمىزدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ دېموگرافىك (نوپۇس) قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدىن بىرى بولغان 1990 - 2020 مەزگىلىدىكى ماكان، جىنسىيەت ئۆزگىرىشىنى ئاساس قىلغان ھالدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ رېئال نوپۇس مەلۇماتلىرى بىلەن قىزىل خىتاينىڭ تۆت قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشىدە (1990 - يىلى 4 - قېتىملىق، 2000 - يىلى 5 - قېتىملىق، 2010 - يىلى 6 - قېتىملىق ۋە 2020 - يىلى 7 - قېتىملىق) ئېلان قىلغان نوپۇس مەلۇماتلىرىنى سېلىشتۇرۇش ۋە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، شەھەر - يېزا ۋە ئەر - ئايال نىسبەتلىرىنىڭ رېئال ئەھۋالىغا ئۇيغۇن پىرسەنتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ (1949 - يىلدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستانغا مەجبۇرىي كۆچۈپ كەلگەن خىتاي نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) مەلۇم ياشتىكى كۆپىيىش ياكى ئازىيىش ھادىسىسىنىڭ ئېغىر بولغانلىقى، بۇنىڭغا قارىماي خىتاي دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەن دوكلات قىلىش، ياشلارنىڭ ۋە ئوتتۇرا ياشتىكىلەرنىڭ پىرسەنتىنى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى كۆرسىتىش، 70 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان ياشانغانلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتىنى تۇراقلىق بىر شەكىلگە كەلتۈرۈش قاتارلىق يالغان دوكلات بەرگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1990 - 2020 - يىللىرى مەزگىللىرىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ شەھەرلەردىكى نوپۇسى تەدرىجىي كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما 2010 - يىلدىن كېيىن شىددەتلىك بىر شەكىلدە ئازايغانلىقى، لېكىن شەھەر نوپۇسىنىڭ يەنىلا كۆپىيىۋاتقانلىقى بايقالدى. بۇ ئەھۋال بىزگە،

شەرقىي تۈركىستاندىكى شەھەرلەردە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ شەھەردىن قوغلىنىپ، تەكرار يېزىلارغا كۆچۈۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ ياكى يېزىلاردىلا ئەمەس، بەلكى شەھەرلەردىمۇ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ شەھەر - يېزا، ئەر - ئايال نىسبەتلىرىدە ختاي دۆلىتى ۋە بەزى ختاي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان سانلىق مەلۇماتلىرى، رېئال سانلىق مەلۇماتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلدى ۋە نەتىجىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەر - ئايال تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بارغانچە قورقۇنچلۇق دەرىجىدە بۇزۇلغانلىقى ھەمدە بۇنىڭ بىلەن بىرگە شەھەر - يېزا نوپۇسىدىكى جىنسىيەت تەڭپۇڭلۇقىنىڭمۇ تەتۈر تاناسىپلىق بىر ئەھۋالدا بولغانلىقى ئېنىقلاندى.

مەيلى رېئال ئەھۋالدىن، مەيلى قىزىل ختاينىڭ تەرىپىدىن قارىغىنىمىزدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۆلۈم سەۋىيەسىدە شەھەر - يېزا ۋە ئەر - ئايال پەرقىدە زور پەرقلەر بارلىقى بايقالدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېزىلاردىكى ئۆلۈم نىسبىتىنىڭ شەھەرلەردىكىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنمەكتە. مەيلى شەھەرلەردە بولسۇن، مەيلى يېزىلاردا بولسۇن، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى قىز - ئاياللارغا قارىغاندا يۇقىرى بولغان. ئەمما قىز - ئاياللارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى پىرسەنتى ئەرلەردىن تۆۋەن بولماقتا. قىزىل ختاي بۇ پەرقنى تەسىرى مۇھىم بولمىغان ئەھۋال دەپ كۆرسەتمەكتە.

1990 - يىلى شەرقىي تۈركىستان ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 22.91% ى شەھەرلەردە، 77.09% ى يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان بولسا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 15.20% ى شەھەرلەردە (بۇنىڭ 7.42% قىز - ئايال، 7.78% ئەر)، 84.80% ى يېزىلاردا (بۇنىڭ 41.39% قىز - ئايال، 43.41% ئەر) ئولتۇراقلاشقان. 2020 - يىلى شەرقىي تۈركىستان ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 55.45% ى شەھەرلەردە، 44.55% ى يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان بولسا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 34.94% ى شەھەرلەردە (بۇنىڭ 16.44% قىز - ئايال، 18.50% ئەر)، 65.06% ى يېزىلاردا (بۇنىڭ 30.61% قىز - ئايال، 34.45% ئەر) ئولتۇراقلاشقان.

1990 - يىلى بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 30.48‰، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 23.23‰ ئىكەنلىكى، 2020 - يىلى بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 23.69‰، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 18.59‰ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

1990 - يىلى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 14.34‰ بولۇپ، قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 11.86‰، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 16.37‰ ۋە 2020 - يىلى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 8.54‰ بولۇپ، قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 7.06‰، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 9.75‰ بولغان.

1990 - يىلى شەھەردىكى قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 0.88‰، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 1.27‰؛ يېزىلاردىكى قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 10.98‰، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 15.10‰، يەنى يېزىدىكىلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى شەھەردىكىلەرگە قارىغاندا تەخمىنەن 12 ھەسسە يۇقىرى بولغان. 2020 - يىلى شەھەردىكى قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 1.16‰، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى 1.80‰؛ يېزىلاردىكى قىز - ئاياللارنىڭ ئۆلۈم

نىسبىتى ‰5.90، ئەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى ‰7.94، يەنى يېزىدىكىلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى شەھەردىكىلەرگە قارىغاندا تەخمىنەن 5 ھەسسە يۇقىرى بولغان.

2010 - 2020 - يىللىرى مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى بوۋاق بالىلارنىڭ (0 - 5 ياش دائىرىسى) ئۆلۈم نىسبىتى %2.37، ئۆلۈش ئېھتىماللىقى %3.57 بولۇپ، ھەر 10 مىڭ بوۋاقتىن 357 بوۋاق ئۆلگەن. بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ (5 - 18 ياش دائىرىسى) ئۆلۈم نىسبىتى %0.19، ئۆلۈش ئېھتىماللىقى %0.96 بولۇپ، ھەر 10 مىڭ بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەردىن 96 سى ئۆلگەن. ياشلارنىڭ (18 - 35 ياش دائىرىسى) ئۆلۈم نىسبىتى %0.76، ئۆلۈش ئېھتىماللىقى %3.79 بولۇپ، ھەر 10 مىڭ ياشتىن 379 ياش ئۆلگەن. ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ (35 - 60 ياش دائىرىسى) ئۆلۈم نىسبىتى %3.84، ئۆلۈش ئېھتىماللىقى %8.76 بولۇپ، ھەر 10 مىڭ ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن 876 كىشى ئۆلگەن. 65 - 70 ياش دائىرىسىدىكى ياشانغانلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى %3.95 ۋە ئۆلۈش ئېھتىماللىقى %10.83 بولۇپ، ھەر 10 مىڭ كىشىدىن 1083 كىشى ئۆلگەن.

## پايدىلانمىلار


[1] Barishchi D. (2022): Nopus Mölcherlesh Métotliri Arqiliq Sherqi Türkistan Nopusining Analizi – 1,2. Page 22, 124-125, 209-211, 234-235, Türkiye/Istanbul, .2022

[2] Barışçı D. (2022). Nüfus Tahmin Yöntemleri İle Doğu Türkistan Nüfusunun .Analizi – 1,2. Page 22, 124-125, 209-211, 234-235, Türkiye/İstanbul, 2022

[3] Dilshat Barishchi (2021): Uyghurlarning Otturiche Ömri. Xelqara Weziyet We .Sherqi Türkistan[J], 2021(2), 72-91

[4] Dilshat Barishchi (2021): Uyghurlarning Éshiwatqan Nopus Sani We Éshish Nisbiti Heqqide Qisqiche Analiz. Xelqara Weziyet We Sherqi Türkistan[J], .2021(4), 61-79

[5] Cha Ruichuan, Qiao Xiaochun (1993): Sherqi Türkistandiki Uyghurlarning Yash Jughlanmisidiki Seweplerning Deslepki Analizi. Zhonggo Nopus İlmi, 1993(1) .24-29

[6] 查瑞传，乔晓春. 新疆维吾尔族人口年龄堆积原因的初步分析[J]. 中国人口 .科学，1993（1）：24-29

[7] Cui Hongyan, Xu Lan, Li Rui (2013): 2010-Yilidiki Nopus Tekshürüsh Sanliq .Melumatlirining Toghriliqini Mölcherlesh. Nopus Tetqiqati[J], 2013(1) 10-21

[8] 崔红艳，徐岚，李睿. 对2010年人口普查数据准确性的估计[J]. 人口研 .究，2013（1）：10-21

[9] Huang Rongqing (2005): 20-Esirning 90.inji Yilliridiki Xitay Nopusining Ölüm .Nisbiti. Zhonggo Nopus İlmiy[J], 2005(3) 11-20+95

[10] 黄荣清. 20世纪90年代中国人口死亡水平[J]. 中国人口科学，2005（3） .：11-20+95

[11] Huang Rongqing (2013): Yash Jehettin Ölüm Nisbitidiki Binormal Sanliq Melumatlarni Tekshürüsh We Mulahize Qilish. Nopus We İqtisad[J], 2003(6) .10-15

[12] 黄荣清. 年龄别死亡率数据异常的检验与讨论[J]. 人口与经济，2003（6）.: 10-15

[13] Huang Rongqing, Zé Xianxin (2013): "Alte Qétimliq Nopus Tekshürüsh" Doklatidiki Buwaqlarning Ölüm Nisbitidiki Xataliq We Emiliy Ehwalini .Mölcherlesh. Nopus Tetqiqati[J], 2013(2) 3-16

[14] 黄荣清，曾宪新. "六普"报告的婴儿死亡率误差和实际水平的估计[J]. 人口.研究，2013（2）：3-16

[15] Goldstein J R. (2011): Ösmürlik Mezgilidiki Oghul Balilarning Jinsiy Jehettin Yétilishige Bolghan Omumiy Yüzlinishining Ispati—Yash Quramigha Yetken .Oghul Balilarning Ölüm Nisbiti. Plos One[J]， 2011(8) e14826

[16] Goldstein J R. A Secular Trend toward Earlier Male Sexual Maturity; Evidence from Shifting Ages of Male Young Adult Mortality. Plos One[J]，2011（8）.e14826

[17] Li Jianxin (1994): Sherqi Türkistanning Az Sanliq Milletler Rayonidiki Nopus Yéshi Jughlinish Hadisisini Tehlil Qilish. Xinjiang Ünvérsititi Jornili (Pelsepe .We Ijtimayi Penler Neshri)[J], 1994(1) 34-37

[18] 李建新. 新疆少数民族地区人口年龄堆积现象的分析[J]. 新疆大学学报（哲.学社会科学版），1994（1）：34-37

[19] Li Jianxin, Chang Qingling (2015): Sherqi Türkistandiki Asasliq Milletler Nopusining Hazirqi Ehwali We Özgirish Alahidiliki. Gherbiy Shimal Milletler .Tetqiqati[J], 2015(3) 21-36+47

[20] 李建新，常庆玲. 新疆各主要民族人口现状及变化特征[J]. 西北民族研.究，2015（3）：21-36+47

[21] Li Jianxin, Chao Xiaoqun, Yang Limin (1993): Sherqi Türkistan Nopusidiki Yash Jughlinish Hadisisini Tehlil Qilish – Sherqi Türkistan Nopusidiki Yash .Jughlinish Hadisisi Tetqiqati Doklati(1). Nopus Tetqiqati[J], 1993(4) 24-28

[22] 李建新，乔晓春，杨力民. 新疆人口年龄堆积现象分析——新疆人口年龄堆.积现象研究报告之一[J]. 人口研究，1993（4）：24-28

[23] Li Jianxin, Chao Xiaoqun (1994): Sherqi Türkistan Nopusidiki Yash Jughlinish Hadisisini Tehlil Qilish – Xinjiang Nopusidiki Yash Jughlinish Hadisisi .Tetqiqati Doklati(3). Nopus Tetqiqati[J], 1994(4) 29-35

[24] 李建新，乔晓春. 新疆人口年龄堆积现象分析——新疆人口年龄堆积现象研.究报告之三[J].人口研究，1994（4）：29-35

[25] Li Jianxin, Yang Ju, Jiang Nan (2019): Qurulma Perqi Noqtisidin Sherqi .Türkistan Nopusidiki Özgürüsh Ötkili. Gherbiy Shimal Nopusi[J], 2019(3) 23-33

[26] 李建新，杨珏，姜楠. 结构差异视角下的新疆人口转变[J]. 西北人口，2019.（3）：23-33

[27] Li Shuzhuo (1994): 1980-Yilliridiki Xitayning Nopusining Ölüsh Sewiyesi We Özgirishi Toghrisidiki Analizi Arqiliq 1990.inji Yilidiki Omumiy Yüzlük Nopus Tekshürüshide Ölüm Sewiyesini Tengsheh Toghrisida. Nopus Tetqiqati[J], .1994(2) 37-44

[28] 李树茁. 80年代中国人口死亡水平和模式的变动分析——兼论对1990年人口，普查死亡水平的调整[J].人口研究

.37-44：（2）1994

Li Song, Zhang Lingyun, Liu Yang, Qi Qungao (2015): Sherqi Türkistandiki Asasliq Milletlerning Tetriji Tereqiyatining Özgirishi-1982~2010 Mezgilide Nopus Tekshürüsh Sanliq Melumatlirigha Asasen. Nopus Tetqiqati[J], 2015(4) .78-86

李松，张凌云，刘洋，綦群高. 新疆主要民族空间分布格局演变——基于 .1982～2010年人口普查数据[J]. 人口研究， 2015（4）：78-86

Liu Ruiping, Liu Mei, Li Jianxin (2020): Sherqi Türkistandiki Sheher We Yéza Nopusining Ölüsh Derijisi Toghrisida Tehlil. Gherbiy Shimal Nopusi, 2020(2) .39-51

刘瑞平,刘 梅, 李建新. 新疆城乡人口死亡水平分析[J]. 西北人口, 2020(2) .39-51

Remund A., Camarda C G., Riffe T.: Yash Quramigha Yetkenlerning Ölüm .Nisbitining Sewebliri. Mpidr Working Papers[R]， 2017

Remund A.， Camarda C G.， Riffe T. A Cause-of-death Decomposition of the .Young Adult Mortality Hump. Mpidr Working Papers[R]， 2017

Sherqi Türkistan Uyghur Aptonum Rayoni Istatistik Yillighi, 1981~2022, Sherqi .Türkistan Istatistika Idarisi, Xitay Istatistika Idarisi Neshiryati, Beijing

Wang Jinying, Gé Yanxia (2013): 2010-Yilidiki Nopus Tekshürüsh Sanliq Melumat Süpitini Bahalash We Ilgiriki Nopus Özgirishini Tehlil Qilish We .Tüzitish. Nopus Tetqiqati[J], 2013(1) 22-33

王金营，戈艳霞. 2010年人口普查数据质量评估以及对以往人口变动分析校 .正[J]. 人口研究，2013（1）：22-33

Xitay Istatistik Yillighi, 1981~2022, Xitay Xelq Jumhuryiti Istatistika Idarisi, .Xitay Istatistika Idarisi Neshiryati, Beijing

Yang Yunyan (1988): Sherqi Türkistan Nopusidiki Jughlinish Hadisisining .Sélishturma Tetqiqati. Gherbiy Shimal Nopusi[J], 1988(4) 39-44+64

杨云彦. 新疆人口年龄堆积现象比较研究[J]. 西北人口，1988（4）：39- .44+64

Yuan Huarong (1987): Sherqi Türkistan Uyghur Aptonum Rayoni Nopusidiki .Yash We Ölüsh Yéshining Jughlinishi. Gherbiy Shimal Nopusi[J], 1987(4) 5-6

原华荣. 新疆维吾尔自治区人口的年龄和死亡年龄堆积[J]. 西北人口，1987 .（4）：5-6

Zhang Wenjuan, Wei Meng (2016): Xitay Nopusining Ölüm Nisbitini We Texmini Ömrini Mölcherlesh-Altinchi Qétimliq Nopus Tekshürüsh Sanliq .Melumatlirigha Asasen Tehlil Qilish. Nopus Ilmi Jornili[J], 2016(3) 18-28

张文娟，魏蒙. 中国人口的死亡水平及预期寿命评估——基于第六次人口普.查数据的分析[J]. 人口学刊，2016（3）： 18-28

## يازغۇچىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى



دوكتور دىلشات بارىشچى

دىلشات بارىشچى (دىلشات ئەيسا سارام) 1961 - يىلى 8 - ئايدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھىرىدە دورىگەر بىر ئائىلىنىڭ تۇنجى بالىسى بولۇپ دۇنياغا كەلدى. باللىقىدىن باشلاپ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئوقۇش ھاياتى توققۇزتارا ناھىيەسىدە ئۆتتى. 1979 - يىلى شەرقىي تۈركىستان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى. 1984 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە ئاكادېمىيەسىدە، 1986 – 1992 - يىللىرى شەرقىي تۈركىستان يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلدى. 1987 – 1988 - يىللىرى ئارىسىدا خىتاي دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە قوللىنىشچان ئىستاتىستىكا ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇردى.

1987 – 1988 - يىللىرىدا «تارىم رايونىدىكى ناھىيەلەردە بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتىنى تەكشۈرۈش» ۋە 1988 – 1990 - يىللىرىدا «شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرنىڭ ئۆمۈر جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىش» تۈرىدە خىزمەت قىلدى. 1992 – 1993 - يىللىرى ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ماتېماتىكىلىق ئىستاتىستىكا ئىلمى بويىچە بىلىم ئاشۇردى ۋە ياردەمچى بولۇپ ئىشلىدى. 1995 – 1998 - يىللىرى ئارىسىدا تۈركىيە ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىستاتىستىكا كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقنى ئوقۇدى. 1997 – 2010 - يىللىرى ئارىسىدا ساكاريا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىستاتىستىكا كەسپى بويىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. بۇ مەزگىلدە، «مەلەن ئېقىمىنىڭ بۇلغىنىشى ۋە مۇھىتقا مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئانالىزى»، «يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى ساكاريا ۋىلايىتىنىڭ نوپۇس پىلان مۆلچەرى»، «ئاداپازارى سانائەت رايونىدىكى ئىش ۋە خىزمەت پىلانى»، «ساكاريا ۋىلايىتىنىڭ كۆچمەنلەر مەسىلىسى» قاتارلىق تۈرلەردە ئىشلىدى ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ماقالىلەر يازدى. 2010 - يىلىدىن باشلاپ 2019 - يىلىغىچە ساياھەت كەسپىدە ئىشلىدى ۋە 2020 - يىلى پېنسىيەگە چىقتى. دىلشات بارىشچى تويى قىلغان ۋە بىر قىزى بار.

# «كۆچ - كۆچ» فىلىملىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار

ئالماس ھاجى

يېقىندىن بېرى رېژىسسور ئابدۇراخمان ئۇيغۇر ئۆزتۈرك تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىنىپ تارقىتىلىۋاتقان «كۆچ - كۆچ» فىلىملىرى دىققىتىمنى تارتتى. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات كەچمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن بۇ فىلىملاردىكى تەبىئىي كۆرۈنۈشلەر، يۈرەكتىن چىققان راست گەپلەر، نېمىلەرنى كۆرمىگەن كۆزلەردە بەزىدە لىغىرلاپ قالغان شەبنەمدەك ياشلىرى، ھەرقانچە ئېغىرچىلىقلار بولسىمۇ ئۆچۈپ قالمىغان ئۈمىد نۇرلىرى قەلبلەرنى لەرزىگە سېلىپ، ئاجايىپ ئېغىر ۋە ئەندىشىلىك سوئاللارنى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ.

فىلىمدا ئاددىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە ئۇلار ئىزدىنىدۇ. گادىرماچ ئوي - خىياللارنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ھاياتنىڭ نوقۇشلىرى ئاستىدا جان - جەھلى بىلەن تىرىشىدۇ. نام - ئابرۇي، شۆھرەت ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزى ئۈچۈن، ئائىلىسى ئۈچۈن تىرىشىدۇ، جاپا چېكىدۇ. ئۇلار ئويلىغان، ئارزۇ قىلغان ھۆرلۈك - ئەركىنلىكتە ئائىلىسى بىلەن يەتمەكچى بولىدۇ. مۇھاجىرەتتە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى – ۋەتىنى، بالىچاقىلىرى خەلقى - مىللىتى بولغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ۋەتەنىنىڭ ھۈجەيرىسى، بالىچاقىلىرى مىللەتنىڭ تەركىبى ئىدى. ئۇلار بۇ نۇقتىنى ھەرگىز ئۇنتۇمىغان ۋە ھاياتى بويىچە بۇنى پىرىنسىپ قىلغان.

مۇھاجىرەتتە ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن يوللار ئەگرى - توقاي، مۈشكۈل ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەتەنسىزلىك كەچمىشلىرى ئىچىگە ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتكۈدەك تىنىقلار بىلەن تولغان ئىدى. ئاشۇنداق شارائىتتا ئۇلار ئائىلە ئىگىلىكى تىكلىگەن، بالىلىرىنى تەربىيەلەپ، ئوقۇتۇپ چوڭ قىلغان، ئۆزلىرى بىلىم ئالغان، يۈكسەلگەن، مۇكەممەللىشىشكە تىرىشقان.

تارىختىن بېرى مىللىتىمىز باشتىن كەچۈرگەن ئېغىر قىسمەتلەر ھەرقايسى دەۋرلەردە ئوخشىمىغان شەكىلدىكى «كۆچ - كۆچ» ئېقىملىرىنى شەكىللەندۈرگەن. 1990 - يىللاردىن باشلاپ شەكىللەنگەن ئوقۇش - ئۆگىنىشنى ئاساس قىلغان «كۆچ - كۆچ» ئېقىمى، 2014 - يىللاردىن كېيىن ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە توپ - توپ كۆچمەنلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ، جامائەتنىڭ ئىچىگە يامرىغان خىلمۇخىل دۇنيا قاراشلار، مۇستەملىكە تەربىيەسىدە

شەكىللەنگەن مىجەز - خۇلقلار، ئاخىرى ئېنىق بولمىغان يۆنىلىشلەر، كىشى بىلەلمەيدىغان يوشۇرۇن پىلانلار مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائىتىنى تىنچىماس مۇرەككەپلىككە ئىگە قىلغان ئىدى. «ناھايىتى ئەپسۇسكى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 95 پىرسەنتى تېخى ئويغانمىدى. ئۇلار ئاكتىپ پائالىيەتچىلەرنى ئەيىبلەيدۇ، يېتەكچىلىرىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، بىزگە ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىدۇ»، دەپ خورسىنىدۇ تۇرنىسا مەتسىدىق خانىم.

رېئاللىقىمىزدا مۇستەملىكىنىڭ قاباھەتلىك ئەللەيلىرىدە غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆمگەنلەر ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭىنى زۇلمەتلىك مۇستەملىكە سىياسىتى قاراڭغۇلاشتۇرغان، ئۇيغۇرلۇق روھى ئۇخلاشقا يۈزلەنگەن. شۇلاردىن مۇھاجىرەتكە چىققانلىرى دەخلى - تەرۇزدىن قۇتۇلغان ھالدا بۇ يەردىمۇ بەخىرامانلىق ئۇيقۇسىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئەلۋەتتە، ئۇلار بۇ ئۇيقۇغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرنى خالىمايدۇ. ھەتتا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قارشى چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى يامان كۆرسىمۇ، بىلىپ - بىلمەي خىتايغا خىزمەت قىلىپ قويىدۇ. ئۇلارنى قانداق ئويغىتىش ۋە تەربىيەلەش بىز ئويلىنىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئەگەر بۇنىڭغا سەل قارىساق پىتنە - پاساتلاردىن، بۆلۈنۈش - پارچىلىنىشلاردىن قۇتۇلالمايمىز.

نەچچە مىڭ ئۇيغۇر بار يەردە مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدىغانلار نەچچە يۈز كىشىگە يەتمەيدۇ. «تەرەپبازلىق، ئۆزئارا ئۆچمەنلىك، غەيۋەت، شىكايەت، ھەسەتخورلۇق، مەنمەنلىك تۈگىمەيدۇ. بۇ ئىللەتلەر بىزنى ئەرزىمەيدىغان زىددىيەتلەرگە ۋە شۇ تۈپەيلى بۆلۈنۈپ پارچىلىنىشلارغا ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئىچىمىزدە قېنى بۇزۇق ئادەملەر كۆپ. ئەگەر بىز ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ئەتراپىدا ئۇيۇشالمىساق مۇستەقىللىق كۈرىشىمىز تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ»، دەيدۇ ئاچچىق بىلەن غەيرەت ئاتۇش.

شۇ جىددىي توقۇنۇشلار، ئاچچىق ھەسرەتلەر، قايمۇقۇشلار ئىچىدە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى قانداق ساقلاپ قېلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەۋلاد تەربىيەلەش مەسىلىلىرى ياتاتتى. خېلى كۆپ قىسمىنىڭ يەرلىشىش، ئائىلىسىنى قامداش مەسىلىلىرى باش قاتۇرۇپ تۇراتتى.

ئۇلار ئەنە شۇ گادىرماچ يوللار بىلەن مېڭىپ ناتونۇش جايلاردا ئۆزلىرىنى تونۇتقان، ئۆزلىرىگە لايىق ئورۇن تاپقان، بۇ جەرياندا ئۆزلۈكىنى ساقلىغان ۋە بالىلىرىغا ئۆزلەشتۈرگەن. لېكىن، خاۋاتىر ئىچىدە كېيىنكى ئەۋلادتىن ئەندىشىلەنگەن، بۇ ھەقتە پىكىر مۇلاھىزە قىلىشقان.

«بۇ مەسىلە ھەممىمىزنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان چوڭ مەسىلە. ئىككىنچى ئەۋلادنى ساقلاپ قېلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن، ئۈچىنچى ئەۋلادتىن ئۈمىد يوق. مۇھاجىرەتتە بالىلىرىمىزنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرى ۋە بالىلىرىمىز ئېلىۋاتقان مائارىپقا يالغۇز ئائىلە تەربىيەسىگە تايىنىپ تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىز كېلىۋاتىمىز» (غەيرەت ئاتۇش).

«بۇ يەردە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يوق، سىياسىي بېسىم يوق. بىراق، بىز 2 - 3 ئەۋلاد ئىچىدە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىش خەۋپى زور. قۇتۇلۇشنىڭ يولى دىنىي تەربىيەنى كۈچەيتىش، مىللىي تەربىيەنى كۈچەيتىش، تىلىمىزنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرىنى

ئۆزمەي قوللىنىش كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى ئاچتۇق، ئارىمىزدا تەرەپبازلىق ئەۋج ئالغاچقا ئىشلىرىمىز راۋاجلىنالماي قالدى» (شەمشىدىن ھاجىم).

«ھەر خىل پىكىر ئىختىلاپلىرى سەۋەبلىك ھەر قېتىم پائالىيەت بولغاندا نۇرغۇن چۈشەنمەسلىكلەر، تالاش - تارتىش، جېدەل، زىددىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. بۇنى كۆرگەن، ئاڭلىغان باللىرىمىز پائالىيەتلەرگە قاتناشمايدىغان بولۇۋاتىدۇ، چۈۋالچاقلىق، ئەرزىمەس تالاش - تارتىش باللىرىمىزغا يامان تەسىر بېرىۋاتىدۇ» (ئەركىن تېكەس).

«نۆۋەتتە كىملىكىمنى ساقلاپ قېلىش مەسلىسى خەتەر ئىچىدىكى بىر مەسىلە بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بىز جامائەت بولۇپ ياشاش، قەرەللىك ھالدا پائالىيەت، مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ، باللىرىمىزغا تارىخىمىزنى، مۇھاجىر بولۇش سەۋەبلىرىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز، ۋەتەندە قالغان ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلىرىمىزنى تونۇشتۇرىمىز لازىم. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىۋالغانلىقىنى، ھازىر خەلقىمىزگە سىستېمىلىق ھالدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە دەھشەتلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشىمىز لازىم» (تۇرنىسا مەتسىدىق).

بۇ پىكىر، مۇلاھىزىلەر ئۇيغۇرلار كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇھاجىرەتتىكى شەھەر، رايونلاردا جامائەتلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى؛ جايلاردا ئۇيغۇر ئۆيى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى ۋە ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ، پىلانلىق، قەرەللىك ھالدا ئۇيغۇرلۇق روھى سىڭدۈرۈلگەن پائالىيەت ۋە يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشنى؛ باللىرىمىزنى ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشنى؛ ئۆزئارا تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا ئىناقلىشىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇش ئىشلىرىنى دائىمىي كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىش زۆرۈرلۈكىنى ئەسكە سالىدۇ.

ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەلبىدە بىر ساقايماس يارا بار. مۇھاجىرەتتە تۇلدۇرۇپ بولمايدىغان بىر بوشلۇق بار. ئۇلار بۇ يارىغا ھېچ يەردىن داۋا تاپالمايدۇ. بۇ بوشلۇقنى ھېچ نەرسە بىلەن تولدۇرالمايدۇ. «مۇھاجىرەتتە باياشات ياشىساقمۇ بىزدە مەنىۋى جەھەتتە بىر ئېچىرقاش بار. ۋەتەننى، ئاتا - ئانىمىزنى، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلىرىمىزنى، قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن باغلانغان، بىز ئايرىلالمايدىغان مەنىۋى ھاياتنى سېغىندۇق. بىز بۇ مەنىۋىيەتنى بۇ يەردىن ھېچ تاپالمىدۇق» (تۇرنىسا مەتسىدىق).

بۇ ھەسرەت - نادامەت ئانا يۇرت سۆيگۈسى بىلەن، ۋەتەندە قالغان ئاتا - ئانىسى، قېرىنداش - بۇرادەرلەرنىڭ رىشتىسى بىلەن باغلانغان ئىدى. بۇنىڭدىن يېتىلگەن مۇستەقىللىق ئېڭى، ئۇيغۇرلۇق روھى ئۇلاردا مەڭگۈ تىز پۈكمەس خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن. شۇڭا، ئۇلار ئىرادىسى سۇنماس ئادەملەر ئىدى.

ئۇلار، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللار بىلەن قوراللانغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن خەلقىمىزگە دەھشەتلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىشنى مەقسەت قىلغان ئادەملەر؛ ئۇلار، ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا تارىخىدا شانلىق سەھىپىلەرنى ئاچقان، مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ياشاپ كەلگەن مىللەت ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنياغا بىلدۈرۈپ، مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغان ئادەملەر ئىدى. شۇڭا، «ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇيغۇر

بولۇپ تۇرۇشىمىز لازىم. بۇ بىز قىلالايدىغان ئىش، بىز ماڭالايدىغان يول!» دەپ، دوكتور رازىيە خانىم ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى ناھايىتى ئىنچىكە ئىپادىلەيدۇ.

مانا «كۆچ - كۆچ»تىن تۇغۇلغان تۇيغۇلار قۇرلارغا تىزىلىپ، قەدەم - باسقۇچلارنى ۋە خىزمەت تەرتىپلىرىنىمۇ كارتىنىدەك تىزىشقا باشلىدى.

1. ئۆزىمىزنى تازىلاپ، سەپنى توغرىلاش؛

2. ئەۋلاد تەربىيەلەپ، كىملىكىمىزنى قوغداش؛

3. پارلاق تارىخىمىزنى ۋە ھازىرقى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇپ، مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش.

بۇ، بىز دۇچ كېلىۋاتقان رېئاللىقتىن ھاسىل بولغان، كۈنىمىزدىكى خىزمەت تەرتىپلىرى ئىدى...

(ئىلاۋە: قوش تىرناق ئىچىدە بېرىلگەن سۆزلەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىندى)

2024 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئىستانبۇل

*بۇ ماقالىنى ئابدۇرېشىت نىياز تەھرىرلىدى.*

28

# ئىلھام توختى ۋە ئۇنىڭ كۆرەش يولى ھەققىدە

ئەنۋەر جان

**قىسقىچە مەزمۇنى:**

ئىلھام توختى – خىتايدا بېشىغا كېلىدىغان خەۋپ - خەتەرلەردىن قورقماي، ئۆز خەلقىنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش ۋە قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنى، ئائىلىسىنى پىدا قىلغان ئادالەت كۆرەشچىسىدۇر. ئىلھام مۇئەللىم ئەينى ۋاقىتتا خەلقىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان دەھشەتلىك پاجىئەلەرنى ھېس قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خىتاي سىياسىيونلىرى ۋە زىيالىيلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز قانۇن ۋە سىياسەتلىرى بويىچە، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشقا تىرىشقان يىراقنى كۆرەر بىر زىيالىيدۇر.

2014 - يىلى ئۇنىڭ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ ئەللىك يىلدىن بېرى دېموكراتىك غەرب ئەللىرىدە ياشاش ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئالغان تەجرىبىلىرىمگە ئاساسەن ئىلھام توختىنى قوللاش (Ilham Tohti Initiative) گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، سەككىز يىلدىن بېرى ئىلھام توختىنىڭ كۆرەش يولى ۋە پائالىيەتلىرىنى خەلقئارا سەھنىدە تونۇتۇش، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن رەزىل سىياسەتلىرى ۋە نىيىتىنى ئۇنىڭ كۆزى بىلەن يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە بىر پىدائىي بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتىمەن. بۇ جەرياندا خەلقىمىزنىڭ ئىلھام توختى ھەققىدىكى تونۇشلىرىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكى، ھەتتا ئۇنىڭغا قارىتا خاتا چۈشىنىشلەرنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

مەن بۇ ماقالىمدە ئالدى بىلەن ئىلھام توختىنىڭ كۈرەش يولى ۋە پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن. ئۇنىڭ تۇتقان يولىدىكى ئاقىلانىلىك، ھەمدە ئۇنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى نازارەت ۋە چەكلىمىلەر ئاستىدا ئەڭ ئاز ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئەڭ كۈچلۈك ئىرادە بىلەن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنىڭ خىتاي ئىچىدە ۋە خەلقئارادا پەيدا قىلغان تەسىرلىرىنى بايان قىلىمەن. ئاندىن ئىلھام توختىنىڭ ئىدىيەسى ۋە كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىمەن ۋە ئۇلارغا ئوبيېكتىپ ۋە ئادىل بولۇش پرىنسىپى ئاساسىدا باھا بېرىپ چىقىمەن. ئىلھام توختىنىڭ كۆز قاراشلىرىدىكى يىراقنى كۆرەرلىك ۋە ۋەزىيەتنى تونۇش قابىلىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئىدىيەسىدىكى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە توغرا چۈشىنىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرى ھەققىدە ئانالىز يۈرگۈزىمەن. ئارقىدىن ئىلھام توختى ۋە ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىنىڭ خەلقئارا سەھنىدە تونۇلۇش ئەھۋالى، ئالغان مۇكاپاتلىرى ھەققىدە توختىلىمەن. ئۇنىڭ كۈرەش يولىنىڭ داۋاملىق تونۇتۇلۇشىنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسى ئۈچۈن مۇھىملىقى ۋە بۇنىڭ يوللىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمەن.

ئاخىرىدا ئىلھام توختىنىڭ خەلقى ئۈچۈن كۈرەش يولىدىكى قورقماس ۋە قايتماس ئىرادىسىنى خەلقىمىزگە تونۇتۇش ۋە ياشلىرىمىز ئارىسىدا ئۇنىڭدەك بىر كۈرەش ئىرادىسىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىمىز ھەققىدە تەجرىبىلىرىمىزنى ۋە پىلانلىرىمىزنى ئورتاقلىشىمەن.

1. ئىلھام توختى – خىتايدا بېشىغا كېلىدىغان خەۋپ - خەتەرلەردىن قورقماي، ئۆز خەلقىنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش ۋە قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنى، ئائىلىسىنى پىدا قىلغان ئەقىل - پاراسەتلىك، پىداكار ۋە جاسارەتلىك ئادالەت ۋە ھوقۇق كۈرەشچىسىدۇر.

ئىلھام توختى بىزنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشقان؛ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىمىزنى يوق قىلىشقا ئىنتىلىدىغانلىقىنى ئەڭ بۇرۇن بايقىغان ۋە بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. ئۇ، خىتاينىڭ بىزنى تۈپ يىلتىزىمىزدىن يوقىتىشتەك ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ھېسابلانغان بەتنىيىتىگە قارشى ئۆزىنىڭ ئەركىنلىك بەدىلىگە كۈرەشكەن جاسارەتلىك ۋە پىداكار قەھرىمانىمىزدۇر.

ئىلھام مۇئەللىم ھازىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق پەللىسىگە يەتكەن زۇلۇمنى ئالدىن كۆرۈپ يەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خىتاي سىياسىيونلىرى ۋە زىيالىيلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز قانۇن ۋە سىياسەتلىرى بويىچە، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشقا تىرىشقان يىراقنى كۆرەر بىر زىيالىيدۇر.

ئىلھام مۇئەللىمنىڭ 2014 - يىل 15 - يانۋار قولغا ئېلىنىپ، شۇ يىلى 23 - سېنتەبىر كۈنى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى، يىللاردىن بېرى خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن مەقسەتلىك ھالدا ئاتالمىش «ئۈچ خىل كۈچ» بىلەن قارىلىنىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ نەزىرىدىن ئۇزاق تۇتۇلغان ھەقلىق دەۋايىمىزنى قايتىدىن دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى.

ئىلھام توختىنىڭ كۈرەش مۇساپىسى ۋە تۇتقان يولى خەلقئارا جامائەتچىلىككە، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسىلىلەرنىڭ دۆلەت مەنبەلىك ئىكەنلىكىنى، يەنى خىتاي ئېيتقاندەك دىنىي ئاشقۇنلۇق ۋە تېررورلۇق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى خىتاي دۆلىتىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەنى

مەقسەت قىلغان يوقتىش سىياسىتى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىسپاتلاپ بەردى. ئىلھام توختىنىڭ ئاقىۋىتى بولسا، خىتاي دۆلىتىنىڭ مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشقا، سۆھبەتكە، دىيالوگقا ۋە مۇرەسسەگە تامامەن قارشى ئىكەنلىكىدەك بىر ھەقىقەتنى قايتا ئىسپاتلاپ بەردى.

2. ئىلھام ئەپەندىم خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئۈچ خىل كۈچ» دېگەن ئويۇنىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دەرۋەقە، ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان خىتاي تەرىپىدىن دۇنياغا ئاتالمىش «تېرروررچى»، «بۆلگۈنچى»، «دىنىي ئاشقۇن» دەپ كۆرسىتىلىۋاتقانلار ئەسلىدە بۇ زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلغۇچىلار ئىدى.

ئۇنداقتا، ئىلھام مۇئەللىم خىتاينىڭ بىزگە ئارتقان «ئۈچ خىل كۈچ» تۆھمىتىنى قانداق ئاغدۇرۇپ تاشلىدى؟

بىزگە «ئۈچ خىل كۈچ» تۆھمىتى ئارتىلغاندىن كېيىن تا 2001 - يىلدىكى «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەرگۈچە، دۇنيا جامائەتچىلىكى خىتاينىڭ بۇ سەپسەتىسىگە ئۇنچە ئېتىبار بەرمىگەن ئىدى. لېكىن، «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. چۈنكى، خىتاي بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ خەلقئارا تېرروررلۇققا قارشى سېپىگە كۆز بوياپ كىرىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بىز ھەم ۋەتىنىمىزدە ھەم خەلقئارا سەھنىدە تېرروررلۇققا باغلىنىپ، ئوبرازىمىز خۇنۈكلەشتۈرۈلۈشكە يۈزلەنگەن ئىدى. يەنى، خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارادىكى تېرروررلۇققا قارشى تۇرۇش دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قارشىلىق - نارازىلىق ھەرىكەتلىرىگە «تېرروررلۇق تامغىسى»نى بېسىپ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۆزىنى بوياپ، خەلقىمىزنى قاتتىق باستۇردى!

ئىلھام توختى دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن مەيدانغا سەكرەپ چىقتى. چۈنكى، بېيجىڭدا خىتاينىڭ نىيىتىنى ئېنىق كۆرۈپ ياشاۋاتقان ۋە خىتاينىڭ ھىيلە - مىكرلىرىنى ياخشى بىلگەن ئىلھام ئەپەندىم، ھەقىقەتنى دۇنياغا بىلدۈرۈش – ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قوغداپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر يولى، دەپ قارىدى. دەرھەقىقەت، تۆھمەتلەرنىڭ يالغانلىقى ئاشكارىلانسا، خىتاينىڭ جىنايىتىمۇ پاش بولاتتى. ئىلھام مۇئەللىم ئۇيغۇرلار ئىزدىگەن ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ دەل بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ئايدىڭلىشىشى بىلەن قولغا كېلىدىغانلىقىنى ئاڭقارغان ئىدى.

ئۇنىڭ «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسى 1995 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى ھەمدە ئۇ 2005 - يىلدىن باشلاپ شۇ ماقالە ئاساسىدا نۇتۇق سۆزلەشكە باشلىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇشقا باشلىدى. گەرچە ئۇ بۇ جەرياندا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تۈرلۈك زىيانكەشلىكلىرىگە ئۇچراپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەسلا ئىرادىسىدىن يانمىدى. ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى خىتاينىڭ قانۇنلىرى دائىرىسىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىغانلىقىنى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاۋاتقانلىقى ئۈچۈن، خىتايلار ئارىسىدىمۇ زور تەسىر قوزغىدى.

ئىلھام توختى 2009 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى

يىغىن زالىدا، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي سىياسەتلىرىنى تەنقىدلەپ، «خىتاينىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئېھتىياجى يوقمۇ؟» تېمىسىدا، 2010 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يولغا قويغان مىللەتلەر سىياسىتى ۋە ئاقىۋىتى» تېمىسىدا لېكسىيە بەردى. بۇ لېكسىيەلەردە، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاپتونوم ھەققىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بېرىلمىگەنلىكى ئىسپاتلاپ چىقىلدى. 2010 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر، خىتاي ۋە چەت ئەللىك 400 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا، «قوش تىل مائارىپى» قالپىقى ئاستىدىكى خىتاي تىللىق مائارىپىغا قارشى «ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ئەندىشىلەر ۋە خىتاي دۆلىتىگە تەلەپلەر» تېمىسىدا لېكسىيە بەردى. شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى چەكلەيدىغان سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى پاش قىلىش مەقسىتىدە «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىك ھوقۇقى تارتىۋېلىندى، بۇ ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىشتۇر» تېمىسىدا، رەسمىلىك دەلىللىرى بىلەن بىرگە بىر ماقالە ھازىرلاپ «ئۇيغۇربىز» تورىدا خىتايچە ئېلان قىلدى. 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىن كېيىن، ساقچى ۋە ئەسكەرلەر تەرىپىدىن سوئال - سوراقسىز تۇتۇپ كېتىلگەن ياشلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ تىزىملىكىنى ھازىرلىدى. «5 - ئىيۇل ۋەقەسى ۋە يوقاپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەۋسىيەلىرىم» تېمىسىدا بىر مەكتۇپنى خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىغا، خىتاي باش مىنىستىرلىقىغا سۇندى ۋە «ئۇيغۇربىز» تور بېتىدە ئېلان قىلدى.

3. يۈكسەك دەرىجىدىكى نازارەت ۋە چەكلىمىلەر ئاستىدىمۇ ئەڭ ئاز ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ تەتقىقاتلىرىنى داۋام قىلغان ئىلھام توختى، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ئىلمىي تەكشۈرۈپ، سەۋەبىنى ئانالىز قىلىپ، دۆلەت سىياسىتىدىكى كەمچىلىكلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ۋە بۇنىڭ تەدبىرلىرى ھەققىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە تەۋسىيەلەر سۇنۇشقا باشلىدى.

2011 - يىلى «بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى (شەرقىي تۈركىستاندىكى) مىللىي مەسىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ھەل قىلىش تەكلىپلىرى» ماۋزۇلۇق دوكلات تەييارلاپ، 2013 - يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا سۇندى. ئۇنىڭ بۇ دوكلاتىدا ئاساسلىق تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى:

1) ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشسىزلىق مەسىلىسى: ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىش مەسىلىسى ۋە يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) قوش تىللىق مائارىپ مەسىلىسى: ئاتالمىش قوش تىل مائارىپى، ئەمەلىيەتتە تاق تىل، يەنى خىتاي تىلى مائارىپى سۈپىتىدە يولغا قويۇلماقتا.

3) دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىسى: يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قاتتىق قول دىنىي چەكلىمىلىرى جەمئىيەتتە ئىنتايىن زور نارازىلىقنى پەيدا قىلىدۇ.

4) مىللىي زىددىيەت ۋە مىللىي ئايرىمچىلىق مەسىلىلىرى: ئۇيغۇر رايونىدا خىتاي شەھەرلىرى قۇرۇش پىلانلىرى، ھۆكۈمەت ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا خىزمەتچىلەرنىڭ مىللىي نىسبىتىنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىقى... قاتارلىق ئەھۋاللار زىددىيەتنى يوغىنىتىۋېتىدۇ.

5) ئۇيغۇر كادىرلارغا ۋە زىيالىيلارغا ئىشەنمەسلىك مەسىلىسى: رايوندىكى سىياسەت

بېكىتكۈچىلەر ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالماسلىق، ئۇيغۇر زىيالىيلارغا ئىشەنمەسلىك ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇيغۇرلارسىز قارار چىقىرىش قاتارلىق ئەھۋاللار ۋە جەمئىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قاتتىق زۇلۇم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى كوللېكتىپ سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇرلىدى.

6) ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مەسىلىسى: بىڭتۇەن – خىتايلاردىن شەكىللەنگەن، ئالاھىدە ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا ئىگە، يېپىق باشقۇرۇلىدىغان بىر تەشكىللىك ئورگان.

7) ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ئىقتىدارى ۋە ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش مەسىلىسى: ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرى ھەر قاتلامدا دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالدى، باشقۇرغۇچىلارنىڭ رايوندا دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى يوق.

8) خىتاي مىللەتچىلىكى مەسىلىسى: «بۆلگۈنچىلىككە قارشى» تۇرۇش شوئارى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولغاچقا، خىتاي شوۋىنىزمى «دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش» ۋە «مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش» قالپىقى ئاستىدا تېخىمۇ يامراشقا باشلىدى.

9) مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە ۋە دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشىغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى: مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئىجرا قىلىنمىدى. قانۇن قۇرۇق ۋەدە سۈپىتىدە قەغەز يۈزىدە قالدى. ئاپتونومىيە يا مەدەنىيەتتە ياكى ئىقتىسادىي نۇقتىدا ھېچ ئەمەلگە ئاشمىدى.

بىلگىنىمىزدەك، ئىلھام ئەپەندىمنىڭ بۇ توغرۇلۇق تەلەپلىرى خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن «دۆلەتنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇش» جىنايىتى دەپ بېكىتىلىپ، ئۇ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

ئۇيغۇرلار خەلقئارا تېررورلۇققا باغلىنىپ ئازاب چېكىۋاتقان، خەلقىمىز دۇنيادا ئاۋازسىز قالغان بىر پەيتتە ئىلھام توختىدەك بىر ئەزىمەتنىڭ پەيدا بولۇشى، مەسىلىنىڭ تېررورلۇق بىلەن ھېچ قانداق ئالاقىسى بولمىغان، ئەكسىچە خىتاينىڭ مۇستەملىكە سىياسىتىگە قارشى چىققان بىر مىللەتنىڭ مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. يەنى دۇنيا جامائەتچىلىكى، ئىلھام مۇئەللىمنىڭ ئەركىنلىك بەدىلىگە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدا ھەقلىق كۈرەش قىلىۋاتقان بىر خەلق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلىدى.

4. ئىلھام توختى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارغا قارشى ئادالەتسىز سىياسەتلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن باشقا، خىتاي ساقچى ۋە جاسۇسلىرىنىڭ تەھدىتلىرىگە قارىماي، نۇرغۇن خەلقئارالىق نوپۇزلۇق ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنىڭ مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار ئارقىلىق ئىلھام مۇئەللىم دۇنيا جامائەتچىلىكىگە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى زۇلۇم سىياسەتلىرىنى پاش قىلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقلىق تەلەپلىرىنى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئادالەتسىزلىك ھەققىدىكى ئوي - پىكىر ۋە تەۋسىيەلىرىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىلھام توختى 2009 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى مۇخبىرىنىڭ «دۇنيادا يوقسۇللۇق ۋە ئىشسىزلىق نىسبىتى ئەڭ ئېغىر بولغان خەلق ئۇيغۇرلاردۇر» دېگەن تېمىدىكى زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. بۇ زىيارەتتە ئىلھام توختى، خىتاينىڭ مەملىكەت كۆلەملىك

ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئاساسىي نىشان قىلغان بىر دەۋردە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى نامرات قالدۇرۇش سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى پاش قىلدى. 2010 - يىلى 5 - ئىيۇل، ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ بىر يىللىق خاتىرە كۈنىدە، فرانسىيە رادىيوسى مۇخبىرىنىڭ «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ۋەقەلەر ئۇيغۇرلارغا قارشى ئادالەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققان» تېمىسىدىكى زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ 2013 - يىلى خاتىرە كۈنىدە يەنە فرانسىيە رادىيوسى مۇخبىرى بىلەن «باستۇرۇش ۋە زۇلۇم داۋام قىلسا، ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرى كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىي ھەرىكەتكە ئۆزگىرىدۇ» تېمىسىدا سۆھبەت ئېلىپ باردى. بۇ سۆھبەتلەر ئارقىلىق ئۈرۈمچى قەتلىئامىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئادالەتسىز سىياسەتلىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

ئىلھام ئەپەندىم 2013 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئامېرىكا ئاۋازى رادىيوسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى قايتۇرۇپ بېرىلمەيدىكەن ۋە بىزگە قارىتىلغان بۇ يوقىتىش سىياسىتى داۋاملىشىدىكەن، كەلگۈسىدە خىتاي ھاكىمىيىتى بۈگۈنكىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىخقا، بۈيۈك مەدەنىيەتكە ۋە كۈچلۈك ئېتىقادقا ئىگە بىر مىللەت. ئەگەر ئۇلارنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلىنمايدىكەن، ئۇلار ئۆز قىممەت قاراشلىرىنى قوغداش ئۈچۈن تارىختىكى ئەڭ مۇستەھكەم بىرلىكنى شەكىللەندۈرۈشى، شۇنداقلا ناھايىتى زور كۈچ بولۇپ، خىتاي ھاكىمىيىتىگە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قارشىلىقلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا خىتاي ھاكىمىيىتى بۇنداق قارشىلىقلارنى يەنە ئاتالمىش تېررورلۇق بىلەن باغلىيالامدۇ؟»

خۇلاسە، ئىلھام ئەپەندىم خىتاينىڭ قۇرغان سىياسىي تۇزاقلىرىنى بىتچىت قىلىپ، خەلقئارا تېررورىزمغا باغلىنىپ يېتىم قالدۇرۇلغان خەلقىمىزگە بىر ئۈمىد مەشئىلىنى ياقتى: بۇ مەشئەل خىتاينىڭ ئەسلىي ئەپتى - بەشىرىسىنى دۇنياغا پاش قىلىپ، بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىنى جاھان ئەھلىگە ئاڭلىتىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

ئىلھام ئەپەندىم ئۆزى ياشىغان دەۋر ۋە شارائىتقا نىسبەتەن، ھەممىدىن بۇرۇن خەلقىمىزنىڭ، خىتاي قانۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز خاسلىقلىرىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەكلىكىنى ئالغا سۈرۈپ، «ئۆتكۈنچى بىر چارە» تېپىشقا تىرىشقان. ئۇنىڭ بۇ يولى ۋە قىلغان تەلەپلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەرگىز ئاخىرقى نىشان ئەمەس ئىدى!

5. مېنىڭچە، ئىلھام مۇئەللىمنىڭ مىللىي دەۋايىمىزدىكى رولى ناھايىتى مۇھىم. بۇ، قەلەمكەشلىرىمىز تەرىپىدىن چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىشى ۋە كەلگۈسى ياش ئەۋلادلىرىمىزغا يەتكۈزۈلۈشى كېرەك!

ئۇنىڭ بۇ كۈرەش يولىنى ۋە يانماس ئىرادىسىنى خەلقئارا جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلىپ، تەقدىرلىمەكتە! ئىلھام توختى ھازىرغىچە «ساخاروف پىكىر ئەركىنلىكى مۇكاپاتى»، «ۋاكلاۋ ھاۋەل كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى» قاتارلىق ئوندىن كۆپ خەلقئارالىق مۇكاپاتقا نائىل بولدى. ئىلھام مۇئەللىم ئۆتكەن يەتتە يىلدىن بېرى خەلقئارادا سىياسەت ۋە كىشىلىك ھوقۇق

جەھەتتە ئەڭ نوپۇزلۇق مۇكاپات ھېسابلىنىدىغان «نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى»غا نامزاتلىققا كۆرسىتىلىپ كەلمەكتە. بۇ يىلمۇ دۇنيا بويىچە ئوتتۇزدىن كۆپ دۆلەتتىن 200 نەپەردىن كۆپ مىنىستىر، پارلامېنت ئەزاسى، پىروفېسسور ۋە تەتقىقاتچى، 2024 - يىللىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى ئۈچۈن ئىلھام توختىنى نامزات كۆرسىتىش پائالىيىتىمىزنى قوللىدى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋاز بەردى.

ئىلھام مۇئەللىمنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ۋە ئۇنى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش – مىللىي دەۋايىمىز نۇقتىسىدىن پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

مۆھتەرەم يۇرتداشلار، ئىلھام مۇئەللىمنىڭ مۇددەتسىز جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزۈم بىللە قۇرغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىكى ۋەزىپەمدىن ئىستېپا بېرىپ، 2016 - يىلى گېرمانىيەدە ئىلھام توختىنى قوللاش (Ilham Tohti Initiative) ھەرىكىتىنى باشلىدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستى، جاسارىتى، پىداكارلىقى ۋە ئېگىلمەس ئىرادىسى ماڭا ئىلھام بولدى ۋە كۈچ بەردى. ئۇنىڭ يولىنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئىستىقبالىنى يورۇتىدىغانلىقىغا ئىشەندىم!

ئۆتكەن يەتتە يىلدىن بۇيان، ئىلھام ئەپەندىمنى خەلقئارا سەھنىلەردە تونۇتۇش ۋە ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مۇكاپاتلارغا ئېرىشىشىگە ئازدۇر - كۆپتۇر ھەسسە قوشتۇم ۋە بۇ ئارقىلىق ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي دەۋايىمىزغا تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتىمەن، دەپ ئويلايمەن.

ئىلھام مۇئەللىمنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ۋە خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىش مەقسىتى بىلەن، «ئىلھام توختى ئىنستىتۇتى»نى قۇرغان بولساقمۇ، لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات تۈرلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدۇق.

مەن ۋەتەندىن تېخى بالا چېغىمدا چىققان ۋە ئەللىك يىلدىن بېرى ياۋروپادا ياشاۋاتىمەن. ئىلھام ئەپەندىم توغرۇلۇق ئوقۇغانلىرىم ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى ئاساس قىلىپ، ئۆتكەن يەتتە يىلدىن بۇيان، ئۇنى مىللىي دەۋايىمىزغا پايدىلىق تەرەپلىرى بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇش ئۈچۈن چامىمنىڭ يېتىشىچە ھەرىكەت قىلىۋاتىمەن.

ئەلۋەتتە، بۇ جەرياندا خاتالىق ئۆتكۈزگەن ۋە كەمچىلىكلىرىم كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بىر ئىلمىي يىغىندا لېكسىيە ئوقۇش سالاھىيىتىممۇ يوق. شۇنداقتىمۇ، ماڭا بۇ يىغىنغا قاتنىشىپ پىكىر ۋە تەجرىبىلىرىمنى سىلەر بىلەن ئورتاقلىشىشقا ئىمكان يارىتىپ بەرگىنى ئۈچۈن ئەركىن سىدىق ئەپەندىگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] 伊力哈木•托和提（1995），《维吾尔族社会经济发展研究》，《中央民族大学学报》，第一期，26 - 31页。

[2] Göktürk H. ed. (2015) Yolum ve Gayem / Uygur Türkleri ve Çin Meselesi, İstanbul: Şira Yayınları.

[3] 伊力哈木•托和提（2011），《当前新疆民族问题的现状及建议》，《维吾尔在线》.

[4] 东方 （2013），维族学者受死亡威胁 立遗嘱生死无关汉人 - 视频专访伊力哈木，《美国之音》，11月7日


## مۇئەللىپنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى:

ئەنۋەر جان 1949 - يىلى 27 - ئاپرېلدا غۇلجىدا تۇغۇلغان. ئۇ زىيالىي بىر ئائىلىنىڭ تۇنجى بالىسى بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى غۇلجا تاتار مەكتىپىدە (1956 – 1960) ئوقۇغان. 1960 - يىلى غۇلجىدىكى ئىبنى سىنا تېببىي ئىنستىتۇتىدا يېڭى ئېچىلغان تەييارلىق سىنىپىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1961 - يىلى مۇھاجىر بولۇپ ئافغانىستانغا، 1967 - يىلى تۈركىيەگە كەلگەن. 1973 - يىلىدىن بۇيان گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە ياشاۋاتىدۇ.

1975 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە ئازادلىق رادىيو ئىستانسىسىدا مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن، 1987 - يىلى ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تارىخ، سىياسەت ۋە ژۇرنالىستلىق كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان.

ئەنۋەر جان بۇرۇنقى شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ قۇرغۇچى رەئىسى ۋە 2004 - يىلى ميۇنخېندا قۇرۇلغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي ئىككى قۇرغۇچىسىدىن بىرى بولۇپ، 2016 - يىلى ئىلھام توختىنى قوللاش ھەرىكىتىنى قۇرۇپ، ئىلھام توختى ۋە ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى تونۇتۇش يولىدا تىرىشىۋاتىدۇ.

(ئەسكەرتىش: بۇ ماقالىنى تەييارلاشتا ماڭا ياردەم بەرگەن ۋە تەھرىرلىگەن سىڭلىم ئاسىيە ئۇيغۇر خانىمغا ۋە ئىنىم تۇردى قارا ئەپەندىگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.)

*بۇ ماقالىنى ئابدۇرېشىت نىياز تەھرىرلىدى.*

29

# نۆۋەتتىكى ئىس - تۈتەكسىز ئۇرۇش: ئۆزەك ئۇرۇشى

– كىرىس مىللېرنىڭ «ئۆزەك ئۇرۇشى: دۇنيادىكى ئەڭ ھالقىلىق تېخنىكا ئۈچۈن كۈرەش»نى ئوقۇغاندىن كېيىن


ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرېشىت
(شۋېيتسارىيە بېرن ئۆلكىسى شتۇدېن شەھىرى



**قىسقىچە مەزمۇنى:**

كىرىس مىللېر يازغان «ئۆزەك ئۇرۇشى: دۇنيادىكى ئەڭ ھالقىلىق تېخنىكا ئۈچۈن كۈرەش» بولسا مىكرو ئۆزەك تېخنىكىسىنى كونترول قىلىش جېڭىنىڭ تارىخىي خاتىرىسى بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابتا مىكرو ئۆزەكنىڭ زامانىۋى دۇنيا تايىنىدىغان كەم تېپىلىدىغان بايلىق سۈپىتىدە مۇھىملىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

مىللېرنىڭ قارىشىچە، توپلاشتۇرۇلغان توك يولى ياكى كىرېمنىي ئۆزىكىدىن ئىبارەت بۇ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ۋە زامانىۋى ھەربىي كۈچىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كىرېمنىي ئۆزىكىنىڭ كىچىكلىتىلگەنلىكى ۋە ياسىلىشى ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ھەرقانداق بىر ئىنژېنېرلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تېخنىكىلىق بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ.

كىتابتا ئۆتكەن نەچچە ئون يىلدا ئاسىيانىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ ھېكايىسى ۋە ياپونىيە، سىنگاپور ۋە تەيۋەن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ باشقا مۇھىم كۈچلەر بىلەن بىللە ئۆزەك تەمىنلەش زەنجىرى ئىچىدە ئۆز ئورنىنى قانداق بەرپا

قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. خىتاي - ئامېرىكىنىڭ ھالقىلىق تېخنىكا ساھەسىدىكى رىقابىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇھىم مۇنازىرە تېمىسىغا ئايلاندى. بېيجىڭ ۋە ۋاشىنگتوندىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر يېرىم ئۆتكۈزگۈچنى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتتە ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايدۇ. خىتايغا نىسبەتەن، بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئاجىزلىق مەسىلىسى، چۈنكى خىتاي بۇگۈنكى كۈندە تەيۋەن، ياپونىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق جۇغراپىيەلىك سىياسىي رىقابەتچىلەردىن ئۆزەك ئىمپورت قىلىشقا زور دەرىجىدە تايىنىدۇ؛ ۋاشىنگتونغا نىسبەتەن بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاينىڭ ئۆزەك ياساشتىكى ئىلگىرىلىشى ئامېرىكىنىڭ ئۇزۇن يىلدىن بېرى ئۇستۇنلۇكتە تۇرۇۋاتقان ھەربىي كۈچىگە تەھدىت دەپ قارالماقتا. «ئۆزەك ئۇرۇشى»نىڭ ئاپتورى، دوكتور كرىس مىللېرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئامېرىكا ئىلگىرى مىكرو ئۆزەك تەرەققىياتىنى كونترول قىلغان، ئەمما ھازىر، خىتاي ئۆزەك ياساش تۇرلىرىگە ملىياردلاپ دوللار مەبلەغ سېلىپ، بۇ پەرقنى كىچىكلىتىپ دۇنيانىڭ جۇغراپىيەلىك سىياسىي كەلگۈسىنى بەلگىلەيدىغان كۈچ رىقابىتى پەيدا قىلىش تەھدىتىنى ئېلىپ كەلمەكتە.




1 - رەسىم: كىتابنىڭ مۇقاۋىسى

## ئۆزەكنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى

يېقىندا، مەن كرىس مىللېرنىڭ «ئۆزەك ئۇرۇشى: دۇنيادىكى ئەڭ ھالقىلىق تېخنىكا ئۈچۈن كۈرەش» دېگەن كىتابىنى ئوقۇپ بولدۇم. 2022 - يىلى نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىپ زامانىۋى مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ھەل قىلغۇچ نۇقتىسىغا ئايلانغانلىقىدەك مۇرەككەپ ھېكايىنى ئۇستىلىق بىلەن بايان قىلغان. ئەگەر سىز بۇ ماقالىنى كومپيۇتېر ياكى يانفونىڭىزدا كۆرۈۋاتقان بولسىڭىز بىرئاز توختاپ، نەزىرىڭىزنى بۇ ئېكراندىن ئۇنى كۆرسىتىشنى تېخنىكا بىلەن تەمىنلەۋاتقان ئۇسكۇنىگە يۆتكەڭ. ئۇنىڭ سىپتا سىرتقى كۆرۈنۈشىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئۆزەكلەر، كۆپ خىل ۋە مۇرەككەپ بولۇپ،

كومپيۇتېرىڭىزنىڭ ياكى يانفونىڭىزنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن ئىقتىدارلىرىنى كەم - كوتىسىز ئىجرا قىلالايدۇ. بىز ئىشلىتىۋاتقان ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، مەسىلەن توڭلاتقۇ، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق، كومپيۇتېر ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفونغىچە يېرىم ئۆتكۈزگۈچتە ئىجرا بولىدۇ. بۈگۈن ئىشلەپچىقىرىلغان بارلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفونغا ئىشلىتىلىدۇ. ئوخشاشلا، دۆلەت ئاخبارات سىستېمىسى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا دېگەندەك ساھەلەرمۇ يېرىم ئۆتكۈزگۈچكە باغلىق.

ئۆزەك تېخنىكىسى يېڭى تېخنىكا بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىنىشى ناھايىتى ئاددىي. 1940 - يىللاردا، بۇ ساھە تېخى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن توك يولى دەپ ئاتالغان كومپيۇتېر توك يولىنى پۈتۈن ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۇ ئىرناقتىنمۇ كىچىك بىر مىكرو ئۆزەك بولسا جەك كىلبى[1] ۋە روبېرت نويس[2] لارنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئوتتۇرىغا قويغان يېتەكچى ئىدىيەسى بىلەن ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، بۇ يېڭىلىق تارىختىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك ھېسابلىنىپ، زامانىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان يادروسىغا ئايلاندى.

كىلبىنىڭ ئۆزەكنى قانداق ئىجاد قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ: ئۇنىڭ «تېكساس ئەسۋابلىرى» (Texas Instruments)[3] شىركىتىگە يېڭى كىرگەن ۋاقتى شىركەتنىڭ 7 - ئايدىكى دەم ئېلىش مەزگىلىگە توغرا كەلگەن ۋە ئۇ مەزگىلدە خىزمەتداشلىرى تەتىل قىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ دەم ئالماي، تەجرىبىخانىدا بىر نەچچە ھەپتە يالغۇز قالىدۇ. كىلبى ترانزىستور سىملىرىنى قانداق تەرتىپكە سېلىش ھەققىدە ئويلىنىدۇ. ئۇ ئاخىرى نېمىنى تېپىپ چىقتى؟ ئۇ توپلاشتۇرۇلغان توك يولى ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم يېرىم ئۆتكۈزگۈچ پارچىلىرىنى ئىشلەتمەي، كۆپ زاپچاسلارنى ئوخشاش بىر يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىيالغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنداق قىلىپ، ئورتاق ھالدا «ئۆزەك» دەپ ئاتالغان توپلاشتۇرۇلغان توك يولى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، بەزىدە ئاددىي بىر ئۇقۇممۇ بۆسۈش خاراكتېرىدىكى نەتىجىلەرنىڭ ئاساسى بولالايدۇ.

بۇ ئۆزەك ئارقىلىق ھېسابلاش كۈچىنى باشقا ئۇسۇللارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. ئۆزەك كەسپىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، 1950 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 1960 - يىللارنىڭ بېشىدا، فايىرچايلد[4] (Fairchild) ۋە تېكساس ئەسۋابلىرى شىركەتلىرى بەش بۇرجەكلىك بىنا ۋە دۆلەتلىك ئاۋىياتسىيە ۋە ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى (NASA) ئۈچۈن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقارغان. بۇرۇنقى ترانزىستور ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ نىشانغا تېگىش ئېنىقلىق دەرىجىسى بەكلا تۆۋەن بولغان بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلاد ئۆزەك ئارقىلىق كونترول قىلىنغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار كېيىنكى ئۇرۇشلاردا، مەسىلەن، 1991 - يىلدىكى قولتۇق ئۇرۇشىدا ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىدە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان. مىللېر يەنە ئامېرىكىنىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشىدىكى بىر ئامىل ئىكەنلىكىنى

[1] https://en.wikipedia.org/wiki/Jack_Kilby
[2] https://en.wikipedia.org/wiki/Robert_Noyce
[3] https://en.wikipedia.org/wiki/Texas_Instruments
[4] https://en.wikipedia.org/wiki/Fairchild_Semiconductor

تەكىتلەيدۇ، چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلدى. نۇرغۇن كىشىلەر كىرېمنىي جىلغىسى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىبۇرۇن زېلېنوگراد شەھىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار كومپيۇتېرلارنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان جاي بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئامېرىكا ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ ئىجادكار تالانتىنى نامايان قىلىشقا يول قويغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنى بوغدى. سوۋېت بيۇروكراتلىقى ئامېرىكىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئىلگىرىلىشىگە ھەۋەس قىلىپ، ئامال بار ئامېرىكىنى كۆچۈرۈشنى ياخشى دەپ قارىدى. بەختكە قارشى، «ئۇنى كۆچۈرۈش» ئىستراتېگىيەسىدە كەمتۈكلۈك بار ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يادرو قورالى ياساشتا كۆچۈرۈش ئۇسۇلى ئىشلىگەن بىلەن، ئوخشاش ئۇسۇل ئۆزەك تېخنىكىسىنى ئوغرىلاشتا ئۇنىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان بىلىم يېتەرلىك بولمىغاچقا ئىشلىمىدى.

كىرىس مىللېر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزەكنىڭ رېتسېپى ئادەتتىن تاشقىرى مۇرەككەپ ئىدى. ئۆزەك ياساش جەريانىنىڭ ھەر بىر قەدىمى ئالاھىدە بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ بىلىملەر شىركەت سىرتىدا ناھايىتى ئاز ھەمبەھىرلىنەتتى. بۇ خىل بىلىملەر كۆپىنچە قەغەز يۈزىگە يېزىلمىغان بولاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرى سودىدىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەردىن ئىدى، ئەمما يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ھەتتا ئەڭ ئىقتىدارلىق ۋاكالەتچى ئوغرىلىيالايدىغانغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ تەپسىلات ۋە بىلىم تەلەپ قىلاتتى.»

بۈگۈنكى كۈندىمۇ، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ھەربىي سانائەتتە مۇھىم ئورۇندا تۇرماقتا. ئۇنىڭ كەمچىل بولۇشى رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنا بىلەن بولغان ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا.

دەسلەپكى ئۆزەكلەرنىڭ تەننەرخى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئاساسلىق خېرىدار ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ھەربىي سانائىتى بولغان، كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەننەرخى تۆۋەنلەپ پەيدىنپەي كومپيۇتېر، ھېسابلىغۇچ، سىنلىق ئويۇن ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفون قاتارلىق ساھەلەردە ئىستېمال بازىرىغا كىردى. بۈگۈنكى كۈندە ئالما شىركىتى يېرىم ئۆتكۈزگۈچنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە قارىغاندا كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ. گەرچە ھازىر سودا ساھەسىدە ئىشلىتىلىشى ئۆزەك كەسپىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەتلەر تەتقىق قىلىپ ئېچىشتا يەنىلا ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. كىرېمنىي جىلغىسىنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتىنى، پارلاق ئىلىم - پەن ۋە ئىگىلىك تىكلەشكە ئوخشاش تەرەققىياتلىرىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

## ئاسىيانىڭ كۆتۈرۈلۈشى

كېيىنچە، ئامېرىكا دىققىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ نەتىجىلىك بولغان بۇ تېخنىكىغا ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق نەتىجىنى مۇستەھكەملەشكە قاراتتى ۋە بۇ ئىشنى ئىتتىپاقدىشى ياپونىيەدىن باشلىدى. ئاكىئو مورىتانىڭ سوني شىركىتى ئامېرىكىنىڭ بۇ تېخنىكىنى ئىتتىپاقداشلىرىغا كېڭەيتىش سىياسىتىدىن نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشتى. ئەمەلىيەتتە، «سوني» (Sony) دېگەن سۆز لاتىنچە «sonus»، يەنى ئاۋاز دېگەن سۆزنىڭ ئامېرىكىدىكى «sonny» دېگەن ئامما بالاشتۇرۇلغان نامىدىن كەلگەن. دېمەك، ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكىنىڭ

ياپونىيەنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكا سانائىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى مانا مۇشۇنداق چوڭ ئىدى. بۇنىڭ ئەڭ چوڭ تەسىرى شۇ بولدىكى، ئامېرىكا شىركەتلىرى تىجارى قىممىتى يوق دەپ قارىغان بەزى مەھسۇلاتلارنى ياپونىيە شىركەتلىرى تىجارى كۆچكە ئىگە قىلىشتى. ئۇنىڭ مىسالىنىڭ بىرى، ئامېرىكا شىركەتلىرى ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان قولدا ھېسابلىغۇچنىڭ سودا قىممىتى يوق دەپ ئويلاپ، ئۇنى بازارغا سالمايدۇ، ئەمما سوني بولسا ئۇ مەھسۇلاتنى بازار تاپقۇزۇۋەتتى.

بۇ خىل تەرەققىيات يالغۇز ياپونىيەدىلا ئەمەس بولۇپ، ئاسىيادىكى باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرمۇ بۇ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئەگىشىپ ماڭدى. تەقدىرنىڭ چاقچىقىنىڭ بىرى شۇكى، ئامېرىكا تېخىمۇ كۆپ ئىتتىپاقداشلارنى ئىزدەۋاتقاندا، ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر كوممۇنىستلار بىلەن ھېچ ئىش قىلىشنى خالىماي، ئامېرىكىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىزدىدى. تەيۋەن بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى ھېسابلىنىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى تەيۋەن ئىقتىسادى ئۇچۇن ياخشى ئون يىل بولدى، ئەمما تاشقى سىياسىتى ئۇچۇن ئاپەت بولدى. ئارالنىڭ دىكتاتورى جياڭ كەيشى يەنىلا چوڭ قۇرۇقلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما ھەربىي تەڭپۇڭلۇق ئۇنىڭغا قارشى كەسكىن ئۆزگەردى. 1964 - يىلى، بېيجىڭ تۇنجى ئاتوم قورالىنى سىناق قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋودورود بومبىسى قورال سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ خىل ئەھۋالدا، تەيۋەننىڭ ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىك كاپالىتىگە تايىنىشى ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك كۈچلۈك بولدى. بۇ ئىتتىپاق دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم تېخنىكا زاۋۇتى بولغان تەيۋەن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى (TSMC)[5] نىڭ قۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولدى.

تەيۋەن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى توختام ئىشلەپچىقارغۇچىسى بولۇپ قالدى، ھەمدە دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ 90% تىن كۆپرەكىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. مەسىلەن، تەيۋەن دۇنياغا ھەر يىلى قوشۇۋاتقان يېڭى ھېسابلاش كۈچىنىڭ ئۈچتىن بىرى شۇ زاۋۇتتىن چىقىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭسىز سىزنىڭ ئايفونىڭىز مەۋجۇت بولماسلىقى مۇمكىن.

ئامېرىكىنىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىشنى TSMC غا «سىرتقا ھۆددىگە بېرىشى» ھەرگىزمۇ تۆۋەن ماھارەتلىك خىزمەتلەرنى ھۆددىگە بېرىش ئەمەس ئىدى. ئۇ ھېچكىم قىلالمايدىغان خىزمەت تۈرى بولۇپ، ئۇلاردىكى تېخنىكا ئىقتىدارىنى نۆۋەتتە ئەڭ ئىلغار تېخنىكا دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يېرىم ئۆتكۈزگۈچ تەمىنلەش زەنجىرىدىكى يەنە بىر ئاچقۇچ بولسا، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇرەككەپلىكى. 1965 - يىلى ۋە 1975 - يىللىرى فەئىرچايلد ۋە ئىنتېل شىركەتلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بولغان گوردون مور[6] (Gordon Moore) بىر ئۆزەككە سىغدۇرغىلى بولىدىغان ترانزىستورنىڭ سانىنىڭ ھەر 2 يىلدا بىر ھەسسىلىنىپ ماڭىدىغانلىقىنىڭ پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ بىز كۆپ ئاڭلايدىغان «مور قانۇنى»[7] (Moore’s Law) دىن ئىبارەتتۇر. دەرۋەقە، 60 يىلنىڭ ئالدىدا بىر ئۆزەككە 4 ترانزىستور سىغقان بولسا، ھازىر بىر ئۆزەككە 200 مىلياردتىن ئوشۇق ترانزىستور سىغىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ترانزىستورلارنىڭ

[5] https://en.wikipedia.org/wiki/TSMC
[6] https://en.wikipedia.org/wiki/Gordon_Moore
[7] https://en.wikipedia.org/wiki/Moore%27s_law

چوڭ - كىچىكلىكىمۇ ئۆزلۈكسىز كىچىكلەپ، 1960 - يىللاردىكى مىكرومېتىر (مېتىردىن مىليون ھەسسە كىچىك) دىن ھازىر نانومېتىر (مىكرومېتىردىن مىڭ ھەسسە كىچىك، يەنى مېتىردىن مىليارد ھەسسە كىچىك) دائىرىسىدە كىچىكلىدى[8] . بۇنداق كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ترانزىستورلارنى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ تاختىغا بېسىش ئۈچۈن ئالاھىدە تېخنىكىغا موھتاج بولىدۇ. بۇ تېخنىكا «ئىلغار يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللىرى لىتوگرافىيەسى»[9] (ASML) دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تېخنىكىنىڭ مونوپولىيەسى گوللاندىيەدىكى ئوخشاش نامدىكى شىركەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ.

ئۆزەك ياساشتىكى مۇھىم ماتېرىياللار گەرچە ئامېرىكا قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەردىن كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنى ياساشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۆزەكنىڭ تۇڭ يولىرىنى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللارغا بېسىش ماشىنىسىنى ASML شىركىتى كونترول قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇچ ئامېرىكا شىركىتى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ لايىھەلەش يۇمشاق دېتالى ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئۆزەك تېخنىكىسى يەر شارى خاراكتېرلىك ھەمكارلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئامېرىكىنىڭ ئۆزەك تېخنىكىسىنى كېڭەيتكەن يەنە بىر ئىتتىپاقدىشى بولسا سىنگاپوردۇر. 1973 - يىلى «تېكساس ئەسۋابلىرى» ۋە دۆلەتلىك يېرىم ئۆتكۈزگۈچ[10] (National Semiconductor) قاتارلىق ئامېرىكا شىركەتلىرى ئۇ يەردە قۇراشتۇرۇش زاۋۇتلىرىنى قۇردى. باشقا نۇرغۇن ئۆزەك ئىشلەپچىقارغۇچىلارمۇ ئۇ ئىزنى ئەگەشتى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئامېرىكا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ شىركەتلىرى سىنگاپورنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەردە ئونمىڭلىغان ئىشچىلارنى ئىشلەتتى. كورېيەدىن تەيۋەن، مالايسىيادىن سىنگاپور ۋە خوڭكوڭغىچە، كوممۇنىزمغا قارشى بۇ ھۆكۈمەتلەر ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، ئۇلار ناھايىتى باي بولدى ۋە ئاسىيادىكى «4 چوڭ يولۋاس»قا ئايلاندى.

## خىتاي - ئامېرىكا مۇناسىۋىتى

كىتابنىڭ ئاخىرقى بۆلىكى كىتابتىن كۆتۈلگىنىدەك خىتايغا بېغىشلانغان. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى تەرەققىي تاپمىغان بىر دۆلەتنىڭ قانداق قىلىپ، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ساھەسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى مۇھىم كۈچىگە ئايلىنىش جەريانى ھەققىدە توختالغان.

خىتاي، ماۋ زېدوڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، تەرەققىي قىلىپ ھازىر ئامېرىكا بىلەن پۇت تىرەپ تۇرماقتا. خىتاي ھەر زامان ئۆزىگە تەۋە دەپ قاراپ كېلىۋاتقان كىچىك تەيۋەن دۆلىتى، ئەگەر خىتاي ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلسا، ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشىدىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئۆزىنى چەت ئەلنىڭ ئارىلىشىشىدىن قوغداش ئۈچۈن، ھازىرقى خىتاي پىرىزىدېنتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 - ، 80 - يىللىرىدىكى سىياسىتىنى كەينىگە ياندۇرماقتا.

خىتاي 2000 - ۋە 2010 - يىللىرىدا يېرىم ئۆتكۈزگۈچنى ئىمپورت قىلىشقا نېفىت ئىمپورت قىلىشقا قارىغاندا كۆپ پۇل خەجلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ جىق ئىشقا يارىمىدى.

[8] https://en.wikipedia.org/wiki/Transistor_count
[9] https://en.wikipedia.org/wiki/ASML_Holding
[10] https://en.wikipedia.org/wiki/National_Semiconductor

يۇقىرى قۇۋۋەتلىك ئۆزەكلەر خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم تايانچ كۈچ ئىدى. نېفىتكە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئۆزەك بىلەن تەمىنلەش ئامېرىكا، كورېيە ۋە ياپونىيەگە ئوخشاش خىتاينىڭ جۇغراپىيەلىك سىياسىي رەقىبلىرى تەرىپىدىن مونوپول قىلىنغان ئىدى. 2015 - 2017 - يىللىرى ئەتراپىدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاي پەن - تېخنىكا شىركەتلىرى بولغان جوڭشىڭ ۋە خۇاۋېيغا جازا يۈرگۈزگەندە، خىتاينىڭ ئاز ساندىكى دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىنغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچكە 100% تايىنىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئامېرىكا ئىشلەپچىقارغان تېخنىكىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى ئاشكارا بولدى. مىللىيېرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكا / خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەلىك رىقابىتىدە خىتاينىڭ ئىمپورت قىلىنغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچكە نەقەدەر تايىنىدىغانلىقى بارغانچە روشەنلەشمەكتە. دەرۋەقە، ئىلغار يېرىم ئۆتكۈزگۈچ بولمىسا، خىتاينىڭ غەرب بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان ھەربىي تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى مۈشكۈل بىر ئىش بولىدۇ.

خىتاينىڭ ئاجىزلىقى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا تېخنىكىسىدىن ياسالغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچكە تايىنىشىنى ئازايتىش تىرىشچانلىقىنى قوزغىدى. 2016 - يىلى خىتاي پرېزىدېنتى شى جىنپىڭ: «كۆلىمى ۋە بازار قىممىتى قانچىلىك چوڭ بولسىمۇ، ئەگەر ئىنتېرنېت شىركىتى يادرولۇق زاپچاسلار ئۈچۈن سىرتقى دۇنياغا تايانسا، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ «مۇھىم دەرۋازىسى» باشقىلارنىڭ قولىدا تۇتۇلىدۇ...» دېگەن سۆزى ئۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. دەرۋەقە، خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى سۈنئىي ئىدراك ساھەسىدىكى نىشانىنىڭ ئاجىز ئاساسى ئىمپورت قىلىنغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچتىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ.

شۇڭا، خىتاي دۆلەت دەرىجىلىك شىركەتلەردىن پايدىلىنىپ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلاش ۋە 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسى بولغان بازىرىنى چەت ئەل شىركەتلىرىگە تاقاش ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەپچىقىرىلغان بۇ مەھسۇلاتلارنى مونوپول قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشىۋاتىدۇ. ئامېرىكا ئوخشاش ئەھۋالنى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ياپونىيەدە كۆرگەن ئىدى، ئەمما ياپونىيە مەغلۇپ بولغان بىلەن، خىتاينىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە دۇنيادىكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ سانائىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشىدىن ئەندىشە قىلماقتا. شۇ سەۋەبتىنمۇ ھازىر دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر خىتاينىڭ ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى، مەسىلەن، خۇاۋېينىڭ 5G مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلىتىشنى توختاتتى.

خىتاي ھازىر يېرىم ئۆتكۈزگۈچ كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن غايەت زور پۇل خەجلەۋاتىدۇ، گەرچە ئىشلەپ چىقارغان ئۆزەكلەر ئىمپورت قىلىنغان ئۆزەكتەك ئىقتىدارلىق بولمىسىمۇ، تەرەققىيات جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. ھازىرغا قەدەر مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ ئۆزەك تەمىنلەش زەنجىرىنى پۈتۈن مونوپول قىلالمىغان رېئاللىقنى ھەم ئۆزەك ياساشنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقاندا خىتاينىڭ ئۇنى ئۆز ئالدىغا مونوپول قىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق. ئەمما، خىتاي ئۆزىنىڭ غايەت زور بازىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئالما قاتارلىق شىركەتلەرنى خىتايدا سېتىلىدىغان ئايفونغا خىتاي ئۆزىكىنى سېتىۋېلىشقا ۋە باشقا دۆلەتلەردىن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ تېخنىكىسىنى بېرىشكە مەجبۇرلىشىنىڭ ئېھتىمالى يۇقىرى.

ئامېرىكا مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىر قانچە دۆلەتتە مەركەزلىشىشىدىن ئەنسىرىمەيمۇ قالمايدۇ، بولۇپمۇ تەيۋەننىڭ كەلگۈسى جۇغراپىيەلىك

سىياسىي تەھدىت بىلەن قاپلانغان. ئۇ يەنە خىتاينىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مونوپوللىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى ھەربىي كۈچىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا.

شۇڭا، ئامېرىكا 2022 - يىلى 8 - ئايدا «ئۆزەك ۋە ئىلىم - پەن قانۇنى»[11] نى يولغا قويۇپ، ئامېرىكىدىكى دۆلەت ئىچى تەتقىقاتى ۋە يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى. 2022 - يىلى ئۆكتەبىردە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىلغار يېرىم ئۆتكۈزگۈچ تېخنىكىسىدا خىتاي بىلەن بولغان سودىنى چەكلىدى. ئۇ يەنە چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ ئامېرىكا تېخنىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىكرو ئۆزەكلەرنى ئېكسپورت قىلىشىنى چەكلىدى. بۇ تەشەببۇسلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئۈنۈملۈك بولۇشى مۇمكىنلىكى ئېنىق ئەمەس.

پۈتكۈل دۇنيا ئىقتىسادى تەيۋەننىڭ تىنچلىقىغا باغلىق بولغاچقا، TSMC نىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىشنى تەيۋەندىن تارقىلاشتۇرۇش توغرىسىدا نۇرغۇن مۇنازىرىلەر بولدى. مىللىي سۆزگە قارىغاندا، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قالايمىقانلىشىشى دۇنيا ئىقتىسادىغا زور تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن، بەلكىم Covid-19 (خىتاي ۋىرۇسى) ياكى ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە سىنگاپوردا بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، تەيۋەندىن چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى.

گوللاندىيەنىڭ تۇفتس ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان كىرىس مىللېر يازغان «ئۆزەك ئۇرۇشى» دەل ۋاقتىدا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بەرگەن بىر كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈن بىر جەلپ قىلارلىق ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە جۇغراپىيەلىك سىياسەتنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھېكايىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ ھېكايىسى بۇ ساھەدىكى تەننەرخ ئۈنۈمى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىدىن مۇداپىئە ۋە بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشتىكى بۇرۇلۇشنى گەۋدىلەندۈردى. بۇ كىتاب سىزگە يەنە شۇنى ھېس قىلدۇرىدۇكى، ھازىرقى سىياسەت، ئىقتىساد ۋە تېخنىكىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن ئۆزەكنىڭ ئوينايدىغان مۇھىم رولىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

مەن ياقتۇرىدىغان ئۈچ ئىش بار: تارىخ، ئىقتىساد ۋە تېخنىكا. مەن ئۇنى بۇ كىتابتا ھېس قىلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابنى بىر ئوقۇپ چىقىشقا تەۋسىيە قىلىمەن.

[11] https://en.wikipedia.org/wiki/CHIPS_and_Science_Act

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمھالى:



دوكتور ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرېشىت

- 1977 - كۇچا شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچقا كىرگەن
- 1982 - كۇچا شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن
- 1988 - شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا كەسپىنىڭ باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن
- 1993 - شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يادرو ئېنېرگىيە كەسپىدە ماگىستىرلىق ئاسپىرانتلىقىغا كىرگەن
- 1995 - بېيجىڭدىكى جۇڭگو يادرو پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان
- 1996 - ئىتالىيەنىڭ تىرىيەستى شەھىرىدىكى خەلقئارا نەزەرىيەۋى فىزىكا مەركىزىگە 2 - ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا بارغان
- 1997 - شۋېيتسارىيە بازېل ئۇنىۋېرسىتېتىغا قېتىشما جىسىم فىزىكا دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن
- 2000 - گېرمان تېلېكومنىڭ شۋېيتسارىيەدىكى تارمىقىغا ئالىي ئىنژېنېر بولۇپ خىزمەتكە كىرگەن
- 2006 - شۋېيتسارىيە تېلېكومغا لايىھەلىگۈچى بولۇپ خىزمەتكە كىرگەن. ھازىر بۇلۇت تېخنىكا ساھەسىدە مەسلىھەتچى ۋە يېشىم لايىھەلىگۈچى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

# 30

# تەبىئەتنىڭ كۈچى – ئەتىر يېغى توغرىسىدا دەسلەپكى تونۇشۇش

گۈلنار مەمتىمىن

(شىۋېتسارىيە بېرىن ئۆلكىسى شىتۇدېن شەھىرى)

gulnarim@gmail.com

**كىرىش سۆز**

تەبىئەت دۇنياسى سىرلىق ۋە سېھىرلىك كۈچلەرگە تولغان، ئەنە ئاشۇ سېھىرلىك كۈچلەرنىڭ بىرى بولسا ئەتىر ياغلىرىدۇر.

ئەتىر يېغى ئۇچۇشچان ياغلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇچۇپ يوق بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان بولسا كېرەك. ئۇ تولىمۇ قىممەت باھالىق ياغ بولۇپ، «سۇيۇق ئالتۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ياغلار داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ۋە خۇش پۇراق بۇيۇملارنى ياساش ساھەسىدە كەڭ ئىشلىتىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاممىۋى خەلقنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىپ پايدىلىنىشىغا ئەمدىلا 20 - 30 يىلچە بولدى. ئۇ ھەقتە يېزىلغان كىتاب ۋە ئىشلەنگەن ۋىدىيولار كۆپىنچە شۇ مەھسۇلاتنى ئىشلەپ بازارغا سالغان شىركەت ۋە مەھسۇلاتنى ئىشلەتكەن شەخسلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىلمىي ئاساسى تېخى تولۇق تۇرغۇزۇلمىغان دەپ قارىلىدۇ.

مەن پەقەت بۇ ياغنىڭ سىرلىق ۋە سېھىرلىك كۈچىنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇشنى ۋە خەلقىمىزنىڭ بۇ ياغلارنى ئىشلىتىپ، تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىشنى مەقسەت قىلىپ، «ئەتىر يېغى بىلەن دەسلەپكى تونۇشۇش» دېگەن تېما ئاستىدا، پەقەت ئەتىر يېغىنى ئىشلەتكۈچى،

يېڭى ئۆگەنگۈچى سۈپىتىدە، ئەتىر يېغىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى - بوش ساھەگە ئۆز تەجرىبەم ۋە ئىزدىنىشلىرىمنى ماقالە قىلىپ خەلقىمىزگە سۇنۇپ، بۇنىڭغا قىزىققۇچى ۋە كەسىپ ئەھلىلىرى بىلەن بىرلىكتە قەدەم بېسىشنى لايىق كۆردۈم.

بۇ ماقالىدە ئەتىر يېغىنىڭ كىيىسەللىكلەرگە قارىتا خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكى، ئىشلىتىلىشى ھەم دىققەت قىلىنىدىغان ئىشلار توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىلىدۇ.

## ئەتىر يېغى دېگەن نېمە؟

ئەتىر يېغى دېگىنىمىز، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقى، گۈل - غۇنچىسى، شاخ - يوپۇرمىقى، غول - قاسرىقى، يىلتىزى، يېلىمى، مېۋىسى، پوستى، مېغىزى قاتارلىقلارنى دىستىللەش ياكى پىرېسلاش ئارقىلىق ياسىلىدىغان، نۇرغۇن ماتېرىيال ئىشلىتىپ ئاز ھوسۇل ئېلىنىدىغان تەبئىي جەۋھەردۇر. مەسىلەن، بىر تېمىم يالپۇز يېغىنى ئىستېمال قىلىش 28 ئىستاكان يالپۇز چېيى (خالتىلىق چاي) ئىچكەنگە باراۋەر بولىدىكەن.

## ئەتىر يېغىنىڭ تارىخى

ئەتىر يېغىنى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تېببىي ساھەسىدە ئىشلىتىپ، ھەر خىل داۋالاش ئۇسۇلى ۋە ئۇنۇمىنى ياراتتى.

ئەڭ دەسلەپ مىسىرلىقلار ئەتىر ياغلىرىنى داۋالاش، گۈزەللىك ۋە يېمەكلىكلەرنى ھازىرلاش ساھەسىدە، يۇنانلىقلار ئۇۋۇلاپ داۋالاش ۋە ئىسرىق سېلىپ داۋالاش ساھەسىدە، رىملىقلار بولسا ساقلىقنى ساقلاش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش ھەمدە شەخسىي تازىلىق ساھەسىدە ئىشلەتكەن ئىكەن. ھازىر بولسا، زامانىۋى ئىلمىي تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق پۈتكۈل ساغلاملىق ۋە پاراۋانلىق ساھەسىدە كەڭ ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، ھەتتا شەخسلەر، ئائىلە - ئۆي ئىچىگىچە كىرىپ، ساقلىقنى ساقلاشقا يەنە قايتىدىن يۈزلەندى.

ئەتىر يېغىنىڭ گەرچە نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى بولسىمۇ، تۇنجى بولۇپ ئىبىن سىنا قەلەمگە ئېلىپ، دىستىللەپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىنى ياراتقان بولۇپ ، كەڭ دائىرىدە ئۆسۈملۈك ھالىتىدىن كىچىك قۇتىغىچە قاچىلىنىپ، قايسى كېسەللەرگە، قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىغا قەدەر تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان بولغاچقا، ئۇ ئەتىر يېغىنىڭ كەشپىياتچىسى دەپ ئاتالغان.

ئەتىر يېغى – ئىنگلىزچە «essential oil»، گېرمانچە «Ätherische öle»، تۈركچە «Uçucu (Esansiyel) Yağ» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بىزگە ئېپارخان نامى ئارقىلىق تونۇشتۇر. باشقا قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەر بولسا ئۇنى «ئېپار يېغى» دەپ ئاتايدىكەن.

ئۇيغۇر تىل قامۇسىدا (https://uyghur-archive.com/wiki-izde/wiki-izde/index8517.html) ئېپار يېغىنى كېيىكتىن ئېلىنىدىغان ھايۋان يېغى دەپ تەرىپلەنگەنلىكى، ئۆسۈملۈك بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغانلىقى ھەم ئەتىر ياساشنىڭ تۈپ ماتېرىيالى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەنمۇ ئەتىر (خۇش پۇراق) يېغى دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بەلكىم، تۈركچىگە ئوخشاش ئىنگلىزچىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ «ئەسەنشىيال يېغى» دەپ ئالساق تېخىمۇ قولاي بولۇشى مۇمكىن.

1910 - يىلىغا كەلگەندە، فرانسىيەلىك خىمىيە ئالىمى رەنې مورىس گاتتېفوس (-René Maurice Gattefossé, 1881-1950) قولىدىكى ئېغىر دەرىجىدىكى كۆيۈكنىڭ ئۇستىقۇددۇس يېغى سەۋەبلىك ساقىيىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەتىر يېغىنى قايتىدىن بايقايدۇ . فرانسىيەلىك دوختۇر جىن ۋالنېت (Jean Valnet, 1920-1995) 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا يارىلانغۇچىلارنى ئەتىر ياغلىرى ئارقىلىق ساقايتقان بولۇپ، زامانىۋى ئاروماتېراپىي (پۇراق بىلەن داۋالاش) نىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ يولىنى ھازىرلىغانلىقى بىلەن مەشھۇردۇر.

## ئەتىر يېغى نېمىگە ئىشلىتىلىدۇ؟

دۇنيادا 600 خىلدىن ئارتۇق يەككە ئەتىر ياغلىرى بار بولۇپ، ئاساسلىق ئىشلىتىلىۋاتقان ياغلار 140 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى 30 خىل. يەنە كۆپىنچىلىرى ئارىلاشما ھالەتتە بولىدۇ. ئەتىر يېغى ناھايىتى تەبىئىي بولغان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەن ۋە روھىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە ساقلىق ساقلاش مەھسۇلاتى بولۇپلا قالماستىن يەنە تۆۋەندىكىدەك كەڭ ساھەدە ئىشلىتىلىدۇ:

- ئەتىر
- پۇراق يوقىتىش بۇيۇملىرى
- گىرىم بۇيۇملىرى
- بەدەن ئاسراش
- ماشىنا ۋە ماشىنا زاپچاسلىرىنى ئاسراش مەھسۇلاتلىرى
- ھاۋا ساپلاشتۇرغۇچ
- تازىلاش بۇيۇملىرى
- خۇش پۇراق شام
- يېمەكلىكلەرگە تەم قېتىش
- دورا ياساش
- ھايۋانات يەم - خەشەكلىرى ياساش
- دېھقانچىلىق ساھەسىدە زىيانداشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش
- ئۆسۈملۈكلەرنى چاڭلاشتۇرۇش قاتارلىقلار.

## ئەتىر يېغىنىڭ رولى

ئەتىر يېغىنىڭ تەن ۋە روھنى راھەتلەندۈرۈش، جانلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، زېھنىنى يىغىش، ئۇيقۇنى ياخشىلاش، شتربس (خاپىلىق)، قورقۇش، چۈشكۈنلۈكنى ئازايتىش ۋە تېرە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولۇش قاتارلىق نۇرغۇن رولى بار بولۇپ، ئا دىن - ز غىچە بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىشتا مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىشلىتىلىشچانلىقىغا ئىگىدۇر.

## ئەتىر يېغىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى

1. سىرتتىن سۈرتۈش: ئەتىر يېغىنى ئادەم بەدىنىنىڭ تېرە، چاچ، تىرناق، چىشلىرىغا سۈرتسەك، تېرىدىن قانغا ئۆتۈپ، قان ئايلىنىش ياردىمىدە ئىچكى ئورگانلارغا تەسىر قىلىدۇ.

كۆپلىگەن ياغلارنى ساپ ھالىتىدە بىۋاستە بەدەنگە سۈرتۈشكە (1 - 3 تېمىم ئەتراپىدا بولسا يېتەرلىك) بولىسمۇ، يەنە بىر قىسىم ياغلارنى چوقۇم باشقا ئاساسىي ياغلار، مەسىلەن، بادام، ياڭاق، كوكۇس، ئاۋاكادو، كۈنجۈت، سىيادان، ئۆرۈك مېغىزى، ئۈزۈم ئۇرۇقى، ئانار ئۇرۇقى، كاۋا ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ (مەسىلەن، 10 مىللىلىتىر ئاساسىي ياغقا 10 تېمىم) ئىشلىتىلىدۇ.

2. بىۋاستە ئىشلىتىش: بۇنىڭدا سۈرتمەكچى بولغان ئورۇنغا ساپ ياكى سۇيۇقلاندۇرۇلغان ياغنى سۈرتۈش كېرەك.

1) ئۇۋۇلاش: يەنى بەدەننىڭ پەي، مۇسكۇل، چاچ قاتارلىق ئورۇنلىرىغا 10 مىللىلىتىر نورمال ياغقا 10 تېمىم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئۇۋۇلاپ بېرىش كېرەك.

2) يۇيۇنۇش: يەنى يوغان داس ياكى تەلەڭگە ئىچىگە 1 - 3 تېمىم ئەتىر يېغىنى تېمىتىپ ياكى بىۋاستە سۈرتۈشكە بولمايدىغان ياغنى باشقا نورمال ياغ بىلەن ئېرىتىپ، 5 مىللىلىتىر (بىر قوشۇق) + 3 تېمىم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ (مەسىلەن، پۇت يۇيۇش ئۈچۈن) ئىشلەتسە بولىدۇ. سەزگۈر تېرىلىك ئادەملەر تېخىمۇ دىققەت قىلىشى كېرەك.

3) سوغۇق ياكى ئىسسىق ئۆتكۈزۈش: ئاغرىق پەسەيتىش ياكى مۇسكۇلنى راھەتلەندۇرۇش ئۈچۈن 2 لىتىر سۇغا (سۇنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇق بولۇشى ئېھتىياجغا قاراپ بولىدۇ) لۆڭگە ياكى قولياغلىقنى چىلاپ، سۈيىنى سىققاندىن كېيىن، خالىغان ياغدىن بىرنەچچە تېمىم تېمىتىپ، بىر پوملىۋەتكەندىن كېيىن، ئېھتىياجلىق ئورۇنغا قويىمىز. سەزگۈر تېرىلىكلەر لۆڭگىنى پىلاستىك ئىچىگە ئوراپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

4) رېفلېكس (سەزگۈر) نۇقتىلارغا سۈرتۈپ، تېمىتىش ئارقىلىق ئىشلىتىش: مەسىلەن، ئىككى قول بېغىشى، پاتاڭ، پۇتنىڭ ئاستى قاتارلىق ئورۇنلار.

5) ئىچىدىن قوللىنىش: ئىچىدىن قوللىنىش دېگىنىمىز، مەلۇم ئەتىر يېغىنى ئاغزىمىز ئارقىلىق يۇتۇپ، ھەزىم قىلىش سىستېمىسى ئارقىلىق قانغا ئۆتكۈزۈپ، بەدەننىڭ مەلۇم قىسمى ياكى ئورگانلارغا تېز ۋە ئۈنۈملۈك تەسىر قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. پەقەت ھەقىقىي ۋە ساپ بولغان قىممەت باھالىق جەۋھەر ياغلارنى ئىچىدىن قوللىنىشقا بولىدۇ. بازارلاردىكى ئەرزان پۇللۇق، خىمىيەلىك، ئارىلاشما ياغلارنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

## 3. ئىچىدىن ئىشلىتىش ئۇسۇلى

1) تىل ئاستىغا تېمىتىش: 1 - 2 تېمىم ياغنى تىلنىڭ ئاستىغا تېمىتىمىز، بۇ مېتود ئىچىدىن قوللىنىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر. بەزى ياغلارنى ئىمكان بار باشقا نورمال ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىش كېرەك. مەسىلەن: بىر تېمىم يالپۇز يېغىنى بىر تېمىم نورمال ياغقا ئارىلاشتۇرۇپ تىل ئاستىغا تېمىتىش.

2) كاپسۇل ئىچىگە تولدۇرۇپ يۇتۇش: ئۆسۈملۈك كاپسۇلىنىڭ ئىچىگە (كۆچلۈك پۇراق ۋە

غەيرىي تەمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن) 1 - 10 تېمىمغىچە ياغ تولدۇرۇپ يۇتۇلىدۇ. ئۇنۇمى تېز ھەم كۈچلۈك ئەتىر يېغى باشقا نورمال ياغ ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ سۇيۇلدۇرۇلۇپ، كاپسۇل ئىچىگە تولدۇرۇلىدۇ.

3) ئىچىملىككە ئارىلاشتۇرۇش: بۇ، ئىچىدىن ئىشلىتىشتىكى ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل. بىر تېمىم ياغنى 250 - 100 مىللىلىتىر بولغان، ئەڭ ياخشى كۆرۈپ ئىچىدىغان ئىچىملىكىڭىزگە، مەسىلەن، سۇ، سۈت، چاي، مېۋە سۈيى، بادام سۈتى قاتارلىقلارغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشكە بولىدۇ. مېنىڭ تەۋسىيەم شۇكى، ئەينەك، مېتال ياكى چىنە قاچىلارنى ئىشلىتىڭ، قەغەز ۋە پىلاستىك قاچىلار بولمىسۇن.

4) تاماققا قوشۇش: ئەتىر يېغىنى كۆپلىگەن تاماققا ئىشلىتىدىغان دورا - دەرمەكلەرنىڭ ئورنىدا تاماق ئەتكەندە ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئەمما ناھايىتى ئاز مىقداردا ئىشلىتىش كېرەك. مەسىلەن، بىر چىش كوچىلىغۇچنىڭ ئۇچىنى ياغنىڭ ئىچىگە سانجىپ ئېلىپ، تاماق بار قاچىغا سېلىش ياكى بىرنەچچە تېمىمنى تورت - پېچىنىلەرنىڭ خېمىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇشىمۇ بولىدۇ.

## 4. ئاروما تېراپىي - خۇش پۇراق ئىشلىتىش

خۇش پۇراقلار تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق تەن ۋە روھىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. پۇراش سېزىمىمىز مېڭىمىزگە ئەڭ يېقىن تۇتاشقان بولۇپ، بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەستە تۇتۇش خاتىرىمىزنى كونترول قىلالايدۇ. بىر خۇش پۇراق ئەتىر يېغىنى پۇراپ نەپەس ئالغاندا، بەدىنىمىز ۋە نەپەس يولى سىستېمىمىزغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 5. يەنە بىرنەچچە خىل ئالاھىدە ئىشلىتىش ئۇسۇلى

1) بىۋاستە نەپەس ئېلىش: بۇ، ئەتىر يېغىدىن ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلدا نەپەس ئېلىش بولۇپ، ئەتىر ياغ قۇتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بۇرنىمىزغا يېقىن ئەكېلىپ، چوڭقۇر نەپەس ئېلىش، قول ئالقىنىمىزغا بىر ئىككى تېمىم تېمىتىپ، قولىمىزنى بىر - بىرىگە سۈركەپ، ئېغىز بۇرنىمىزغا يېقىن ئەكېلىپ، چوڭقۇر نەپەسلىنىش ياكى قولياغلىققا بىر - ئىككى تېمىم تېمىتىپ، ئاغزى - بۇرنىمىزغا يېقىن ئەكېلىپ، نەپەس ئېلىش. بۇ خىل ئۇسۇل كەيپىيات ۋە ھېسسىياتىمىزغا تېز تەسىر قىلىدۇ.

2) ئىسرىقدان – دىففۇسىيون (Diffusion) قوللىنىپ، پۈتۈن ئۆيگە پۇراق چېچىش: ئۆزىمىز خالىغان ساپ ياغ ياكى ئارىلاشما ئەتىر يېغىنى ئىسرىق قىلىمىز، ھەر 5 كىۋادرات مېتىرلىق ئۆي بوشلۇقىغا 1 - 2 تېمىم ياغنى ئىشلەتسەك بولىدۇ.

3) قول بېغىشى ياكى پاتاكىغا سۈرتۈپ، ياخشى ھېسسىيات ۋە كەيپىياتنى ياراتقىلى بولىدۇ. قورقۇش، ئازاب، شىرىسس (خاپىلىق)، غەم - غۇسسە، كاللىدىن نېرى كەتمەيدىغان، ئايىغى چىقمايدىغان، چىگىش مەسىلە قاتارلىقلارنى يوقىتىپ، كۆڭۈلنى ئارام تاپقۇزغىلى، ھورمۇنلارغا تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

4) بىر كىچىك بوغقۇچقا ئەتىر يېغى تېمىتىپ، شامالدۇرغۇچقا چېتىپ قويسا، پۈتۈن ئۆي بوشلۇقىغا پۇراق چاچقىلى بولىدۇ.

## ئەتىر يېغىنى ئىشلەتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

1. ئەتىر يېغىنى سېتىۋالغاندا ساپ ۋە ھەقىقىي ياغنى سېتىۋېلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ئىشەنچلىك ماركا ۋە ئورۇننىڭ بولۇشى كېرەك. ياغ قۇتىسىنىڭ ئۈستىدە، ياغنىڭ ئىسمىدىن باشقا بىيولوگىيەلىك ئىسمىمۇ لاتىنچە يېزىلغان بولىدۇ. بەك ئەرزان پۇللۇق ياغلارنى سېتىۋالماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇلارنىڭ خىمىيەلىك ماددىلاردىن ياسالغان ۋە ئاقىۋىتى نامەلۇم بولغان بولىدۇ. ئەتىر يېغىنى ياساشقا بەك جىق ماتېرىيال ۋە ۋاقىت كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتتۇر.

2. ياغنىڭ رولى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى چوقۇم بىلىپ ئىشلىتىش كېرەك. خاتا ئىشلىتىپ قويسا، كېسەللىك پەيدا قىلىشى ھەتتا ھاياتىغا خەۋپ يېتىشى مۇمكىن. بەزى ياغلارنى بىۋاستە تېرىگە سۈرتۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك. مەسىلەن، لىمون تۈرىدىكى ياغلارنى سۈرتۈپ، كۈن بىلەن ئۇچراشقاندا تېرىنى قارىدىتىۋېتىدۇ.

3. ئاغزىنى ھىم ئېتىپ، قاراڭغۇ ئورۇندا ساقلاش، ئاغزى ئېچىلغاندىن كېيىن بىر يىل ئىچىدە ئىشلىتىپ بولۇش كېرەك.

4. كىچىك بالىلاردىن يىراق تۇتۇش، كۆزگە كىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ھامىلىدار ئاياللار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار ۋە كىچىك بالىلار خالىغانچە ئىشلەتسە بولمايدۇ.

5. بىر قېتىمدا كۆپ مىقداردا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

6. ئەتىر يېغىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن ئائىلە دوختۇرىغا ئېيتىش ۋە مەسلىھەتىنى ئېلىش كېرەك. چۈنكى، ئەتىر يېغى ھورمۇنلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

7. ئەتىر يېغىنى سىرتتىن قوللانغىنىڭىزدا، تېرىڭىزگە ياقماي ياكى تاسادىپىي خاتا مەشغۇلات قىلىپ سېلىپ راھەتسىزلىك كۆرۈلگىنىدە، سۇ ياكى سوپۇن بىلەن يۇيىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ. چۈنكى، ئەتىر يېغى سۇدا ئېرىمىگەنلىكى ئۈچۈن ھېچ پايدىسى بولمايدۇ. ئەتىر يېغى ياغدا ئېرىگەنلىكى ئۈچۈن سۈت، گازىر يېغىغا كىچىك ئاق پاختىنى چىلاپ، راھەتسىز بولغان ئورۇننى سۈرتۈپ، يۇيۇپ تازىلايسىز ھەمدە شۇ ئورۇنغا سوغۇق ياكى ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تېزدىن ساقايتالايسىز.

## قايسى ماركىدىكى ئەتىر يېغىنى ئىشلىتىش كېرەك؟

ھازىر ئەتىر يېغى پۈتۈن دۇنيادا 100 خىلدىن كۆپ ماركا بىلەن سېتىلىۋاتقان بولۇپ، مەن تەۋسىيە قىلىدىغان ساپ ۋە ھەقىقىي تۆۋەندىكى تۆت خىل ماركىلىق ياغلاردۇر:

- doTERRA: https://www.doterra.com/
- Art de Huile: https://www.artdehuile.com/
- Farfalla: https://www.farfalla.ch
- Aromalife: https://www.aromalife.ch/

ھازىر بازار ياكى تورلاردا بىر قۇتىسى 10 مىللىلىتىر، بىر لىتىرى بىر دوللار ئەتراپىدا سېتىلىدىغان ئەرزان پۇللۇق ھەر تۈرلۈك ياغلار بار. بۇ خىل ياغلارنى ھەرگىز ئىشلەتمەڭ.

مېنىڭ ئەڭ بەك تەۋسىيە قىلىدىغىنىم بولسا، يەنىلا «doTERRA» ماركىسى بولۇپ، پەقەت

توردىنلا سېتىۋالالايسىز. كوْن نۇرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ئەتىر يېغىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ياغ ئىشلەپچىقىرىشتىن يەنى ئۆسۈملۈك تۈرى ۋە مۇھىتىنى قوغداش، قول ئەمگىكى ئىشلەتمەسلىك، بىختەرلىك... قاتارلىق ساھەلەرگە مەبلەغ سېلىپ، سېتىشقىچە بولغان ھەممە ساھەدە «يېشىل» دېگەن تەستىق ئالغان ۋە سۈپەتكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن، ھەر يەردە باھاسى ئوخشاش بولغان ئىشەنچلىك ماركىدۇر.

## ئۆيدە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك ئۈچ مۇھىم ياغ

كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئادەملەر مەكتەپ مېدىتسىناسى ۋە ئۆي خۇرۇچلىرى ئارقىلىق ئۆز كېسەللىكلىرىنى ئۆزى داۋالاپ كەلگەن بولسا، يېقىنقى 20 - 30 يىلدىن بۇيانقى بازارغا سېلىنغان ئەتىر ياغلىرى ئارقىلىقمۇ نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغانلىقى بىلىنمەكتە.

مەن تۆۋەندە ئۆيىمىزدە چوقۇم ساقلاشقا تېگىشلىك بىرنەچچە ياغنى ئاددىيغىنە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن

1. ئۇستىقۇددۇس، يەنى لاۋەندەر (Lavendula angustifolia): ئەتىر يېغى سۆزلەنگەندە ئەڭ ئاۋۋال تىلغا ئېلىنىدىغىنى ئۇستىقۇددۇس يېغىدۇر. بۇ ياغ دائىم يېنىمىزدا ئېلىپ يۈرۈشكە زۆرۈر بولغان ياغدۇر. ئۇستىقۇددۇس يېغى تىنچلاندۇرۇش، تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، شىترېسس (خاپىلىق) نى ئازايتىش ۋە راھەتلەندۈرۈش، ئۇيقۇنى ياخشىلاش، تېرىدىكى راھەتسىزلىكنى پەسەيتىش، ھاشاراتتىن قوغداش رولىغا ئىگە بولۇپ، بىۋاستە تېرىگە سۈرتۈشكە بولىدۇ. باللارغا ئۈچ ياشتىن باشلاپ قوللانسا بولىدۇ.

ئۇستىقۇددۇس يېغى ئۇيقۇنى ياخشىلاش ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. ئۇيقۇسىزلىق – ياشنىڭ چوڭىيىشى ۋە ۋەزىيىتىمىزنىڭ ناچارلىقى سەۋەبلىك كۆپ ئادەملەردە كۆرۈلىدىغان مەسىلە بولۇپ، ئۇستىقۇددۇس يېغىنى يېتىشتىن سەللا بۇرۇن ئىشلەتمەي، يېتىشتىن بىر نەچچە سائەت بۇرۇن، مەسىلەن، كەچ سائەت 5 دىن باشلاپ پۇراپ ياكى قول بېغىشىغا سۈرتۈپ، ياتقىچە 5 - 6 قېتىم ئىشلىتىش كېرەك. ئۇزۇن مەزگىلدىن بېرى ئۇيقۇسىزلىق تارتىۋاتقانلار 10 مىللىلىتىر كوكۇس يېغىغا 10 تېمىم ئۇستىقۇددۇس (لاۋەندە) ھەم 10 تېمىم ۋەتىۋېر يېغىنى بىر كاراشنىۋاي ئەينەك قۇتا ئىچىگە قۇيۇپ پۇراپ بېرىش كېرەك.

2. قەلەمپۇر يېغى كلوۋە (Eugenia caryophyllata): قەلەمپۇر بىزگە تونۇشلۇق بولغان بىر خىل دورا - دەرمەك بولۇپ، چاي ۋە بەزى تاماقلىرىمىزدا ئىشلىتىمىز.

قەلەمپۇر تارچىن يېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بەدەننى قىزىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، چىش ئاغرىقى، پارازىت، رېماتىزم، كۆڭلى ئېلىشىش... قاتارلىق نۇرغۇن كېسەللىكلەرگە شىپالىق رولى بار بولۇپ، چوقۇم ئۆيدە بولۇشقا تېگىشلىك ياغدۇر.

3. يالپۇز يېغى (Mentha piperita): يالپۇز چىيى بىزنىڭ ئالاھىدە چاي ئىچمىلىكىمىز ھېسابلىنىدۇ. يالپۇز يېغى بەدەننى سالقىنلاشتۇرىدۇ، باش ئاغرىقى، ساياھەت ئاغرىقى، زىققا، زۇكام، دىماق پۈتۈش، كۆڭلى ئېلىشىش، ھەزىم قىلىش ياخشى بولماسلىق، مۇسكۇل ئاغرىقى، ئىچى قېتىۋېلىش، چۈشكۈنلۈك، زېھنىنى يىغالماسلىق قاتارلىق كۆپلىگەن كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ ياكى ئۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە ئاياللارنىڭ بالا ئېمىتىشتىن توختاتقاندا سۈت كېسىش رولى بار. بالا ئەمدۈرۈۋاتقان ئاياللار ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. يەنە ئالتە ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. كەچتە ئىشلەتكەندە ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ. ماشىنا ھەيدەشتىن بۇرۇن بىرنەچچە قېتىم ئاغزىنى ئېچىپ پۇرىسا، دىققىتىنى يىغىپ ماشىنا ھەيدىيەلەيدۇ.

## ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئەتىر يېغى ئىشلەپچىقىرىپ باققانمۇ ھەمدە قاچاندىن بېرى ئىشلىتىۋاتىدۇ؟

ئۇيغۇر تېبابەت ساھەسىدە، ئەتىر يېغىنى دورا ياساشتا ئىشلىتىدىغانلىقىنى ھەممىمىز دېگۈدەك بىلىمىز. كىچىكىمدە ئىمپورت قىلىنغان قەلەمپۇر ۋە ئەنبەر (قىزىل گۈل ئارىلاشمىسى بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن) ياغلىرىنى كۆرگەن ئىدىم. قوشنىلارنىڭ «جوز - بوز» دېگەن دەرمەكلەرنى بىلەي تاشقا سۈركەپ، مېيىنى چىقىرىپ، كىچىك بالىلارنىڭ (ئاق - سېرىق تەنلىك) چېكە، قۇلاق تۈۋى ۋە تېقىم - پاچاقلىرىغا سۈرتۈپ قويغانلىقىنى كۆرگىنىم ئېسىمدە. بۇ ئارقىلىق سوغۇقى ئېشىپ كېتىپ، يىغلاڭغۇ بولۇپ قېلىشىنى داۋالىغان ۋە ئالدىنى ئالغان ئىدى. چوڭ كوچىدىن چۈۋا تېرىپ، ئىسرىقلاپ كېسەل داۋالىغان ئىشلارمۇ بار ئىدى.

ئەتىر يېغى بىزگە ئىپارخان نامى بىلەن تونۇشلۇق بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئەتىر يېغىنى قاچاندىن باشلاپ ئىشلەتتى ۋە ئۆزلىرى ياساپ باقتىمۇ؟ بۇنىسى ماڭا نامەلۇم ۋە ئىزدىنىش ئىمكانىم يوقتۇر. ئۇيغۇرلار ئۆسۈملۈكلەردىن ياسالغان ئەتىر يېغىغا قارىغاندا، ئۆزىگە قولاي بولغان ھايۋاناتلار يېغى ئارقىلىقمۇ كېسەل داۋالىغان. مەسىلەن، قوي، كالا، ئات، توخۇم يېغى دېگەندەك... مەن بۇ ھەقتە توختالمايمەن.

ئەتىر يېغىنىڭ سېھىرلىك، مۆجىزە خاراكتېرلىك شىپالىق رولىغا قىزىققۇچىلار بولسا، ئۆزى بىلىدىغان تىلدا، Google ۋە YouTube قاناللىرىدىن ئىزدەپ پايدىلىنىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بۇ ماقالىنى يېزىشتا ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولغان يولدىشىم دوكتور ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرېشىت ۋە خىزمەتدىشىم Buff Nathalie غا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


1. Die Kraft der Natur (German), Deviato, 2024
2. Modern Essentials Handbuch (German), Aroma Tools, 2021
3. doTERRA Essentials, doTERRA Altius House, 2021

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمھالى:



**گۈلنار مەمتىمىن**

- 1977– يىلى كۇچا شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچتا ئوقۇغان.
- 1988 - يىلى كۇچا شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغان.
- 1988 – يىلى شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئېلېكترنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش كەسپىنى باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى بىلەن پۈتتۈرگەن.
- 1994 - يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا خىزمەتكە كىرگەن.
- 2000 – يىلى شۋېيتسارىيەگە كېلىپ يەرلەشكەن ۋە ھازىر شۋېيتسارىيەنىڭ بېرىن شەھىرىدىكى بىر ساناتورىيەدە سېستىرالىق خىزمىتىنى قىلىدۇ.

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

31

# جەمئىيەتشۇناسلىقتا مېتودنىڭ رولىدىن ئىككى مىسال

كۇرشات ئوغلى

## كىرىش سۆز

ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قوللىنىلىدىغان مېتودنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم. تەبىئىي پەندە يەكۈننىڭ توغرا - خاتالىقىنى فورمۇلا ياكى ئەمەلىي تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلاش مېتود قىلىپ كېلىنمەكتە. بۇ «تەجرىبىشۇناسلىق» دەپ ئاتىلىپ، كېيىن ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىغىمۇ تەتبىقلانغان. ئەمما، ئىنسانلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى خىمىيە ياكى فىزىكا پەنلىرىدەك ماددىي تەجرىبە بىلەن كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، قانداق مېتود قوللىنىپ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى توغرا يەكۈنلەش تەتقىقاتچىلار ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىرىنچى مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. يەنى، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، قانداق لوگىكىلىق ئانالىز بۇ يەكۈننى دەلىللەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

بۇ يازمىدا، بىز ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ناھايىتى مۇرەككەپ بىلىنىدىغان، ھەمدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ جانجان مەنپەئەتكە تاقىشىدىغان ئىككى ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئاددىي مېتود بىلەن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىمىز.

## بىرىنچى، دۆلەت تۈزۈلمىسى

ئىنسانلار توپلىشىپ ياشاپ شەھەر ھاياتىنى بەرپا قىلغاندىن باشلاپ، ئىش تەقسىماتى ۋە باشقۇرۇش دېگەن مۇناسىۋەت تورىنى چۆرىدەپ ھەر خىل تۈزۈلمىلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى: ئاز بىر قىسىم ئادەملەر ھۆكۈمران بولىدىغان، كۆپ قىسىم ئادەملەر شۇلارنىڭ

ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇپ، شۇلارنىڭ ئورنىغا ھاياتنى ساقلاشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان قۇلدارلىق تۈزۈلمىسى؛ ياكى، ئاز بىر قىسىم ئادەملەر كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن مائاش ئېلىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى بىرلىككە كەلگەن قانۇن بىلەن باشقۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، بىخەتەر بولۇشىغا كاپالەت قىلىدىغان، ئاۋام بولسا ئۇلارنىڭ ئىش نەتىجىسىگە قاراپ ئۇلارنىڭ شۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويىدىغان، ياكى ئورنىغا باشقا كىشىلەرنى تەيىنلەيدىغان دېموكراتىك تۈزۈلمە دېگەندەك كۆپلىگەن تۈزۈلمىلەر مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر قىسمى تارىخ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنە مەلۇم قىسمى داۋاملاشماقتا. ئۇلارنىڭ قايسىسى ئىنسانلارغا ئەۋزەل، قايسىسى ئەمەس، قارىماققا ئىرماش - چىرماش بولسىمۇ، ئۇنى توغرا مېتود بىلەن كۆزەتكەندە «غېزى غاز، ئۆردىكى ئۆردەك» بولۇپ ئايرىلىپ چىقىدۇ.

تۈزۈلمە، ئۇ ئىنسانلار توپلىمىدا شۇ توپلامنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن. بۇ يەردىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش دېگىنىمىز ئىككى باسقۇچلۇق بولۇپ، بىيولوگىيەلىك مەۋجۇتلۇق، يەنى ھاياتنى ساقلاش؛ ئۇنىڭ كەينىدىكى باسقۇچى بولسا تېخىمۇ ياخشى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن، يەنى تەرەققىياتتىن ئىبارەت. ھاياتنى ساقلاش كاپالەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، تەرەققىياتقا يۈزلەنگىلى بولىدۇ. بۇ ئىككى باسقۇچلۇق مەۋجۇتلۇق تىنچلىقنى ئاساس قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، قايسى تۈزۈلمە تىنچلىقنى ساقلاشتا ئۆزىنىڭ تۇرغۇنلۇقنى ئىپادىلىيەلىسە، شۇ بىر ئەۋزەل تۈزۈلمە ھېسابلىنىدۇ. تىنچلىقنىڭ ئاساسى باراۋەرلىك بولۇپ، باراۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان تىنچلىقلا ھازىرغا كەلگۈچە ئىنسانلار ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلەرگە كۆرە ئەڭ ئۇزۇن داۋاملىشىدىغانلىقى ئىسپاتلانماقتا. بىز تۆۋەندە دۆلەت تۈزۈلمىسىنى «بىيولوگىيەلىك ھاياتلىق» دېگەن ئۇقۇم بىلەن باھالاپ ئانالىز ئېلىپ بارىمىز.

بىيولوگىيەلىك ھاياتلىق ئېنىقلا جانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇقۇم ئىككى مەزمۇننى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، يېمەك - ئىچمەك بىلەن بىيولوگىيەلىك ھاياتلىقنى ساقلاش؛ يەنە بىرى بولسا، جۈپلىشىپ نەسىل قالدۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق بىيولوگىيەلىك ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش. بىيولوگىيە ئىلمىدىكى تەتقىقاتلار ئىجتىمائىي پەنگە تەتبىقلىنىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە مېتود قىلىپ قوللىنىش خېلى ئومۇملاشقان بىر ئەھۋال. مەسىلەن، دارۋىننىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى»دىن ئىلھام ئېلىنغان «جەمئىيەت دارۋىنىزمى (سوتسىيال دارۋىنىزم)» ۋە شۇنىڭدەك گېن تەتقىقاتىدىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك بايقاشلاردىن ئىلھام ئالغان «بىيودېتېرمىنىزم» (يەنى biodeterminism، گېن ھەممىنى بېكىتىدۇ، دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە «دېتېرمىنىزم» قىسمەت ياكى قىسمەتىزىم دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ) نەزەرىيەسى قاتارلىقلار بار. بىز بۇ يازمىدا بۇ خىلدىكى نەزەرىيەلەرنى چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلمايمىز. بۇ يەردە بىيولوگىيەلىك ھاياتلىق بىلەن ئىنسان ھاياتىنى ئىككى نۇقتىغا قويۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى كۆرۈنۈشى مۇرەككەپ دۆلەت تۈزۈلمىلىرى ۋە جەمئىيەت تۈزۈلمىلىرىنى شۇ ئىككى نۇقتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئاندىن قايسى تۈزۈلمە بۇ ئىككى خىل ھاياتلىقنىڭ قايسىسىغا يېقىن دېگەننى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مودېلنى كۆز بىلەن كۆرۈنىدىغان ھالەتكە ئەكېلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزىنىڭ چۈشىنىۋېلىشىغا قالدۇرىمىز.

بىز يۇقىرىدا بىيولوگىيەلىك ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاساسى بولغان ئىككى نۇقتىنى شەرھلەپ ئۆتتۇق. ئەمدى جانلىقلارنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئىنسانلار «civilization» (مەدەنىيەت،

مەدەنىيلىشىش) دېگەن ئۇقۇم ئارقىلىق باشقا جانلىقلار بىلەن ئوخشاش بولغان ھاياتلىق شەكلىدىن كېيىنكى تەرەققىياتىنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىنسانلارنىڭ يەپ - ئىچىپ، ئەۋلاد قالدۇرۇشتىن باشقا، زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىدىكى تەرەققىياتقا يۈزلەندۈرگەندىكى مەۋجۇتلۇقى بولىدۇ. ئىنسانلار بىلەن باشقا بىيولوگىيەلىك جانلىقلارنىڭ پەرقى زادى نېمە؟ بۇ، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى پەلسەپەدە تالاش - تارتىش قىلىنىپ ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقان تېما بولۇپ، بىز بۇ مەسىلىگە كىرمەيمىز. ئەمما تەكىتلەپ قويىدىغان بىر نۇقتا بولسا، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئەخلاق كاتېگورىيەسىدە ھۆكۈم قىلىپ كېلىنىۋاتقان «ئىنسان»لارغىلا خاس ئىش - پائالىيەتلەرنىڭ، جانلىقلار دۇنياسىغا بولغان مىكرو تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئىنسانلارغىلا خاس ھەرىكەت ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىقماقتا. مەسىلەن، «ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى»، «ئىپپەت سېتىش» دېگەندەك ئەخلاقسىزلىق قىلمىش دېيىلىپ كېلىنگەن پائالىيەتلەرنىڭ جانلىقلار دۇنياسىدىمۇ مەۋجۇتلۇقى ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بۇنداق ئەھۋالدا ئەزەلدىن ئىنسانلار بىلەن باشقا جانلىقلارنى پەرقلەندۈرۈشتە مېتود قىلىپ قوللىنىپ كېلىنىۋاتقان ئەخلاق ئۆلچىمىمۇ ئىنسان بىلەن جانلىقلارنى پەرقلەندۈرۈشتە بىر توغرا مېتود بولالمايدىغانلىقى دەلىللەنمەكتە.

ئەخلاق كاتېگورىيەسىنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىشتىكى مەقسىتىمىز، بىر قىسىم دۆلەت تۈزۈملىرىنىڭ ئاساسى مەلۇم بىر خىل ئەخلاق كۆز قاراشلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشنى ۋەزىپە قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مەزمۇندا بىۋاستە ئالاقىسى بار بولغانلىقى ئۈچۈن ئازراق تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. مەلۇم بىر تۈزۈلمە ئىنسانلارنىڭ بىيولوگىيەلىك مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن باشقا يەنە نېمە ئىشلارنى قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، دېگەن بىلەن بىز ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرەلەيمىز. يەنى، بىر تۈزۈلمە شۇ توپلامدىكى ئىنسانلارنى نوقۇل يەپ - ئىچىپ، ئەۋلاد قالدۇرۇشقىلا باغلاپ قويغانمۇ ياكى ئەمەسمۇ دېگەندىن ئىبارەت. بىز ئىنسانلارنىڭ باشقا ئىشلارنى قىلىشتىكى ھۆرلۈكىنى باشلىنىش دەپ بىلسەك، شۇ تۈزۈلمە ئىنسان ھۆرلۈكىنى قانچىلىك قوغدىيالايدۇ؟

ئەمدى دۆلەت تۈزۈملىرىنى ئانالىز قىلىشتىكى ئۇسۇلىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئەگەر مەلۇم بىر دۆلەت تۈزۈلمىسى ئۆز تېررىتورىيەسىدىكى ئىنسانلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك يېيەلىشىگە (مەيلى ئۆزلىرى تېپىپ يېيىشى ياكى ھۆكۈمەت پاراۋانلىق ئورنىدا تەمىنلىنىشى) ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇشىغا، قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىيولوگىيەلىك ھاياتلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلالىسا، بىز ئۇنىڭغا ئوتتۇز نومۇر بېرىمىز. شۇنىڭدىن كېيىن شۇ دۆلەت ئىچىدە ھۆرلۈكنىڭ قانۇنىي جەھەتتىن ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە رېئاللىقتا ئەمەلىيلىشىشى كاپالەتكە ئىگە ئەھۋالدا، ھەر ھۆر ئامىلغا ئىككى نومۇر بېرىمىز. نەزەرىيە جەھەتتىن ھۆرلۈكى مۇتلەق كاپالەتكە ئىگە جەمئىيەتتىكى دۆلەت تۈزۈلمىسى يۈز نومۇر بولۇپ، ئۇ پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىن مەۋجۇت بولۇپ سېلىشتۇرما نۇقتىسىدىن بۇ يەرگە قويۇلىدۇ.

نومۇر بېرىلىدىغان ئامىللار يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىككى نۇقتىنى ئاساس قىلغان: بىرىنچىسى، باراۋەرلىك، يەنە شۇ دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىك ئەھۋالى؛ ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى. مەسىلەن، ئەگەر قانۇندا شۇ باراۋەرلىك بار بولسا ئىككى نومۇر بېرىلىدۇ، ئەمما رېئال جەمئىيەتتە ئىجرا قىلىنمىغان، ياكى بىر قىسىم ئىنسانلار بۇ قانۇندىن بەھرىمەن بولالمايۋاتقان بولسا ئىككى نومۇر تارتىلىدۇ. بۇ يەردە مىسال

سوۋپېتىدە بېرىلىدىغان شەرتلەر بولسا سايلام ھوقۇقى. ئەگەر بىر دۆلەتتە سايلام ھوقۇقى بار بولسا ئىككى نومۇر قوشۇلىدۇ، ئەمما ئاياللارنىڭ سايلام ھوقۇقى بولمىسا ئىككى نومۇر تارتىلىدۇ. تەكتىلەشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە بولسا، سايلام ھوقۇقى بىر دۆلەتتە پۇقرالىق ھوقۇقى بېرىلگەن ئىنسانلاردا بولۇپ، پۇقرالىق ھوقۇقى يوق ئىنسانلار بۇ سايلام ھوقۇقىدىن مۇستەسنا. بۇ مەسىلە قانداق ھەل قىلىنىدى دېگەندە، سايلام ھوقۇقى يوق ئىنسانلار شۇ دۆلەتتە مىللەتچىلىكنىڭ قۇربانىمۇ (شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى روھىڭگالىقلار، ياكى خىتاي دۆلىتىدىكى ئۇيغۇرلار)، ياكى قانۇنسىز كۆچمەنلەرمۇ (ئامېرىكا، ياكى ياۋروپادىكى ئاققۇنلار)، بۇ خىل ئەھۋالمۇ كونكرېت تەھلىل قىلىنىپ، ئەگەر مەلۇم دۆلەتتە «nationalism» (مىللەتچىلىك) سىياسىتى تېخى ئىجرا قىلىنىۋاتقان بولسا، ئۇ ئەھۋالدا ئىككى نومۇر تارتىلىدۇ. بۇ ئىنچىكە شەرتلەرنىڭ ئارىسىدا، قىز - ئاياللارنىڭ مائارىپ ھوقۇقى، ئەر - ئاياللار باراۋەر ھوقۇقى، دىنىي ئەركىنلىك، ئىچكى زوراۋانلىق (ئائىلە ئىچىدە ئاياللار ۋە باللارغا تەن جازاسى قوللىنىش)، بالا توي قاتارلىق 30 تۈرگە قارىتا نومۇر بېرىلىدى.

بۇ شەرتلەر تەرتىپكە تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئانالىز قىلىش ئىشى ئېلىپ بېرىلىدى. بۇ ئۇچۇرلار ناھايىتى كۆپ تەرەپلىك ئۆلچەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، چېتىلىش دائىرىسى بەك كەڭ بولغانلىق سەۋەبىدىن، بىز تۆۋەندىكى ئىستاتىستىكىدا پەقەت ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك 10 ھوقۇقنى مىسال قىلدۇق. بۇ ئۇچۇرلار پۇتۇنلەي ChatGPT (سۈنئىي ئەقىل) ئارقىلىق ئانالىز قىلىنىدى ۋە تۆۋەندىكىدەك ئىستاتىستىكا چىقىرىلىدى.




بۇ گرافىكتا ، بىيولوگىيەلىك ھاياتلىقنى قوللاشقا ئەڭ يېقىن دۆلەت سىستېمىسىغا ئىگە ئون دۆلەت بىلەن، ئىنسان ھاياتىنى قوللاشقا ئەڭ يېقىن 10 دۆلەت بېرىلىدى. بۇ

ئىستاتىستىكىدا كۆرسىتىلگەندەك، قىزىل رەڭ بولسا بىيولوگىيەلىك ھاياتلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىندىكى تەرەققىياتقا زۆرۈر بولغان ئىنسان ھوقۇقلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىغان، شۇ سەۋەبتىن پەقەتلا بىيولوگىيەلىك ھاياتلىقنىلا كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان سىستېمىغا ئىگە دۆلەتلەردىن ئىبارەت. ئەمما پەقەت بىيولوگىيەلىك ھاياتلىق كاپالەتكە ئىگە بولسىلا ئىنسان ھاياتى ھېسابلانمايدۇ. ئىنسانلار قانۇن ئارقىلىق ئېرىشكەن ۋە ئەمەلىيلەشكەن ھەر بىر ھوقۇق ئۇلارنى ھەقىقىي ئىنسان ھاياتىغا يېقىن ھالەتكە ئەكېلىدۇ ۋە بۇ ھوقۇقلار كۆپەيگەنسېرى خۇددى يېشىل رەڭ بىلەن كۆرسىتىلگەن دۆلەتلەرگە ئوخشاش، بۇ خىلدىكى دۆلەت سىستېمىلىرى ئىنسان ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا قاراپ توختاۋسىز ئىلگىرىلەيدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئۆزى خالىغان دۆلەتلەرگە بۇ خىل ئۇسۇلدا نومۇر بېرىپ كۆرسە بولىدۇ. مەيلى ئۇ قانداق تىپتىكى دۆلەت سىستېمىسىغا ئىگە بولسۇن، بۇ ئەمەلىي ئىككى نومۇرلۇق ھوقۇقلار دۆلەت تۈزۈلمىسىدىكى نۇرغۇن قاراڭغۇلۇقلارنى ئاشكارىلايدۇ. رادىكال مۇسۇلمانلار تەلپۈنىدىغان شەرىئەت سىستېمىسىگىمۇ بۇ تۆردە نومۇرلار بېرىلگەندە، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنى بىيولوگىيەلىك مەۋجۇتلۇق قاتارىدا تۇتۇپ تۇرىدىغان ۋاقتى ئۆتكەن تۈزۈلمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## ئىككىنچى، دىن

دىن غەربتە بىر قەدەر ئەقلىنىڭ ئەلگىكىدىن ئۆتكەن ھالدا ئۆز ئورنىدا خىزمەت قىلىپ كېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، شەرقتە بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىسلامدا تېخى ئۆز جايىنى تاپقىنى يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش مۇھىتى، كۆنگەن ئادەت پىسخىكىلىرى سەۋەبىدىن، «تەقۋا»لىقنى دىنغا ئىشىنىش ئۆلچىمى قىلىپ كەلگەن. بۇ خىل تەقۋالىقنىڭ ئاساسى بولسا دىننى چۈشىنىشنى دىنىي زاتلارغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزلىرى بولسا قوي پادىسىدەك ئەگىشىپ، بويسۇنۇشنى تەقۋالىق دەپ ھېسابلاپ كەلگەن.

ئەمدى بىز دىننى توغرا چۈشىنىشنى بىرەر مېتود بىلەن تەمىنلىسەك، قانداق بىر مېتود دىنىي مەسىلىلەرنى بىزگە ئېنىق يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ؟ خۇددى ئۈستىدىكى دۆلەت تۈزۈلمىلىرىنى ئانالىز قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا مەلۇم شەرتلەرنى يۈكلىگەندەك، دىنىي نۇقتىلارنىمۇ ئالدىدا بىر قىسىم شەرتلەر بىلەن ئانالىز قىلىشقا تەييارلايمىز.

دىننى چۈشەنچىلەردىن كۆرە، دىن ئېتىقاد قىلىش بولۇپ، ئېتىقادنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىشىنىش بولىدۇ. ئېتىقاد تەقۋالىق بولسىمۇ، نېمىگە ئىشىنىپ نېمىگە ئىشەنمەسلىك، ئۇ بىلىشكە تېگىشلىك ماھىيەتلىك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، دىن ۋە بولۇپمۇ بىر خۇدالىق دىنلاردا يادرو ئورنىدىكى مۇقەددەس كىتابلار ياراتقۇچى تەرىپىدىن شۇ دىننىڭ مۇرىتلىرىغا چۈشۈرۈلگەن دېيىلسىمۇ، ئۇنى يېزىقتا پۈتكىنى ئىنسانلار، كۆچۈرۈپ تارقاتقىنى ئىنسانلار، تەرجىمە قىلىپ باشقا تىللارغا كېڭەيتكىنى ئىنسانلار، كۆچۈرۈپ بېسىشتىن كۆپلەپ نەشر قىلىپ تارقاتقانلار ئىنسانلار، مەسچىت، چېركاۋلاردا تەرغىب قىلىپ، چۈشەندۈرگۈچى يەنىلا ئىنسانلار بولىدۇ. بۇ مۇقەددەس كىتابلارنىڭ مەزمۇنى مىڭ يىللاردىن بېرى ئۆزگەرمەي شۇ پېتى ئەۋلادتىن ئەۋلاد يەتكۈزۈلۈۋاتامدۇ، بۇ مەسىلىنى بۇ يازمىدا تەھلىل قىلىپ ئولتۇرمايمىز. ئەمما تەرغىب قىلغۇچى، تارقاتقۇچىلار ئايەتلەرنى ئەينى يادلىسىمۇ، ئۇلارنى شەرھلىگەندە، چۈشەندۈرگەندە، ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى ئاساسىدا يەتكۈزىدۇ ۋە چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ

چۈشەنچىسى بولسا ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يەنىلا ئىنسان بولمىش ئۇستازلىرى، دىنىي ئۆلىما، شەيخلەرنىڭ چۈشەنچىلىرىگە ئۇلاشقان. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرى توغرىمۇ، ئۇنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ.

ھۆكۈمرانلارنىڭ دىنىي سۈيىئىستېمال قىلىپ سىياسىي مەنپەئەتلەرنى كۆزلىشىدىن تارتىپ، بىر ئاددىي ئىنساننىڭ شەخسىي مەنپەئەتكە يېتىشتىكى ۋاستە قىلىپ پايدىلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقى بىر تارىخىي ھەقىقەت. بىر ئېتىقاد قىلغۇچى ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى توغرا يۆنىلىشتىكى چۈشەنچىلەرگە تاپشۇرۇۋاتامدۇ، بۇ مەسىلىنى چۆرىدەپ ئېتىقادنىڭ ئۆزىگە يېتىپ كەلگەن مەزمۇنىنىڭ توغرا - خاتالىقىنى بىلىپ ئىشىنىش، بۇ ئايلىنىپ كەلگەندە بىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان مەسىلە. شۇ سەۋەبتىن، دىنىي چۈشىنىشتىكى مېتود ۋە ھازىرغىچە ئىنسانلار ئۆز ئەمەلىي تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزگەن ئىشەنچلىك مېتود ئىلمدۇر.

ئەمدى ئىلمنى قانداق مېتود قىلىش كېرەك؟ ئىلىم ئۆزىمۇ ئاددىي ئاۋامغا نىسبەتەن بىلىش، ئىگىلەش قىيىن بولغان بىر ئۇقۇم. بولۇپمۇ دىياسپورادىكى «پەننىي ئالىم»، «دىنىي ئالىم» كۆز قاراشلىرى، يىللاردىن بېرى ئىلىم بىلەن دىنىي ئۆزئارا قارىمۇقارشى مەيدانغا قويۇپ، ئەسلى دىنىي چۈشىنىپ ئۆز ئېتىقاد يولىنى توغرىلاشتا مۇھىم بولغان بۇ مېتود ئېتىقادچىلاردىن يىراقلاشتۇرۇلماقتا. دىن بىلەن ئىلىم ھەقىقەتەن بىر - بىرىگە زىتمۇ؟

لوگىكىلىق ئانالىزلارنى دىن بىلەن پەن مۇناسىۋىتىگە تەتبىقلىغىنىمىزدا، دىن بىلەن پەننىڭ بىر - بىرىگە زىت بولۇشى بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ خاتا كۆز قارىشى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرەلەيمىز. دىياسپورادىكى بىر قىسىم «دىنىي زاتلار» ئىسلام دىنى ۋە قۇرئان كەرىم ئاللاھتىن چۈشكەن ئىلىم، بولۇپمۇ تەبىئىي پەن ئىلىملىرى خىرىستىيان دۇنياسىدىن كەلگەن ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىختىراسى دەپ قاراپ، ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىلىرىنى «دىنىي ئالىملار»نىڭ ئىلىملىرى ئالدىدا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولماقتا. شۇ سەۋەبتىن، «قۇشقاچنىمۇ قاسساپنىڭ سويغىنى ئەۋزەل» دېگەننى شۇنداق مەيدانلاردا تەكىتلەيدۇ. ئەمما، ھەرقانداق ئىلىم مەيلى دىنىي بولسۇن ياكى پەننىي بولسۇن، ئۇ چۈشىنىش ۋە ئۆز چۈشەنچىسىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى دەلىللەشنى مەزمۇن قىلغان. نەچچە مىڭ يىللىق قايتا - قايتا تاۋلاشلاردىن كېيىن، تەبىئىي پەن ئىلىملىرى يۇقىرىدىكى تەجرىبىشۇناسلىقنى مېتود قىلىش ئارقىلىق توغرا ئۇسۇلدا يەكۈنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئىجتىمائىي پەنمۇ ھەم تەجرىبىشۇناسلىقتىن ئىلھام ئېلىپ، توغرا ئۇسۇلدا يەكۈنلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما ئىسلامدا دىنىي چۈشەنچىلەرنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزۈش جەريانى تېخى ھېچقانداق يېڭى مېتودلاردا تاۋلانغىنى يوق.

ئەمدى ئىلىم دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئىلىم دىنىي چۈشىنىشتىكى ئەڭ توغرا مېتود بولۇشى كېرەك؟ توغرا، ئەگەر دىنىي چۈشەنچىلەر ۋە چۈشەندۈرۈشلەر نەزەرىيە بولۇپ، ئەگەر ئۇلار نەزەرىيە بويىچە قېلىپ، ئىنسانلارنىڭ رېئال ھاياتىغا تەتبىقلانمىغان بولسا ئىدى، ئۇنداق ئەھۋالدا ئىلىمنىڭ بۇ يەردە مېتود بولۇشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. ئەمما رېئاللىقتا بولسا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دىن ھۆكۈمراننىڭ سىياسىتىدىن تارتىپ بىر قىسىم شەخسلەرنىڭ دىنىنىڭ نامىدا ئۆز شەخسىي مەنپەئەتلىرىگە يېتىشتە پايدىلىنىپ كېلىنىۋاتقان ئەھۋال مەۋجۇت بولغاچقا، بۇ خىل سۈيىئىستېماللىقنى مەزمۇن قىلغان دىنىي چۈشەنچىلەرنى ھەر شەخسنىڭ ياخشى بىر ئاخىرەتلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىگىلەشكە تىرىشىۋاتقان دىنىي چۈشەنچىلىرى بىلەن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىلىمنىڭ مېتودلۇق ئورنى ئىنتايىن مۇھىم.

ئىلىم ساھەسىدە، مەسىلەن، بىيولوگىيە، خىمىيە، نىرۋا ھۈجەيرە ئىلمى قاتارلىقلارنى چىقىش قىلىپ ئادىدىي ئاۋامغا ئىنسانلارنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنى چۈشەندۈرۈش بىر مۇرەككەپ مەسىلە. بىز بۇ يەردە تەقۋا ئىنسانلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، دىنىدا، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىدا نېمە ئۈچۈن ئىنسانلار بىلىشكە قادىر ۋە شۇنىڭدەك نېمە ئۈچۈن بىلىش ھەر تەقۋا ئىنسانغا مۇھىم دېگەن مەسىلىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

ئىسلامدا مۇسۇلمانلار قۇرئاننى دىنىي چۈشەنچىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى قىلىدۇ ۋە شۇنىڭدەك قۇرئاننى چۈشەندۈرگەن مولىلار (ئىسلام ئىلىم ئادەملىرى) نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇنى ئېتىقاد شەكلى ۋە رېئال ھاياتىغا تەتبىقلاپ ماڭىدۇ. قۇرئاندىكى ئايەتلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئىنسانلارنىڭ بىلىش ئىقتىدارى ياراتقۇچى ئاللاھتىن بىۋاستە كەلگەن. قۇرئاندا: ﴿بىز ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئىلىمنى سىلەر بىلەن ئورتاقلاشتۇق﴾ دېگەن ئايەت بار. قۇرئاندىكى باشقا مەزمۇنلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئانالىز قىلغاندا، مەسىلەن، ﴿**بىز، زېمىن ۋە ئاسمانلاردىكى بارلىق شەيئىلەرنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتۇق**﴾دېگەندەك ئايەتلەر بىلەن بىللە ئانالىز قىلغاندا، ياراتقۇچى ئاللاھ، ئۆزى ياراتقان ئىنسان بىلەن ئورتاقلاشقان شەيئى پەقەتلا بىلىش بولىدۇ. ھەر يەككە ئىنسانغا بېرىدىن «بىلىش»نى قاچىلايدىغان كاللا بىلەن بىلىش ئىقتىدارىنى بېرىش، بىلىشنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ياراتقۇچىسى ئالدىدىكى رولىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىدىكى مىساللاردا كۆرسىتىلگەن ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان ئىمتىيازلارنى، يەنى بىلىش ئىمتىيازى ۋە ئىشلىتىش، پايدىلىنىش ئىمتىيازىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما بۇ ئىمتىيازلارنىڭ چېكى بارمۇ؟ ماددىي پايدىلىنىشنىڭ چېكى «زېمىن ۋە ئاسمانلاردىكى» بولۇپ، بۇ يەردە ماددىي پايدىلىنىشتا بىز بىلىدىغان بۇ كائىنات كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئاساسەن چېكى يوق دېيىشكە بولىدۇ. بۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، «پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار»، «مەندىن باشقا مەبۇد تىكلىمەڭلار» دېگەن ئايەتلەردىكى كۆرسەتمىلەردىن مەنىۋى ئىمتىيازنىڭ چېكى بارلىقى، بۇ چەكنىڭ مەنىۋىيەتتە، يەنى، ئىبادەت، بويسۇنۇشتىكى چەكنىڭ بىرلا، يەنە ياراتقۇچىغىلا ئىبادەت قىلىش، ياراتقۇچىسىغىلا بويسۇنۇشتىن باشقا چەك يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

بىر دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى ئاساسىي قانۇن ۋە شۇ ئاساسىي قانۇن ئاستىغا قۇرۇلغان كونكرېت قانۇن - تۈزۈملەردىن ئىبارەت بولىدۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاساسىي قانۇنغا زىت كونكرېت قانۇنلار تۈزۈلمەيدۇ ۋە ئاساسى قانۇنغا زىت كەلگەن ئەھۋالدا ئىجرا قىلىنمايدۇ، ئۆزگەرتىلىدۇ ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ئىسلام دىنىدا قۇرئان ئاساسىي قانۇن ئورنىدا ۋە ھەدىسلەر كونكرېت قانۇن ئورنىدا پايدىلىنىپ كېلىنمەكتە. بۇ ئىككى قانۇن ئاساسىدا شەكىللەنگەن سىياسىي تۈزۈلمىنى بىز يۇقىرىدىكى دۆلەت تۈزۈملىرىنى ئانالىز قىلغاندا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك شەرىئەت تۈزۈلمىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بىز يۇقىرىدىكى بىيولوگىيەلىك ھاياتلىقنى دۆلەت تۈزۈملىرىنى ئانالىز قىلىشتا مېتود قىلغىنىمىزدا، ئەمەلىيەتتە شەرىئەت تۈزۈلمىسىنىڭمۇ پەقەتلا بىيولوگىيەلىك ھاياتلىقنى قوللاشقا يېقىن، ئىنسان ھاياتىنى قوللاشقا يىراق تۇرىدىغان، ۋاقتى ئۆتكەن بىر خىل تۈزۈلمە ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. نېمە ئۈچۈن بۇنداق نەتىجە كېلىپ چىقتى؟

ئۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئىككىنچى مەزمۇندا كۆرسىتىپ ئۆتكەن دىننى چۈشىنىشنىڭ

مېتودى بولغان ئىلمىنىڭ، يەنى دىنىي چۈشەنچىلەر بويىچە بولغاندا، ياراتقۇچى ئىنسانلار بىلەن ئۇرتاقلاشقان بىردىنبىر ئامىل بولغان ئىلمىنىڭ دىندىكى رولى ئەكسىنچە توغرا جارى قىلدۇرۇلمىغان.

جەمئىيەتشۇناسلىقتا «كېۋىمەن» (غار ئادىمى) دېگەن بىر ئۇقۇم مەۋجۇت. «غار ئادىمى» يەنە پسىخولوگىيەدىمۇ سۆزلىنىدىغان بولۇپ، غار ئىچىدە ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئۆڭكۈر سىرتىدا پات - پات ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان شامال ئاۋازى، گۈلدۈرماما ئاۋازى قاتارلىق ھەر خىل ئاۋازلاردىن قورقۇپ، قاراڭغۇدا قالغان بولسىمۇ، ئاچ قالغان بولسىمۇ، شۇ ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كۆرۈپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقتەك ئەھۋالنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىنسانلار بىلىشنىڭ قۇدرىتى بىلەن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى ئۆڭكۈرلەردىن ئايرىلىپ گۈزەل تەبىئەت قوينىدا ياراتقۇچى كۆرسەتكەندەك، «زېمىن ۋە ئاسمانلار پەقەت سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن يارىتىلدى» دېگەن كۆرسەتمىدىن پايدىلىنىپ ياشاپ كەلمەكتە. بۇ پايدىلىنىش ماددىي تەرەققىياتنى كۆرسىتىپ، قايسى تۇپلام ياراتقۇچى بەرگەن ئىلىمنى قايسى دەرىجىدە پايدىلانسا، شۇنچىلىك ماددىي بايلىق يارىتىپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلمەكتە. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىلىش چەكلىمىگە ئۇچراۋاتقان، بىلمەسلىكنى ھەل قىلىش ئورنىغا بىلىشنى چەكلەپ، ئۆزىلا ئەمەس باشقا ئۆڭكۈر سىرتىغا چىقىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلارنى چىقىشتىن توسۇش ۋە ھەتتا چىقىشنى ياساق (چەكلەنمە) قىلىش ھالىتىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، ئافغانىستاندا تالىبان ھوقۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن قىزلارنىڭ مەكتەپلەرگە بېرىشى چەكلەندى. دەۋرىمىزدە سىياسىي مەقسەتلەر ئۈچۈن دىندىكى خاتا چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلىپ، ئۆزى بىلمىگەننى باشقىلارنىڭ بىلىشىنى چەكلەش پەقەتلا «زامانىۋى ئۆڭكۈر ئادىمى» بولۇپ ياشاش، ياكى شۇنداق ياشاشقا مەجبۇر قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەمىسە نېمە ئۈچۈن بۇنداق چەكلىنىشلەر، بولۇپمۇ دىن قانۇن قىلىنغان جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولىدۇ؟ بىز بۇنى سىياسىي سۇيىئىستېماللىقنىڭ ۋارىيانتىدىن ھالقىپ (ئۇنى يېشىش، چۈشەندۈرۈش پەقەتلا ھاجىتى يوق بولغاچقا) شەخسلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى توقۇنۇشلارنى كۆزەتكىنىمىزدە، بىر ماھىيەتلىك نۇقتا شۇكى، ئېتىقادىنىڭ خاتا بولۇپ قېلىشىدىن شەخسنىڭ ياخشى ئاخىرەتلىككە ئىگە بولالماسلىقىغا بولغان ئەنسىرەش (مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن بىر ياخشى ئاخىرەتلىك ئەلۋەتتە جەننەتكە كىرىش) تىن ئىبارەت. دىندا دىنىي ئېتىقاد ھەر شەخسنىڭ ئىختىيارلىقىدا، يەنى ياخشى ئاخىرەتلىككە ئېرىشىشنى خالاش ياكى خالىماسلىق شەخسىي تاللاش بولسىمۇ، ئەمما دىنىي ئېتىقاد بىر جەمئىيەتتە رېئاللىققا تەتبىقلانغاندا ئۇ شەخسنىڭ تاللىشى بولماي كەلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى، گەرچە يۇقىرىدا كۆرسەتكەن سىياسىي سۇيىئىستېمال مۇھىم ئامىل بولسىمۇ، ئەمما شەخسكە كەلگەندە «سېنىڭ گەندەڭگە تېيىلىپ مەن دوزىخى بولۇپ كەتمەي» دېگەن دېھقانچە پسىخىكا، ئىلىم ئارقىلىق دىننى چۈشىنىش چەكلەنگەن بىر جەمئىيەتتە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىر - بىرىنى نازارەت قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىپ، ئۇ يەنە شۇ سىياسىي سۇيىئىستېماللىقتا يان چوماق بولىدىغان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. ئاددىيسى ناماز ئوقۇمىغانلارنى يەكلەشتىن، ئېغىرى سىياسىي سۇيىئىستېماللىقتىن كەلگەن تەن جازاسىنى ئىجرا قىلىشتا يانتاياق بولۇش، مەسىلەن، «ئىسلامىي ئەخلاققا زىت بولغان قىلمىشلار» دەپ، تەن جازاسىغا ئۇچرىغان ئەر - ئاياللارغا تەن جازاسى بېرىشكە قاتنىشىش (ئاياللارنى چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش).

بىلىمسىزلىكتىن ئىنسان تەبىئىتىگە سىڭگەن يىرگىنچلىك پىسخىكا مەسىلىلىرى غەربتە ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىنتايىن سىستېمىلىق تەتقىقاتلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. مەسىلەن، نادان (بىلىمسىز) ئىنسان ئىمتىيازغا ئېرىشكەندە ئۇنى چەكسىز ھالەتتە ئىشلىتىشنى قوغلىشىدىغانلىقى، بۇ ئىمتىيازلارنى ھېسسىي بىلىشلەر بىلەن ئىشلىتىدىغانلىقى، غەربتە جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە ۋە نېرۋا ئىلىملىرىدىكى ئەمەلىي تەجرىبە ۋە تەتقىقاتلاردا دەلىللەنگەن نەزەرىيە. توماس سوۋەل ئۆزىنىڭ «ئىلىم ۋە قارار» دېگەن كىتابىدا، ئىلىمنىڭ شەخسنىڭ ئۆز ھاياتىدا توغرا قارار چىقىرىشىدا قانداق رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بۇ كىتابتا كۆرسىتىپ ئۆتكەن نەقىل شۇكى، بىر ئىنسان پەقەت ئۆز بىلىشى بويىچە قارار چىقىرىدىغان بولۇپ، ئەگەر مەلۇم قارار چىقىرىش مەسىلىسى ئۇنىڭ بىلىش دائىرىسىدىن ھالقىغان چاغدا، بۇ ئىنسان ھېسسىي بىلىشنى قوشۇپ ئىش قىلىش قارارىنى چىقىرىدۇ ياكى نوقۇل باشقىلارنىڭ چىقارغان قارارىغا بويسۇنىدۇ.

ئەمدى نېمە ئۈچۈن دىنىنى چۈشىنىشتە ئىلىمنى مېتود قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى ھۆكۈمگە قايتىپ كەلسەك، ئىلىم ئۆزى مۇرەككەپ بىر سىستېما بولسىمۇ، ئۇنى مېتود قىلىپ قوللانغاندا ھەر شەخس ئۆزىنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىنى رەتكە چۈشۈرەلەيدۇ. بۇ قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ؟

ئىسلام دىنىدىكى (ۋە باشقا بىر خۇدالىق دىنلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) يارىتىش ۋە يارىتىلىش ھەققىدىكى مەزمۇندىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، ياراتقۇچى ۋە يارالغۇچىنى ئىككى قۇتۇپ (نۇقتا) قا قويساق، بارلىق شەيئىلەر بۇ ئىككى قۇتۇپنىڭ بىرىگە تەئەللۇق بولىدۇ. يەنى، ھەر قانداق بىر شەيئىنى ياكى ياراتقۇچى پەيدا قىلغان بولىدۇ ياكى يارالغۇچى پەيدا قىلغان بولىدۇ. ئەگەر بىز ياراتقۇچى تەرىپىدىن پەيدا قىلغاننى ئىلاھىي ئامىل، يارالغۇچى تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرگەننى ئىنسان ئامىلى دېسەك، دىندىكى ئىلاھىي ئامىللار بىلەن ئىنسانلار ئۆزلىرى دىن دەپ قوشۇۋالغان ئىنسان ئامىلى ئايرىلىپ چىقىدۇ. ئىلىم دەل شۇ ئىككىسىنى ئايرىپ بېرەلەيدىغان مېتود.

بۇ يەردە بارلىق شەيئىلەر ئىنسان ئامىلىمۇ ياكى ئىلاھى ئامىلمۇ دېگەن ئىككى كاتېگورىيەنىڭ بىرىگە ئايرىلىشى شەرت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىلىمنىڭ ئۆزىنى ئايرىش كېرەك بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم دېگەن نېمە دېگەنگە جاۋاب بېرىش زۆرۈر. ئىخچام قىلىپ ئېيتقاندا، ئىلىم – قانۇنىيەتلەرنىڭ كاتېگورىيەلىششى. يەنى، ئىنسانلار تەبىئەتنى كۆزىتىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ مەلۇم قانۇنىيەت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ ۋە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ، شۇ قانۇنىيەتلەرگە ئىسىم قويۇپ (جىسىملارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى فىزىكا، جىسىملارنىڭ بىرىكىش، ئېنېرگىيە ئالماشتۇرۇشىنى خىمىيە، يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئاسترونومىيە دەپ ئىسىم قويغاندەك)، ئۇلارنى قانداق بايقاش، قانداق پايدىلىنىش ئۇسۇلىنى نەزەرىيەلەشتۈرگەن. ئىنسانلار بۇ قانۇنىيەتلەرنى ئۆزلىرى پەيدا قىلغان ئەمەس. شۇنداق بولغانىكەن، قانۇنىيەتلەر ئىلاھىي ئامىل، بۇ قانۇنىيەتلەردىن خۇلاسىلەنگەن نەزەرىيەلەر بولسا ئىنسان ئامىلى بولىدۇ. ئىلاھىي ئامىللار ئۆزگەرمەيدۇ، تۇرغۇن بولىدۇ. ئىلاھىي ئامىللارنىڭ تۇرغۇنلۇقى شۇكى، ئۇ بارلىق ئىنسانلارغا ئورتاق بولۇپ، تىلنىڭ ۋە دىلنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. مەسىلەن، سۇ دېگەن بۇ ئۇقۇم ھەر تىلدا ئوخشىمىغان ئىسمى بولسىمۇ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى (مولېكۇلاسى) ئىككى ھىدروگېن ۋە

بىر ئوكسىگېن ئاتومىنىڭ بىرىكمىسىدىن ئىبارەت، خالاس. ئىنسان ئاملى بولسا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ھەرىكەتچان بولىدۇ. ئىلىم ئۆزى بۇ جەھەتتە ناھايىتى ياخشى بىر مىسال بولۇپ، بىزنىڭ بۇ دۇنيانى، ئۇنىڭدىكى قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىشىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قىسىم نەزەرىيەلەردىكى خاتالىقلار، چەكلىمىلەر بايقىلىپ توغرىلاندى ياكى تولۇقلاندى. شۇ سەۋەبتىن ئىلىم ساھەسى توختىماي يۈكسىلىپ، ئىنسانلار شۇ قانۇنىيەتلەردىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ ياخشى ياشاش مۇھىتىنى بەرپا قىلىۋاتىدۇ. بۇ دەل قۇرئاندىكى «پەقەت سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن يارىتىلدى» دېگەن ئايەتكە چۈشىدىغان بولۇپ، يارىتىلغان بولسىمۇ ئەگەر ئۇنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولمىساق، پايدىلىنىش قىممىتى بولمىغان بولاتتى.

ئىلىمگە ئائىت بۇ يېشىمنى بۇ يەرگە قوزۇق قىلىپ قېقىپ، ئەمدى دىندىكى مەزمۇنلارنى ئانالىز قىلىپ كۆرسەك، دىندا نېمىلەرنىڭ ئىلاھىي ئامىل، نېمىلەرنىڭ ئىنسان ئاملى ئىكەنلىكىنى ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى ئايرىۋالالايدۇ. بۇ ئايرىش كۆپ بولغاچقا، بىز بۇ يەردە بىرقانچە كونكرېت مىسال بىلەن كۆپايلىنىپ، قالغان ئايرىشلارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزىگە قالدۇرىمىز.

بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بارلىق شەيئىلەر دېگەن بولغاچقا، دىن، مۇقەددەس كىتاب قاتارلىق بارلىق شەيئىلەر بۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىز ئالدىدا نوقۇل ئىسلام دىنىدىكى بىر قانچە شەيئىنى ئايرىپ كۆرىمىز.

دىن – ياراتقۇچى ۋە يارالغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھلىگەن بىر مەزمۇن. بۇ مەزمۇنلار قەدىمدە ئاغزاكى يەتكۈزۈلۈپ، كېيىن قولدا كۆچۈرۈلۈپ ۋە يېقىنقى زاماندا كىتاب ھالىتىدە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىپ كەلمەكتە. ئىسلام دىنىدا بىر مىڭ تۆت يۈز يىللىق كەچمىشلەر ئىلاھىي ئامىل بىلەن ئىنسان ئامىللىرىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، دىندىكى ياراتقۇچى (ئەلۋەتتە) ۋە يارالغۇچى ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇ ئىلاھىي ئامىل. دىنىي چۈشەنچە بىلەن بولغاندا، ئىنسان يارىتىلغاندا ياراتقۇچى ئۆزىدىن باشقا بارلىق مەخلۇقاتلارنى ئىنسانغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان. بۇ ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى قەدىر - قىممىتى بولۇپ، ئىنسانىي قەدىر - قىممەت ئۇ ئىلاھىي ئامىل. ئەمما بىر قىزىقارلىق نۇقتا شۇكى، دىنىي مەزمۇنلاردىن كۆرە ئادەم (تۇنجى ئىنسان) يارىتىلغاندا ياراتقۇچى ئىنساننى ئۆزىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان ئەھۋال يوق. پەقەت ئىنسان يەر يۈزىگە يېيىلىپ ياراتقۇچىنىڭ ئورنىغا باشقا شەيئىلەر ئىلاھ قىلىپ تىكلەنگەندە، مۇقەددەس كىتابلارنى ئۆز ۋەكىلى ئارقىلىق ئىنسانلارغا يەتكۈزۈپ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشنى تەكىتلىگەن. قۇرئاندا بولسا «پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، مەندىن باشقا مەبۇد تىكلىمەڭلار» دېگەن. ئىسلام دىنىدا نېمىنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكى ھەققىدە چۈشەندۈرۈشلەر ھەر خىل. ئايەت ئوقۇپ مەلۇم شەكىلدە سەجدە قىلىش يەنە ناماز ئوقۇشنى ئىبادەت قىلىش دېيىش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، ياراتقۇچىنى بىلىش، شۇ بىلىش ئۈچۈن تىرىشىش جەريانى ئىبادەت دەپ چۈشەندۈرۈلىدىغان ئەھۋال بار. بۇ يەردە ئىككىلا ئەھۋال ئىنسانلارنىڭ بىر قۇدرەتلىك كۈچ (ئىلاھ، ياراتقۇچى) كە قاراتقان ئىپادىسى (سەجدە قىلىپ ئىپادىلەش، ياكى ئۇنى بىلىش چۈشىنىشكە تىرىشىپ ئىپادىلەش) بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىبادەت ئوبيېكتى بولغان ياراتقۇچىنىڭ ئورنى ئۆزگەرگەن ئەمەس، يەنى تۇرغۇن ھالەتتە. شۇ سەۋەبتىن، ئىبادەت ئىلاھىي ئامىل بولىدۇ. ئىبادەتنىڭ مەزمۇنى ھەر ئىنساننىڭ چۈشەنچىسى

بويىچە ئىپادىلەنگەچكە، ئۇ ئىنسان ئاملى بولىدۇ. بۇ كۆز قاراش خېلى بىر قىسىم «تەقۋا» مۇسۇلمانلارغا ياقماسلىقى ئېنىق. چۈنكى، ئىلىم ئادەملىرىدىن بىر قىسمى ئۆزلىرىنى دىنىسىز دەپ قارايدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئىبادەت دەپ قارىمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن دىنغا ئىشەنگۈچىلەر دىنسىزلارنى ئىبادەت قىلمايدۇ دەپ بۇ كۆز قاراشنى ئىنكار قىلىدۇ. قۇرئاندىكى، 1) «پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار»؛ 2) «زېمىن ۋە ئاسمانلاردىكى بارلىق شەيئىلەر، پەقەت سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن يارىتىلدى»؛ 3) «بىز پەقەت ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئىلىمنى سىلەر بىلەن ئورتاقلاشتۇق» دېگەن ئايەتلەرنى بىر يەرگە يىغىنچاقلىساق، ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار مەيلى ئۆزلىرى ئېتىراپ قىلسۇن - قىلمىسۇن، ئۇلار ياراتقۇچى ياراتقان كائىناتتا، ياراتقۇچى بەرگەن بىلىش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ، بۇ دۇنيا نەدىن كەلگەن، قانداق پەيدا بولغان دېگەنگە جاۋاب ئىزدەۋاتقان بولۇپ، يىغىنچاقلىغاندا، ئۇلار ئىلاھىي ئامىللارنى شەرت قىلىپ ئىلاھنىڭ ئۆزىنى ئىزدەۋاتقان (يۈزلىنىۋاتقان) بىر جەرياننى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولۇپ، ئۇ ماھىيەتتە يەنىلا ئىبادەت قىلغۇچى (يۈزلەنگۈچى) بولىدۇ.

ئىسلام دىنىدا مۇقەددەس كىتاب – قۇرئاننىڭ ئورنى ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، ئۇ شۇنداق بىر مۇقەددەس ئورۇنغا قويۇلغانكى، ئۇ ئورۇن ھەتتا چوقۇنۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. نەزەرىيە جەھەتتىن، قۇرئان مەزمۇنى ياراتقۇچىنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۈممەتكە ئاغزاكى يەتكۈزۈلگەن، ئاندىن ئايرىم - ئايرىم خاتىرىلەنگەن. پەيغەمبەرنىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. ئىسلام دىنىدا قۇرئان مەزمۇنى ياراتقۇچىدىن بىۋاستە كەلگەن بولغاچقا، ئۇ ئىلاھىي ئامىل دەپ قارالغاندىن باشقا، پەيغەمبەرگە يەتكەن شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ھازىرغىچە مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگىرىپ باقمىغان (كۆپەيمىگەن، ئازايمىغان) دەپ قاراش مۇتلەق ئاساسىي ئېقىم ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ كۆز قاراش بولسا ئۈممەت ئىچىدىكى (يەنە ئاۋام خەلق) كۆز قاراش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىسلام ئالىملىرى ئىچىدە پەرقلىق كۆز قاراشلار مەۋجۇت. مەزكۇر يازما بۇ تالاش - تارتىشلارغا ئارىلاشمايدۇ، پەقەت يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن يەكۈنلىگەندە، نەزەرىيە جەھەتتىن ئايەتلەر ياراتقۇچىنىڭ سۆزلىرى بولسىمۇ ئۇلار ئىلاھىي ئامىل بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايەتلەر پەيغەمبەرگە ئىلاھىي ئامىل بولۇپ يەتكۈزۈلگەن بىلەن پەيغەمبەرنىڭ ئاغزاكى يەتكۈزۈلۈشىدىن باشلىنىپ، كىتاب ھالىتىدە ئاۋامغا يەتكۈزۈلگەن جەريانىدا ئىنسان ئاملى ئارىلاشقان. نېمىشقا؟ چۈنكى ئاۋازدىن يېزىققا ئايلىنىش جەريانى، كىتاب بولۇپ تۈزۈلۈش جەريانى ئىنسان ئاملىدىن بولغان. ھەتتا يېقىنقى زاماندا زامانىۋى نەشرگە كىرىشتىن بۇرۇن ھازىرقى زامان ئىملا قائىدىسى يوق ئىدى. جۈملىلەرگە پەش، چېكىت قويۇپ ئايرىش يېقىنقى زامان تارىخىدا قوشۇلغان بولۇپ، ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئارىسىدا بىر قىسىم سۆزلۈكلەر بىرىنچى جۈملىنىڭ ئاخىرىمۇ، ياكى ئىككىنچى جۈملىنىڭ باشلىنىشىمۇ دېگەن تالاش - تارتىشلار مەۋجۇت. شۇ سەۋەبتىن قۇرئان بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولغاچقا، ئۇ ئىلاھىي ئامىل ئەمەس. بۇ خۇددى تەبىئىي قانۇنىيەتلەر ئىلاھى ئاملى بولسىمۇ، ئەمما كاتېگورىيەلەشتۈرۈپ نەزەرىيە ھالىتىدە چۈشەندۈرۈلگەن مەزمۇنلار ئىنسان ئاملى بولغان بىلەن ئوخشاش.

تىنچلىق – ئىلاھىي ئامىل. بۇ كائىنات «سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن يارىتىلغان». قانداق يارىتىلغان؟ بىز بىلىپ چۈشىنەلەيدىغان شەكىلدە. ئىنسانلاردىكى بىلىش ئىقتىدارى

ئىلاھىي ئامىل دەپ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. ھازىرغىچە بولغان ئىلمىي نەتىجىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار قانۇنىيىتى بار شەيئىلەرنى بىلىشكە قادىر. ئىلاھىي ئامىل بولغان قانۇنىيەت بىلەن ئۇنى بىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ تىنچلىق. تىنچلىقنىڭ ئۆزى بىر قانۇنىيەت بولۇپ، مەسىلەن، ماددىي دۇنيانى مىسال قىلساق، ئاتومدىن تارتىپ يۇلتۇزلار تۈركۈمىگىچە ئۆزىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىدىن چەتنىگەن ئەمەس. شۇ ھەرىكەت قانۇنىيىتى شۇ ماددىلارنىڭ تۇرغۇن ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تىنچلىق ئىنسانلارنى بىيولوگىيەلىك مەۋجۇتلۇق ھالىتىدىن ئىنسانلار جەمئىيىتى ھالىتىدە يۈكسىلىشىدە ئاساسىي شەرت بولىدۇ. تىنچلىق بولمىغان يەردە ھايات تەھلىكىسى بولىدۇ، جان قايغۇسىدىكى ئىنسانلار تەرەققىياتتىن يىراق بولىدۇ. زوراۋان دۆلەت سىياسىتىدە زوراۋانلىق مەقسىتىدە ھەربىي، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردىكى يۈكسىلىش ئۇ تەرەققىيات ھېسابلانمايدۇ. تەرەققىيات ھۆرلۈكنى ئاساس قىلىپ، بىيولوگىيەلىك مەۋجۇتلۇقتىن ئىنسانىي مەۋجۇتلۇققا قاراپ توختىماي ئىلگىرىلەشنى كۆرسىتىدۇ. زوراۋانلىقنى ئاساس قىلغان يۈكسىلىش ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولغاچقا، ئۇ ماھىيەت جەھەتتىن تىنچلىق ھېسابلانمايدۇ. بۇ يازمىنىڭ بېشىدىكى دۆلەت تۈزۈلمىلىرى ھەققىدىكى بايانلىرىمىزدا بۇ توغرىسىدا توختالغان ئىدۇق.

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن دىنىي چۈشەنچىلەردىكى ئامىللارنى ئىلاھىي ئامىل بىلەن ئىنسان ئامىلىنى پەرقلەندۈرۈشتىكى ئۆلچەمنى يىغىنچاقلىساق، 1) ئىلاھىي ئامىل ئىنسانلارنىڭ ئېڭىغا بېقىنماي مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ 2) ئىنسانلار ئىلاھىي ئامىللارنى توغرا يەكۈنلەپ توغرا ئىشلەتكەندە، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا موتور بولىدۇ؛ ئەكسىنچە ئۆزگەرتىلگەن، بۇرمىلانغان ياكى خاتا شەكىلدە ئىشلىتىلگەندە ئاپەت بولىدۇ؛ 3) ئىلاھىي ئامىل بىلەن ئىنسان ئامىلىنى ئايرىشتا ئەقلىي يەكۈنلا ئىشلەيدۇ. ئىلىم بولسا بىر ئەقلىي يەكۈن.

خۇلاسىلىگەندە، دىن قانچىلىك مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن بولسۇن، ئەقلى بار ئىنسان ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قارا قويۇق ئىشەنمەيدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقتا «كالىلا يۇيۇش» دېگەن بىر ئۇقۇم بولۇپ، يالغاننى سىستېمىلىق ئۆگىتىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى خاتا ئىشلارنى توغرا دەپ قوبۇل قىلدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. سىياسىي سۇيىئىستېمالنىڭ ئىسكەنجىسىدىكى دىن كالىلا يۇيۇشتا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان بولۇپ، بىر قىسىم جەمئىيەتتە ئىلىم ئېلىش چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدۇ دېگەندە، دەل ئىلىم ئىنسانلارنى كالىلا يۇيۇشتىن ساقلايدۇ. بىلىمى ئاز، ئاق - قارىنى پەرق قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەن ئىنسانلارنىڭ كاللىسىنى يۇيۇش ئەڭ ئاسان بولىدۇ. ياراتقۇچىنىڭ نامىدا ئۇرۇشقا، ئۆلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىش، ئۇنى توغرا، يوللۇق كۆرسىتىش — كالىلا يۇيۇش ۋە يۇيۇلۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس.

بۇ يازمىدا بىز جەمئىيەتشۇناسلىقتا مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى چۈشىنىشتە مېتودنىڭ رولىنى ئىككى مىسال ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىۋاتقىنى نادانلىق، بىلىمسىزلىك بولۇپ، تىنچلىق ۋە تەرەققىياتقا، ئىشلارنى مۇرەككەپلىكتىن ئاددىيلىققا يېتەكلەۋاتقىنى بولسا ئىلىم بولماقتا. ئىنسانلار ھازىرقى دەۋردىكىدەك ياراتقۇچىسىغا يېقىنلىشىپ باققان ئەمەس. ئەمما ناھايىتى ئەپسۇس، بۇ يېقىن يەرگە كەلگەن ئىنسانلار ئارىسىدا مۇسۇلمانلار يوق. مۇسۇلمانلار جەننەتنى كۆزلەپ، بۇ

رېئال دۇنيانى ۋاقىتلىق دەپ قاراپ، ئۇنى دوزاخقا ئايلاندۇرماقتا. خىتاي ئاسارىتىدىن قېچىپ ئامېرىكىغا كەلگەن ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدا مىللەت ئۈچۈن ئەمەس، ئۇممەت ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىش؛ ياۋروپاغا ئۆز دۆلىتىدىن جېنىنى ئېلىپ قاچقان مۇسۇلمانلار ياۋروپاغا بېرىۋېلىپ شەرىئەت دۆلىتى قۇرۇشقا مايىل بولۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ قايسى ھالدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ياراتقۇچى ئاللاھ: ﴿**پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، مەندىن باشقا مەبۇد تىكلىمەڭلار**﴾ دەپ ئېنىق كۆرسەتمە بەرسىمۇ، دىنىي ئەھكاملارنى مۇتلەق، مۇقەددەس ئورۇنغا، ياراتقۇچىنى مەۋھۇم ئورۇنغا چۈشۈرۈپ، دىنىي ئەھكاملارنى مەبۇدلاشتۇرۇش مۇسۇلمانلاردىكى چۆكۈشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى. قاچان مۇسۇلمانلار قۇرئان، شەرىئەت، پەيغەمبەرنىڭ ئورنىنى مۇتلەقلەشتۈرمەي، مەبۇد قىلماي، ئىبادىتى پەقەتلا ياراتقۇچىغا يۈزلەنگەندە، تەپرىقىچىلىك، جاھالەت، تىنچسىزلىقتىن قۇتۇلۇپ، تىنچلىق، باراۋەرلىك، تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ. «پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» – ئۇ بىر ئىلاھىي خىتاب. پەقەت ئىلىم بىلەن ياراتقۇچىسىنى بىلىپ، ئۆزىنى چۈشەنگەندە، ھەر ئىنسان ئۆز ياراتقۇچىسىغا ھەقىقىي ئىبادەت قىلىش يولىنى تاپالايدۇ.

بۇ يازما جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى چۈشىنىشنى ئاسان قىلىدىغان يول – توغرا مېتود بىلەن كۆزىتىش ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئاددىي ساۋات بولغانلىقى سەۋەب، ئىلمىي ماقالىلەر دەرىجىسىدە ئىنچىكە يېزىلمىدى، نەقىللەرنىڭ كېلىش مەنبەسى بېرىلمىدى ۋە شۇ سەۋەبتىن ماقالە ئەمەس يازما دەپ ئاتالدى.

*بۇ يازمىنى جۇرئەت نىزامىدىن تەھرىرلىدى.*

32

# كىيىم - كېچەكنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ئېرپان ئىدرىس

كىيىم - كېچەك ئىنسانلارنىڭ سىۋىلىزاتسىيە (مەدەنىيەت) دەۋرگە قەدەم باسقانلىقىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئالامەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ قەدىمىي زامانلاردىكى ئىپتىدائىي ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن تەبىئەتتىكى ئۆڭكۈر قاتارلىق تەبىئىي مەۋجۇداتلاردىن پايدىلانغان. كېيىن قەدەممۇقەدەم تەبىئەتتىكى تەييار نەرسىلەرنى كىيىم - كېچەك ئورنىدا پايدىلىنىشقا باشلىغان. ئىنسانلار توپلۇقىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى يۈكسەلگەنسېرى ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي كىيىم - كېچەكلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى كىيىم - كېچەكلەر «كىيىم - كېچەك»تىن ئىبارەت بۇ شەيئىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى تەرەققىيات باسقۇچى. كىيىم - كېچەكنىڭ ئىنسانلارنىڭ بىيولوگىيەلىك ۋە ئىجتىمائىي ھاياتلىرىدىكى رولى بەك چوڭ. ئىنسانلارنىڭ بىيولوگىيەلىك ھاياتى جەھەتتىن كىيىم - كېچەك ئىنسانلارنىڭ بەدىنىنى تەبىئەتتىن كېلىدىغان ھەر خىل زىيانلار ۋە تۇيۇقسىز سادىر بولىدىغان ھەر خىل ھادىسىلەردىن ساقلاپ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشىدا زور رول ئوينايدۇ؛ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى جەھەتتىن كىيىم - كېچەك ئىنسانىيەت ياراتقان بىر مەدەنىيەت بولۇپلا قالماستىن، يەنە تۈرلۈك سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ.

كىيىم - كېچەكنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرى ئىنسانلارنىڭ ئاڭلىق ھالدا مەدەنىي تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنىڭ بىر خىل ئالامىتى بولۇشى، ئىنسانلارنىڭ ئېتنىكىنى (مىللىيىتىنى) ئىپادىلەپ بېرىشى، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىشى ۋە ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈشىنىڭ قاندۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ مىللىي كىيىم - كېچەكلىرى، ھەر خىل فورما كىيىم - كېچەكلەر، ھەر قايسى سىياسىي گۇرۇھ -

تەشكىلاتلار ۋە ھەر قايسى دىنلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، ھەر خىل كۆركەم چىرايلىق كىيىم - كېچەكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە دۇنيا خەلقىگە ئورتاق بولغان كىيىم - كېچەكلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى قاتارلىقلار كىيىم - كېچەكلەرنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرلىرىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ. كىيىم - كېچەكنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرلىرىدىن باشقا، كىيىم - كېچەك يەنە كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىكى ھەر خىل قىزىقىش، ھەۋەس - ئارزۇلىرىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ھەر خىل يېزىق ۋە رەسىملەر بېسىلغان كىيىم - كېچەك ۋە ئىسپورت كىيىملىرى قاتارلىقلار. كىيىم - كېچەكتىن باشقا يەنە كىشىلەرنىڭ چاچلىرىنى تۈرلۈك شەكىلدە ياسىشى، ئۆز بەدىنىگە چېكىتۋالغان ياكى سىزىۋالغان ھەر خىل بەلگىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئېتنىك ئالاھىدىلىكى، سىياسىي خاھىشلىرى ۋە سىياسىي ئورنىنى ئىپادىلەپ بېرىشتىمۇ رولى ئىنتايىن زور بولىدۇ. بۇ خىلدىكى نەرسىلەر يەنە كىشىلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك قىزىقىش ۋە ھەۋەسلىرىنىڭ ئىپادىلىرى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

كىيىم - كېچەكتىن ئىبارەت بۇ شەيئى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتى، ئىقلىمى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىپى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىش تەلەپلىرى بويىچە تەييارلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىقلىمنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى ھەمدە كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە بولغان كۆز قاراشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. مىللىي كىيىم - كېچەكلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. مىللىي كىيىم - كېچەكلەرمۇ مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ ماكانلاشقان جايلىرىنىڭ تەبىئەت ۋە ئىقلىمىنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى ئالمىشىشى ۋە سىياسىي - ئىقتىسادىي تۇرمۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈزەللىككە بولغان كۆز قاراشلىرىنىڭ باشقىچە بولۇشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئادەتتە ئۆزگەرمەيدىغان كىيىم - كېچەك پەقەت ھەر قايسى دىنلارغا ۋەكىللىك (سىمۋوللۇق) قىلىدىغان كىيىم - كېچەكلەردۇر. دىنلاردا دىنىي مۇلازىمەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغۇچى دىنىي خادىملارنىڭ دىنىي كىيىم - كېچەكلىرى مەڭگۈلۈك ئۆز پاسونى ۋە رەڭگىنى ساقلاپ قالىدۇ، چۈنكى، بۇ دىنىي كىيىم - كېچەكلەر شۇ دىنىنىڭ سىمۋولى. بۇ سىمۋوللۇق دىنىي كىيىم - كېچەك يەنە مەزكۇر دىندىكى مۇلازىمەتچىلەرنى باشقا دىنلاردىكى مۇلازىمەتچىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. لېكىن مۇئەييەن بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاۋام خەلقلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى زامان ۋە شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

بۇ ماقالىدە ئاساسلىقى كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئېتنىك، سىياسىي ۋە دىنىي قاتارلىق جەھەتلەردىكى سىمۋوللۇق خاراكتېرلىرى قىسقىچە بايان قىلىنماقچى.

كىيىم - كېچەكنىڭ ئېتنىك (مىللىي) سىمۋوللۇق خاراكتېرى: كىيىم - كېچەكنىڭ روشەن مىللىي ئېتنىك سىمۋوللۇق خاراكتېرى دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ ھەر خىل پاسونلاردىكى رەڭگارەڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تون، دوپپا، قالپاق، تۇماق، ئەتلەس ۋە كانۋاي كۆڭلەكلىرى قاتارلىق مىللىي كىيىملىرى.

كىيىم - كېچەكنىڭ سىياسىي سىمۋوللۇق خاراكتېرى: كىيىم - كېچەك سەزگۈر ۋە كۈچلۈك سىياسىي سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە. مەسىلەن، گىتلېر فاشىستلىرىنىڭ كىيىملىرىدىكى فاشىستلىق بەلگىلىرى، دىكتاتور ماۋ زېدوڭنى قوغدىغۇچى قىزىل گۋاردىيەچىلەر(قىزىل

قوغدىغۇچىلار)نىڭ كىيىملىرىنىڭ يەڭلىرىگە تاقىۋالغان قىزىل بالداق، خىتايدىكى ئۆسمۈر ئاۋانگارتلار ئەترىتىنىڭ قىزىل گالىستۇكلىرى ۋە دائىشىنىڭ قارا كىيىملىرى قاتارلىقلار.

كىيىم - كېچەكنىڭ دىنىي سىمۋوللۇق خاراكتېرى: دۇنيادىكى ھەر قايسى دىنلارنىڭ مەخسۇس سىمۋول خاراكتېرلىك كىيىم - كېچەكلىرى بار. بەزى دىنلارنىڭ ھەر قايسى دەرىجىدىكى مۇلازىمەتچىلىرىنىڭ كىيىدىغان ھەر خىل كىيىم - كېچەكلىرى، دىنىي مۇراسىملاردا كىيىدىغان دىنىي كىيىم - كېچەكلىرى قاتارلىقلار روشەن دىنىي سىمۋوللۇققا ئىگە دىنىي كىيىم - كېچەكلەردۇر. مەسىلەن، ئىسلام دىنىنىڭ ئۆلىما، ئىمام ۋە موللىلىرىنىڭ سەللە، تون ۋە كەمزۇللىرى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ لېچەك، چۈمبەل ۋە پەرەنجىلىرى، خىرىستىيان دىنىنىڭ پاستورلىرىنىڭ (مىنىستىرلىرىنىڭ) كىيىملىرى، خىرىستىيان دىنى كاتولىك مەزھىپىنىڭ رىم پاپاسىنىڭ كىيىمى، كاتولىك موناستىرىدىكى ئايال مۇخلىسلارنىڭ كىيىمى، يەھۇدىي دىنىنىڭ رەببىلىرىنىڭ كىيىمى، ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلاردىن ئىبارەت ئىسلام دىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككى دىنىي مەزھىپىنىڭ باش كىيىملىرى بولغان «ئاق تاقىيە» ۋە «قارا تاقىيە» لىرى قاتارلىقلار.

كىيىم - كېچەكنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق سىمۋوللۇق خاراكتېرى: ھەر قانداق مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئادەتتە مۇئەييەن بىر مىللەت ياكى قەبىلىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى مەزكۇر مىللەتنىڭ ياكى قەبىلىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە ئۇلار ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق ئۆلچەملىرى بويىچە تىكىلىدۇ ياكى تەييارلىنىدۇ. ئۇيغۇر مىللىي كىيىم - كېچەكلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە ئۇلار ئېتىقاد قىلىدىغان ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ تىپىك نامايەندىسى.

كىيىم - كېچەكنىڭ فورما سىمۋوللۇق خاراكتېرى: ھەر قايسى كەسىپ ۋە ساھەلەرنىڭ فورما كىيىم - كېچەكلىرى شۇ كەسىپ ۋە ساھەلەرنىڭ سىمۋوللۇق كىيىم - كېچەكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ھەربىي فورما، مەكتەپ فورمىسى، سوت خادىملىرى ۋە پوچتا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ فورما كىيىملىرى قاتارلىقلار.

كىيىم - كېچەكنىڭ ئاكادېمىك سىمۋوللۇق خاراكتېرى: دوكتور، ماگىستىر ۋە باكلاۋۇرلارنىڭ ئىلمىي ئۇنۋان دەرىجىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان كىيىم - كېچەكلەر كىيىم - كېچەكنىڭ ئاكادېمىكلىك خاراكتېرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سىمۋوللۇق كىيىملەردۇر.

كىيىم - كېچەكنىڭ گۈزەللىك سىمۋوللۇق خاراكتېرى: ھەر مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ يارىشىملىق كۆركەم، نازاكەتلىك ۋە لاتاپەتلىك مىللىي كىيىم - كېچەكلىرى كىيىم - كېچەكنىڭ گۈزەللىكنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرى بۇ كىيىم - كېچەكلەرنىڭ سەلتەنەتلىك، چىرايلىق ۋە نازۇكلۇق قاتارلىق جەلپكارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

كىيىم - كېچەكنىڭ باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك سىمۋوللۇق خاراكتېرى: كىيىم - كېچەكنىڭ باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىكتىن ئىبارەت سىمۋوللۇق خاراكتېرى ھەر قايسى مىللەت - قەبىلىلەرنىڭ قوراللىق كۈچلىرى ۋە پالۋان - مەرگەنلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئارمىيەسى – مىللىي ئارمىيەنىڭ ھەربىي

فورمىلىرى، ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ھەربىي كىيىم - كېچەكلىرى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا رىتسار(چەۋەنداز)لىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى قاتارلىقلاردا كىيىم - كېچەكنىڭ باتۇر ۋە قەيسەرلىك سىمۋوللۇق خاراكتېرى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

كىيىم - كېچەكنىڭ خەلقئارالىق سىمۋوللۇق خاراكتېرى: كىشىلەرنىڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدە كىيىم - كېچەكتە ھەر قايسى مىللەتلەرگە باب كېلىدىغان ۋە ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرى ياقتۇرۇپ كىيىدىغان كىيىم - كېچەك پاسونلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ خىل پاسوندىكى كىيىم - كېچەكلەردە كىيىم - كېچەكنىڭ خەلقئارالىق سىمۋوللۇق خاراكتېرى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، كاستۇم - بۇرۇلكا، پىلاتى - يوپكا، گالىستۇك، شىلەپە، شەپكە، شىبلىت، بەتىنكە ۋە ھەر خىل پاسوندىكى تەنھەرىكەت كىيىملىرى قاتارلىقلار.

گەرچە ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن باشلاپ، ئىسلام دىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئېقىم قىنىدا تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈندىكى پارلاق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىنتايىن زور بولغان بىر مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا ئىگە. بۇ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ئۇيغۇر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، كەسىپچىلىك تېخنىكا - بىلىملىرى، ئۇيغۇر يېزىق سىستېمىسى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، ئۇيغۇر مائارىپى، ئۇيغۇر ئىلىم - پېنى، ئۇيغۇر قول ھۈنەر سەنئىتى، ئۇيغۇر مېمارچىلىق سەنئىتى، ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى، ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرى، ئۇيغۇر مىللىي تېبابەتچىلىكى، ئۇيغۇر تائاملىرى ۋە ئۇيغۇر مىللىي تەنھەرىكىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى سۈپەت جەھەتتىن ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى، ئىران مەدەنىيىتى، ھەتتا باشقا قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرى بىلەنمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىي كىيىم - كېچەكلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مىللىي ئېتنىك كىملىك ئالامەتلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك قۇرۇلمىسى ئەرەب، ئىران ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر قايسى مەملىكەتلەرنىڭ خەلقلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ پەرقلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داۋاملىق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ يۈرۈشى، ئۇيغۇر ئاۋام خەلقىنىڭ پاكىز ۋە رەتلىك بولغان ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن دىنىي مۇراسىملارغا ئىشتىراك قىلىشى، ئۇيغۇر ئاياللىرىدا پۈتۈن بەدىنىنى قاپلاپ كىيىنىشتەك كىيىم كىيىش ئادەتلىرى يوق بولۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قىز باللىرى ۋە ئاياللىرى ئەركىن - ئازادە كىيىنىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرىدا كۆزىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنىنى قاپلاپ كىيىنىشتەك كىيىم كىيىش ئادەتلىرى ئەزەلدىن مەۋجۇت بولمىغان (پەرەنجە ئىشلىتىش ناھايىتى تار دائىرىدە مەۋجۇت بولغان). بۇنىڭدىن 100 يىلدىن كۆپ ۋاقىت ئىلگىرى ۋە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 - ، 30 - يىللىرىدا تارتىلغان ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ تارىخىي فوتو سۈرەتلىرى بۇ ئەھۋالنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنىڭ كىيىم - كېچەككە نىسبەتەن

بولغان تەلەپلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن. ئۇيغۇرلاردا «ھايالىق ئېڭى» ئۇيغۇر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن مەۋجۇت ئىدى. ئۇيغۇرلاردا «ئۇيغۇر مىللىي كىيىم - كېچەكلىرى»دىن ئىبارەت ئۇقۇم مەۋجۇت.

گەپنىڭ پوسكاللىسى، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقلىرى ۋە باشقا تۈركىي مىللەت خەلقلىرى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئېغىر بىر ۋەزىيەتتە ۋە قىسمەن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئىسلام دىنىغا قارىتا ھەر خىل مۇجمەل كۆز قاراشلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە، چەت ئەللەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى توختىتىش ۋە جازالاش ھەمدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كىيىم - كېچەكنىڭ سىياسىي سىمۋوللۇق خاراكتېرىگە ئەھمىيەت بېرىپ قويۇشى ئىنتايىن مۇھىم ۋە زۆرۈر.

*2024 - يىلى ئاپرېل*

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

33

# هاياتىم ۋە ئويلىغانلىرىم

ماخمۇت توختى ئەمىن

### مۇقەددىمە

مەن بۇ يىل 82 ياشقا كىردىم. 1942 - يىلى ئورما مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر ۋىلايىتى كوناشەھەر ناھىيەسى لەڭگەر يېزىسى بۇنام كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. مەن ئەقلىمنى تېپىپ، ئەمدىلا ياشلىق هاياتىغا قەدەم باسقان چاغلاردا، يەر ئىسلاھاتى ۋە ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتى باشلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ئۇيغۇر دېھقان ئائىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقى كۆپ خىل كاتېگورىيەگە ئايرىلدى. ئۇ بولسىمۇ باي پومېشچىك ئائىلىسى، ئوتتۇرا هال دېھقان ئائىلىسى ۋە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسى ئىدى. بىزنىڭ ئائىلىمىز ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسىگە ئايرىلدى. گەرچە بۇ باي دېھقان ئائىلىسىدىن سەل پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما كەمبەغەل دېھقان بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈن داۋاملىق هالىدا هاشار ئەمگەكلىرىگە سېلىنىپ، كەمسىتىلىپ ۋە چەتكە قېقىلىپ تۇراتتۇق. مەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ، 1991 - يىلى تۈركىيەگە كەلدىم. يەككە ئىنسان كەچمىشلىرى، ئاممىۋى كەچمىشلەرگە قوشۇلۇپ تارىخنى يارىتىدۇ. شۇڭا مەن «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە – 2024» پائالىيىتىگە ئۆزۈمنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن كەچمىشلىرىم ۋە هايات هېكايىلىرىمدىن بىرقانچىنى سۇنماقچىمەن.

### 1 - هېكايە: تاغام مۇھەممەتخاننى ئىزدەش

مەن تۇغۇلسام ئائىلىمىزنىڭ ناھايىتىمۇ ھەسرەتلىك بىر ئىزدەش هېكايىسى بار ئىكەنتۇق. ئۇ بولسىمۇ، دادامنىڭ ئاكىسى – مېنىڭ چوڭ دادام مۇھەممەتخاننى ئىزدەش هېكايىسى ئىدى. چوڭ دادام مۇھەممەتخان 1930 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ۋەتەندىن چىقىپ، قىرغىزىستان ئارقىلىق

تاشكەنت تەرەپلەرگە كەتكەن ئىكەن. مەن ئۇ چاغلاردا تېخى تۇغۇلمىغان بولغاچقا، قانداق بىر سەۋەبتىن چوڭ دادامنىڭ ئەل - يۇرتتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى بىلمەيتتىم. دادام قېرىنداش ھەسرىتىنى بەك كۆپ تارتقان بولۇپ، ئاكىسىنى ئىزدەپ ئۆزبېكىستاندىكى ئەنجانغا سەككىز قېتىم بارغان ئىكەن. پىيادە مېڭىپ بېرىپ، مېڭىپ كەپتىكەن. ئۇ چاغلاردا ئەنجان يولى ئوچۇق بولۇپ، بەزى ۋاقىتلاردا بەش كۈندە، بەزىدە ئۈچ كۈندە بېرىپ كېلەتتىكەن. «ئەنجان يولى - پەيزىۋات، شېكەر سۈيى - قەنت ناۋات» دېگەن ناخشا مۇشۇ يول ئۈچۈن ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

دادام ئەنجاندىن قازان، چىنە - چەينەك دېگەندەكلەرنى ئەكەپتىكەن. ئۇ مەزگىللەردە قىرغىزىستانغا بارىدىغان چېگرالار ئوچۇق بولۇپ، مامۇت توختى ئىسىملىك بىر كىشى يول باشلاپ ماڭاتتىكەن. ئەينى يىللاردا دادام بىزگە ئاكىسىنى ئىزدەپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قىرغىزىستان ۋە تاشكەنت شەھەرلىرىگە بېرىش جەريانىدا پويىزغا ئولتۇرغانلىق ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بىز بولساق پويىزنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ھەيران قالاتتۇق. سوۋېت - خىتاي ئوتتۇرىسىدا تۆمۈر يول ياسالغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغىچە توپا قونۇپ تۇرىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە سوۋېت - خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبىدىن، بۇ تۆمۈر يول يولغا قويۇلماي توختىتىپ قويۇلغان ئىكەن.

چوڭ دادام مۇھەممەتخان بىلەن مەن تۇغۇلغۇچە بولغان ئارىلىقتا خەت ئالاقىمىز بار ئىكەنتۇق. 1960 - يىللارغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان چېگرالار تاقالدى. دادام ماڭا: «ئەگەر ۋەزىيەت ياخشىلىنىپ قالسا، ئاكامنى بىر ئىزدەپ قويارسەن» دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. ئارىدىن سەل كەم 30 يىل ۋاقىت ئۆتۈپ، 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا چېگرالار قايتا ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن 1990 - يىللاردا ئۆزۈمگە پاسپورت ئىشلىتەلىدىم. ئاندىن مۇھەممەتخان چوڭ دادامنى ئىزدەپ، نەمەنگان، تاشكەنت ۋە ئوشقا باردىم. چوڭ دادام مۇھەممەتخاننى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى كۆپ ئىزدىدىم. ئۆزى ھايات بولمىسىمۇ، ئەمما ئائىلە، بالا - چاقىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالارمەن دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم. ئەمما تاپالمىدىم. ئەنجان يولى داۋاملىق خىتاي بىلەن رۇستىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كۈچنىڭ ئۆزئارا كۈچ تالىشىش كۈرەشلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ، بىردە ئېچىلىپ، بىردە تاقىلىپ تۇردى.

تارىخ يەنە تەكرارلاندى. 2016 - يىلدىن باشلاپ خىتاي ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، چېگرالارنى تاقىۋالدى. بىر ئىز - دېرىكنى ئالالمىغان چوڭ دادام مۇھەممەتخاندەك نەچچە مىليون كىشى ھازىر ۋەتەندە ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. ئۇيغۇرلار: «ئائىلەم قەيەردە؟» دېگەن سوئال ئاستىدا دۇنياغا خىتاب قىلدى. بۇ يىل خىتاي يەنە ئۇيغۇرلارنى ۋەتەنگە كېلىشكە ئۈندەيدىغان تەشۋىقاتلارنى قىلىپ، چاقىرىۋاتىدۇ. ئەمما ئەينى چاغدا ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن مۇھەممەتخان چوڭ دادام بىلەن ھازىرقى ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى بىزگە نۇرغۇنلىغان سوئاللارنى تاشلاپ بېرىدۇ.

چوڭ دادام مۇھەممەتخاننىڭ ئەنجان يولى بىلەن غەربىي تۈركىستان تەرەپلەرگە كېتىپ قېلىشى، دەل ئابدۇقادىر داموللام 1924 - يىلى قەستكە ئۇچرىغان، ۋەتىنىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن قاراڭغۇ ۋە داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان دەۋرلەرگە توغرا كەلگەن ئىكەن. دادامنىڭ يەنە بىر ئىنىسى 1926 - يىللىرىدىن كېيىن غۇلجا تەۋەسىگە چىقىپ كەتكەن بولۇپ،

شۇ يەردىكى ئىنقىلابلاردا شېھىت بولغان ئىكەنمىش. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالالمىغان ئىكەنمىز.

## 2 - ھېكايە: پولات تاۋلاش ۋە ئۇيغۇرلار

1958 - يىلى خىتايدا پولات تاۋلاش ھەرىكىتى قوزغالغان ئىدى. مەن ئۇ چاغدا 16 ياشتا ئىدىم. خىتاي: «پولات تاۋلاش مىقدارىنى 12 مىليون توننىغا يەتكۈزىمىز، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەدىن ئاشۇرۇۋېتىمىز» دېگەن شوئار بىلەن پولات تاۋلاش ھەرىكىتىنى باشلىدى. مەكتەپ مەيدانلىرى پولات - تۆمۈر ئېرىتىدىغان مەيدانلارغا ئۆزگەرتىلدى. مەكتەپلەردىمۇ ئوقۇغۇچىلار پولات ئېرىتىش گۇرۇپپىسى، كەشتىچىلىك گۇرۇپپىسى، ياغاچچىلىق گۇرۇپپىسى، شام چىقىرىش گۇرۇپپىسى دېگەن گۇرۇپپىلارغا بۆلۈۋېتىلدى، ھەممىدە قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان جەمئىيەت قۇرۇش ھەرىكىتى، پولات تاۋلاش بىلەن پاراللېل ھالەتتە ئېلىپ بېرىلاتتى. مەكتەپلەردە ھەم ئوقۇيتتۇق ھەم دەرستىن كېيىن شۇ ئىشلارنى قىلاتتۇق. مەن ياغاچچىلىق گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنگەن ئىدىم. ئەينى چاغلاردا قەشقەردە خىتاي نوپۇسى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، پۈتۈن قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئاران 2400 ئەتراپىدا ئىدى.

پولات تاۋلاش ۋەسۋەسىسى بىلەن، ھەتتا ھەممە ئائىلىلەردىكى قازان - چۆمۈچتىن كەتمەنگىچە ئېرىتىلىپ، پولات تاۋلاش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلاتتى. پۈتۈن دىققەت پولات تاۋلاشقىلا قارىتىلغان ئىدى. تاغدىن تۆمۈر رۇدىسى ئەكېلىپ بېرەتتى. بىز ناھايىتى ئاددىي ئەمما بەك مۇشەققەتلىك مەشغۇلاتلار بىلەن بۇ پولات تاۋلاش ھەرىكىتىگە قاتنىشاتتۇق. ئۇ قاباھەتلىك يىللاردا چېگرالار تاقالغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان خۇددى كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلغان قازانغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. خەلقىمىز خىتاينىڭ پىلانسىز ۋە قىممەتسىز ئېلىپ بېرىۋاتقان پولات تاۋلاش ھەرىكىتىنىڭ ئەرزان باھالىق قۇللىرى ئىدى. 1958 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ يېڭىسار ناھىيەسى قىزىلتاغ يېزىسىدىكى پولات تاۋلاش دولقۇنىدا، كۆمۈر ۋە رۇدا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن دادامغا 50 كە يېقىن ئېشەككە بېسىلغان كۆمۈر ۋە تۆمۈر رۇدىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىش سېلىقىنى ئارتقان ئىكەن. دادام قەشقەردىن يېڭىسارغىچە بولغان 200 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولدا كېچە ۋە كۈندۈز مېڭىپ، ئېشەكلەرنى ھەيدەپ بېرىپ كەپتىكەن. يېڭىساردىكى رۇدا يەتكۈزۈپ بېرىش ئورنىغا بارىدىغان يولدا ئۆلگەن ئېشەكلەرنىڭمۇ سانى يوق بولۇپ، پولات تاۋلاش ھەرىكىتى جەريانىدىكى ئېغىر ئەمگەك سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلارمۇ نۇرغۇن ئىدى.

## 3 - ھېكايە: ھاشار ئەمگىكىدىن جاق تويغان دادامنى ئەسلەيمەن

ئاتالمىش ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتىدە، ئائىلىمىز ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن. مەن ئاشۇ ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم. ئەقلىمنى تاپسام دادام ھاشار ئەمگىكىدە ئىشلەپ يۈرگەن ئىكەن. يەر ئىسلاھاتى ۋە ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتىدە، بارلىق ئۇيغۇر خەلقى خىتايلار تەرىپىدىن سىنىپي تەركىبكە ئايرىلدى. كەمبەغەل دېھقان، يالانما دېھقان، ئوتتۇرا دېھقان، تۆۋەن - ئوتتۇرا دېھقان، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان، باي - پومېشچىك، زومىگەر قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلغان ئۇيغۇرلار، مانا مۇشۇ ئائىلە كېلىپ چىقىش تەركىبى بويىچە ھەر خىل مۇئامىلىگە ئۇچرايتتى. كوپىراتسىيەلىشىش ھەرىكىتى جەريانىدا،

زومىگەر ۋە باي - پومىشچىكتىن قالسىلا، ھاللىق ۋە ئوتتۇرا دېھقان خىتاينىڭ نەزىرىدىكى كىشىلەر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن دادام ناھايىتى ئېغىر ھاشار ئەمگەكلىرىگە سېلىنغان ئىدى. ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسىنىڭ پەرزەنتلىرى داۋاملىق يەكلىنىشكە ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ سەۋەبتىن مەنمۇ يەكلىنىپ تۇراتتىم. ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئەينى چاغدىكى خوڭۋېيبىڭ (قىزىل قوغدىغۇچى)، مىنبىڭ (خەلق ئەسكىرى) دېگەندەكلەرگە قوبۇل قىلمايتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆستەڭ چاپىدىغان، كېسەك قۇيىدىغان، سىرتقى جايلارغا ئىشلەمچى قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىدىغان ئىشلارغا سالاتتى.

1959 - يىلى بىلەن 1960 - يىللىرىنىڭ ئارىسىدا دادام ئۆستەڭ چاپقىلى كېتىپ، ئۈچ يېرىم ئاي ئۆتكەندە ئاران ئۆيگە قايتىپ كېلەلىگەن ئىدى. بۇ قىش كۈنلىرى بولۇپ، دادام داق يەردە يېتىپ - قوپۇپ، توڭ مۇزلارنى چېپىپ ناھايىتى قاتتىق مەجبۇرىي ئەمگەكنى باشتىن كەچۈرگەن ئىدى. بۇ خىل ھاشار ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئۇيغۇرلارمۇ ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. ھەرقانداق ئەمگەك سىيلىقى، مەھەللىلەردىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىكى ئېغىر تاغارلارنى كۆتۈرىدىغان ئىشلار بولسىمۇ دادامنى چاقىراتتى. مەن دادامنىڭ تارتقان جاپالىرىغا چىداپ تۇرالماي، مەكتەپتىن يېنىپ چىقىپ دادامغا ياردەملەشمەكچى بولدۇم. ئەمما دادام: «بۇ جاپالارنى مەنلا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەي ئوغلۇم، سەن ئوقۇشۇڭنى ئوقۇ» دەپ ئۇنىمىغان ئىدى.

1964 - يىلى بولسا كېرەك. دادام مانا مۇشۇنداق ئېغىر ھاشار ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك سەۋەبىدىن ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ سەۋەبتىن ئائىلىمىزنى قامداش ئۈچۈن مەكتەپتىن قايتىپ چىقتىم. قوش ھەيدەيدىغان، يەر چاپىدىغان ئېغىر ھاشارلارغا مەنمۇ ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان بولۇش سۈپىتىم بىلەن كۆپ قاتناشقان ئىدىم. ئېسىمدىن چىقمايدىغان بىر ھاشار ئەمگىكىم شۇكى، كېيىنكى يىللاردا يېزىغا بىر تىراكتور پونكىتى ياساش ۋەزىپىسى چۈشكەن ئىكەن. باشقىلارغا ھەر كۈنلۈكى 300 دىن 400 گىچە خىش قۇيۇش ۋەزىپىسى بېرىلگەن بولسا، ماڭا ھەر كۈنلۈكىگە 700 دانە خىش قۇيۇش ۋەزىپىسى بېرىلگەن ئىدى. باشقىلار ئولتۇرسا بولاتتى. ئەمما، ماڭا: «سەن ئولتۇرماي ئىشلەيسەن» دېگەن بۇيرۇق بار ئىدى.

## 4 - ھېكايە: ئەۋلاد ۋە مىراس ھەققىدىكى ئويلىنىش

خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان ھەر خىل زۇلۇملىرى 1980 - يىللاردىن ئېتىبارەن يولغا قويغان ئاتالمىش «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى» بىلەن ئەۋجىگە چىقتى. بۇ ۋەھشىي ھەرىكەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى ئازلىتىشتا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. ئەۋلاد ۋە مىراس مەسىلىلىرى ھەققىدە ئويلىغان ۋاقتىمدا، ئانا تەرەپ تاغام مۇھەممەت غاپپارنىڭ نوپۇس ۋە پەرزەنت ئىشلىرىغا خېلى كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ھېكايە قىلماي تۇرالمايمەن.

ئېسىمدە قېلىشىچە، 1946 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، يەنى 1947 - يىلى بولسا كېرەك، تاغام قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ، مەدىكار بازىرىدىن دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشى ئۈچۈن بەشكېرەملىك قادىرئاخۇن دېگەن كىشىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. بۇ كىشى شۇ چاغلاردا 25 ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇ كىشى تاغامنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىپتۇ. تاغام

بۇ كىشىنىڭ ساۋاتلىق، قۇرئان ئوقۇشنى بىلىدىغان، ئەدەپ - ئەخلاقلىق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈرۈشتە قىلسا، ئۇ ئىلگىرى ئۆي - ئوچاقلىق بولغان، بىر بالىسى بار كىشى بولۇپ، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئايالىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن مەدىكار بازىرىغا كەلگەن ئىكەن.

بۇ مەزگىل دەل تاغامنىڭ زومۇرخان ئىسىملىك قىزى ئېرى بىلەن چىقىشالماي يامانلاپ كەلگەن، ئېرى تالىقىنى بېرىپ، تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت مەزگىلىنى توشقۇزغان ۋاقتى بولۇپ، تاغام قادىرئاخۇننى بالا قىلىۋېلىش، يەنى ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش نىيىتى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، ھەر ئىككى ياشنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ، ئۇلارغا بىر ئۆي بەرگەنىكەن. ھازىر ئۇلارنىڭ ئەۋلادى كۆپىيىپ، يۇرتىمىز سوللۇغ ۋە ئۈرۈمچىدە بولۇپ ئوتتۇزدىن ئارتۇق نوپۇسى بار. مانا بۇ بىر پاكىت. پەرزەنتلىك، بالىچاقىلىق بولۇش، مىراس ساھىبى بولۇش — ئاتا - ئانا، بوۋىلاردىن قالغان ئەھمىيەتلىك ئىشلاردۇر. «ئىنسان ھاياتىغا ئەھمىيەت بېرىش — بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم بۇرچىمىز ۋە ۋەزىپىمىز» دەيتتى تاغام. دادام رەھمەتلىكمۇ جان سانىنى كۆپەيتىش، مائارىپ، ئەدەپ - ئەخلاق، پەرزەنت تەربىيەسى، مال - مۈلۈك ۋە مىراس مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى.

## 5 - ھېكايە: مەھەللىنىڭ ئىمامى بولغان بوۋام ۋە كىتابلىرى

بىلىشىمچە، بوۋام، يەنى چوڭ داداممۇ خېلى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، مەھەللىمىزنىڭ ئىمام - خاتىپى بولغان ئىكەن. شۇڭا دادامنىمۇ ئوقۇتقان بولۇپ، دادامنىڭ ئوبدانلا قۇرئان ساۋاتى بار ئىدى. دادامنىڭ بوۋامدىن مىراس قالغان پارچە كىتابلىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ھەر دائىم ئوقۇپ بېرەتتى. قىش كۈنلىرى بىكار ۋاقىتلاردا يەنە زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «تاش - تاغلارنىڭمۇ ئىگىسى چىقار. زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ. تۆمۈر ئەشيالار گەپ قىلىدىغان زامان بولۇرمىش، ئىنسانلار ھاۋادا ئۇچارمىش!» دەپ، كىتابلاردا يېزىلغان مەزمۇنلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى.

يېشىل ۋاراقلىق، كۆن - خورۇم مۇقاۋىلىق، كۆكۈچ ھۆسنخەتلىك «سوپى ئاللا يار»، «گۈلىستان» دېگەندەك كىتابلىرى خېلى بار ئىدى. شۇلارنى كۆرۈپ، ۋاراقلاپ ئوقۇپ تۇراتتىم. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، يەنى 1966 -، 1967 - يىللىرىدا بولۇشى كېرەك، مەن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، مەجبۇرىي ھاشارغا كەتكەن چاغلاردا قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ، بۇ كىتابلارنى ئېلىپ چىقىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن ئىكەن. كېيىن كۆپ ھەسرەت چەكتىم. كاشكى، يوشۇرۇپ قويغان بولسامچۇ دەپ ئۆكۈندۈم. ئامال يوق پۇشايمان قىلدىم.

## 6 - ھېكايە: قاباھەتلىك ئاچارچىلىق يىللىرى

ھەممە نەرسە كوللېكتىپنىڭ بولۇپ، ھېچكىم ماۋۇ قوي مېنىڭ، ماۋۇ دەرەخ مېنىڭ دەيدىغان گەپ يوق ئىدى. ئۇ چاغدا ئەگەر ئۈستىڭىزدە ئوبدانراق بىر چاپان بولسا، «سالە چاپانىنى» دەپ سالدۇرۇۋېلىپ، كەمبەغەل بىرسىگە كىيدۈرۈپ قويىدىغان چاغ ئىدى. 1961 - يىلى سېپى يوق ئۆستىرىغا چارەك ناننى تېگىشىپ يېگەن ئىنسانلارنىمۇ كۆرگەن ئىدىم. 1957 - يىلى ئائىلىمىزدە 11 جان بار ئىدى. يەنى، ئاكام ئەر - ئايال ۋە ئۈچ بالىسى، ئاچام ئۈچ جان، يەنە بىر ئاچام، ھاماچام، مەن، دادام ۋە ئانام بار ئىدۇق. 1962 - يىلى ۋەزىيەت

ناچارلىشىپ، ئاچارچىلىق، مالىمانچىلىق باشلىنىپ، 1964 - يىلىغا كەلگەندە ئىككى نوپۇس، يەنى دادام بىلەن مەن قالدىم. شۇنىڭ بىلەن، مەندە ئەۋلاد، مىراس توغرىسىدا سوئال پەيدا بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، يەنى 10 - سىنىپتىكى ۋاقتىمدا مەكتەپتىن چىقىپ كېتىپ، ئوقۇشنى تاشلىدىم. بۇ مەزگىلدە: «مەن چوقۇم پەرزەنتلىك بولۇپ، ئائىلەمگە ۋارىسلىق قىلىپ، مىراس قالدۇرۇشۇم كېرەككەن» دەپ ئويلىدىم.

1957 - يىلى، مەن ياشىغان قىشلاق مەھەللىسىدە 170 تىن كۆپرەك نوپۇس بار بولۇپ، 1962 - يىلىغا كەلگەندە نوپۇس سانى 61 گە چۈشۈپ قالغان ئىكەن. كىشىلەر بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى خىتاي ئىشغالچىلىرى دەپ قارايدىكەن. خىتاي زۇلمىنىڭ ئەشەددىي زالىملىقىدىن بەزىلەر ئۆز يۇرتىنى تەرك قىلىپ غۇلجىغا كەتتى. يەنە بەزىلەر ئاپەت سەۋەبىدىن ئۆلدى. مېنىڭ ئائىلەم بۇنىڭ شاھىتى، مەن بۇلارغا شاھىت بولدۇم. قەھەتچىلىك مەزگىلىدە، بىر ئاچام ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن تۈگەپ كەتتى. ئىنشائاللاھ، جەننەتتە كۆرۈشۈش نېسىپ بولار. نۇرغۇن كىشىلەر ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن ئۆلدى. مەن شاھىت بولغان ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى يېزىشقا، ئەسلەشكە ۋىجدانىم چىدىمايدۇ. ئۇ مەزگىللەردە مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانىدىم. كەنتىمىزدىكى قادىر ھاجى دېگەن يوغان، ئۇستىخانلىق كىشى ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن قوناق مەدىكى يەپ، قورسىقى ئىششىپ كېتىپ ۋاپات بولدى. مۇنداق مىساللاردىن خېلى بار.

مەھەللىمىزدىكى يۇنۇس قازاخۇنۇمنىڭ بالىسى: «قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى» دەپ سېپى يوق پۇچۇق ئۇستىرىنى كۆتۈرۈپ كىرگەندە، دادام ئۇستىرىغا چارەك ناننى تېگىشكەن ئىدى. ئاچارچىلىق دەستىدىن قول - ئىلكىدە نېمە بولسا، شۇنى يەيدىغان نەرسىگە تېگىشىپ جان ساقلىغان كىشىلەرنى كۆرگەن ئىدىم. ئەزەلدىن جەمەتىمىزنىڭ جان سانى كۆپ بولۇپ، داۋاملىق كۆپىيىپ كەلگەن ئىدى. 1949 - يىلى خىتاي ۋەتىنىمىزگە باستۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، «يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە كېمەيتىش، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، كەمبەغەل دېھقانلارغا يەر تەقسىم قىلىپ بېرىش، كوپىراتىپ - كوممۇنا، ئېچىلىپ سايراش ھەرىكەتلىرى»دە دە ھەممە كىشىنى سايرىتىۋەتكەن ئىدى.

## 7 - ھېكايە: ھايات قايناملىرىم ئۆي سېلىشتىن باشلاندى

ئاچارچىلىق ۋە تۈرلۈك ئەگەشمە كېسەللىكلەر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئائىلىمىزدىكى 13 جاندىن پەقەت دادام بىلەن ئىككىمىزلا ھايات قالغاندىن كېيىن، قىيىنچىلىق ۋە ئاچارچىلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي، تۇرمۇش ۋە ھايات يولىغا مېڭىش ئۈچۈن مەكتەپتىن ئايرىلدىم. مەكتەپنى تاشلاپ، يېزا ھاياتىمنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاتا - ئانامدىن قالغان ئۆي - جايغا يەرلەشتىم. شۇنىڭدىن كېيىن، تۇنجى قىلغان ئىشىم ئازراق خىش قۇيۇپ، ئۆي ۋە باغنىڭ تاملىرىنى ياساش، قاشالاش ۋە رېمونت قىلىش بولدى. ئاشخانا ئۆينىڭ مورىسىنى قايتىدىن ياسىدىم. بىزنىڭ ئۆي 1954 - يىلى يۈز بەرگەن كەلكۈن ئاپىتىدە زىيانغا ئۇچراپ، سۇ ئاستىدا قالغان بولۇپ، ئېغىل - قوتان، باغ - ۋاران ۋە بەزى ئۆينىڭ تاملىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىدى. بەزى ئۆيلەرنىڭ تاملىرى پۇختا سېلىنغان ئىدى. تاملار قۇم - سېغىز ئارىلاشقان، سۇدا پىشۇرۇلغان لاي خىش ئىدى. ئۆي - ئىمارەتنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن لايىدا خىش قۇيۇپ تەييارلىق قىلدىم. خىش قۇيۇش جەريانىدا كاللامدا بىر سوئال پەيدا بولدى. بۇ

ھەقتە ئويلاندىم. يەنى، قانداق قىلىپ تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسى ئىدى. بۇ چاغدا، «مەن بولسام بىر لاي، قېلىپى بولسا قانۇن. جەمئىيەتلەر بىر خىشتۇر. شۇنداق ئويلاپ، لاينى تەييارلىغاندىن كېيىن، ئۇنى قېلىپقا تۆكۈپ، ئارتۇق كەلسە ئېلىۋېتىپ، كەم كەلسە تولۇقلاپ، خىش قىلىپ قۇيۇپ، قۇرۇتۇپ ئۆي - ئىمارەت سېلىش كېرەك» دەپ ئويلىدىم. ئاخىرى قارارىم شۇنداق بولدى. ئىشلىدىم. ئىشلەش جەريانىدا شۇلارنى ئويلىدىم: «جەمئىيەت قانۇنى ئېگىز - پەس، ھالال - ھارام ئايرىلاشقان، قالايمىقانچىلىق، ئەمما ئالالاھنىڭ قانۇنى بەرھەق. بۇنى چۈشەنگەن ئىنسان ئاز، بىلىمسىزلىك، خۇراپاتلىق ئېغىر، تەھلىل - تەپەككۇر يوق. ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ يوق ئىدى». شۇنىڭ بىلەن مەندە: «نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟» دېگەن سوئال پەيدا بولۇپ، بېشىمنى قايدۇردى. دائىم ئويلىناتتىم. بۇ ئارىلىقتا قايمۇقۇپمۇ قالدىم. نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، چىداش، سەۋر قىلىش، چارە تېپىش بىلەن مەشغۇل بولدۇم ۋە داۋاملىق ئىشلىدىم.

بۇ دەۋردە جەمئىيەت ئىشلىرى بەكمۇ قالايمىقان، ھەممە ئادەم جان كويىدا ئىدى. بىر كۈن بولسىمۇ ياشاش ئۈچۈن، قىممەتلىك نەرسىلەرنىمۇ جان بېقىشقا ئالماشتۇرۇشتىن باشقا چارە يوقتەك ھېس قىلدىم، ئەمەلىي ئەھۋال مۇشۇنداق ئىدى. مەن جەمئىيەتكە ماسلىشىش ۋە ئۆزۈمگە ئىگە چىقىپ ياشاشنى قارار قىلدىم، بۇ قارارىمنى داداممۇ توغرا تاپتى. شۇنىڭ بىلەن، 1965 - يىلى ئۆيلىنىپ، ئۆي - ئوچاقلىق بولدۇم. دادام شۇ يىلى ۋاپات بولۇپ، تېخىمۇ ھەسرەتتە قالدىم. يەنە چوڭقۇر ئويلاندىم. ئاخىرى ئۆز قولۇم بىلەن سالغان ئۆيۈممۇ پۈتتى. دېمەككى، مەن بىر تامچى، بىر سۇۋاقچى، بىر ئىنژېنېر بولۇش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق بىر ئۆي - ماكانغا ئېرىشكەن ئىدىم. مەن يەنە ھاياتنىڭ بىر دەرس ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدىم.

1958 - يىلدىن بۇرۇن ئوتتۇن - دەرەخلىرىمىز كۆپ بولغاچقا، ئۇلاغ - چارۋا ماللارغا كېسىپ بەرگەنىدۇق. جاڭگالدا ئوتۇنلار كۆپ بولغاچقا ئوتۇن قىسىنچىلىقىمىز يوق ئىدى. شۇڭا ئوتۇن - كۆمۈر چوغلىرى ئۆي ئىسسىتىشقا يېتەرلىك ئىدى. 1959 - يىلدىن كېيىن، خىتاي ئىشغالچىلىرىنىڭ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، پولات - تۆمۈر ئېرىتىش، كوممۇنا قۇرۇش، سىنىپىي كۈرەش دېگەنگە ئوخشاش ئىجتىمائىي سىياسىي ھەرىكەتلىرى، زۇلۇملىرى ھەممىنى ۋەيران قىلدى. يېزىپ تۈگەتكۈسىز ۋەيرانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ سەۋەبتىن كۆپ دەردمەن بولۇپ كەتتۇق.

## 8 - ھېكايە: ئۇنىۋېرساللىقتا تولغان 82 يىللىق ھاياتىم

1965 - يىلدىن كېيىن، رەسمىي ھالدا دېھقان بولۇپ ئىشلىدىم. ھاشار، مەدىكارلىق، مەجبۇرىي ئەمگەك دولقۇنى ئىچىدە كېچە - كۈندۈز ئىشلەش، مەجلىس، يىغىن، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، قىش پەسلىدىمۇ ئىشلەش، دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدۇق. ھەيران قالارلىق دېھقانچىلىق ئىشلىرى، يەنى قىش مەزگىلىدىمۇ توڭلىغان يەرلەرگە سۇ ئېچىش، پەسىلسىز زىرائەت تېرىش، داجەيدىن ئۆگىنىپ دېھقانچىلىق قىلىش، قۇرلاپ تېرىش... قاتارلىق قالايمىقان ئىشلارنى باشتىن كەچۈردۈم، بۇلارنى سۆزلەپ، يېزىپ تۈگىتەلمەيمەن. چۈنكى، بۇلارغا كۆپ شاھىت بولدۇم.

ئۆي سېلىشتىن باشلانغان ئۆز - ئۆزۈمنى ھۈنەر - كەسىپتە يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ

يولدا بۇ يىل 82 ياشقا ئۇلىشىپتىمەن. ھاياتىم ئۆي سېلىشتىن، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، تېبابەتچىلىك، يىڭنە بىلەن داۋالاش، فىزىيولوگىيە، دىن ۋە دىنىي تەربىقەتلەر ھەققىدە ئىزدىنىش قاتارلىق جەريانلارنى باشتىن كەچۈردى. «كوناشەھەرنىڭ دەردى» ناملىق تۆت قىسىملىق ئەسلىمە كىتابىمنى نەشر قىلدۇردۇم. «ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلار» ناملىق كىتابىمنىمۇ نەشرگە بېرىشكە تەييار قىلىپ قويدۇم. ئۇيغۇر دەۋاسىدا تۈركىيەدىكى نۇرغۇنلىغان نامايىشلارغا قاتناشتىم. رەجەپ تايىپ ئەردوغان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغىنىمدا، ساقچىلارنىڭ قوپاللىق قىلىشى بىلەن قولۇمنى سۇندۇرۇۋالدىم. بۇ مەسىلە سەۋەبىدىن ئۇيغۇر دەۋاسى ئىستانبۇلدا مېدىيالارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

## خاتىمە

ئاللاھ قۇرئاندا ئۆزىنىڭ «يەر يۈزىدە خەلىپە يارىتىدىغانلىقى»نى بايان قىلغان. بۇنى ھەممەيلەن بىلىمىز. لېكىن، بۇ توغرىدا چۈشەنچە، تەپەككۇر ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر بۇنى ئىزباسار دېسە، بەزىلەر ۋارىسلىق قىلغۇچى ئادەم، ھوقۇقدار دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر باشقا مەنىدىمۇ چۈشىنىدىكەن. بۇ ھەقتىكى قاراشلار ناھايىتى كۆپ. بۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ ئاساسى بولغان لۇغەت مەنىسىگە، سۆز يىلتىزىغا قاراش كېرەك، شۇ ئاساستا تەھلىل قىلىش لازىم.

مەن ئۇنى «مۇخالىپ» مەنىدە، يەنى «پىكىر قارشىلىقى، زىددىيەت، تەرەققىيات، ئەۋلاد، مىراس، مۇخالىپەتچى، ئۆكتىچى، قارشى چىققۇچى» دېگەن مەنىدە چۈشەندىم. يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلىپ كۆرۈش كېرەك. بۇ مېنىڭ ئۆز تەھلىلىم، بەلكىم باشقا مەنىلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن، توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر. مېنىڭ ھاياتىم بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، تەجرىبىلىرىم بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك.

دەرھەقىقەت، بىز ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە، ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ ھېكمىتىگە ئارىلىشالمايمىز. ئەمما بىز ئاللاھ بەرگەن ئەقلنى، ئىرادىنى ئىشلىتىپ، ئۆزىمىزگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىمىز. لېكىن، توغرىسىنى، ياخشىسىنى، مەنپەئەتلىكىنى قوللىنىمىز، ئەلۋەتتە. يول كۆرسەتكۈچى ئاللاھتۇر، ئىختىيارلىق بولسا بىزدە. يەنى تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ئەجىر قىلىش بىزدىن بولىدۇ، ئەلۋەتتە. قۇرئان كەرىمدىكى ئىنسان سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى بەش ئايىتى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

ۋەيرانچىلىقنىڭ ئاساسلىق جاۋابكارى – ئىشغالچى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى، قەرەللىك قوزغاپ تۇرغان ئىجتىمائىي - سىياسىي ھەرىكەتلىرى ئىدى.

دېمەك، ئىنسان ھاياتى نۇرغۇن ئەگرى - توقاي يوللارغا، تۈرلۈك سىناقلارغا دۇچ كېلىدىكەن. مېنىڭ بۇ يەردىكى چۈشەنچەم، ئاللاھ ئىنساننى ياراتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەقىل - ئىرادە بەرگەن بولغاچقا، ھەرقانداق ئىنسان ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەقىل - تەپەككۇرنى ئىشلىتىپ، ماددىي جەھەتتە پەرزەنت، مىراس ئىشلىرىنى ئويلىغاندىن باشقا، يەنە مەنىۋى ئىشلارنىمۇ، يەنى ئىنسان ھاياتى، تارىخنى ئويلىشى لازىم. يەنى، ئەۋلادتىن باشقا، مەنىۋى مىراس، تارىخنى، ئەجدادىنى بىلىشى، تارىخىي ئەسەر، يازما ئەسەر، ئىزباسارلىق نەمۇنە قالدۇرۇش، ئىجادكار بولۇش ئۈچۈن تىرىششى، غەيرەت قىلىشى، ئەقىل - تەپەككۇر قىلىشى كېرەك ئىكەن.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ ھايات تەجرىبەم بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇڭا پەرزەنتلىرىمىز توغرىسىدا مۇنداق قاراشنى كۆپرەك تەكىتلەيمەن: «كۆچەت تىكىپ، سۇ قۇيۇپ قوي، ئويۇن - تاماشاڭنى قوي! مەكتەپتە ئوقۇپ قوي! تىرىشىپ ئىشلەپ قوي! توغرا بولسۇن، ناتوغرا بولسۇن، ئىنسانلا بولسا، ئۆز خاتالىقىنى تۈزەتسۇن، ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولسۇن، ياخشى ئەۋلاد بولسۇن، يېتىشكەن ئادەم بولسۇن». خۇلاسە قىلغاندا، ئادەم ئاملىي بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇنى بىلىش كېرەك. ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغاندەك، پەرزەنت ۋە مىراس – ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ ئەۋزىلى، دەپ، سۆزۈمنى، بۇ ماقالەمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇردۇم.

*2024 - يىلى 13 - يانۋار، ئىستانبۇل.*

*بۇ ماقالىنى ئابدۇرېشىت نىياز تەھرىرلىدى.*

# ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خاتا ئىشلىتىلىۋاتقان كەلىمىلەر

گۈلشەن ئابدۇقادىر (سەھەر)

**مۇقەددىمە**

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خاتا ئىشلىتىلىۋاتقان كەلىمىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ۋاقتىمدا، تۆۋەندىكى ھېكايىنى سىلەرگە قايتا بىر قېتىم ئېيتىپ بەرمەي تۇرالمايمەن. بۇ ھېكايىنى مەن 2023 - يىلى سېنتەبىردە ئۆتكۈزۈلگەن «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە – 2023» پائالىيىتىدە لېكسىيە قىلىپ سۆزلىگەن ھەمدە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تېمىسى قىرغىنچىلىق ۋە جازا لاگېرى ئەدەبىياتى» ناملىق ماقالەمدىمۇ تىلغا ئالغان ئىدىم. ماقالەمنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبىدىن بۇ يەردىمۇ بىر قېتىم تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن.

بىر كۆزى كۆرمەس ئەما بىر كىشى نيۇ يوركتىكى مەشھۇر بىروكلىن كۆۋرۈكىدە يىللاردىن بۇيان تىلەمچىلىك قىلىدىكەن. ئەمما كىرىمى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىكەن. بىر كۈنى بىر ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ ۋە بىر كارتون تاختىغا بىرنېمىلەرنى يېزىپتۇ - دە، ئەما كىشىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. شۇندىن بۇيان بۇ ئەما كىشىنىڭ تەزگاھىغا پۇل تاشلايدىغانلارنىڭ سانى بارغانچە كۆپىيىپ، ئەما كىشى مەمنۇن بولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇنداقتا ئۇ ئايال بۇ تاختىغا نېمە دەپ يازغاندۇ؟ ئايال ئەسلىدىكى «كۆزۈم كۆرمەيدۇ»

دېگەن خەت يېزىلغان تاختىنىڭ ئورنىغا، «بۈگۈن ئىنتايىن گۈزەل بىر كۈن، ئەمما مەن كۆرەلمەيمەن» دېگەن كەلىمىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان ئىدى. نەتىجىدە بۇ كەلىمە بۇ ئەمما كىشىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن.

ئىشلىتىدىغان كەلىمىلىرىمىزنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، توغرا ئىشلەتكەن ۋاقتىمىزدا ئۇ بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم قىلسا، خاتا ئىشلەتكەن ۋاقتىمىزدا تەقدىرىمىزنى كاجلاشتۇرۇۋېتىشى ۋە دۇنيادىكى ئوبرازىمىزنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. خىتاي تەرىپىدىن قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، دۇنياغا ئۆزىمىزنىڭ قانچىلىك ۋە قانداق مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈش ۋە دۇنيا ئالدىدىكى ئوبرازىمىزنى شەكىللەندۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بەزىدە خاتا ئىشلىتىلگەن كەلىمىلىرىمىز بىزنىڭ مۇستەقىل ۋەتەن قۇرۇش ئارزۇيىمىزنىمۇ سۇغا چىلاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ يۈنىلىشىگە تەتۈر تاناسىپلىق گەپ - سۆز ۋە كەلىمىلەرنى ئىشلىتىشىمۇ بىزنى ياكى ئايىغى چىقماس مۇنازىرىلەرگە ياكى دۈشمىنىمىزنىڭ ئويۇنلىرىغا ۋە ياكى ۋەتەن قۇرۇش يولىدىكى پۇتلىكاشاڭلارغا مۇپتىلا قىلىشى مۇمكىن. مەن تۆۋەندە مەن كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا بايقىغان، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خاتا ئىشلىتىلىۋاتقان تۆت كەلىمە ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمەن. ئۇلار «تارانچى»، «تۈركىستان»، «ئاللاھنىڭ ئۆيى» ۋە «دىنىمىزنى ئەڭ يۈكسەك دىن قىلىش» دېگەن كەلىمىلەردىن ئىبارەت.

**ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خاتا ئىشلىتىلىۋاتقان كەلىمە – «تارانچى» كەلىمىسى**

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئىلى ۋادىسىدىكى ئاساسلىقى غۇلجا شەھىرى ۋە غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىنى تەشكىل قىلغان بۇ جۇغراپىيەدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار تارىختا باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن بېرىلگەن «تارانچى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان. «تارانچى» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭغار ئىستېلاسى دەۋرىدە كۆچمەن چارۋىچى موڭغۇللار، ئاساسلىقى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان غۇلجىدىكى ئۇيغۇرلارنى «تارانچى»، يەنى «بۇغدايچى»، «تېرىقچى» مەنىلىرىدە كېلىدىغان بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىغان. شۇندىن ئېتىبارەن، «تارانچى» كەلىمىسى دەسلەپتە جۇڭغارلار، ئاندىن رۇسلار، ئاندىن شىبە شىسەي ۋە ھازىر خىتاي تەرىپىدىن بىر مىللەتنى پارچىلاپ باشقۇرۇش ھىيلە - نەيرىڭىنىڭ كوزىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماقتا. تارانچى شېۋىسى، تارانچى دىيالېكتى ۋە تارانچى ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن رۇس تەتقىقاتچىلىرىمۇ ماقالىلەرنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر شۇملۇق پۇراپ تۇرىدۇ. يەنى، ئۇيغۇر مىللىتىنى بۆلۈپ، ئايرىم بىر «تارانچى» دېگەن مىللەتنى شەكىللەندۈرۈش ھىيلىسى پۇراپ تۇرىدۇ. ئىسمى «ئا. ف» دەپ تىلغا ئېلىنغان بىر رۇس يازغۇچىسىنىڭ شۇرا ژۇرنىلىنىڭ 1908 - يىللىق 16 - ، 17 - ۋە 18 - سانلىرىغا بېسىلغان ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ھەققىدىكى تارىخىي يازمىسى يېقىندا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ تور بېتىدە قايتا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، رۇس ئاپتورى ئا. ف نىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇ تارىخىي ماقالىدە تۆۋەندىكىدەك قۇرلارنى ئۇچرىتىمىز: «غۇلجا (ئىلى) سۇلتانلىقى ۋە تارانچىلار كىملەر؟ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تارانچى مىللىتىنىڭ قانداق ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكى ۋە ‹ئىلى› دەرياسى بويىدا مۇستەقىل غۇلجا

سۇلتانلىقى تەشكىل قىلغانلىقى ھەققىدە بولغان ئۇشبۇ تارىخ، ‹غۇلجا سۇلتانلىقى›نىڭ بىرىنچى سۇلتانى ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغلى بولغان مەرھۇم ئابدۇلباست تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ تونۇشلىرىغا سۆزلەپ بېرىلگەن. – ئا. ف.». دېمەك، يۇقىرىدىكى قۇرلاردا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئورنىغا قانداقتۇر «تارانچى» دېگەن بىر مىللەت سۈنئىي رەۋىشتە دەسستىلىشكە ئۇرۇنغان ۋە مىللەت سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، 1935 - يىلى 12 - ئاپرېلدا، شېڭ شىسەي ئۇيغۇر دىيارىدا مىللەتلەر قۇرۇلتىيى چاقىرغان بولۇپ، قۇرۇلتايدا، ئۇيغۇر دىيارىدىكى 13 مىللەتنى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، موڭغۇل، قازاق، خەنزۇ، تاجىك، قىرغىز، سولون، داغۇر، مانجۇ، شىبە، رۇس، تارانچى دەپ تىلغا ئالغان ۋە شۇ قۇرۇلتايدا «تارانچى» ئىسمىنى مىللەت سۈپىتىدە رەتكە تىزىپ تارانچى بىر مىللەت دەپ ئېلان قىلغان. 1944 - يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئاتالمىش «تارانچى» دېگەن بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئېلان قىلغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان مەزگىللەردىن بۇيان بىز يەنە «تارانچى كۈيلىرى» ۋە «تارانچى كۈلكىلىرى» دېگەن بىر ئىسىم بىلەن قارشىلىشىۋاتىمىز. تارانچى ئىسمى ئەسلى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئاران 3% نىمۇ تەشكىل قىلمايدىغان، پەقەت مۇستەملىكىچى جۇڭغارلارنىڭ غۇلجىدا بۇغداي تېرىيدىغان دېھقان ئۇيغۇرلارغا بەرگەن ئىسمى بولۇپ، تارانچىلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. قانداقتۇر «تارانچى كۈيلىرى» ۋە «تارانچى كۈلكىلىرى» دەيدىغان بىر ئىبارىنىڭ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشى، «ئۇيغۇر» كەلىمىسىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ۋە ئوتتۇرىدىن يوق قىلىشتىن ئىبارەت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەزىل سۇيىقەستى بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇرنىڭ كۈي - نەغمىلىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇرنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرىدۇر ۋە ئەلمىساقتىن شۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن.

### ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خاتا ئىشلىتىلىۋاتقان «تۈركىستان» ۋە «شەرقىي تۈركىستانلىقلار» كەلىمىسى

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خاتا قوللىنىلىۋاتقان يەنە بىر كەلىمە «تۈركىستان» ۋە «شەرقىي تۈركىستانلىقلار» كەلىمىسىدىن ئىبارەت. تۈركىستان كەلىمىسىنى ئۇيغۇر ۋەتىنى سۈپىتىدە كۆپرەك ئىشلىتىۋاتقان كىشىلەر تۈركىيەدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار بولۇپ، بىز داۋاملىق ھالدا تۈركىيەدە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىشلىرىدا: «ھەق ھوقۇق ئادالەت، تۈركىستانغا ھۆرىيەت» دېگەن شوئارنىڭ بەك كۆپ تووۋلانغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. ئۇنداقتا «تۈركىستان» دېگەن بۇ جۇغراپىيە زادى قەيەرلەرنى كۆرسىتىدۇ؟ بىر نەزەر سېلىپ باقايلى. تۈركىستان شەرقتە ئالتاي تاغلىرى، جەنۇبتا ھىندىقۇش كۇئېنلۇن تاغلىرى، شىمالدا ئارال ۋە بالقاش كۆللىرىدىن ھالقىپ قىرغىز يايلاقلىرىغا قەدەر سوزۇلغان، يەر مەيدانى 6 مىليون كىۋادرات كىلومېتىردىن كەڭ جۇغراپىيەگە تەۋە تارىخىي رايوننى كۆرسىتىدۇ. تۈركىستاننىڭ 2001 - يىلدىكى نوپۇسى 43 مىليون 210 مىڭ 802 بولغان.

تۈركىستان غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. تۈركىستان،

غەربىتە بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، قازاقىستاننىڭ ئاساسىي قىسمى، ئافغانىستاننىڭ بىر قىسمىنى؛ شەرقتە بولسا خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇرىستان ياكى ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نى كۆرسىتىدۇ. غەربىي تۈركىستاندىكى ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەر نۆۋەتتە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەتلەر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ھۆرىيەت تەلەپ قىلىپ، نامايىش مەيدانلىرىدا شوئار توۋلاپ بېرىشى مەنتىقىگە تازا چۈشمەيدۇ ھەمدە تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك جۇغراپىيە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى بولالمايدۇ ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. تۈركىستان جۇغراپىيەسىنىڭ شەرق تەرىپىدە ئۇيغۇرلار 1933 - ۋە 1944 - يىللىرى ئۇدا ئىككى قېتىم شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان. تۈركىستان كەلىمىسى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ؟ قاچاندىن بۇيان شۇنداق بولۇپ قالدى؟ كېلىپ چىقىش مەنبەسى زادى قانداق؟ بۇ بىلمەسلىكتىنمۇ ياكى قەستەنلىكتىنمۇ؟ غەلىتە ھالدىكى قەستەن ھارۋىنى ئېلىپ قېچىشمۇ؟ ياكى يوغان ئاياغ كىيىۋېلىشمۇ؟ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسمىنى «تۈركىستان» دەپ ئاتىغان ۋاقتىمىزدا، غەربىي تۈركىستاندا ھازىر مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ياشاۋاتقان باشقا تۈركىي قېرىنداشلىرىمىز بىز ئۇيغۇرلارغا قانداق بىر نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ؟ قانداق بىر كۆز بىلەن قارايدۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبرازى قانداق بىر مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ؟ «تۈركىستانغا ھۆرىيەت» ئىبارىسى ئارقىلىق بىز غەربىي تۈركىستانغا ۋە دۇنياغا قانداق بىر سىگنال بېرىمىز؟ بۇنداق بىر كەلىمىنى ئىشلىتىشنىڭ توغرا ۋە خاتالىقى، پايدىسى ۋە زىيىنى قانچىلىك؟ بۇ ھەقتە مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك دەپ قارايمەن. مېنىڭچە بولغاندا، «تۈركىستان» ۋە «تۈركىستانغا ھۆرىيەت» كەلىمىسىنىڭ ئارقىسىدا خۇددى تارانچى كەلىمىسىنىڭ زورلاپ تېڭىلغىنىغا ئوخشاشلا بىر شۇملۇق سوزۇلۇپ ياتقان بولۇپ، ئۇيغۇر كەلىمىسىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش، ئۇيغۇر كەلىمىسىگە سايە تاشلاش ۋە ئۇيغۇر كەلىمىسىنى يوق قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان مەلۇم گۇرۇھلارنىڭ ئۇيغۇر مىللىي قىرغىنچىلىقى ئېلىپ بېرىش پىلانى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەت نامىنى يوق قىلىش ھىيلىسىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قارايمەن. شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ئانا ۋەتىنىنىڭ نامىنىڭ قەستەن تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ تولىمۇ كەڭ جۇغراپىيەگە مەركەزلەشتۈرۈلۈشىنى، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «خىتاي چۈشى»نىڭ ئىچىدىكى «سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش» ھىيلىسى دەپ قارايمەن. بۇ، ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان قېرىنداش تۈركىي مىللەتلىرىنى ئۆزئارا ئايىغى چىقماس جېدەلگە سېلىپ قويۇشتىكى بىر تاكتىكا بولسا كېرەك. شۇڭا، تۈركىيەنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىش مەيدانلىرىدا «تۈركىستانغا ھۆرىيەت» كەلىمىسىنى ئىشلەتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بىز نۆۋەتتە يەنە مۇھاجىرەتتە شەرقىي تۈركىستان كەلىمىسى بىلەن يانداش ھالەتتە، «شەرقىي تۈركىستانلىقلار» دېگەن بىر كەلىمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. «شەرقىي تۈركىستانلىقلار» دېگەن بۇ كەلىمىنى كۆپ قوللىنىۋاتقانلار شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ياشلار قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ كەلىمىنى يەنە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خەۋەرلىرىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ خۇددى خىتاينىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن مۇستەملىكە ئىسمىغىمۇ يەنە

ئۆزلىرى رازى بولماي، ئۇيغۇر كەلىمىسىنى چىقىرىپ تاشلىۋېتىپ «شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتىغىنىدەك بىر ئىش. شەرقىي تۈركىستان ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ يېقىندا كانادا ئۇيغۇر مەسچىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن سايلام ھەققىدە يوللىغان تەبرىك خېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:



شەرقىي تۈركىستان ياشلار قۇرۇلتىيى
6 days ago ·

ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار،

2024. يىلى 5.ئاينىڭ 25. كۈنى كانادا ئۇيغۇرمەسچىتىنىڭ يېڭى رەئىس سايلىمى ئېلىپ بېرىلغانلىقى ۋە كانادادىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلارنىڭ دېموكراتىك شەكىلدە ئۆز رەئىسىنى سايلاپ چىققانلىقىدىن مەمنۇن بولدۇق.

سايلامدا غەلبە قىلغان دىلمۇرات بەگزاد ئەپەندىمنى سايلامدىكى غەلبىسى ئۈچۈن تەبرىكلەيمىز ۋە كۈرىشىمىز ئۈچۈن خەيرلىك بولىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. دىلمۇرات بەگزاد بەگ رەھبەرلىكىدىكى يېڭى ھەيئەت گۇرۇپپىسى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىدە ئىجابىي قەدەملەرگە ۋەسىلە بولىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.
2024-يىلى 5-ئاينىڭ 28-كۈنى

شەرقىي تۈركىستان ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ كانادا ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ سايلىمىنى تەبرىكلەپ يوللىغان يۇقىرىدىكى تەبرىك خېتىدىكى «كانادادىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلارنىڭ» دېگەن كەلىمە دىققىتىمنى تارتتى. جامەنىڭ ئىسمى ئۇيغۇر جامەسى. ئۇ خاس ھالدا كانادادىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلار ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ سېتىۋالغان جامەسى ۋە ئۇيغۇر ئۆيىدىن ئىبارەت. بۇ جامە ياكى ئۇيغۇر ئۆيىنىڭ ھەقلىق ئىگىسى تامامەن ئۇيغۇرلاردۇر. نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر دېگەن مىللەت نامىمىزنى ئىشلىتىشكە تىلىمىز كۆيىدىغان بولۇپ قالدى؟ «شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا خەيرلىك بولسۇن»، «شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ئۇنداق بولسۇن، بۇنداق بولسۇن» دېگەن ئۇزۇن - ئۇزۇن تىلەكلەرنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تېلېۋىزىيەسىنىڭ خەۋەرلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرىتىمىز.

«شەرقىي تۈركىستانلىقلار» دېگەن ۋاقتىمىزدا شەرقىي تۈركىستانلىق كىم؟ بۇ يەردە يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئۇيغۇر دېگەن نام ياكى كەلىمىدىن قېچىش مەۋجۇت بولۇپ، «شەرقىي تۈركىستانلىقلار» دېگەن بۇ كۆپلۈك ئىبارىسىدە شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان قىرغىز، قازاق، ئۆزبېك... قاتارلىق خىتاي تىلغا ئېلىۋاتقان ۋە تەكىتلەۋاتقان بارلىق 53 مىللەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر بۇنداق كېتىۋەرسە، «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ پەخىرلىك نامىمىز خۇددى دەريا ۋە ئۆستەڭلەرنىڭ گىرۋەكلىرىدە يىغىلىپ قالغان سامان، شاخ - شۇمبىلاردەك ياكى قازاندا سۇزگۈچ بىلەن سۇزۇپ ئېلىۋېتىشنى كۈتۈپ تۇرغان قىلىن ماي ئېقىندىلىرىدەك ئەھۋالغا دۇچار بولۇشى مۇمكىن. ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام ئۇنتۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يۇقىرىدا مەن تەكىتلەپ ئۆتكەنىدەك «تارانچى» دېگەن بىر مىللەت شەكىللىنىشى، «شەرقىي تۈركىستانلىقلار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كولىلېكتىپ مىللەتنىڭ يېڭى ۋەتىنى تەڭرى تاغلىرىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدە قۇرۇلۇشى، ئۇيغۇرلار ماناس دەرياسىنىڭ بويىدىن يەنە بىر قېتىم قايتىپ كەلگەنىدەك ئۈمىدسىزلىككە مۇپتىلا بولۇشى مۇمكىن. مەيلى «تۈركىستان» كەلىمىسى

بولسۇن ياكى «شەرقىي تۈركىستانلىقلار» كەلىمىسى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۇيغۇر كەلىمىسىگە سايە چۈشۈرۈپ قويۇشى، بىر تەرەپتىن، چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىك روھىنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى كۆرسەتسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ۋەتەن قۇرۇش يولىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ چەت ئەللەردىكى ئاممىۋى ئاساسىنى كۈچلەندۈرىدىغان مىللەتچى ئۇيغۇرلار قوشۇنىنىڭ كەملىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆتكەندە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»، «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلارنىڭ ئىسمىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» قانۇنى بولۇپ چىقىرىلىشىنى ئارزۇ قىلغان تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ خۇددى بىر مېغىزنى يۈزگە بۆلگەنلىك، بىر قاچا سۇيۇقئاشنى قانچە كۈن ئاچ - زارلىقتا قالغان باللىرىمىزغا بەرمەي، باشقىلارغا تارقىتىپ بەرگەندەك ئىش بولۇپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويالمىغان مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىنى قايتا قۇرۇشى تەسكە توختايدۇ. ئۆزگە تەۋە زېمىندىن ھالقىغان، ئۆز مىللىي مەنپەئەتىنىڭ پېشىدا بولمىغان، زېمىن ئاشقۇنلۇقى ۋە تەخىرسىز مىللىي مەنپەئەتلىرىنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلالماسلىق نادانلىقىغا مۇپتىلا بولغان، چېچىلاڭغۇ، پىرىنسىپسىز، نىزامنامىسىز مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىدە ئۆتمۈشتىكى ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلەر قايتا تەكرارلىنىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار دەۋا دائىرىمىزنى پەقەت 1 مىليون 828 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا مەركەزلەشتۈرەيلى. ھەرگىز 6 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا ئەمەس. بىز Google دىن ئىزدىگەن ۋاقتىمىزدا، ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇرىستان ياكى ھازىرقى خىتاي قويغان مۇستەملىكە نامدىكى «شىنجاڭ»دىكى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانىنى چىقىرىپ بېرىدۇ. بىز بۇ زېمىنىنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ۋەتىنى دېگەن ۋاقتىمىزدا، مەلۇم مەنىدىن «ئۇيغۇر ۋەتىنى» دېگەن بۇ نامدىن ۋاز كەچكەن بولىمىز، نۇرغۇنلىغان كۆچمەنلەرنى ئۆزىمىز چاقىرىپ كېلىمىز. ئۇيغۇرلار خىتاي يىللاردىن بېرى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدىن ئانچە جىق دەرس ئالمىغاندەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ. شۇنداقلا تۈركلىك، مۇسۇلمانلىق، مەنپەئەت دېگەن ئىبارىلەر ھەققىدە قاتتىق ئويلىنىش ئىچىدە تەپەككۇر قىلمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز.

## «ئاللاھنىڭ ئۆيى» كەلىمىسى بىلەن «ئۇيغۇر ئۆيى» كەلىمىسىنىڭ ئورۇنۇشۇپ قېلىشى

ئايەتۇل كۇرسى، يەنى بەقەرە سۈرىسىنىڭ 255 - ئايىتىدە ئاللاھ بىزگە ئۆزىنى تونۇشتۇرىدۇ. خۇددى بىز بىر ئىشقا ئىلتىماس قىلغان ۋاقتىمىزدا شۇ ئىش ئورۇنلىرىغا ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىمىزنى، قانداق ئىقتىدارلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى، قانداق بىر ئىنسان ئىكەنلىكىمىزنى تونۇشتۇرۇپ ئىنگلىزچە ئىسمى «Resume»، ئۇيغۇرچە ئىسمى تەرجىمھال دەپ ئاتىلىدىغان بىر نەرسە تاپشۇرغىنىمىزدەك، ئاللاھمۇ ئايەتۇل كۇرسى ئارقىلىق ئۆزىنى بىزگە تونۇشتۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئايەتۇل كۇرسىنى ئاللاھنىڭ بىر كىملىك باياناتنامىسى دەپ چۈشىنىمەن.

ئايەتۇل كۇرسى ئايىتىدە ئاللاھ بىزگە ئۆزىنىڭ كۇرسىنى، يەنى قانداق بىر زات ئىكەنلىكىنى ئاڭلىتىدۇ. ئاللاھ ئايەتۇل كۇرسىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ٱللَّهُ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْحَىُّ ٱلْقَيُّومُ ۚ لَا تَأْخُذُهُۥ سِنَةٌ وَلَا نَوْمٌ ۚ لَّهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ»

تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر.﴾ (سۈرە بەقەرە 255 - ئايەت، مۇھەممەد سالىھ تەرجىمىسى). ئاللاھنىڭ بىر كىملىك بايانانامىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئايەتۇل كۇرسى قۇرئاننىڭ جان تومۇرى دەپ قارىلىدۇ.

ئايەتۇل كۇرسىدا يەنە ئاللاھ ئۆزىنى، بارلىق تىرىكلىكنىڭ مەنبەسى ۋە ھايات بەرگەن ھايات، تاكى زور پارتلاش ياكى چوڭ پارتلاشتىن تارتىپ، ئاتوم ۋە ئاتومدىن كېيىنكى ئۇششاق پارچىلارغىچە بىلگەن ۋە ياراتقان ئىلاھ، مۇھتەشەم بىر تەجەللى ئىگىسى، كۆكلەر ۋە يەر زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ياراتقۇچىسى، ئالدىدا ۋە ئارقىدا، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بولغان ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ئىنسانلارنى قۇتقۇزغۇچىدۇر، دەپ تەرىپلەيدۇ. ئۇنداقتا مانا مۇشۇنداق ھەر نەرسىگە قادىر ياراتقۇچى بولغان ئاللاھ، خىتاي تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ، مەۋجۇت بولۇش بىلەن بولالماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق پەيتىدە ئىگراۋاتقان ئاجىز ۋە دۇنيانىڭ ياردىمىدىن ۋە نەزەرگە ئېلىشىدىن مۇستەسنا قىلىنىۋاتقان، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە تىرىپىرەن بولۇپ يۈرۈۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن ئۆزىگە ئۆي سېلىپ بېرىشنى يەنى يەنە بىر ئىسمى جامى ياكى مەسچىت دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاينى سېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلارمۇ؟ ۋە جەننەتكە كىرىشنىڭ شەرتى قىلارمۇ؟ ئەمما ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش، قانداق قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەشتىن تىرىشچانلىقلىرىغا قارىغاندا، ئاللاھنىڭ ئۆيىنى بەرپا قىلىپ، ئاللاھنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىپ جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن كۈرەشتىن تىرىشچانلىقلىرى بەك جىددىي ۋە تەخىرسىز ھالەتتە بولۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بىر مىللەتنى مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت قىلىپ تۇرىدىغان ئامىللار – تىلى، ئۆرپ - ئادىتى، مەدەنىيەت - سەنئىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىدىن ئىبارەت بولۇپ، دىن (بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى خاس بىر دىن ئەمەس، بەلكى بارلىق دىنلار) ئىنسانلار قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولسا شۇ دىن شۇ مىللەت ۋە خەلقنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. دىن ئامىلى بىلەن، مەدەنىيەت - سەنئەت ۋە ئۆرپ - ئادەت ئامىلى بىر مىللەتنىڭ ئوڭ ۋە سول ئىككى قولى بولۇپ، ھەر بىر قولنىڭ يوق بولۇشى ياكى بىرلا تەرەپنىڭ بەكلا تەكىتلىنىپ يەنە بىرىنىڭ مەنسىتىلمەسلىكى، رادىكاللىق، دىكتاتورلۇق ۋە جاھالەتكە باشلاپ بارىدۇ. مەسىلەن، تالىبانلار پەقەت دىنلا مەۋجۇت بولغان، باشقا نەرسىلەر ئىنكار قىلىنغان بىر دۆلەت قۇرۇشنى نىشان قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن دىكتاتور ۋە جاھالەتنىڭ مىسالى. ئەگەر پەقەت مەدەنىيەت - سەنئەتلا تەكىتلىنىپ ئىنسانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى چەكلىمىگە ئۇچرىغان چاغدىمۇ بۇنداق بىر جەمئىيەتنىڭ ئادالەت، ئەخلاق پىرىنسىپلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئەركىن ۋە دېموكراتىك، ھۆزۈر ئىچىدىكى بىر ۋەتەننى قۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ.

دىن بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى بۇ بىر چوڭ تېما. شۇڭا مەن بۇ تېمىغا كىرمەيمەن. مېنىڭ بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى بولىدىغىنىم، مۇھاجىرەتتىكى «ئاللاھنىڭ ئۆيى» بەرپا قىلىش ۋەسۋەسىسى، ئەمما بىز بەرپا قىلغان ئۇ ئۆينىڭ ئاللاھنىڭ ئۆيىگە ئوخشىماي،

«سىنىپى كۈرەش» مەيدانىغا ۋە ياكى جورجى ئورۋېللىنىڭ «1984» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان «نەپرەت كېچىسى» تەشكىللەيدىغان ئورۇنغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقى، ئاخىردا «ئۇيغۇر ئۆيى» كەلىمىسى بىلەن «ئۇيغۇر جامىسى» كەلىمىسىنىڭ ئورۇنشۇپ قېلىۋاتقانلىقى، شۇ ۋەجىدىن، ئۇيغۇر ئۆيى دېگۈچىلەر بىلەن ئۇيغۇر جامىسى دېگۈچىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن ختىلايدىكى سىنىپىي كۈرەشلەردىنمۇ بەتتەر خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. ئەمەلىيەتتە بۇ مەسىلىلەر ھەل قىلىش شۇنچە قىيىن بولغان مەسىلىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. بۇ پەقەتلا بىزنىڭ ئىدىيەيىمىزدىكى دوگمىلىق ۋە رادىكاللىق مەسىلىسى بولۇپ، دىن باھانىسىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ ئۆز قولىمىز بىلەن چەتكە قېقىلىشى، مەدەنىيەت - سەنئەت باھانىسىدە دىنىنىڭ ئۆز قولىمىز بىلەن چەتكە قېقىلىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان بىر ئىچكى توقۇنۇشنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئەگەر بۇ مەسىلە ئۇنۇملۇك ھەل قىلىنمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ختاي بۇ بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، بۇ سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۈستىگە ياغ چېچىش ئارقىلىق، ختاي جازا لاگېرلىرىنى تاقىغاندىن كېيىن، ئۆز - ئۆزىمىز بىلەن پىكىر - ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ جازا لاگېرىنى ئۆز قولىمىز بىلەن قۇرۇپ چىقىشىنىڭ ھازىرلىقىنى قىلىشى مۇمكىن.

دىن بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۈرك دىن ئالىملىرى ئىلاھىي بولغان نەرسە بىلەن ئىنسانىي بولغان نەرسىنىڭ بىرلىشىشى دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە، قەدىمىي ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزمۇ ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۆرپ - ئادەتلىرى بولمىغان بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنەلمەيدۇ ھەم كېلەچىكىمۇ بولمايدۇ. ئاللاھ دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيەتلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلىق قىلىپ ياراتقان بولۇپ، خۇددى ئىككى دېڭىزنىڭ سۈيى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمىگىنىگە ئوخشاش، بۇ ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيەتلەرمۇ بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمىگەن. خانلىيلۇن ئۆزگىچە خاسلىقى بىلەن ئۇيغۇر ئەنئەنىلىرى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇ ھەرگىز بىر تۈركنىڭ، بىر ئافرىقىلىقنىڭ ياكى بىر ئامېرىكىلىقنىڭ بولالمايدۇ. بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەنئەنىسى بار ئىدى. مەسىلەن، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كەنان ۋادىسى ۋە مىسىرنى مەركەز قىلغان بىر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بولسا ئەرەب يېرىم ئارىلىنى مەركەز قىلغان بىر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بار ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن ھەرگىز ئۆزى تەۋە بولغان ئەنئەنە، ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ئەگىشىمەن دېمىدى ۋە ياكى مەدەنىيەتنى ئىنكار قىلمىدى.

بىر دىنغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ بىدئەتلىك، ئۆزىنىڭ ئەنئەنە، ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنىڭ پەيغەمبىرى تەۋە بولغان ئەنئەنە، مەدەنىيەتلەرنى دىن ئورنىغا قويۇۋېلىش ياكى ئۆزى تەۋە بولغان ئەنئەنە، ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيەتلەرنى چەتكە قېقىش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ، دىندارلىقلا تەكىتلىنىشتۇر. پەقەتلا دىن ئادىمى بولۇپ ياشاش بىزنى كېلەچەكتىكى بىر تالىبان دۆلىتىگە باشلاپ بارىدۇ.

بۇ يىل ماي ئېيىدا مەن «ئۆزىمىز دۈشمەنلىشىپ قالساق قالايلىكى، ئۇيغۇر مەسچىتى بىلەن ئۇيغۇر ئۆيى كەلىمىسىنى دۈشمەنلەشتۈرۈپ قويمايلى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا

Facebook تا بىر ماقالە ئېلان قىلدىم. ئەگەر ئوقۇپ بېقىشنى خالايدىغانلار تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرۈپ باقساڭلار بولىدۇ.

https://www.facebook.com/gulshen.abdukadir.3/posts/pfbid0JcAfsoQ5JMXkBnECpSSqctpE5z997QivmZcqt5GNJoyap1tRDxMmUEBHhwaHyj8Al

نۆۋەتتە چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر جامى ياكى مەسچىتلىرى قانداق بولۇش كېرەك؟ ئۇيغۇر جامىسى پەقەت جامىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئۆيى، قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىنى ياشىنىتىدىغان سورۇن، چەشمەدۇر. ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆيى بولۇشتىن بۇرۇن، خىتاي تەرىپىدىن قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ يىغىلىدىغان، توپلىنىدىغان ھۇزۇر ئۆيى بولۇشى كېرەك. ئۇ ھەرگىز ئىشىغا يارىغاندا ئۇيغۇر ئۆيى، ئىشىغا يارىمىغاندا ئاللاھنىڭ ئۆيى دەيدىغان ئىككى بىسلىق كەلىمىلەر بىلەن ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىدىغان ئىماملارنىڭ بېزىكى ئەمەس.

ئەگەر نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار بەرپا قىلىۋاتقان جامىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى، كىملىكلىرى، مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنىلىرى، قىممەتلىك نەرسىلىرى، ئىستىقلال مارشلىرى بىلەن يۇغۇرۇلمىسا، خەلق بەرگەن سۆزلەش ھوقۇقى بىلەن سەھنىگە چىقىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاران ياشاۋاتقان خەلقىگە زەھەر، نەشتەر سانجىسا، ئۆزىنىڭ كىملەردۇر بىرلىرى بىلەن بولغان ئۆچ - ئاداۋىتىنى چىقىرىۋالىدىغان سورۇنى قىلىۋالسا، يېتەركى ئۇ يەرنىڭ ئىسمىنى ئاللاھنىڭ ئۆيى دېيىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرمەيلى.

ئىنكارنى قانداق پەردازلىساڭ پەردازلا، قىممىتى نۆل بولۇپ ھەقىقي ئىمان بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئىنسانلارغا لەقەم قويۇش، قالپاق كىيدۈرۈش، جامائەت ئىچىدىكى يۈز - ئابرۇينى كىچىكلىتىش، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇستەقىللىق كۈرىشى يولىدىكى پىداكارلىرىمىزنى ئابرۇيسىزلاندۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇل - ۋاستىلەر خىتاينىڭ ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارغا قوللىنىۋاتقان تاكتىكىلىرىدىن بىرى بولۇپ، خىتاي بۇ تاكتىكىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جامىلىرىمىزغا ئېلىپ كىرەلىدى، ياكى بىلىپ - بىلمەي ئۆزىمىز ئېلىپ كىردۇق. بەزى ئىماملىرىمىز بۇنىڭغا ئىشىك ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ، يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىۋاتىدۇ. ھەتتا ئۇلار بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ باش لىڭشىتىپ، كۆلۈمسىرەپ تەستىق سېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

ئەگەر جامى ياكى مەسچىتنى ئاللاھنىڭ ئۆيى دەپ قارىغان ۋاقتىمىزدا، ئىمان ئىجابىدۇر، ئىنكار سەلبىدۇر. ئىمان جامى، ئىنكار شەيتانلىق دېمەكتۇر . ئىجابىي بىلەن سەلبىي ھېسابلانغان ئىنكار چىقىشالامدۇ؟ ئىمان ئادىمىيلىكتۇر، ئىنكار شەيتانلىقتۇر. ئەگەر ئىمانىمىزنىڭ مۇستەھكەملىكىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان جامىلىرىمىزغا ئىنكار، يەنى شەيتان كىرگەن بولسا، بۇنىڭغا سۆزدە ئۆزىنى ئىمام دەۋالغان كىشىلەر باش لىڭشىتىپ ئىنكارنى تەستىقلاپ ئولتۇرۇپ بەرگەن بولسا، بۇ ئاللاھنىڭ ئۆيى دەۋاتقان بۇ دەرگاھ ئىسمى - جىسمىغا لايىق بولمىغان بىر جايغا ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ. ھازىر گوللاندىيەدە، فىنلاندىيەدە، ئامېرىكىدا ۋە كانادادا قۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر جامىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئۆيى كەلىمىسى قاتتىق ئۇرۇشۇپ قېلىۋاتقان بىر مەسىلە بولۇپ، دىن تەرەپدارلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇر جامىسىنى ئۇيغۇر ئۆيى دەپ سېلىش خۇددى خىتايدا ئۆيىدىن بىر جايناماز ياكى قۇرئان كەرىم ۋە ياكى ئاللاھ

كەلىمىسى چىقىپ قالسا تۇرمىگە ياكى لاگېرغا تاشلانغاندەك ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالغا باشلاپ بارىدىغان مەسىلە بولۇپ قالماقتا.

بىز سۆزدە ئاللاھنىڭ ئۆيى دەۋاتقان جايلىرىمىزنى باشقۇرۇش مەسىلىسىدە چېچىلاڭغۇلۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلماقتىمىز. ئۆزىمىز بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولمىغان، ئەمما بىز دەۋاتقان ئاللاھنىڭ ئۆيىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى ياردەملەردە بولغان خەلقىمىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر - تەكلىپلىرىنى جامغا ھاقارەت قىلغانلىق، جامىنى تانىسخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويماقچى بولغانلار دېگەندەك قالپاقلارنى كىيگۈزۈۋاتىمىز. خەلقىمىزگە قالپاق كىيگۈزۈشتە ختايدىن قېلىشمايۋاتىمىز. ھەتتا دۇنيادىكى ئەڭ خەتەرلىك بولغان تېررورلۇقنىڭ ئۇۋىلىرى بىلەن ئالاقە قىلىش ۋە پۇل ئەۋەتىش يوللىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دۆلەتلەردىكى ۋە خەلقئارادىكى ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈشتەك ئىنتايىن ئەخمىقانە ئىشلارغىمۇ تەۋەككۈل قىلىۋاتىمىز.

### ئىسلام دىنىنى يۈكسەك ياكى ئەزىز دىن قىلىش

ھازىر مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى غۇرۇر ۋە ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان بىر كەلىمە بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ «ئىسلام دىنىنى يۈكسەك دىن قىلىش» كەلىمىسىدىن ئىبارەت. ئۇنداقتا، نۆۋەتتە بۇ كەلىمە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىلىق كەلىمىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ئۆزىمىز ئېتىقاد قىلغان دىنىنى ئەڭ يۈكسەك دىن قىلىش شوئارى باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن قانداق بىر مەنىنى بېرىدۇ ۋە قانداق بىر تەسىر قوزغايدۇ؟ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشقا دىنلارغا قانداق بىر مۇئامىلىدە بولغان ئىدى؟ دىنىي ئۇرۇشلار ئاخىرلىشىپ، دۇنيا ختاي قاتارلىق بىرقانچە دىكتاتور دۆلەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، زامانىۋى، يېڭى، ئىلغار دېموكراتىك بىر دەۋرگە كىرىۋاتقان، ھەممە دىنلار باپباراۋەر دەپ قارىلىدىغان، دىنىي ئەركىنلىك ئاساسىي نىزام قىلىنىۋاتقان بىر دۇنيادا، ئۇيغۇرلار ئىشلىتىۋاتقان «ئىسلام دىنىنى ئەڭ يۈكسەك دىن» قىلىش شوئارى، مېنىڭچە بولغاندا، باشقا دىنلارغا جەڭ ئېلان قىلغاندەك بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ھىندىستاندا كالا ئۇلارنىڭ خۇداسى بولۇپ، كالىغا ئىبادەت قىلىش ئۇلارنىڭ دىنى ئۈچۈن ئەڭ يۈكسەك نۇقتا. ھىندىستاندا يۈقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ئولتۇرۇۋاتقان بىر كالىنى ئۇرۇپ قوغلىۋېتەلمەيسىز. ئەگەر بۇنداق قىلسىڭىز، ھىندىستان خەلقىنىڭ دىنىي قىممەتلىرىنى زېدىلەپ قويغان بولىسىز. بۇ خۇددى بىر قۇرئاننى كۆيدۈرۈش بىزنىڭ دىنىي قىممەتلىرىمىزنى زېدىلەپ قويغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. دىن تارىخىغا نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، ھېچقانداق بىر دىنىنىڭ يالغۇز دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيانى ئۆزگەرتەلمىگەنلىكىنى، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ۋە رەڭگارەڭ قىلىش ئۈچۈن دىن بىلەن ئىلىم - پەن بىرلىشىشى كېرەكلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا خرىستىيان دىنى مۇتلەق ئۈستۈن دىن دەپ قارىلىپ كەلگەن ئىدى. رىم چېركاۋى داۋاملىق ھالدا يەھۇدىيلار ئاللاھ تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن مىللەت دېگەننى كۆپ تەشۋىق قىلىپ تۇراتتى. يەھۇدىيلار دىنىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇنىمىغاندا زىيانكەشلىك قىلىشقا مەجبۇرلاندى. ئىسپانىيە كاتولىك كاھىنلىرى ئۆلۈم ياكى دىنىنى ئۆزگەرتىش بىلەن يەھۇدىيلارغا تەھدىت قىلدى ۋە كاتولىك دىنىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى كۆك تەڭرىگە

ئېتىقاد قىلىشتىن دىنىي ئېتىقادلىرىنى باشلىغان بولسا، مانىي، شامان، بۇددا قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشتىن تاكى ھازىرقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقىچە بولغان بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈردى. ھاكىمىيەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرمىدى، ئەمما دىنلار ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلدى. ئىسلام دىنىغا كىرمەسلىك ئۈچۈن بۇ دىننى رەت قىلىپ، بىر - بىرى بىلەن قانلىق ئۇرۇشلار ئېلىپ بېرىپ، قەشقەر، خوتەن سېپىللىرىنى قانغا بويىغان ئۇيغۇرلار، بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام دىنىنىڭ سادىق ئېتىقادچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرەش قىلماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى بىر خىل روھى كېسەللىك دەپ باستۇرۇپ كەلمەكتە.

بىز نۆۋەتتە دىندىن ھالقىغان بىر دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. دىنىي ئۇرۇشلارغا ئاساسەن خاتىمە بېرىلگەن بولۇپ، دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتى دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلۇۋاتقان بىر دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. شۇ ۋەجىدىن، ئوخشاش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمان دۆلەتلەر خىتاينىڭ قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈرۈشىگە سۈكۈت قىلىپ، فىرانسىيەدە قۇرئان كۆيدۈرۈلسە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كوچىلارغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ تۆكۈلۈۋاتىدۇ. پەلەستىن ئۈچۈن كوچىلارغا تۆكۈلۈپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا سۈكۈت قىلماقتا. قايسىدۇر بىر دىننى مۇتلەق ئۈستۈن دىن قىلىش ياكى قىلماسلىق مەسىلىسى ھەي ۋە قەييۇم بولغان ئاللاھنىڭ ئىشى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، ئۆز دىنىغا ئەركىن ئىبادەت قىلالايدىغان خاتىرجەم بىر جايغا ئېرىشىش ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش.

كاناداغا كېلىدىغان ئون مىڭ ئۇيغۇر كانادادا ئۆزىنىڭ دىنىنى ئەركىن - ئازادە ھالدا ھېچقانداق توسالغۇسىز ھالەتتە ئىجرا قىلالايدۇ، داۋاملاشتۇرالايدۇ، ساقلاپ قالالايدۇ. پەرزەنتلىرىنى ئىسلام دىنىدا تەربىيەلىيەلەيدۇ. ئەمما، ئىسلام دىنىنى باشقا دىنلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان، قانداقتۇر ئۈستۈن دىن قىلىمەن دېگەن مەقسەتتە بولالمايدۇ. چۈنكى، كانادا قانۇنلىرىغا ئاساسلانغاندا، كانادادا ھەممە دىنلار باپباراۋەر بولۇپ، ھېچقانداق بىر دىننىڭ ئۈستۈنلۈك تالىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. كانادانىڭ تورونتو شەھرىدە ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئىسلام مەركەزلىرى، جاملەر، جاملەردە ئاياللار ئايرىم ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇنلار، مەركەزلەردە تەسىس قىلىنغان ئىسلام دىنى مەكتەپلىرى بار بولۇپ، كانادا دىنىي ئەركىنلىك ۋە ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنغا تولۇق چىلىشىپ ياشاش ئارزۇسى بار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان دۆلىتىدىنمۇ بەتتەر ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. كانادا نوپۇسىنىڭ 67% ى خىرىستىيان، 3.2% ى مۇسۇلمان، 5% ى باشقا دىنلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كانادا نوپۇسىنىڭ 20% - 25% ى ھېچقانداق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدۇ. ئەگەر دىندا زورلاش يوق بولسا، ئۇنداقتا ئۈستۈنلۈك تالىشىشمۇ يوق.

2021 - يىلى كانادانىڭ تورونتو شەھرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، ئۆز يېنىدىن مەبلەغ چىقىرىپ 600 مىڭ كانادا دوللىرىدىن يۇقىرى قىممەتتىكى بىر زېمىننى سېتىۋېلىپ ئۇيغۇر جامىسى قىلدى. سېتىشقا چىقىرىلغىنى بىر چېركاۋ ئىدى. شۇ مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا بۇ ھەقتە ناھايىتى نۇرغۇن مۇنازىرىلەر، كۆز قاراشلار ۋە باھالار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار بىر چېركاۋنى جامىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىنىڭ خۇشاللىقىغا چۆمۈپ، غەلىبە تەنتەنىسى قىلىشىپ، خۇددى مىللىتىمىز ئۈچۈن ئامېرىكا پارلامېنتىدىن بىر خەيرلىك

قانۇن ماقۇللانغاندەك تەنتەنە قىلىشىپ كەتتى. ھەتتا خېلى دىنىي ئالىم - ئۆلىما دەپ قارىغان كىشىلىرىمىزمۇ ئۇچۇق - ئاشكارا ھالدا بىر چېركاۋنى بىر جامەگە ئايلاندۇرۇۋالدۇق دەپ تەنتەنە قىلدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ دىنلارنىڭ ئۆزئارا توخۇ سوقۇش سالدۇرغىنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مەسىلە بولۇپ، بۇ بىر دوڭكىخوتلۇق ئىدى. ئارىدىن 3 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، تورونتو ئۇيغۇر جامەسى ئۇيغۇر جامائىتىگە سەل يىراق بولۇپ قېلىشتەك سەۋەب تۈپەيلىدىن تازا ئاكتىپ خىزمەت قىلالمايۋاتىدۇ. بەلكىم كېلەچەكتە سېتىشقا چىقىرىلىشى، بەلكىم بۇ جامەنى بىر خىرىستىيان سېتىۋېلىپ چېركاۋ قىلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا خىرىستىيان دىنى غەلىبە قىلىپ ئىسلام دىنى مەغلۇپ بولغان بولامدۇ؟ ئەمدى بىز تورونتو ئۇيغۇر جامەسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا كەلگەن سابىق چېركاۋنىڭ سابىق رەئىسىنىڭ مۇراسىمدا قىلغان سۆزىگە قاراپ باقايلى.

سابىق چېركاۋ رەئىسى ئۇيغۇر جامەسىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇننىڭ يەنە بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇنغا ئۆزگەرگەنلىكىدىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيەدىكى بىر جۈملە سۆز بولۇپ، باشقا دىنغا ۋە شۇ دىننىڭ مەنسۇپلىرىغا بولغان يۇقىرى دەرىجىدىكى ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام ئىدى. ئىنسانلار ۋە مىللەتلەر مانا مۇشۇنداق ئۆزىدىن بولمىغان مىللەت - خەلقلەرگە ۋە دىنلارغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندە، ئاندىن دۇنيادىنمۇ ئوخشاش ئەكس سادا قايتىپ كېلەتتى. خىتاي تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان، مەۋجۇت بولۇش بىلەن يوق بولۇشتىن ئىبارەت ئېغىر بىر كۈندە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئوخشىمىغان كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر ۋە كۆپ خىل دىنلار بىلەن، ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن بىللە ياشاشنى ۋە دىپلوماتىك سۆز قىلىشنى ئۆگىنىشى كېرەك.

**خاتىمە**

خاتا ئىشلىتىلىۋاتقان ئىبارىلەر ياكى كەلىمىلەر بىزنىڭ ۋەتەن قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ باغچىمىزدىكى ياۋايى ئوت - چۆپلەرگە ئوخشايدۇ. بىز داۋاملىق بۇ ياۋايى ئوت - چۆپلەرنى قىرقىپ تازىلاپ تۇرغان ۋاقتىمىزدا گۈزەل بىر باغچىغا ئېرىشكىنىمىزدەك، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدىكى خاتا كەلىمىلەرگە نىسبەتەن سەزگۈر بولغان، تازىلاپ تۇرغان ۋە تەپەككۇر قىلغان ۋاقتىمىزدا دۇنيادىكى يۈز ئابرۇيلۇق، كۈچلۈك بىر مىللەتكە ئايلىنالايمىز. «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە – 2023»تە مەن كۆپچىلىككە بامبۇكنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم. مەن ئاللاھنىڭ بىر مۆجىزىسى بامبۇكقا ئىنچىل ھالدا ھەيران قالىمەن. ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئەجىر، سەۋر، ئۈمىد ۋە ئىشەنچىنىڭ مەھسۇلى بولغان بامبۇكتىن ئۆگىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بامبۇكنى ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن بىر تەبىئەت ئايىتى دەپ قارايمەن. مەن 2022 - يىلدىن ئېتىبارەن ھەر يىلى ئىستانبۇلغا كېلىۋاتىمەن. مەن بۇ جەرياندا ھەر قايسى ۋاتىسئاپ گۇرۇپپىلىرىدا ۋە يىغىلىشلاردا قۇرئان كۇرسلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى، دىنىي ئۇستازلارنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى، دىندىن باشقا نەرسىگە قارايدىغانغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئانچە چولىسىنىڭ يوقلۇقىنى، تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان، يول يۈرگەندىمۇ تىڭشىغۇچ بىلەن دىنىي دەرس ئاڭلاپ كېتىۋاتقان ناھايىتى نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى ئۇچراتتىم. ئەلۋەتتە، بۇ ناھايىتى

ياخشى بىر ئىش. بىر مىللەت ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنغا مانا مۇشۇنداق مەھكەم ئېسىلىشى كېرەك. ئەمما، مەن كۆپچىلىككە تارىخ جەھەتتە ھازىر قولىمىزدا بار بولغان قۇرئاندىنمۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان، ھەتتا چوڭ پارتلاش (Big Bang) قىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقلارغا تۇتىشىدىغان مۇھتەشەم تەبىئەت قۇرئانىنىمۇ ئۆگىنىپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئاللاھ قۇرئاندا (يەنى ئەنكە بۇت سۈرىسى 20 - ئايەتتە) ئىنسانلارغا دۇنيانى كەز، ئايلان، دۇنيانىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىنى كۆر دەپ ئەمىر ۋە بۇيرۇق قىلىدۇ. شۇنداق، دۇنيانى، ھېچ بولمىسا ئىستانبۇلنى كېزىڭ، ئايلىنىڭ، تەبىئەت قۇرئانىغا دەردلىرىڭىزنى تۆكۈڭ، تەبىئەت قۇرئانى سىزگە ئەقىل بېرىدۇ، زېھنىڭىزنى ئاچىدۇ، سىزدە بار بولغان ئۈمىدسىزلىك، روھىي چۈشكۈنلۈككە ئوخشايدىغان ھەرقانداق بىر سەلبىي نەرسىنى سىزدىن ئېلىۋېلىپ، سىزگە ساپلىق، روھىي ئوزۇق، ئەقىل ۋە قايتىدىن تۇغۇلۇش بېرىدۇ. ئەسلىدىنلا تەبىئەتنىڭ ماھىيىتى كاربون تۆت ئوكسىدىنى سۈمۈرۈۋېلىپ بىزگە ئوكسىگېن، يەنى ساپ ھاۋا بېرىش ئەمەسمىدى؟ «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە – 2023»تە مەن كۆپچىلىككە، بولۇپمۇ ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلارغا ھەر بىر كىشىنىڭ، خىتاي يۈرگۈزۈۋاتقان بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە ئۆز كەچمىشلىرىنى بىر قىرغىنچىلىق ھېكايىسى سۈپىتىدە يېزىپ چىقىشنى ۋە مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە دۇنياغا سۇنۇش تەۋسىيەسىدە بولغان ئىدىم. تەبىئەت قۇرئانىغا ئېسىلىڭ، تەبىئەت قۇرئانىنىڭ تەسۋىسىنى سىيرىڭ، تەبىئەتكە دەردلىرىڭىزنى تۆكۈڭ. تەبىئەت قۇرئانى سىزگە جاۋاب قايتۇرىدۇ. خۇددى «يېرىلىڭ تاشىم» چۆچكىدەك. بىر تەرەپتىن، تەبىئەت ئانىغا، تەبىئەت يېرىلىڭ تېشىمغا دەردلىرىڭىزنى تۆكۈڭ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تېلېفونىڭىزنىڭ ئاۋاز ئالغۇچىسى ئارقىلىق ئاۋازغا ئېلىپ ساقلاپ قويۇڭ، ئۆيىڭىزگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى قايتا ئاڭلاپ يېزىپ چىقىڭ. تاما - تاما كۆل بولۇر. ئۇيغۇرلار 21 - ئەسىردە بېشىدىن كەچۈرگەن، دۇنيا تاماشا كۆرۈپ قاراپ تۇرغان قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتى مانا مۇشۇنداق شەكىللىنىدۇ. بۇ يول بىلەن بىز دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مىللەتكە ئايلىنالايمىز. بىر كۈنى ھېكايىلىرىمىز دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق كىنو - فىلىملىرىغا ئايلىنىدۇ. دۇنيا خەلقلىرى ئالدىدا بىز چاقنىغان يۇلتۇزغا ئايلىنىمىز. دۇنيا خەلقلىرى سىلەر نېمىدېگەن قەيسەر مىللەتسىلەر دەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. ئاندىن يەنە ئاللاھمۇ تەسىرلىنىپ، جەننىتى فىردەۋسلەرنىڭ ئىشىكىنى بىزگە داغدام ئېچىۋېتىدۇ. قېنى، ئۇنداقتا بىر تەرەپتىن تەبىئەت قۇرئانىغا مەھكەم ئېسىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن قىرغىنچىلىق ھېكايىمىزنى قەغەزلەرگە تۆكۈشكە باشلايلى.

ئىلاۋە: 2024 - يىلى ماي ئېيىدا تورونتو ئۇيغۇر جامىسىدا، جامى دېمەك ئاللاھنىڭ ئۆيى دېمەك كەلىمىسىگە ھېچ ياراشمايدىغان، ئاللاھنىڭ ئۆيىنى غەيۋەت شىكايەتخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان مۇنداق ئىككى مەسىلە سادىر بولۇپ ئۆتتى.

بۇنىڭ بىرى، ئەزەلدىن ئۇيغۇر دەۋاسى يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتقان كىشىلىرىمىزنى ۋە تەشكىلاتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىش، ئۇلارغا لەقەم قويۇش، ئۇلارنىڭ ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇرۇش، قىممەتسىز ۋە قەدىرسىزلەندۈرۈش مەقسىتىدە تەشۋىقاتلار ئېلىپ بېرىۋاتقان ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بۇ جامىغا كېلىپ، سورالغان سوئاللار باھانىسىدە، ئۆزىنىڭ بۇ ئىنكار ۋە باشقىلارغا لەقەم قويۇش، باشقىلارنى مەنسىتمەسلىكتىن ئىبارەت كىبىر ۋە ئىتتىپاقسىزلىققا

سەۋەب بولىدىغان مېتودىنى ئاقلاشقا ۋە توغرىغا چىقىرىشقا تىرىشتى. بۇ جامىنىڭ ئىمامى ھەم بۇ خىل شەيتانى قىلمىشنىڭ نەق مەيدانىدا، ئىنكار ۋە سەپسەتىنى تەستىقلاپ باش لىڭشىتىپ ۋە كۆلۈمسىرەپ ئولتۇرۇشۇپ بەردى. بۇنىڭغا ئائىت ۋىدىيونى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىن تاپالايسىلەر.

يەنە بىرى، 2024 - يىلى 25 - ماي كۈنى كانادا ئۇيغۇر مەسچىتىدە ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ رەئىسىنى سايلاش سايلىمىدا، ئۇيغۇر ھەقلىرىنى قوغداش تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى مەمەت توختى ئەپەندىمنىڭ ئۆزلىرىنى يېڭى رەئىسلىك نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەن ئىككى رەئىس نامزاتىدىن سورىغان «ئەگەر سىلەر رەئىس بولغان مۇددەت ئىچىدە، بۇ جامىدا بۇ ئاللاھنىڭ ئۆيىدە ئادەم ھاقارەتلەيدىغان سورۇنلارنىڭ بولۇشىغا يەنە رۇخسەت قىلامسىلەر؟» دېگەن ئاددىي سوئالى سەۋەبلىك، مەمەت توختى ئەپەندىمنىڭ سوئال سورىشى قوپاللىق بىلەن مەلۇم گۇرۇھ بولۇۋالغان كىشىلەر تەرىپىدىن رەت قىلىندى ۋە مەمەت توختىدىن مىكروفوننى تارتىۋېلىش ۋە ئۇرۇشقا تەمشىلىشتەك بىر سوغۇق سۈركىلىش يۈز بېرىپ ئۆتتى.

يەنە شۇنداقلا، بىز بەرپا قىلغان جامىلىرىمىزگە ئىستىقلال مارشلىرىمىز كىرەلمەيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار بىزنى ئويلاندۇرىدىغان ۋە ۋەتەن قۇرۇشتىن بۇرۇن ھەل قىلىدىغان مەسىلىلىرىمىز قاتارىدا تۇرماقتا.

*2024 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، كانادا تورونتو شەھىرى*

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

35

# ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان رەقەملىك ئېزىش

قەيسەر سېيىت
(CISSP, GSEC)
Washington, DC, USA

**باش سۆز**

بۇ ماقالىدە ئۇيغۇرلار ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خىتاينىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك رەقەملىك ئېزىشى، بولۇپمۇ ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە قارىتىلغان رەقەملىك ئېزىش ھەرىكىتى قىسقىچە تەھلىل قىلىنىدۇ.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان رەقەملىك نازارەت قىلىشى ۋە ئۇلارغا قارىتىلغان تور ھۇجۇملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسىي كىملىكى، مەخپىيەتلىكى ۋە پىكىر ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ روھىي ساغلاملىقىغىمۇ ئېغىر دەرىجىدە زەربىگە ئۇچراپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق نىشان ئۈچۈن ئۇيۇشۇشىغىمۇ زور توسقۇنلۇق ئېلىپ كەلمەكتە. خىتاينىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەر تىپتىكى سايبېر ئۇرۇشلىرى (cyberwarfare) نىڭ ئاساسلىق قوراللىرى بولسا، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا قالايمىقانلىق چىقىرىش، خاكلاش (hacking)، رەقەملىك جاسۇسلۇق قاتارلىقلار بولۇپ، نەتىجىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كەڭ كۆلەملىك تۇراقسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بۇ خىل تۇراقسىزلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىي قۇرۇلمىسىغىمۇ چوڭقۇر سىڭىپ كىرمەكتە.

بۇ ماقالىدە، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سايبېر ئۇرۇشى (cyberwarfare) نىڭ تۆۋەندىكى ئىككى تۈرى مەركەزلىك ھالدا تەھلىل قىلىنىدۇ.

1. رەقەملىك ئىزلاش ۋە نازارەت قىلىش. خەلقئارالىق دوكلاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىنتايىن مۇكەممەل ۋە ئۈنۈملۈك بولغان رەقەملىك ئىزلاش ۋە كۆزىتىش تېخنىكىسى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى رەقەملىك بىر بوشلۇقتا ئىسكەنجىگە ئالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس ياسىغان يۇمشاق دېتاللىرىنى شەخسىي ئۈسكۈنىلەرگە مەجبۇرىي قاچىلاش، كوچا ۋە شەخسىي بوشلۇقلاردا سىنئالغۇلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تېلېفون ئالاقە، ئىجتىمائىي سۇپىلاردىكى ھەرىكەتلەرنى كۆزىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانغان. ۋەتەن سىرتىدا بولسا، ئالدامچىلىق سۇپىسى ۋە ئىز قوغلاش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن كۆزىتىش ئېلىپ بارغان.

2. خاكلاش ۋە تور جاسۇسلۇقى. بۇ خىل ئۇسۇل ئاساسلىقى ۋەتەن سىرتىدىكى شەخسلەر، پائالىيەتچىلەر، تەشكىلات خادىملىرىغا قارىتىلغان. شۇ نەرسە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، بۇ خىل ئۇسۇل ھەرقانداق ئۇيغۇرغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر بولۇش سالاھىيىتى خىتاينىڭ نىشانى بولۇشقا يېتەرلىك. بۇ خىل ھۇجۇم شەخسىي ئۈسكۈنىلەرگە بۆسۈپ كىرىپ، شەخسىي ئۇچۇرلارنى ئوغرىلاش، يوشۇرۇن تىڭشاش، يوشۇرۇن كۆرۈش، ئورۇننى ئىزلاش، باشقىلار ئۈستىدىن جاسۇسلۇق قىلىش قاتارلىقلارنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ.

### ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان قوراللار، ئۇسۇللار ۋە تېخنىكىلار

گەرچە ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان قوراللار ۋە تېخنىكىلار كۆپ خىل بولسىمۇ، بىز بۇ ماقالىدە ئاساسلىق بولغان ئىككى خىلنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

### «قۇدۇقنى بۇلغاش» ھۇجۇمى (Watering hole attack)

«قۇدۇقنى بۇلغاش» ھۇجۇمى بولسا بىر خىل سايبىر ھۇجۇمى (cyber attack) بولۇپ، بۇ خىل ھۇجۇمدا مەلۇم بىر گۇرۇپپىغا تەۋە ياكى ئورتاق مەنپەئەتلىك بىر توپ كىشىلەرنىڭ زىيارەت قىلىش مەنبەسى بولغان مەركىزىي تور بېتىنى زەھەرلەش ئارقىلىق ياكى ھۇجۇم قىلىپ قولغا چۈشۈرۈش ئارقىلىق تور بېتىگە زەھەرلىك پروگراممىلارنى يوشۇرىدۇ ۋە قاچىلايدۇ. بۇ تور بېتىنى زىيارەت قىلغان كىشىلەرنىڭ كومپيۇتېرى ياكى يانفونى يوشۇرۇنغان پروگراممىا بىلەن زەھەرلىنىدۇ ۋە زەھەرلىگۈچى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي كونترول قىلىنىدۇ. بۇ خىل ھۇجۇمنىڭ مەقسىتى، ھەر بىر كىشىنى ئايرىم - ئايرىم زەھەرلەشنىڭ ئورنىغا ھەممە كىشى سۇ ئىچىدىغان قۇدۇقنى زەھەرلەش ئارقىلىق قۇدۇقتىن سۇ ئىچكەن ھەربىر كىشىنى زەھەرلەشنى كۆزلەيدۇ.

بۇ خىل ھۇجۇم، ئورتاقلىققا ئىگە بولغان بىر گۇرۇپپا كىشىلەر ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان، مەشھۇر بولغان ياكى ئۇچۇر ئىگىلەيدىغان تور بېتىنى نىشان قىلغان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ كومپيۇتېرى ياكى يانفونى زەھەرلەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى ئۇچۇرلار ئوغرىلىنىدۇ، تېلېفون سۆزلەنمىلىرى تىڭشىلىدۇ، ھەتتا سىنئالغۇلىرى ئېچىلىپ شەخسىي تۇرمۇشلار كۆزىتىلىدۇ.

تېخنىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، تۆۋەندىكى ئۇيغۇر تور بەتلىرى «قۇدۇقنى

زەھەرلـەش» ھۇجۇمغـا ئۇچرىغـان:

| تەشكىلات ئىسمى | تور بېتى ئادرېسى | زەھەرلەنگەن تور ھۆججەتلىرى |
|---|---|---|
| Uyghur Academy | www.akademiye.org | Main Index<br>/ug/wp-content/themes/goodnews/js/custom.js?ver=1.0/ug/wp-content/themes/goodnews/js/Jplayer.html (iFrame) |
| Turkistantimes | turkistantimes.com | Directly on select pages such as:<br>/en/news-10597.html<br>/m/news-10500.html |
| Uighur Times (English) | uighurtimes.com | Main Index |
| Uighur Times (Chinese) | weiwuer.com | Main Index |
| Uighur Times (Uyghur) | iuyghur.com | Main Index |
| Istiqlal Haber | istiqlalhaber.com | /js/jquery. easing.1.3. js |
| Turkistan Press | turkistanpress.com | /js/jquery. easing.1.3. js |
| Turkistan TV | turkistantv.com | /js/lightbox/css/lightbox.html (iFrame) |
| East Turkistan Education and Solidarity Association (ETESA) | maarip.org | Main index pages for English and Uyghur versions of the website |
| World Uyghurs Writers Union | wetinim.com | Main Index |
| Istiqlal TV | istiqlal.net | Main index |

مەنبەسى:

https://www.volexity.com/blog/2019/09/02/digital-crackdown-large-scale-surveillance-and-exploitation-of-uyghurs/

يۇقىرىدىكى جەدۋەلدىكىسى ئۇيغۇرلار كۆپ زىيارەت قىلىدىغان ئاساسلىق تور بەتلەر بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا ئائىت خەۋەرلەر، ئۇچۇرلار، تەرەققىياتلار، مەدەنىيەت - مائارىپ بىلىملىرى ۋە باشقا تېپتىكى نۇرغۇنلىغان ئۇچۇرلار تارقىتىلىدۇ. بۇ تور بەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەخسىي ئىقتىسادى ياكى ئىنتايىن چەكلىك بولغان جامائەتتىن كەلگەن ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل ئىقتىسادىي ئاجىزلىق تەشكىلاتلارنىڭ تور بېتىگە قارىتىلغان تور ھۇجۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، چەكلەش ۋە توسۇش جەھەتتە زور بوشلۇقلارنى پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە، تور بېتىنىڭ زەھەرلىنىشى بىلەن تەڭ، كەڭ تور ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۈسكۈنىلىرىمۇ زەھەرلىنىپ، تور ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۈستىدىن جاسۇسلۇق قىلىش، تەھدىت سېلىش، ئىستىخبارات توپلاش قاتارلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## كۆچمە ئۈسكۈنىلەرگە قىلىنغان سايبېر ھۇجۇمى (Mobile Device Attack)

كۆچمە ئۈسكۈنىلەر ( يانفون، تابلېت، قاتارلىقلار) – ئۇيغۇرلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان مۇھىم قورالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خىتاي ماركىلىق كۆچمە ئۈسكۈنىلەرمۇ خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. Lookout تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بايقىشىچە، مەيلى قايسى ماركىدا بولسۇن، «ئەسكى بازار – Bad Bazaar» زەھەر پىروگراممىسى مەخسۇس ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ۋە ئۇلار ئارىسىدا كەڭ تارقىتىلغان.

«ئەسكى بازار – Bad Bazaar» زەھەر پىروگراممىسى – كۆچمە ئۈسكۈنىلەر جاسۇسلۇق يۇمشاق دېتال ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، بۇ دېتاللارنىڭ مەنبەسى خىتاي ھىمايىسىدىكى APT15 خاكلاش گۇرۇپپىسىغا تۇتۇشىدىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشقا ئىسىملىرى بار بولۇپ، يەنە VIXEN PANDA, NICKET دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ قوراللار ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئۇچۇر توپلاش ۋە جاسۇسلۇق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەرنىڭ «گۇمانلىق» كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ زەھەرلىك دېتاللارنىڭ ماركا رەسىملىرى زەھەرسىز دېتاللارنىڭ رەسىملىرىگە ئوخشىتىپ ياسىلىپ ئىشلەتكۈچىلەرنى ئازدۇرىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ مەنبەسى ياكى پاكلىقىنى تەكشۈرمەيلا قاچىلايدۇ. بۇ زەھەر قاچىلىنىش بىلەنلا جاسۇسلۇق ھەرىكىتى باشلىنىدۇ.

«ئەسكى بازار – Bad Bazaar»غا تەۋە بولغان زەھەر دېتاللىرى تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەن:




مەنبە: www.lookout.com

**جاسۇسلۇق دېتالى ئوغرىلايدىغان ئۇچۇرلار:**

- جۇغراپىيەلىك ئورۇن كوردىناتى
- قاچىلانغان دېتال تىزىملىكى
- تېلېفونw تارىخى ۋە ئىشلەتكەن ۋاقىتتىكى جۇغراپىيەلىك ئورنى
- ئالاقە قىلىش تىزىملىكى
- يېزىلغان ۋە قوبۇل قىلغان ئۇچۇرلار
- ئۈسكۈنە ئۇچۇرلىرى، يەنى مودېل تىپى، تىلى، IMEI, IMSI, ICCID (SIM Serial Number) ، تېلېفون نومۇرى، ۋاقتى، تور ئاككونت ئۇچۇرلىرى.
- WiFi نىڭ تەپسىلىي ئۇچۇرلىرى (IP, SSID, BSSID, MAC, netmask, gateway, DNS1, DNS2)
- تېلېفون سۆزلەنمىلىرىنى ئاڭلاش ۋە ساقلاش
- ئۈسكۈنىدىكى ھۆججەتلەرنى (.ppt,. pptx,. docx,. xls,. xlsx,. doc, or. pdf) ئوغرىلاش
- ئېكراننى رەسىمگە ۋە سىنغا ئېلىش
- Telegram, Whatsapp, GBWhatsapp, TalkBox, Zello دىكى پۈتۈن ئۇچۇرلىرىنى توپلاش
- رەسىمگە تارتىش ۋە سىنغا ئېلىش

**سايبېر ھۇجۇملارنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرى**

1) شەخسىي ۋە ئۆملۈككە بولغان تەسىرى: خىتاي ھۆكۈمىتى ئىنتايىن يۇرۇشلەشكەن ۋە ئۈنۈملۈك بولغان سايبېر جاسۇسلۇق ۋە ھۇجۇم تېخنىكىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسىي ئۈسكۈنىلىرىگە ھۇجۇم قىلىش، ئىجتىمائىي تور بەتلىرىدىكى پائالىيەتلەرنى كۆزىتىش، زەھەرلىك دېتاللارنى تارقىتىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى نازارەتنى كېڭەيتكەن. بۇ خىل يوشۇرۇن نازارەت ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسىي ئۆزلۈكىگە ۋە ئامانلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان سېلىشتىن باشقا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتى خۇددى پۈتۈن ھاياتىنى كۆزىتىپ تۇرغاندەك تۇيغۇ ھاسىل قىلىپ، ئۇلاردا بىر خىل قورقۇنچ پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئۆز ھەرىكىتىدىن گۇمانلىنىش، ساراسىمىگە سېلىش ۋە ئالاھىدە گۇمانخور قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر جامائىتى ئىچىدە ئىشەنچسىزلىك ۋە ئىناقسىزلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

2) روھىي ساغلاملىققا بولغان تەسىرى: توختىماس سايبېر ھۇجۇملار، جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى، قورقۇتۇش، گۆرۈگە ئېلىش، يالغۇز قالدۇرۇش قاتارلىق ئېزىش ئۇسۇللىرى ئۇيغۇرلاردا زور روھىي بېسىملارنى پەيدا قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە «زەخمىدىن كېيىنكى روھىي بېسىم قالايمىقانچىلىقى» (Post-traumatic stress disorder, PTSD) بەلگىلىرى، چۈشكۈنلۈك ۋە ئەنسىزلىك ئالامەتلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكى مەلۇم بولغان. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىش ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈشى يۇقىرىقى ئالامەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىشىغا سەۋەب بولغان.

3) ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بولغان تەسىرى: سايبېر ھۇجۇملىرى كەڭ ئۇيغۇر نوپۇسىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىرگە، نۇقتىلىق ھالدا جامائەت ئەربابلىرى، تەشكىلات

رەھبەرلىرى، ئەزالىرى ۋە پائالىيەتچىلەرنى ئىستراتېگىيەلىك نىشان قىلغان. بۇ ئارقىلىق خەلق ئارىسىدا نۇقتىلىق كىشىلەر ۋە تەشكىلاتلار ئۈستىدىن غۇلغۇلا قوزغاش، ئابرۇيى سۇندۇرۇش، يالغان ئۇچۇر تارقىتىش، ھەتتا سۇيىئىي ئەقىل سۈپىتى قوللىنىپ يالغان ئۇچۇرلارنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ جەمئىيەتتە ئىنتىپاقسىزلىقنى پەيدا قىلغان. ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرى بۇ خىل ھۇجۇملارنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىدا ۋە كەڭ تارقىلىشىدا ئالاھىدە چوڭ رول ئوينىغان.

**تەۋسىيەلەر**

ھەر بىر ئۇيغۇر شەخس سەۋىيىدە ياكى ھەر بىر تەشكىلات ئورگان سەۋىيىدە سايبىر ھۇجۇمى ۋە جاسۇسلۇقىغا نىسبەتەن ئىنتايىن جىددىي مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك. گەرچە بۇ خىل ھۇجۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئومۇمەن بىرئاز مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئەمما بەزى كىچىك ۋە ئاسان قەدەملەرنى ئېلىش ئارقىلىق ئۇ خىل ھۇجۇملارنىڭ زەربىسىنى ئازايتقىلى ۋە توسقىلى بولىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتا تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

1) تېخنىكىلىق نۇقتىلار: خىتاي ماركىسىدىكى تېخنىك ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتمەسلىك، قالايمىقان ئەپ دېتاللىرىنى قاچىلىماسلىق، ۋاقتى ئۆتكەن يۇمشاق دېتال ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتمەسلىك، شىفىرلىق ئالاقە قوراللىرى ۋە تېخنىكىلارنى ئىشلىتىش، تەشكىلاتلار تور بەتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەبلەغ سېلىش، ئاجىزلىقلىرىنى داۋاملىق ئوڭشاش، تەشكىلات تور بېتىنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ زەھەرلىنىش مەنبەسى بولۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، سايبىر بىخەتەرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پاراۋانلىق شىركەت ياكى ئورگانلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تەشكىلاتنىڭ سايبىر بىخەتەرلىكىنى ئاشۇرۇش.

2) سايبىر بىخەتەرلىك مائارىپى: شەخسلەر ۋە تەشكىلاتلار سايبىر بىخەتەرلىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، يېڭى ھۇجۇم ۋە تەھدىتلەردىن خەۋەردار بولۇش، سايبىر بىخەتەرلىك تەربىيە كۇرسلىرىغا قاتنىشىش، تور دەرسلىرىنى ئاڭلاش، سايبىر بىخەتەرلىك تەربىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش ۋە تەشۋىق قىلىش.

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

36

# «بوۋاقلار قەبرىستانلىقى» ۋە «پىلانلىق تۇغۇت»

جۈرئەت نىزامىدىن

ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا غايەت زور جازا لاگېرلىرى، ئىچكى ئەزالىرى سۇغۇرۇلۇپ ئېلىپ سېتىلىۋاتقان، دەپسەندە بولۇپ قىرىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ۋەتىنىمىزدە ئېلىپ بېرىۋاتقان «پىلانلىق تۇغۇت» سىياسىتى دەل شۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئۇيغۇرلارنى بۆشۈكىدىن قىرغىن قىلىش، هامىلىنى ئانىلارنىڭ قورسىقىدا تۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەزىللىكلەر خىتاينىڭ بىزنى يىلتىزىمىزدىن قۇرۇتۇشتىن ئىبارەت سۇيىقەستلىك پىلانىدۇر ۋە سېپى ئۆزىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر. بۇ رەزىللىكلەرنى پۈتۈن دۇنياغا ئاشكارىلاش، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى دۇنيا خەلقىگە بىلدۈرۈش، خەلقىمىزنى خىتاي زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇش، ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل قىلىپ هۆر ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر.

يېقىندا مەن بىر كىتاب ئوقۇدۇم، بۇ كىتابتا يېزىلغان بەزى بايانلار مەن بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن بەزى ئىشلارنى ئېسىمگە سالدى ۋە بۇ خاتىرىنى يېزىشىمغا تۈرتكە بولدى. بۇ يازمامغا شۇ كىتابتىكى «بوۋاقلار قەبرىستانلىقى» دېگەن سۆز ماڭا بەك تەسىر قىلدى، يازماقچى بولغان بۇ ماقالەمگە «بوۋاقلار قەبرىستانلىقى» دەپ ماۋزۇ قويدۇم. پىلانىم، مۇشۇ

ماۋزۇنى چۆرىدەپ مەن يولۇققان ھەر بىر ۋەقەلىكنى ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە يېزىپ ئېلان قىلىشنى پىلان قىلدىم. ئاللاھ قەلىمىمگە قۇۋۋەت بەرگەي، پىلانىمغا يەتكۈزگەي.

## «بوۋاقلار قەبرىستانلىقى» (1)

مەن ئوقۇغان ئۇشبۇ كىتابتىكى بايانلار مۇنداق يېزىلغان: «‹بىغەملەر شەھىرى›دە بىر قېتىم شۇنداق ئاجايىپ بىر سايلام بولغان، – دەپ گەپ باشلىدى بوۋاي، – ئاق كۆڭۈل، ساددا شەھەر خەلقى ھېچقانداق ئەيىبى يوق، گۇناھى يوق، پەرىشتىدەك پاك بىر كىشىنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلماقچى بولۇپ ئىزدىنىپ، ئاخىرى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا قاتتىق ئۇخلاۋاتقان بىر بوۋاقنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىپ بېكىتتى. بۇ ‹بىغەملەر شەھىرى›گە ياۋلار بېسىپ كىرگەندە شەھەرنىڭ بوۋاق پادىشاھىنى ئىزدەپ تاپالماي، يۆرگەكلىگەن بوۋاقنىڭ كاللىسىنى ئالدى. كېيىن ئادەملەر بوۋاقلارنىڭ جەسىتىنى يىغىپ مانا مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ دەپنە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر ‹بوۋاقلار قەبرىستانلىقى› دەپ ئاتالدى... »

## «ئۈچتۇرپاندا ئىماملىرىم، زارلايدۇ دېھقانلىرىم»

مەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئىماملىرىم يېزىسىدا مۇخبىرلىق زىيارىتى بىلەن يۈرگەن چاغلىرىم ئىدى. بۇ يېزىدىكى بىر ئايال كادىر ماڭا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «پىلانلىق تۇغۇت» سىياسىتىنى يولغا قويىدۇق، دەپ بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈش قىلمىشىدىن زارلاپ مۇنداق دېدى: «يېزىمىزدىكى دېھقانلار ئارىسىدا ‹ئۈچتۇرپاندا ئىماملىرىم، زارلايدۇ دېھقانلىرىم› دەيدىغان گەپ بار. ئىماملىرىم يېزىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ھەر يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئىلغار بولىدۇ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىرلار ھەر يىلى ئىلغارلىقنى قولدىن بەرمەيمىز، دەپ قىلىۋاتقان ئىشلىرى بەك رەزىل، كىشىنى چۆچۈتىدۇ. يېزىمىزدىكى قەبرىستانلىق ھازىر بوۋاقلار جەسىتىگە توشۇپ كەتتى، يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ تۇغۇت بۆلۈمى ۋە پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى بەك چېكىدىن ئاشقان. ئۇلار ھامىلە چوشۇرۇشقا بەك ئۇستا، تۇغۇلۇش ۋاقتى يېقىنلاشقان بوۋاقلارنىڭ بېشىغا ئوكۇل سېلىپ ئۆلتۈرۈپ قورساقتىن چۈشۈرىدۇ، ياكى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئالىدۇ، ئاندىن بوۋاق جەسىتىنى دوختۇرخانىنىڭ كەينىدىكى قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ ئورەككە تاشلايدۇ، بۇ جەسەتلەرنى ئىتلار يەيدۇ، مەھەللىمىز ئىتلىرى ئادەم يەيدىغان بولۇپ كەتتى، ئادەملەر ئىتلاردىن قورقۇپ قەبرىستانلىقنىڭ يېنىدىكى يولدىنمۇ ماڭالمايدۇ، كىچىك باللىرىنى خاتىرجەم تالاغىمۇ چىقىرالمايدۇ. ئۇلاردىن باشقا پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرى خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېزىمىزدىكى 13 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان قىز - ئاياللارنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىدۇ ۋە ھامىلىدار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ‹ئۈزۈك›ى سالدۇرىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان رەزىل ئىشلىرى بەك كۆپ، بۇ ئىشلارنىڭ سورىقىنى قىلىدىغان ئادەم يوق... » دېدى.

مەن ئەسلىدە ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ئىشلىگەن ئىلمىي نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «‹پىلانلىق تۇغۇت›قا مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس مۇكاپاتلىق ماقالە يېزىش» پائالىيىتىگە ئاۋاز قوشۇپ بىر پارچە ماقالە يېزىش پىلانى بىلەن بۇ يېزىغا كەلگەن ئىدىم. ئاشۇ يېزا كادىرى ئايالنىڭ

سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ماقالە يېزىشتىن ۋاز كەچتىم ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى مۇخبىرلىق ۋەزىپەمنى تامامـلاش ئۈچۈن باشقا ناھىيەلەرگە كەتتىم. ئۈرۈمچىگە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە قايتىپ كېلىپ، ئىمامىلىرىم يېزىسىدا ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ماقالە قىلىپ يېزىپ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم مۇدىرىغا تاپشۇرغان ئىدىم (چۈنكى مۇخبىرلىق زىيارىتى جەريانىدا ئىگىلىگەن بەزى ئەھۋاللارنى ئوچۇق يېزىپ گېزىتتە ئېلان قىلغىلى بولمايدۇ، بۇنداق ماقالىلەرنى گېزىتخانا ئىچكى ماتېرىيال بۆلۈمىگە تاپشۇرىمىز كېرەك ئىدى). بۇ ئەھۋال گېزىتخانا ئىچكى ماتېرىيال ھۆججەتلىرىدىمۇ ئېلان قىلىنمىدى، مەن بۆلۈم مۇدىرىمىز تەرىپىدىن «بۇنداق ماقالىلەرنى ئىچكى ماتېرىيال قىلىپ يېزىشقىمۇ بولمايدۇ» دېگەن ئەسكەرتىشكە ئېرىشتىم. ئۇزاق يىللار ئۆتتى، يېقىندا مەن مۇشۇ «بىغەملەر شەھىرى» ھەققىدىكى كىتابنى ئوقۇۋېتىپ بۇ ئىشلار ئېسىمگە كەلدى. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تارىختىن بۇيان ۋەتىنىمىزدە ئېلىپ بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىقى بۇلارلا ئەمەس، جۈملىدىن ئۈچتۇرپان خەلقى بۇ خىل «پىلانلىق تۇغۇت» قىلمىشى بىلەنلا قىرىلغان، ئۆلتۈرۈلگەن ئەمەس...

ئۈچتۇرپان ناھىيەسى تارىختا مەنچىڭ خىتاي زوراۋانلىرىغا قارشى قوزغالغان «دېھقانلار قوزغىلىڭى» پارتلىغان جاي. بۇ جايدا 1765 - يىلىدىكى «جىگدە يېغىلىقى» قوزغىلىڭى بولغان، بۇ قوزغىلاڭدا نۇرغۇن قەھرىمان ئوغۇل - قىزلار مەيدانغا كەلگەن. قوزغىلاڭدا مەنچىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى غالجىرلارچە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن، ئۈچتۇرپان دىيارىدا ئادەمزاتى قالمىغان. بۇ ھەقتە شۇ ۋەقەلەرنى قەلەمگە ئالغۇچى موللا شاكىر ئۆزىنىڭ «زەپەرنامە» داستانىدا: «ئۈچتۇرپان شەھىرىدە ئاتا ئۈچۈن يىغلايدىغان بالا، ئەر ئۈچۈن يىغلايدىغان خوتۇن قالمىدى. توشقان دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئۈچ يىلغىچە (قان ئېقىپ تۇرغانلىقتىن) ئىچكىلىمۇ بولمىدى» دەپ يازغان. ئۈچتۇرپان خەلقى مەردانە، باتۇر، قەيسەر خەلق. بۇ جاي دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يېتەكچىسى رەھمىتۇللا بەگ ۋە ئەسمىتۇللا بەگ قاتارلىق ئاكا - ئۇكا قەھرىمانلار، مايسىخان قاتارلىق «يەتتە قىزلىرىم» تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان مەشھۇر ماكان. ماڭا «قەبرىستانلىق بوۋاقلار جەسىتىگە توشۇپ كەتتى» دەپ زارلاپ شىكايەت قىلغان ئايالنى ھازىرمۇ ئەسلەپ قالىمەن. بۇ ئايالنى مەن، زالىم، جاللات خىتايلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن مايسىخان قاتارلىق «يەتتە قىزلىرىم»نىڭ ئىزباسارى دەيمەن.

* * * * *

«بىغەملەر شەھىرى» توغرىسىدا يېزىلغان كىتابتىن ئوقۇغان مۇنۇ بايانلارنى يەنە مىسالغا ئالىمەن: «‹قۇياش دۆلىتى›نىڭ پادىشاھى ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا تەھدىت بولۇۋاتقان بوۋاق قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، بۇ بوۋاقنىڭ بوينىغا ئېسىلغان تۇمارنى تاپماقچى بولدى. بۇ تۇمار جاھانكەزدى سۈپۈرگىنىڭ قولىدا ئىدى. سۈپۈرگە بۇ تۇمارنى پادىشاھقا ئۆز قولى بىلەن يەتكۈزمەكچى بولۇپ شاھ ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىندى.

– تۇمار قېنى؟ – دېدى تاقەتسىزلەنگەن شاھ.

– تۇمار مانا!

سۈپۈرگە بوۋاي قوينىدىكى تۇمارنى ئېلىپ شاھقا ئىككى قوللاپ سۇندى. شاھ تۇمارنى ئالماق بولۇپ ئالدىغا ئېڭىشىشى بىلەن، سۈپۈرگە ئۇنى كۈچ بىلەن بىر تارتىپلا تەختتىن

تۆۋەنگە سوزۇپ چۈشتى - دە، ئۇنىڭ بوغۇزىغا خەنجەر ئۇردى. مانا بۇ ‹بىغەملەر شەھىرى›دە بىگۇناھ قىرىلغان پۇقرالار ئۈچۈن!، دېدى. ئىككىنچى پىچاقنى ئۇرۇپ: مانا بۇ ئەرلىرىدىن ئايرىلغان مەزلۇملار ئۈچۈن!، دېدى. ئۈچىنچى پىچاق بىلەن جاھان كەزدى سۆيۈرگە پادىشاھنىڭ قارنىنى چۇۋۇپ تاشلىدى، مانا بۇ گۇناھسىز ئۆلگەن نارەسىدىلەر ئۈچۈن!، دېدى. شاھنىڭ بېشى بىر تەرەپكە قېيىپ، كۆزى سۆيۈرگىگە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى... »

ئۇشبۇ كىتابتىكى بۇ بايانلار بېشىمدىن ئۆتكەن يەنە بىر ۋەقەلىكنى ئەسلەتتى:

**«ئەلقىساسۇل مىنەلھەق»**

2001 - يىلى ئۈرۈمچىنىڭ ئەتىياز كۈنلىرى ئىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرلار بۆلۈمىمىزگە تېلېفون كېلىپ، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەدەنىيەتلىك شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش پائالىيىتى باشلاندى، بۇ پائالىيەتنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن مۇخبىر چاقىرىمىز» دېدى. بۇ تېلېفوننى مەن قوبۇل قىلغانلىقىم ئۈچۈن بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىپ خەۋەر قىلىش ۋەزىپىسى ماڭا يۈكلەندى. بۇ پائالىيەت بىر كۈن يىغىن، ئىككى كۈن ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق ئىدارە - ئورگانلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش پائالىيىتى بولۇپ جەمئىي ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. كېيىنكى ئىككى كۈنلۈك پائالىيەتكە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان ئىدۇق، بىز ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ تەڭرىتاغ رايونى، سايباغ رايونى ۋە شىمگو رايونى قاتارلىق ئۈچ رايوندىكى ئىدارىلەرنىڭ قورۇلىرى ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئاتلاندۇق. مەن سايباغ رايون گۇرۇپپىسىغا قوشۇلۇپ ماڭدىم. گۇرۇپپىمىز باشلىقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئامىنە ئىسىملىك ئاق يۈزلۈك گۇروي ئايال ئىدى. بىز سايباغ رايونىنىڭ يامالىق تاغ كۆكەرتىلىش رايونى ئەتراپىغا جايلاشقان، بىنالىرى ياۋروپا ئۇي - ئىمارەتلىرى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، ئورمان ۋە گۈل - گىياھلار بىلەن قاپلانغان بىر چىرايلىق ھويلىغا كىردۇق. مەن بۇ ھويلىنىڭ گۈزەللىكىدىن «مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا ئىلغار ئولتۇراق رايون» بولۇپ باھالىنىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ گۈزەل ھويلا «ئىلغار ئولتۇراق رايون» بولۇپ باھالىنىشتىن ئۆتمەي قالدى. بۇنىڭغا مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولغان ئىدى.

بىز (باھالاش گۇرۇپپىسىدىكىلەر) بۇ ئولتۇراق رايوننىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشىمىزگە، قول ھارۋىسى سۆرەپ چىقىۋاتقان بىر جۈپ ئۇيغۇر ئەر - ئايال ئالدىمىزغا ئۇچراپ قالدى. قارىماققا ئۇلار ھارۋا سۆرەپ كۆكتات ساتىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەردەك قىلاتتى. گۇرۇپپىمىز باشلىقى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئامىنە، ھېلىقى ھارۋا سۆرەپ چىقىۋاتقان بىر جۈپ ياشنىڭ قېشىغا تېز قەدەم بىلەن باردى - دە، توختاڭلار!، دەپ قوپال ئاۋازدا ۋارقىراپ ئۇلارنى توختاتتى.

— سىلەر نەدە ئولتۇرىسىلەر؟ — دەپ ئۇلاردىن سورىغاچ ھېلىقى ياش ئايالنىڭ قورسىقىنى سىلىدى ۋە — قورسىقىڭىز نەچچە ئايلىق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

ياش ئايال ھودۇقۇپ تۇرۇپ، — ئالتە ئايدىن ئاشتى، — دەپ جاۋاب بەردى.

— بۇ نەچچىنچى بالىڭىز؟ — يەنە سورىدى ئامىنە.

– ئۆچىنچى بالام.

– نەدە ئولتۇرىسىز؟

– يامالىق تېغىدا...

بىز تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپا ئەزالىرى ئامىنە مۇدىرنىڭ بۇ كەسكىن ئىش - پائالىيەتلىرىگە قاراپ تۇراتتۇق، تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىمۇ نەق مەيداننى سۈرەتكە ئېلىۋاتاتتى.

ئامىنە مۇدىر كەسكىن سۆزلەپ: «جۇرۇڭلار بۇ تەرەپكە!» دەپ، بۇ كۆكتاتچى ئەر - خوتۇننى دەرۋازا ئامانلىق ساقلاش ئىشخانىسىدىكى ساقچىلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئاندىن بىر يەرلەرگە تېلېفون بىرىپ خىتايچە ۋارقىراپ سۆزلەپ، ئۆزىنى خۇددى چوڭ ئىش تەۋرەتكەندەك، نەق مەيداندا كەسكىن ئىش بېجىرىدىغان باشلىقتەك كۆرسەتتى. چۈنكى، ئارىمىزدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىمۇ بار ئىدى...

بىز بىر چوڭ ئاپتوبۇس، ئىككى كىچىك ماشىنا بىلەن ماڭغان «تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش» گۇرۇپپىسى ئىدۇق. بۇ چىرايلىق ھويلىنى ئېچكىرىلەپ تەكشۈرمەي دەرھال كەينىمىزگە قايتتۇق، ماشىنىلىرىمىز دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ئىدى. ماشىنا قېشىغا كېتىۋاتقاچ ئامىنە مۇدىر گۇرۇپپىمىزدىكىلەرگە مۇنداق چۈشەنچە بەردى: «بۇ ياش ئەر - خوتۇن ئۈچتۇرپاندىن كەلگەن ماڭلۇر (كۆچمەن) لەر ئىكەن، ئۈرۈمچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئۈچىنچى بالىسىنى تۇغماقچى بوپتۇ، بۇلارنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىش كېرەك»، دەپ مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاچ سۆزلەپ ماڭدى.

گۇرۇپپىمىزدا بىر نەچچە ئۇيغۇر بار ئىدۇق، ئامىنە مۇدىرنىڭ بۇ ئىشى بىزگە ياقمىدى. ئۇيغۇر بولغاندىكىن كۆرمەسكە سالسا بولماسمىدى، ئېچكىرىدىن كېلىپ ئىتنىڭ كۈچۈكىدەك نەچچىنى تۇغۇپ كەڭرى ياشاۋاتقان ئاققۇن خىتايلار كۆپقۇ، نېمىشقا شۇلارنى تۇتمايدۇ؟ دېيىشتۇق.

شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئۇيغۇر ئەر - ئايالنىڭ ئۈچىنچى بالىسى ئامىنە مۇدىرنىڭ قاتىللىقى بىلەن ئانا قورسىقىدىن ئېلىپ تاشلاندى. بۇ ياش ئەر - ئايالمۇ ئۈرۈمچىگە پاتماي ئىككى بالىسى بىلەن يۇرتىغا قايتۇرۇلدى.

بىر قانچە يىل ئۆتكەندە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «پىلانلىق تۇغۇت» كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئامىنە دېگەن ئايال ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ، ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلغانمىش، شۇڭا ئۆلۈۋاپتۇ... دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇ ئايالنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈۋالغىنى نامەلۇم. لېكىن، «پىلانلىق تۇغۇت» كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلغانلىقى، نۇرغۇن ئانىلارنىڭ ھامىلە چۈشۈرۈپ نىمجان بولۇشىغا سەۋەب بولغانلىقى، نۇرغۇن بوۋاقلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. (ئەلۋەتتە بۇ ‹پىلانلىق تۇغۇت› قىرغىنچىلىقىنىڭ باش جىنايەتچىسى رەزىل كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى، لېكىن ئىجرا قىلغۇچى خىتايسىمان ئۇيغۇر مۇناپىقلارمۇ بوۋاق ئۆلتۈرۈشتىكى قاتىللاردۇر.) بۇ ئايال راستتىنلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدىمۇ ياكى خىتاي جاللاتلىرى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ؟ بۇ ئىش بىزگە نامەلۇم. لېكىن، بۇ ئۇزۇن جاھان، قان قىساسى بەك يامان. شۇڭا دەيمەن، «ئەلقىساسۇل مىنەلھەق».

ئىمامىلىرىم يېزىسىدىكى «قەبرىستانلىق بوۋاقلار جەسىتىگە تولدى» دەپ شىكايەت قىلغان

ۋىجدانلىق ئايال بىلەن «پىلانلىق تۇغۇت» كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئامىنەنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دەيمەن: «بۇ ھاياتتا، بەزىلەرنىڭ ھايات خۇلاسىسى غايەت زور تاغلاردىنمۇ بۈيۈك ۋە شەرەپلىك، تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز قەدىر - قىممەتلىك؛ يەنە بەزىلەرنىڭ ھايات خۇلاسىسى ھاڭگىت پېيىدىنمۇ، ئەخلەت، گەندىدىنمۇ قەدىرسىزدۇر... »

*بۇ ماقالىنى جۇرئەت نىزامىدىن تەھرىرلىدى.*

37

# مۇھاجىرەتتە ئېلىپ بېرىلغان شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى

ئابدۇلجېلىل تۇران (ئىستانبۇل)

بۇ ماقالىدە، 1950 - يىللاردىن باشلاپ بۈگۈنگە قەدەر بولغان تۈركىيە مەركەزلىك (ئەلۋەتتە باشقا ئەللەردىكى پائالىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، مۇھەممەدرىزا بېكىن... قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان جاپالىق ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىدىن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىغىچە ئېلىپ بېرىلغان، كۆزۈم كۆرگەن ياكى قۇلىقىم ئاڭلىغان پائالىيەتلەرنى ئىمكانقەدەر بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن.

1949 - يىلى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەپەندىلەر ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلىپ كەشمىرگە كەلگەندىن كېيىن، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى باشلانغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەپەندىلەر كەشمىرگە يىغىلغان ئۇيغۇر ۋە قازاق مۇھاجىرلارنى مۇۋاپىق بىر دۆلەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەرقايسى ئەللەرگە ئاڭلىتىشقا باشلىدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەپەندىلەر سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر ۋە تۈركىيەلەرنى زىيارەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن مۇھاجىرلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر زېمىن ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەن بىرگە، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىغان ئىدى.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەپەندىلەر سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە مىسىردىن پاناھلىق تىلەپ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، 1952 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

تۈركىيەگە كەلگەن. ئۇلارنىڭ تۈركىيەدە ھەر تەرەپلىمە قىلغان تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار يىغىنى 1952 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 1850 نەپەر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ كۆچمەن سۈپىتىدە تۈركىيەدە ئولتۇراقلىشىشىغا ئائىت مەخسۇس قارارنى ماقۇللىغان ئىدى. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، كەشمىرگە توپلانغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار تۈركىيەگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان ھەمدە مۇھەممەدئەمىن بۇغرا ئەنقەرەدە، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئەپەندى ئىستانبۇلدا ئولتۇراقلىشىپ، ھەر ئىككىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ۋەتەن دەۋاسى بىلەن مەشغۇل بولغان ئىدى.

1954 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تائىف شەھىرىدە تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ۋەتەنداشلارنىڭ ئىشتىراكىدا بەش كۈنلۈك قۇرۇلتاي چاقىرىلىپ، مەزكۇر قۇرۇلتايدا مۇھەممەدئەمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ قانۇنلۇق ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان بولۇپ، بۇنىڭغا قۇرۇلتايغا ئىشتىراك قىلغان 250 كىشى ئىمزا قويغان ئىدى.

ئۇلارنىڭ پائالىيىتى – تۈركىيەدىكى تەشكىلاتلارنىڭ يىغىن ۋە يىغىلىشلىرىدا نۇتۇق سۆزلەش، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە تۈركىيە خەلقىگە مەلۇمات بېرىش، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ژۇرنال چىقىرىش، ماقالە ۋە كىتاب يېزىش، يەنى ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ كۆرگەن بولۇپ، 1965 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەنقەرەدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ۋەتەن دەۋاسى ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئەپەندى رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان.

ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئەپەندى 1980 - يىللارغا قەدەر كىتاب يېزىش ۋە چەت دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان ئىدى. 1983 - يىلىغا كەلگەندە شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ناملىق پەسىللىك ژۇرنال چىقارغان. 1988 - يىلىغا كەلگەندە، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ۋەتەنداشلارنىڭ، بولۇپمۇ مەرھۇم مۇھەممەدشاھ ئەپەندى ۋە ئۇستاز رەھمىتۇللاھ ئەپەندىلەرنىڭ تەشەببۇسى ۋە ماددىي جەھەتتىن مەدەت بېرىشى بىلەن 1978 - يىلى ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن تەرىپىدىن قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىسىنى جانلاندۇرۇپ، تۈركىيە ئارمىيەسىدىن پېنسىيەگە چىققان خوتەنلىك گېنېرال مۇھەممەدرىزا بېكىننى شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەكلىپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى جانلاندۇرغان.

گېنېرال مۇھەممەدرىزا بېكىن «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغاندىن باشقا، مۇھەممەدرىزا بېكىن، مۇھەممەدئەمىن ھەزرەتلەرنىڭ پىلانلىشى ۋە تەشەببۇسى، رەھمىتۇللا ئەپەندىم قاتارلىق سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنداشلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەدەت بېرىشى بىلەن 1992 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 – 14 - كۈنلىرى ئىستانبۇلدا تۇنجى قېتىملىق «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» چاقىرىلغان. مەزكۇر قۇرۇلتايدا سەئۇدى ئەرەبىستاندىن مەرھۇم دوكتور ئابدۇلقادىر تاش، رەھمىتۇللا ئەپەندىم، دوكتور مۇھەممەد سەئىد ياركەندى، مەرھۇم ھۈسەيىن قارى ئىسلامىي، مەرھۇم قۇربان ئابدۇللاھ، مەرھۇم مۇھەممەدقاسىم ئەمىن، مەرھۇم ئابدۇلقادىر ئەھمەد، ئامېرىكىدىن غۇلامىددىن پاختا، ئاۋستىرالىيەدىن ئەھمەد ئىگەمبەردى، قازاقىستاندىن مەرھۇم

زىيا سەمەدىي، مەرھۇم يۇسۇپبەگ مۇخلىسى، مەرھۇم ھاشىر ۋاھىدىي، قەھرىمان غوجامبەردى، قىرغىزىستاندىن مەرھۇم نىغمەت ھاجى، گېرمانىيەدىن ئەركىن ئالپتېكىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سىرتىدا تۈركىيەدىكى زىيالىيلار ۋە جامائەت ئەربابلىرى بولۇپ، 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان. مەزكۇر قۇرۇلتايغا ئەھمەد ئىگەمبەردى رەئىس، مۇھەممەد ئەمىن ھەزرەت باش كاتىپ بولۇپ سايلانغان ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىسى 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى رەھمەتۇللاھ ئەپەندىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ۋەتەندە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تۈركىيەدە ئوقۇتۇشقا باشلىغان. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستاندا مەخسۇس ساندۇق (فوندى) قۇرۇلۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ھازىر ئالدى پىروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، يەنى شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇپ يېتىشكەنلەردىن مەرھۇم دوكتور پەرھات قۇربان، دوكتور گۈلزادە خانىم، پىروفېسسور ئەركىن ئەمەت، دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەكرەم، دوكتور نۇرانىيە ھىدايەت، دوكتور مەغپىرەت كامال، دوكتور ئالىمجان بۇغدا، پىروفېسسور نۇرئەھمەد قۇربان، پىروفېسسور ئاتاۋۇللاھ شەھيارى... قاتارلىق يۈزلەرچە كىشىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

1980 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 2000 - يىللارغىچە، شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنىڭ ۋەتەنداشلىق (تۈركىيە پۇقراسى بولۇش) ئىشلىرى پەقەت شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىسى تەرىپىدىن ھەقسىز ھەل قىلىناتتى. باشقا قىينچىلىقلىرىمۇ يەنىلا شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىسى، يەنى گېنېرال مۇھەممەدرىزا بېكىن تەرىپىدىن ھەل قىلىناتتى.

1997 - ، 1998 - يىللىرى مەرھۇم ئارسلان ئالپتېكىن ئەنقەرەگە نەچچە ئون قېتىم بېرىپ، ئەينى زاماندىكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى جۇمھۇر رەئىسى مەرھۇم سۇلايمان دەمىرەل بىلەن كۆرۈشۈپ، 200 دىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ۋەتەنداشلىق ئىشىنى ھەل قىلغان ئىدى.

1990 - يىللاردا مۇھەممەد ئەمىن ھەزرەت تۈركىيەدىكى گېزىتلەرگە ماقالە يېزىپ، ئەينى زاماندىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى تۈركىيە خەلقىگە تونۇشتۇرۇشتا ئالاھىدە رول ئوينىغان ئىدى.

1992 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىلھامى بىلەن ئىستانبۇلدىكى (ئەينى زاماندىكى) ياشلار بىر يەرگە كېلىپ، مۇھەممەدجان قەشقەرلى، ئابدۇلجېلىل تۇران، پەرھاد مۇھەممەدى، مۇھەممەدتوختى ۋە مەرھۇم ئەسقەر ئەركىنلەر مۇھاجىرەتتە تۇنجى قېتىم «شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى» ناملىق ئۇيغۇرچە ئايلىق سىياسىي، ئىلمىي گېزىت چىقارغان، گېزىتنىڭ تۇنجى سانى 1993 - يىلى 6 - ئايدا رويابقا چىققان بولۇپ، تۇنجى سان گېزىتنى تارقىتىش مۇراسىمغا مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەپەندىم، مۇھەممەدئەمىن ھەزرەت، پىروفېسسور سۇلتان مەھمۇد قاتارلىق ئىستانبۇلدىكى پېشقەدەملەر قاتناشقان. مەزكۇر گېزىت كېيىن شەرقىي تۈركىستان ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئورگان گېزىتى (بىر مەزگىل پەسىللىك ژۇرنال) بولۇپ 2004 - يىلغا قەدەر داۋام قىلغان بولۇپ، مەزكۇر گېزىت تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ياۋروپا، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان... قاتارلىق ئەللەردە

ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە ھەقسىز تارقىتىلغان ئىدى.

1995 - يىلدىن 2000 - يىلىنىڭ بېشىغىچە، ئابدۇلجېلىل قاراقاش تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان «تامچە» ژۇرنىلى، «ئۇچقۇن» گېزىتى، گېرمانىيەدە تەسىس قىلىنغان «بىرلىك» ژۇرنىلى قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللار ئەڭ كۆپ نەشر قىلىنغان دەۋر بولغان.

1995 - يىلدىن باشلاپ بۈگۈنگە قەدەر، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى 250 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب نەشر قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيەسىنى قوغداشتا ئالاھىدە خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. سىياسىي پائالىيەتلەر بولسا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلماقتا.

سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا باشلامچىلىق قىلغان مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، مەرھۇم گېنېرال مۇھەممەدرىزا بېكىن قاتارلىق زاتلارنى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىمەن.

*بۇ ماقالىنى ئۆمەر ئىمىن تەھرىرلىدى.*

# ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى

دوتسېنت، دوكتور رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشغەرىي
(ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)
reyila.kasgarli@istanbul.edu.tr

**قىسقىچە مەزمۇنى**

*بۈگۈنكى دەۋردە، ھەر ساھەدە سىستېمىلىق ۋە يۇقىرى سەۋىيەدە مائارىپ تەربىيەسى ئالغان كىشىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولۇشى، بىر دۆلەت ياكى بىر خەلق ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆزىنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرغان، بىلىملىكلىكى ئۆز كەسپداشلىرى تەرىپىدىن ۋە ياشاۋاتقان دۆلىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان، شۇنداقلا مىللىي روھقا ئىگە كىشىلەرنىڭ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوقۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى، مىللىي كىملىك ئېڭى يۇكسەك ياشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بىر بايلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ياشلار، ۋەتىنى ئىشغال قىلىنغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىرەر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېقىن كەلگۈسىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشىدۇ. ئۇنداق بولسا ھازىرقى مەۋجۇت شارائىتتا، بۇ ياشلار قانداق يېتىشىپ چىقىدۇ؟ ئۇيغۇر جەمئىيىتى بۇ ياشلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايدۇ؟*

*بىز مەزكۇر ماقالىدە ئۇيغۇر ياشلىرى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ياشلارغا قايسى جەھەتتىن ۋە قانداق ياردەم قىلالايدىغانلىقى*

*ھەققىدە پىكىرلىشىشنى، بىر خەلق سۈپىتىدە قىلىشىمىز كېرەك بولغان ھەمدە چەت ئەللەردە قىلالايدىغان مەجبۇرىيەتلىرىمىزگە نەزەر ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلدۇق.*

*ماقالىدە ئالدى بىلەن ياشلار دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى بايقاش ئۈچۈن سوئالنامە تولدۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياشلاردىن پىكىر ئېلىندى، ئاندىن پىكىرلەر رەتلىنىپ، سانلىق مەلۇماتلارغا قارىتا تەھلىل ئېلىپ بېرىلدى. ئاخىرىدا بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى ھەققىدىكى پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرىمىز ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كۆپچىلىكنىڭ بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشىنىڭ ئەھمىيىتى تەكىتلەندى.*

**ئاچقۇچ سۆزلەر:** ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى، قىيىنچىلىقلار، ھەل قىلىش، ياردەم

## كىرىش

ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىرلىكتە بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت تارىخى تەتقىق قىلىنغاندا، ھەر بىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار تۈرك خەلقلىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ شەھەر قۇرۇپ، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ۋە شەھەر مەدەنىيىتى بەرپا قىلىپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭ بىلەن ئېتىزلىق، تېرىقچىلىق ۋە مول ھوسۇل يىغىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار، كۆچمەن تۇرمۇش ۋاستىلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالغان. شۇنداقلا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ھۈنەر - كەسىپ ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىھەلەر يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. ئىنسانىيەتنىڭ دېھقانچىلىق دەۋرىدىن سانائەت دەۋرىگە ئۆتۈش باسقۇچىدا بولسا، ھورنىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ترانسپورت تېخنىكىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كوللېكتىپلىشىشى ۋە بۇنىڭغا مەبلەغ سېلىش تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇپ قالغان. سانائەت تەرەققىياتىدىن كېيىنكى بىلىم دەۋرىدە بولسا، بىلىم – ئىستراتېگىيەلىك بىر كۈچ بولۇپ قالدى. بۇرۇن فىزىكىلىق كۈچ بىلەن قىلىدىغان ئىشلارنى ھازىر بىلىم ۋە تېخنىكىنىڭ كۈچى قىلىدىغان بولدى. بىر دۆلەت ياكى خەلق ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم بىر تېخنىكىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئىشلىتىپ جان باقىدىغان زامان تۈگەپ قالدى. بىز ھازىر يېڭى بىر تېخنىكىنى، بىلىمنى ئىجاد قىلىپ، شۇ ئارقىلىق پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان ۋە جان باقالايدىغان زاماندا ياشاۋاتىمىز.

بىلىمنىڭ مۇھىملىقى قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان تەكىتلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھەممەيلەنگە تونۇش بىر ئىسىم يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە، بىلىم – ھېكمەت ۋە ئەخلاقنى، پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ ئۇسۇلى، دەپ قارايدۇ. بىلىمگە ئىگە بولغاندا ئادالەتنى جارى قىلدۇرغىلى، قانۇنغا ئەمەل قىلىپ ئۇنى ئىجرا قىلغىلى، قالايمىقانچىلىق، نەپسانىيەتچىلىك ۋە جىنايەتنى چەكلىگىلى، خەلقنى ۋە دۆلەتنى ھەقىقىي بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىلىمگە سەل قاراش – قانۇن، ئادالەت، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە بەخت - سائادەتنىڭ ئاساسىنى ۋەيران قىلغانلىق بىلەن باراۋەر بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. «قانداق قىلغاندا غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە، بىلىمنى گەۋدىلەندۇرىدۇ. غايىۋى دۆلەت

ياكى جەمئىيەت يارىتىشتا بىلىمنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ (ئۆتكۈر ۋە تۇردى 1984: 35 - 532). بۇ كۆز قاراش ۋە پىكىر ئەسلىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كۆز قاراش ۋە پىكىرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تەسىر قىلىدۇ ۋە ئۇنى يېتەكلەيدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىلىمنى مۇھىم دەپ قارايدىغان، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە ئىشلارنى ئىلمىي يوسۇندا ھەل قىلىدىغان مۇھىتتىن مەھرۇم قالغاندا، نادانلىقنىڭ پاتقىقىغا پېتىشقا باشلىدى. نادانلىق ۋە جاھالەتنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى بىلەن بىرلىكتە ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كۈنىمىزدىكى پەرىشانلىق، سەرسان - سەرگەردانلىق ۋە قىرغىنچىلىققا ئۇچراش ئەھۋالى ئۇستىدە تەھلىل ۋە ئانالىز ئېلىپ بېرىلغاندا، بۇ پالاكەتكە 17 - ئەسىردە ئۇل سېلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. 1635 - يىلى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ شىمالىدا ئىلىنى مەركەز قىلغان موڭغۇل دۆلىتى – جۇڭغار (ئويرات) دۆلىتى قۇرۇلغان بولۇپ، 1680 - يىلى قۇمۇل ۋە تۇرپاننى ئىستېلا قىلغان. 1644 - يىلى بېيجىڭغىچە كېڭىيىپ ئىمپېراتورلۇق قۇرغان مانجۇلار بولسا، 1720 - يىلى قۇمۇل ۋە تۇرپاننى موڭغۇللاردىن تارتىۋالغان (ئۇيغۇر 2016: 28). مۇشۇنداق ھالقىلىق ۋەزىيەتتە يەركەننى مەركەز قىلغان يەركەنت خانلىقىدا، غوجىلار يەركەننى مەركەز قىلغان قارا تاغلىقلار ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئاق تاغلىقلار گۇرۇھىغا بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا تىركىشىشتە رېكورت سەۋىيەگە يەتكەن. يەنى يەركەنت خانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىل خان (1670 – 1678) قارا تاغلىقلارنى قوللىغاچقا، مەغلۇپ بولغان ئاق تاغلىقلارنىڭ دىنىي رەھبىرى ئاپاق غوجا قەشقەردىن قوغلانغاندىن كېيىن، جۇڭغار خانى گالدان بوشگوت خان (Galdan Boshugtu Khan)نى 1678 - يىلى قەشقەرگە باشلاپ كېلىپ، ئاسانلا قەشقەر ۋە يەركەننىڭ ئىشغال قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان. شۇنىڭ بىلەن يەركەنت خانلىقى يىقىلىپ، جۇڭغارلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى غوجىلار دەۋرى باشلانغان (ئۇيغۇر 2016: 29). بۇنىڭدىن كېيىنكى جەريانلار ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە پايدىسىز رەۋىشتە تەرەققىي قىلىپ، ئەھۋال كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ، ھازىرقى پاجىئەلەرگىچە كەلدى.

ئىشغالچى كۈچلەر ئۇيغۇرلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇپ، خەلقنى قۇل قىلىش، بايلىقلىرىنى پۈتۈنلەي تالان - تاراج قىلىش ئۈچۈن نادانلىق ۋە جاھالەتنى كەڭ كۆلەمدە يايدى. شېڭ شىسەي دەۋرىدە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى بېشىدىكى ياغاچ تاختىغا ئويۇلغان: «يىراق شەرقتىن كەلدىم بۇ ياققا، چىڭ ساقلاپ تۇرىمەن غەربنى. قالدۇرىمەن بىلىمسىز نادانلىقتا، پادىشاھقا بوي سۇندۇرىمەن خەلقنى» دېگەن مەزمۇندىكى خەت (مىرەھمەت سېيىت ۋە يالقۇن روزى، 1997: 50) دەل مۇشۇ مەقسەتكە خىزمەت قىلىدىغان سىياسەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىنى ئىپادىلەيدۇ. 1949 - يىلىدىن كېيىن بولسا، ئۇيغۇر خەلقى بۇ شوئارنىڭ پەرقلىق ۋە پەردىلەنگەن ئىجرائاتلىرى بىلەن باشقۇرۇلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئالىي مەلۇماتلىقلارنىڭ سانىنىڭ ئاز بولۇشى؛ تەتقىقاتچىلارنىڭ، سەنئەت ۋە تەنتەربىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ دۇنيا سەھنىسىگە چىقىشى ئۈچۈن پۇرسەت بېرىلمەسلىكى؛ مەكتەپلەردە ھەقىقىي ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئوقۇتۇلماسلىقى؛ ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەكلىنىشى قاتارلىق سىياسەتلەر، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى بىلىم ئىگىلىرى ئاز، مىللىي كىملىك ئېڭى تۆۋەن بولغان نادان بىر جەمئىيەت قىلىپ شەكىللەندۈرىدىغان مىساللاردىن پەقەت بىر قانچىسىلا، خالاس.

ھازىر بىز ئۇيغۇرلار مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاش يولىدا ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ھەر تەرەپلىمە كۈرەش قىلىۋاتىمىز. تاكى نەشر ئەپكارلىرى، ئانا تىل مەكتەپلىرى، ھەر خىل كۇرسلار، تەرجىمە پائالىيەتلىرى قاتارلىقلاردىن باشلاپ، خەلقئارادا خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش ۋە دۆلەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى قوبۇل قىلدۇرۇشقىچە بولغان چوڭ - كىچىك پۈتۈن تىرىشچانلىقلىرىمىز، قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ۋە مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىش كۈرىشىمىزنىڭ بىر پارچىسىدۇر. لېكىن شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم: بۇ كۈرەشلىرىمىزنى زامانىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىزدە دۇنياغا داڭلىق بىلىملىك ئىنسانلارنىڭ سانى كۆپ بولۇشى كېرەك. ئويلاپ باقايلى: يۇقۇم مەزگىلىدە بىئونتەك (BioNTech) ۋاكسىنىسىنى گېرمانىيەدىكى كۆچمەن تۈركلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان پىروفېسسور، دوكتور ئۇغۇر شاھىن (Ugur Sahin) ۋە دوكتور ئۆزلەم تۈرەجى (Özlem Türeci) تاپتى. ئەگەر مۇشۇ ۋاكسىنىنى بىر ياكى بىرقانچە ئۇيغۇر تاپقان بولسا قانداق بولاتتى؟ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش مۇمكىن بولامتى؟

بىز يەنە بىر ئۇيغۇرنىڭ مەلۇم بىلىم ساھەسىدە دۇنياغا داڭلىق بىر كەشپىياتچى بولغانلىقىنى پەرەز قىلايلى. ئەگەر ئۇ كىشى مىللىي كىملىك ئېڭىغا ئىگە بولمىغان بىر كىشى بولۇپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا بۇ ئۇيغۇرنىڭ كەسپىتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق بولامدۇ؟

چىڭغىز ئايتماتوۋ، «ماڭقۇرت» دېگەن سۆزنى تۇنجى قېتىم «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» ناملىق رومانىدا تىلغا ئالدى ۋە بۇ سۆز بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئومۇملاشتى، شۇنداقلا «ماڭقۇرت» – «ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە ئۆزلۈككە ياتلىشىش» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان بىر ئاتالغۇ بولۇپ قالدى (يىلماز، 2007: 89). ۋەتەنىدە ئومۇمىيۈزلۈك ماڭقۇرتلاشتۇرۇش سىياسىتى مەلۇم دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، 1949 - يىلىدىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ ئومۇمىي كىملىكىنى «تۈرك» دەپ ئاتايدىغان ئۇيغۇر خەلقى، بۈگۈنكى كۈندە دۈشمەنلەرنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، «بىز تۈرك ئەمەس، بىز ئۇيغۇر، تۈركلەر پەقەت تۈركىيەدە» دەيدىغان بولدى. ھازىر ئەزەربەيجان، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تۈركىيە، شىمالىي قىبرىس تۈرك دۆلىتى «تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى» دېگەن ئىسىمنىڭ ئاستىدا بىرلىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىدىغان، بارلىققا كېلىشى مۇمكىن بولغان نەتىجىلىرىنى ئالدىن كۆرەلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن تارىخ، تىل، ئېتنولوگىيە، جۇغراپىيە، ئىستراتېگىيە قاتارلىق جەھەتلەردە بىلىمىمىز بولۇشى كېرەك. تۈركىيەنىڭ تۈرك خەلقى قۇرغان ۋە ئۈچ قىتئەنى باشقۇرغان بىر ئىمپېرىيەنىڭ داۋامى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈرك كىملىكىگە ئىگە چىقىشى، باشقا تۈرك قوۋملىرىنىڭ ئومۇمىي كىملىكىدىن ۋاز كېچىشىنى شەرت قىلمايدۇ. بىزنىڭ تۈرك قېنىغا مەنسۇپ بولغان ئېتنىك كىملىكىمىزنى رەت قىلىشىمىز، رۇسلارنىڭ ۋە خىتايلارنىڭ «بۆل، پارچىلا، باشقۇر» سىياسىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ماڭقۇرتلۇق پەقەتلا ئەسلىنى ئۇنتۇش بىلەن كۇپايىلەنمەستىن، دۈشمىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ئىسيان قىلىشنى بىلمەيدىغان، پىكرىي جەھەتتىن تامامەن قۇللۇقنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قۇل قىلىنغانلىقىنى پەرق ئەتمەيدىغان ئىنسانلار «ماڭقۇرت» ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

«ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» ناملىق ئەسەردە نايمان ئانىنىڭ ئوغلى يولئامان،

ئىشغالچى جۇرجانلار تەرىپىدىن ماڭقۇرتلاشتۇرۇلىدۇ. ماڭقۇرتلاشتۇرۇلۇش جەريانى مۇنداق بولىدۇ: يولئاماننىڭ بېشىغا تۆگىنىڭ تېرىسىدىن ياسالغان قاپ كىيدۈرۈلۈپ، قىزىق ئاپتاپقا سېلىنىدۇ. بۇ قاپنىڭ ئىسسىق تەپتىدە تارىيىپ ۋە چىڭىپ كېتىشى سەۋەبلىك، يولئاماننىڭ مېڭىسى ئامبۇردا قىسقاندەك ئاغرىيدۇ. چاچنىڭ ئۆسۈپ چىقالماستىن ئارقىغا يېنىپ باشقا سانجىلىشى بىلەن يولئاماننىڭ مېڭىسى نورمال ئىشلەش ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىر ماڭقۇرتقا ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نورمال ئويلاش، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىنغان يولئامان بىر ماڭقۇرت بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە ياردەم قىلماقچى بولغان ئانىسىنى خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خىتاينىڭ سىستېمىلىق مېڭە يۇيۇش مائارىپى ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەتۈر تەشۋىقاتلىرى سەۋەبلىك ماڭقۇرت بولۇپ يېتىشكەن كىشىنىڭ سانى ئاز ئەمەس. بۇ ماڭقۇرتلار قانداق قىلغاندا ئەسلىگە قايتىدۇ؟ بۇ يەردە يەنە بىلىمنىڭ مۇھىملىقى گەۋدىلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىنى ئۆگىنىپ، ئۆزى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قاتارلىق پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى باشتىن كەچۈرگەن ۋە كەچۈرۈۋاتقان تىراگېدىيەنىڭ ماھىيىتىنى، سەۋەبلىرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئەگەر ئەقلى - ھوشى جايىدىلا بولسا، يۈرىكى ئېچىشمايدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر بولمىسا كېرەك. تارىخىنى بىلگەن بىر ئۇيغۇر، ئىشغالدىن مىللەت سۈپىتىدە قۇتۇلماي تۇرۇپ، شەخسىي ھۇزۇر - ھالاۋەتكە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى ياكى شەخسىي ھۇزۇر - ھالاۋەتنىڭ ئىزچىللىقىغا ئىگە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئەگەر بۇ كىشى بىر زىيالىي بولسا، مىللىتىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ، تەر تۆكىدۇ، پىكىرداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىشلىيەلەيدۇ، مۇقەددەس نىشانغا يېتىش ئۈچۈن پىداكارلىق قىلالايدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياشلارنىڭ سىستېمىلىق مائارىپ تەربىيەسى ئېلىشى ناھايىتى مۇھىم. بولۇپمۇ مۇھاجىرەتتە ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن، تىرىشچان، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتتا ئىزچىللىقنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن، بىلىمگە ئىنتىلىدىغان ياشلارنىڭ سىستېمىلىق مائارىپ ئارقىلىق مېتود ۋە نەزەرىيە بىلىمىنى ئۆگىنىشى، ئىجرائاتتا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر؛ ئۇنۇملۇك ئىشلارنى قىلالىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئامىلدۇر. سىستېمىلىق مائارىپ تەربىيەسى ئارقىلىق مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئىلمىيلىككە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، مەنتىقلىق ئىنكاس قايتۇرالايدىغان كىشىلەر يېتىشىپ چىقىدۇ. چەت ئەللەردىكى باللار ۋە ياشلار، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك. ئۇلار بىلىملىك كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقسا، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك نەتىجىگە ئېرىشىشىدە ۋە مۇستەقىل دۆلىتىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش خىزمىتىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. چۈنكى، مەلۇم بىر ساھەدە تەربىيەلەنگەن ئىنسان شۇ ساھەگە ئائىت بىلىمنىڭ ئىجرائاتچىسى سۈپىتىدە بىر مەسىلىنى تېزدىن ھەل قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ياكى ئۆزگەرتىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

ئوقۇۋاتقان ياشلار ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن بۇنچىلىك مۇھىم بولغان ئىكەن، بىز ئۇلارنى تەقدىرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى بىلىملىك بىر زىيالىي بولۇپ يېتىشىپ چىقسۇن، دەپ كۈتۈپ ئولتۇرساق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرەش سېپىمىزگە لاياقەتلىك بىر زىيالىي بولۇپ قېتىلىشى ئۈچۈن بىز نېمىلەرنى قىلالىدۇق، يەنە نېمىلەرنى قىلالايمىز، دېگەن مەسىلىنى

ئويلاشمىساق بولمايدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ماقالىنى يېزىش ئېھتىياجى تۇغۇلدى.

## 1. مېتود

ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك بولغان ياشلارغا ياردەم قىلالىشىمىز ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قانداق ياردەمگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ياشلار دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى بىز تاشقىرىدىن كۆرگەن ۋە ھېس قىلغان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئەمما ياشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ياشلارنىڭ نەزىرى بىلەن كۆرەلىشىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە پىكرىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ ماقالىنى يېزىش باسقۇچىدا ئالدى بىلەن تەكشۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بۇ ئۇسۇلغا ئاساسەن سوئالنامە تەييارلىنىپ، ياشلارنىڭ تولدۇرۇشى تەلەپ قىلىندى. ئاندىن ياشلارنىڭ جاۋابلىرى ئانالىز قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن تەھلىل قىلىنىپ، ياشلارنىڭ ئەھۋالى ۋە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلىرى ئېنىقلاپ چىقىلدى. پەرقلىق نۇقتىدىن ئىزاھلاش ئۇسۇلى بويىچە چۈشەندۈرۈلدى. ئاخىرىدا يېڭى پىكىر ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن كۆز قاراش ۋە پىكىر ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى ۋە كۆپچىلىك بىلەن ئوچۇق ئورتاقلىشىش ئۇسۇلى بويىچە ئورتاقلىشىلدى.

## 2. سوئالنامە تولدۇرغان ياشلار ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات

سوئالنامە تولدۇرغانلار جەمئىي 15 كىشى بولۇپ، ھەممىسى ئوقۇغۇچىلاردىن تەركىب تاپىدۇ. سوئالنامەدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، تېلېفون نومۇرى، ئېلخەت ئادرېسى، قايسى دۆلەت ۋە قايسى شەھەردە تۇرىدىغانلىقى قاتارلىق شەخسىي ئۇچۇرلىرى تەلەپ قىلىنمىغان. ئوقۇغۇچىلار، «سوئالنامەنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈش» بۆلۈمىدىن كېيىن، 1) ئومۇمىي ئۇچۇرلار؛ 2) دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار؛ 3) قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش؛ 4) قىيىنچىلىقلارنىڭ نەتىجىسى دېگەن ماۋزۇلاردا ئورۇن ئالغان جەمئىي 13 سوئالغا جاۋاب بەرگەن.

سوئالنامە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاتسئەپ (WhatsApp) توپىغا يوللانغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاز 50 كىشىنىڭ بۇ تەتقىقاتنى قوللىشى ۋە سوئالنامىنى تولدۇرۇشى كۈتۈلگەن. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تەقىب قىلىنىشتىن، ھەرقانداق بىر باھانە - سەۋەب بىلەن ۋەتەندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا زىيان - زەخمەت يېتىشتىن ئەندىشىلىنىدىغان ئەھۋال ئومۇملاشقان بولغاچقا، شەخسىي ئۇچۇرلىرى تەلەپ قىلىنمىغاندا تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ پىكىر بىلدۈرۈش ئېھتىماللىقى نەزەرگە ئېلىنغان. لېكىن بۇ تەتقىقاتنى قوللىغۇچىلارنىڭ سانى، كۈتۈلگەن ساندىن خېلىلا ئاز. بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ:

1) شەخسىي ئۇچۇرلارنىڭ سورالماسلىقى، تەقىب قىلىنىش ۋە خەتەرگە ئۇچراش ئەندىشىسىنى يوق قىلىشقا يەتمەيدۇ. بۇ ئەندىشە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىنغان بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ نەتىجىسى.

2) ئوقۇغۇچىلار چوڭلارغا ئىشەنمەيدۇ، چوڭلارنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلالايدىغانلىقىغا

قارىتا ئۈمىدسىز. شۇڭا سوئالنامىنىڭ «ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى» دېگەن ماۋزۇسىنى كۆرۈپلا تولدۇرۇشنى خالىمىغان.

3) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاقتى بەك قىس بولغاچقا، كۆپ ساندىكى كىشىلەر سوئالنامە ئۈچۈن بەش مىنۇت ۋاقىت ئاجرىتالمىغان.

4) ئوقۇغۇچى، ئۇيغۇرلار بىلەن بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارغا قىزىقمايدۇ، كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

5) ئوقۇغۇچىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھېس قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق.

6) ئوقۇغۇچى، سوئالنامىنى تەييارلىغان كىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

بۇ ئېھتىماللىقلارنى كۆپەيتىش مۇمكىن. ئەمما ئېنىق جاۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن يەنىلا ياشلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش لازىم. بىزگە كەلگەن ئىنكاسلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، سوئالنامىنىڭ لاتىن يېزىقىدا تەييارلانغانلىقى سەۋەبلىك تولدۇرمىغانلار بار. بۇنىڭ، مىللىي مەدەنىيەتنى ۋە مىللىي كىملىكنى قوغداش پوزىتسىيەسىدىن تۇغۇلغان ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. ھازىر بىز يېزىق مەسىلىسىنى كۆنتېكىستىپكە ئېلىپ كېلىپ، بەس - مۇنازىرە قىلىدىغان ئەھۋالدا ئەمەس. لېكىن دۇنيا مىقياسىدىكى ئۇيغۇرلارنى نەزەرگە ئالغاندا، ئەرەب، لاتىن، سىلاۋيان يېزىقلىرىنىڭ بىرلىكتە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى، تىلىمىزنى قوغداپ قېلىشتا بۇ يېزىقلارنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان قۇرۇلغاندا، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئەلۋەتتە بىر خىللا يېزىق ئىشلىتىمىز.

سوئالنامەگە جاۋاب بەرگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا ئومۇمىي ئۇچۇرلار مۇنداق:

| ئومۇمىي ئۇچۇرلار | تەپسىلاتى | سانى | نىسبىتى |
|---|---|---|---|
| جىنسى | قىز | 12 | 80% |
| | ئوغۇل | 3 | 20% |
| ئوقۇۋاتقان كەسپى | ئىجتىمائىي پەن | 12 | 80% |
| | تەبىئىي پەن | 3 | 20% |
| ئوقۇش باسقۇچى | تولۇق كۇرس | 4 | 26.7% |
| | ماگىستىر | 8 | 53.3% |
| | دوكتورلۇق | 3 | 20% |

بۇ ئۇچۇرلاردىن مۇنداق نەتىجىنى ئالالايمىز: تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى قىز، ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇيدۇ. ماگىستىرلىقنى تۈگەتكەن ياكى مۇشۇ باسقۇچتا ئوقۇۋاتقانلار ئەڭ كۆپ.

قاتناشقۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئاز بولسىمۇ، بىزنى دەسلەپكى قەدەمدە بەزى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 3. ئوقۇغۇچىلار دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنىڭ ئانالىزى

ئوقۇغۇچىلار دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن مۇنداق ئىزاھلاشقا بولىدۇ:

1) ئوقۇشقا باشلىغاندا كەسىپ تاللاش ھەققىدە قىينالغانلارنىڭ نىسبىتى 26.7%. بۇ ئەھۋال چەت ئەللەردىكى تەجرىبىلىك كىشى ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ ياشلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە يول كۆرسىتەلمىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

2) كەسىپ تاللاش باسقۇچىدا باشقىلاردىن مەسلىھەت سورىغانلار 20%، ئۆزى ئىزدىنىپ قارار بەرگەنلەر 26.7%، شۇ كەسىپنى ياخشى كۆرگەچكە ئىككىلەنمەستىن تاللىغانلار 46.7%، بىر كىشى مەسلىھەت سورايدىغان ھېچكىم بولمىغاچقا خاتا قارار بېرىپ قالغانلىقىنى، بۇ كەسىپتە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇنىڭدىن، كۆپ ياشلارنىڭ كەلگۈسىگە قارىتا ئىستراتېگىيەلىك پىلان بىلەن ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىغا ئاساسەن كەسىپ تاللىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. پۇشايمان قىلغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئەھۋالى بولسا، ھەم ئۆزى ئۈچۈن ھەم ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن بىر يوقىتىش ۋە زىيان. چۈنكى مەنتىقىگە ئاساسەن ياكى ھېس - تۇيغۇغا ئاساسەن بىر كەسىپ تاللىغان بولسا، ئوقۇشنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

3) تۇرمۇش چىقىملىرىنى قانداق ھەل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە، 86.7% ئوقۇغۇچى بىر ياقتىن ئىشلەپ بىر ياقتىن ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ جاۋابتىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۆچۈڭنى خار قىل» دېگەن ماقالدىكى ئىشچان ماھىيىتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشلەش ئۈچۈن ئەمەس، ئوقۇش، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىشى كېرەكلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ جاۋابلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئويلاندۇرۇشى كېرەك.

تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلارنىڭ ھېچبىرى خىتاي كونسۇلىدىن ئوقۇش ياردەم پۇلى ئالمايدۇ. بۇ ئەھۋال ياشلىرىمىزنىڭ قانچىلىك غۇرۇرلۇق ۋە ئاڭلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم بىر مىسالدۇر.

ياشلار يەنە ھېچبىر تەشكىلات ياكى شەخسلەردىن ئىقتىسادىي ياردەم ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بىز بىلىمىز، ئۇيغۇرلار باشقىلارغا يېلىنىشنى، موھتاجلىقنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ئاكتىپلىق بىلەن ياردەم تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمما ۋەتىنى ئىشغال قىلىنغان، مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى ئېلىپ بېرىۋاتقان بىزلەر – شەخسلەر ياكى تەشكىلاتلار ياشلىرىمىزنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى چۈشىنىدىغان تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ ياردەم تەلەپ قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرامدۇق؟

4) مەكتەپتە ئەڭ كۆپ قىينالغان مەسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە، 46.7% كىشى كەيپىياتىنى تەڭشەشتە قىينالغانلىقىنى بايان قىلغان. 26.7% كىشى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى

ھەل قىلىشتا، 20% كىشى ساۋاقداشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە قىينالغان.

بۇ جاۋابتىن، ياشلارنىڭ بىز بىلەن ئوخشاش بىر بوھراننى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى، سۆيگۈگە، مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىينىلىش دېمەك، ئوقۇشنى تاماملىشى تېخىمۇ قىيىن دېمەكتۇر. ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە قىينىلىشنى بولسا، ئوخشىمىغان كۇلتۇر مۇھىتىدا چوڭ بولۇشنىڭ، ئوخشىمىغان قىممەت قارىشىغا ئىگە بولۇشنىڭ ۋە يەرلىكلەرنى چۈشەنمەسلىكنىڭ نەتىجىسى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## 4. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىينچىلىقلارنى يېڭىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئانالىزى

تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ 33.3% ى بىر قىينچىلىققا ئۇچرىغاندا ھېچكىمنى ئىزدىمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 20% ى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى، 13.3% ى بولسا دۆلەتنىڭ ياكى مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىدارە - جەمئىيەت ياكى شەخسلىرىنى ئىزدەيدىكەن. بۇ ئەھۋال ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە يەنىلا يالغۇزلۇق تارتىۋاتقان ۋە ئامالسىز قېلىۋاتقانلارنىڭ كۆپ ساندا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشلەش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچى سانى بىلەن، ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچى سانى تەڭ بولۇپ، نىسبىتى 40%. بۇ جاۋابلار ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئۈچۈن ۋاقىت ئايرىشنىڭ بىر قەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھېچ ئىش خۇشياقماي، ئۆزى يالغۇز، بىزارلىق ئىچىدە ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغانلارمۇ بار. بۇ ياشلار قۇتقۇزۇشقا موھتاج.

## 5. قىينچىلىقلارنىڭ ياشلاردا تۇغدۇرغان نەتىجىسىنىڭ ئانالىزى

تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلاردىن 86.7% كىشى، قانداقلا بولمىسۇن، كەسىپنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. قالغانلىرى ياكى كەسىپ ئالماشتۇرىدىكەن، ياكى پۈشايمان قىلىپ، ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوقكەن دېگەن پىكىرگە كەپتۇ. 86.7% نىڭ ئىچىدىكىلەر چوقۇم ئۆز كەسپىدە، ئۆزىگە لايىق بىر ئىش تاپالامدۇ؟ دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئىش ئىزدەۋاتقان ياشلارنى تونۇيمىز. بۇ ياشلارمۇ شۇنداق بولمايدۇ دەپ كېسىپ ئېيتالامدۇق؟ بۇ ھەقتە بىز نېمە ئىشلارنى قىلالايمىز؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىش كېرەك.

ياشلار قانداق قىينچىلىقلارغا دۇچ كەلمىسۇن، مىللىي كىملىكىدىن قەتئىي ۋاز كەچمىگەن. ئۆزلىرىنى ھەر زامان شەرقىي تۈركىستانلىق بىر ئۇيغۇر دەپ بىلگەن. بۇ جاۋاب، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك.

كېلەچەكتە ھەققىدە، 60% ئوقۇغۇچى ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتتە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. 40% ئوقۇغۇچى بولسا باشقا دۆلەتكە كەتكۈسى بارلىقىنى بىلدۈرگەن. دېمەك، بۇ 40% نى تەشكىل قىلغان ياشلارنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان يەردە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشقا كۆزى

يەتمىگەن. ئەلۋەتتە، بۇ ياشلارنىڭ قايسى دۆلەتتە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. ئەمما بۇ جاۋاب، ياشلارنىڭ مەۋجۇت ئەھۋالىدىن مەمنۇن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ياشلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ، يوك بولىدۇ.

بىزنى سۆيۈندۈرىدىغىنى، بىرمۇ كىشى «كېلەچىكىم ھەققىدە ئۈمىدسىزمەن» دېمىگەن. ياشلىرىمىز تىرىشىپ - تىرمىشىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن غەيرەت - شىجائەت سەرپ قىلىۋېتىپتۇ. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن نېمە قىلىشى ھەققىدە بىر پىكرى، بىر ئۈمىدى بار ئىكەن.

## 6. بىز ياشلار ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايمىز؟

تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن بايقالغان قىيىنچىلىقلارنى نەزەرگە ئالغاندا، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ياشلىرىمىز ئۈچۈن مۇنداق ئىشلارنى قىلالىشىمىز مۇمكىن:

1) ياشلارغا ھەر خىل مەسىلىلەردە مەسلىھەت بېرەلەيدىغان، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىيالايدىغان كىشى ۋە جەمئىيەتلىرىمىز بولۇشى كېرەك. چەت ئەللەردىكى مەۋجۇت ياشلارنىڭ سانىغا، يېقىن كەلگۈسىدە ۋەتەندىن چىقىدىغان يېڭى سانلارمۇ قوشۇلۇشى مۇمكىن. بىر مىللەت سۈپىتىدە، ھەر خىل كەسىپلەردە ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، بىر دۆلەتكە ئوخشاش پىلانلىق، ئىستراتېگىيەلىك ئىش قىلىشقا مەجبۇرمىز. ياشلارنىڭ يېرىمى تۈركولوگىيەدە، يېرىمى ئىلاھىيەتتە (دىن بىلىملىرىدە) ئوقۇسا، باشقا كەسىپلەردىكى ئىشلارنى بىزگە چەت ئەللىكلەر قىلىپ بېرەلمەيدۇ. چەت ئەللىكلەرنىڭ پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئاڭلاپ، ئەمەلىي ئەھۋالىمىزغا توغرا كەلگەن ۋە كاللىمىزدىن ئۆتكەنلىرىنى ئىشلەتسەك بولىدۇ. ئەمما ئاخىرقى قارارنى بېرىدىغىنى، قول تىقىپ ئىش قىلىدىغىنى يەنىلا مىللىي روھقا ئىگە ئىختىساسلىق ئۇيغۇر بولۇشى كېرەك. شۇڭا مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يېقىن كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغان مۇستەقىل دۆلىتىمىزدىكى خىزمەتلەرنىمۇ نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ، كەسىپلەرنى ئېنىقلاپ، ياشلارنى شۇ يولغا باشلاش كېرەك.

2) ھەربىر دۆلەتتە قانچە ئوقۇغۇچى بار، نېمە كەسىپلەرنى ئوقۇۋاتىدۇ، بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ئىستاتىستىكىلىق تەپسىلاتىنى بىلىشىمىز كېرەك. مۇشۇ ئۇچۇرلار ئاساسىدا ياردەم قىلىش پىلانى تۈزۈپ چىقىشىمىز كېرەك.

3) ياشلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە، تەشكىلات ۋە شەخسلەر شەخسىي كۆز قاراش، ھېس - تۇيغۇ ياكى شەخسىي مەنپەئەتىمىزنى چىقىش قىلىپ ئەمەس، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كېلەچىكىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ياشلارغا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرالايمىز، ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلەيمىز ۋە ياردەم قىلالايمىز.

4) ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەمنى شەخسلەر ياكى تەشكىلاتلار قىلىۋاتىدۇ. ئەمما ھەممىيلەن تونۇغانلىرىغا، يېقىنىدىكىلەرگە ياردەم قىلىۋاتىدۇ. بىزنى ئىزدىمىگەن ياكى بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن ياشلىرىمىز بولۇشى مۇمكىن. بىز بىر ياردەم كۆلچىكى تەشكىل قىلىشىمىز مۇمكىن. تورلاردا ئېلان قىلىپ كۆپ كىشىلەرنى خەۋەردار قىلىش كېرەك. چۈنكى، ئۇيغۇرلار

ئۈچۈن بىر ئىش قىلغۇسى بار، لېكىن ئىشەنچلىك ئادەم تاپالمىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ھەممەيلەن مۇشۇ كۆلچەككە پۇل تاشلىسا، ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ كۆلچەكنىڭ سۈيىنى ئىچسە، پۇرسەتتىن ھەممەيلەن تەڭ پايدىلىنىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان بولىمىز. كەلگەن ياردەم مىقدارى، بېرىلگەن ياردەم سوممىسى ئېنىق، ئوچۇق بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا كۆپ ياردەم يىغقىلى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويىدىغان قىلمىشلارغا يول قويۇلماسلىقى كېرەك. ئىلتىماس قىلغۇچىلارنى ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئادىمى، بۇ تەشكىلاتنىڭ يېقىنى دەپ ئايرىماستىن، ئۇيغۇر دەپ تۇرۇپ ئويلىشىش كېرەك.

5) ئائىلىلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچراشتۇرىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە مۇھىتىدا ۋاقىت ئۆتكۈزۈشىگە پۇرسەت يارىتىدىغان پىلان - پروگراممىلارنى تۈزۈپ چىقىپ، ياشلارنى باغرىمىزغا بېسىشىمىز، ئۇيغۇرلۇق مېھىر - مۇھەببىتىمىزنى يەتكۈزۈشىمىز كېرەك.

6) دوختۇرلار ياشلارغا قارىتا پسىخولوگىيەلىك داۋالاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

7) ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەرلىك باللار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل قىلىشى ئۈچۈن، يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا شۇ دۆلەتنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، قىممەت قارىشىنى، مائارىپ سىياسىتىنى ۋە مەكتەپ قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان سۆھبەت يىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى كىتابچە تەييارلاپ تارقىتىش مۇمكىن.

8) ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ھېيتلىشىش پائالىيىتى ياكى ھال سوراش، مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن.

9) ياشلارغا ئۈلگە بولالايدىغان، كەسپىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر بىلەن ياشلارنى ئۇچراشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان سۆھبەت پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن.

10) ھەربىر دۆلەتتىكى زىيالىيلار، تەشكىلاتلار شۇ دۆلەتتىكى ياشلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇشى ياكى ئىشقا ئورۇنلىشىشى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئاكتىپ ۋە سەزگۈر بولۇشىمىز لازىم. ياشلارنىڭ قولىدىن تۇتۇشىمىز، كېرەك بولسا بىرلىشىپ، كۆتۈرۈپ، مەلۇم بىر ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا يېقىن كەلگۈسىدە ھەرقايسى دۆلەتلەردە مۇھىم يەرلەردە ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۆپىيىدۇ. نەتىجىدە، بۇلار دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتىگە تەسىر قىلىدۇ ياكى پىكىرلەرنى يېتەكلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق ئىشلارنىڭ روياپقا چىقىشىغا ھەسسە قوشىدۇ.

ئۇنتۇمايلى، بىز بىر خەلق سۈپىتىدە كۈچلەنمەي تۇرۇپ، «پەقەتلا مەن بولاي»، «مۇۋەپپەقىيەت ۋە چاۋاك ماڭىلا بولسۇن» دېگەن چۈشەنچە بىلەن نىشانغا يېتەلمەيمىز.

**خۇلاسە**

سوئالنامە تولدۇرۇش ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى بويىچە يىغىلغان مەلۇماتلار ئانالىز قىلىنغاندا، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىقىنىڭ ئىقتىسادىي بېسىم بىلەن روھىي بېسىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇلار قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن ئۆزى تىرىشىپ كەلمەكتە. ياشلارنىڭ مىللىي تۇيغۇلىرى كۈچلۈك بولۇپ، كۆپىنچىسى ئۆزىگە ئىشىنىدۇ ۋە ئۈمىدۋار.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇت ئەھۋالىدا بىر ئۆزگىرىش پەيدا قىلىمىز دەيدىكەنمىز، بۇ ئۆزگىرىشنى، مىللىي روھقا ئىگە، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ بىرلىكتە ئىشلىيەلەيدىغان ئىختىساسلىق كىشىلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز.

بۇ ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن يېتىشىپ چىقىشىنى كۈتۈش، ئىستراتېگىيەلىك بىر خاتادۇر. بىز بىر دۆلەت ماھىيىتىدە پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ئىش قىلىشقا مەجبۇرمىز. قىسقا مۇددەتلىك ياشلارنى تەربىيەلەش كۇرسلىرىمىز ئۈنۈملۈك بولۇۋاتىدۇ. بۇ كۇرسلارنىڭ مەقسىتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى پەرقلىق. بىز بۇ ماقالىدە تەكىتلىمەكچى بولغان، دۆلەتلەر ئېتىراپ قىلىدىغان، ئالىي مەلۇماتلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دىپلوملارنىڭ شەخسنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇش كۈچى ۋە بىر دۆلەتتە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىش كۈچى پەرقلىق. مەسىلەن، بىر كىشى ئالىي مەكتەپكە مۇدىر بولۇش ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى ئوقۇش ئۇنۋانى بولغان دوكتورلۇقنى تۈگىتىپ دىپلوم ئالغاندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن شەرتلەرنى تاماملاپ، پروفېسسورلۇق ئۇنۋانى ئالغان بولۇشى كېرەك. كىشى دوكتور بولماستىن پروفېسسور بولالمايدۇ. بىر دۆلەتنىڭ پىرېزىدېنتى بولۇش ئۈچۈن باشقا شەرتلەرنى ئورۇنلاش بىلەن بىرگە چوقۇم بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، دىپلوم ئالغان بولۇشى كېرەك. شۇڭا ئالىي مەلۇماتلىقلارنى «دىپلوملۇق ساۋاتسىزلار، سېسىق زىيالىيلار، ئوقۇغان ئەخمەقلەر، كاپىرلار» دېگەندەك قالپاقلار بىلەن ئېتىبارسىزلاشتۇرۇش، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بىلىملىككە ھۆرمەت قىلماسلىقىنى، ئۆزىنى قەدىرلىمەسلىكىنى ۋە بۇ سەۋەبتىن بىلىمگە ھۆرمەت قىلماسلىقىنى، بىلىمگە ئىنتىلمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە، بىزنىڭ خىتاي بىلەن بولغان بىلىم جەھەتتىكى پەرقىمىزنى چوڭايتىپ، خىتاينىڭ قارشىسىدىكى كۈچىمىزنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. 1944 - يىلىدىكى مىللىي مۇستەقىللىق ئورۇشىدىن كېيىن بىز ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، خىتاي بىز بىلەن 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىككى تەرەپ سۈپىتىدە ئۈستەلگە ئولتۇرۇپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە، سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان (كومىتېت، 1996: 163). بەزى ماددىلارنى بىز قوبۇل قىلماي تۇرۇۋالغاچقا، سۆھبەت سەككىز ئاي داۋاملاشقان (كاشغەرىي ۋە ئىزباسار، 2021: 575). خىتاينىڭ ۋە ئورۇسنىڭ قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرى سەۋەبىدىن سۆھبەتنىڭ نەتىجىسى بىزنىڭ ئارزۇيىمىزدىكىدەك بولمىدى. ئەمما خىتاي بىلەن ئىككى تەرەپ سۈپىتىدە سۆھبەت ئېلىپ باردۇق. ھازىرقى شارائىتتا، ئۇيغۇرغا ۋەكىللىك قىلىپ خىتاي بىلەن ئىككى تەرەپ سۈپىتىدە سۆھبەت ئېلىپ بارىدىغان شۇنداق كۈچلۈك بىر تەشكىلاتىمىز بارمۇ؟ خىتاي ھازىر بىزنى ئۆزى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارىدىغان قارشى تەرەپ دەپ قارىمايدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر ساھەدە يېتىشكەن، دۇنياغا داڭلىق كىشىلىرى بولۇشى كېرەك. ئۇلار ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىشى، ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق مۇھىت يارىتىشقا ھەسسە قوشۇشى كېرەك. مەۋجۇت شارائىتتا، بىز بۇنى چەت ئەللەردىكى ياشلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرەلەيمىز. ياشلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن بولسا، شەخسلەر ۋە تەشكىلاتلار ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك پىلانلارنى تۈزۈپ، قىسقا مۇددەتلىك ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشانلارنى بەلگىلەپ، شۇ بويىچە قەدەم - باسقۇچلۇق يول ئېلىشىمىز كېرەك.

## مەنبەلەر:

[1] كاشغەرىي، رائىلە ۋە ئىزباسار، نۇرەددىن (2021). «ئۇيغۇر تۈركلەرىندە ئىسيان ۋە باشكالدىرى»، «تۈرك دۇنياسىندا ئىسيان ۋە باشكالدىرى»، تەھرىرلەر: ئورخان سۆيلەمەز ۋە سامەت ئازاپ، ئىستانبۇل: كېىست نەشرىياتى، 555 - 651 - ب.

[2] كومىتېت (1996). «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، تەرجىمان: ئابدۇللا ئاۋۇت قاتارلىقلار، ئۈرۈمچى: خەلق نەشرىياتى، 2 - نەشرى.

[3] مىرەھمەت سېيىت ۋە يالقۇن روزى (1997) «مەمتىلى ئەپەندى»، ئۈرۈمچى: ش. ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.

[4] ئۇيغۇر، فەيزۇللاھ (2016). «مانچۇلارنىڭ ئىلك دوغۇ تۈركىستان ئىستېلاسى»، «تارىخ» ژۇرنىلى، ئىستانبۇل: 2016 - يىلى 1 - سان، 27 - 40 - ب.

[5] ئۆتكۈر، ئابدۇرېھىم ۋە تۇردى، ئابدۇشۈكۈر قاتارلىقلار (1984). «يۈسۈپ خاس ھاجىپ - قۇتادغۇبىلىك» - نەزمىي يەشمىسى ۋە تىرانسكرىپسىيەلىك مېتنى. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى.

[6] يىلماز، ئايشە (2007). «بوزكىردا يەشەرەن سەۋدا تۈركۈلەرى»، ئىستانبۇل: ئۆتۈكەن نەشرىياتى

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*